国家出版基金项目

دۆلەتلىك نەشر فوندى تۈرى

# TEENAGED
## ENCYCLOPEDIA OF CHINA

# جۇڭگو ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قامۇسى




## ئاسترونومىيە جۇغراپىيە




مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆلەتنىڭ نەشر فوندى تۈرى
国家出版基金项目

«ئەتىكى قۇياش» ــ ياشلار - ئۆسمۈرلەر سايا تەربىيەسى
بويىچە مىللىي تىل - يېزىقتىكى تەرجىمە مەجمۇئەسى

## جۇڭگو ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قامۇسى

# ئاسترونومىيە جۇغراپىيە

باش تۈزگۈچى لۇ چېن ۋاڭ شىڭسۇن

تەرجىمان : ئابدۇرۇسۇل نىياز

مىللەتلەر نەشرىياتى

# «جۇڭگو ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچلىرى قامۇسى» تەھرىر هەيئىتى

**پەخرىي مۇدىرى:** شۇ ۋېيچىڭ

**مۇدىرى:** لۇچىن ۋاڭ شىڭسۇن

**مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:** جىنشۆفاڭ ۋاڭ شۇشىڭ خۇڭ ئەنشېڭ

**ئىجرائىيە باش مۇھەررىرى:** خەن جىگىڭ

**هەيئەت ئەزالىرى:** (فامىلە خەت سىزىقى بويىچە تىزىلدى)

ۋاڭ مىڭ ۋاڭ شىڭسۇن ۋاڭ گۇيىن ۋاڭ شۇشىڭ ۋاڭ خەيجىڭ لۇچىن تيەن يۇفېڭ تيەن پېيخۇەي ليۇ شۇخۇا سۇن گۇڭشۇن مېڭ ۋېيدۇڭ جىن شاۋلۇڭ جاۋ داتى جۇڭ يىڭپىڭ خۇڭ ئەنشىڭ تاڭ خۇڭ خۇاڭ رۇلەن زېڭ دېشەن

**ماقالىسىنى يازغۇچىلار:** (فامىلە خەت سىزىقى بويىچە تىزىلدى)

دىڭ گۇاڭچىڭ يۇمىڭ ياۋ خۇيمىن يۇ ۋېي يىن باۋسۇڭ ۋاڭ شىدجې ۋاڭ گۇيىن ۋاڭ شاۋخۇي ۋاڭ خەيجىڭ ۋاڭ خەيپېڭ ۋاڭ يۇن فاڭ يەن توڭ چىچاۋ تيەن يۇفېڭ تيەن چيەنمو تيەن پېيجۇڭ تيەن پېيخۇەي لۇ خۇشۇەن ليۇ فېي ليۇ مىن ليۇ شۇخۇا سۇن شۇن سۇن گۇڭشۇن سۇن ۋېنۋېن جۇ چۇەنيۇ جۇ جياخۇا شاۋ خۋا شاۋ يۇڭ جاڭ مىڭچېڭ لى يۇخۋا لى شىچىن لى جۇن لى جىڭيەن لى جيەنخۇا لى جىنشۆ لى شاۇخۇڭ لى خەيفېڭ لى چىن لى ۋېي لى رۇي لى دېشېڭ لى يەنچىڭ ياڭ يۇشى ياڭ لىدچۇن ياڭ جيەن چېن لىنتاۋ چىن شاۋدۇڭ مياۋ يۇەن مېڭ ۋېيدۇڭ مېڭ شىپىڭ فەن لىن جىن خېچۇن جىن شاۋلۇڭ جياڭ فېڭ خۇ شياۋ مېڭ جاۋ داتى جاۋ شىيىڭ جاۋ لىجيەن جاۋسىتوڭ جاۋ لىن جاۋ خۇڭخۇا جاۋ جىڭ جوڭ يىنپىڭ نىي يۇپىڭ تاڭ خوڭ تاڭ خالى تاۋ لىگۋاڭ خۇ جىلىن لياڭ يەن خۇاڭ يۇيۇ گۇڭ مېيلەن پېڭ لىن زېڭ دېشيەن گې ۋېيجىن خەن گودۇڭ پەن تيەنجۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 总 序

《托起明天的太阳·民族文版青少年素质教育译丛》是一套奉献给少数民族青少年的系列读物，她将会成为少数民族青少年的好朋友！

改革开放以来，我国青少年读物的出版取得了可喜的成绩，一大批富有知识性、趣味性、科学性的图书，极大地丰富了广大青少年的精神世界，成为他们的良师益友。近年来，新闻出版总署认真贯彻落实《中共中央国务院关于进一步加强和改进未成年人思想道德建设的若干意见》，开展了向全国青少年推荐优秀图书的工作，大大丰富了青少年的精神文化生活，为未成年人的健康成长创造了良好的文化环境，提供了有益的精神食粮，做出了积极的努力。

《托起明天的太阳·民族文版青少年素质教育译丛》是国家出版基金首批资助出版的重点项目之一。从新闻出版总署向全国青少年推荐的数百种优秀图书及其他获奖图书中挑选适合少数民族青少年阅读的部分图书，翻译成蒙古、藏、维吾尔、哈萨克、朝鲜五种民族文字在全国同步出版发行，使新闻出版总署推荐的优秀图书具有民、汉文六个版本，让少数民族青少年与汉族青少年一起阅读优秀图书，有助于促进民族青少年的健康成长和素质的提高。

《托起明天的太阳·民族文版青少年素质教育译丛》作为有系统、成规模的民族文字多文种同步整合出版项目，内容包括核心价值观培养、思想道德教育、科普教育三个部分，读者对象涵盖18岁以下的青少年。根据少数民族青少年的特点，本译丛进行阶梯式开发，针对不同年龄阶段的孩子设计了不同的图书，以优化民族文字青少年读物出版结构为目标，体现民文出版智力培养、知识传播、思想教育、阅读引导、能力开发的出版理念，在对青少年进行知识教育和技能训练的同时，加强思想道德和民族团结的教育，弘扬时代精神，关爱青少年身心健康，让最优秀的精神产品进入孩子们的阅读生活，为少数民族青少年的健康成长提供基本的阅读保障。这充分体现了民族出版的社会责任，充分体现了党和国家对少数民族青少年的关爱，将惠及广大少数民族青少年。

青少年是祖国的未来、民族的希望，少数民族青少年健康成长，关系着中华民族的整体素质和民族地区的发展繁荣。通过优秀的图书丰富少数民族青少年的科学文化知识，教育和引导他们树立中国特色社会主义的理想信念和正确的世界观、人生观、价值观，养成高尚的思想品质和良好的道德情操，在阅读中增长才干、提高素质，在中华民

族伟大复兴的征途上建功立业，这既是我们支持这套译丛出版的初衷，也是我们共同的心愿和期待。

以书为伴，终生受益。读上一本好书，就是交上了一个良师益友！祝愿各民族孩子们多读好书，用知识创造美好人生，与时代共成长，与文明共进步，真正成为“明天的太阳”。

柳斌杰

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# باش كىرىش سۆز

«‹ئەتىكى قۇياش› — ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساپا تەربىيەسى بويىچە مىللىي يېزىقتىكى ئوقۇشلۇقى مەجمۇئەسى» ئاز سانلىق مىللەت ياشلار - ئۆسمۈرلىرىگە بېغىشلانغان بىر يۈرۈش ئوقۇشلۇق بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ياشلار - ئۆسمۈرلىرىنىڭ ياخشى دوستى بولۇپ قالغۇسى!

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بېرى، ئېلىمىزدە ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، زور بىر تۈركۈم بىلىم دائىرىسى كەڭ، قىزىقارلىق، ئىلمىي كىتابلار كەڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىپ، ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازىغا، ياخشى دوستىغا ئايلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئاخبارات - نەشرىيات باش مەھكىمىسى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ بالاغەتكە يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيەۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى نادىر ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقىنى تەۋسىيە قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە بېيىتىپ، بالاغەتكە يەتمىگەنلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ياخشى مەدەنىي مۇھىت ياراتتى؛ ئۇلارنى پايدىلىق روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىنلەش يۈزىسىدىن ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

«‹ئەتىكى قۇياش› — ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساپا تەربىيەسى بويىچە مىللىي يېزىقتىكى ئوقۇشلۇقى مەجمۇئەسى» دۆلەت نەشر فوندى تۈنجى قېتىم ياردەم بېرىپ نەشر قىلغان نۇقتىلىق تۈرنىڭ بىرى. ئاخبارات - نەشرىيات باش مەھكىمىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە تەۋسىيە قىلغان نەچچە يۈز خىل نادىر كىتابلار ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن كىتابلار ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ياشلار - ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئوقۇشىغا ماس كېلىدىغان ئوقۇشلۇقلاردىن تاللاپ موڭغۇل، تىبەت، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن تىللىرىدىن ئىبارەت بەش خىل تىلغا تەرجىمە قىلىپ مەملىكەت بويىچە بىرلا ۋاقىتتا نەشر قىلىپ تارقاتتى. ئاخبارات - نەشرىيات باش مەھكىمىسى تەۋسىيە قىلغان نادىر كىتابلار مىللىي يېزىقتا ۋە خەنزۇ يېزىقىدا جەمئىي ئالتە خىل بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرى بىلەن خەنزۇ ياش - ئۆسمۈرلىرىگە نادىر كىتابلاردىن بىرلىكتە بەھرىلىنىشى، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشى ۋە ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق.

«‹ئەتىكى قۇياش› — ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساپا تەربىيەسى بويىچە مىللىي يېزىقتىكى ئوقۇشلۇقى مەجمۇئەسى» سىستېمىلىق، كۆلەملەشكەن كۆپ خىل مىللىي يېزىقتا بىرلا ۋاقىتتا نەشر قىلىپ تارقىتىلغان نەشر تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش، ئىدىيەۋى ئەخلاق تەربىيەسى، پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئوبيېكتى 18 ياشتىن تۆۋەن ياش - ئۆسمۈرلەردۇر. ئاز سانلىق مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بۇ تەرجىمە مەجمۇئە باسقۇچلۇق قانات يايدۇرۇلۇپ، ئوخشىمىغان ياشتىكى بالىلارغا ئوخشىمىغان كىتابلار تۈزۈلدى؛ مىللىي يېزىقتىكى سەرخىل ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقىنى نەشر قىلىشنى نىشان قىلىپ، مىللىي نەشرىياتچىلىقتا ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيەلەش، ئىلىم تارقىتىش، ئىدىيەۋى تەربىيە، ئوقۇشقا يېتەكلەش، ئىقتىدارنى ئېچىشتىن ئىبارەت نەشرىياتچىلىق ئىدىيەسىنى نامايان قىلىپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى بىلىم ۋە ئىقتىدار جەھەتتىن تەربىيەلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدىيەۋى ئەخلاق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنىمۇ كۈچەيتىپ، دەۋر روھىنى تەشۋىق قىلىپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەڭ نادىر مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى بالىلارنىڭ ئۆگىنىش تۇرمۇشىغا كىرگۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەت ياشلار - ئۆسمۈرلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئاساسلىق ئوقۇش كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش ئاساس قىلىندى. بۇ مىللىي نەشرىياتچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى.

ياشلار - ئۆسمۈرلەر ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى، ئاز سانلىق مىللەت ياشلار - ئۆسمۈرلىرىنىڭ

ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسى ۋە مىللىي رايونلارنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا مۇناسىۋەتلىك. نادىر ئوقۇشلۇقلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى بېيىتىپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم غايىسى ۋە توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراش، قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇپ، يۈكسەك ئىدىيەۋى پەزىلەت ۋە ياخشى ئەخلاقىي خىسلەت يېتىلدۈرۈپ، ئوقۇش ئارقىلىق قابىلىيەت يېتىلدۈرۈپ، ساپانى ئۆستۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى مۇساپىسىدە زور تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش بىزنىڭ بۇ بىر يۈرۈش مەجمۇئەنى تەرجىمە قىلىشتىكى دەسلەپكى مۇددىئايىمىز، شۇنداقلا ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئارزۇسى.

كىتاب دوست تۇتساق، بىر ئۆمۈر مەنپەئەتكە ئېرىشىمىز. ياخشى بىر كىتابنى ئوقۇش، خۇددى ياخشى بىر ئۇستاز، ساداقەتمەن دوست تۇتقانغا ئوخشايدۇ! ھەرقايسى مىللەت بالىلىرىنىڭ كۆپرەك ياخشى كىتابلارنى ئوقۇشنى، بىلىم بىلەن گۈزەل كىشىلىكنى يارىتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئۆسۈپ، مەدەنىيەت بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ھەقىقىي تۈردە «ئەتىكى قۇياش»قا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

لىيۇ بىنجيې



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كىرىش سۆز

2006 ـ يىلى «جۇڭگو ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قامۇسى» نىڭ سىپتا بېسىلغان تۆت توملۇق نۇسخىسى (خەنزۇچە) ئاساسىدا بىز 12 قىسىملىق «جۇڭگو ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قامۇسى» نى روياپقا چىقاردۇق. بۇ كىتابلار پەنلەر بويىچە «ماتېماتىكا، خىمىيە»، «فىزىكا »، «بىيولوگىيە، تېبابەت»، «ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە»، «جۇڭگو تارىخى»، «دۇنيا تارىخى»، «تىل ـ ئەدەبىيات»، «سەنئەت»، «تەنتەربىيە»، «ئۆسۈپ ـ يېتىلىش مەزگىلى»، «جەمئىيەت، قانۇن»، «ئىلغار پەن ـ تېخنىكا، ھەربىي ئىشلار» دىن ئىبارەت 12 قىسىمغا بۆلۈندى. «جۇڭگو ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قامۇسى» نىڭ سىپتا بېسىلغان تۆت توملۇق نۇسخىسىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ 12 قىسىملىق كىتاب تولۇقلىما يېڭى نۇسخا بولۇپ، يۇقىرىقى كىتابنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى، ھەم يېڭى بىلىملەر، نۇرغۇن سانلىق مەلۇماتلار ۋە سۈرەتلەر قوشۇلدى.

مەزكۇر 12 قىسىملىق «جۇڭگو ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قامۇسى»نى تۈزۈشتە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى مول بىلىمگە ئىگە، ئەتراپلىق يېتىلگەن كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش مەقسەت قىلىندى، جۇملىدىن مەزكۇر كىتابلارغا ئۆلارنى جەمئىيەتنى چۈشىنىدىغان، جاھاندارچىلىققا ماھىر، تەپەككۇرى جانلىق، ئېقىمنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان كىشىلەردىن قىلىپ يېتىلدۈرۈش توغرىسىدىكى ئىدىيە سىڭدۈرۈلدى، بۇ كىتابتىن پايدىلانغان ئوقۇرمەن لاياقەتلىك بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك تۆۋەندىكىدەك قابىلىيەتنى ئۆزىدە ھازىرلىيالايدۇ:

1. ئېغىز تىلى ۋە يېزىق تىلىدا ئىپادىلەش قابىلىيىتى. بۇ قابىلىيەت كەلگۈسىدە ھەرقانداق بىر خىزمەتنى ئىشلەشتە ناھايىتى ئەسقاتىدۇ.

2. ئىجتىمائىي پەن ــ ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق پەنلەرنى ئۇنىۋېرسال چۈشىنىش قابىلىيىتى. بۇ ئاساسىي قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسى.

3. ماتېماتىكىنى ئەمەلىي قوللىنىش ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتى. ماتېماتىكىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىش ئاساس، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي قوللىنىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم.

4. فىزىكا، خىمىيە ۋە بىيولوگىيە پەنلىرىنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىش قابىلىيىتى. ئۇ ماددىي دۇنيانىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش، توغرا تەدبىر بەلگىلەشكە پايدىلىق.

5. چەت ئەل تىلىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە دائىر بىلىملەرنى ئىگىلەش ۋە چەت ئەل مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش قابىلىيىتى. چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ، تەپەككۇرنى قوزغايدۇ، چەت ئەل مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ئۆگەنگەندە يېڭى كۆز قاراشلارنى قوبۇل قىلىشقا پايدىسى تېگىدۇ.

6. كومپيۇتېر ۋە باشقا تېخنىكىلارغا پىششىق بولۇش. بۇنىڭدا ئاددىي مەشغۇلات قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، مۇرەككەپرەك مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

7. سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىش قابىلىيىتى. سەنئەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساپاسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

8. جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى چۈشىنىش قابىلىيىتى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جەمئىيەتكە چىقىش ئالدىدا تۇرغان بولغاچقا، رېئال جەمئىيەتنى چوڭقۇر چۈشىنىشى لازىم.

9. ئېسىل تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئىرادىسىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. جىسمانىي، پسىخىك ساغلاملىقتا ئەھمىيەت بېرىپ، بەدەن چېنىقتۇرۇشنى، پسىخىك چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، ناچار ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، ناچار قىلمىشلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا تاقابىل تۇرۇش كېرەك، بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە بەك مۇھىم.

10. مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، ھەل قىلىش قابىلىيىتى ۋە ئىجادچانلىق روھى. بۇلار ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈكسىلىشىنى بەلگىلەپ، بۇندىن كېيىنكى كەسپى ۋە تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابتا ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدە ئىگىلەشكە تېگىشلىك بارلىق بىلىملەر مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىلىملەر ئومۇمىيۈزلۈك يىغىنچاقلانغان ۋە رەتلەنگەن، يەنە نۇرغۇن يېڭى ئەمەلىي ئۇچۇرلار كۆپەيتىلگەن. مەسىلەن، بازارلىق كەسىپلەر، بازارلىق پەنلەرگە دائىر سۆز تېمىلىرى، يېڭى كەسىپلەر، يېڭى كەشپىيات ۋە باشقىلار، بۇ مەزمۇنلار بۇ كىتابنىڭ قوللىنىشچانلىقىنى كۈچەيتتى شۇنداقلا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش، ياشلىق مەزگىلىدىكى پسىخىك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار قوشۇلدى. بۇلار دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش تۈردىكى قامۇسلاردا تېپىلمايدۇ، بۇلار ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قامۇسى» ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا ئوقۇشقا تېگىشلىك قامۇس.

«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قامۇسى» ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئەڭ ئەسقاتىدىغان قامۇس.

«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قامۇسى» ساپا مائارىپىغا يۈزلەنگەن قامۇس.

«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قامۇسى» «ئومۇمىي خەلق مائارىپى»غا يۈزلەنگەن قامۇس.

www.uyghurkitap.com

# كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى

## 1. رەتكە تىزىلىشى

1) بۇ كىتاب كىرىش سۆز، كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى، تۈرلەر مۇندەرىجىسى، تېكىست قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەم شۇ تەرتىپ بويىچە رەتكە تىزىلدى.

2) پۈتۈن كىتاب 12 قىسىمدىن تەركىب تېپىپ، پەنلەر ۋە بىلىم تۈرلىرى بويىچە بىر پۈتۈن بىلىم سىستېمىسىنى ھاسىل قىلغان؛ ھەربىر قىسىممۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىلىم سىستېمىسىنى ھاسىل قىلغان ھەم ئۆز ئالدىغا ئىزدەپ تېپىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىنغان.

3) پۈتۈن كىتاب 12 قىسىم، 30 نەچچە خىل بىلىمگە ئايرىلغان:

(1) ماتېماتىكا، خىمىيە؛ (2) فىزىكا؛ (3) بىيولوگىيە، تېبابەت؛ (4) ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە؛ (5) جۇڭگو تارىخى؛ (6) دۇنيا تارىخى؛ (7) تىل ـ ئەدەبىيات؛ (8) سەنئەت؛ (9) تەنتەربىيە؛ (10) ئۆسۈپ ـ يېتىلىش مەزگىلى؛ (11) جەمئىيەت، قانۇن؛ (12) ئىلغار پەن ـ تېخنىكا، ھەربىي ئىشلار.

## 2. تارماقلارنىڭ ماۋزۇسى

4) بۇ كىتابتىكى تارماقلارنىڭ ماۋزۇلىرى كۆپىنچە «ئۆسمۈرلۈك»، «خەلق قوشاقلىرى» دېگەندەك سۆزلۈكلەردىن؛ بىر قىسمى «پارقىراق جانلىقلار»، «جۇڭگو كىنولىرى» دېگەندەك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن.

5) تارماقلار ماۋزۇلىرىدىكى چەت ئەل كىشى ئىسىملىرىنىڭ چەت ئەلچە يېزىلىشى ۋە تۇغۇلغان ۋاپات بولغان ۋاقتى قوشۇپ بېرىلدى.

## 3. تارماقلارنىڭ ئىزاھاتلىرى

6) بۇ كىتابنىڭ تارماقلىرىنىڭ ئىزاھاتلىرى ئېنىقلىما ياكى سۈپەت سۆزلىرىنى، شۇنىڭدەك مەزمۇننى يېشىپ بېرىدىغان بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى تارماقلار ئالاقىدار بىرەر دەلىل، ئەقلىيە سۆزلەر، شېئىر، ماقال ـ تەمسىل، ھېكايىلەر بىلەن باشلىنىدۇ.

7) تارماقلارنىڭ ئىزاھاتى ھەم قىسقا، ھەم ئاممىباب قىلىندى.

8) تارماقلارنىڭ ئىزاھاتىدا دەسلەپتە ئۇچرىغان چەت ئەل كىشى ئىسمىنىڭ چەت ئەل يېزىقىدىكى يېزىلىشى قوشۇپ بېرىلدى.

## 4. تارماقلارنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى

9) بۇ كىتابتىكى بارلىق رەسىملەر تارماقلارنىڭ ئىزاھاتىغا قاراپ تىزىلدى، رەسىملەر بىلىم تۇسىگە ئىگە، كۆركەم بولۇپ، رەسىم بىلەن تېكىست ماسلاشتۇرۇلۇپ، رەسىم ئارقىلىق تېكىست گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تېكىست مەزمۇننى چۈشىنىشىگە قولايلاشتۇرۇلدى.

## 5. باشقىلار

10) بۇ كىتابتا قوللىنىلغان ئىلىم ـ پەن ئاتالغۇلىرى، چەت ئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر نامىلىرىنىڭ تەرجىمىسى، شۇنىڭدەك دائىم ئىشلىتىلىدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى ئېلىشتا «جۇڭگو چوڭ قامۇسى» (خەنزۇچە 2 ـ نەشرى) ۋە «رەتكە كىرمىگەن قامۇس» (خەلقئارا خەنزۇچە نۇسخىسى) دىن پايدىلاندۇق.

11) بۇ كىتابقا 2008 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ماتېرىياللار كىرگۈزۈلدى، بىر قىسىم ماتېرىياللار 2009 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# مۇندەرىجە

**ئاسترونومىيە** ..... 1
ئاسترونومىيە ..... 1
كائىنات ..... 2
قارا ئۆڭكۈر ..... 2
ئاق ئۆڭكۈر ..... 2
سامانيولى سىستېمىسى ..... 3
سامانيولى سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسى ..... 3
تۇرغۇن يۇلتۇز ۋە تۇمانلىق ..... 4
يۇلتۇزلار تۈركۈمى ۋە يۇلتۇزلار خەرىتىسى ..... 4
قۇياش سىستېمىسى ..... 5
قۇياش ..... 5
سەككىز چوڭ سەييارە ..... 5
ئاي شارى ..... 6
ئاي ۋە كۈننىڭ تۇتۇلۇشى ..... 6
مېركۇرىي ..... 7
ۋېنېرا ..... 7
مارس ..... 7
يۇپىتېر ..... 8
ساتۇرن ..... 8
كىچىك سەييارىلەر ..... 9
قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار (كومېتالار) ..... 10
ئاقار يۇلتۇز ۋە مېتېئورىت ..... 10
ئاقار يۇلتۇز يامغۇرى ..... 11
يەر شارىدىن سىرتقى مەدەنىيەت ..... 11
رەسەتخانا ۋە ئاسترونومىيە ئەسۋابلىرى ..... 11
ئۇچار تەخسە ..... 13

**جۇغراپىيە گېئولوگىيە** ..... 13
جۇغراپىيە ..... 13
يەر شارى ..... 14
چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ لەيلەش تەلىماتى ..... 15
بۆلەكلىك تۈزۈلۈش تەلىماتى ..... 15
يەر شارىنىڭ ھەرىكىتى ..... 15
جۇغراپىيەلىك كوردىنات ..... 16
ۋاقىت رايونى ..... 17
باش مېرىدىيان ..... 17
چېسلا سىزىقى ..... 18
كىلىمات بەلباغلىرى ..... 18
شىمالىي قۇتۇپ رايونى ..... 19
شىمالىي قۇتۇپتا ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ..... 19
جەنۇبىي قۇتۇپتا ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ..... 20
قۇتۇپ نۇرى ..... 20
قۇتۇپ كېچىسى ۋە قۇتۇپ كۈندۈزى ..... 21
خەرىتە ..... 21
يەر شەكلى خەرىتىسى ..... 21
دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ..... 22
يەر شەكلى كەسمە يۈز خەرىتىسى ..... 22
دېڭىز ـ ئوكيان ۋە دېڭىز ـ ئوكيانلارنى تەكشۈرۈش ..... 22
تۆت چوڭ ئوكيان ..... 23
تىنچ ئوكيان ..... 23
ئاتلانتىك ئوكيان ..... 24
ھىندى ئوكيان ..... 25
شىمالىي مۇز ئوكيان ..... 25
دېڭىز ـ ئوكيان بايلىقى ..... 26
بېلىقچىلىق مەيدانى ..... 26
دېڭىز تاشقىنى ..... 27
ئوكيان ئېقىمى ..... 27
زىچلىق ئېقىمى ..... 28
تولۇقلىما ئېقىم ..... 29
شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئىللىق ئېقىمى ..... 29
پېرۇ سوغۇق ئېقىمى ..... 29
ئاسىيا قىتئەسى ..... 30
ياۋروپا ..... 30
ئافرىقا ..... 30
شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى ..... 31
ئوكيانىيە قىتئەسى ..... 32
ئانتاركتىكا قىتئەسى ..... 32
قۇرۇقلۇق ..... 32
دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسى ..... 33
دېڭىز ئاستى يەر شەكلى ..... 33
قۇرۇقلۇق سۇيىسى ..... 33
مەخسۇس قاراشلىق ئىقتىسادىي رايون ..... 34
دېڭىز جىلغىسى ..... 34
بوخەي دېڭىزى ..... 34
سېرىق دېڭىز ..... 35
شەرقىي دېڭىز ..... 35
جەنۇبىي دېڭىز ۋە جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرى ..... 36
ئەرەب دېڭىزى ..... 37
كارىب دېڭىزى ..... 37
ئىچكى دېڭىز ..... 37
قارا دېڭىز ..... 37

بالتىق دېڭىزى ........................ 38
دېڭىز قولتۇقى ........................ 38
ھۇدزون قولتۇقى ........................ 38
مېكسىكا قولتۇقى ........................ 38
پارس قولتۇقى ........................ 38
دېڭىز بوغۇزى ........................ 39
تەيۋەن بوغۇزى ........................ 39
چيوڭجۇ بوغۇزى ........................ 40
مالاككا بوغۇزى ........................ 40
قارا دېڭىز بوغۇزى ........................ 40
جەبىلتارىق بوغۇزى ........................ 40
ئەنگلىيە (ئىنگلىز) بوغۇزى ........................ 41
ھورمۇز بوغۇزى ........................ 41
ئارال ........................ 41
مارجان خادا تاشلىرى ........................ 42
تەيۋەن ئارىلى ........................ 43
ئىسلاندىيە ........................ 43
گرېنلاندىيە ........................ 44
دىياۋيۇ تىزما ئاراللىرى ........................ 44
ھاۋاي تاقىم ئاراللىرى ........................ 44
يېرىم ئارال ........................ 44
ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى ........................ 45
ئەرەب يېرىم ئارىلى ........................ 45
بالقان يېرىم ئارىلى ........................ 46
ئاپېننىن يېرىم ئارىلى ........................ 46
گېئولوگىيە ........................ 46
گېئولوگىيەلىك دەۋرلەر ........................ 47
بور دەۋرى ۋە دىنازاۋۇر ........................ 48
يورۇلما ........................ 49
ئۈزۈلمە ........................ 49
شەرقىي ئافرىقا چوڭ جىلغىسى ........................ 49
يەر قاتلىمى ۋە تاشقاتما ........................ 49
كۆكرى قۇشى ۋە جۇڭخۇا دىنازاۋۇرسىمان قۇشى ..... 50
يەر تەۋرەش ........................ 51
شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خۇاشيەن ناھىيەسىدىكى يەر تەۋرەش ........................ 51
شىڭتەيدىكى يەر تەۋرەش ........................ 51
تاڭشەندىكى يەر تەۋرەش ........................ 52
ۋېنچۈەندىكى يەر تەۋرەش ........................ 52
ياپونىيە كانتودىكى قاتتىق يەر تەۋرەش ........................ 52
چىلىدىكى يەر تەۋرەش ........................ 53
سېيرىلما ۋە لاتقا ـ شېغىللىق ئېقىن ........................ 53
يانار تاغ (ۋولقان) ........................ 53
چاڭبەيشەن تيەنچى يانار تېغى ........................ 54
يۈننەن تېڭچۇڭ يانار تاغ توپى ........................ 54
فۇجىياما تېغى ........................ 54
كىلىمانجارو تېغى ........................ 55
ۋېسۇۋىي يانار تېغى ........................ 55
ئۆپىرىتىش ........................ 55
تاش ئورمان ۋە غار ........................ 56
ياردالڭ يەر شەكلى ........................ 56
بوغۇز ........................ 56
يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسى چوڭ جىلغىسى ........................ 57
كولورادو چوڭ جىلغىسى ........................ 57
تاغ تىزمىسى ........................ 57
ھىمالايا تاغ تىزمىسى ........................ 58
جومولاڭما چوققىسى ........................ 58
چوڭ ھىنگان تاغ تىزمىسى ........................ 59
تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسى ........................ 59
كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى ........................ 60
تاڭگۇلا تاغ تىزمىسى ........................ 60
گاندىس تاغ تىزمىسى ........................ 60
بەش تاغ (ۋۇيۈ تاغلىرى) ........................ 61
خۇاڭشەن تېغى ........................ 61
لۇشەن تېغى ........................ 62
ۋۇيىشەن تېغى ........................ 62
بۇددا دىنىنىڭ تۆت چوڭ داڭلىق تېغى ........................ 63
تەرىقەت دىنىنىڭ تۆت چوڭ داڭلىق تېغى ........................ 64
ئالپىس تاغ تىزمىسى ........................ 65
كوردىللېر تاغ سىستېمىسى ........................ 65
روكى تاغ تىزمىسى ........................ 65
ئاندېس تاغ تىزمىسى ........................ 66
سكاندىناۋىيە تاغ تىزمىسى ........................ 66
ئېگىزلىك ........................ 67
چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكى ........................ 67
ئىچكى موڭغۇل ئېگىزلىكى ........................ 68
سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك ........................ 68
يۈننەن ـ گۈيجۇ ئېگىزلىكى ........................ 68
شەرقىي ئافرىقا ئېگىزلىكى ........................ 68
ئېفىئوپىيە ئېگىزلىكى ........................ 69
مېكسىكا ئېگىزلىكى ........................ 69
برازىلىيە ئېگىزلىكى ........................ 70
تۈزلەڭلىك ........................ 70
تىنما تۈزلەڭلىك ........................ 70
شەرقىي شىمال تۈزلەڭلىكى ........................ 71
شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكى ........................ 71
چاڭجياڭنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنى تۈزلەڭلىكى ... 72
ئامازون تۈزلەڭلىكى ........................ 72
شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكى ........................ 72
غەربىي سىبىرىيە تۈزلەڭلىكى ........................ 73
ئويمانلىق ........................ 73
تارىم ئويمانلىقى ........................ 74

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جۇڭغار ئويمانلىقى ........ 74
چەيدام ئويمانلىقى ........ 74
سىچۈەن ئويمانلىقى ........ 75
دېلتا ........ 75
چاڭجياڭ دېلتىسى ........ 75
خۇاڭخې دېلتىسى ........ 75
جۇجياڭ دېلتىسى ........ 76
ئېدىرلىق ........ 76
ئوتلاق ........ 76
ئىچكى موڭغۇل چوڭ ئوتلىقى ........ 77
تىروپىك ساۋاننا ئوتلىقى ........ 77
بائوباب دەرىخى ........ 78
پامپاس ئوتلىقى ........ 78
قۇملۇق ۋە چۆللىشىش ........ 78
تەكلىماكان قۇملۇقى ........ 79
مۇئۇس قۇملۇقى ........ 79
ئاتاكاما قۇملۇقى ........ 80
سەھرايى كەبىر چۆللۈكى ........ 80

**مېتېئورولوگىيە** ........ 80
ئاتموسفېرا قەۋىتى ........ 80
ھاۋارايى ........ 81
ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ........ 81
مېتېئورولوگىيەلىك كۆزىتىش ........ 81
ھاۋا ماسسىسى ۋە فىرونت ........ 82
سىكلون ۋە ئانتىسىكلون ........ 82
يۇقىرى بېسىم ئومۇرتقىسى ۋە تۆۋەن بېسىم ئوقۇرى ... 83
تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقى ........ 83
كىلىمات ........ 84
ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ........ 84
يىغىندا تېمپېراتۇرا بەلباغلىرى ........ 84
قۇرغاق ۋە نەم رايونلار ........ 84
مۇسسۇنلۇق ۋە مۇسسۇنسىز رايونلار ........ 85
تۆت چوڭ ئاتەش جاي ........ 85
تۇمان ........ 85
سۆڭگە ........ 85
قىرو ۋە ئۇششۇك ........ 86
قار ۋە قار كۆچكۈنى ........ 86
قار سىزىقى ........ 86
بۇلۇت ........ 87
ھۆل - يېغىن ۋە سۇنئىي ھۆل - يېغىن ........ 87
ھۆل - يېغىن ئېھتىماللىقى ........ 88
قارا ئۆرۈك يامغۇرى ........ 88
ھەسەن - ھۈسەن ........ 89
شامال ........ 89
مۇسسۇن شامىلى ........ 89
پاسسات شامىلى ........ 90
كىلىمات ئاپەتلىرى ........ 91
تەيفېڭ بورىنى ........ 91
قۇم - بوران ........ 92
قارا قۇيۇن ........ 92
مۆلدۈر ........ 93
جۇدۇن ........ 93
شورمەل تاشقىنى ........ 93
توڭ يامغۇر ۋە ياغمىلاق ........ 94
ئېلنىنو ........ 94
لانىنا ........ 95
شەھەر ئىسسىق ئاراللىق ئېففېكتى ........ 95
جۇڭگو كىلىماتىدىكى ئەڭ... ........ 95
دۇنيا كىلىماتىدىكى ئەڭ... ........ 96

**بايلىق** ........ 96
تەبىئىي بايلىقلار ........ 96
قېزىلما بايلىقلار ........ 97
ئېنېرگىيە بايلىقى ........ 97
يەر بايلىقى ........ 97
ئورمان بايلىقى ........ 97
ئوتلاق بايلىقى ........ 98
سۇ بايلىقى ........ 98
سۇ ۋە سۇنىڭ ئايلىنىشى ........ 98
دەريالار ........ 99
چاڭجياڭ دەرياسى ........ 99
خۇاڭخې دەرياسى ........ 100
جۇجياڭ دەرياسى ........ 101
يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسى ........ 102
نۇجياڭ دەرياسى ........ 103
لەنساڭجياڭ دەرياسى ........ 103
چيەنتاڭجياڭ دەرياسى ........ 103
خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ........ 104
سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى ........ 104
ئۇسسۇرى دەرياسى ........ 105
خەيخې دەرياسى ........ 105
ئېرتىش دەرياسى ........ 105
گانگ دەرياسى ........ 106
ھىندى دەرياسى ........ 106
مېكوڭ دەرياسى ........ 107
ئامازون دەرياسى ........ 107
يېنىسەي دەرياسى ........ 108
ئوب دەرياسى ........ 108
ۋولگا دەرياسى ........ 108
دوناي دەرياسى ........ 109
رېيىن دەرياسى ........ 109

كونگو دەرياسى ........ 110
نىل دەرياسى ........ 110
مىسسىسىپى دەرياسى ........ 111
شارقىراتما ........ 111
خۇاڭخې دەرياسى خۇكوۋ شارقىراتمىسى ........ 111
گۇيجۇ خۇاڭگوشۇ شارقىراتمىسى ........ 112
ئىگۇاسۇ شارقىراتمىسى ........ 112
نىياگارا شارقىراتمىسى ........ 112
كۆل ........ 113
پوياڭخۇ كۆلى ........ 113
دۇڭتىڭخۇ كۆلى ........ 114
تەيخۇ كۆلى ........ 114
باغراش كۆلى ........ 115
لوپنور كۆلى ........ 115
شىخۇ كۆلى ........ 115
چىڭخەي كۆلى ........ 116
رىيۇتەن كۆلى ........ 116
تىتىكاكا كۆلى ........ 116
بەش چوڭ كۆل ........ 117
كاسپىي دېڭىزى ........ 117
بايقال كۆلى ........ 118
مۇزلۇق ........ 118
تۆتىنچى دەۋر مۇزلۇقى مەزگىلى ........ 118
چوڭ قۇرۇقلۇق مۇزلۇقى ........ 119
تاغلىق مۇزلۇقى ........ 119
بۇلاق ........ 119
باۋتۇ بۇلىقى ........ 120
خۇپاۋ بۇلىقى ........ 120
ئارشاڭ ........ 120
چوڭ ئارتېزىيان ئويمانلىقى ........ 121
كارىز ........ 121
قانال ........ 121
بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلى ........ 122
پاناما قانىلى ........ 122
سۇۋەيش قانىلى ........ 122
كىل قانىلى ........ 123
رېين - ماين - دوناي قانىلى ........ 123

**ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى** ........ 124
جۇڭگونىڭ سانائەت بازىلىرى ........ 124
قاتناش ترانسپورت ........ 125
تاشيول ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ........ 126
تۆمۈريول ........ 126
تۆمۈريول تۈگۈنى ........ 127
جۇڭگونىڭ تۆمۈريول تورى ........ 128
بېيجىڭ - جيۇلۇڭ تۆمۈريولى ........ 128
چىڭخەي - شىزاڭ تۆمۈريولى ........ 129
ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ........ 129
تۆمۈريول تونىلى ........ 130
ئايروپورت ........ 130
پورت ........ 130
سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ........ 131
دۇجياڭيەن توسمىسى ........ 131
لۇەنخې دەرياسىنىڭ سۈيىنى تيەنجىنگە باشلاش قۇرۇلۇشى ........ 132
خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيىنى چىڭداۋغا باشلاش قۇرۇلۇشى ........ 132
جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا باشلاش قۇرۇلۇش ........ 132
سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى فېڭمەن سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ........ 133
شياۋلاڭدى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى ........ 133
چاڭجياڭ دەرياسى گېجۇبا سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى ........ 134
خۇاڭخې دەرياسى چىڭتۇڭشيا بوغۇزى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى ........ 134
خۇاڭخې دەرياسى لۇڭياڭشيا بوغۇزى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى ........ 134
چاڭجياڭ دەرياسى سەنشيا بوغۇزى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى ........ 135
تېننېسسى دەرياسى ھاۋزىسىنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى ........ 135
ئاسۋان توسمىسى ........ 136
ئىتايپۇ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ........ 136
سىجىل تەرەققىيات ........ 136
غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ........ 137
غەربنىڭ توكىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ........ 137
غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ........ 137
ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنىنى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى ........ 138
چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - يۇقىرى ئېقىنى ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ........ 138
تېرىلغۇ يەرنى ئورمانغا قايتۇرۇش ........ 138
سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ........ 139
ئېكولوگىيىلىك شەھەر ........ 139
ئېكولوگىيىلىك ساياھەت ........ 140
نەم يەر ........ 140
دۆلەت باغچىسى ........ 140
جاڭجياجيې دۆلەتلىك ئورمان باغچىسى ........ 140
سېرىق تاش دۆلەت باغچىسى ........ 141
تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونلار ........ 141
شېننۇڭجيا تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونى ........ 141
جيۇجەيگۇ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون ........ 142

www.uyghurtap.com

دۇنيا مىراسلىرى 142

**مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش 143**

ئىرق 143
مىللەت 143
جۇڭخۇا مىللەتلىرى 143
نوپۇسنىڭ كۆچۈشى 144
شەھەر 145
ھەمراھ شەھەر 146
مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش 146
زېمىن، دېڭىز ۋە ھاۋا تەۋەلىكى 147
جۇڭگو 147
بېيجىڭ شەھىرى 148
تيەنجىن شەھىرى 149
خېبېي ئۆلكىسى 150
چېڭدې يازلىق چارگاھى 150
سەنشى ئۆلكىسى 151
پىڭياۋ قەدىمىي شەھىرى 151
ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى 152
لياۋنىڭ ئۆلكىسى 153
جىلىن ئۆلكىسى 153
خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى 154
شاڭخەي 155
جياڭسۇ ئۆلكىسى 155
سۇجۇنىڭ باغچىلىرى 156
جاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى شەھەر ـ بازارلار 156
جېجياڭ ئۆلكىسى 157
ئەنخۇي ئۆلكىسى 158
فۇجيەن ئۆلكىسى 159
جياڭشى ئۆلكىسى 160
شەندۇڭ ئۆلكىسى 160
خېنەن ئۆلكىسى 160
خۇبېي ئۆلكىسى 162
ۋۇداڭشەن تېغى 162
خۇنەن ئۆلكىسى 163
گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى 163
گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى 164
گۇيلىننىڭ تاغ ـ دەريالىرى 165
خەينەن ئۆلكىسى 165
چۇڭچىڭ شەھىرى 166
سىچۇەن ئۆلكىسى 167
ۋولوڭ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون 167
لېشەن گىگانت بۇتى 168
گۇيجۇ ئۆلكىسى 168
يۈننەن ئۆلكىسى 169
كۇنمىڭ شەھىرى 170
لىجياڭ قەدىمىي شەھىرى 170
شىشۇاڭبەننا 171
شىزاڭ ئاپتونوم رايونى 171
لىخاسا 172
بۇدالا سارىيى 173
شەنشى ئۆلكىسى 173
گەنسۇ ئۆلكىسى 174
چىڭخەي ئۆلكىسى 174
نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى 175
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 176
تەيۋەن ئۆلكىسى 177
ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 178
شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 179
چاۋشيەن 179
كورېيە 180
ياپونىيە 180
توكيو 181
شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا 182
ۋېيتنام 183
سىنگاپور 183
ھىندونېزىيە 184
فىلىپپىن 184
مالايشىيا 185
تايلاند 185
ھىندىستان 186
كەشمىر 186
پاكىستان 187
ئوتتۇرا ئاسىيا 187
ئافغانىستان 188
ئىران 189
ئوتتۇرا شەرق 190
ئىسرائىلىيە 191
يېرۇسالېم 192
ئىراق 192
كۇۋەيت 193
سەئۇدى ئەرەبىستان 193
گوللاندىيە 194
دانىيە 194
ئەنگلىيە 194
لوندون 195
فىرانسىيە 195
پارىژ 196
گېرمانىيە 197
بېرلىن 197
ئىتالىيە 198

رىم ........................................ 198
ۋېنىتسىيە ........................................ 199
روسىيە ........................................ 199
موسكۋا ........................................ 200
قىزىل مەيدان ........................................ 200
كىرېمىل سارىيى ........................................ 201
سانكت پېتېربۇرگ ........................................ 201
ئىسپانىيە ........................................ 201
ۋاتىكان ........................................ 202
ئافىنا ........................................ 202
شىۋېيتسارىيە ........................................ 203
جەنۋە ........................................ 203
مىسىر ........................................ 203
كانادا ........................................ 204
ئامېرىكا ........................................ 205
ۋاشىنگتون ........................................ 205
نيۇيورك ........................................ 206
سان فىرانسىسكو ........................................ 206
لوس ـ ئانژېلېس ........................................ 207
ئاۋستىرالىيە ........................................ 207
يېڭى زېلاندىيە ........................................ 208
بىرازىلىيە ........................................ 208
ئارگېنتىنا ........................................ 209
مېكسىكا شەھىرى ........................................ 209

www.uyghurkitap.com






## ئاسترونومىيە

**ئاسترونومىيە** ئاسترونومىيە ئاسمان جىسىملىرى، ئالەمنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن، ئۇنىڭ تەتقىقات مەزمۇنى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، خۇسۇسىيىتى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسترونومىيە ئاساسلىقى ھەرخىل ئاسمان جىسىملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەدرىجىي ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدۇ. كۆزىتىش ئۇنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ كۆزىتىش - نەزەرىيە - كۆزىتىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يولىنى بويلاپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە كۆزىتىش ۋاسىتىلىرىنى يارىتىپ ۋە ياخشىلاپ، كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كائىناتنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە يىراق جايلىرىغا كېڭەيتىپ بارىدۇ.

ئاسترونومىيە تەتقىقاتى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى زور ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ دەسلەپتىلا ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ۋە ياشىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن، ۋاقىتتىن خەۋەر بېرىش، كالېندار تۈزۈش، ئازىمۇت (تەرەپ)نى ئۆلچەپ بېكىتىش قاتارلىقلار. ئاسترونومىيەنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت قارىشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. كوپېرنىكنىڭ قۇياش مەركەز تەلىماتى تەبىئىي پەننى ئىلاھىيەتتىن ئازاد قىلدى؛ I. كانت ۋە P.-S. لاپلاسنىڭ قۇياش سىستېمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى توغرىسىدىكى تۇمان تەلىماتى 18 - ئەسىردىكى مېتافىزىكىلىق تەبىئەت قارىشىدىن بىرىنچى يوچۇقنى ئاچتى.



ئاددىي ئارمىللىيار.

جۇڭگو دۇنيادىكى ئاسترونومىيە ئەڭ بالدۇر تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان ئاسترونومىيەسى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا بىخلانغان، يىغىلىق، چىن، خەن دەۋرلىرىگە كەلگەندىن كېيىن، كالېندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيەلىك ھادىسىلەرنى كۆزىتىشنى مەركەز قىلغان مۇكەممەل سىستېما شەكىللەنگەن. كالېندارچىلىق جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان ئاسترونومىيەسىنىڭ ئاساسلىق قىسمى. ئۇ نوقۇل ھالدا ئاي بېشى ۋە ئاي ئوتتۇرىسى، 24 مەۋسۇمنى ھېسابلاش ھەم كەبىسە ئېيىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق كالېندار تۈزۈش خىزمىتى بولۇپلا قالماستىن، يەنە قۇياش ۋە ئاينىڭ تۇتۇلۇشى، شۇنداقلا سەييارىلەرنىڭ ئورنىنى ھېسابلاش قاتارلىق بىر قاتار ئورۇن ئاسترونومىيەسى تېمىلىرىنى ئىشلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ھازىرقى ئاسترونومىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاسترونومىيەلىك ھادىسىلەرنى كۆزىتىش جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان ئاسترونومىيەسىنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك ئاساسلىق مەزمۇنى بولۇپ، ئۇ ئاسترونومىيەلىك ھادىسىلەرنى كۆزىتىش ئۇسۇللىرى، ئەسۋابلىرى ۋە خاتىرىلەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىش ئەسۋابى ئاساسلىقى ئارمىللىيار شارى بولۇپ، بۇ گىرېتسىيەنىڭ ئېكلىپتىكىلىق قۇرۇلمىسىغا ئوخشىمايدۇ. جۇڭگولۇقلار ئىزچىل تۈردە ئېكۋاتورلۇق قۇرۇلمىنى ئىشلىتىپ كەلگەن، 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جۇڭگولۇقلار ساقلاپ قالغان قۇ-



1473 - يىلى تەقلىدىي ياسالغان ئارمىللىيار شارى، ھازىر نەنجىڭ زىجىنشەن رەسەتخانىسىدا كۆرگەزمىگە قويۇلغان.

ياش تۇتۇلۇشى، ئاي تۇتۇلۇشى، ئاينىڭ يۇلتۇزنى توسۇۋېلىشى، قۇياش داغلىرى، ئاقار يۇلتۇزلار، كومېتا (قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز)لار، يېڭى يۇلتۇزلار توغرىسىدىكى مول خاتىرىلەر هازىرقى زامان ئاسترونومىيەسىنىڭ مۇهىم پايدىلىنىش ماتېرىيالىدۇر.

**كائىنات** كائىنات بىپايان بوشلۇقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان هەرخىل ئاسمان جىسىملىرى ۋە يېيىلىپ تۇرغان ماددىلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. كائىنات بىر ماددىي دۇنيا بولۇپ، ماكان جەھەتتە ئۇنىڭ چەك ـ چېگراسى بولمايدۇ، زامان جەھەتتە باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئالەمنى بىلىشى قۇياش سىستېمىسىدىن سامانيولى سىستېمىسىغا، ئاندىن سامانيولى سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسىغا كېڭەيگەن.

قەدىمدىن هازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەللەرگىچە كائىنات توغرىسىدا هەرخىل بىلىش ۋە تەسەۋۋۇرلار بولغان. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندا «ئاسماننىڭ قاپلىنىش تەلىماتى» ۋە «ئاسمان شارى تەلىماتى»، قەدىمكى ياۋروپادا «يەر مەركەز تەلىماتى» ۋە «كائىنات چەكلىك تەلىماتى» مەيدانغا كەلگەن. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پولشالىق ئاسترونوم N. كوپېرنىك «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نى بەرپا قىلغان.



20 ـ ئەسىردىن بۇيان ئاسترونوملار نۇرغۇنلىغان كائىنات مودېللىرىنى تۇرغۇزدى. يىغىنچاقلىغاندا، ئاساسلىق مۇنداق ئىككى چوڭ ئېقىم بار: بىر ئېقىمدىكىلەر ئالەمنىڭ چوڭ شەكىللىق ماددىي تەقسىملىنىشى ۋە ماددىي خۇسۇسىيىتى ۋاقىت بويىچە ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر ئېقىمدىكىلەر بۇ ۋاقىت بويىچە ئۆزگىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. كېيىنكى ئېقىمدىكىلەر 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان «كائىنات چوڭ پارتلاش» نەزەرىيەسىنىڭ تەسىرى چوڭراق بولۇپ، S. خاۋكىڭ بۇنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر. «چوڭ پارتلاش» نەزەرىيەسىدە كائىناتنىڭ دەسلەپكى تېمپېراتۇرىسى ناهايىتى يۇقىرى، ماددىلارنىڭ زىچلىقمۇ ناهايىتى چوڭ بولۇپ، پۈتكۈل ئالەم ئۆزلۈكسىز تۈردە كېڭىيىپ بارغان، كېڭىيىش جەريانىدا ماددىلارنىڭ زىچلىقى شالاڭلاپ، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ، تەدرىجىي هالدا كائىناتتىكى هەرخىل ئاسمان جىسىملىرى ۋە يۇلتۇزلار ئارا ماددىلار شەكىللەنگەن دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل كېڭىيىش جەريانى پارتلاش جەريانىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن، بۇ تەلىمات چوڭ پارتلاش نەزەرىيەسى دەپ ئاتالغان.



يۇلتۇزلار سىستېمىسى گورۇپپىسى



كائىناتنىڭ شەكىللىنىش ۋە قۇرۇلمىسى

**قارا ئۆڭكۆر** 1798 ـ يىلى فرانسىيەلىك ئاسترونوم P.-S. لاپلاس كائىناتتىكى ئەڭ يورۇق ئاسمان جىسمى بىرگە كۆرۈنمەيدىغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇگۈنكى ئاسترونوملار بۇ خىل ئالاهىدە ئاسمان جىسمى دەل قارا ئۆڭكۆر دەپ قارايدۇ.



قارا ئۆڭكۆرنىڭ شەكىللىنىشى.

قارا ئۆڭكۆر كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيەسىدە ئالدىن پەرەز قىلىنغان بىرخىل ئالاهىدە ئاسمان جىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاهىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ بىر يېپىق كۆرۈنۈش دائىرىسى (قارا ئۆڭكۆرنىڭ چېگراسى) بار بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن ماددىلار ۋە رادىياتسىيە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرەلەيدۇ. بىراق، كۆرۈنۈش دائىرىسى ئىچىدىكى هەرقانداق ماددا سىرتقا چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

قارا ئۆڭكۆر تۇرغۇن يۇلتۇز قېرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، مەلۇم بىر يۇلتۇزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يادرو يېقىلغۇسى خوراپ تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە يادرو مەركەزگە قاراپ تارىيىشقا باشلايدۇ، بۇ جەريان تاكى مەركەزگە قاراپ گۇمۇرۇلگەنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ. بۇ خىل تارىيىش توسالغۇسىز بولىدۇ، ئاسترونوملار بۇ خىل تېز سۈرئەتلىك تارىيىش جەريانىنى «تارتىش كۈچىدىن گۇمۇرۇلۇش (گراۋىتاتسىيەلىك كوللاپس)» دەپ ئاتىشىدۇ. تارتىش كۈچىدىن گۇمۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ سىرتقى يۈزىنىڭ تارتىش كۈچى ئۆزلۈكسىز كۈچىيىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن 300000km/s تېزلىكتىكى نۇرمۇ ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئىنسانلارنىڭ كۆرۈش سېزىمى دائىرىسىگە قايتا كېلەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قاپقارا ئاسمان جىسمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، مۇنداق هەجمى كىچىك ئاسمان جىسمى دەل قارا ئۆڭكۆردۇر.

**ئاق ئۆڭكۆر** قارا ئۆڭكۆر بىر تەرەققىياتنىڭ ئاخىرقى چېكى بولۇش بىلەن، مۇقەررەر هالدا يەنە بىر ئاخىرقى چەكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مانا بۇ ئاق ئۆڭكۆردۇر. ئاق ئۆڭكۆر

كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيەسىدە ئالدىن پەرەز قىلىنغان يەنە بىر خىل ئالاھىدە ئاسمان جىسمىدۇر. ئاق ئۆڭكۈر ئىچىگە توپلاشقان ماددىلار چېگرا سىرتىغا قاراپ ھەرىكەت قىلالايدۇ، ئەمما ھەرگىز قارشى يۆنىلىشكە قاراپ ھەرىكەت قىلالمايدۇ. ئۇ ھەرقانداق جىسىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىشىنى توسىدۇ، ئەمما سىرتقا ماددا ۋە ئېنېرگىيە چىقىرىدۇ. ئاق ئۆڭكۈر بىر كۈچلۈك تارتىش كۈچى مەنبەسى بولۇپ، ئەتراپىدىكى ماددىلارنى چېگراسىغا تارتىپ كېلىپ ماددىي قەۋەت شەكىللەندۈرەلەيدۇ. ئاق ئۆڭكۈر ئىچىدىكى ئىنتايىن زىچ ھالەتتىكى ماددىلار سىرتقا قاراپ ئېتىلغاندا، ئەتراپىدىكى ماددىلار بىلەن كۈچلۈك سوقۇلۇپ غايەت زور ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىدۇ.

نۆۋەتتە ئاق ئۆڭكۈر توغرىسىدا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان چۈشەندۈرۈش مۇنداق: ئۇ ئالەم چوڭ پارتلىغان چاغدا قېپقالغان زىچلاشقان يادرولار بولۇپ، ئۇلارنىڭ پارتلاش ۋاقتى كېچىككەن، شۇڭا ئاق ئۆڭكۈر يەنە «كېچىككەن يادرولار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سامانيولى سىستېمىسى** ياز كېچىلىرى ئاسمان بوشلۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئاپئاق يۇلتۇزلار بەلبېغى قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلمەكتە. كىشىلەر ئاسترونومىيە تېلېسكوپى ئارقىلىق كۆزىتىپ، ئۇنىڭ زىچ يۇلتۇزلاردىن تەركىب تاپقانلىقىنى،



سامانيولى سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى.

يۇلتۇزلار بەك زىچ بولغانلىقتىن، ئاپئاق بەلباغدەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى بايقىدى.

سامانيولى سىستېمىسى بىرىنچى دەرىجىلىك ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، تەخمىنەن 100 ~ 200 مىليارد يۇلتۇزدىن تەشكىل تاپقان غايەت زور يۇلتۇزلار توپىدۇر.

سامانيولى سىستېمىسى سىرتتىن قارىماققا مەركىزى قېلىن، گىرۋەكلىرى نېپىز يالپاقراق كەلگەن دىسكا ھالىتىدە كۆرۈنىدۇ. ئاساسلىق ماددىلار مۇشۇ دىسكىسىمان قۇرۇلمىغا توپلاشقان بولۇپ، بۇ سامانيولى تەخسىسى (دىسكىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ياندىن قارىسىڭىز، ئۇنىڭ شەكلى ئاتىدىغان دىسكىغا ئوخشايدۇ؛ ئۇدۇلدىن قارىسىڭىز، جىددىي ئېقىندىكى قاينامغا ئوخشايدۇ. سامانيولى تەخسىسىنىڭ دىيامېتىرى تەخمىنەن 80 مىڭ يورۇقلۇق يىلى كېلىدۇ، مەركىزىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 10 مىڭ يورۇقلۇق يىلىدىن ئاشىدۇ. سامانيولى سىستېمىسىمۇ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ. قۇياش سامانيولى سىستېمىسىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، سامانيولى سىستېمىسىنىڭ مەركىزىدىن تەخمىنەن 33 مىڭ يورۇقلۇق يىلى يىراقلىقتا تۇرىدۇ. سامانيولى سىستېمىسىنى غايەت زور يۇلتۇزلار شەھىرى دېسەك، قۇياش سىستېمىسى پەقەت شۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئائىلىگە باراۋەر كېلىدۇ.

## سامانيولى سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسى

1519 ـ يىلىدىن 1521 ـ يىللىرىغىچە، پورتۇگالىيەلىك F. ماگېللان دېڭىز يولى ئارقىلىق يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرىدە جەنۇبىي يېرىم شارغا بارغان. ئۇ جەنۇبىي يېرىم شار ئاسمىنىدا كۆز بىلەن شىمالىي يېرىم شار ئاسمىنىدا كۆرۈپ باقمىغان ئىككى چوڭ «تۇمانلىق» نى بايقاپ، ئۇنىڭغا چوڭ ماگېللان تۇمانلىقى ۋە كىچىك ماگېللان تۇمانلىقى دەپ نام قويغان. كېيىنچە ئاسترونوملار چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ماگېللاننىڭ خاتالاشقانلىقىنى بايقىغان. ماگېللان بايقىغان «تۇمانلىق» ئەمەلىيەتتە بىز تۇرۇۋاتقان سامانيولى سىستېمىسىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان يۇلتۇزلار سىستېمىسى بولۇپ، سامانيولى سىستېمىسىنىڭ سىرتىدا بولغانلىقتىن، سامانيولى سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسى دەپ ئاتالغان.

سامانيولى سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسى سامانيولى سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى باشقا يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئادەتتە قىسقارتىلىپ «يۇلتۇزلار سىستېمىسى» دېيىلىدۇ. ئۇلار نەچچە يۈز مىليارد يۇلتۇزدىن، شۇنىڭدەك يۇلتۇزلار ئارا گازلار ۋە چاڭ ـ توزانلىق ماددىلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ھەممىسى سامانيولى سىستېمىسى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى غايەت زور ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسىدىن ئىبارەت. سامانيولى سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە قۇرۇلمىسى ھەرخىل بولۇپ، ئۇلارنى تاشقى شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئېللىپسىسىمان يۇلتۇزلار سىستېمىسى، قايناملىق يۇلتۇزلار سىستېمىسى ۋە قانۇنىيەتسىز يۇلتۇزلار سىستېمىسى قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ. سامانيولى سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى ھەربىر يۇلتۇزلار سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ماكان جەھەتتىكى تەقسىملىنىشى تەكشى ئەمەس بولۇپ، توپلانما ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

بىز كۆزەتكەن سامانيولى سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسى مىلياردتىن ئاشىدۇ. ئاندرومېدا يۇلتۇزلار سىستېمىسى ئاندرومېدا يۇلتۇز تۈركۈمىگە جايلاشقان سامانيولى سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا داڭلىقلىرىدىن يەنە ئوۋ ئىتى يۇلتۇزلار سىستېمىسى، چوڭ ماگېللان يۇلتۇزلار سىستېمىسى، كىچىك ماگېللان يۇلتۇزلار سىستېمىسى ۋە سۇنبۇلە يۇلتۇزلار سىستېمىسى قاتارلىقلار بار.



www.uyghurkitap.com

**تۇرغۇن يۇلتۇز ۋە تۇمانلىق** تۇرغۇن يۇلتۇز چوغدەك قىزىق گازلاردىن تەركىب تاپقان، ئۆزى يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق چىقىرالايدىغان شارسىمان ئاسمان جىسمى بولۇپ، يەتتەكەن يۇلتۇزى، شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى (تۆمۈر قوزۇق يۇلتۇزى)، پادىچى يىگىت يۇلتۇزى ۋە توقۇمىچى قىز يۇلتۇزى قاتارلىقلار مۇشۇ خىلدىكى يۇلتۇزلارغا تەۋە. قۇياش يەر شارىغا ئەڭ يېقىن تۇرغۇن يۇلتۇزدۇر.

كائىناتتىكى تۇرغۇن يۇلتۇزلار ئائىلىسى غايەت زور بولۇپ، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە يۇلتۇزلۇق ئاسماندا كۆز بىلەن بىۋاسىتە كۆرگىلى بولىدىغان يۇلتۇزلار 6000 دىن ئاشىدۇ، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن بولغان ئارىلىقى بەكلا يىراق بولغاچقا، ئاسترونومىيە تېلېسكوپى ئارقىلىق كۆزەتكەندىمۇ بۇ تۇرغۇن يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان نۇقتىلار بولۇپ كۆرۈنىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆرۈنمە يۈزىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. قۇياشتىن باشقا، بىزگە مەلۇم بولغان يەر شارىغا ئەڭ يېقىن تۇرغۇن يۇلتۇز سېنتاۋر يۇلتۇز تۇركۈمىدىكى پىروكسىما يۇلتۇزى بولۇپ، ئۇ يەرشارىدىن تەخمىنەن 4.2 يورۇقلۇق يىلى، يەنى 40 تىرىليون كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرىدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ ھەجمى ئىنتايىن چوڭ پەرق قىلىدۇ، قۇياش تۇرغۇن يۇلتۇزلار دۇنياسىدا ھەجمى پەقەت ئوتتۇراھال چوڭلۇقتىكى يۇلتۇز ھېسابلىنىدۇ. توقۇمىچى قىز يۇلتۇزىنىڭ دىيامېتىرى قۇياش دىيامېتىرىنىڭ 2.76 ھەسسىچىلىك كېلىدۇ، ئانتارېس يۇلتۇزىنىڭ دىيامېتىرى قۇياشنىڭكىدىن 600 ھەسسە، سېفېي يۇلتۇز تۇركۈمىدىكى VV يۇلتۇزلارنىڭ ئاساسىي يۇلتۇزىنىڭ دىيامېتىرى قۇياشنىڭكىدىن 1600 ھەسسە ئۇزۇن. قۇياشتىن كىچىك تۇرغۇن يۇلتۇزلارمۇ بار، مەسىلەن، بۆرە يۇلتۇزىنىڭ ھەمىراھىنىنىڭ دىيامېتىرى ئارانلا 5000 كىلومېتىر بولۇپ، يەر شارىدىنمۇ كىچىك.

تۇرغۇن يۇلتۇز خىلمۇخىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭمۇ جانلىقلارغا ئوخشاش پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش، قېرىش ۋە ھالاك بولۇش جەريانلىرى بار، مەسىلەن، سەۋر يۇلتۇز تۇركۈمىدىكى ئالدېباران يۇلتۇزىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ، سىرتقى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولۇپ، ئۇ قېرىلىق باسقۇچىدىكى تۇرغۇن يۇلتۇز ھېسابلىنىدۇ. ھارۋىكەش يۇلتۇز تۇركۈمىدىكى كاپېللا يۇلتۇزىنىڭ رەڭگى سارغۇچ، سىرتقى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تەخمىنەن 5500℃ بولۇپ، ئۇ قۇياشقا ئوخشاش ياللۇنجاپ تۇرغان قىرانلىق باسقۇچىدىكى يۇلتۇز ھېسابلىنىدۇ. بۆرە يۇلتۇزى كۆكۈچ ئاق نۇر چىقىرىپ تۇرىدۇ، سىرتقى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولۇپ، تۇرغۇن يۇلتۇزلار ئىچىدىكى چاقناپ تۇرغان ياش يۇلتۇزدۇر.

يۇلتۇزلار ئارىسى ھەقىقىي بوشلۇق بولماستىن، خىلمۇخىل ماددىلارغا تولغان. بۇ ماددىلار يۇلتۇزلار ئارا گاز، چاڭ ـ توزان، زەررىچىلەر، ئالەم نۇرلىرى ۋە يۇلتۇزلار ئارا ماگنىت مەيدانى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ماددىلارنىڭ تارقىلىشى تەكشىسىز بولۇپ، گاز ۋە چاڭ ـ توزانلار زىچ رايونلاردا خىلمۇخىل تۇمانسىمان ئاسمان جىسىملىرى شەكىللەنگەن، بۇلار تۇمانلىق دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار سامانيولى سىستېمىسىدىكى مۇھىم ماددىي تەركىب ھېسابلىنىدۇ.

**يۇلتۇزلار تۇركۈمى ۋە يۇلتۇزلار خەرىتىسى** ئىنسانلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ياشاش جەريانىدا يۇلتۇزلارنى تونۇش ئارقىلىق ۋاقىت بەلگىلىگەن، تەرەپ ۋە پەسىللەرنى پەرق ئەتكەن. شۇڭا، دۇنيادىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى يۇلتۇز تونۇش ئۇسۇللىرى بار.

يۇلتۇزلار تۇركۈمى كىشىلەر تەتقىق قىلىشتا ئوڭايلىق يارىتىش ئۈچۈن يۇلتۇزلۇق ئاسماندا ئايرىپ چىققان رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى جۇڭگولۇقلار يۇلتۇز تونۇشقا ئوڭاي بولۇش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ خۇاڭخې دەريا ۋادىسىدا كۆرۈنگەن يۇلتۇزلۇق ئاسماننى ئۈچ رايون، 28 تۇركۈمگە ئايرىغان. رايون ۋە تۇركۈم دېگەنلەر يۇلتۇزلۇق ئاسماندىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى بابىلونلۇقلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللار ئەتراپىدا يورۇقراق يۇلتۇزلارنى نۇرغۇن رايونلارغا ئايرىغان، بۇ رايونلار ئەڭ بالدۇر ئايرىپ چىقىلغان يۇلتۇزلار تۇركۈملىرىدۇر. ھەربىر يۇلتۇز تۇركۈمىگە يورۇقراق يۇلتۇزلارنى تۇتاشتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان شەكىللەرگە ئاساسەن، ئەپسانىۋى چۆچەكلەردىكى قەھرىمان، ھايۋانلارنىڭ نامى بېرىلگەن، مەسىلەن، چوڭ ئېيىق يۇلتۇز تۇركۈمى، ئەسەد يۇلتۇز تۇركۈمى قاتارلىقلار.



سۇجۇدىكى تاش ئويما ئاسترونومىيە خەرىتىسى ھازىرقى دۇنيادا ساقلىنىۋاتقان ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن، سۇڭ دەۋرىگە تەۋە چوڭ تىپلىق تاش ئويما ئىلمىي يۇلتۇز خەرىتىسى بولۇپ، خۇاڭ شاڭ 1247 ـ يىلى ئويغان، يۇلتۇز خەرىتىسىنىڭ دىيامېتىرى 91.5cm بولۇپ، 1400دىن ئارتۇق يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن.

1928 ـ يىلى خەلقئارا ئاسترونومىيە بىرلەشمىسى يۇلتۇزلار تۇركۈمى لايىھەسىنى ئېلان قىلغان، بۇنىڭدا ئەسلىدە بار بولغان يۇلتۇزلار تۇركۈمى ئۇقۇمى ئاساسىدا، پۈتكۈل ئاسماننى 88 يۇلتۇز تۇركۈمىگە ئايرىغان، جۈملىدىن ئېكلىپتىكا بويلاپ 12 يۇلتۇزلار تۇركۈمى، شىمالىي يېرىم شار ئاسمىنىدا 28 يۇلتۇزلار تۇركۈمى، جەنۇبىي يېرىم شار ئاس-

www.uyghurkitap.com

مىنىدا 48 يۇلتۇزلار تۈركۈمى بار. ھەربىر يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ كۆلىمى ۋە شەكلى ئوخشاشمايدۇ.

ئاسمان جىسمىنىڭ ئورنى، يورۇقلۇقى ۋە شەكلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ شارسىمان سىرتقى يۈزىنىڭ كۆرۈنمە ئورنىنى تەكشىلىككە پىروييېكسىيەلەپ سىزىپ چىقىلغان خەرىتە يۇلتۇزلار خەرىتىسىدۇر. يۇلتۇزلار خەرىتىسى يۇلتۇزلارنى تونۇش، ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىش ۋە تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي قورالىدۇر. يۇلتۇزلار خەرىتىسىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئومۇمەن يۇلتۇزلار خەرىتىسىنى ئىشلىتىشنى دەسلەپكى ئۆگەنگۈچىلەر ئالدى بىلەن يۇلتۇزلار خەرىتىسىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگىلىشى كېرەك. تەرەپ (ئازىمۇت)نى ئۇدۇل كەلتۈرۈپ، كۆزىتىدىغان چېسلا ۋە پەيتنى توغرىلىغاندىلا، تەبىئەت بىلەن بىردەك بولغىلى بولىدۇ. يۇلتۇزلار خەرىتىسىنىڭ دەۋرىنىڭ قايسى يىلغا توغرا كېلىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن يۇلتۇزلار دەرىجىسىنىڭ نىسبىتىگە دىققەت قىلىش كېرەك. يۇلتۇزلار خەرىتىسىدىكى يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ رايونلارغا بۆلۈنۈشى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەرخىل ناملارنىڭ مەنىسى قاتارلىقلارنى پىششىق بىلىشى كېرەك.

**قۇياش سىستېمىسى** قۇياش سىستېمىسىنى بىر ئائىلىگە ئوخشاتساق، قۇياش ئائىلە باشلىقى ھېسابلىنىدۇ، قۇياش ئۆزىنىڭ غايەت زور ماسسىسى ئارقىلىق باشقا ئەزالىرىنى ئۆزىگە تارتىپ قۇياش ئەتراپىدا چۆرگىلىتىدۇ.

قۇياش سىستېمىسى قۇياش، سەككىز چوڭ سەييارە ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى، كىچىك سەييارىلەر، كومېتالار (قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار)، ئاقار جىسىملار ۋە سەييارىلەر ئارا ماددىلاردىن تەشكىل تاپقان ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسىدۇر. قۇياش قۇياش سىستېمىسىدىكى مەركىزىي ئاسمان جىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ماسسىسى قۇياش سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي ماسسىسىنىڭ 99.86%نى ئىگىلەيدۇ، قۇياش سىستېمىسىدىكى باشقا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەممىسى قۇياشنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىدۇ.

**قۇياش** قۇياش سىستېمىسىدىكى مەركىزىي ئاسمان جىسمى، ئۆزى يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق تارقىتالايدىغان گاز شار بولۇپ، ئۇ سامانيولى سىستېمىسىدىكى ئادەتتىكى تۇرغۇن يۇلتۇزدۇر.

ئۇنىڭ سىرتقى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 5770 كېلۋىنغا، مەركىزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 15 مىليون كېلۋىنغا يېتىدۇ. ئۇنىڭ ھەجمى يەر شارى ھەجمىنىڭ 1 مىليون 300 مىڭ ھەسسىسىگە، ماسسىسى يەر شارى ماسسىسىنىڭ 332 مىڭ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ، بۇ پۈتكۈل قۇياش سىستېمىسى ئومۇمىي ماسسىسىنىڭ 99.86%نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ يەر شارىغىچە بولغان ئوتتۇرىچە ئارىلىقى 150 مىليون كىلومېتىر كېلىدۇ.

خىمىيەلىك تەركىبىگە كەلسەك، قۇياش ئاتموسفېراسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھىدروگېن ۋە گېلىيدىن ئىبارەت. ماسسىسى بويىچە ھېسابلىغاندا، ھىدروگېن 71%نى، گېلىي 27% نى ئىگىلەيدۇ. قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، قۇياشنىڭ مەركىزى يادرو ماددىلارنىڭ رېئاكسىيەلىشىش رايونىدۇر. قۇياشنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى بېسىملىق شارائىتتا يادرو تۈپلىشىش رېئاكسىيەسى يۈز بېرىدۇ. بۇ يادرو تۈپلىشىش جەريانىدا قۇياشنىڭ بىر قىسىم ماسسىسى خوراپ، زور مىقداردا ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىدۇ. قۇياشتىن چىقىۋاتقان يورۇقلۇق دەل مۇشۇ ئېنېرگىيەدىن كېلىدۇ. ئىسسىق يادرو رېئاكسىيەسى مەركىزىي رايونىنىڭ سىرتى رادىياتسىيە رايونى، رادىياتسىيە رايونىنىڭ سىرتى كونۋېكسىيە قاتلىمى، كونۋېكسىيە قاتلىمىنىڭ سىرتى قۇياشنىڭ ئاتموسفېرا قاتلىمى بولۇپ، كىشىلەر كۆزىتەلىگەن قۇياش پائالىيىتى ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسى قۇياشنىڭ ئاتموسفېرا قاتلىمىدا يۈز بېرىدۇ.



قۇياشنىڭ ئۇلترا بىنەپشە نۇر ئارقىلىق تارتىلغان سۈرىتىنىڭ سول تەرەپ يۇقىرىسىدا ئۆزۈنلۈقى 400 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىدىغان قۇياش ئۆسۈكى بار.

قۇياشنىڭ ئاتموسفېرا قاتلىمى ئىچىدىن سىرتىغا قاراپ فوتوسفېرا، خروموسفېرا ۋە قۇياش تاجىدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامغا بۆلۈنىدۇ. فوتوسفېرا قاتلىمىدا قۇياش داغلىرى بار، خروموسفېرا قاتلىمىدا قۇياش ئۆسۈكى، يورۇق نۇقتىلار بار، قۇياش تاجى قاتلىمىدا قۇياش بورىنى قاتارلىق قۇياش پائالىيىتى ھادىسىلىرى بولىدۇ.

**سەككىز چوڭ سەييارە** كۆپ يىللاردىن بۇيان كىشىلەر ئىزچىل تۈردە قۇياش سىستېمىسىدا توققۇز چوڭ سەييارە بار دەپ قاراپ كەلگەنىدى، ئەمما 2006 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خەلقئارا ئاسترونومىيە بىرلەشمىسى قۇرۇلتىيىدا بېلەت تاشلاش ئارقىلىق سەييارە توغرىسىدىكى يېڭى ئېنىقلىما ماقۇللاندى، پلۇتون 9 چوڭ سەييارە قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلىپ، پەتەك سەييارىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ قۇياش سىستېمىسىدا پەقەت مېركۇرىي، ۋېنېرا، يەر شارى، مارس، يۇپىتېر، ساتۇرن، ئۇران، نېپتۇن قاتارلىق سەككىز چوڭ سەييارە بار دەپ بېكىتىلدى. 8 چوڭ سەييارىنى 3 خىل تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ. ① يەر تۈرىدىكى سەييارىلەر، بۇلارنىڭ قاتتىق تاشقى پوستى بار، مەسىلەن، مېركۇرىي، ۋېنېرا، يەر شارى، مارس؛ ② گىگانت سەييارد-



نېپتۇننىڭ قۇرۇلمىسى

لەر، بۇلارنىڭ گەۋدىسى غايەت زور، تاشقى پوستى گاز ھالەتتە، مەسىلەن، يۇپىتېر، ساتۇرن؛ ③ قۇياشتىن يىراق سەييارىلەر، بۇلارنىڭ سىرتقى يۈزى ناھايىتى سوغۇق، مەسىلەن، ئۇران، نېپتۇن.

ئۇران بىلەن نېپتۇن قۇياش سىستېمىسىدىكى تاشقى قەۋەت چېگرانى قوغدىغۇچى ئاكا ـ ئۇكىلاردۇر. ئۇراننىڭ ھەجمى يەر شارىنىڭكىدىن 65 ھەسسە چوڭ بولۇپ، پەقەت يۇپىتېر بىلەن ساتۇرندىن كېيىنلا تۇرىدۇ. نېپتۇننىڭ ھەجمى يەر شارىنىڭكىدىن 57 ھەسسە چوڭ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن بۇيان، ئىنسانلار خىلمۇخىل سەييارىلەرنى تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرىنى قويۇپ بېرىپ، سەييارىلەر دۇنياسىغا ئائىت زور مىقداردىكى يېڭى ئۇچۇرلارغا ئېرىشتى.

**ئاي شارى** ئاي شارى يەر شارىنىڭ ھەمراھى بولۇپ، يەر شارىغا ئەڭ يېقىن ئاسمان جىسمى، ئۇ ئادەتتە ئاي دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ ھەجمى يەر شارى ھەجمىنىڭ 1/49 ىچىلىك كېلىدۇ. ئاينىڭ يەر شارىنى چۆرىدەپ ئايلىنىش ئوربىتىسى ئېللىپىس شەكىللىك، ئۇ ئۆزى يورۇقلۇق چىقارمايدۇ، قۇياش نۇرىنى قايتۇرىدۇ. ئاينىڭ قۇياش يورۇتۇپ تۇرغان يېرىمى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردا يەر شارىغا يۈزلىنىپ تۇرىدىغانلىقتىن، كىشىلەر يەر شارىدىن ئاينىڭ بەزىدە پۈتۈن، بەزىدە كەمتۈك بولۇپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئاينىڭ بەزىدە پۈتۈن، بەزىدە كەمتۈك بولۇپ ئۆزگىرىش دەۋرى تەخمىنەن 29.5 يەر شارى كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ بىر قەمەرىيە ئېيى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاينىڭ دىيامېتىرى تەخمىنەن يەر شارى دىيامېتىرىنىڭ 3/11 ىچىلىك كېلىدۇ، ماسسىسى تەخمىنەن يەر شارى ماسسىسىنىڭ 1/81 ىگە توغرا كېلىدۇ، ئاينىڭ سىرتقى يۈزىدىكى ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشى يەر شارى سىرتقى يۈزىنىڭكىنىڭ 1/6 ىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئايغا چىققان ئالەم ئۇچقۇچىلىرى ئاي يۈزىدە لەيلەۋاتقاندەك ماڭىدۇ.

ئاي شارىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، يۈزىدە ئازگال ـ ئورەكلەر شاھمات ئۇرۇقىدەك كەڭ تارالغان، دىيامېتىرى 1000 مېتىردىن ئۇزۇن كېلىدىغان تەخمىنەن 33 مىڭدىن كۆپرەك ھالقىسىمان تاغ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالەم جىسىملىرى ئاي يۈزىگە سوقۇلغانلىقىنىڭ ۋە يانار تاغلار ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئايدىكى قارامتۇل


«ئاپوللو» 11 ناملىق ئالەم كېمىسى 16 مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىن تارتقان ئاي شارىنىڭ سۈرىتى.

رايونلار تۈزلەڭلىك، يەنى ئاي دېڭىزلىرىدۇر، ئاينىڭ تارتىش كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن، ئاتموسفېرانى تۇتۇپ تۇرالمايدۇ، شۇڭا بۇ جايدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، كۈندۈزى قۇياش نۇرى تىك چۈشىدىغان جايلاردا تېمپېراتۇرا 127℃ قا يەتسە، كېچىسى نۆلدىن تۆۋەن 183℃ قا چۈشىدۇ، ئايدا ھاۋا يوق، ھەرقانداق ھالەتتىكى سۇ يوق، شۇنداقلا ھاياتلىقمۇ يوق.


ئاي شارىنىڭ قۇرۇلمىسى.

**ئاي ۋە كۈننىڭ تۇتۇلۇشى** ئاينىڭ تۇتۇلۇشى ئاينىڭ يەر شارىنىڭ سايىسىگە ئۆتكەندىكى يۈزىنىڭ قاراڭغۇلىشىش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەر شارى ئاي بىلەن كۈننىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۈچىسى بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە چۈشىدۇ. يەر شارى قۇياشنىڭ ئايغا چۈشۈرگەن يورۇقلۇقىنى توسۇۋالغانلىقتىن ئاينىڭ تۇتۇلۇشى كېلىپ چىقىدۇ. ئاي يۈزى تولۇق توسۇۋېلىنغاندا ئاي تولۇق تۇتۇلىدۇ. ئاي يۈزى قىسمەن توسۇۋېلىنغاندا ئاي قىسمەن تۇتۇلىدۇ. ئاينىڭ تۇتۇلۇشى دېھقانلار كالېندارى بويىچە، 16 ـ چېسلا ئەتراپىدا يۈز بېرىدۇ، ئەمما ھەر ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاي تۇتۇلىۋەرمەيدۇ، پەقەت ئاي ئايلىنىپ ئېكلىپتىكا بىلەن ئاي يولى كېسىشكەن نۇقتا ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەندىلا، ئاندىن ئاي تۇتۇلۇشى يۈز بېرىدۇ، شۇڭا، ھەر يىلى 2 ~ 5 قېتىمغىچىلا ئاي تۇتۇلىدۇ.


ئاي تۇتۇلۇشىنىڭ چاتما سۈرەتلىرىدە يەر شارىنىڭ سايىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كۈن تۇتۇلۇش ئاي شارىنىڭ قۇياشنى توسۇۋېلىش ھادىسىسىدۇر. ئاي قۇياشنى توسۇۋالغاندا، ئەگەر كۆزەتكۈچى ئاي سايىسىنىڭ دائىرىسىدە تۇرغان بولسا، ئاينىڭ قۇياشنى تولۇق توسۇۋالغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ، بۇ كۈننىڭ تولۇق تۇتۇلۇشىدۇر. كۆزەتكۈچى ئاينىڭ ساختا سايىسى دائىرىسىدە تۇرغان بولسا، ئاي قۇياشنى تولۇق توسۇۋالالمايدۇ، بۇ چاغدا قۇياشنىڭ گىرۋىكىدە بىر نۇر چەمبىرىكى قالغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. بۇ كۈننىڭ ھالقىسمان تۇتۇلۇشىدۇر. كۆزەتكۈچى ئاينىڭ يېرىم سايىسى دائىرىسىدە تۇرغاندا، ئاينىڭ قۇياشنىڭ بىر قىسمىنى توسۇۋالغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. بۇ كۈننىڭ قىسمەن تۇتۇلۇشىدۇر. قۇياش، ئاي، يەرشارى ئۈزلۈكسىز ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقتىن، قۇياشنى توسۇۋالغان ئاي سايىسى يەرشارى يۈزىدىن ئۆتۈشى مۇمكىن. كۈننىڭ تولۇق تۇتۇلۇشى پەقەت نەچچە 10 سېكۇنتتىن 7 مىنۇتقىچە داۋام قىلىدۇ، رېئاكتىپ ئايروپىلان بىلەن ئاي سايىسىنى قوغلاشقاندا، كۈننىڭ تولۇق تۇتۇلۇشىنى نەچچە سائەتكىچە كۆزەتكىلى بولىدۇ. كۈن تۇتۇلۇشىنىڭ شەرتى: بىرى، ۋاقىت جەھەتتە ئاينىڭ بېشى (قەمەرىيە بويىچە ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) بولۇش، يەنە بىرى قۇياش بىلەن ئاي يولى ۋە ئېكلىپتىكىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى مەلۇم بۇلۇڭ دائىرىسىدە بولۇشى كېرەك. پۈتۈن دۇنيادا ھەر يىلى 2 ~ 5 قېتىمغىچە كۈن تۇتۇلۇشىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەلۇم جايغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوتتۇرىچە ھەر 3 يىلدا بىر قېتىم كۈننىڭ قىسمەن تۇتۇلۇشىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئوتتۇرىچە 300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئاندىن بىر قېتىم كۈننىڭ تولۇق تۇتۇلۇشىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**مېركۇرىي** غەربتە كىشىلەر يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ نامىنى سەييارىلەرگە قويغان. قەدىمكى يۇنانلىقلار مېركۇرىينىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكىنى، قۇياش ئەتراپىدا چۆرگىلىگەن ۋاقتىنىڭ ئەڭ قىسقىلىقىنى كۆرۈپ، يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئەڭ تېز يۈگۈرەيدىغان خەۋەرچى «مېركۇرىي»نىڭ نامىنى بۇ سەييارىگە قويغان، ئىنگلىزچىدە بۇ سەييارىنىڭ نامى تا ھازىرغىچە مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

مېركۇرىي قۇياش سىستېمىسىدا قۇياشقا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان چوڭ سەييارە بولۇپ، ئۇنىڭ قۇياشقىچە بولغان ئوتتۇرىچە ئارىلىقى تەخمىنەن 57 مىليون 900 مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ. مېركۇرىي قۇياش ئەتراپىدا ناھايىتى ياپىلاق كەلگەن ئېللىپسىمان ئوربىتىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش دەۋرى 8 چوڭ سەييارە ئىچىدە ئەڭ قىسقا بولۇپ، پەقەت 88 يەرشارى سۇتكىسىغا تەڭ كېلىدۇ. ئوتتۇرىچە ئوربىتىلىق سۈرئىتى 8 چوڭ سەييارە ئىچىدە ئەڭ تېز بولۇپ، تەخمىنەن ھەر سېكۇنتتا 48 كىلومېتىرلىق تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ. مېركۇرىينىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولۇپ، ئۆز ئوقىدا بىر ئايلىنىشىغا 58.6 يەرشارى سۇتكىسى كېتىدۇ. مېركۇرىيدا قۇياشنىڭ ئىككى قېتىم چىقىش ئارىلىقى 176 يەرشارى سۇتكىسىغا تەڭ. مۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ قۇياشقا يۈزلىنىپ تۇرغان تەرىپىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، 420℃ تىن ئاشىدۇ، قۇياشقا ئارقىنى قىلىپ تۇرغان تەرىپى ئۇزاققىچە ئاپتاپ كۆرمىگەنلىكتىن، تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، −173℃ بولىدۇ.

مېركۇرىي نۇرغۇن جەھەتلەردە ئاي شارىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، مېركۇرىينىڭ زىچلىقى ئاي شارىنىڭكىدىن كۆپ چوڭ بولۇپ، قۇياش سىستېمىسىدا يەرشارىدىن كېيىن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەجمى يەرشارى ھەجمىنىڭ 5.62% ىگە، ماسسىسى يەرشارى ماسسىسىنىڭ 5.58% ىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ يۈزىدە نۇرغۇنلىغان ئىنتايىن قەدىمىي مېتېئورىت ئازگاللىرى بار. مېركۇرىيدا ئاتموسفېرا يوق، سۇمۇ ئاساسىي جەھەتتىن يوق.

**ۋېنېرا** تاڭ ئېتىشنىڭ ئالدى-كەينىدە، شەرقتىكى ئۇپۇق سىزىقىنىڭ ئۈستىدە بەزىدە بىر ئالاھىدە يورۇق سەھەر يۇلتۇزىنى كۆرىمىز، كىشىلەر ئۇنى «چولپان يۇلتۇز» دەپ ئاتىشىدۇ. گۇگۇم چۈشكەندە غەربتىكى قالدۇق نۇرلار ئارىسىدا بەزىدە ناھايىتى يورۇق «گۇگۇم يۇلتۇزى»نى كۆرىمىز، كىشىلەر ئۇنى «زۆھرە» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ئىككى يۇلتۇز ئەمەلىيەتتە بىر يۇلتۇز — ۋېنېرادۇر.

ۋېنېرا يەرشارىغا ئەڭ يېقىن سەييارە بولۇپ، ئالتۇن سېرىق رەڭدە، ئاسماندىكى ئەڭ يورۇق پلانېتا ھېسابلىنىدۇ، جۇڭگودا قەدىمكى زامانلاردا ئۇ «چولپان» دەپ ئاتالغان.

ۋېنېرانىڭ رادىيۇسى 6050 كىلومېتىر، ھەجمى يەرشارى ھەجمىنىڭ 2.88 ھەسسىسىگە، ماسسىسى يەرشارى ماسسىسىنىڭ 4/5 ىگە باراۋەر كېلىدۇ. ئوتتۇرىچە زىچلىقى يەرشارى زىچلىقىدىن كىچىكرەك. شۇڭا، كىشىلەر ۋېنېرانى يەرشارى بىلەن ئاچا ـ سىڭىل سەييارە دېيىشىدۇ، ۋېنېرانىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش يۆنىلىشى شەرقتىن غەربكە بولغانلىقتىن، ۋېنېرادا قۇياش غەربتىن چىقىپ شەرقتە ئولتۇرىدۇ، ۋېنېرانىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش دەۋرىيلىكى 243 كۈنگە يېتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش دەۋرىيلىكى — 224.7 كۈندىنمۇ ئۇزۇن، شۇڭا ۋېنېرادىكى بىر كېچە ـ كۈندۈز يەرشارىدىكى 117 كۈنگە باراۋەر كېلىدۇ. ۋېنېرادا قويۇق ھەم قېلىن ئاتموسفېرا بار. ئاتموسفېرادىكى كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى كۈچلۈك پارنىك ئېففېكتى ھاسىل قىلىپ، ۋېنېرانىڭ سىرتقى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى 465℃ ~ 485℃ قا يەتكۈزىدۇ.

**مارس** بۈگۈنكى مارس سوغۇق ھەم قاقاس پلانېتا بولۇپ، دەھشەتلىك

چاڭ ـ توزانلىق بوران ۋە ئۇنىڭ ئات-
موسفېرا شارائىتى كىشىلەرنى
مارستا ئولتۇراقلىشىشقا ئامالسىز
ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان، ھالبۇكى
ئالىملار 4 مىليارد يىلنىڭ ئالدىدا
مارسنىڭ كىلىماتى يەر شارىنىڭكىگە
ئوخشاش ئىللىق ھەم نەم بولۇپ،
مارسنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى تاغ جى-
لغىلىرى قاتلىمى شەكىللەنگەن
مەزگىللەردە ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشىغا باب كېلىدىغان
شارائىت بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ
قارىشىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئالىملار
كەلگۈسى مىڭ يىلدا ئۇنىڭ ئىنى-
سانلارنىڭ يەنە بىر ماكانىغا ئايلىنى-
شىغا ئىشىنىدۇ.

مارس قۇياش سىستېمىسىدىكى
8 چوڭ سەييارىنىڭ بىرى بولۇپ،
قۇياشقىچە بولغان ئارىلىقى يېقىن ـ
يىراقلىق تەرتىپى بويىچە 4 ـ ئو-
رۇندا تۇرىدىغان سەييارىدۇر. مارس-
نىڭ يەر شارىغا ئوخشىشىپ كېتىدى-
غان نۇرغۇن جايلىرى بار، ئاتموس-
فېرا ۋە سۈيى بار. مارسنىڭ ئاتموس-
فېراسى ناھايىتى شالاڭ بولۇپ، تەخ-



مارس ئېكۋاتورىنىڭ جەنۇبىدا ئومۇمىي
ئۇزۇنلۇقى 400 ~ 500 كىلومېتىر، چوڭ-
قۇرلۇقى 6 ~ 7 كىلومېتىر كېلىدىغان تار
جىلغا بار، مانا بۇ مەشھۇر ماتروس جىلغىسى
بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ كەڭ جايى 200 كىلومې-
تىردىن ئاشىدۇ.

مىنەن يەر شارىنىڭ 30 ~ 40 كى-
لومېتىر ئېگىزلىكتىكى ئاتموس-
فېراسىنىڭ زىچلىقىغا باراۋەر كېلى-
دۇ. ئاتموسفېراسىنىڭ تەركىبىمۇ
ئوخشاشمايدۇ، تەخمىنەن %95 نى
كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى ئىگىلەيدۇ،
سۇ ھورلىرىنىڭ مىقدارىمۇ ناھايىتى
ئاز. ئۇنىڭ دىيامېتىرى تەخمىنەن
6800 كىلومېتىر كېلىدۇ، ماسسى-
سى يەر شارى ماسسىسىنىڭ
تەخمىنەن %10.8 ىگە توغرا كېلى-
دۇ. بىر مارس يىلى 687 يەر شارى
سوتكىسىغا تەڭ كېلىدۇ، مارسنىڭ
سىرتقى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنىڭ
پەسىلگە ۋە كېچە ـ كۈندۈزگە ئەگى-
شىپ ئۆزگىرىشى خېلى چوڭ. مارس-
نىڭ ئىككى «ئاي (ھەمراھ)»ى بار.
مارس يۈزىنىڭ يەر شەكلى ۋە يەر ۋە-
زىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ،
تاغ تىزمىلىرى، ئېگىزلىكلەر ۋە
كىراتېرلار، شۇنداقلا تۈزلەڭلىكلەر،
جىلغا ـ جىرالار ۋە يانار تاغلارمۇ
بار. مارس يۈزىدىكى تۇپراق ۋە قۇم-
لۇقلاردا زور مىقداردا تۆمۈر ئوكسىد-
لىرى بار، شۇڭا مارس قىزغۇچ جۇلا-
لىنىپ تۇرىدۇ. مارسنىڭ ئىككى قۇ-
تۇپىدا زور مىقداردا مۇزلار مەۋجۇت
بولۇپ، ئاجىز ماگنىت مەيدانى ۋە
شالاڭ ئاتموسفېراغا ئىگە، ھەر يىلى
بىرقانچە ئاي ئۇدا چاڭ ـ توزانلىق
بوران چىقىدۇ.

مارسنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى
80℃ـ تىن 20℃ قىچە بولۇپ،
كىشىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا
مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئالىملار ئۇنىڭ
ھەمراھلىرىنىڭ ئوربىتىسىغا ئەي-
نەكلەرنى ئورنىتىپ، قۇياشنىڭ نۇ-
رىنى ئەكسىگە قايتۇرۇش ئارقىلىق
مارس يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى
ئۆرلەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ
خىل ئۇسۇل ئارقىلىق پەقەت 100
يىلدىلا مارس يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرى-
سىنى ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەر يا-
شىيالايدىغان دەرىجىدە ئۆرلەتكىلى
بولىدىكەن.

**يۇپىتېر** 1994 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ
17 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە «موز-
دۇز لېۋى» 9 ناملىق قۇيرۇقلۇق يۇل-
تۇزنىڭ 21 يادرو پارچىسى خۇددى
تات ـ تاتلاپ ئاتقان ئوقتەك كەينى ـ
كەينىدىن يۇپىتېرغا سوقۇلدى، بۇ
خىل كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان
ئاسترونومىيەلىك ھادىسە جاھاننى
زىل ـ زىلىگە سالدى. ۋەھالەنكى، بۇ
ئاپەتلىك سوقۇلۇشنى باشتىن كە-
چۈرگەن يۇپىتېر ھېچنېمە بولماي
ئامان ـ ئېسەن قالدى.

يۇپىتېر قۇياش سىستېمىسىدى-
كى ئەڭ چوڭ سەييارە بولۇپ، قۇياش-
قىچە بولغان ئارىلىقى يېقىن ـ
يىراقلىق تەرتىپى بويىچە 5 ـ ئو-
رۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەجمى يەر شارى
ھەجمىنىڭ 1300 نەچچە ھەسسىگە،
ماسسىسى يەر شارى ماسسىسىنىڭ
300 نەچچە ھەسسىسىگە باراۋەر كې-
لىدۇ. ئۇ ۋېنېرادىن قالسىلا يەر شا-
رىدا تۇرۇپ كۆرگىلى بولىدىغان ئەڭ
يورۇق يۇلتۇزدۇر. يۇپىتېرنىڭ
ئېكۋاتور قىسمىدا يورۇقلۇق ۋە
قاراڭغۇلۇق گىرەلەشمە جايلاشقان
يول ـ يول سىزىقلار بار بولۇپ، بۇ
يۇپىتېردىكى قويۇق ئاتموسفېرا قات-
لىمىنىڭ يۇقىرىسىدىكى بۇلۇت بەل-
باغلىرىدۇر. بەزىدە يەنە يۇپىتېرنىڭ
جەنۇبىي يېرىم شارىنىڭ ئوتتۇرا
كەڭلىك رايونىدا بىر مەشھۇر چوڭ
قىزىل داغنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ
يۇپىتېرنىڭ ئاتموسفېرا قاتلىمىدىكى
ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 مىڭ كىلو-
مېتىر، كەڭلىكى 10 مىڭ كىلومېتىر
كېلىدىغان كۈچلۈك چۆرگىلەۋاتقان
ئۆرلىگۈچى ھاۋا ماسسىسىدۇر.

يۇپىتېر بىر گاز ھالەتتىكى
سەييارە بولۇپ، كەڭلىكى تەخمىنەن
6500 كىلومېتىر، قېلىنلىقى تەخ-
مىنەن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان
بىر رەڭدار نۇر ھالقىسى بار. تېلېس-
كوپ ئارقىلىق ئۇنى كۆزەتسەك، ئۇ-
نىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولغان
ياپىلاق شارسىمان تاشقى قىياپىتىنى
كۆرەلەيمىز، يۇپىتېر ئۆز ئوقىدا
ئىنتايىن تېز ئايلىنىدىغانلىقتىن،
10 سائەتكىمۇ يەتمىگەن ۋاقىتتا بىر
ئايلانما چۆرگىلەپ بولىدۇ، شۇڭا ئۇ-
نىڭ ئېكۋاتور ئەتراپى روشەن ھالدا
تومپىيىپ چىققان. ئۇنىڭ 16
ھەمراھى بار.

**ساتۇرن** ساتۇرنىنىڭ ئاجايىپ كۆر-
كەم نۇر ھالقىسى كۆزەتكۈچىلەرگە
چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. ساتۇرن
ھالقىسىنىڭ بايقالغىنىغا 300 نەچچە
يىل بولدى، پۈتكۈل نۇر ھالقىسى 7

www.uyghurkitap.com

مەركەزداش ھالقىدىن تەشكىل تاپقان، نۇر ھالقىسىنىڭ ئومۇمىي كەڭلىكى تەخمىنەن 80 مىڭ كىلومېتىر، قېلىنلىقى تەخمىنەن 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. نۇر ھالقا بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان مۇز پارچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان.

ساتۇرن قۇياش سىستېمىسىدىكى 8 چوڭ سەييارىنىڭ بىرى بولۇپ، قۇياشتىن يىراق - يېقىنلىق تەرتىپى بويىچە 6 - ئورۇندا تۇرىدۇ. جۇڭگودا قەدىمكى زامانلاردا ساتۇرن «سەكەننىر» ياكى «زۇھەل» دەپ ئاتالغان. ساتۇرن نۇرغۇن جەھەتلەردە يۇپىتېرغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، مەسىلەن، ئۇ يۇپىتېرغا ئوخشاش گىگانت سەييارىلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ھەجمى يەر شارى ھەجمىنىڭ 745 ھەسسىسىگە، ماسسىسى يەر شارى ماسسىسىنىڭ 95.18 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. قۇياش سىستېمىسىدىكى 8 چوڭ سەييارە ئىچىدە، ساتۇرننىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە ماسسىسى يۇپىتېردىن قالسىلا 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئۆز ئوقىدا تېز سۈرئەتتە ئايلانغانلىقتىن، ياپىلاق شارسىمان شەكىلگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئېكۋاتورىنىڭ رادىيۇسى تەخمىنەن 60 مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە زىچلىقى پەقەت ھەر كۇب سانتىمېتىردا 0.70 گىرام بولۇپ، 8 چوڭ سەييارە ئىچىدە زىچلىقى ئەڭ كىچىكى ھېسابلىنىدۇ، ھەتتا سۇنىڭ زىچلىقىدىنمۇ كىچىك. ساتۇرننىڭ يۇپىتېرنىڭكىگە ئوخشاشلا قاتتىق تاشقى پوستى يوق، يادروسى تاغ جىنسلىق يادرو بولۇپ، يادرو سىرتىنى 5000 كىلومېتىر قېلىنلىقتىكى مۇز پوستلاق ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سىرتى 8000 كىلومېتىر قېلىنلىقتىكى مېتال ھىدروگېن قەۋەت، ئۇنىڭ سىرتى كەڭ يېيىلغان مولېكۇللۇق ھىدروگېن قەۋەت، ئەڭ سىرتقى قەۋىتى ئاتموسفېرا بولۇپ، ئاتموسفېرا قاتلىمى بىلەن سۇيۇق ھالەتتىكى قەۋىتى ئوتتۇرىسىدا روشەن چېگرا يوق.



يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تەرتىپ بويىچە: مېركۇرىي، ۋېنېرا، يەر شارى، مارس، يۇپىتېر، ساتۇرن ۋە ئۇنىڭ نۇر ھالقىسى، ئۇران، نېپتۇن (لى يۈەن تەمىنلىگەن)

ساتۇرننىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش ئوتتۇرىچە سۈرئىتى تەخمىنەن 9.64km/s بولۇپ، قۇياش ئەتراپىنى تەخمىنەن 29.5 يىلدا بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ. ساتۇرننىڭمۇ تۆت پەسلى بار، پەقەت ھەر پەسىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7 يىلدىن كۆپرەك بولىدۇ، ئۇ قۇياشتىن بەك يىراق بولغانلىقتىن، ياز پەسلىدىمۇ قاتتىق سوغۇق بولىدۇ. ساتۇرن ئۆز ئوقىدا ناھايىتى تېز ئايلىنىدۇ، ئەمما ئوخشاش بولمىغان كەڭلىكلەردە ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش سۈرئىتى ئوخشاش بولمايدۇ، ساتۇرننىڭ ئېكۋاتورىدا بىر كېچە - كۈندۈز ئاران 10 سائەت 14 مىنۇت بولىدۇ. ساتۇرننىڭ ھەمراھلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھازىرغىچە بايقالغىنى ئاز دېگەندە 50كە يېتىدۇ.

**كىچىك سەييارىلەر** يەر شارىدا ھەيۋەت بىلەن 100 مىليون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن دىنازاۋۇرلار تەخمىنەن 65 مىليون يىلنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز يوقالدى. دىنازاۋۇرنىڭ يوقىلىش سەۋەبى توغرىسىدا ھەرخىل قىياسلار بار، بۇنىڭدىكى بىرخىل قاراش مۇنداق: 65 مىليون يىل بۇرۇن دىيامېتىرى تەخمىنەن 10 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر كىچىك سەييارە تۇيۇقسىز يەر شارىغا سوقۇلغان، سوقۇلۇشتىن كېلىپ چىققان غايەت زور پارتلاش دىنازاۋۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور مىقداردىكى جانلىقلارنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

كىچىك سەييارىلەر ھەجمى ۋە ماسسىسى جەھەتتىن چوڭ سەييارىلەردىن خېلىلا كىچىك ئاسمان جىسىملىرىدۇر. ئۇلارمۇ قۇياشنى چۆرگىلەپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى سانى بەك كۆپ. 1801 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىتالىيە ئاسترونومى پىئاززى (PiazziGepesui) تۇنجى كىچىك سەييارىنى بايقىغاندىن تارتىپ، 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتكۈل دۇنيادا بايقالغان ھەمدە خەلقئارا ئاسترونومىيە بىرلەشمىسى كىچىك سەييارىلەر مەركىزى تەرىپىدىن بېكىتىلىپ، رەسمىي نومۇر قويۇلغان كىچىك سەييارىلەر 8000 دىن ئاشىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، يەر شارىدىن قارىغاندا، يورۇقلۇق دەرىجىسى 21 دىن چوڭ بولغان كىچىك سەييارە تەخمىنەن 500 مىڭدىن ئاشىدىكەن.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىچىك سەييارىلەر مارس بىلەن يۇپىتېر ئوربىتىسى ئارىلىقىدىكى كىچىك سەييارىلەر ئاساسىي بەلبېغىغا تارقالغان، لېكىن قۇياش سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى سېنتاۋر يۇلتۇزلار تىپىدىكى كىچىك ئاسمان جىسىملىرى بىلەن سىرتقى ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەرشارىغا ئەڭ يېقىن كىچىك سەييارىلەر يەرگە يېقىن كىچىك سەييارىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. يەرگە يېقىن كىچىك سەييارىلەرنىڭ يەر شارىغا سوقۇلۇش ئېھتىماللىقى بولغانلىقتىن، ئاسترونوملار ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ.

ھەجمى ئەڭ چوڭ بولغان كىچىك سەييارە سېرېرا دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ دىيامېتىرى تەخمىنەن 1000 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆپ ساندىكى كىچىك سەييارىلەرنىڭ دىيامېتىرى پەقەت 1 كىلومېتىردىن نەچچە 10

كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ. مۆلچەرلىنىشچە، كىچىك سەييارىلەرنىڭ ئومۇمىي ماسسىسى ئارانلا يەر شارى ماسسىسىنىڭ 10 مىڭدىن تۆتىگە توغرا كېلىدىكەن. كىچىك سەييارىلەرنىڭ شەكلى ھەرخىل بولىدۇ، كىچىك سەييارىلەر ماددىي تەركىبىگە ئاساسەن، كاربونلۇق، تاشلىق، مېتاللىق كىچىك سەييارىلەردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

## قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار (كومېتالار)

كېچە ئاسمىنىدا چوڭ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ شەكلى سۈپۈرگىگە ئوخشايدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە تارتىدۇ. جۇڭگودا خەلق ئىچىدە ئۇ سۈپۈرگە يۇلتۇز دەپ ئاتىلىدۇ. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ شەكلى غەلىتە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېز كېلىپ، تېز كېتىدىغانلىقتىن، قەدىمكىلەر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ پەيدا بولۇشىنى شۇملۇقنىڭ ئالامىتى دەپ قاراپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز سوزۇنچاق ئوربىتىسىدا (ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرى چەمبەرسىمان ئوربىتىلىق) قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان، ماسسىسى كىچىكرەك ئاسمان جىسمى بولۇپ، قۇياش سىستېمىسى ئائىلىسىنىڭ ئەزاسىدۇر. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ئاساسلىقى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز بېشى ۋە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز قۇيرۇقىدىن تەشكىل تاپىدۇ، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز بېشى يەنە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز يادروسى ۋە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز چېچىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز يادروسى ئۇنىڭ ئەڭ يورۇق قىسمى بولۇپ، ئاساسلىقى قاتتىق ھالەتتىكى مۇز ۋە توڭ كاللەك ماددىلاردىن تۈزۈلگەن، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ ئەتراپى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز چېچى دەپ ئاتىلىدۇ. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز تەدرىجىي قۇياشقا يېقىنلاشقاندا، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز يادروسىدىكى مۇز ۋە توڭ ماددىلار قۇياش نۇرىدا قىزىپ پارغا ئايلىنىدۇ ـ دە، گاز ۋە توزان ماددىلار ھاسىل بولىدۇ، بۇ ماددىلار قۇياشنىڭ نۇر بېسىمى ۋە قۇياش شامىلىنىڭ تەسىرىدە، قۇياشقا تەتۈر يۆنىلىشتە بىر قۇيرۇق ھاسىل قىلىدۇ، بۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز قۇيرۇقىدۇر. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز قۇياشقا قانچىكى يېقىن بولسا، ئۇنىڭ قۇيرۇقى شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ؛ قۇياشتىن يىراقلاشقانچە، ئۇنىڭ قۇيرۇقى بارغانسېرى قىسقىراپ بارىدۇ، ئەڭ ئاخىردا قۇيرۇقى يوقاپ، بىر غۇۋا كىچىك سەييارىگە ئايلىنىدۇ.



«خاللېي ـ بوپ» قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزىنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان پىلازما قۇيرۇقى بار. (دېگۇاڭ خۇڭمىڭ تارتقان)

قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ تېز كېلىپ، تېز كېتىشى ئۇنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش ئوربىتىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كۆپ قىسىم قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ ئوربىتىسى سوزۇنچاق ئېللىپسسىمان بولۇپ، بۇ تۈردىكى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار دەۋرىيلىك قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلارغا مەنسۇپ. ئەمما، ئەگەر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلارنىڭ ئوربىتىسى بەكلا سوزۇنچاق بولسا، ئۇنداقتا ئوربىتىدىكى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بولىدۇ. قۇياشقا يېقىن نۇقتىسىدىن ئۆتكەندە، ئۇ قۇياشقا ئەڭ يېقىن بولىدۇ، قۇيرۇقى ئەڭ ئۇزۇن، ھەرىكىتى ئەڭ تېز بولىدۇ. قۇياشقا يىراق نۇقتىسىدىن ئۆتكەندە، ئۇ قۇياشقا ئەڭ يىراق بولىدۇ، قۇيرۇقى ئەڭ قىسقا بولىدۇ، ھەتتا قۇيرۇقى بولمايدۇ، ھەرىكىتى ئەڭ ئاستا بولىدۇ. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز قۇياشقا يېقىن نۇقتىسىدىن ئۆتۈشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كىشىلەر ئۇنى ئەڭ ئوڭاي كۆرەلەيدۇ، بۇ چاغدىكى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ ئاسماندىكى ھەرىكىتى ئەڭ تېز، قۇيرۇقى ئەڭ ئۇزۇن بولىدۇ، ئالدىراپ ـ تېنەپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. يەنە بەزى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلارنىڭ ئوربىتىسى گىپېربولا ياكى پارابولا شەكلىدە بولۇپ، ئۇلار قۇياشقا يېقىن نۇقتىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدۇ، بۇلار دەۋرىيسىز قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلارغا تەۋە. داڭلىق چوڭ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلاردىن ھاللېي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزى، ئېنكې قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزى ۋە بىئېلا قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزى قاتارلىقلار بار.

**ئاقار يۇلتۇز ۋە مېتېئورىت** ئاقار يۇلتۇز سەييارىلەر ئارا بوشلۇقتىكى پارچە ـ پۇرات قاتتىق ماددىلار (ئاقار يۇلتۇز جىسمى)نىڭ يەر شارى ئاتموسفېراسىغا بۆسۈپ كىرگەندە، ئاتموسفېرا بىلەن سۈركىلىپ كۆيۈپ چىقارغان يورۇقلۇق ئىزىنى كۆرسىتىدۇ. ئاقار يۇلتۇز جىسمى ئەسلىدە قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان جىسىم بولۇپ، يەر شارى ئەتراپىدىن ئۆتكەندە يەرنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئوربىتىسىنى ئۆزگەرتىدۇ ـ دە، يەر شارى ئاتموسفېراسىغا كىرىپ، ئاتموسفېرا بىلەن قاتتىق سۈركىلىشىپ يورۇقلۇق چىقىرىدۇ.

قۇياش سىستېمىسىدىكى چوڭراق ئاقار يۇلتۇز جىسمى يەر شارى ئاتموسفېراسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ يەر يۈزىگە چۈشكەندىن كېيىن «مېتېئورىت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىزگە قۇياش سىستېمىسىدىكى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەدرىجىي ئۆزگىرىشىگە ئائىت مول

ئۇچۇرلارنى ئېلىپ كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان كۈتۈلمىگەن مېھماندۇر. مېتېئورىتلار تەركىبىگە ئاساسەن تاش مېتېئورىت، تۆمۈر مېتېئورىت ۋە تاش ـ تۆمۈر مېتېئورىت دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ. 1976 ـ يىلى جۇڭگونىڭ جىلىندىكى مېتېئورىت يامغۇرىدا چۈشكەن 1 ـ نومۇرلۇق مېتېئورىت دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېغىر تاش مېتېئورىت بولۇپ، تەخمىنەن 1770 كىلوگىرام كېلىدۇ. جۇڭگو شىنجاڭدىكى تۆمۈر مېتېئورىتنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 30 توننا بولۇپ، دۇنيا بويىچە 3 ـ چوڭ تۆمۈر مېتېئورىت ھېسابلىنىدۇ.

**ئاقار يۇلتۇز يامغۇرى** بەزى ۋاقىتلاردا ئاسماننىڭ مەلۇم رايونىدا مەلۇم ۋاقىت ئارىلىقىدا ئاقار يۇلتۇزلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپىيىدۇ، نۇرغۇنلىغان ئاقار يۇلتۇزلار يۇلتۇزلۇق ئاسماندىكى مەلۇم بىر نۇقتىدىن (رادىياتسىيە نۇقتىسىدىن) سىرتقا قاراپ تارىلىدۇ، قارىماققا يامغۇر ياغقانغا ئوخشاش قالتىس كۆركەم كۆرۈنىدۇ، بۇ خىل ھادىسە ئاقار يۇلتۇز يامغۇرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاقار يۇلتۇز يامغۇرى زور بىر تۈركۈم ئاقار يۇلتۇز جىسىملىرىنىڭ يەر شارى ئاتموسفېراسىغا بېسىپ كىرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ خىل توپ ـ توپ سەپ تارتقان ئاقار يۇلتۇز جىسىملىرى ئاقار يۇلتۇز توپى دەپ ئاتىلىدۇ. پەۋقۇلئاددە چوڭ ئاقار يۇلتۇز يامغۇرى يەنە ئاقار يۇلتۇز قارا يامغۇرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئوخشاش بىر ئوربىتىنى بويلاپ، قۇياشنى ئايلىنىپ كېتىۋاتقان زور تۈركۈمدىكى ئاقار يۇلتۇز جىسىملىرى يەر شارى بىلەن ئۇچراشقاندا ئاقار يۇلتۇز يامغۇرى پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

ئادەتتە ئاقار يۇلتۇز يامغۇرىنىڭ پەيدا بولۇشى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىلىدۇ. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ يادروسى قۇياشقا يېقىنلاشقان ھامان قۇياش رادىياتسىيەسىنىڭ تەسىرىدە، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز يادروسىدىكى ماددىلار گازلىشىپ غايەت زور قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز چېچى ۋە ئۇزۇن قۇيرۇق ھاسىل بولىدۇ. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدىن چېچىلىپ چىققان پارچە ماددىلار ياكى پارچىلانغان قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز يادروسى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز توپىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىدۇر.

ئەسەد يۇلتۇز تۈركۈمى ئاقار يۇلتۇز يامغۇرى دەل تېمپېل ـ تۇتىل ناملىق قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ قالدۇقلىرى يەر شارى ئاتموسفېراسىغا كىرگەندە كۆرۈلىدىغان ئاقار يۇلتۇزلارنىڭ زىچ پەيدا بولۇش مەنزىرىسىدۇر. 1999 ـ، 2001 ـ ۋە 2002 ـ يىللىرى يەر شارى ئوربىتىسى مەزكۇر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ قالدۇقلىرى ئەڭ زىچ رايوندىن ئۆتكەندە ئەسەد يۇلتۇز تۈركۈمى ئاقار يۇلتۇز يامغۇرى ھادىسىسى يۈز بەرگەن، ھەر سائەتتە مىڭلىغان ئاقار يۇلتۇزلار پەيدا بولغان، مانا بۇ ئاتالمىش ئاقار يۇلتۇز قارا يامغۇرىدۇر.

## يەر شارىدىن سىرتقى مەدەنىيەت

كائىناتتا يەر شارىدا ئىنسانلار بولغاندىن سىرت، باشقا ئاسمان جىسىملىرىدا ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك جانلىقلار بارمۇ ـ يوق؟ مۇنداق قىياس قىلىش ۋە ئىزدىنىش يەر شارىنىڭ سىرتىدىكى مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر.

يەر شارىدىن سىرتقى مەدەنىيەت بولسا يەر شارىدىن باشقا ئاسمان جىسىملىرىدا ئېھتىمال مەۋجۇت بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەقلىي جانلىقلارنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار يەر شارىدىن سىرتقى مەدەنىيەتنى مۇنداق 3 تىپقا بۆلگەن: پەقەت ئۆزى تۇرۇۋاتقان پىلانېتىنىلا كونترول قىلالايدىغان مەدەنىيەت؛ پۈتكۈل تۇرغۇن يۇلتۇز ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق يۇلتۇزلار سىستېمىسىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى ئىگىلىيەلەيدىغان مەدەنىيەت؛ پۈتكۈل يۇلتۇزلار سىستېمىسىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى ئىگىلىيەلەيدىغان مەدەنىيەت. يەر شارىدىن سىرتقى مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇنداق 3 تۈرلۈك ئۇسۇلى بار: ① ئالەم بوشلۇقىدىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەرخىل ئېلېكتىر دولقۇنلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئانالىز قىلىش. بۇ جەھەتتىكى خىزمەت 1960 ـ يىلى باشلانغان. ② ئىنسانلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالەم بوشلۇقىغا ئىنسانلارنىڭ قۇياش سىستېمىسىدا مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان سىگنال تارقىتىش. 1974 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئامېرىكا پۇئېرتورىكونىڭ ئارېسىبوغا ئورنىتىلغان دىيامېتىرى 305 مېتىرلىق رادىيو تېلېسكوپ ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى گۇرۇپپا سىگنالىنى گېركۇلېس يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى شارسىمان يۇلتۇزلار توپىغا قارىتىپ 3 مىنۇت تارقاتتى. ③ تەكشۈرۈش ئەسۋابى قويۇپ بېرىپ تاشقى پىلانېتتا ئادەملىرىنى زىيارەت قىلىش. ئامېرىكا قويۇپ بەرگەن «پېشۋا 10»، «پېشۋا 11» ۋە «ساياھەتچى 1»، «ساياھەتچى 2» قاتارلىق ئالەم تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى قۇياش سىستېمىسىدىكى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇن ئۇچۇرلىرىنى ئېلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە تۇرغۇن يۇلتۇزلار ئارا بوشلۇقتا سەيلە قىلماقتا. ئەگەر ئۇلار ئىنسانلارنىڭ سىگنالى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالسا، تەكشۈرۈش ئەسۋابىدىن ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىنى ئىگىلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئالاقىلىشىش مۇمكىنلىكىنى بەلگىلەپ چىقىدۇ.

**رەسەتخانا ۋە ئاسترونومىيە ئەسۋابلىرى** ئىنسانلار خېلى بۇرۇنلا بىپايان ئالەم بوشلۇقى ۋە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ سىرىغا بەك قىزىققان. بۇ سىرلارنى يېشىش ئۈچۈن رەسەتخانىلارنى قۇرۇپ، ئاستى-



دۆلەتلىك رەسەدخانا بېيجىڭ مىيۈن كۆزىتىش پونكىتىدىكى رادىيو ئانتېننا.

رونومىيە ئەسۋابلىرىنى كەشىپ قىلغان. رەسەدخانا ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئاپپاراتىدۇر. رەسەدخانىلاردا كۈندۈزى قۇياشنى كۆرىدىغان، كېچىسى ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىدىغان ئەسۋابلار بار.

رەسەدخانىلار ئۇسكۈنىلىرى ۋە ۋەزىپىسىگە ئاساسەن 3 تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

① ئوپتىكىلىق رەسەدخانىلار: بۇ رەسەدخانىلارغا ئوپتىكىلىق رادىيو تېلېسكوپلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، ئالدى بىلەن ياۋروپادا قۇرۇلغان، مەسىلەن، 1667 ـ يىلى قۇرۇلغان فىرانسىيەنىڭ پارىژ رەسەدخانىسى، 1675 ـ يىلى قۇرۇلغان ئەنگلىيە لوندون گىرىنۋىچ رەسەدخانىسى، جۇڭگودا ھازىر بار بولغان نەنجىڭ زىجىنشەن رەسەدخانىسى، بېيجىڭ رەسەدخانىسى ۋە يۈننەن رەسەدخانىسى قاتارلىقلار ئوپتىكىلىق رەسەدخانىلاردۇر. بېيجىڭ رەسەدخانىسى چوڭ تىپلىق ئوپتىكىلىق تېلېسكوپنى خېبېينىڭ شىڭلۇڭدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 960 مېتىر كېلىدىغان ئېگىز تاغقا ئورناتقان، ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۇنياغا داڭلىق مائۇناكېئا رەسەدخانىسى ھاۋاي ئارىلىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4205 مېتىر كېلىدىغان مائۇناكېئا تېغىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. پەقەت ھاۋا ئوچۇق كۈندۈزى ۋە كېچىلىرى كۆپ، ئاتموسفېرانىڭ سۈزۈكلۈكى ۋە جىمجىتلىقى ياخشى، كۆرۈنۈش دائىرىسى كەڭ، قۇم ـ بورىنى ئاز بولغان ئورۇنلاردىكى ئوپتىكىلىق تېلېسكوپلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ، كۆزىتىش نەتىجىسىمۇ ئاسمان جىسىملىرى فىزىكىسى تەتقىقاتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.



ئامېرىكىنىڭ كىت چوققىسى دۆلەت ئەگىلىكىدىكى رەسەدخانىسى.

② رادىيو رەسەدخانىلار: بۇ خىل رەسەدخانىلاردا ئاساسلىقى رادىيو تېلېسكوپ ئارقىلىق ئاسمان جىسىملىرى تارقاتقان رادىيو دولقۇنى كۆزىتىلىدۇ. بۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن باشلاپ رادار تېخنىكىسىغا ئەگىشىپ راۋاجلانغان كۆزىتىش ۋاستىسىدۇر. جۇڭگونىڭ رادىيو تېلېسكوپلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىۋېرسال رەسەدخانىلارغا ئورنىتىلغان، بېيجىڭ رەسەدخانىسى مىيۈن رادىيو ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىش پونكىتى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

③ بوشلۇق رەسەدخانىسى: بۇ خىل رەسەدخانىلاردا ئاساسلىقى ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىش ئەسۋابلىرىنى سۈنئىي ئاسمان جىسىملىرىغا ئورنىتىش ئارقىلىق كۆزىتىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكا ئىلگىرى ـ كېيىن قويۇپ بەرگەن يەر شارىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئوربىتىلىق قۇياشنى كۆزىتىش سۈپىسى، يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك رەسەدخانا ۋە خۇببىل بوشلۇق تېلېسكوپى قاتارلىقلار. يەنە مەلۇم بىر ئاسمان جىسمىغا يېقىن ئۇچىدىغان ئۇچقۇرلارغىمۇ ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىش ئەسۋابلىرى ئورنىتىلغان، مەسىلەن، ئامېرىكا قويۇپ



ئىتالىيەدىكى فلورېنسا ئىلمىي مۇزېيىدا ساقلانغان ئاسترولىيابىيە (تەخمىنەن 1572 ـ يىلى ياسالغان).

بەرگەن «ساياھەتچى» ۋە «گالىلېي» ناملىق ئۇچقۇرلار. بوشلۇق رەسەدخانىسى يەر شارى ئاتموسفېراسىنىڭ كۆزىتىشكە بولغان تەسىرىدىن قۇتۇلۇپلا قالماستىن، يەنە يېقىنلىشىپ كۆزىتىش ئەۋزەللىكىگىمۇ ئىگە. شۇڭلاشقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بوشلۇقتا كۆزىتىش مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئاسترونومىيەنىڭ مەزمۇنىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى.

قەدىمكى ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىش بازىلىرىمۇ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ رەسەدخانا (كۆزىتىش سۇپىسى) دەپ ئاتالدى. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى ئەرۋاھلار سۇپىسى، ئاسمان كۆزىتىش سۇپىسى، يۇلتۇز كۆزىتىش سۇپىسى ۋە ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىش سۇپىسى قاتارلىقلار.

ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىش ئەسۋابلىرىنىڭ تۈرى كۆپ. قەدىمكى زامانلاردا كىشىلەر كۆركەم، قوللىنىشچان ئاسمان كۆزىتىش ئەسۋابلىرىنى ياساپ چىققان، مەسىلەن، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ كوردىناتىنى

ئۆلچەيدىغان ئارمىللىيار شارى، يۇەن دەۋرىدىكى ئاسترونوم گو شۇجىڭ كەشىپ قىلغان ئاددىي ئارمىللىيار، چەت ئەللەرنىڭ ئېكلىپتىكىلىق ئارمىللىيار شارى قاتارلىقلار. قەدىمكى ئاسترونومىيەلىك ئەسۋابلار ئاساسلىقى قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئاسمان شارىدىكى بولۇڭلۇق مۇناسىۋىتىنى، شۇنىڭدەك قۇياش سايىسىنىڭ ئۇزىراش - قىسقىراش ھادىسىسىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلگەن. 1609 - يىلى ئىتالىيە ئاسترونومى گالىلېي ئوپتىكىلىق ئاسترونومىيە تېلېسكوپىنى كەشىپ قىلغاندىن كېيىن، ھەرخىل كۆزىتىش ئەسۋابلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ ئەسۋابلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئاسمان جىسىملىرى تارقاتقان رادىياتسىيەنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت. پەقەت ئوپتىكىلىق ئاسترونومىيە تېلېسكوپلىرىنىڭ نۇر سۇندۇرغۇچلۇق، نۇر قايتۇرغۇچلۇق ۋە نۇر سۇندۇرۇش - قايتۇرغۇچلۇق تۈرلىرى بار. ئاسترونومىيەلىك ۋاقىت ۋە ئۇزۇنلۇق - كەڭلىك ئۆلچەش ئەسۋابلىرىدىن تىرانزىت ئەسۋابى، مېرىدىيان ئەسۋابى، زېنىت ئەسۋابى قاتارلىقلار بار. مەخسۇس قۇياشنى كۆزىتىدىغان ئەسۋابلاردىن خىروموسفېرا تېلېسكوپى، كورونوگراف، قۇياش ماگنىت مەيدانى تېلېسكوپى قاتارلىقلار بار. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئوخشاشمىغان دولقۇن بۆلەكلىرىنى قوبۇل قىلغان ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنىدىن قارىغاندا، كۆرۈنىدىغان نۇرلارنىڭ ھەرخىل تېلېسكوپلىرىدىن باشقا، يەنە ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق تېلېسكوپلىرى ۋە رادىيو تېلېسكوپلىرى بار.

پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سۈرەت تارتىش تېخنىكىسى، نۇر ئايرىش تېخنىكىسى، يورۇقلۇق ئۆلچەش تېخنىكىسى، فوتو - ئېلېكتىر تېخنىكىسى، لازېر نۇر تېخنىكىسى، تېلېۋىزىيە تېخنىكىسى، ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسى ۋە كومپيۇتېر قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلار ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىشتە تېزدىن قوللىنىلغانلىقتىن، كۆپلىگەن يېڭى ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىش ئەسۋابلىرى بارلىققا كەلدى. ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىش بازىسى ۋە ئاسترونومىيە ئەسۋابلىرى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

**ئۇچار تەخسە** ئۇچار تەخسە كېلىپ چىقىشى ئېنىقلانمىغان ئۇچار جىسىم بولۇپ، خەلقئارادا ئومۇملاشتۇرۇپ UFO دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ. UFO ئېنىقلانمىغان ئۇچار جىسىمنىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلىپ يېزىلىشىدۇر.

ئۇچار تەخسە ھەرگىز يېقىنقى زاماندىلا كۆرۈلگەن ئەمەس، جۇڭگونىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى بۆرە تاغدا تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ قىيا تاش رەسىملىرىدە بۈگۈنكى كۈندە دېيىلىۋاتقان ئۇچار تەخسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان رەسىملەر بار. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە تەۋە ياڭشاۋ مەدەنىيىتىگە ئائىت قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدا ئالەم ئۇچقۇچىلىرىغا بەك ئوخشايدىغان ھەيكەللەر ۋە رەسىملەر تېپىلدى. جۇڭگونىڭ سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىمى شېن كونىڭ «چۈش خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە ئۇچار تەخسىنىڭ بىر قېتىملىق كۆرۈلۈش جەريانى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن بۇيان، ئۇچار تەخسىنى كۆرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتلار تېزدىن كۆپىيىپ، ئۇچار تەخسىگە بولغان تەسۋىر - بايانلارمۇ بارغانسېرى تەپسىلىيلەشتى. گېزىت - ژۇرنال، رادىيو - تېلېۋىزىيەلەردە كەينى - كەينىدىن ئۇچار تەخسە بايقالغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەرلەر بېرىلدى، بەزىلەر ئۇچار تەخسىنىڭ سۈرىتىنى تارتىۋالدىم دېسە، بەزىلەر ئۇچار تەخسىنىڭ پارچىلىرىنى تېپىۋالدىم دېدى، ھەتتا بەزىلەر «تاشقى پىلانېتا ئادىمى»نى كۆردۇم دېيىشتى.

كۆرگۈچىلەرنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، ئۇچار تەخسىنىڭ شەكلى يۈز خىلدىن ئاشىدىكەن، كۆپىنچىسى تەخسىسىمان، ئېللىپسىسىمان، سىلىندىرسىمان، شارسىمان، سىگارسىمان ياكى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە ئىكەن. ئۇچار تەخسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىمۇ ئوخشاشمايدىكەن، چوڭلىرىنىڭ دىيامېتىرى 200 مېتىر كەلسە، كىچىكلىرىنىڭ پەقەت نەچچە 10 سانتىمېتىر كېلىدىكەن. ئۇلار كېچە ئاسمىنىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇر چىقىرىدىكەن ھەم نۇرنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدىكەن. نۇر دەستىسى چۆرگىلەيدىكەن ۋە ئۇزىراپ - قىسقىرايدىكەن. نۇر ئاق، قىزىل، نارەنج (قىزغۇچ سېرىق)، يېشىل، كۆك ۋە سۆسۈن قاتارلىق رەڭلەردە كۆرۈنىدىكەن. ئۇچار تەخسە ھاۋادا تېز سۈرئەتتە ياكى ئاستا سۈرئەتتە سۈرۈلىدىكەن، «تۇساتتىن» تېزلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن، ئىشەنگۈسىز سۈرئەتتە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلىدىكەن ياكى غايىب بولىدىكەن.

ئۇچار تەخسىنى كۆرگەنلىك توغرىسىدىكى بۇنداق چىگىچ ۋەقەلەرگە قارىتا، مۇئەييەنلەشتۈرگۈچىلەر: ئۇچار تەخسە بىر ھەقىقىي ھادىسە، ئۇ ئالەمدىكى يۇكسەك مەدەنىيەتلىك ھاياتلىقنىڭ يەر شارىنى زىيارەت قىلىدىغان ئۇچار قورالى دەپ قارىماقتا؛ ئىنكار قىلغۇچىلار: ئۇچار تەخسە مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ پەقەت بىر خىيالى تۇيغۇ ياكى كۆرگۈچىلەر تەبىئىي ھادىسىنى بۇرمىلىغان، بۇنى ئاسترونومىيە، مېتېئورولوگىيە، بىيولوگىيە، پسىخولوگىيە، فىزىكا ۋە باشقا پەنلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارىماقتا.

## جۇغراپىيە گېئولوگىيە

**جۇغراپىيە** جۇغراپىيە يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى،

شۇنىڭدەك ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرنى ۋە رايونلۇق پەرقلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئادەم بىلەن جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇنىڭ تەتقىقات مەقسىتى يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى تەبىئىي بايلىقلارنى تېخىمۇ ئوبدان ئېچىپ ۋە ئاسراپ، تەبىئەت بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئادەم - يەر مۇناسىۋىتىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىغا پايدىلىق يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

جۇغراپىيە يەرشارىنىڭ سىرتقى يۈزىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ھەمدە نەزەرىيە، ئۇسۇل ۋە ۋاسىتىلىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىۋاتقان پەن. ئۇ ئۇنىۋېرساللىقى، دىنامىكىلىقى، ئۇسۇلى كۆپ خىللىقى ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. 21 - ئەسىردىكى جۇغراپىيە نەزەرىيەلىشىش، مىقدارلىشىش ئاساسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇنىۋېرساللىشىدىغان، ئېكولوگىيەلىشىدىغان، ئىجتىمائىيلاشقان نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىي قوللىنىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىدىغان پەن بولىدۇ.

**يەر شارى** 1961 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دۇنيادىكى تۇنجى ئالەم ئۇچقۇچىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق Y.A گاگارىن «شەرق - 1» ناملىق ئالەم كېمىسىنى ھەيدەپ تۇنجى قېتىم نەچچە مىڭ كىلومېتىر يۇقىرى بوشلۇقتىن ئىنسانلار ياشاۋاتقان يەر شارىغا نەزەر سالغىنىدا، يەر شارىنىڭ ئەسلىدە بىر كۆكۈچ چوڭ سۇ شارى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان.

يەر شارى قۇياش سىستېمىسىدىكى سەييارىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى يېقىن - يىراقلىق تەرتىپى بويىچە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. يەر شارى 30km/s قا يېقىن سۈرئەت بىلەن قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئوربىتىسى ئېللىپس شەكىللىك بولۇپ، قۇياشقىچە بولغان ئوتتۇرىچە ئارىلىقى 149 مىليون كىلومېتىر كېلىدۇ. 365 كۈن 6 سائەت 9 مىنۇت 10 سېكۇنتتا قۇياش ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ. بۇ يەر شارىنىڭ بىر يىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەر شارى يەنە ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ. ئېكۋاتوردىكى ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش سۈرئىتى تەخمىنەن 1674km/h بولۇپ، تەخمىنەن 23 سائەت 56 مىنۇت 4 سېكۇنتتا ئۆز ئوقىدا بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ. بۇ يەر شارىدىكى بىر سوتكىدۇر. يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى بىلەن قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىشىنىڭ ماسلىشىشىدىن كېچە - كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ۋە تۆت پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشى كېلىپ چىقىدۇ. يەر شارى سەل ياپىلاق كەلگەن، چۆرگىلەپ تۇرىدىغان سفېروئىد (ئېللىپسوئىد) تۇر. ئاسترونوملار خېلى بالدۇرلا يەر شارىنىڭ ئېكۋاتور رادىيۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقىنىڭ 6378.14km، قۇتۇپ رادىيۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقىنىڭ 6356.75km، ئىككىسىنىڭ پەرقى تەخمىنەن 21 كىلومېتىر كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق ئۆلچەپ چىققان، يەنى يەر شارى ئېكۋاتورىنىڭ ئايلانمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى قۇتۇپ يۆنىلىشىدىكى مېرىدىيان ئايلانمىسىدىن ئۇزۇن دېمەكتۇر. ئالىملار ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، يەر شارى ماسسىسىنىڭ $5.976\times10^{27}$g، ئوتتۇرىچە زىچلىقىنىڭ 5.52g/cm$^{3}$ ئىكەنلىكىنى ئۆلچەپ چىققان.



چوڭ سۇ شارى — يەر شارى.

كىشىلەر يەر شارىنىڭ بۇ خىل قاتلاملىق قۇرۇلمىسىنى ئوبرازلىق ھالدا بىر پىششىق تۇخۇمغا ئوخشىتىدۇ. يەرنىڭمۇ پوستى، ئارىلىق قەۋىتى (مانتىيى)، يادروسى بار. يەر يادروسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى چوڭقۇرلۇقنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. يەر يۈزىدىن 400km چوڭقۇرلۇقتىكى جاينىڭ تېمپېراتۇرىسى 1500℃ ~ 1800℃ قا؛ 2900km چوڭقۇرلۇقتىكى جاينىڭ تېمپېراتۇرىسى 3500℃ ~ 3700℃ قا؛ 6371km چوڭقۇرلۇقتىكى يەر مەركىزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 4500℃ ~ 5000℃ قا يېتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يەر شارى چوڭ ئوچاققا ئوخشاش بولۇپ، ئىچكى قىسمىدا غايەت زور ئېنېرگىيە ساقلانغان. بۇنىڭدىن كىشىلەر ئېچىپ پايدىلانسا بولىدۇ.

يەر شارىنى يەنە چوڭ ماگنىت دېيىشكە بولىدۇ. جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئىككى قۇتۇپتىن ئۆتكەن ماگنىت مەيدانىنىڭ دائىرىسى يەر شارىنىڭ سىرتىغا قاراپ 100 مىڭ كىلومېتىر يۇقىرى بوشلۇققىچە سوزۇلۇپ بارىدۇ، شۇڭا يەر شارى يۈزىنىڭ ھەرقانداق جايىدىكى كىشىلەر كومپاس ئارقىلىق يۆنىلىشنى كۆرسىتەلەيدۇ. ماگنىت قۇتۇپى قەدىمدىن تارتىپ يۆتكىلىپ تۇرغان، ھەتتا ئوخشاش بولمىغان گېئولوگىيەلىك مەزگىللەردە تەتۈر چۆرگىلەش ھادىسىسى يۈز بەرگەن، ھەر قېتىم ماگنىت قۇتۇپى تەتۈر چۆرگىلىگەندە، نۇرغۇنلىغان جانلىق تۈرلىرى تۇساتتىن يوقىلىپ، تەتۈر چۆرگىلەش ھادىسىسى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە يېڭى تۈرلەر پەيدا بولغان.

يەر شارى ھازىرغىچە قۇياش سىستېمىسىدىكى بىردىنبىر ھاياتلىق مەۋجۇت سەييارە بولۇپ، ئىنسانلار ھايات كەچۈرىدىغان بۆشۈكتۇر. ئۇ

بىر چوڭ گۆھەر ئامبار بولۇپ، ئىچكى قىسمىدا مول قېزىلما بايلىقلار، ئېنېرگىيەلەر، جانلىقلار ۋە سۇ قاتارلىق بايلىقلار ساقلانغان. ئىنسانلارنىڭ بىرلا يەر شارى بار، شۇڭا چوقۇم ئۇنى قەدىرلىشىمىز ۋە ئاسرىشىمىز لازىم. ئىنسانلار بىلەن يەر شارى ئۆزائقىچە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

**چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ لەيلەش تەلىماتى** 1912 - يىلى گېرمانىيەنىڭ گېئو - فىزىكا ئالىمى، مېتېئورولوگ L.A ۋېگېنېر ماقالە ئېلان قىلىپ، مەشھۇر چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ لەيلەش تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋېنېگېر دېڭىز - ئوكيانلارنى ئايرىپ تۇرغان ئىككى قىرغاق ئوخشىشىپ كېتىدىغان قىرغاق سىزىقىغا ئىگە بولۇشتەك ھادىسە توغرىسىدا گېئولوگىيە، پالېئوبىيولوگىيە، كىلىماتولوگىيە قاتارلىق نۇقتىلاردىن ئىلمىي ئىزدەنگەن. ئۇ يەر شارىدىكى بارلىق چوڭ قۇرۇقلۇقلارنىڭ 300 مىليوندىن 200 مىليون يىل ئىلگىرى بىر تۇتاش غايەت چوڭ قۇرۇقلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى پانگېئا ياكى بىرلەشكەن قەدىمىي قۇرۇقلۇق دەپ ئاتىغان. پانگېئا ئوتتۇرا ھايات (مېزوزوي) ئېراسى (250 مىليون يىلدىن 65 مىليون يىل ئىلگىرى)دىن باشلاپ بۆلۈنۈپ ھەم لەيلەپ، تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. چوڭ قۇرۇقلۇقنى لەيلىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ غەربكە لەيلەيدىغان دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش كۈچى بىلەن ئېكۋاتورغا يۆنەلگەن قوتۇپتىن قېچىش كۈچىدىن ئىبارەت ئىككى تارماق كۈچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەڭگىلرەك كەلگەن سىيال (سىلىتسىي - ئاليۇمىنلىق) قەۋەتلىك چوڭ قۇرۇقلۇق بۆلىكى ئېغىرراق كەلگەن سىما (سىلىتسىي - ماگنىيلىق) قەۋىتىنىڭ ئۈستىدە لەيلەيدۇ. پانگېئا دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش كۈچى بىلەن قۇتۇپتىن قېچىش كۈچىنىڭ بىرلەشمە تەسىرىدە يېرىلىپ، سىما قەۋىتىدىن ئايرىلىپ، غەربكە ۋە ئېكۋاتورغا قاراپ كەڭ كۆلەمدە گورىزونتال لەيلەيدۇ. 20 - ئەسىر 50 - يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن 60 - يىللارغىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كېڭىيىش تەلىماتى بىلەن بۆلەكلىك تۈزۈلۈش تەلىماتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭ قۇرۇقلۇقلارنىڭ لەيلىشىنى ئىسپاتلىدى.

**بۆلەكلىك تۈزۈلۈش تەلىماتى** بۆلەكلىك تۈزۈلۈش ئىلمىنىڭ دۇنياغا كېلىشى گېئولوگىيەدىكى بىر قېتىملىق ئىنقىلاب دەپ قارالدى. ھەتتا بەزىلەر ئۇنى N. كوپېرنىكنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان قۇياش مەركەز تەلىماتىنىڭ ئاسترونومىيەدە كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىنقىلابى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدى.

بۆلەكلىك تۈزۈلۈش تەلىماتى 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى پەيدا بولغان، ھازىرقى زامان يەر شارى ئىلمىدە تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك يەر شارى تۈزۈلۈش تەلىماتىدۇر. بۆلەكلىك تۈزۈلۈش تەلىماتىدا لىتوسفېرا بىر پۈتۈن گەۋدە بولماستىن، بەلكى بىر قاتار ئۆزۈك تۈزۈلمە بەلباغلار (مەسىلەن، دېڭىز ئاستى تاغ تىزمىلىرى، دېڭىز جىلغىلىرى قاتارلىقلار) تەرىپىدىن نۇرغۇن غايەت چوڭ قاتتىق بۆلەكلەرگە، يەنى لىتوسفېرا بۆلەكلىرىگە بۆلۈۋېتىلگەن؛ پۈتكۈل لىتوسفېرا ئاسىيا - ياۋروپا بۆلىكى، تىنچ ئوكيان بۆلىكى ۋە ئانتاركتىكا بۆلىكى، ئامېرىكا قىتئەسى بۆلىكى، ئافرىقا قىتئەسى بۆلىكى، ھىندى ئوكيان بۆلىكىدىن ئىبارەت ئالتە بۆلەكنى شەكىللەندۈرگەن؛ بۇ بۆلەكلەر ئۆزلۈكسىز يۆتكىلىپ تۇرىدىغان يەر ئارىلىق قەۋىتى ئۈستىدە خۇددى سالنىڭ سۇدا لەيلىگىنىدەك لەيلەپ تۇرىدۇ؛ بۆلەكلەر ئارىلىق قەۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، قانۇنىيەتلىك ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ؛ ئۇزاق گېئولوگىيە تارىخىدا بۆلەكلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز يېرىلىپ ۋە سوقۇلۇپ تۇرۇشىدىن، يەر شارىنىڭ ھازىرقى قىياپىتى شەكىللەنگەن دەپ قارىلىدۇ.

1967 ~ 1968 - يىللىرى فىرانسىيەلىك X. لېپشۆن بىلەن ئامېرىكىلىق P.D ماككېنزى (P.D. Mckenzie) بۆلەكلىك تۈزۈلۈش تەلىماتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى تۇرغۇزدى. 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن بۇيان، بۇ تەلىمات يەر شارى ئىلمىنىڭ نۇرغۇنلىغان ساھەلىرىگە سىڭىپ كىردى.

**يەر شارىنىڭ ھەرىكىتى** يەر شارى ئۆز ئوقىدا توختىماستىن ئايلىنىپ




ئالىملار يەر شارى لىتوسفېراسىنىڭ دېڭىز ئاستى تاغ تىزمىسى (ئوكيان ئومۇرتقىسى)، دېڭىز جىلغىسى قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئالتە بۆلەككە بۆلۈنۈپ، چوغدەك قىزىق يەر ئارىلىق قەۋىتىنىڭ يۈزىدە لەيلەپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇ بۆلەكلەر يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزىدە ئۆزئارا سوقۇلۇشۇپ، شوڭغۇپ، ئەڭ ئاخىردا يەر شارىدىكى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ بۈگۈنكىدەك جايلىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنلىكىنى بايقىغان.

تۇرىدۇ. يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئاي-
لىنىش ئوقى قىسقارتىلىپ يەر ئوقى
دېيىلىدۇ، يەر ئوقىنىڭ بوشلۇقتىكى
ئورنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بو-
لۇپ، يەر ئوقىنىڭ شىمالىي ئۇچى
باشتىن ـ ئاخىر شىمالىي قۇتۇپ
يۇلتۇزى ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ. يەر
شارى غەربتىن شەرققە قاراپ ئۆز
ئوقىدا ئايلىنىدۇ، يەر شارىنىڭ ئۆز
ئوقىدا بىر ئايلىنىشى 360° بولى-
دۇ، بۇنىڭغا 23 سائەت 56 مىنۇت 4
سېكۇنت كېتىدۇ، بۇ بىر يۇلتۇز
سوتكىسى دەپ ئاتىلىدۇ. يەر شارى
تەخمىنەن سائىتىگە 15° لۇق بۇ-
لۇڭلۇق تېزلىكى بىلەن ئۆز ئوقىدا
ئايلىنىدۇ. يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈ-
زىدىكى جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپ
نۇقتىسىدىن باشقا، ھەرقانداق ئورۇن-
نىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش بۇلۇڭلۇق
تېزلىكى ئوخشاش بولىدۇ. يەر شارى-
نىڭ ھەرقايسى كەڭلىكلىرىدىكى ئۆز
ئوقىدا ئايلىنىش سىزىقلىق تېزلىكى
ئوخشاش بولمايدۇ. ئېكۋاتوردا ئۆز
ئوقىدا ئايلىنىش سىزىقلىق سۈرئىتى
ئەڭ تېز بولۇپ، سائىتىگە 1674
كىلومېتىر ئايلىنىدۇ. جەنۇبىي ۋە
شىمالىي كەڭلىك 60° قا بارغاندا،
پاراللېللارنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى
قىسقىرايدۇ، يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا
ئايلىنىش سىزىقلىق سۈرئىتى ئاس-
تىلاپ تەخمىنەن ئېكۋاتورنىڭ يېرى-
مىچىلىك بولىدۇ. جەنۇبىي ۋە شىمالىي
قۇتۇپ نۇقتىسىدا سىزىقلىق سۈرئەت-
مۇ، بۇلۇڭلۇق سۈرئەتمۇ بولمايدۇ.

يەر شارىنىڭ قۇياشنى چۆرگى-
لەپ ئايلىنىش ھەرىكىتى يەر شارى-
نىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىشى دەپ
ئاتىلىدۇ. يەر شارىنىڭ قۇياش ئەترا-
پىدا ئايلىنىش ئوربىتىسى مۇنتىزىم
چەمبەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئېل-
لىپس شەكىللىك بولۇپ، قۇياش بۇ
ئېللىپسنىڭ فوكۇس نۇقتىسىدا
تۇرىدۇ. شۇڭا يەر بىلەن قۇياشنىڭ
ئارىلىقى يەر شارىنىڭ قۇياش ئەترا-
پىدا ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ سەل ـ
پەل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. يەر شارىنىڭ
قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش تېزلىكى-
مۇ ماس ھالدا بىر ئاز ئۆزگىرىدۇ،
يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلى-
نىش يۆنىلىشىمۇ غەربتىن شەرققە
بولىدۇ، يەنى يەر شارىنىڭ شىمالىي
قۇتۇپىنىڭ يۇقىرى بوشلۇقىدىن تۆ-
ۋەنگە قارىساق، يەر شارىنىڭ سائەت
ئىسترېلكىسىغا قارشى يۆنىلىش بو-
يىچە قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت
قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. يەر شا-
رىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا تولۇق بىر
ئايلىنىشى 360° بولىدۇ، بۇنىڭغا
365 كۈن 6 سائەت 9 مىنۇت 10
سېكۇنت كېتىدۇ، بۇ بىر يۇلتۇز يى-
لى دەپ ئاتىلىدۇ.

يەر شارى ھەرىكىتىنىڭ جۇغرا-
پىيەلىك ئەھمىيىتى ئىككى جەھەتتە
ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، يەر شا-
رىنىڭ ئوقى ئۇنىڭ قۇياش ئەتراپىنى
ئايلىنىش ئوربىتا يۈزى بىلەن يانتۇ
كېسىشىدۇ، بۇ قۇياش رادىياتسىيە
ئېنېرگىيەسىنىڭ يەر شارى يۈزىدى-
كى تارقىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە تە-
سىر كۆرسىتىدۇ، يەر شارىدىكى تۆت
پەسىلنىڭ ئالمىشىشى ۋە بەش بەل-
باغنىڭ ئايرىلىشىنى بەلگىلەيدۇ.
ئىككىنچىدىن، يەر شارىنىڭ ئۆز ئو-
قىدا ئايلىنىش ۋە قۇياش ئەتراپىدا
ئايلىنىش دەۋرىيلىكى ۋاقىتنىڭ
ئىككى تەبىئىي بىرلىكى — سوتكا
بىلەن يىلنى بەلگىلەپ بەردى. كىشى-
لەر ئۇلارنىڭ دەۋرىيلىك قانۇنىيىتى-
نى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش
ئۈچۈن كالېندار ۋە ۋاقىت ھېسابلاش
تۈزۈمىنى ئىجاد قىلدى.

**جۇغراپىيەلىك كوردىنات** جۇغرا-
پىيەلىك كوردىنات مېرىدىيان ۋە
پاراللېللاردىن تەشكىل تاپىدۇ، يەر
يۈزىدىكى ھەرقانداق بىر ئورۇننى ۋە
كېمە ـ پاراخوتلارنىڭ دېڭىز ـ ئوك-
يانلاردىكى ئورنىنى جۇغراپىيەلىك
كوردىنات ئارقىلىق بەلگىلىگىلى ۋە
ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

جۇغراپىيەلىك كوردىنات مېرى-
دىيان ۋە پاراللېللار ئارقىلىق يەر
يۈزىدىكى نۇقتىلارنىڭ ئورنىنى ئىپا-
دىلەيدىغان سىفېرىلىق كوردىناتتۇر.
جۇغراپىيەلىك كوردىنات سىستېمى-
سىدا يەر ئوقى قۇتۇپ ئوقى قىلىنى-
دۇ، يەر شارىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىما-
لىي قۇتۇپىدىن ئۆتكەن بارلىق تەك-
شىلىكلەر بىردەك مېرىدىيان تەكشى-
لىكى دەپ ئاتىلىدۇ. مېرىدىيان تەك-
شىلىكىنىڭ يەر شارىنىڭ ئېللىپ-
سوئىدلىق يۈزى بىلەن كېسىشكەن
سىزىقى مېرىدىيان سىزىقى دەپ ئا-
تىلىدۇ. مېرىدىيانلار ئېللىپسىمان
بولىدۇ. يەر ئوقىغا ۋېرتىكال بولغان
بارلىق تەكشىلىكلەرنىڭ يەر شارىنىڭ
ئېللىپسوئىدلىق يۈزى بىلەن كې-
سىشكەن سىزىقلىرى پاراللېللار دەپ
ئاتىلىدۇ. پاراللېللار رادىيۇسى ئوخ-
شاش بولمىغان چەمبەرلەردىن ئىبارەت
بولۇپ، رادىيۇسى ئەڭ ئۇزۇن بولغان
پاراللېل ئېكۋاتور دەپ ئاتىلىدۇ.

يەر شارى يۈزىدىكى بىر نۇقتى-
نىڭ كەڭلىك گىرادۇسى مەركۇز
نۇقتىدىن ئۆتكەن نورمال سىزىق
ئېكۋاتور تەكشىلىكى بىلەن كېسىش-
كەندە ھاسىل بولغان بۇلۇڭ $(\Phi)$ نى
كۆرسىتىدۇ. كەڭلىك گىرادۇسى
ئېكۋاتوردىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ،
ئېكۋاتورنىڭ كەڭلىك گىرادۇسى 0°
بولىدۇ، بۇنىڭدىن شىمالىي قۇتۇپ
+90° قىچە بولغان كەڭلىك شىما-
لىي كەڭلىك دەپ ئاتىلىدۇ، جەنۇبىي
قۇتۇپ، -90°ـقىچە بولغان كەڭلىك
جەنۇبىي كەڭلىك دەپ ئاتىلىدۇ.

مېرىدىيان بىر نۇقتىدىن ئۆتكەن
مېرىدىيان تەكشىلىكى بىلەن باش
مېرىدىيان تەكشىلىكى ئارىلىقىدا
ھاسىل بولغان ئىككى يۈزلۈك بۇلۇڭ
$(\lambda)$ نى كۆرسىتىدۇ. 1884 ـ يىلىدى-
كى خەلقئارالىق مېرىدىيان يىغىنىدا
ئەنگلىيەنىڭ لوندوندىكى گىرىنۋىچ
رەسەتخانىسىنىڭ ئەسلىي ئادرېسىدىن
ئۆتكەن مېرىدىياننى باش مېرىدىيان
قىلىش قارار قىلىنغان (1953 ـ يى-
لى رەسەتخانا يېڭى ئورۇنغا كۆچۈ-
رۈلگەن). باش مېرىدىيانىنىڭ گىرا-
دۇسى 0° بولۇپ، شەرققە قاراپ 0°
تىن +180° قىچە شەرقىي ئۇزۇنلۇق
دەپ ئاتىلىدۇ. 0°تىن غەربكە قاراپ
-180°ـقىچە غەربىي ئۇزۇنلۇق دەپ
ئاتىلىدۇ.

ئادەتتە كىچىك ماسشتابلىق خەرىتىلەردە جۇغراپىيەلىك كوردىنات تورى بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ماس ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىك گىرادۇسلىرى ئىزاھلىنىدۇ. جۇڭگودا 1:1000000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىلىرىنى كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇق گىرادۇسلىرى بويىچە پارچىلارغا (ۋاراقلارغا) ئايرىش، يەر شەكلى خەرىتىسىنىڭ ئىچكى رامكىسىغا مېرىدىيان - پاراللېل سىزىقلىرىنى قويۇش، خەرىتە رامكىسىنىڭ بۇرجىكىگە ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك گىرادۇسلىرىنى ئىزاھلاش بەلگىلەنگەن.

**ۋاقىت رايونى** يەر شارى غەربتىن شەرققە قاراپ توختىماستىن ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئۇزۇنلۇقتىكى جايلاردا ۋاقىت پەرقلىنىدۇ. ھېسابلاشقا ئاساسلانغاندا، ھەر 1° ئۇزۇنلۇقتا يەرلىك ۋاقىت 4 مىنۇت پەرقلىنىدۇ. جۇڭگونى مىسالغا ئالساق، ئەڭ شەرقىدىكى جاي بىلەن ئەڭ غەربىدىكى جاينىڭ يەرلىك ۋاقتى 4 سائەتتىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. جايلاردىكى ۋاقىتنىڭ مۇرەككەپ، قالايمىقان بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، كانادالىق تۆمۈريول ئىنژېنېرى S. فىلېمىڭ پۈتۈن دۇنيانى بىر تۇتاش ئۆلچەم بويىچە ۋاقىت رايونلىرىغا ئايرىپ، رايونلار بويىچە ۋاقىت ھېسابلاش تەكلىپىنى بەردى. 1884 - يىلى ۋاشىنگتون خەلقئارالىق مېرىدىيان يىغىنىدا دۇنيادىكى ۋاقىت رايونلىرىنى باش مېرىدىياننى ئۆلچەم قىلىپ ئايرىش، شەرققە ۋە غەربكە قاراپ 7.5°، جەمئىي 15° ئۇزۇنلۇقنى نۆل ۋاقىت رايونى قىلىش بېكىتىلدى. نۆل ۋاقىت رايونىنىڭ چېگراسىدىن شەرق ۋە غەربكە قاراپ، ھەر 15° ئۇزۇنلۇق بىر ۋاقىت رايونى قىلىنىپ، شەرق ۋە غەربتە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 12دىن ۋاقىت رايونى ئايرىلدى، شەرقىي 12 - رايون بىلەن غەربىي 12 - رايون 180° لۇق مېرىدىياننى مەركىزىي مېرىدىيان قىلىپ، ئىككى تەرەپكە 7.5°تىن ئاتلاپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل يەر شارى 24 ۋاقىت رايونىغا ئايرىلىپ، پۈتۈن يەر شارىدىكى ۋاقىت ھېسابلاش زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرۇلدى.

ۋاقىت رايونلىرىنىڭ چېگراسى پىرىنسىپ جەھەتتە جۇغراپىيەلىك مېرىدىيان بويىچە ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما كونكرېت يولغا قويغاندا ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىش قاتارلىق كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ تەڭشەلگەچكە، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كونكرېت ئۆلچەملىك ۋاقتى كېلىپ چىقتى. مەسىلەن، جۇڭگو 5 - ۋاقىت رايونىدىن 9 - ۋاقىت رايونىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسمىنىڭ ئالاقىسىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، مەملىكەت بويىچە 8 - رايوننىڭ ئۆلچەملىك ۋاقتى، يەنى بېيجىڭ ۋاقتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تۇتاش ۋاقتى قىلىنغان.

شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى ئىككى قوشنا ۋاقىت رايونىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15° پەرق قىلىدۇ، شەرقىي رايوننىڭ ۋاقتى ھەمىشە غەربىي رايوننىڭكىدىن بىر سائەت بالدۇر بولىدۇ، بۇ جۇغلىنىپ بىر ئايلانسا، 24 سائەت، يەنى بىر سوتكا بولىدۇ. مەلۇم بىر جايغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىشىلەر ئادەت بويىچە يېرىم كېچىنى بىر كۈننىڭ باشلىنىشى قىلىدۇ. يەر شارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئەسلىدە ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايغا ئۇدۇل كېلىدىغان يەر شارىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى شۇ مېرىدىياننى چېسلا سىزىقى قىلاتتى، بۇنىڭ بىلەن يەر شارىدا نۇرغۇنلىغان چېسلا سىزىقلىرى كېلىپ چىقىپ، شەرق تەرەپتىكىلەر بىلەن غەرب تەرەپتىكىلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى ناھايىتى قولايسىز بولاتتى، شۇڭا خەلقئارادا 180°لۇق مېرىدىيان ئەتراپىدا بىر تال خەلقئارالىق چېسلا سىزىقى سىزىش بەلگىلەندى، بۇ قىسقارتىلىپ چېسلا سىزىقى دەپ ئاتالدى.

**باش مېرىدىيان** 1884 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋاشىنگتوندا ئېچىلغان خەلقئارالىق مېرىدىيان يىغىنىدا ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھىرىگە جايلاشقان گرىنۋىچ رەسەتخانىسىدىكى ئايرى مېرىدىيان ئەسۋابىنىڭ مەركىزىدىن ئۆتىدىغان مېرىدىياننى پۈتكۈل يەر شارىنىڭ باش مېرىدىيانى قىلىش قارار قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل يەر شارىنىڭ بىر تال بىرلىككە كەلگەن باش مېرىدىيانى بار بولدى.

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى گرىنۋىچ رەسەتخانىسى خېرستمونسۇ قەلئەسىگە كۆچۈرۈلدى، ئەمما پۈتكۈل يەر شارىدا يەنىلا رەسەتخانىنىڭ كونا ئورنىدىن ئۆتكەن مېرىدىيان باش مېرىدىيان قىلىندى. 21 - ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە رەسەتخانىنىڭ كونا ئورنىدا يەنە بىر مېرىدىيان سارىيى سېلىنىپ، كەڭلىكى 10 نەچچە سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10 نەچچە مېتىر كېلىدىغان، مەرمەر تاشنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ، مېرىدىيان سارىيىدىن سىرتقا چىقىپ تۇرىدىغان مىستىن ياسالغان بىر تال مېرىدىيان ئورنىتىلدى. ئۇ پۈتكۈل يەر شارىدا بىر تۇتاش ئىشلىتىلىۋاتقان باش



بۇ گرىنۋىچ پادىشاھلىق رەسەتخانىسى (كونا ئادرېسى) رەسىمدىكى ئاق سىزىق باش مېرىدىياننى ئىپادىلەيدۇ.

مېرىدىيانىنىڭ يەر يۈزىدىكى بەلگىسىدۇر.

**چېسلا سىزىقى** 1522 ـ يىلى F. ماگېللاننىڭ بەختكە يارىشا ئامان قالغان تايانچ كېمە خادىملىرى تۈنجى قېتىملىق يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرىنى ئاخىر ئورۇنلىدى. ئۇلار ئۆيلىرىگە كەلگەندە، سەپەر مەزگىلىدە نېمىشقا بىر كۈننى «يىتتۈرۈپ» قويغانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. ئۇلارنىڭ كالېندارى يۇرتىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلىرىنىڭكىدىن بىر كۈن كېيىن قالغانىدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئەسلىدە يەر شارى غەربتىن شەرققە قاراپ ئايلىنىدىغان بولغاچقا، شەرقتىن غەربكە قاراپ بىر قېتىم يەر شارىنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلسا، ئۇلار ئۆيلىرىدە قالغان ئادەملەرگە قارىغاندا بىر قېتىملىق كۈن چىقىشنى ئاز كۆرىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئەگەر ماگېللاننىڭ كېمە ئەترىتى هازىر يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرىگە ئاتلاندى دېسەك، ئۇ هەربىر يېڭى ۋاقىت رايونىغا كىرگەندە، سائىتىنى بىر سائەت كەينىگە توغرىلىشى كېرەك. ئۇ ساياھەتنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، سائىتى دەل 24 سائەت ئارقىدا قالىدۇ، مۇشۇنداق قىلىپ بىر سوتكا كېيىن قالىدۇ. ئەكسىچە شەرققە قاراپ يەر شارىنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلسا، كالېندارغا بىر كۈن قوشۇلىدۇ.

خەلقئارالىق چېسلا سىزىقى بىر تال مېرىدىيان سىزىقى بولۇپ، تەخمىنەن 180° لۇق ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ قىسقارتىلىپ چېسلا سىزىقى دەپ ئاتىلىدۇ. يەر شارىنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلغۇچىلارنىڭ كالېندارىنى قايتىدىن تەڭشەپ ساياھەتكە چىقمىغان ئادەملەرنىڭ كالېندارى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى ئۈچۈن، كىشىلەر خەلقئارالىق چېسلا سىزىقىنى بەلگىلىگەن. چۈنكى 180°لۇق مېرىدىيان ئاساسلىقى دېڭىز ـ ئوكياندىن ئۆتىدۇ، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، شىمالىي مۇز ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكياندىن ئۆتىدۇ، شۇڭا بۇ سىزىق خەلقئارالىق چېسلا سىزىقى قىلىنغان. بۇ سىزىقنىڭ مەلۇم قىسمى شەرققە ئېگىلىپ، بېرىنگ بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، سىبىرىيە بىلەن ئالياسكىنى ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قانچە جايلىرى بۇرۇلۇپ ئاليۇت تاقىم ئاراللىرى ۋە شىمالىي تىنچ ئوكياندىكى بەزى ئاراللاردىن يانداپ ئۆتىدۇ. بىراۋ بۇ سىزىقنىڭ شەرقىدىن غەربىگە ئۆتسە، كالېندارنى ئالدىغا بىر كۈن سۈرۈپ، يوقالغان بىر قېتىملىق كۈن چىقىشنى تولۇقلىشى كېرەك. ئەگەر بۇ سىزىقنىڭ غەربىدىن شەرقىگە ئۆتسە، چېسلانى بىر كۈن كەينىگە سۈرۈشى كېرەك.

**كىلىمات بەلباغلىرى** كىشىلەر قۇياشنىڭ ئورنى ۋە ئۇنىڭ پەسىللىك ئۆزگىرىشى، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا ئاساسەن، يەر شارىنى تىروپىك بەلباغ، جەنۇبىي مۆتىدىل بەلباغ، شىمالىي مۆتىدىل بەلباغ، جەنۇبىي سوغۇق بەلباغ ۋە شىمالىي سوغۇق بەلباغدىن ئىبارەت 5 كىلىمات بەلبېغىغا ئايرىغان. بۇ 5 كىلىمات بەلبېغىنىڭ يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق شارائىتى روشەن پەرق قىلىدۇ، هەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار.

تىروپىك بەلباغ جەنۇبىي ۋە شىمالىي تىروپىك سىزىقىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ جايدا كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىق ئۆزگىرىشى روشەن ئەمەس، قۇتۇپ كۈندۈزى ۋە قۇتۇپ كېچىسى هادىسىلىرى تېخىمۇ كۆرۈلمەيدۇ، قۇياشنىڭ چىڭقىچۈشتىكى ئورنى يىلبويى ئېگىز بولۇپ، قۇياش نۇرى يەر يۈزىنى تىك ياكى ئاساسەن تىك هالەتتە يورۇتىدۇ. تېمپېراتۇرا يىلبويى ناهايىتى يۇقىرى بولىدۇ، بۇ يەر شارىدىكى ئەڭ ئىسسىق جاي بولغانلىقتىن، تىروپىك (ئىسسىق) بەلباغ دەپ ئاتالغان.



① قىزىل قارىغاي؛ ② ئاپتاپپەرەس؛ ③ پاندا دەرىخى؛ ④ لىجى؛ ⑤ پۈتكۈل شىمالىي رايون؛ ⑥ يېڭى تىروپىك بەلباغ؛ ⑦ كونا تىروپىك بەلباغ؛ ⑧ كاپ رايونى؛ ⑨ زەنجىۋىل؛ ⑩ ئاناناس؛ ⑪ ۋىكتورىيە نىلۇپەر گۈلى؛ ⑫ ئوكيانىيە رايونى؛ ⑬ يۇككا ئوتى؛ ⑭ ئانتاركتىكا رايونى؛ ⑮ بانان؛ ⑯ كوكوس؛ ⑰ كوللا؛ ⑱ ئاكاتسىيە؛ ⑲ ۋىلۋىچىيە؛ ⑳ ئېۋ كالىپىت دەرىخى؛ ㉑ گىگانت كاكتۇس؛ ㉒ قوغۇنگۈل؛ ㉓ بانكسىيە دەرىخى؛ ㉔ ئالوي؛ ㉕ ئاگاۋا.

ئوخشاش بولمىغان كىلىمات بەلباغلىرىغا ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈملۈكلەر تارقالغان (جاۋ يېمۇ سىزغان).

مۆتىدىل بەلباغ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى بىلەن جەنۇبىي ۋە شىمالىي تىروپىك سىزىقىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ. شىمالىي يېرىم شاردىكىسى شىمالىي مۆتىدىل بەلباغ، جەنۇبىي يېرىم شاردىكىسى جەنۇبىي مۆتىدىل بەلباغدىن ئىبارەت. بۇ جايلاردا قۇياشنىڭ ئورنى پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ناهايىتى چوڭ ئۆزگىرىدۇ. يازلىقى قۇياشنىڭ ئورنى ئېگىزرەك، تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولىدۇ؛ قىشلىقى قۇياشنىڭ ئورنى تۆۋەنرەك، تېمپېراتۇرىمۇ تۆۋەنرەك بولىدۇ. مۆتىدىل بەلباغ رايونىدا يازدا كۈندۈز ئۇزۇن، كېچە قىسقا بولىدۇ، قىشتا كۈندۈز قىسقا، كېچە ئۇزۇن بولىدۇ، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا ئۆزگىرىشى يۇقىرى كەڭلىك رايونىغا بارغانچە شۇنچە روشەن بولىدۇ، ئەمما قۇتۇپ كۈندۈزى ۋە قۇتۇپ كېچىسى هادىسىسى كۆرۈلمەيدۇ. مۆتىدىل بەلباغدا پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى ئەڭ روشەن بو-

www.uyghurkitap.com

لۇپ، بىر يىل ئەتىياز، ياز، كۈز، قىشتىن ئىبارەت تۆت پەسىلگە ئايرىلىدۇ. ئەمما جەنۇبىي مۆتىدىل بەلباغ بىلەن شىمالىي مۆتىدىل بەلباغنىڭ پەسىللىرى دەل ئەكسىچە بولىدۇ.

سوغۇق بەلباغ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئىككى بەلباغنى كۆرسىتىدۇ. شىمالىي يېرىم شاردىكىسى شىمالىي سوغۇق بەلباغ، جەنۇبىي يېرىم شاردىكىسى جەنۇبىي سوغۇق بەلباغ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جايلاردا قۇتۇپ كۈندۈزى ۋە قۇتۇپ كېچىسى ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ، بۇ خىل ھادىسىنىڭ كۆرۈلۈش ۋاقتى كەڭلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئېشىپ بارىدۇ. چىڭقىچۈشتىكى قۇياش نۇرى يەر يۈزىگە تىك چۈشمەيدۇ، قۇياش نۇرى ئاجىز بولغاچقا، يىل بويى سوغۇق بولىدىغان كىلىمات شەكىللەنگەن، شۇڭا سوغۇق بەلباغ دەپ ئاتالغان.

بەش بەلباغنى ئايرىشتا پەقەت ئاسترونومىيەلىك ئامىللارلا نەزەرگە ئېلىنىغانلىقتىن، بۇ بەش بەلباغ ئاسترونومىيەلىك بەلباغ ھېسابلىنىدۇ. بۇ بەلباغلارنىڭ ئەكس ئەتتۈرگىنى يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسىنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى بولغانلىقتىن، ئۇلار ئادەتتە تېمپېراتۇرا بەلباغلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**شىمالىي قۇتۇپ رايونى** بىپايان مۇزلۇقلار، سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق دېڭىز سۈيى، ياۋۇز شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى، ھەممە يەر قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان شىمالىي قۇتۇپ بىزدىن بەك يىراقتەك كۆرۈنىدۇ. ھالبۇكى، 21 ـ ئەسىرگە قەدەم تاشلىغان بۈگۈنكى كۈندە شىمالىي قۇتۇپ رايونى جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئانچە يىراق دۇنيا ئەمەس بولۇپ قالدى. جۇڭگو 1999 ـ يىل 7 ـ ئايدا تۇنجى قېتىم دۆلەتلىك شىمالىي قۇتۇپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىنى ئەۋەتىپ، شىمالىي قۇتۇپ ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى دېڭىز رايونىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. جۇڭگونىڭ تۇنجى شىمالىي قۇتۇپ ئىلمىي تەكشۈرۈش پونكىتى ـــ جۇڭگونىڭ شىمالىي قۇتۇپ خۇاڭخې پونكىتى نورۋېگىيەنىڭ سېپتسبېرگېن تاقىم ئاراللىرىدىكى يېڭى ئالېسۇندا قۇرۇلۇپ، 2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىشقا كىرىشتى. بۇ شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى 8 ـ دۆلەتلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش پونكىتى ھېسابلىنىدۇ.

شىمالىي قۇتۇپ پەقەت شىمالىي قۇتۇپ نۇقتىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئادەتتە شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى (شىمالىي كەڭلىك ′33 °66) نىڭ شىمالىدىكى رايونلار شىمالىي قۇتۇپ رايونى دېيىلىدۇ. بۇ شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونى، گرېنلاندىيە، ئىسلاندىيە قاتارلىق ئاراللار، شۇنىڭدەك ئاسىيا ـ ياۋروپا



شىمالىي قۇتۇپ مەنزىرىسى.

چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە شىمالىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 21 مىليون كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇقلۇق 8 مىليون كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىنلىشىدۇ. يەنە بەزى ئالىملار ئەڭ ئىسسىق بولغان ئايلاردىكى 10℃لۇق قۇرۇقلۇق تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقى بىلەن دېڭىزنىڭ 5℃لۇق تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقىنى شىمالىي قۇتۇپ رايونىنىڭ جەنۇبىي چېگراسى قىلىدۇ، بۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 27 مىليون كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇقلۇق كۆلىمى 12 مىليون كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئەگەر شىمالىي قۇتۇپ رايونىنى ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنىڭ تارقىلىشى بويىچە ئايرىپ، بارلىق تايگا ئورمانلىقىنى شىمالىي قۇتۇپ دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋەتكەندە، شىمالىي قۇتۇپ رايونىنىڭ كۆلىمى 40 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ.

شىمالىي قۇتۇپ رايونىنىڭ چېگراسىنى ئايرىشتا نېمىنى ئاساس قىلىش مەسىلىسىدە، شىمالىي قۇتۇپ ھالقىسىغا جايلاشقان دۆلەتلەرنىڭمۇ بىرلىككە كەلگەن ئۆلچىمى يوق بولۇپ، جۇغراپىيەلىك جايلىشىشقا ئاساسەن، شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكىنى شىمالىي قۇتۇپ رايونىنىڭ چېگراسى قىلىشىدۇ. ئامېرىكا، كانادا، دانىيە، ئىسلاندىيە، نورۋېگىيە، شىۋېتسىيە، فىنلاندىيە ۋە روسىيە قاتارلىق سەككىز دۆلەتنىڭ شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى ئىچىدە زېمىنى ۋە دېڭىز تەۋەلىكى بار.

**شىمالىي قۇتۇپتا ئېكسپېدىتسىيە قىلىش** شىمالىي قۇتۇپ بىر سىرلىق جاي بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئېكسپېدىتسىيەچىلەر شىمالىي قۇتۇپقا بېرىنچى بولۇپ بارغان دېگەن ئاتاققا ئېرىشىش ئۈچۈن، تاقەتسىزلىك بىلەن سىناپ كۆرمەكچى بولغان. 1895 ـ يىلى نورۋېگىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى F. نانسېن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئىنسانلارنىڭ ئايىغى ئەزەلدىن بېسىپ باقمىغان شىمالىي كەڭلىك ′14 °86لۇق جايغا يېتىپ باردى. نانسېننىڭ ئېكسپېدىتسىيەسى ئىنسانىيەتنىڭ شىمالىي قۇتۇپتا ئېكسپېدىتسىيە قىلىشنىڭ يېڭى ساھەسىنى ئېچىپ بەردى.

نانسېن بىلەن ئوخشاش بىر دەۋردە شىمالىي قۇتۇپقا يۈرۈش قىلغانلاردىن يەنە ئامېرىكىلىق ئېكسپې-

دىتسىيەچى E.R پېئارى بار بولۇپ،
ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى شىمالىي
قۇتۇپ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى شى-
مالىي قۇتۇپنى 4 قېتىم ئېكسپې-
دىتسىيە قىلدى. 1909 - يىلى پېئارى
يېتەكچىلىكىدىكى ئېكسپېدىتسىيە
ئەترىتىدىكى 6 ئادەم 40 ئىت سۆ-
رەيدىغان 5 چانىغا ئولتۇرۇپ، گې-
رېنلاندىيەنىڭ غەربىي شىمالىدىكى
كولومبىيە تۇمشۇقىدىن يولغا چىق-
قان، بۇ جايدىن شىمالىي قۇتۇپ نۇق-
تىسىغا تەخمىنەن 760 كىلومېتىر
كېلىدۇ. 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى
ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى شىمالىي
قۇتۇپ نۇقتىسىغا يېتىپ بارغان.
ئۇلار شىمالىي قۇتۇپ نۇقتىسىدا قۇ-
رۇقلۇق يوقلۇقىنى، بۇ جاينىڭ قات-
تىق مۇز توڭلاپ كەتكەن دېڭىز -
ئوكيان ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇلار
بۇ جايغا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بايرى-
قىنى قادىغان.

نانسېن بىلەن پېئارىدىن كې-
يىن، ئالىملار شىمالىي قۇتۇپتا يەنە
كۆپ قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ئې-
لىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان نەتىجى-
لەرگە ئېرىشتى.

**جەنۇبىي قۇتۇپتا ئېكسپېدىتسىيە قى-
لىش** ئەنگلىيەلىك كاپىتان J. كۇك
1772 ~ 1775 - يىلىغىچە جەنۇبىي
قۇتۇپ چەمبىرىكىگە بىرقانچە قېتىم
كىرگەندىن باشلاپ، ئىنسانلار ئۈز-
لۈكسىز تۈردە جەنۇبىي قۇتۇپنى
چوڭقۇرلاپ ئېكسپېدىتسىيە قىلىشقا
ئاتلاندى. 1911 - يىلى 12 - ئاينىڭ
14 - كۈنى نورۋېگىيەلىك ئېكسپې-
دىتسىيەچى R. ئامۇندسېن كۆرمىڭ
جاپا - مۇشەققەت ۋە ئۆتكەللەرنى
بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر بىرىنچى بولۇپ
جەنۇبىي قۇتۇپ نۇقتىسىغا يېتىپ
باردى.

ئامۇندسېن ئېكسپېدىتسىيە
ئەترىتى يولغا چىقىپ 4 كۈندىن كې-
يىن، كاپىتان F.R سكوت باشچى-
لىقىدىكى ئەنگلىيە ئېكسپېدىتسىيە
ئەترىتىمۇ يولغا چىقتى. ئۇلار كۆر-
مىڭ جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن
ئۆتكۈزۈپ، 1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ
17 - كۈنى جەنۇبىي قۇتۇپ نۇقتى-
سىغا يېتىپ باردى. قايتىش يولىدا
سكوت باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىت-
سىيە ئەترىتىدىكىلەر ئوزۇقلۇق يې-
تىشمەي، قار - شۋىرغاننىڭ ھۇ-
جۇمىغا ئۇچراپ توڭلاپ ھەممىسى
قازا قىلدى. 1928 - يىلى ئەنگلىيە-
لىك H. ۋىلكىن ئايروپىلان بىلەن
جەنۇبىي قۇتۇپتىن ئۇچۇپ ئۆتتى،
20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ
ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ،
نۇرغۇنلىغان ئالىملار جەنۇبىي قۇتۇپ-
قا بېرىپ، ئىلمىي تەكشۈرۈش پونى-
كىتلىرىنى قۇرۇپ، جەنۇبىي قۇتۇپنى
نۇرغۇن پەنلەر بويىچە تەكشۈرۈپ،
مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

**قۇتۇپ نۇرى** قۇتۇپ رايونىدا كې-
چىسى جىمجىت ئاسماندا دائىم ھەر-



شادىسىمان نۇر يايى بەلبېغى قۇتۇپ نۇرى.

خىل رەڭلىك يورۇقلۇق بەلباغلىرى
چاقناپ تۇرىدۇ، بۇ خۇددى نۇرغۇنلى-
غان رەڭلىك لېنتىلارنىڭ ئاسماندا
جەۋلان قىلىپ تۇرۇۋاتقىنىغا ئوخ-
شايدۇ. مانا بۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى
ئەڭ كۆركەم، ئەڭ رەڭدار مەنزىرە —
قۇتۇپ نۇرىدۇر.

قۇتۇپ نۇرى دائىم يەر ماگنىت
قۇتۇپىغا يېقىن كەڭلىكتىكى
رايونلارنىڭ يۇقىرى بوشلۇقىدىكى
ئاتموسفېرادا كۆرۈلىدىغان رەڭلىك
يورۇقلۇق بەلبېغىدۇر. قۇتۇپ نۇرى
قۇياش ۋە يەر شارىنىڭ ئورتاق تەسى-
رىدە پەيدا بولىدىغان بىرخىل ھادى-
سە. قۇياش قويۇپ بەرگەن زەرەتلەنگەن
يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك زەررىچىلەر
ئېقىمى سېكونتىغا 10 مىڭ كىلومې-
تىرلىق يۇقىرى سۈرئەتتە ئىككى
قۇتۇپ رايونىنىڭ يۇقىرى ئاتموس-
فېراسىغا بۆسۈپ كىرگەندە، يەر شارى
ماگنىت مەيدانى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ،
يۇقىرى ئاتموسفېرا مولېكۇلىلىرىنى
ياكى ئاتوملىرىنى قوزغىتىپ ياكى
ئىيونلاشتۇرۇپ، يورۇقلۇق چىقىرىش
ھادىسىسىنى پەيدا قىلىدۇ، ئوكسى-
گېن ئاتومى قوزغىتىلىپ، قىزىل
ياكى يېشىل نۇر چىقىرىدۇ؛ ئازوت
ئىيونى قوزغىتىلىپ سۆسۈن ياكى
كۆك نۇر چىقىرىدۇ؛ قۇياش پىروتو-
نىنىڭ ئۆزى ئاجىز سىرىق نۇر چى-



جۇڭگونىڭ جەنۇبىي قۇتۇپ ئىلمىي تەكشۈرۈش پونكىتى — «سەددىچىن سېپىلى» پونكىتى-
نىڭ پۈتتۈش مۇراسىمى.

قىرىدۇ. ھەر قېتىم قۇياش داغلىرىنىڭ پائالىيىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە، قۇياش زەررىچىلىرىنىڭ ئېقىم مىقدارى ئادەتتىكى ۋاقىتتىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ، بۇ چاغدا قۇتۇپ نۇرى تېخىمۇ يورۇق ۋە كۆركەم بولىدۇ. يەر ماگنىت مەيدانىنىڭ تەسىرىدە بۇ يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك زەررىچىلەر قۇتۇپ رايونىغا بۇرۇلىدۇ، شۇڭا قۇتۇپ نۇرى ئادەتتە يۇقىرى ماگنىتلىق كەڭلىك رايونىدا كۆرۈلىدۇ.

**قۇتۇپ كېچىسى ۋە قۇتۇپ كۈندۈزى** جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى ئىچىدە ھەر يىلى قۇتۇپ كۈندۈزى ۋە قۇتۇپ كېچىسى كۆرۈلىدۇ. قۇياشنىڭ كۈنبويى ئولتۇرماسلىق ھادىسىسى قۇتۇپ كۈندۈزى دېيىلىدۇ. يەر شارى قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش داۋامىدا، يەر ئوقى بىلەن قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش ئوربىتا تەكشىلىكى 66°34′ لۇق ئارا بۇلۇڭ ساقلاپ، ئېكۋاتور ۋە ئەتىيازلىق كۈن تەڭلىكى بىلەن كۈزلۈك كۈن تەڭلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا رايونلارنىڭ ھەممىسىدە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى تەڭ بولماسلىقتەك ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كەڭلىك قانچىكى يۇقىرى بولسا، شۇنچە روشەن بولىدۇ. قۇياش شىمالىي يېرىم شارغا تىك چۈشۈۋاتقاندا، قۇتۇپ كۈندۈزى شىمالىي قۇتۇپ رايونىدا كۆرۈلىدۇ، قۇتۇپ كېچىسى جەنۇبىي قۇتۇپ رايونىدا كۆرۈلىدۇ. قۇياش جەنۇبىي يېرىم شارغا تىك چۈشۈۋاتقاندا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپ نۇقتىسىدا يېرىم يىل قۇتۇپ كۈندۈزى ۋە يېرىم يىل قۇتۇپ كېچىسى بولىدۇ، يەنى يېرىم يىل كۈندۈز، يېرىم يىل كېچە بولىدۇ. ھەر يىلى كۈزلۈك كۈن تەڭلىكىدىن كېيىن، شىمالىي قۇتۇپتا قۇتۇپ كېچىسى بولىدۇ، ئاندىن كېيىن شىمالىي قۇتۇپ نۇقتىسىدىن جەنۇبقا قاراپ قۇتۇپ كېچىسىنىڭ دائىرىسى تەدرىجىي كېڭىيىپ بارىدۇ. قىشلىق كۈن توختاشقا كەلگەندە، پۈتكۈل شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى ئىچىدە قۇتۇپ كېچىسى بولىدۇ، ئاندىن كېيىن قۇتۇپ كېچىسىنىڭ دائىرىسى شىمالغا قاراپ تەدرىجىي تارىيىپ بارىدۇ. ئەتىيازلىق كۈن تەڭلىكىگە كەلگەندىلا، شىمالىي قۇتۇپتا يېرىم يىل داۋاملاشقان قۇتۇپ كېچىسى ئاياغلىشىدۇ، جەنۇبىي يېرىم شاردا بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

**خەرىتە** خەرىتە بەلگىلىك ماتېماتىكىلىق قائىدە ۋە شەرتلىك بەلگىلەر سىستېمىسىنى قوللىنىپ، يەر يۈزىدىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى كىچىكلىتىپ يىغىنچاقلاش ئارقىلىق تەكشىلىكتە ئىپادىلىگەن شەكىلدىن ئىبارەت. خەرىتە بىۋاسىتە كۆزەتكىلى، ھەممىنى ئېنىق كۆرگىلى ۋە ئۆلچىگىلى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ۋە خىزمەت داۋامىدا كەم بولسا بولمايدىغان قورالدۇر.

خەرىتە بۇنىڭدىن 4500 يىل ئىلگىرىلا بارلىققا كەلگەن. ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى خەرىتىنى قەدىمكى بابىلونلۇقلار سىزىپ چىققان، ئۇلار تاغ تىزمىلىرى ۋە دەريالارنى ساپال پارچىلىرىغا ئويۇپ سىزىپ چىققان.

ھازىرقى خەرىتىلەرنى سىزىشتا يەر شارىدىكى مېرىدىيان ـ پاراللېل تورىنى بىر تەكشىلىككە پىرويېكسىيەلەپ، تەكشىلىكتىكى مېرىدىيان – پاراللېل سىزىقلىرىنى كوردىنات قىلىپ، يەر يۈزىدىكى مەنزىرىلەرنى ماس ئورۇنغا كۆچۈرۈپ سىزىش تېخنىكىلىرى قوللىنىلىۋاتىدۇ.

خەرىتىدىكى مەزمۇنلار ئاساسلىقى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئىككى چوڭ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەبىئىي مەزمۇن ئاساسلىقى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ دائىرىسى، يەر شەكلىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكى، يەر شەكلى تىپلىرى، دەريا ـ كۆللەرنىڭ تارقىلىشى، كىلىمات ئۆزگىرىشى، يەر پوستىنىڭ تۈزۈلۈشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي مەزمۇن قاتناش ئەھۋالى، بايلىق ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ تارقىلىشى، ئاھالىلەرنىڭ زىچلىقى، تېررىتورىيە ۋە مەمۇرىي رايونلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەرىتىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە تەلەپكە ئاساسەن، بۇ ئامىللار تاللاپ ئېلىنىدۇ ھەمدە ئېنىق ماتېماتىكىلىق پرىنسىپ بويىچە كىچىكلىتىلىپ، ھەرخىل شەرتلىك بەلگە، سىزىق، رەڭ ۋە يېزىقلار بىلەن خەرىتە قەغىزىگە سىزىش ئارقىلىق خەرىتە ئىشلەپ چىقىلىدۇ.

بىر پارچە مۇكەممەل خەرىتە ئاساسلىقى ماتېماتىكىلىق ئاساس، جۇغراپىيەلىك ئامىل ۋە قوشۇمچە ئامىلدىن ئىبارەت 3 قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماتېماتىكىلىق ئاساس ئاساسلىقى ماسشتاب ۋە مېرىدىيان – پاراللېل تورىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بىر پارچە خەرىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. جۇغراپىيەلىك ئامىل شەرتلىك بەلگە ۋە ئىزاھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ خەرىتىنىڭ مەزمۇنىنى ھاسىل قىلىدۇ. خەرىتە مەزمۇنىغا ئاساسەن ئادەتتىكى خەرىتە ۋە تېماتىك (مەخسۇس) خەرىتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. ماسشتابىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. رايونغا ئاساسەن دۇنيا خەرىتىسى، قىتئەلەر خەرىتىسى، مەملىكەت خەرىتىسى ۋە ئۆلكىلەر خەرىتىسى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ.

**يەر شەكلى خەرىتىسى** يەر شەكلى خەرىتىسى ماسشتابى 1:1000000 تىن چوڭ بولغان، نۇقتىلىق ھالدا يەر شەكلىنى ئىپادىلەيدىغان ئادەتتىكى خەرىتە بولۇپ، خەرىتىگە ئېلىنغان رايوننىڭ دائىرىسى بىرقەدەر كىچىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدا يەر يۈزى گېئومورفولوگىيەسى، سۇرايى، يەر شەكلى، تۇپراق،

يېپىنچا ئۆسۈملۈك قاتارلىق تەبىئىي
جۇغراپىيەلىك ئامىللار، شۇنىڭدەك
ئاھالىلەر نۇقتىسى، قاتناش لىنىيە-
سى، چېگرا ياكى مەمۇرىي رايونلار
چېگراسى، قۇرۇلۇش قاتارلىق ئىج-
تىمائىي ئامىللار بىرقەدەر ئېنىق
ھەم تەپسىلىي ئىپادىلىنىدۇ. يەر
شەكلى خەرىتىسى توپوگرافىك ئۆل-
چەشكە ياكى ئايروپىلاندا تارتقان سۈ-
رەت ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن سىزىپ
چىقىلغانلىقتىن، خاتالىق پەرقى ۋە
پىروېكسىيەلەش داۋامىدا شەكلى
ئۆزگىرىپ كېتىش نىسبىتى ئىنتا-
يىن كىچىك بولىدۇ. ماسشتابى
ئوخشاش بولمىغان يەر شەكلى خەرى-
تىلىرىنىڭ كونكرېت ئىشلىتىلى-
شىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

**دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى** چىڭ-
خەي - شىزاڭ تۆمۈريولى تاڭگۇلا پو-
يىز ئىستانسىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن
ئېگىزلىكى 5067.88 مېتىر بولۇپ،
بۇ دۇنيا بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ
ئېگىز پويىز ئىستانسىسىدۇر.
دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى مە-
لۇم نۇقتىنىڭ ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈ-
زىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئارىلىقىنى
كۆرسىتىدۇ، بۇ مۇتلەق ئېگىزلىك
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خەرىتىدە ئىپادىلەن-
گەن ئېگىزلىكنىڭ ھەممىسى مۇتلەق
ئېگىزلىكتۇر. دېڭىز يۈزى بىر ئۆل-
چەملىك سۇ يۈزى تەكشىلىكى بولمى-
غانلىقتىن، ھەرقايسى ئەللەر خەرىتە
سىزغاندا مۇمكىنقەدەر ئۇنىڭ ئۆل-
چەملىك يۈزىنى سۇ يۈزىگە يېقىنلاش-
تۇرىدۇ. جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جاي-
لىرىنىڭ مۇتلەق ئېگىزلىكى
چىڭداۋدىكى سېرىق دېڭىزنىڭ سۇ
يۈزى باش نۇقتىسىنى (يەنى سېرىق
دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىنى)
باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ ھېسابلاپ
چىقىلغان.

**يەر شەكلى كەسمە يۈز خەرىتىسى**
بۇ يەر يۈزىدىكى مەلۇم يۆنىلىشتىكى
ۋېرتىكال كەسمە يۈزىنى بويلاپ سى-
زىپ چىقىلغان شەكىلنى كۆرسىتى-
دۇ. يەر شەكلى كەسمە يۈز خەرىتىسى
ئارقىلىق شۇ يۆنىلىشتىكى يەر شەك-
لىنىڭ ئېگىز - پەسلىكىنى ۋە ياز-
تۇلۇقىنىڭ تىك ياكى تىك ئەمەسلى-
كىنى بىۋاسىتە ئىپادىلىگىلى بولى-
دۇ. تەبىئىي جۇغراپىيەلىك تەتقىقات
ۋە يەر يۈزىدىكى قۇرۇلۇشلارنى لايى-
ھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىشلاردا ئۇنىڭ-
دىن ناھايىتى كۆپ پايدىلانغىلى بو-
لىدۇ.
يەر شەكلى كەسمە يۈز خەرىتى-
سى يەر شەكلى خەرىتىسى ئۈستىگە
تەڭ ئېگىزلىك سىزىقلىرىنى سىزىش
ئارقىلىق سىزىلىدۇ. ئۇنى سىزىش
ئۇسۇلى ۋە قەدەم - باسقۇچلىرى تۆ-
ۋەندىكىچە:
① خەرىتىدە ئىگىلىمەكچى
بولغان يۆنىلىش ۋە رايون ئارىلىقى
بەلگىلىنىدۇ. كەسمە يۈز ئاساسىي
سىزىقى بېكىتىلىدۇ. كەسمە يۈز
سىزىقى ئىككى نۇقتا ئارىلىقىدىكى
تۈز سىزىق بولسىمۇ، خەرىتىدىكى
بىرقانچە نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرۇشتىن
ھاسىل بولغان سۇنۇق سىزىق بول-
سىمۇ بولىدۇ.
② خەرىتىگە ئاساسەن ئەمەلىي
يەر يۈزىنىڭ ئېگىز - پەسلىك ئەھۋا-
لىغا قاراپ، كەسمە يۈزنىڭ ۋېرتىكال
ماسشتابى بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتە
كەسمە يۈزنىڭ ۋېرتىكال ماسشتابى
گورىزونتال ماسشتابىدىن 5 ~ 10
ھەسسىگىچە چوڭايتىلىدۇ. گورىزون-
تال ماسشتابى يەر شەكلى خەرىتى-
سىنىڭ ماسشتابى بىلەن ئوخشاش
بولىدۇ.
③ گورىزونتال سىزىقلار بېكى-
تىلىدۇ، ئاندىن يەر شەكلى خەرىتى-
سىدىكى كەسمە يۈز سىزىقى بىلەن
تەڭ ئېگىزلىك سىزىقلىرىنىڭ كې-
سىشىش نۇقتىلىرى گورىزونتال ما-
سشتاب بويىچە گورىزونتال سى-
زىقلار ئۈستىگە كۆچۈرۈلىدۇ، ئاندىن
گورىزونتال سىزىقلار ئۈستىدىكى بۇ
نۇقتىلاردىن ۋېرتىكال سىزىقلار سى-
زىلىپ، بەلگىلەنگەن ۋېرتىكال ما-
سشتاب بويىچە بۇ نۇقتىلارنىڭ ماس
ئېگىزلىكى بېكىتىلىدۇ، ئەڭ ئا-
خىردا سىلىق ئەگرى سىزىق ئارقى-
لىق ئېگىزلىك نۇقتىلىرى تۇتاشتۇ-
رۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كەسمە يۈز
سىزىقى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن يەر
شەكلى كەسمە يۈز خەرىتىسى پۈتۈپ
چىقىدۇ.

**دېڭىز - ئوكيان ۋە دېڭىز - ئوك يانلارنى تەكشۈرۈش** دېڭىز -
ئوكياندىن ئىبارەت بۇ «سۇ پادىشاھ-
لىقى» ھەقىقەتەن ھەيران قالغۇدەك
چوڭ. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە،
يەر شارىدىكى دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ
كۆلىمى 360 مىليون كۋادرات كى-
لومېتىر بولۇپ، يەر شارى ئومۇمىي
كۆلىمىنىڭ 71% نى ئىگىلەيدىكەن.
ئومۇمىي ھەجمى 1 مىليارد 370
مىليون كۇب كىلومېتىر بولۇپ، يەر
شارى ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ
97% نى ئىگىلەيدىكەن. دېڭىز -
ئوكيانلارنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى
3800 مېتىر بولۇپ، ئۇنى يەر شارى-
نىڭ سىرتقى يۈزىگە تەكشى يايساق،
پۈتكۈل يەر شارىدىكى سۇنىڭ قېلىن-
لىقى 2600 مېتىرغا يېتىدىكەن.
دېڭىز - ئوكيانلار ئۆزئارا تۇ-
تىشىپ، بىر پۈتۈن گەۋدىنى ھاسىل
قىلغان. كىشىلەر ئۇلارنى ئالاھىدى-
لىكىگە ئاساسەن تۆت ئوكيانغا ئايرى-
غان. ئوكيانلارنىڭ چەت - ياقىلىرى-
نى يەنە نۇرغۇنلىغان دېڭىزلارغا ئاي-
رىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
قۇرۇقلۇقنىڭ ئەتراپىغا (ياقا دې-
ڭىزلار)، بەزىلىرى قۇرۇقلۇقلارنىڭ
ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز
بوغۇزلىرى ئارقىلىق ئوكيانلار بىلەن
تۇتىشىپ تۇرىدۇ (مەسىلەن، يەر ئوت-
تۇرا دېڭىزى). دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ
كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئالىملار-
نىڭ تېخى بىرلىككە كەلگەن قارىشى
يوق. بەزىلەر يەر شارى شەكىللەنگەن
دەسلەپكى چاغلاردىلا ئىپتىدائىي ئات-
موسفېرا بولۇپ، ئاتموسفېرانىڭ سۇ-
ۋۇپ كوندېنساتسىيەلىشىشىدىن
ھۆل - يېغىن پەيدا بولۇپ، دېڭىز
سۈيىگە ئايلانغان دەپ قارايدۇ. يەنە
بەزىلەر ئىلگىرى يانار تاغ ئومۇمىيۈز-
لۈك پارتلىغاندا يەر شارىنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى زور مىقداردىكى سۇ پار-

uyghurkitap.com

لىرى قويۇپ بېرىلىپ، سوۋۇغاندا كوندېنساتسىيەلىشىپ دېڭىز – ئوكيان سۇلىرى ھاسىل بولغان دەپ قارايدۇ.

دېڭىز ئوكيانلار بايلىق خەزىنىسىدۇر. مۆلچەرلىنىشچە، دۇنيادىكى دېڭىز – ئوكيانلار ھەر يىلى 200 مىليون توننا سۇ مەھسۇلاتلىرى بېرەلەيدىكەن، تاكى بۈگۈنگىچە ئىنسانلارنىڭ دېڭىز – ئوكيانلاردىن ئالغان بېلىق مەھسۇلاتى بۇ سانىنىڭ ئاران 1/3 ىگە يېتىدىكەن. دېڭىز ئاستى قېزىلما بايلىقلىرىمۇ ئىنتايىن مول. مەسىلەن، قۇرۇقلۇق سۇپىسىدىكى نېفىتنىڭ زاپاس مىقدارى 250 مىليارد تونىغا يېتىدۇ، ئوكيان تېگىدىكى مانگان كالەكلىرىنىڭ ئومۇمىي زاپىسى 3 تىرىليون تونىغا يېتىدۇ، دېڭىز سۈيىدىكى ئۇرانىنىڭ مىقدارىمۇ 4 مىليارد توننىدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە دېڭىز ئاستى قۇم كانلىرى، ئېغىر مېتاللىق يۇمشاق لاي ۋە ئۇل جىنسلىق كان ياتمىسى گەۋدىسى قاتارلىقلار بار.

دېڭىز – ئوكيانلار يەنە غايەت زور ئېنېرگىيە يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە. پۈتكۈل يەر شارىدىكى دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ئېنېرگىيەسى تەخمىنەن 3 مىليارد كىلوۋاتقا، دولقۇن ئېنېرگىيەسى 1 مىلياردتىن 10 مىليارد كىلوۋاتقا، دېڭىز ئېقىمى ئېنېرگىيەسىنىڭ زاپاس مىقدارى 5 مىليارد كىلوۋاتقا يېتىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ چوڭقۇر دېڭىز ئاستى دۇنياسىنى بىلىشى ئاي شارى يۈزىگە بولغان بىلىشىدىن ئانچە كۆپ ئەمەس. دېڭىزنىڭ سىرىنى يېشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇقلۇق، مىنېرال ماددا ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قاتارلىقلارغا بولغان كۈنسېرى ئېشىۋاتقان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ دېڭىز – ئوكيانلارنى تەكشۈرۈش چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى ئۈزلۈكسىز كېڭەيمەكتە. 1872 ~ 1876 – يىللىرى ئەنگلىيەنىڭ «بەسلەشكۈچى» ناملىق تەكشۈرۈش كېمىسى ئۈچ يېرىم يىلغا سوزۇلغان يەر شارىنى ئايلىنىپ دېڭىز – ئوكيان تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى، بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش مۇساپىسى 68900 دېڭىز مىلىغا يېتىپ، دۇنيادىكى ئۈچ ئوكياننى قاپلىدى، تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ۋە ئەۋرىشكىلەر 20 يىل ئانالىز ۋە تەتقىق قىلىنىپ، جەمئىي 50 توملۇق دوكلات يېزىلدى، بۇ يېقىنقى زامان ئوكيانشۇناسلىقىدىكى نەمۇنىلىك تەكشۈرۈش بولۇپ قالدى. 1918 – يىلى قايتما ئاۋاز ئارقىلىق چوڭقۇرلۇقنى ئۆلچەش ئەسۋابى (فاتومېتىر)نىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشكە ئەگىشىپ، ئالىملار نۇرغۇنلىغان دېڭىز ئاستى تاغ ئورۇقلىرى، يېرىلما قاتارلىقلارنى بايقىدى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر دېڭىز ئاستىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇدى. 20 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىدىن كېيىن، خەلقئارادا ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم كەڭ كۆلەملىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. سۈنئىي ھەمراھ، تەكشۈرۈش كېمىسى، ئاپتوماتىك لەيلىمە پونكىت، قىرغاق پونكىتى، سۇ ئاستى كېمىسى، سۇ ئاستى شارى ۋە دېڭىز ئاستى بازىسى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىپ، ھاۋا بوشلۇقى، دېڭىز يۈزى ۋە سۇ ئاستىدىن دېڭىز – ئوكيانلارنى ئىستېرېيولۇق كۆزىتىپ، دېڭىز تېگىنىڭ كېڭىيىشى، بۆلەكلىك تۈزۈلۈشى، دېڭىز ئاستى يانار تاغلىرى ۋە ئىسسىق بۇلاق قاتارلىق زور مىقداردىكى يېڭى بايقاش، يېڭى ماتېرىياللارغا ئېرىشتى.

يەر شارى سۈنئىي ھەمراھى دېڭىز – ئوكيان تەكشۈرۈشتە كۈنسايىن كۆرۈنەرلىك رول ئوينىماقتا. سۈنئىي ھەمراھتىن پايدىلىنىپ دېڭىز – ئوكيانلارنى كۆزىتىش 20 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىدا باشلانغان، سۈنئىي ھەمراھنىڭ يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى ئارقىلىق 20 كۈن ئىچىدە پۈتكۈل يەر شارىدىكى دېڭىز رايونلىرى ئۈستىدە ھەرخىل تەكشۈرۈشلەرنى قىلغىلى بولىدۇ، بۇنى ھازىرقى بارلىق باشقا كۆزىتىش ۋاسىتىلىرىدە قىلغىلى بولمايدۇ.

دېڭىز – ئوكيان تەكشۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سۇ ئاستىنى تەكشۈرۈش قوراللىرىمۇ كەڭ قوللىنىلىۋاتىدۇ. سۇ ئاستىنى تەكشۈرۈش قوراللىرىنى ئىشلىتىش سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە دۇنيادا نەچچە ئون خىل سۇ ئاستى قوراللىرى تەتقىقات خىزمىتىدە ئىشلىتىلدى. دۇنيادا سۇ ئاستىنى كۆزىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان يۈزدىن ئارتۇق سۇ ئاستى تەكشۈرۈش كېمىسى بار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەر «دېڭىز ئاستى بازىسى»دىن پايدىلىنىپ، دېڭىز ئاستىنى ئۈزلۈكسىز كۆزىتىش مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بارماقتا.

**تۆت چوڭ ئوكيان** يەر شارىدىكى قۇرۇقلۇقلار ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان كەڭ سۇ يۈزى دېڭىز – ئوكيان دەپ ئاتىلىدۇ. «ئوكيان» دۇنيادىكى دېڭىز – ئوكيانلارنىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ، ئۇ قۇرۇقلۇقتىن يىراق، كۆلىمى بىپايان، چوڭقۇرلۇقى 2000 ~ 3000 مېتىردىن ئاشىدىغان سۇ رايونىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دېڭىز – ئوكيانلارنىڭ ئومۇمىي مەيدانىنىڭ 89%نى ئىگىلەيدۇ. «دېڭىز» بولسا «ئوكيان»غا تەۋە بولۇپ، ئوكياننىڭ ياقىلىرىغا تارقالغان، قۇرۇقلۇققا تۇتىشىپ تۇرىدۇ، كۆلىمى، چوڭقۇرلۇقى ئوكياننىڭكىدىن خېلىلا كىچىك بولىدۇ.

يەر شارىدىكى قۇرۇقلۇقلار دېڭىز – ئوكيانلار ئارىسىغا تارقالغان. ئۇلار كەڭ سۇ يۈزىنى ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرىدىغان تىنچ ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكيان، ھىندى ئوكيان ۋە شىمالىي مۇز ئوكيانىدىن ئىبارەت 4 چوڭ ئوكيانغا ئايرىپ تۇرىدۇ.

**تىنچ ئوكيان** تىنچ ئوكيان ئاسىيا، ئوكيانىيە، جەنۇبىي ئامېرىكا، شىمالىي ئامېرىكا، ئانتاركتىكا قىتئەلى-

رىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئوكياندۇر. ئەينى يىللاردا F. ماگېللان يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرىدە تىنچ ئوكياندىن ئۆتكەندە، بوران - چاپقۇنغا ئۇچرىماي، ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تىنچ - ئامان يېتىپ بارغاچقا، بۇ ئوكياننى «تىنچ ئوكيان» دەپ ئاتىغان. ئەمەلىيەتتە تىنچ ئوكيان ئانچە تىنچ ئەمەس، دائىم تەيفېڭ بورىنى چىقىپ تۇرىدۇ ۋە دەھشەتلىك دولقۇنلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. تىنچ ئوكيان نۇرغۇن تۇرلەر بويىچە دۇنيادا ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ دۇنيا بويىچە بىرىنچى چوڭ ئوكيان بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولۇپ، تەخمىنەن 180 مىليون كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، يەر شارى يۈزىنىڭ 3/1دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، باشقا ئۈچ ئوكياننىڭ كۆلىمىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭشىلىپ قالىدۇ، يەتتە قىتئەنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىدىنمۇ چوڭ. تىنچ ئوكيان ئەڭ چوڭقۇر ۋە سۇ مىقدارى ئەڭ كۆپ ئوكيان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 4000 مېتىر كېلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 10 مىڭ مېتىردىن ئاشىدىغان دېڭىز تەكتى جىلغىسىدىن ئالتىسى بار، مارىيانا دېڭىز تەكتى جىلغىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 11034 مېتىرغا يېتىدۇ، بۇ دۇنيا بويىچە دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايى ھېسابلىنىدۇ. تىنچ ئوكياننىڭ سۇ مىقدارى يەر شارىدىكى ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلەيدۇ. تىنچ ئوكياننىڭ سۇ تېمپېراتۇرىسى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، سىرتقى يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 19℃ قا يېتىدۇ. بۇ ئاتلانتىك ئوكيان ۋە ھىندى ئوكياننىڭ سۇ تېمپېراتۇرىسىدىن 2℃ ئەتراپىدا يۇقىرى. تىنچ ئوكياندا ئاراللار ئەڭ كۆپ بولۇپ، 10 مىڭدىن ئاشىدۇ. ھەمدە قۇرۇقلۇق ئارىلى، ۋۇلقان ئارىلى، مارجان ئارىلى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بار. تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر قاتار ئاراللار خۇددى ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا چىلتەك تۆتۈپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ، بۇ لېنتىسىمان تىزما ئاراللار ياكى ئاراللار يايى دەپ ئاتىلىدۇ. يەر پوستى ھەركەتچان بولۇپ، ۋۇلقان پارتلاش، يەر تەۋرەش كۆپ يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تىنچ ئوكياننىڭ مۆرەككەپ دېڭىز ئاستى يەر شەكلى، مۆكەممەل ئوكيان ئېقىمى سىستېمىسى، مول دېڭىز - ئوكيان بايلىقى ئىنسانلارنى پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.



تىنچ ئوكياندىكى مېكرونېزىيەدىكى ئاياللار بىلەن بالىلار مارجان خادا تاشلىرى ئۈستىدە دېڭىز كىرپىسى تېرىۋاتىدۇ.

**ئاتلانتىك ئوكيان** ئاتلانتىك ئوكيان جەنۇبىي ئامېرىكا، شىمالىي ئامېرىكا، ياۋروپا، ئافرىقا ۋە ئانتاركتىكا قىتئەلىرىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ ئوكيان ھېسابلىنىدۇ. ئاتلانتىك ئوكياننىڭ كۆلىمى تىنچ ئوكيان كۆلىمىنىڭ يېرىمىدىن سەل چوڭراق بولۇپ، 91 مىليون 655 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 3597 مېتىر بولۇپ، تىنچ ئوكياندىن سەل تېيىزرەك، ئەڭ چوڭقۇر بولغان پۇئېرتو - رىكو دېڭىز تەكتى جىلغىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 9218 مېتىر كېلىدۇ. ياۋروپا بىلەن شىمالىي ئامېرىكا ئارىلىقىدىكى ئوكيان ئاستىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 600 مېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ. ئاتلانتىك ئوكياننىڭ سىرتقى يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە سۇ تېمپېراتۇرىسى 16.9℃ بولۇپ، تىنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكياننىڭكىدىن تۆۋەن. ئۇنىڭدىكى ئاراللار تىنچ ئوكيانغا سېلىشتۇرغاندا بەك ئاز بولۇپ، ئاساسلىقى كارىب دېڭىزىنىڭ غەربىي شىمالىغا، يەنى غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى ئەتراپىغا مەركەزلەشكەن. ئاتلانتىك ئوكياننىڭ سۇ يۈزى «S» شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، دېڭىز ئاستىدا ئۇزۇنلۇقى 17 مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان ئاتلانتىك ئوكيان دېڭىز ئاستى تاغ تىزمىسى بار بولۇپ، كەڭلىكى تەخمىنەن 1500دىن 2000 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 2228 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 1/4نى ئىگىلەيدۇ. بۇ دېڭىز ئاستى تاغ تىزمىسىنىڭ شەكلىمۇ «S» ھەرپىگە ئوخشايدۇ. دېڭىز ئاستى تاغ تىزمىسىنىڭ دېڭىز يۈزىگىچە بولغان ئارىلىقى ئادەتتە 2 ~ 3 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئايرىم جايلىرى سۇ يۈزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ، مەسىلەن ئىسلاندىيە، ئازور تاقىم ئاراللىرى قاتارلىقلار. دېڭىز ئاستى تاغ تىزمىسىنىڭ مەركىزىدە بىر يېرىق بار بولۇپ، كەڭلىكى 12 ~ 40 كىلومېتىر، چوڭقۇرلۇقى 3 ~ 4 كىلومېتىر كېلىدۇ، نۆۋەتتە يىلىغا 1 ~ 2 سانتىمېتىر تېزلىكتە ئۇزۇلۇكسىز كېڭىيىۋاتىدۇ. بۇ ئاتلانتىك ئوكياننىڭ كېڭىيىۋاتقان ئوكيان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاتلانتىك ئوكياننىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ قىرغاقلىرى تۈز، دېڭىز قولتۇقلىرى ۋە ئاراللىرى ئاز، شىمالىي قىسمىنىڭ قىرغاقلىرى ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئاراللار ۋە يېرىم ئاراللار گىرەلىشىپ، نۇرغۇن ئىچكى دېڭىزلار، ياقا دېڭىزلار ۋە دېڭىز قولتۇقلىرىنى شەكىللەندۈرگەن، مەسىلەن، يەر ئوتتۇرا دېڭىزى، شىمالىي دېڭىز، بالتىق دېڭىزى، مېكسىكا قولتۇقى قاتارلىقلار. ئاتلانتىك ئوكياندا قانۇنىيەتلىك ئوكيان ئېقىمى سىستېمىسى بار، جۈملىدىن مېكسىكا قولتۇقى ئىللىق ئېقىمى

دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئىللىق ئېقىم
ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ
شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدىكى خات-
تېراس تۇمشۇقى ئەتراپىدىكى كەڭ-
لىكى 100 ~ 150 كىلومېتىر، سۇ
قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 700 ~
800 مېتىر، سىرتقى قەۋىتىنىڭ ئەڭ
چوڭ ئېقىش سۈرئىتى سائىتىگە 9
كىلومېتىر كېلىدۇ، ئېقىن مىقدارى
پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق دەريالارنىڭ
ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىدىنمۇ نۇرغۇن
ھەسسە كۆپ. مېكسىكا قولتۇقى ئىل-
لىق ئېقىمى شىمالى كەڭلىك ° 40
ئەتراپىغا كەلگەندە شەرققە قايرىلىپ
ئاقىدۇ، بۇ شىمالىي تىنچ ئوكيان
ئىللىق ئېقىمى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ
ئىللىق ئېقىمنىڭ قىرغاق رايونىنىڭ
تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكىنى ئاشۇرۇش
رولى بار. ئاتلانتىك ئوكياندا كۆلىمى
20 ئەنگلىيەچىلىك كېلىدىغان بىر
پارچە دېڭىز ئۈستى «يايلىقى» بار، بۇ
«سارگاسسۇم يۇسۇنلۇك دېڭىزى» دەپ
ئاتىلىدۇ. بۇ جاي شىمالىي ئامېرىكا
چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي تەرد-
پىگە جايلاشقان بولۇپ، يېشىل، سې-
رىق سارگاسسۇم يۇسۇنلىرى قاپلاپ
تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۇزۇن-
لۇقى 200 مېتىر، بەزىلىرىنىڭ ئۇ-
زۇنلۇقى پەقەت نەچچە سانتىمېتىرلا
كېلىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئۇششاق
قۇرتلار، بېلىق ـ راكلار زامانلاردىن
بېرى مۇشۇ جاينى ماكان تۇتقان. ئا-
لىملار ئۇ جاي ئوكيان ئېقىمىنىڭ
تەسىرىگە ئازراق ئۇچرىغانلىقتىن،
دېڭىز سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇ-
قىرىراق بولۇپ، سارگاسسۇم يۇسۇنى
ئۆسۈشكە باب كەلگەنلىكتىن شەكىل-
لەنگەن دەپ قارايدۇ. ئاتلانتىك ئوك-
يانىنىڭ ئەتراپىدىكى قىتئەلەردە ئا-
ساسەن دېگۈدەك ئەڭ تەرەققىي تاپقان
دۆلەت ۋە رايونلار بار، شۇڭلاشقا
ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ دېڭىز قاتنى-
شى، دېڭىز ئاستى كانچىلىقى، بې-
لىقچىلىقى، دېڭىز تىرانسپورتى قا-
تارلىق ساھەلىرى ناھايىتى تەرەققىي
قىلغان.

**ھىندى ئوكيان** ھىندى ئوكيان ئا-
سىيا، ئافرىقا، ئوكيانىيە ۋە ئانتارك-
تىكا قىتئەلىرىنىڭ ئارىلىقىغا
جايلاشقان، پۈتكۈل سۇ رايونى شەر-
قىي يېرىم شاردا بولۇپ، دۇنيا بويىـ-
چە 3 ـ چوڭ ئوكياندۇر. ئۇ ئاسىيا-
دىكى ھىندى يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇ-
بىغا جايلاشقانلىقتىن، ھىندى ئوكيان
دەپ ئاتالغان. ھىندى ئوكيانىنىڭ كۆ-
لىمى 76 مىليون 174 مىڭ كىۋادرات
كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆت ئوكيان
ئىچىدە پەقەت شىمالىي مۇز ئوكيانى-
دىن 5 ـ 6 ھەسسىلا چوڭ. ئۇنىڭ
ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 3711 مېتىر
بولۇپ، ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن ئانى-
چە پەرق قىلمايدۇ. ئۇ جەنۇبىي ۋە
شىمالىي يېرىم شارلارنى ئاتلاپ تۇ-
رىدۇ، ئېكۋاتور بىلەن جەنۇبىي تىرو-
پىك سىزىقى ئۇنىڭ شىمالىي ۋە ئوت-
تۇرا قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. كۆ-
پىنچە جايلىرى تىروپىك بەلباغقا
توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ «تىروپىك بەل-
باغ ئوكيانى» دېگەن نامى بار. ئوكيان
يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە سۇ تېمپېراتۇ-
رىسى 17℃ بولۇپ، ئاتلانتىك ئوكيان
بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ،
تىنچ ئوكيانىنىڭكىدىن تۆۋەن. ھىندى



ماداغاسقارنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاشقى
دېڭىزدا بېلىقچىلار قېيىق بىلەن ھىندى ئوك-
ياندا يۈرمەكتە.

ئوكيانىنىڭ شىمالىي قىسمى تىروپىك
مۇسسۇن شامىلى كىلىماتىنىڭ تە-
سىرىگە ئۇچراپ، دۇنيادىكى ئۆزىگە
خاس مۇسسۇن شامالىلىق ئوكيان ئې-
قىمىنى ھاسىل قىلغان. قىشتا دې-
ڭىز سۈيى سائەت ئىستىرېلكىسىغا
قارشى يۆنىلىشتە ئاقىدۇ، يازدا سائەت
ئىستىرېلكىسى بىلەن ئوخشاش يۆنى-
لىشتە ئاقىدۇ. ھىندى ئوكياندىكى
تىروپىك بەلباغ بورىنى بىلەن تەيفېڭ
بورىنى غايەت زور ئاپەتلەرنى پەيدا
قىلىدۇ. ھىندى ئوكيانىنىڭ شىمالىي
قىسمىدىكى دېڭىز قىرغىقى لىنىيە-
سى ئەگرى ـ بۈگرى بولۇپ، بۇ جايدا
دېڭىز قولتۇقلىرى، ئىچكى دې-
ڭىزلار، ئاراللار كۆپ. ھىندى ئوك-
يانىنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بو-
لۇپ، شەرقتە مالاككا بوغۇزى ئارقى-
لىق تىنچ ئوكيانغا تۇتىشىدۇ، غەربتە
ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىدىكى ئۈ-
مىد تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ ئۆتسە
ئاتلانتىك ئوكيانغا بارغىلى بولىدۇ.
غەربىي شىمال تەرەپتە قىزىل دېڭىز،
سۈۋەيش قانىلى، يەر ئوتتۇرا دېڭىزى
ئارقىلىق ئاتلانتىك ئوكيانغا كىرگى-
لى بولىدۇ، غەربىي شىمال تەرىپىدى-
كى پارس قولتۇقى رايونى دۇنيادىكى
نېفىت زاپىسى ئەڭ مول رايون ھې-
سابلىنىدۇ، شۇڭا ھىندى ئوكيان يەنە
مۇھىم نېفىت توشۇش يولىدۇر.

**شىمالىي مۇز ئوكيان** شىمالىي
مۇز ئوكيان شىمالىي قۇتۇپنى مەر-
كەز قىلغان، ئاساسىي جەھەتتىن
شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى ئىچىگە
جايلاشقان، دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك
ئوكياندۇر. شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ
كۆلىمى پەقەت 14 مىليون 790 مىڭ
كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيا-
دىكى دېڭىز ـ ئوكيانلار ئومۇمىي
كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 4.1% نى
ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى
1097 مېتىر بولۇپ، تۆت ئوكيان
ئىچىدە ئەڭ تېيىز ھېسابلىنىدۇ.
شىمالىي مۇز ئوكيان دۇنيا بويىچە
ئەڭ سوغۇق ئوكيان بولۇپ، ئەڭ
ئىسسىق ئايدىكى تېمپېراتۇرىسىمۇ
6℃ قا يەتمەيدۇ. ئوكيان يۈزىنى قې-
لىن مۇز قاپلاپ تۇرىدۇ. مۇزنىڭ
ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 2 ~ 4 مې-
تىرغىچە كېلىدۇ، ئەڭ قېلىن جاي-
لىرى 30 مېتىرغا يېتىدۇ، شۇڭا
كىشىلەر بۇ جاينى «غايەت چوڭ تەبى-
ئىي مۇز ئوردىسى» دەپ ئاتىشىدۇ.
شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ ئاراللىرى

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ جەھەتتە تۆت ئوكيان ئىچىدە تىنچ ئوكياندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاراللىرىنىڭ ئۈستىنىمۇ قېلىن قار - مۇزلار قاپلاپ تۇرىدۇ، قار - مۇزلار دائىم دېڭىزغا سىيرىلىپ چۈشۈپ، مۇز تاغلارنى ھاسىل قىلىپ، ئوكيان يۈزىدە لەيلەپ يۈرىدۇ. شىمالىي مۇز ئوكياننىڭ قۇرۇقلۇق سۈپىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، شىمالىي مۇز ئوكياننىڭ 1/3نى دېگۇدەك ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاسىيا بىلەن شىمالىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 1300 كىلومېتىرغا يېتىدىغان بولۇپ، دۇنيادىكى دېڭىز - ئوكيانلار ئىچىدە قۇرۇقلۇق سۈپىسى ئەڭ كەڭ جاي ھېسابلىنىدۇ. قۇرۇقلۇق سۈپىسىدا مول تەبىئىي بايلىقلار ساقلانغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئېچىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. شىمالىي مۇز ئوكياننىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ھاۋا يوللىرى ئاسىيا، ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكىلارنى باغلاپ تۇرىدىغان ئەڭ قىسقا يول ھېسابلىنىدۇ، دېڭىز قاتناش يوللىرى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز يولىنى ناھايىتى كۆپ قىسقارتىپ بېرىدۇ.

**دېڭىز - ئوكيان بايلىقى** كىشىلەر دېڭىز - ئوكيانلارنى «ھاياتلىق بۆشۈكى، بوران - يامغۇر ماكانى، بايلىق خەزىنىسى، قاتناش تۈگۈنى» دەپ مەدھىيەلىشىدۇ.

دېڭىز - ئوكيانلاردا مول بايلىق بار بولۇپ، كىشىلەر ئاساسلىقى دېڭىز - ئوكيان خىمىيەۋى بايلىقلىرى، دېڭىز - ئوكيان بىيولوگىيەلىك بايلىقلىرى، دېڭىز ئاستى قېزىلما بايلىقلىرى ۋە دېڭىز - ئوكيان ئېنېرگىيە بايلىقلىرىدىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك بايلىقتىن ئېچىپ پايدىلىنىۋاتىدۇ.

دېڭىز سۈيىنى بىۋاسىتە سانائەتنىڭ سوۋۇتۇش سۇ مەنبەسى قىلىشقا بولىدۇ، ئۇ يەنە تۇزسىزلاشتۇرىدىغان سۇنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبەسىدۇر. دېڭىز سۈيىدىن ھازىرغىچە 80 نەچچە تۈرلۈك خىمىيەلىك ئېلېمېنت بايقالدى. ئاشتۇزى، ماگنىي، بىروم، تاتلىق سۇ قاتارلىق دېڭىز - ئوكيان خىمىيەۋى بايلىقلىرىدىن ئېچىپ پايدىلىنىش سانائەتلەشكەن كۆلەمگە يەتتى.

دېڭىز - ئوكيانلاردىن 200 مىڭدىن ئارتۇق جانلىقلار تۈرى بايقالدى. دېڭىز - ئوكيان بېلىقچىلىق بايلىقى ئاساسلىقى دېڭىز بويىدىكى قۇرۇقلۇق سۈپىسى دېڭىز رايونىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى تۇتۇش پائالىيىتى يېقىن دېڭىزدىن دۇنيادىكى ھەرقايسى دېڭىز رايونلىرىغىچە كېڭەيدى. دېڭىز - ئوكيانلاردىكى بېلىق، راك، قۇلۇلە، يۇسۇن قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان دېڭىز - ئوكيان بىيولوگىيەلىك بايلىقلىرىنى بىۋاسىتە تۇتۇپ، ئوزۇقلۇق ۋە دورا قىلىپ پايدىلىنىشتىن باشقا، يەنە بېقىش، كۆپەيتىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ئۇلاردىن داۋاملىق پايدىلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدۇ.



دېڭىز - ئوكياندىكى قۇش تۈرلىرى ۋە دېڭىز - ئوكيان يۈزىدىكى بېلىق تۈرلىرى.

دېڭىز - ئوكيانلاردا دېڭىز ساھىلى، تېيىز دېڭىز، چوڭقۇر دېڭىز ۋە ئوكيان ئاستى ئويمانلىقى، شۇنىڭدەك ئوكيان تەكتى ئومۇرتقىسىدىكى ھەرخىل قېزىلما بايلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مول دېڭىز - ئوكيان قېزىلما بايلىقلىرى كۆمۈلۈپ ياتىدۇ. بۇلار ئاساسلىقى نېفىت، تەبىئىي گاز، مېتال مىنېراللار قۇرۇلمىسى، يەنە تۆمۈر، كادمىي، مانگان، نىكېل، كوبالت، ماگنىي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەرىكەتتىكى دېڭىز سۈيىدە غايەت زور ئېنېرگىيە ساقلىنىدۇ، ھازىر سودا خاراكتېرلىك ئېچىش قىممىتىگە ئىگە بولغانلىرىدىن دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن توك چىقىرىش بىلەن دولقۇندىن توك چىقىرىش بار.

**بېلىقچىلىق مەيدانى** دېڭىز بويىدا ياشاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كۆرۈپ باققان. دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلگەندە سۇ ئورنى كۆتۈرۈلۈپ، قاتمۇقات دولقۇن بۇژغۇنلىرى دېڭىز ساھىلىنى بېسىپ كېتىدۇ. دېڭىز سۈيى يانغاندا سۇ ئورنى تۆۋەنلەپ، قېپقالغان كۆركەم قۇلۇلە قاپلىرى دېڭىز ساھىلىدا چاقناپ تۇرىدۇ.

ئادەتتە دېڭىز سۈيى كۈندە ئىككى قېتىم كۆتۈرۈلۈپ - يانىدۇ ھەمدە كۆتۈرۈلۈش - يېنىش ۋاقتى بەلگىلىك قانۇنىيەتكە ئىگە. كىشىلەر ئەتىگەندىكى كۆتۈرۈلۈش بىلەن كەچتىكى كۆتۈرۈلۈشنى بىرلەشتۈرۈپ «كۆتۈرۈلۈش - پەسىيىش» دەپ ئاتىشىدۇ. قۇياش بىلەن ئاينىڭ يەر شارىدىكى ھەرقايسى جايلارغا بولغان تارتىش كۈچى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، يەر شارىدىكى سۇ ئورنى، يەر پوستى ۋە ئاتموسفېرادا دەۋرلىك كۆتۈرۈلۈش - پەسىيىشنى پەيدا قىلىدۇ، مانا بۇ «كۆتۈرۈلۈش - پەسىيىش»تۇر. ئەڭ روشەن كۆرۈلىدىغىنى دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدۇر. دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى دېڭىز ياقىلىرىدا دائىم كۆرۈلىدىغان تەبىئەت ھادىسىسى بولۇپ، ئاي شارى يەر شارىغا ئەڭ

www.uyghurkitap.com

يېقىن بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئادەتتە كۆرۈۋاتقان دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئاساسلىقى ئاي شارىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن. دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىلا يېرىدا دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش – پەسىيىشىنى كۆرگىلى بولىدۇ، پەقەت ۋاقتى ئىلگىرى – كېيىن، كۆتۈرۈلۈش پەرقى (يەنى دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنىڭ ئېگىز – پەس بولۇشىدىن كېلىپ چىققان سۇ ئورنى پەرقى) چوڭ – كىچىك بولىدۇ، ئادەتتە تەخمىنەن 2 ~ 3 مېتىر پەرق قىلىدۇ، دېڭىز قولتۇقى ۋە دەريانىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزلىرىدا كۆتۈرۈلۈش پەرقى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. جۇڭگونىڭ جېجياڭ ئۆلكىسى چيەنتاڭ دەرياسى ئېغىزىدا دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش پەرقى 9 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، دۇنيادىكى داڭلىق چوڭ كۆتۈرۈلۈش ھېسابلىنىدۇ. بۇنى قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەر «ئالەمدىكى ئاجايىپ مەنزىرە» دەپ تەرىپلىشىپ كەلگەن. دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن غايەت زور ئېنېرگىيە ھاسىل بولىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ دەۋرىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن زور ئېچىش قىممىتىگە ئىگە ئېنېرگىيەدۇر. 15 – ئەسىرلەردىلا كىشىلەر دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش – پەسىيىشىدىن پايدىلىنىپ تۈگمەن ياساپ گۈرۈچ يانجىپ، ئۇن تارتقان. ھازىر نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ئېنېرگىيەسىدە قوزغىلىدىغان ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇپ، توك چىقىرىپ پايدىلىنىۋاتىدۇ.

**دېڭىز تاشقىنى** دېڭىز تاشقىنى دېڭىز ئاستىدىكى يەر تەۋرەش، ۋولقان (يانار تاغ) پارتلاش، دېڭىز ئاستىدىكى يەرنىڭ سىيرىلىشى ۋە گۇمۇرۇلۇشىدىن قوزغىتىلغان، دولقۇن ئۇزۇنلۇقى نەچچە يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان غايەت زور دېڭىز – ئوكيان دولقۇنىنى كۆرسىتىدۇ. دېڭىز تاشقىنى يىراق دېڭىز تاشقىنى ۋە يەرلىك دېڭىز تاشقىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. يىراق دېڭىز تاشقىنى ئوكيان ئاتلىغان ياكى ناھايىتى يىراقتىن تارقىلىپ كەلگەن دېڭىز تاشقىنى بولۇپ، ئوكيان ھالقىغان دېڭىز تاشقىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېڭىز تاشقىنلىرى يەرلىك دېڭىز تاشقىنىغا مەنسۇپ بولۇپ، بۇ يەنە مەھەللىۋى دېڭىز تاشقىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دېڭىز تاشقىنى دېڭىز ساھىلى رايونلىرىغا يېتىپ



2005 – يىلى 1 – ئايدا يۈز بەرگەن ھىندى ئوكيان چوڭ تاشقىنى سىرى لانكا قىرغىقىنى بېسىۋالغان ۋاقىتتىكى كۆرۈنۈش.

كەلگەندە دېڭىز سۈيى تىك كۆتۈرۈلۈپ، «سۇ تېمى»نى ھاسىل قىلىدۇ، ئۇنىڭغا قاتتىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز قوشۇلۇپ، كۆزنى يۇمۇپ – ئاچقۇچە دېڭىز ساھىلىدىكى قورۇقلۇققا بېسىپ كىرىپ، ئېتىز – ئېرىق، يېزا – بازارلارنى يۇتۇپ تاشلايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇيۇقسىز چېكىنىدۇ، بۇ ئەھۋال تەكرار يۈز بېرىپ، غايەت زور ھاياتلىق ۋە مال – مۈلۈك زىيىنىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. 2004 – يىل 12 – ئاينىڭ 26 – كۈنى يۈز بەرگەن ھىندى ئوكيان چوڭ دېڭىز تاشقىنىدا جەمئىي 300 مىڭغا يېقىن ئادەم قازا قىلغان. يەر تەۋرەش دېڭىز تاشقىنىنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 99% يەر تەۋرەش دېڭىز تاشقىنى پەيدا قىلمايدىكەن، پەقەت كۈچى زور، تەۋرەش مەنبەسى تېيىز، دېڭىز ئاستىنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ بولغان يەر تەۋرەشلەرلا دېڭىز تاشقىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىنكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، دېڭىز ئاستى ۋولقانلىرىنىڭ پارتلىشى، تەيفېڭ بورىنى قاتارلىقلارمۇ دېڭىز تاشقىنىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

**ئوكيان ئېقىمى** 1513 – يىلى ئىسپانىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئادمىرالى P. de لىئونى بىر فىلوتنى باشلاپ، يىراق مۇساپىلەرنى بېسىپ شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىگە كېلىپ، فىلورىدانىڭ قىرغىقىدا لەڭگەر تاشلاپ كېمىنى توختاتماقچى بولغاندا، فىلوتتىكى بىر كېمە تۇيۇقسىز شىمال تەرەپكە لەيلەپ كېتىپ قالغان، بۇ كېمىدىكى كىشىلەر بىر مەھەل ئىلىشىپ، ناھايىتى تەسلىكتە كېمىنى قايتۇرۇپ كەلگەن. كېمىنى ئىتتىرىپ ماڭغۇزۇۋەتكىنى دەل ئوكيان ئېقىمىدۇر.

ئوكيان ئېقىمى دېڭىز سۈيىنىڭ مەلۇم يۆنىلىشنى بويلاپ كەڭ كۆلەمدە ئېقىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەنە دېڭىز ئېقىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئوكيان ئېقىمىنى ئاساسلىقى مۇقىم چىقىدىغان ئاساسلىق شامال كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېڭىز يۈزىدە شامال چىققاندا، شامالنىڭ سۇ يۈزىگە چۈشۈرگەن بېسىمى ۋە شامال بىلەن سۇ يۈزىنىڭ سۈركىلىش كۈچى دېڭىز سۈيىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە بەلگىلىك يۆنىلىشتە سىلجىتىدۇ، بۇ يىغىلىپ



دېڭىز ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە كۆچكەن قۇم ساھىلى.

ئېقىمغا ئايلىنىدۇ. دېڭىز سۈيىنىڭ زىچلىقىنىڭ ئوخشىماسلىقىمۇ ئوكيان ئېقىمىنى پەيدا قىلىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى، قۇرۇقلۇقنىڭ دائىرىسى ۋە ئاراللارنىڭ تارقىلىشى، دېڭىز ئاستىنىڭ ئېگىز - پەسلىكى، پەسلىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە دەريالاردىن دېڭىزغا قويۇلۇۋاتقان سۇ مىقدارى قاتارلىقلارمۇ ئوكيان ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تارقىلىشىغا خېلى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوكيان ئېقىمى دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ سىرتقى قەۋىتىدىمۇ، چوڭقۇر قاتلاملىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ، ئوكيان ئېقىمى ھەم گورىزونتال يۆنىلىشتە، ھەم ۋېرتىكال يۆنىلىشتە بولىدۇ. ۋېرتىكال يۆنىلىشتىكى ئوكيان ئېقىمى يەنە ئۆرلىگۈچى ئېقىم ۋە تۆۋەنلىگۈچى ئېقىم دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئوكيان ئېقىمى يەنە ئىللىق ئېقىم ۋە سوغۇق ئېقىم دەپمۇ ئايرىلىدۇ. ئوكيان ئېقىمىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان دېڭىز رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ كۆلەملىك ماددا ئالمىشىش ۋە ئېنېرگىيە ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئاساسلىق ئامىلدۇر. ئۇنىڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىكى كۆپ خىل فىزىكىلىق، خىمىيەلىك، بىيولوگىيەلىك، گېئولوگىيەلىك جەريان ۋە يۇقىرى بوشلۇقتىكى كىلىمات ۋە ھاۋارايىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى چەكلەپ تۇرۇش رولى بار.

**زىچلىق ئېقىمى** جەبىلتارىق بوغۇزىنىڭ سىرتقى قەۋىتىدىكى دېڭىز سۈيى ئاتلانتىك ئوكياندىن يەر ئوتتۇرا دېڭىزغا ئېقىپ كىرىدۇ، تۆۋەن قەۋىتىدىكى دېڭىز سۈيى يەر ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئاتلانتىك ئوكيانغا ئېقىپ كىرىدۇ. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى جەبىلتارىق بوغۇزىدىن ئۆتكەندە، مۇشۇ نۇقتىدىن پايدىلىنىپ بارلىق ماتورلارنى ئېتىۋېتىپ، دېڭىز ئېقىمىدىن پايدىلىنىپ يۈرۈش قىلىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيەگە بىمالال ھۇجۇم قىلغان. گېرمانىيە ئارمىيەسى پايدىلانغان بۇ دېڭىز ئېقىمى دەل زىچلىق ئېقىمىدۇر.

زىچلىقى ئوخشاشمايدىغان ئىككى ئاقما جىسىمنىڭ ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىدە نىسپىي ئېقىشى زىچلىق ئېقىمى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەنە ئېغىرلىق ئوخشاشماسلىقتىن ھاسىل بولغان ئېقىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. زىچلىق ئېقىمى گاز، سۇيۇقلۇق، پاتقاق قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئاقما جىسىملاردا پەيدا بولىدۇ. دېڭىز - ئوكيانلاردا دېڭىز سۈيىنىڭ زىچلىقى تەكشى بولماسلىقىدىن پەيدا بولغان دېڭىز سۈيىنىڭ ئېقىشى زىچلىق ئېقىمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دۇنيادىكى بەزى مەشھۇر ئوكيان ئېقىملىرى، مەسىلەن، قولتۇق ئېقىمى، قارا ئېقىم، ئېكۋاتور تەتۈر ئېقىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دېڭىز سۈيى زىچلىقىنىڭ تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوكيان ئېقىملىرىدۇر. ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن يەر ئوتتۇرا دېڭىزى ئوتتۇرىسىدىكى، يەر ئوتتۇرا دېڭىزى بىلەن قارا دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىم - ئايرىم ھالدا جەبىلتارىق بوغۇزى ۋە تۈركىيە بوغۇزى ئارقىلىق بولىدىغان سۇ ئالمىشىشى تۇزلۇق دەرىجىسىنىڭ پەرقىدىن كې-




دۇنيادىكى ئوكيان ئېقىملىرى.

uyghurtap.com

لىپ چىققان زىچلىق ئېقىمغا تېخىمۇ تىپىك مىسال بولالايدۇ.

**تولۇقلىما ئېقىم** دېڭىز سۈيى ئۈزلۈكسىزلىك ۋە بېسىلماسلىق (قىسىلماسلىق) خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بىر دېڭىز رايونىدىن دېڭىز سۈيى ئېقىپ چىقسا، قوشنا دېڭىز رايونىدىكى دېڭىز سۈيى ئۇنىڭ ئورنىنى تولۇقلايدۇ، بۇ خىل ئوكيان ئېقىمى تولۇقلىما ئېقىم دەپ ئاتىلىدۇ. تولۇقلىما ئېقىم ھەم گورىزونتال يۆنىلىشلىك، ھەم ۋېرتىكال يۆنىلىشلىك بولىدۇ. مەسىلەن، قىرغاق شامىلىنىڭ ئۇزاق مەزگىل ئۆزگەرمەي تۇرۇشى بىلەن سىرتقى قەۋەتتىكى دېڭىز سۈيى قىرغاقتىن ئايرىلىدۇ، قوشنا دېڭىز رايونىدىكى دېڭىز سۈيى مەزكۇر دېڭىز رايونىغا ئېقىپ كېلىپ، گورىزونتال يۆنىلىشتىكى تولۇقلىما ئېقىمنى ھاسىل قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆۋەنكى قەۋەتتىكى دېڭىز سۈيىمۇ دېڭىز يۈزىگە ئۆرلەپ چىقىپ، قىرغاقتىن ئايرىلىپ ئېقىپ كەتكەن دېڭىز سۈيىنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ، ۋېرتىكال يۆنىلىشلىك ئۆرلىگۈچى ئېقىمنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۆرلىگۈچى ئېقىم قۇرۇقلۇقنىڭ غەربىي قىرغاقلىرىدا بىرقەدەر روشەن بولىدۇ، پېرۇ ۋە چىلى دېڭىز قىرغاقلىرىدا، كالىفورنىيە دېڭىز قىرغىقىدا، ئافرىقىنىڭ غەربىي جەنۇب ۋە غەربىي شىمال دېڭىز قىرغاقلىرىدا بۇ خىل دېڭىز ئېقىمى بار. تولۇقلىما ئېقىم ئادەتتە شامال ھاسىل قىلغان دېڭىز ئېقىمى ۋە زىچلىق ئېقىمى بىلەن ماسلىشىپ، ئوكيان سىرتقى قەۋەتتىكى غايەت چوڭ ئايلانما ئېقىمنى ھاسىل قىلىدۇ.

**شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئىللىق ئېقىمى** ئەنگلىيەنىڭ ئۈچ ئارىلى گەرچە شىمالىي كەڭلىك 50° ئەتراپىغا جايلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەردە قىشلىقى ئانچە سوغۇق بولمايدۇ. ئەنگلىيەنىڭ كىلىماتىغا ئاساسلىقى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئىللىق ئېقىمى تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئىللىق ئېقىمى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ شىمالىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىللىق ئېقىم بولۇپ، ئۇ مېكسىكا قولتۇقى ئىللىق ئېقىمىنىڭ داۋامىدۇر. ئۇ يەنە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان غەرب شامىلى لەيلىمە ئېقىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئېقىم نيۇفوندلاند ساھىلىنىڭ سىرتقى گىرۋىكىدىن باشلىنىپ شىمالىي كەڭلىك 40° ئەتراپىدا شەرقىي شىمالغا قايرىلىپ ئاقىدۇ، شىمالىي كەڭلىك 50° ئەتراپىدا غول ئېقىمى شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، نورۋېگىيە دېڭىزى ئارقىلىق شىمالىي مۇز ئوكيانغا قويۇلىدۇ. غول بۆلىكىنىڭ ئېقىش سۈرئىتى ھەر سېكۇنتتا 0.25 ~ 0.50 مېتىرغىچە بولۇپ، شىمالغا قاراپ ئاستىلاپ بارىدۇ. سىرتقى قەۋەتتىنىڭ (سۇ يۈزىنىڭ) تېمپېراتۇرىسى 7℃ ~ 15℃ قىچە، ئېقىن مىقدارى سېكۇنتتا 20 مىليون كۇب مېتىردىن 40 مىليون كۇب مېتىرغىچە بولىدۇ. مەزكۇر ئىللىق ئېقىم ياۋروپانىڭ غەربىي قىسمىنىڭ كىلىماتىغا روشەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ ئېقىم ھەر يىلى غەربىي شىمالىي ياۋروپانىڭ ھەر كىلومېتىر دېڭىز قىرغىقىغا يەتكۈزىدىغان ئىسسىقلىقى تەخمىنەن 60 مىليون توننا كۆمۈر قويۇپ بېرىدىغان ئىسسىقلىققا باراۋەر كېلىدىكەن. شۇڭا بۇ ئېقىم ئېقىپ ئۆتكەن دېڭىز رايونىنىڭ كىلىماتى ئىللىق، سۇ پارنىنىڭ مىقدارى كۆپ بولىدۇ. ئۇ ئېقىپ ئۆتىدىغان لىنىيەنىڭ ئۈستىدىكى ئاتلانتىك ئوكيان ھاۋا ماسسىسى قۇرۇقلۇققا چىققاندا مول ھۆل - يېغىن ئېلىپ كېلىپ، ياۋروپانىڭ غەربىي قىسمىدىكى دېڭىز - ئوكيان خاراكتېرلىك كىلىمات ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە ناھايىتى چوڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

**پېرۇ سوغۇق ئېقىمى** ئېكۋاتورنىڭ كولون تاقىم ئاراللىرى گەرچە تىنچ ئوكياننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئېكۋاتورغا جايلاشقان بولسىمۇ، ئەمما پېرۇ سوغۇق ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، كىلىماتى سالقىن، قۇرغاق بولۇپ، ھۆل - يېغىن ئاز ياغىدۇ.

پېرۇ سوغۇق ئېقىمى خۇمبولدت سوغۇق ئېقىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ سوغۇق ئېقىملار ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، جەنۇبىي كەڭلىك 45° ئەتراپىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ ئېقىپ، ئېكۋاتور ئەتراپىغا بارىدۇ، بۇ ئوكيان ئېقىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3700 ~ 5000 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ، كەڭلىكى 370 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئوتتۇرىچە ئېقىش سۈرئىتى 0.9km/h كە يېتىدۇ. بۇ ئېقىم شىمالغا ئېقىش داۋامىدا، يەر ئايلىنىشىنىڭ ئېغىشتۇرغۇچ كۈچىنىڭ تەسىرىگە ۋە قىرغاقتىكى جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب ئاساسلىق شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، سىرتقى يۈزىدىكى دېڭىز سۈيى قىرغاقتىن ئايرىلىپ غەربكە قاراپ ئاقىدۇ - دە، تەخمىنەن 100 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئوتتۇرا قەۋەت دېڭىز سۈيى ئۆرلەپ دېڭىز يۈزىگە چىقىدۇ. بۇ دېڭىز سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ، سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە 14℃ ~ 16℃ قىچە بولۇپ، ئەتراپىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدىن 7℃ ~ 10℃ قىچە تۆۋەن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىرغاققا يېقىن ئوكيان يۈزىدە بۇلۇتلۇق ۋە تۇمانلىق ھاۋارايى كۆپ بولىدۇ. كۈن نۇرى ئاجىز بولىدۇ. دېڭىز سۈيى ئۆرلىگەندە زور مىقداردىكى نىترات، فوسفات قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلارنى بىللە ئېلىپ چىقىپ، لەيلىمە جانلىقلارنىڭ زور مىقداردا كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ، بېلىقلارنى مول يەمچۈك بىلەن تە-

مىنلەيدۇ. شۇڭا پېرۇ دېڭىز ياقىسى دۇنيا بويىچە داڭلىق بېلىقچىلىق مەيدانلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

**ئاسىيا قىتئەسى** «ئاسىيا» دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى ئاسسىرىيە تىلىدا «كۈن چىقىدىغان جاي» دېگەن مەنىسى بار. ئاسىيا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قىتئە بولۇپ، كۆلىمى 44 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 4/5 قىسمىنى، پۈتكۈل يەر شارىدىكى قۇرۇقلۇق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 1/3 ىنى ئىگىلەيدۇ. ئاسىيانىڭ ئەڭ شەرقىي ئۇچى بېرىنگ بوغۇزىغا يېقىن دېژنيوۋ تۇمشۇقى (غەربىي مېرىدىيان ′45 °169)، ئەڭ غەربىي ئۇچى كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىدىكى بابا تۇمشۇقى (شەرقىي مېرىدىيان ′10 °26) بولۇپ، شەرقتىن غەربكىچە 150 نەچچە گىرادۇسلۇق مېرىدىياننى ئاتلاپ تۇرىدۇ. غەربتىكى بابا تۇمشۇقىغا گۇگۇم چۈشكەندە، دېژنيوۋ تۇمشۇقىدا ئىككىنچى كۈننىڭ سەھىرى باشلىنىپ بولىدۇ، شەرق بىلەن غەربنىڭ ۋاقىت پەرقى 11 سائەتكە يېتىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا تەخمىنەن °90 پاراللېل كەڭلىكنى ئاتلاپ تۇرىدۇ، ئەڭ شىمالىي ئۇچى شىمالىي كەڭلىك °80 ئەتراپىدىكى شىمالىي رايون تاقىم ئاراللىرىغىچە، ئەڭ جەنۇبىي ئۇچى جەنۇبىي كەڭلىك °10 ئەتراپىدىكى ئىسسىق بەلباغقا جايلاشقان نۇساتېڭگارا تاقىم ئاراللىرىدىكى روتى ئارىلىغىچە يېتىپ بارىدۇ. ئاسىيا قىتئەسىنىڭ يەر مەيدانى كەڭ، تەبىئىي مۇھىتى ناھايىتى مۇرەككەپ، يەر شەكلى تاغلىق ۋە ئېگىزلىكلەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز ئېگىزلىك، تاغ تىزمىسى، تاغ چوققىسى، ئەڭ چوڭ، ئەڭ چوڭقۇر كۆل، ئەڭ پەس ئازگالنىڭ ھەممىسى ئاسىيا قىتئەسىگە جايلاشقان. ئاسىيانىڭ كىلىماتى مۇرەككەپ، خىلمۇخىل بولۇپ، پۈتكۈل يەر شارىدىكى 13 خىل كىلىمات تىپىنىڭ 12 خىلى ئاسىيادا بار. ئاسىيادا 40 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بار، نوپۇسى 3 مىليارد 875 مىليون (2004 ـ يىل) بولۇپ، دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

**ياۋروپا** ياۋروپانىڭ «غەربتىكى كۈن ئولتۇرىدىغان جاي» دېگەن مەنىسى بار. ياۋروپا ئاسىيا قىتئەسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىدىكى ئۇرال تاغلىرى، ئۇرال دەرياسى، كاۋكاز تاغ تىزمىسى ئارقىلىق ئاسىيا بىلەن چېگرالىنىپ تۇرىدۇ. كۆلىمى 10 مىليون 600 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ 1/4 ىگىمۇ يەتمەيدۇ. ياۋروپانىڭ يەر شەكلى تۈزلەڭلىكنى ئاساس قىلغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 200 مېتىردىن تۆۋەن بولغان تۈزلەڭلىك ياۋروپا ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 60% ىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ دۇنيادىكى دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى ئەڭ تۆۋەن قىتئە ھېسابلىنىدۇ. ياۋروپانىڭ ئۈچ تەرىپىنى دېڭىزلار ئوراپ تۇرىدۇ ھەمدە دېڭىز ـ ئوكيانلار ئىچكى قۇرۇقلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ تۇرىدۇ، چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ گىرۋەكلىرىدە نۇرغۇنلىغان ئىچكى دېڭىزلار، بوغۇزلار، دېڭىز قولتۇقلىرى يېرىم ئارال ۋە ئاراللار بار بولۇپ، دۇنيادىكى دېڭىز قىرغىقى ئەڭ ئەگرى ـ توقاي قىتئەدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە دېڭىز قىرغىقى ئەڭ ئەگرى ـ توقاي بولغىنى سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ جاي قەدىمكى مۇزلۇقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، قولتۇقسىمان دېڭىز قىرغىقىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ دېڭىز ـ ئوكيان قاتناش تىرانسپورتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەرگەن. ياۋروپانىڭ كىلىماتى يىل بويى غەرب شامالLىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئىللىق ئېقىمى تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، شۇڭا يىل بويى ئىللىق ۋە نەم بولىدۇ. ياۋروپانىڭ نوپۇسى زىچ بولۇپ، ئاسىيادىنلا كېيىن تۇرىدۇ. نوپۇسى 728 مىليون (2004 ـ يىل) بولۇپ، ئاھالىسى ئاق تەنلىكلەرنى ئاساس قىلىدۇ.

**ئافرىقا** ئافرىقا «ئاپتىپى ئوتتەك قىزىق» دېگەن مەنىدە. ئافرىقا ئاسىيا قىتئەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەسلىدە كىچىك بىر پارچە قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئاسىيا بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى، سۇۋەيش قانىلى قېزىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى قىتئە سۇ ئارقىلىق قارىشىپ تۇرىدىغان بولدى ھەمدە بۇ قانال ئىككى قىتئەنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگراغا


ئافرىقىدىكى ئۈمىد تۇمشۇقىدىن بىر كۆرۈنۈش.


دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز تاغ تىزمىسى — ھىمالايا تېغى.

ئايلاندى. ئافرىقا قىتئەسىنىڭ كۆلىمى 30 مىليون 290 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيا قۇرۇقلۇق كۆلىمىنىڭ %20.2نى ئىگىلەيدۇ. ئاسىيادىن قالسىلا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ قىتئە ھېسابلىنىدۇ. ئافرىقا دېڭىز قىرغىقى تۈز، ئاراللىرى ئەڭ ئاز قىتئەدۇر. بۇ بىر ئېگىزلىك چوڭ قۇرۇقلۇقى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 750 مېتىر كېلىدۇ، ئېگىز ـ پەسلىك پەرقى كىچىك. شەرق تەرىپىدە شەرقىي ئافرىقا چوڭ يېرىقى بار. قۇملۇق ئافرىقا كۆلىمىنىڭ 1/3نى ئىگىلەيدۇ. ئېكۋاتور، جەنۇبىي ۋە شىمالىي تىروپىك سىزىقلىرى بۇ چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كېسىپ ئۆتىدىغانلىقتىن، قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، ئېكۋاتوردىن جەنۇب ۋە شىمالغا قاراپ سىممېترىك كىلىمات بەلباغلىرى شەكىللەنگەن. بۇ جاينىڭ بىيولوگىيەلىك بايلىقى مول. بۇنىڭدىن باشقا، ئافرىقىنىڭ يەر ئاستىدا مول رەڭلىك مېتاللار، نېفىت، ئالتۇن، ئالماس قاتارلىق كان بايلىقلىرى كۆمۈلۈپ ياتىدۇ. ئافرىقىلىقلار ئىپتىخارلىق بىلەن ئافرىقىنى «ئالتۇن ئافرىقا» دەپ ئاتىشىدۇ. ئافرىقىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي ئۇچى ئۇمىد تۇمشۇقىدۇر. قارا تەنلىكلەر پۈتكۈل ئافرىقا ئاھالىسىنىڭ 2/3 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئافرىقا ئۇزاق مەزگىل مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچرىغان بولۇپ، «قۇل سودىسى» تۆت ئەسىر داۋاملاشقان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر كەينى ـ كەينىدىن مۇستەقىللىققە ئېرىشتى.

**شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەلىرى** بۇ ئىككى قىتئە بىرلەشتۇرۇلۇپ ئامېرىكا قىتئەسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىتالىيەلىك داڭلىق دېڭىزچى ئامېرىگو. ۋېسپۇسى C. كولۇمبۇ ئامېرىكا قىتئەسىنى «تاپقان»دىن 7 يىل كېيىن ئامېرىكىغا يېتىپ بارغان ھەمدە بۇنىڭ دۇنيادىكى يەنە بىر چوڭ قىتئە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان، كېيىن بۇ چوڭ قۇرۇقلۇقنى ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىغان. باشقا قىتئەلەر بىلەن بىردەك قىلىش ئۈچۈن «ئامېرىكا» قىتئەسىگە ئۆزگەرتكەن.

سىياسىي جۇغراپىيەدە ئادەتتە مېكسىكا، ئوتتۇرا ئامېرىكا، غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ لاتىن ئامېرىكىسى دېيىلىدۇ. چۈنكى 15 ـ ئەسىردىن بۇيان بۇ رايوندىكى كۆپىنچە دۆلەتلەر ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ، شۇ جايدىكى ئىندىيان تىلىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي لاتىن تىلى سىستېمىسىغا تەۋە بولغان ئىسپان تىلى بىلەن پورتۇگال تىلى ئىگىلىگەن، شۇڭا كىشىلەر بۇ رايوننى لاتىن ئامېرىكىسى دەپ ئاتاشقان. ئوتتۇرا ئامېرىكا مېكسىكىنىڭ جەنۇبى، كولومبىيەنىڭ شىمالىدىكى ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى ئاساسلىقى چوڭ ـ كىچىك ئانتىل تاقىم ئاراللىرى ۋە باھاما تاقىم ئاراللىرىدىن تەشكىل تاپقان.

شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى غەربىي يېرىم شارنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. غەربىي شىمالى بېرىنگ بوغۇزى ئارقىلىق ئاسىيا قىتئەسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. شەرقىي شىمالى دانىيە بوغۇزى ئارقىلىق ياۋروپا قىتئەسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، غەربىي جەنۇبى پاناما قانىلى ئارقىلىق جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ يەر مەيدانى 24 مىليون 228 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاسىيا بىلەن ئافرىقىدىنلا كېيىن تۇرىدۇ. شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى ئاراللىرىنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ قىتئە بولۇپ، چوڭ قۇرۇقلۇق قىرغىقىنىڭ سىرتىدا ئاراللار ناھايىتى كۆپ، گىرېنلاندىيە ئارىلى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئارال ھېسابلىنىدۇ. غەربىي قىسمىدىكى كوردىللېرا تاغ سىستېمىسى غەربىي جەنۇبقا سوزۇلۇپ، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئاندىس تاغ تىزمىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقىي تەرىپى تار كەتكەن تاغلىق بولۇپ، بۇ يەردە قەدىمىي ئاپپالاچىيە تاغ تىزمىسى بار. ئوتتۇرا قىسمى بىپايان چوڭ تۈزلەڭلىك — مىسسىسسىپى تۈزلەڭلىكى بولۇپ، دۇنيا بويىچە تۆتىنچى ئۇزۇن دەريا — مىسسىسسىپى دەرياسىنىڭ تىندۇرۇشىدىن ھاسىل بولغان. تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي تەرىپىگە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆللەر توپى — 5 چوڭ كۆل جايلاشقان. شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ كىلىمات تىپلىرى كۆپ خىل بولۇپ، ئاسىيانىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپا كۆچمەنلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، يەنە ئىندىيانلار، ئىنۇئىتلار بار. شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئەسلىي ئاھالىسى ئىندىيانلار بولۇپ، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئىندىيانلارنىڭ سانى كېمىيىپ ئەسلىدىكى نەچچە مىليوندىن ھازىرقى 300 ~ 400 مىڭغا چۈشۈپ قالغان. شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدە 36 دۆلەت ۋە رايون، 326 مىليون (2004 ـ يىل) نوپۇس بار.

جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى پاناما قانىلىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، جەنۇب تەرىپى درېيك بوغۇزى ئارقىلىق ئانتاركتىكا قىتئەسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. كۆلىمى 17 مىليون 970 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ شىمالى كەڭ، جەنۇبىي تار بولۇپ، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە كۆرۈنىدۇ. دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسى تۈز، چوڭ يېرىم ئاراللىرى ۋە ئاراللىرى يوق، دۇنيا بويىچە ئاراللىرىنىڭ كۆلىمى ئەڭ كىچىك قىتئە ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىگە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئېگىزلىك — برازىلىيە ئېگىزلىكى ۋە ئەڭ چوڭ تۈزلەڭلىك —

www.uyghurkitap.com

ئامازون تۈزلەڭلىكى جايلاشقان. جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى قىشلىقى قەھرىتان سوغۇق، يازلىقى تومۇز ئىسسىق بولمايدىغان بىر مۆتىدىل كىلىماتلىق چوڭ قۇرۇقلۇقتۇر. ئىندىيانلار بىلەن ياۋروپا كۆچمەنلىرىدىن بولغان شالغۇتلار (ئارىلاش قانلىقلار) ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدە 13 دۆلەت ۋە رايون بار، نوپۇسى 365 مىليون (2004 ـ يىل) غا يېتىدۇ.

**ئوكيانىيە قىتئەسى** دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك قىتئە بولۇپ، پۈتكۈل قىتئەنىڭ قۇرۇقلۇق ئومۇمىي كۆلىمى 8 مىليون 970 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ دۇنيا قۇرۇقلۇق كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 6%نى ئىگىلەيدۇ. ئوكيانىيە ئاۋستىرالىيە چوڭ قۇرۇقلۇقى، تاسمانىيە ئارىلى، يېڭى زېلاندىيەنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئارىلى، ئىرىيان ئارىلى، شۇنىڭدەك پولىنېزىيە، مىكرونېزىيە، مىلانېزىيەدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاقىم ئارال بولۇپ، جەمئىي 10 مىڭدىن كۆپ ئارالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاۋستىرالىيە چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوكيانىيەنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قىسمى بولۇپ، تىنچ ئوكيان بىلەن ھىندى ئوكيانىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. ئۇ ئاسىيادىكى بەزى ئاراللارغا ناھايىتى يېقىن تۇرىدۇ. شىمالىي تەرىپىدىكى ئىرىيان ئارىلى گىرېنلاندىيەدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ ئارال ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبىي تروپىك سىزىقى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەچكە، قۇرغاق كىلىمات شەكىللەنگەن. ئاۋستىرالىيە چوڭ قۇرۇقلۇقى ناھايىتى بۇرۇنلا ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئايرىلىپ كەتكەن، ئۆزىگە خاس تەبىئىي شارائىتتا، ئېۋكالىپىت دەرىخى، خالتىلىق ھايۋان قاتارلىق ئۆزگىچە قەدىمكى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى شەكىللەندۇرگەن.

ئوكيانىيەدىكى ئۈچ چوڭ تاقىم ئارال ئىچىدە، پولىنېزىيە «كۆپ ئاراللىق تاقىم ئاراللار» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھاۋاي تاقىم ئاراللىرى بىلەن مىدۋاي ئارىلى داڭلىق ئاراللاردۇر. مىلانېزىيە ئېكۋاتور بىلەن جەنۇبىي تروپىك سىزىقى ئارىلىقىدا بولۇپ، «قارا تەنلىكلەر تاقىم ئاراللىرى» دېگەن مەنىسى بار. مىكرونېزىيە «كىچىك تاقىم ئاراللار» دېگەن مەنىدە بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭقۇر مارىيانا دېڭىز جىلغىسى دەل مۇشۇ يەرگە جايلاشقان. بۇ ئاراللاردىن مول تىروپىك بەلباغ زىرائەتلىرى چىقىدۇ.

**ئانتاركتىكا قىتئەسى** يەر شارىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، ئومۇمىي كۆلىمى 14 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيا قۇرۇقلۇق كۆلىمىنىڭ 1/10نى ئىگىلەيدۇ، دۇنيادىكى يەتتە چوڭ قىتئە ئىچىدە 5 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئانتاركتىكا قىتئەسىنىڭ ھەممە يېرى دېگۈدەك جەنۇبىي قۇتۇپ چەمبىرىكى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، دۇنيا بويىچە جۇغراپىيەلىك كەڭلىكى ئەڭ يۇقىرى قىتئەدۇر. پۈتكۈل چوڭ قۇرۇقلۇق يەر يۈزىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قېلىن قار ـ مۇزلار قاپلاپ تۇرىدۇ، مۇز قاتلىمىنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 2000 مېتىر كېلىدۇ، بەزى جايلىرى ھەتتا 4800 مېتىردىن ئاشىدۇ. يەر شارىدىكى 90% تەبىئىي مۇز مۇشۇ يەرگە توپلاشقان، ئەگەر بۇ مۇزلارنىڭ ھەممىسى ئېرىپ كەتسە، دۇنيادىكى دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ يۈزى 50 ~ 70 مېتىرغىچە كۆتۈرۈلىدۇ. ئانتاركتىكا دۇنيا بويىچە ئەڭ سوغۇق چوڭ قۇرۇقلۇق بولۇپ، دەھشەتلىك قار ـ شىۋىرغان بۇ جاينىڭ گەۋدىلىك كىلىمات ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ سوغۇق بولغاندا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 80℃ ـ تىن تۆۋەن بولىدۇ. تەبىئىي شارائىت ناچار بولغاچقا، بۇ يەردە جانلىقلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ گىرۋەكلىرىدە قارامتۇل يېشىل مۇخلار، لىشاينىكلار بار، پىنگۋىن بۇ جايدىكى ئەڭ ئاساسلىق ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەر شارىدىكى تا ھازىرغىچە ئادەم ئولتۇراقلاشمىغان چوڭ قۇرۇقلۇقتۇر.

**قۇرۇقلۇق** كىشىلەر دېڭىز ـ ئوكيانلار قۇرۇقلۇقنى قورشاپ تۇرىدۇ، قۇرۇقلۇقلار دېڭىز ـ ئوكيانلارنى ئايرىپ تۇرىدۇ دېيىشىدۇ. يەر شارىدىكى قۇرۇقلۇقلار پارچە ـ پارچە ھالدا دۇنيادىكى دېڭىز ـ ئوكيانلارغا تارقالغان.

قۇرۇقلۇق يەر شارى يۈزىنىڭ سۇ يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۇرغان قىسمىدۇر. بۇ قۇرۇقلۇقلارنىڭ چوڭ پارچىلىرى چوڭ قۇرۇقلۇق دېيىلىدۇ. كىچىك پارچىلىرى ئارال دېيىلىدۇ. پۈتكۈل يەر شارىدا جەمئىي 6 پارچە چوڭ قۇرۇقلۇق بار، ئۇلار شەرقىي يېرىم شاردىكى ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى، ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقى، ئاۋستىرالىيە چوڭ قۇرۇقلۇقى، شەرقىي يېرىم شاردىكى شىمالىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى، شۇنىڭدەك يەر شارىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى ئانتاركتىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئىبارەت. ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئاۋستىرالىيە چوڭ قۇرۇقلۇقى كۆلىمى ئەڭ كىچىك چوڭ قۇرۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ. ئاۋستىرالىيە چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كۆلىمىدىن كىچىك قۇرۇقلۇقلار ئارال دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئارال گىرېنلاندىيە ئارىلىدۇر. يەر شارىدا نەچچە ئون مىڭ ئارال بار بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 9 مىليون 700 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ، بۇ جۇڭگونىڭ يەر مەيدانى بىلەن تەڭلىشىپ قالىدۇ. يەر شارىدىكى چوڭ قۇرۇقلۇق ۋە ئاراللارنى قوشقاندا كۆلىمى 149 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ 15 جۇڭگونىڭ قۇرۇقلۇق كۆلىمىگە باراۋەر كېلىدۇ. چوڭ قۇرۇقلۇق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاراللار قوشۇلۇپ قىتئە دەپ ئاتىلىدۇ. ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى گەرچە بىر پۈتۈن قۇرۇقلۇق بولسىمۇ، يەنىلا

ئاسىيا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئىككى قىتئەگە بۆلۈنىدۇ. شۇنداق بولغاندا، دۇنيادا ئالتە چوڭ قۇرۇقلۇق، يەتتە قىتئە بار.

**دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسى** قۇرۇقلۇق بىلەن ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىنىڭ كېسىشكەن سىزىقى دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسى دېيىلىدۇ. جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ قىرغاق لىنىيەسى شىمالىي تەرەپتە جۇڭگو - چاۋشيەن چېگراسىدىكى يالۇجياڭ دەرياسى ئېغىزىدىن باشلىنىپ، ئەگرى - توقاي ھالدا جەنۇبقا (سائەت ئىستىرېلكىسى يۆنىلىشى بويىچە) سوزۇلۇپ تاكى جۇڭگو - ۋيېتنام چېگراسىدىكى بېيلۇن دەرياسى ئېغىزىغىچە داۋاملىشىپ، دېڭىزغا قاراپ بۆرتۈپ چىققان يايسىمان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. جۇڭگونىڭ دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 32 مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسى 18 مىڭ كىلومېتىر، ئاراللارنىڭ دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسى 14 مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ. چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسى خاڭجۇ قولتۇقىنى چېگرا قىلغاندا، جەنۇبىي قىسمى كۆپىنچە قىيا تاشلىق قىرغاقلار، شىمالىي قىسمى قۇملۇق قىرغاقلارنى ئاساس قىلغان. جۇڭگونىڭ دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسى ئەگرى - توقاي ھالەتتە بولۇپ، چوڭراق دېڭىز قولتۇقلىرىدىن 150ى بار، كەڭتاشا ھەم چوڭقۇر سۇلۇق تەبىئىي پورتلار كۆپ.

**دېڭىز ئاستى يەر شەكلى** دېڭىز يۈزىنى ئۆلچەم قىلغاندا، قۇرۇقلۇقنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 840 مېتىر، دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 3800 مېتىر كېلىدۇ. چوڭقۇر دېڭىز سۈيى دېڭىز ئاستىنىڭ قىياپىتىنى يېپىپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، دېڭىز ئاستى يەر شەكلىنىڭ ئېگىز - پەسلىكى قۇرۇقلۇقنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. دېڭىز ئاستى يەر شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكگە ئاساسەن، دېڭىز ئاستىنى قۇرۇقلۇق سۆپىسى، قۇرۇقلۇق يانتۇلۇقى ۋە ئوكيان ئاستى قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈشكە بولىدۇ.




قۇرۇقلۇق سۆپىسى قۇرۇقلۇقنىڭ دېڭىز - ئوكيانغا سوزۇلغان ھەمدە دېڭىز سۈيى بېسىپ تۇرغان قىسمى بولۇپ، يانتۇلۇق دەرىجىسى ئىنتايىن كىچىك، دېڭىز سۈيى ناھايىتى تېيىز بولۇپ، ئادەتتە نەچچە يۈز مېتىرلا كېلىدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى قۇرۇقلۇق سۆپىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى دېڭىز - ئوكيان ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 7.5%نى ئىگىلەيدۇ. قۇرۇقلۇق سۆپىسىنىڭ ئاستى قىسمىنىڭ يانتۇلۇقى روشەن ئېشىپ بارىدۇ، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىمۇ تېزدىن ئېشىپ، 2000 ~ 3000 مېتىر چوڭقۇرلۇققا يېتىپ بارىدۇ، بۇ تىك يانتۇلۇق قۇرۇقلۇق يانتۇلۇقى دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرۇقلۇق يانتۇلۇقىنىڭ ئاستى قىسمى قۇرۇقلۇق بىلەن ئوكياننىڭ ھەقىقىي چېگراسىدۇر. مۇشۇ چېگرادىكى يەر پوستىنىڭ گېئولوگىيەلىك قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، غايەت زور يېرىلىش يۈز بېرىپ، بىر قاتار تار ھەم ئۇزۇن دېڭىز جىلغىلىرى ھاسىل بولغان. بۇ ئوكيان ئاستىدىكى ئەڭ چوڭقۇر جايلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ جايلاردىكى يەر پوستى تا بۈگۈنگىچە يەنىلا كۈچلۈك ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، يەر تەۋرەش كۆپ كۆرۈلۈۋاتىدۇ، يانار تاغلار دائىم پارتلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئوكيان ئاستى ئوكياننىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى بولۇپ، دېڭىز - ئوكيان كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 80%نى ئىگىلەيدۇ. ئوكيان تېگى ئومۇرتقىسىنىڭ ئىككى يېنى بىپايان ئوكيان ئويمانلىقى بولۇپ، دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئومۇمەن 4000 ~ 5000 مېتىر كېلىدۇ.

**قۇرۇقلۇق سۆپىسى** دېڭىز - ئوكيانلارنى ئېچىشقا ئەگىشىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر قۇرۇقلۇق سۆپىسىغا بارغانسېرى كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. خەلقئارادا قۇرۇقلۇق سۆپىسى قۇرۇقلۇقنى چۆرىدىگەن، دېڭىزنىڭ پەسەيگەن سۇ ئورنىدىن دېڭىز ئاستى يانتۇلۇقى تېز چوڭايغان چوڭقۇرلۇقچە بولغان ئارىلىقتىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. يەنى قۇرۇقلۇق سۆپىسى قۇرۇقلۇق گىرۋىكىنىڭ دېڭىز يۈزىنىڭ ئاستىدىكى تەبىئىي سوزۇلۇپ بارغان تەكشىرەك قىسمىدىن ئىبارەت. ئادەتتە ئۇنىڭ يانتۇلۇقى °2 تىن، چوڭقۇرلۇ-



ياپون دېڭىزى ئاستىدىكى يانار تاغنىڭ پارتلىشى.

قى 200 مېتىردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. قۇرۇقلۇقلارنىڭ گىرۋىكىنىڭ سىرتىدا ئادەتتە قۇرۇقلۇق سۇپىسى يېتىلگەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەڭ كەڭلىرى 1100 كىلومېتىر كېلىدۇ.

قۇرۇقلۇق سۇپىسى دېڭىز رايونىدا سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقى مول بولىدۇ، قۇرۇقلۇق سۇپىسىنىڭ يەر قاتلىمىدا نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ئاليۇمىن قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار مول ساقلانغان. قۇرۇقلۇق سۇپىسى دېڭىزغا يانداش تۇرغان دۆلەت تېررىتورىيەسىنىڭ تەبىئىي داۋامى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تەبىئىي بايلىقلار دېڭىز ياقىسىدىكى دۆلەتكە تەئەللۇق بولىدۇ.

جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىغا تۇتىشىپ تۇرغان بوخەي دېڭىزى، سېرىق دېڭىز، شەرقىي دېڭىز ۋە جەنۇبىي دېڭىز قاتارلىق دېڭىز رايونلىرىدا قۇرۇقلۇق سۇپىسى ناھايىتى كەڭ تارقالغان. بۇ دېڭىزلاردىكى قۇرۇقلۇق سۇپىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ باي، ئەڭ كەڭ قۇرۇقلۇق سۇپىلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئەڭ ئىستىقبالغا ئىگە نېفىت زاپىسى بار رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. 21 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىلا، جۇڭگو بۇ رايونلاردىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، نېفىت ئېلىشقا باشلىدى.

**مەخسۇس قاراشلىق ئىقتىسادىي رايون** 1996 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 - قېتىملىق يىغىنى «ب د ت دېڭىز - ئوكيان قانۇنى ئەھدىنامىسى»غا قاراپ چىقىپ، ئۇنى تەستىقلىدى. ئۇنىڭدا مەخسۇس قاراشلىق ئىقتىسادىي رايون توغرىسىدا مەخسۇس بەلگىلىمە بار.

مەخسۇس قاراشلىق ئىقتىسادىي رايون دېڭىز ياقىسىدىكى دۆلەتنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىنىڭ سىرتىغا تۇتىشىپ تۇرغان دېڭىز رايونىدا تەسىس قىلىنغان بىرخىل مەخسۇس قاراشلىق باشقۇرۇش رايونىنى كۆرسىتىدۇ. «ب د ت دېڭىز - ئوكيان قانۇنى ئەھدىنامىسى»دە: دېڭىز ياقىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ 12 دېڭىز مىللىق دېڭىز تەۋەلىكى ھوقۇقى بولۇشتىن سىرت، يەنە ئۆزىنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىنىڭ سىرتىدا مەخسۇس قاراشلىق ئىقتىسادىي رايون تەسىس قىلىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ دائىرىسى دېڭىز تەۋەلىكى ئاساسىي سىزىقىدىن باشلاپ 200 دېڭىز مىلىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بۇ مەخسۇس قاراشلىق ئىقتىسادىي رايون ئىچىدە، مۇناسىۋەتلىك دۆلەتنىڭ قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئېچىش، پايدىلىنىش، ئاسراش ۋە دېڭىز قىنى ئۈستىنى قاپلاپ تۇرغان سۇ رايونىنى، شۇنداقلا يەر ئاستىدىكى تەبىئىي بايلىقلارنى باشقۇرۇش ئىگىلىك ھوقۇقى بار. باشقا دۆلەتلەرنىڭ دېڭىزدا قاتناش، ئۇچۇپ ئۆتۈش، دېڭىز ئاستى كابېلى ۋە تۇرۇبا يولى ياتقۇزۇش قاتارلىق ئەركىنلىكلىرى بولىدۇ. دېڭىز قىرغاقلىرى بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز رايونىنىڭ كەڭلىكى 400 دېڭىز مىلىغا يەتمىگەندە، مەخسۇس قاراشلىق ئىقتىسادىي رايوننىڭ چېگراسىنى «خەلقئارا سوت پۈتۈمى» نىڭ 38 - ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن خەلقئارا قانۇن ئاساسىدا كېلىشىپ ئايرىپ، ئادىل ھەل قىلىش كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. 200 دېڭىز مىلى مەخسۇس قاراشلىق ئىقتىسادىي رايون بويىچە ھېسابلىغاندا، جۇڭگونىڭ دېڭىز - ئوكيان كۆلىمى تەخمىنەن 3 مىليون كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بۇ دېڭىز رايونىدىكى مول بايلىقلار جۇڭگونىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

2002 - يىلى «ئەھدىنامە»نى پۈتۈشكەن دۆلەتلەر 138گە، ئەھدىنامىنى تەستىقلىغان دۆلەتلەر 193 كە يەتتى.

**دېڭىز جىلغىسى** تىنچ ئوكياندىكى مارىيانا دېڭىز جىلغىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 11034 مېتىر (بىرخىل قاراش) بولۇپ، دۇنيادىكى دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايى ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر جومولاڭما چوققىسىنى دېڭىز جىلغىسىغا سېلىپ قويساق، ئۇنىڭ چوققىسى يەنىلا سۇ يۈزىگە چىقالمايدۇ.

دېڭىز جىلغىسى چوڭقۇر دېڭىز ئويمانلىقى ياكى گىرۋەكلىرىدىكى تار ھەم ئۇزۇن كەتكەن ئازگاللارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 6000 مېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ، ئىككى يېنى تىك كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى نەچچە مىڭ كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئۈستى قىسمىنىڭ كەڭلىكى 700 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، تېگىنىڭ ئارانلا نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئوكيانلارنىڭ گىرۋەكلىرىگە جايلاشقان بولۇپ، ئادەتتە ئاراللار يايى بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆرۈلىدۇ، سوزۇلۇپ ياتقان يۆنىلىشى بىردەك بولىدۇ. دېڭىز جىلغىسى ئوكيان بۆلىكى بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇق بۆلىكى سوقۇلۇشقان جايدا بولۇپ، ئوكيان يەر پوستى تۆۋەنگە شۇڭغۇپ چوڭ قۇرۇقلۇق يەر پوستىنىڭ ئاستىغا كىرىشىدىن شەكىللىنىدۇ، دېڭىز تەكتىنىڭ كېڭىيىشىدىن سىلجىغان ئەسلىدىكى ئوكيان يەر پوستى دېڭىز جىلغىسىدىن شۇڭغۇپ يەر ئارىلىق قەۋىتىگە بارغاندا ئېرىپ تۈگەيدۇ.

ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان دېڭىز جىلغىسىدىن 53 ى بار، چوڭقۇرلۇقى 10 مىڭ مېتىردىن ئېشىپ كېتىدىغان دېڭىز جىلغىسىدىن 6 سى بار، تىنچ ئوكياندا 28 ى بار.

**بوخەي دېڭىزى** بوخەي دېڭىزىنىڭ ئۈچ تەرىپىنى قۇرۇقلۇق ئوراپ تۇرىدۇ، ئۇ بىر قىيپاش قويۇلغان قاپاققا ئوخشايدۇ، پەقەت شەرقىي تەرىپىدىلا چىقىش ئېغىزى بار. ئۇ بىر يېرىم يېپىق كەلگەن قۇرۇقلۇق سۇپىسىدىكى تېيىز دېڭىز بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئەڭ چوڭ ئىچكى دېڭىزى، شۇنداقلا شىمالىي جۇڭگونىڭ دېڭىز - ئوكيانغا چىقىدىغان ئىشىكىدۇر.

بوخەي دېڭىزىنىڭ كۆلىمى 77 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جوڭگونىڭ تۆت چوڭ يېقىن دېڭىزى (بوخەي دېڭىزى، سېرىق دېڭىز، شەرقىي دېڭىز ۋە جەنۇبىي دېڭىز) ئىچىدە ئەڭ كىچىكى ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 18 مېتىر، ماكسىمۇم چوڭقۇرلۇقى 70 مېتىر كېلىدۇ. بوخەي دېڭىزىنىڭ جەنۇب ـ شىمال ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 556 كىلومېتىر، شەرق ـ غەرب كەڭلىكى تەخمىنەن 346 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز رايونىنىڭ ھەممىسى قۇرۇقلۇق سۇپىسى بولۇپ، نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقى مول.



بوخەي دېڭىزىدا نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش.

200 مىليون يىل بۇرۇنقى ئوتتۇرا ھايات ئېراسىدا بوخەي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى تۇتاش كەتكەن قۇرۇقلۇق ئىدى. كېيىن يەر پوستى ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن قۇرۇقلۇق ئولتۇرۇشۇپ، تۆۋەنگە چۆككەن ئويمانلىق ھاسىل بولغان. بۇ يەرنى تەدرىجىي سۇ بېسىۋالغان. شۇڭا بوخەي دېڭىزىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ زىچ ئالاقىسى بار. ئۇنىڭ دېڭىز تېگى ھازىرمۇ ئاستا ـ ئاستا چۆكۈپ بارماقتا.

بوخەي دېڭىزىغا نۇرغۇن تاتلىق سۇلۇق دەريالار قۇيۇلىدۇ، شۇڭا ئۇ جوڭگو بويىچە تۇزلۇقلۇق دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن دېڭىز رايونى ھېسابلىنىدۇ. دەريالار زور مىقداردىكى لاتقىنى ئېلىپ دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. خۇاڭخې دەرياسى ھەر يىلى 1 مىليارد توننىدىن ئارتۇق لاتقىنى ئېقىتىپ كىرىپ بوخەي دېڭىزىنى جوڭگو بويىچە دۇغلۇق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى دېڭىزغا ئايلاندۇرغان. بوخەي دېڭىزىنىڭ جۇغراپىيەلىك كەڭلىكى يۇقىرىراق بولۇپ، جوڭگودىكى ئەڭ سوغۇق دېڭىز ھېسابلىنىدۇ. قىشلىقى چىڭخۇاڭ ئارىلى، قاپاق ئارىلى قاتارلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دېڭىز قىرغىقىنىڭ ھەممىلا جايلىرىدا مۇز تۇتىدۇ.

**سېرىق دېڭىز** پاراخوتتا ئولتۇرۇپ ياكى ئايروپىلان بىلەن سېرىق دېڭىزنىڭ يۈزىگە ياكى يۇقىرى بوشلۇقىغا كەلسىڭىز، دېڭىز يۈزىدىكى ئاجايىپ بىر مەنزىرە كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ: دېڭىز سۈيىنىڭ رەڭگى ئىچكى قىسمىدىكى كۆكۈش رەڭدىن قىرغاققا قاراپ تەدرىجىي سارغۇچ يېشىل ياكى سۇس سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىپ بارىدۇ، مانا بۇ سۇ رايونى دەل سېرىق دېڭىزدۇر. ئۇزۇندىن بۇيان خۇاڭخې، خۇەيخې دەريالىرى ھېسابسىز سارغۇچ پوررەڭ لاتقىنى سېرىق دېڭىزغا ئېقىتىپ كېلىپ، ئۇنى دۇنيا بويىچە لاتقا ئەڭ كۆپ قويۇلىدىغان ياقا دېڭىزغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. سارغۇچ پوررەڭ دۇغ لاتقىلار كۆپكۆك دېڭىز سۈيى بىلەن ئارىلىشىپ، نەچچە يۈز چاقىرىملىق دېڭىز رايونى سارغۇچ رەڭگە كىرىدۇ، سېرىق دېڭىز دېگەن نام مانا مۇشۇنىڭدىن كەلگەن.

سېرىق دېڭىز جوڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئۇ يېرىم يېپىق ھالەتتىكى قۇرۇقلۇق سۇپىسىدىكى تېيىز دېڭىزدۇر. كۆلىمى 380 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، يۇننەن ئۆلكىسىنىڭ كۆلىمى بىلەن تەڭلىشىپ قالىدۇ. سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 44 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر جايلىرى تەخمىنەن 140 مېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭدىن 60 ~ 70 مىليون يىل ئىلگىرى سېرىق دېڭىز رايونى ئەسلىدە بىر قۇرۇقلۇق ئىدى، يەر پوستىنىڭ ئۈزۈلۈشى بىلەن قۇرۇقلۇق ئولتۇرۇشۇپ، تەدرىجىي دېڭىز ھاسىل بولغان. ئۇ چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كېلىپ چىققان دېڭىزدۇر. سېرىق دېڭىزنىڭ مەيلى كلىمات ئەھۋالى، سۇ رايى ئالاھىدىلىكى بولسۇن ياكى سۇدىكى جانلىقلىرى بولسۇن، ھەممىسى قۇرۇقلۇقنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھازىر سېرىق دېڭىزغا قويۇلۇۋاتقان دەريالاردىن جوڭگونىڭ خۇەيخې دەرياسى، جوڭگو ـ چاۋشيەن چېگراسىدىكى يالۇجياڭ دەرياسى، چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى داتۇڭ دەرياسى، خەنجياڭ دەرياسى قاتارلىقلار بار. دېڭىزغا قويۇلىدىغان دەريالار ئازراق، سېرىق دېڭىز ئىللىق ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقتىن، ئۇنىڭ تۇزلۇق دەرىجىسى بوخەي دېڭىزىدىن تېخىمۇ يۇقىرى.

**شەرقىي دېڭىز** شەرقىي دېڭىز كەڭرەك كەلگەن تىپىك ياقا (قىر-



شەرقىي دېڭىز «پىڭخۇ» 1 ـ نومۇرلۇق نېفىت قۇدۇقىدىن نېفىت ئېتىلىپ چىقماقتا.

غاق) دېڭىزدۇر. ئۇنىڭ كۆلىمى 770 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، سېرىق دېڭىزنىڭ 2 ھەسسىسىگە، بوخەي دېڭىزىنىڭ 10 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 370 مېتىر بولۇپ، سېرىق دېڭىز ۋە بوخەي دېڭىزىنىڭكىدىن خېلىلا كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ، ئەڭ چوڭقۇر يېرى ئوكىناۋا دېڭىز ئوقۇرىدا بولۇپ، 2719 مېتىرغا يېتىدۇ. شەرقىي دېڭىزنىڭ دېڭىز ئاستى يەر شەكلى ئېچىپ قويغان يەلپۈگۈچكە ئوخشايدىغان بولۇپ، بوخەي دېڭىزى ۋە سېرىق دېڭىزلارنىڭكىدىن كۆپ مۇرەككەپ. ئۇنىڭدا قورۇقلۇق سۇ پېسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە قۇرۇقلۇق يانتۇلۇقى، دېڭىز ئوقۇرىمۇ بار. قورۇقلۇق سۇپىسىنىڭ كۆلىمى پۈتكۈل دېڭىز رايونىنىڭ 1/3 نى ئىگىلەيدۇ. شەرقىي دېڭىزغا قويۇلىدىغان دەريالاردىن ئاساسلىقى چاڭجياڭ، چيەنتاڭجياڭ، مىنجياڭ ۋە جۇشۈيشى قاتارلىق دەريالار بار. تىنچ ئوكيانىنىڭ تەسىرىدە، شەرقىي دېڭىزنىڭ سۇ تېمپېراتۇرىسى، تۇزلۇق دەرىجىسى سېرىق دېڭىز ۋە بوخەي دېڭىزلىرىنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

شەرقىي دېڭىز يەر تەۋرەش ھەرىكەتچان رايونى بولۇپ، رىيۇكيۇ تاقىم ئاراللىرىدا يەر تەۋرەش دائىم يۈز بېرىدۇ.

**جەنۇبىي دېڭىز ۋە جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرى** جەنۇبىي دېڭىز جۇڭگونىڭ ئەڭ جەنۇبقا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ دېڭىز سودىسىدا چوقۇم ئۆتىدىغان جاي، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. جەنۇبىي دېڭىز جۇڭگونىڭ ئەڭ چوڭ، ئەڭ چوڭقۇر ياقا دېڭىزى، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى چوڭ دېڭىزدۇر. كۆلىمى 3 مىليون 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بوخەي دېڭىزى، سېرىق دېڭىز، شەرقىي دېڭىزلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 3 ھەسسىسىگە باراۋەر دېگۈدەك كېلىدۇ. ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 1212 مېتىر كېلىدۇ، ئەڭ چوڭقۇر يېرى ئوتتۇرا قىسمىدا بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 5559 مېتىرغا يېتىدۇ.

جەنۇبىي دېڭىز شىمالىي تەرىپى جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن، شەرق تەرىپى فىلىپپىن تاقىم ئاراللىرى بىلەن، غەرب تەرىپى ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى بىلەن، جەنۇب تەرىپى كالىمانتان ئارىلى ۋە سۇماترا ئارىلى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان بىر قەدەر مۇكەممەل چوڭقۇر دېڭىز ئويمانلىقىدۇر. پۈتكۈل دېڭىز ئويمانلىقىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چوڭ قورۇقلۇق، يېرىم ئاراللار ۋە ئاراللار بىلەن قورشىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئەتراپتىكى بەزى دېڭىز بوغۇزلىرى ئارقىلىق قوشنا دېڭىز رايونلىرى ۋە تىنچ ئوكيان، ھىندى ئوكيانلار بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي دېڭىزغا قويۇلىدىغان دەريالاردىن جۇڭگونىڭ جۇجياڭ دەرياسى، ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىدىكى قىزىل دەريا، مېكوڭ دەرياسى قاتارلىقلار بار. جەنۇبىي دېڭىزنىڭ دېڭىز ئاستى يەر شەكلى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، قورۇقلۇق سۇپىسىنىڭ كۆلىمى مەزكۇر دېڭىز رايونى كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بۇ دېڭىزدا يەنە قۇرۇقلۇق يانتۇلۇقى، چوڭقۇر دېڭىز ئويمانلىقى، دېڭىز جىلغىسى، دېڭىز ئوقۇرى قاتارلىقلار بار.


جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خادا تاشلارنى قوغداش جەڭچىلىرى نەنشا تاقىم ئاراللىرىدىكى يۇڭشۇ خادا تېشى ئۈستىدە. (سۈرەتنى ۋاڭ خۇڭ، گۇا ۋېن تارتقان)

جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرى جۇڭگونىڭ جەنۇبىي دېڭىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئاراللار، قۇم ساھىللىرى، خادا تاشلار، يوشۇرۇن قۇم ساھىللىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سۇ يۈزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ، بەزىلىرى سۇدا يوشۇرۇن تۇرىدۇ. چوڭ - كىچىك ئاراللاردىن جەمئىي 250 نەچچىسى بار بولۇپ، گويا دانە - دانە مەرۋايىتتەك بېپايان، ھەيۋەتلىك جەنۇبىي دېڭىزدا تارقىلىپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مارجان خادا تاشلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، تارقىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، دۇڭشا تاقىم ئاراللىرى، شىشا تاقىم ئاراللىرى، جۇڭشا تاقىم ئاراللىرى، نەنشا تاقىم ئاراللىرى ۋە سېرىق تاغ جىنسى ئاراللىرى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نەنشا تاقىم ئاراللىرىنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئارال ۋە خادا تاشلىرى ئەڭ كۆپ. جەنۇبىي ئۈچىدىكى زېڭمۇ ئەنشا شالىسى كەڭلىك 4° ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ.

جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرى شىمالىي تىروپىك سىزىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، كىلىماتى تىروپىك بەلباغ دېڭىز - ئوكيان خاراكتېرىدىكى مۇسسۇن شامالىلىق كىلىماتقا تەۋە. تېمپېراتۇرىسى يىل بويى يۇقىرى بولىدۇ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ياز بولىدۇ، ئەمما دائىم دېڭىز شاملى چىقىپ تۇرغانلىقتىن، قاتتىق ئىسسىق بولمايدۇ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 1400 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ جاي دېڭىز قۇشلىرىنىڭ دۇنياسى، شۇنداقلا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

جۇڭگودىكى دېڭىز ـ ئوكيان بېلىقچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى ئەڭ كۆپ جاي ھېسابلىنىدۇ.

**ئەرەب دېڭىزى** ھىندى ئوكياننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ياقا دېڭىز بولۇپ، ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى ھىندى يېرىم ئارىلى بىلەن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. دېڭىز رايونىنىڭ شىمالىي تەرىپى تار، جەنۇبىي تەرىپى كەڭ بولۇپ، ئەدەن قولتۇقى ۋە ئومان قولتۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كۆلىمى 3 مىليون 860 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 2734 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 5203 مېتىر كېلىدۇ. دېڭىز قىرغىقىدىكى قۇرۇقلۇق سۇپىسىدا ناھايىتى مول نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى بار. جانلىقلار بايلىقىمۇ خېلى مول. ئەرەب دېڭىزى پارس قولتۇقى بىلەن قىزىل دېڭىزغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنىڭ دېڭىز قاتنىشىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم سۇ رايونىدۇر. قىرغاق بويىدا ئاساسلىق دېڭىز پورتلىرىدىن بومباي، كاراچى، ئەدەن ۋە جىبۇت قاتارلىق پورتلار بار.

**كارىب دېڭىزى** دۇنيادىكى داڭلىق دېڭىز رايونى — ئاتلانتىك ئوكياننىڭ بىر قىسمى بولۇپ، شۇ جاينىڭ ئەسلىدىكى ئاھالىلىرى كارىب ئىندىيانلىرى بولغاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتالغان. كارىب دېڭىزى جەنۇبىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى، ئوتتۇرا ئامېرىكا تارچۇقى ۋە غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى ئارىلىقىغا جايلاشقان. ئۇ يۇكاتان بوغۇزى ئارقىلىق مېكسىكا قولتۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ. بەزى جۇغراپىيە كىتابلىرىدا ئۇ مېكسىكا قولتۇقى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، «ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ يەر ئوتتۇرا دېڭىزى» دەپ ئاتىلىدۇ. كارىب دېڭىزىنىڭ غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2800 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 1400 كىلومېتىر، كۆلىمى 2 مىليون 750 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 2491 مېتىر كېلىدۇ.

كارىب دېڭىزىنىڭ سۇ مەھسۇلات بايلىقى خېلى مول بولۇپ، تونا بېلىقى، دېڭىز تاشپاقىسى، لەھەڭ (ئاكولا)، چوڭ راك قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ، بۇ لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ مۇھىم بېلىقچىلىق مەيدانلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. كارىب دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى قۇرۇقلۇق سۇپىسى دۇنيادىكى داڭلىق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش رايونىدۇر. كارىب دېڭىزى خەلقئارا دېڭىز ترانسپورتىدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇھىم قاتناش لىنىيەلىرى چوقۇم ئۆتىدىغان يول. 1914 ـ يىلى پاناما قانىلىدا قاتناش باشلانغاندىن بۇيان، ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكياننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تېخىمۇ مۇھىم دېڭىز يولىغا ئايلاندى. ئاساسلىق پورتلىرىدىن ۋېنېزۇئېلانىڭ كاراكاس، پاناماننىڭ كولون قاتارلىقلار بار.

**ئىچكى دېڭىز** ئىچكى دېڭىز يەنە ئىچكى قۇرۇقلۇق دېڭىزى، يېپىق دېڭىز ياكى يەر ئوتتۇرا دېڭىزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىچكى دېڭىزنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيە ۋە سىياسىي جۇغراپىيەدىن ئىبارەت ئىككى كاتېگورىيەگە ياتىدىغان ئۇقۇمى بار. تەبىئىي جۇغراپىيە كاتېگورىيەسىگە ياتىدىغان ئىچكى دېڭىز چوڭ قۇرۇقلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرگەن، پەقەت تار سۇ يولى ئارقىلىق ئوكيان ياكى دېڭىزغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان دېڭىزنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمايدۇ، سۈيى تېيىزرەك كېلىدۇ، سۇ رايى ئالاھىدىلىكى ئەتراپىدىكى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرايدۇ. سىياسىي جۇغراپىيە كاتېگورىيەسىگە ياتىدىغان ئىچكى دېڭىز دۆلەتنىڭ ئىچكى سۇ رايونلىرىنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەرقايسى دېڭىز پورتلىرى، دېڭىز تەۋەلىكى ئاساسىي سىزىقى ئىچىدىكى دېڭىز رايونى، شۇنىڭدەك قۇرۇقلۇق تەرىپىدىن قورشىلىپ تۇرغان، ئەمما كىرىش ـ چىقىش ئېغىزى تارراق دېڭىز قولتۇقى ۋە دېڭىز ئوكيانغا تۇتىشىدىغان قانال (دېڭىز بوغۇزى) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىچكى دېڭىز شۇ دېڭىز ياقىسىدىكى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىدا بولىدۇ، دېڭىز ياقىسىدىكى دۆلەتنىڭ ئىچكى دېڭىزنى تاقاش، چەت ئەل پاراخوتلىرىنى كىرگۈزمەسلىك ياكى ئىچكى دېڭىزغا كىرىدىغان پاراخوتلاردىن مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە چوقۇم بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. چيۇڭجۇ دېڭىز بوغۇزى جۇڭگونىڭ سىياسىي جۇغراپىيە كاتېگورىيەسىگە ياتىدىغان ئىچكى دېڭىزى؛ بوخەي دېڭىزى ھەم سىياسىي جۇغراپىيە، ھەم تەبىئىي جۇغراپىيە كاتېگورىيەسىگە ياتىدىغان ئىچكى دېڭىزدۇر.

**قارا دېڭىز** ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بالقان يېرىم ئارىلى بىلەن غەربىي ئاسىيادىكى كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان، ئىچكى قۇرۇقلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرگەن تىپىك ئىچكى دېڭىز بولۇپ، كۆلىمى 420 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 1315 مېتىر كېلىدۇ. غەربىي جەنۇبى تۈركىيە بوغۇزى ئارقىلىق يەر ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ قىرغاق بويىدىكى ئەللەرنىڭ دېڭىزدىكى مۇھىم ترانسپورت يولىدۇر.

قارا دېڭىزنىڭ تۇزلۇق دەرىجىسى يەر ئوتتۇرا دېڭىزنىڭكىدىن تۆۋەن، ئەمما سۇ ئورنى يەر ئوتتۇرا دېڭىزنىڭكىدىن يۇقىرى، شۇڭا قارا دېڭىزنىڭ سىرتقى قەۋىتىدىكى بىر قەدەر تۇزسىز دېڭىز سۈيى تۈركىيە بوغۇزى ئارقىلىق يەر ئوتتۇرا دېڭىزغا قاراپ ئاقىدۇ، يەر ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ تۇزلۇق ھەم ئېغىر دېڭىز سۈيى دېڭىز بوغۇزىنىڭ تېگىدىن قارا دېڭىزغا قاراپ ئاقىدۇ. قارا دې-

ڭىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ سۈيى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، ئاستى قەۋىتى ئۈزلۈكسىز تۇردە يەر ئوتتۇرا دېڭىزىدىن كەلگەن چوڭقۇر قاتلام دېڭىز سۈيىنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇ دېڭىز سۇلىرىنىڭ تۇزلۇق دەرىجىسى يۇقىرى، ئېغىر بولۇپ، سىرتقى قەۋىتىكى دېڭىز سۈيى بىلەن كونۋېكسىيەلىك ئالمىشىشى ناھايىتى ئاز بولىدۇ، شۇڭا چوڭقۇر قاتلامدىكى دېڭىز سۈيىدە ئوكسىگېن كەمچىل بولۇپ، بىر پارچە ئۆلۈك سۇغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا بېلىق تۇرلىرىمۇ ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

**بالتىق دېڭىزى** بالتىق دېڭىزى ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئىچكى دېڭىز بولۇپ، ياۋروپانىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، ئەتراپىنىڭ ھەممە يېرىنى دېگۈدەك قۇرۇقلۇقلار ئوراپ تۇرىدۇ، پەقەت غەربىي تەرىپى ئورېسۇند بوغۇزى ۋە كاتتېگات بوغۇزى ئارقىلىق شىمالىي دېڭىز بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. كۆلىمى 422 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، سىرتقى دېڭىزلار بىلەن سۇ ئالمىشىشى ئانچە كۆپ ئەمەس، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان دەريالار كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىلىماتى سوغۇق، پارغا ئايلىنىشى ئاجىز بولغانلىقتىن، دۇنيا بويىچە تۇزلۇق دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن دېڭىزغا ئايلانغان.

بالتىق دېڭىزى مۇز دەۋرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان. دېڭىز



بالتىق دېڭىزى بويىدىكى شەھەر — ستوكھولىم مەنزىرىسىدىن بىر كۆرۈنۈش.

قىرغىقى لىنىيەسى مۇرەككەپ، ئەگرى - توقاي، دېڭىز سۈيى تېيىز بولۇپ، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 86 مېتىر كېلىدۇ. بالتىق دېڭىزى رايونى مۆتىدىل دېڭىز - ئوكيان كىلىماتىغا تەۋە. بالتىق دېڭىزى شىمالىي ياۋروپادىكى مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ، ئاساسلىق پورتلىرىدىن سانكىت پېتېربۇرگ، ستوكھولىم، گدانىسكى قاتارلىقلار بار.

**دېڭىز قولتۇقى** كىشىلەر دېڭىز ياكى ئوكياننىڭ قۇرۇقلۇققا سوزۇلۇپ كىرگەن، ئۈچ تەرىپى قۇرۇقلۇققا تۇتىشىپ، بىر تەرىپى دېڭىزغا قارايدىغان، چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى تەدرىجىي كېمىيىپ بارغان دېڭىز رايونىنى دېڭىز قولتۇقى دەپ ئاتايدۇ. دېڭىز قولتۇقىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىردەك ئەمەس بولۇپ، بەزىلىرى دېڭىزدىنمۇ چوڭ بولىدۇ، ھۇدزون قولتۇقى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئەمەلىي تۇرمۇشتا دېڭىز بىلەن قولتۇق بەزىدە ئارىلىشىپ كېتىدۇ، مەسىلەن، مېكسىكا قولتۇقى بولسا دېڭىز، ئەمما ئۇ قولتۇق دېيىلىۋاتىدۇ، ئەرەب دېڭىزى بولسا قولتۇق، ئەمما ئۇ دېڭىز دېيىلىۋاتىدۇ.

**ھۇدزون قولتۇقى** ئەنگلىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى H. ھۇدزون 1610 - يىلى ئەڭ ئاۋۋال كانادانىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر دېڭىز قولتۇقىدىن كېسىپ ئۆتكەن، كېيىنكىلەر ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بۇ دېڭىز قولتۇقىنى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىغان.

ھۇدزون قولتۇقى شىمالىي مۇز ئوكياننىڭ ياقا دېڭىزى بولۇپ، شىمالىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا سوزۇلۇپ كىرگەن دېڭىز قولتۇقىدۇر. ئۇ كانادانىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. شەرقىي شىمال تەرىپى ھۇدزون بوغۇزى ئارقىلىق ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالىي تەرىپى فوكس قولتۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ شىمالىي ئۈچىدىكى سۇ يولى ئارقىلىق مۇز ئوكيانغا تۇتىشىدۇ. ھۇدزون قولتۇقىنىڭ كۆلىمى 819 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 100 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر جايى 724 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ يۇقىرى كەڭلىكتىكى ئىچكى قۇرۇقلۇققا جايلاشقان بولغاچقا، كىلىماتى قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دېڭىز يۈزىنى مۇز تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئىنۇئىتلار شەرقىي ۋە غەربىي قىرغاقلىرىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئوۋچىلىق ۋە بېلىق تۇتۇشنى ئاساس قىلىپ ياشايدۇ.

**مېكسىكا قولتۇقى** مېكسىكا قولتۇقى شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، مېكسىكىغا يانداش تۇرغانلىقتىن شۇ نام بىلەن ئاتالغان. مېكسىكا قولتۇقىدىن فىلورىدا بوغۇزى ئارقىلىق ئاتلانتىك ئوكيانغا كىرگىلى بولىدۇ، يۇكاتان بوغۇزى ئارقىلىق كارىب دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون 540 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 1512 مېتىر كېلىدۇ، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 5200 مېتىردىن ئاشىدۇ.

دېڭىز قولتۇقىنىڭ قىرغاقلىرى ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، قىرغاق بويىدا سازلىقلار، تېيىز ساھىللار ۋە مانگرووۋا ئورمانلىرى كۆپ. شىمالىي قىرغىقىدىن داڭلىق مىسسىسسىپى دەرياسى ئېقىپ كىرىپ، زور مىقداردىكى لاتقىلارنى قولتۇققا ئېلىپ كېلىپ، غايەت زور دەريا ئېغىزى دېلتىسىنى ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ غەربىي شىمال ۋە غەربىي قىرغاقلىرىدا ۋە ئەتراپىدىكى قۇرۇقلۇق سۈپىسىدا مول نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقى بار.

**پارس قولتۇقى** پارس قولتۇقىدا نېفىت كۆپ چىقىپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيە-

لىك ئورنىغا ئىگە. ئۇ ھەم دېڭىزدىكى مۇھىم قاتناش يولى، ھەم خەلقئارا نېفىت سودىسىنىڭ چوڭ تومۇرى بولۇپ، قولتۇقنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن باشلىنىپ، ھورمۇز بوغۇزىدىن ئۆتۈپ ئومان قولتۇقى ئارقىلىق ئەرەب دېڭىزىغا ئۆتىدىغان بۇ يول غەرب دۇنياسىنىڭ «ھاياتلىق يولى»دۇر.

پارس قولتۇقى دېگەن نام ئىراننىڭ قەدىمكى نامى «پارس»تىن كەلگەن بولۇپ، يەنە ئەرەب قولتۇقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، قىسقارتىلىپ «دېڭىز قولتۇقى» دېيىلىدۇ. ئۇ ھىندى ئوكياننىڭ غەربىي شىمالىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىشىدىن شەكىللەنگەن چوڭ دېڭىز قولتۇقىدۇر. ئۇ ئەرەب يېرىم ئارىلى بىلەن ئىران ئېگىزلىكىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ھورمۇز بوغۇزى ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. پارس قولتۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 970 كىلومېتىر، كەڭلىكى 56 ~ 338 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ، كۆلىمى 240 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئۇ تار، ئۇزۇن ھەم سەل ئېگىلگەن ھىلال ئاي شەكلىدە كۆرۈنىدۇ، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 40 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 104 مېتىر كېلىدۇ. ئەتراپىدا ئىران، ئىراق، كۇۋەيت، سەئۇدى ئەرەبىستانى، بەھرەين، قاتار، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئومان قاتارلىق 8 دۆلەت بار، ئاھالىسى ئاساسلىقى ئەرەبلەر ۋە ئىرانلىقلار (پارسلار) بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

پارس قولتۇقىنىڭ كىلىماتى قاتتىق ئىسسىق، ھۆل - يېغىن ئاز بولۇپ، دېڭىز سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە تۇزلۇق دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى. بېلىقچىلىق بايلىقى مول، مەرۋايىت ۋە سەدەپ يىغىشتا دۇنياغا داڭلىق. بۇنىڭدىن 30 مىليون يىل ئىلگىرى بۇ يەرگە چەكسىز كەتكەن، قېلىنلىقى نەچچە مىڭ مېتىردىن نەچچە ئون مىڭ مېتىرغىچە كېلىدىغان چۆكۈندى قەۋەت دۆۋىلەنگەن. يەر پوستى ھەرىكىتى بۇ تاش قاتلىمىنى نېفىت ساقلاشقا پايدىلىق بولغان «كامار تۇزۇلمە»گە ئايلاندۇرغان. تۆۋەن كەڭلىكتىكى ئىللىق كىلىمات بۇ يەردىكى جانلىقلارنى زور تۈركۈمدە كۆپەيتكەن. ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەر ئۆلگەندىن كېيىن، مۇرەككەپ نېفىت ھاسىل بولۇش جەريانىدا نېفىتقا ئايلىنىپ، بۇ «كامار تۇزۇلمە»دە ساقلىنىپ، ھازىرقى «دۇنيا نېفىت خەزىنىسى»، «شەرقىي يېرىم شار نېفىت قۇتۇپى»نى شەكىللەندۈرگەن. 1908 - يىلى تۇنجى تامچە نېفىت ئېقىپ چىققاندىن باشلاپ تاكى بۈگۈنگىچە، بۇ دېڭىز قولتۇقى رايونىدا نەچچە ئون مىليارد توننا نېفىت ئۇزۇلۇپ قالماي ئېقىپ چىقتى. بۇ رايونغا دۇنيا نېفىت زاپاس مىقدارىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ دۇنيادىكى داڭلىق «نېفىت خەزىنە»سى بولۇشقا مۇناسىپ.

**دېڭىز بوغۇزى** دېڭىز - ئوكيانلاردىكى قوشنا دېڭىز رايونى ئارىلىقىدىكى تار سۇ يولى دېڭىز بوغۇزى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن ياندىش قىرغاق ئاراللىرى ئارىلىقىدىكى ياكى ئىككى چوڭ قۇرۇقلۇق ئارىلىقىدىكى تار سۇ يولى بولۇپ، بىرقەدەر كەڭرى دېڭىز ياكى ئوكيانلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، جەبىلتارىق بوغۇزى، مالاككا بوغۇزى، تەيۋەن بوغۇزى قاتارلىقلار بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

دېڭىز بوغۇزى يەر پوستى ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. يەر پوستى ھەرىكەت قىلغاندا، دېڭىز - ئوكيانغا يانداش قۇرۇقلۇق ئۈزۈلۈپ چۆكۈپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن چوڭقۇر جىلغا پەيدا بولىدۇ، بۇنى دېڭىز سۈيى بېسىۋېلىپ، چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن يانداش ئاراللارنى ياكى قوشنا ئىككى چوڭ قۇرۇقلۇقنى ئايرىۋېتىشتىن دېڭىز بوغۇزى ھاسىل بولىدۇ. دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتىدىغان سۇ ئېقىمى بىرقەدەر جىددىي بولىدۇ. دېڭىز بوغۇزلىرى قاتناشنىڭ مۇھىم يولى، دېڭىز قاتنىشىنىڭ تۈگۈنى، شۇڭا ئەزەلدىن ھەربىي ئالىملارنىڭ تالىشىدىغان نۇقتىسى بولۇپ كەلگەن، ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى پەۋقۇلئاددە مۇھىم.

**تەيۋەن بوغۇزى** تەيۋەن بوغۇزى جۇڭگونىڭ تەيۋەن ئۆلكىسى بىلەن فۇجيەن ئۆلكىسى ئارىلىقىدىكى قۇرۇقلۇق سۈپىسىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ دېڭىز بوغۇزى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىي چېگراسى غەربتە مىنجياڭ ئېغىزىدىن باشلىنىپ شەرقتە تەيۋەننىڭ فۇگۇي تۇمشۇقىغىچە؛ جەنۇبىي چېگراسى غەربتە فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىدىكى دۇڭشەن ئارىلىدىن باشلىنىپ شەرقتە تەيۋەننىڭ جەنۇبىدىكى ئېلۇەنبىغىچە بارىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 370 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 130 دىن 200 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ، كۆلىمى 80 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 60 مېتىر كېلىدۇ. دېڭىز بوغۇزىنىڭ ھەممە يېرى قۇرۇقلۇق سۈپىسىغا جايلاشقان.

پېڭخۇ تىزما ئاراللىرى دېڭىز بوغۇزىدىكى ئاساسلىق ئاراللار بولۇپ، ئۇ چوڭ - كىچىك 64 ئارال ۋە نۇرغۇنلىغان ساھىل، خادا تاشلاردىن تەشكىل تاپقان. ئۇ دېڭىز بوغۇزىنىڭ



تەيۋەن بوغۇزىدىكى بېلىقچىلىق مەيدانىدا بېلىق تۇتۇۋاتقان كېمىلەر.

شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز بوغۇزىنىڭ كانىيىنى بوغۇپ تۇرىدۇ. دېڭىز بوغۇزى شەرقىي دېڭىز، جەنۇبىي دېڭىز تىرانسپورتىدىكى مۇھىم ئۆتكەلدۇر. دېڭىز بوغۇزى رايونىدا بېلىق تۇرلىرى مول، سىپارىد بېلىقى، ئۇرچۇق بېلىقى، لەھەڭ (ئاكۇلا) قاتارلىقلار ئاساسلىق بېلىق تۇرلىرىدۇر. دېڭىز ئاستىدا مېتال كانلار ۋە نېفىت بار.

**چيۇڭجۇ بوغۇزى** 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جەمئىي 4 مىليارد 500 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىنغان گۇاڭدۇڭ - خەينەن تۆمۈريول قانىلىدا رەسمىي قاتناش باشلاندى، پويىز رېلىسلىق پاراخوت ئارقىلىق چيۇڭجۇ بوغۇزىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، چيۇڭجۇ زېمىنىدا گۈلدۈرلەپ ماڭدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەينەن ئارىلىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن تۆمۈريول قاتنىشى بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

چيۇڭجۇ بوغۇزىنىڭ شىمالىي تەرىپى لېيجۇ يېرىم ئارىلىغا، جەنۇبىي تەرىپى خەينەن ئارىلىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 80 كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز بوغۇزىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 19 ~ 40 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 44 مېتىر كېلىدۇ. چيۇڭجۇ بوغۇزىمۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى دېڭىزى بولۇپ، شىمالىي قولتۇق (بېيبۇۋەن) بىلەن جەنۇبىي دېڭىزنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قىسقا يولدۇر.

**مالاككا بوغۇزى** مالاككا بوغۇزى ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىدىكى مالاي يېرىم ئارىلى (ئۇنىڭ ئەڭ جەنۇبىدا پېئار تۇمشۇقى بار) بىلەن سۇماترا ئارىلى ئارىلىقىغا جايلاشقان، ئۇزۇنلۇقى 1185 كىلومېتىر كېلىدىغان تار سۇ يولىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى ئەڭ تار جايى ئارانلا 37 كىلومېتىر كېلىدۇ، غەربىي شىمال قىسمىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 370 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بۇ بوغۇز تىنچ ئوكيان بىلەن ھىندى ئوكيانىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. چوڭقۇرلۇقى 25 مېتىردىن 151 مېتىرغىچە كېلىدۇ، يىل بويى شامال چىقمايدۇ، دېڭىز ئېقىمى ئاستا، تېيىز ساھىل ۋە يوشۇرۇن خادا تاشلار ئازراق بولۇپ، قاتناشقا قولايلىق.

دېڭىز بوغۇزىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سىنگاپور تەرەققىي قىلىپ دېڭىز تىرانسپورتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. بوغۇز تىنچ ئوكيان بىلەن ھىندى ئوكيان، ئاسىيا بىلەن ئوكيانىيەنىڭ دېڭىز - قۇرۇقلۇق قاتنىشىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، «يىراق شەرقنىڭ تۆت كوچا ئاغزى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. مالاككا بوغۇزى تارىختا داڭلىق «خۇشپۇراق ماتېرىياللار يولى»، «دېڭىزدىكى يىپەك يولى»غا ئايلانغان. مالاككا بوغۇزى دۇنيادىكى دېڭىز قاتنىشى ئەڭ ئالدىراش رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزەلدىن «شەرقتىكى جەبىلتارىق» دېگەن نامى بار.



پاراخوتلار مالاككا بوغۇزىدىن ئۆتمەكتە.

**قارا دېڭىز بوغۇزى** قارا دېڭىز بوغۇزى تۈركىيەنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ. بوغۇزنىڭ شەرقى ئاسىيا، غەربىي تەرىپى ياۋروپا بولۇپ، ئۇ قارا دېڭىز بىلەن يەر ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتىشىدىغان يولنى تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقتىن، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ھەربىي ئالىملارنىڭ تالىشىدىغان جايى بولۇپ كەلگەن.

قارا دېڭىز بوغۇزى يەنە تۈركىيە بوغۇزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 361 كىلومېتىر كېلىدۇ. بوغۇزنىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ يەر شەكلى تىك قىيالىق بولۇپ، سۇ يولىنىڭ ئەڭ تار يېرى ئارانلا 730 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەرنى ساقلاش ئوڭاي، ھۇجۇم قىلىپ ئالماق تەس، ئەمما دېڭىز بوغۇزىنىڭ قاتناش شارائىتى ناھايىتى ئەۋزەل. سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 28 مېتىردىن ئاشىدىغان بولۇپ، چوڭ تونناژلىق پاراخوتلار يۈرەلەيدۇ، ھەر يىلى ئوتتۇرىچە 20 مىڭدىن ئارتۇق پاراخوت بۇ يەردىن ئۆتىدۇ. بوغۇز مۇھىم ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك قىممەتكە ئىگە.

بوسپورۇس بوغۇزىغا جايلاشقان ئىستانبۇل دېڭىز بوغۇزىدىكى مۇھىم پورت بولۇپ، ئۇ ئىككى قىتئەنى ئاتلاپ تۇرىدىغان بىردىنبىر شەھەردۇر. ئىستانبۇل يىپەك يولى ئۆتىدىغان جاي، شۇنداقلا شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى بولغان بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. 1973 - يىلى 10 - ئايدا تۈركىيە ئۇزۇنلۇقى 1560 مېتىر كېلىدىغان قىتئەلەر ئارا چوڭ كۆۋرۈك — بوسپورۇس تاشيول كۆۋرۈكىنى ياساپ پۈتكۈزۈپ، ئىستانبۇلغا يەنە بىر ئەھمىيەتى زور يېڭى مەنزىرە نۇقتىسىنى قوشتى.

**جەبىلتارىق بوغۇزى** جەبىلتارىق بوغۇزى ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن يەر ئوتتۇرا دېڭىزىنى تۇتاشتۇرىدىغان بىردىنبىر دېڭىز يولى بولۇپ، ياۋروپادىكى ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي چېتى بىلەن ئافرىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 90 كىلومېتىر كېلىدۇ، غەربى كەڭ، شەرقى تار بولۇپ، كەڭلىكى 14 ~ 43 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 375 مېتىر كېلىدۇ.

جەبىلتارىق بوغۇزى يەر ئوتتۇرا دېڭىزى بىلەن ئاتلانتىك ئوكيان سۇ يولىنىڭ كانىيىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ياۋروپانىڭ غەربىي شىمالىي ئافرىقىغا ئۆتىدىغان دەرۋازىسى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ



جەبىلتارىق يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى ماياك.

1869 ـ يىلى سۇۋەيش قانىلىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن يەر ئوتتۇرا دېڭىزى، شۇنىڭدەك ھىندى ئوكيان، تىنچ ئوكيان ئارىلىقىدىكى مۇھىم دېڭىز قاتناش يولىغا ئايلىنىپ، غەربىي ياۋروپانىڭ ئېنېرگىيە ترانسپورتىنىڭ «ھاياتلىق يولى»، خەلقئارا دېڭىز قاتنىشىدىكى ئەڭ ئالدىراش يوللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، ئۇ مۇھىم ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئىگە.

**ئەنگلىيە (ئىنگلىز) بوغۇزى** ئەنگلىيە بوغۇزىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 560 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ شەرقى تار، غەربى كەڭ بولۇپ، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 180 كىلومېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى 220 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 60 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 172 مېتىر، قاتناش سۇ يولىنىڭ چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 35 مېتىر كېلىدۇ.

ئەنگلىيە بوغۇزى غەربىي شىمالىي ياۋروپانىڭ ئاتلانتىك ئوكيانغا بارىدىغان دېڭىز يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان بولۇپ، غەربىي شىمالىي ياۋروپانى شىمالىي ئامېرىكىغا تۇتاشتۇرۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بارىدىغان ئاساسلىق سۇ يولى، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىن ئەنگلىيەگە بېرىشتىكى ئەڭ يېقىن سۇ يولى، شۇنداقلا دۇنيادىكى مال توشۇش مىقدارى ئەڭ كۆپ، ئەڭ ئالدىراش سۇ يوللىرىنىڭ بىرىدۇر. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، بىر يىلدا بۇ دېڭىز بوغۇزىدىن تەخمىنەن 200 مىڭ پاراخوت ئۆتىدىغان بولۇپ، دۇنيادىكى دېڭىز بوغۇزلىرى ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن، ھەرقانداق ۋاقىتتا بۇ بوغۇزنىڭ سۇ يولىدا 40تەك پاراخوت مېڭىپ تۇرىدىكەن.

ئىلگىرى ئەنگلىيە بىلەن ياۋروپا قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى تاشيول قاتنىشى دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى كېچىكلەر ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلاتتى، بۇ ئىنتايىن ئەپسىز ئىدى. دېڭىز بوغۇزى ئايرىپ تۇرغان ئىككى يەرنى بىۋاسىتە تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1802 ـ يىلىلا فىرانسىيەلىك ئېنژېنېر ماتىيو ناپولېئون I گە دېڭىز ئاستى تۇنېلىنى قېزىش تەكلىپىنى بەرگەن، ئەمما 1986 ـ يىلى 2 ـ ئايغا كەلگەندىلا ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئىككى دۆلەت دېڭىز ئاستى تۇنېلىنى بىرلىشىپ قېزىش شەرتنامىسىنى رەسمىي ئىمزالىدى. 1993 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى دېڭىز ئاستى تۇنېلى رەسمىي پۈتتى. تۇنېلنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 53 كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز ئاستى تۇنېلى دىيامېتىرى 7.6 مېتىر كېلىدىغان تاق لىنىيەلىك ئىككى تۆمۈريولنى، دىيامېتىرى 4.8 مېتىر كېلىدىغان قوشۇمچە تۇنېلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، پويىزنىڭ تۇنېلدىن ئۆتۈشىگە تەخمىنەن 30 مىنۇت كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن لوندوندىن پارىژغا ئاپتوموبىل (كېچىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن بارىدىغان ۋاقىت ئىلگىرىكى 8 سائەتتىن 2 سائەت 40 مىنۇتقا قىسقاردى.

**ھورمۇز بوغۇزى** ھورمۇز بوغۇزى دۇنيادىكى داڭلىق نېفىت ترانسپورت يولى، دۇنيانىڭ نېفىت خەزىنىسى بولغان پارس قولتۇقىنىڭ دېڭىزغا چىقىش ئېغىزىدۇر، ئوتتۇرىچە ھەر 8 ~ 10 مىنۇت ئارىلىقىدا بىر ماي پاراخوتى بۇ دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتىدۇ، ھەر كۈنى بوغۇزدىن ئۆتۈپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇلۇۋاتقان نېفىت 4 مىليون توننىغا يېتىدۇ. «ھورمۇز» پارس تىلىدىن كەلگەن سۆز بولۇپ، «نۇر ئىلاھى» دېگەن مەنىسى بار. ئەرەبلەردە: «ئەگەر دۇنيا بىر ئۈزۈك بولسا، ھورمۇز ئۇنىڭغا قويۇلغان ياقۇت كۆز» دەيدىغان تەمسىل بار. بۇ ئۇنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھورمۇز بوغۇزى ئىران بىلەن ئوماننىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، كەڭلىكى 55 ~ 97 كىلومېتىرغىچە، ئۇزۇنلۇقى 150 كىلومېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 49 مېتىر، ئەڭ تېيىز يېرى 71 مېتىر كېلىدۇ. دېڭىز بوغۇزىدا نۇرغۇنلىغان چوڭ ـ كىچىك ئاراللار بار بولۇپ، بوغۇز «ئىشىكنىڭ تاقاق» ىنى ھاسىل قىلغان. ھورمۇز بوغۇزىدىن چىقىپ ھىندى ئوكيانغا كىرىدىغان پاراخوتلار تۆۋەندىكى 3 لىنىيەنى بويلاپ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرىدۇ. غەربىي يۆنىلىشتە ئەدەن قولتۇقى، مەندەب بوغۇزى، قىزىل دېڭىز، سۇۋەيش قانىلى، يەر ئوتتۇرا دېڭىزى ۋە جەبىلتارىق بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، ئاتلانتىك ئوكيانغا كىرىپ غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە بارىدۇ؛ شەرقىي يۆنىلىشتە مالاككا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، تىنچ ئوكيانغا كىرىپ، ياپونىيەگە بارىدۇ؛ جەنۇبىي يۆنىلىشتە ھىندى ئوكيانغا كىرىپ، موزامبىك بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، ئۈمىد تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئامېرىكىغا بارىدۇ.

**ئارال** دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى تارقاق كىچىك قۇرۇقلۇقلار ئارال دېيىلىدۇ. دەريالار، كۆللەر، سۇ ئامبار-

لىرىدا سۇ بىلەن قورشىلىپ تۇرغان كىچىك قۇرۇقلۇقلارمۇ ئاراللار دېيىلىدۇ. يەر شارىدا ئاراللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، نەچچە 10 مىڭدىن ئاشىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 9 مىليون 700 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇ جۇڭگونىڭ كۆلىمى بىلەن تەڭ دېگۇدەك كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆلىمى چوڭراقلىرى ئارال دېيىلىدۇ، مەسىلەن، گىرېنلاندىيە ئارىلى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئارالدۇر. كۆلىمى ناھايىتى كىچىكلىرى ئارالچە دېيىلىدۇ، مەسىلەن، جۇڭگو شيامېن ئارىلىنىڭ ئۇدۇلىدىكى گۇلاڭ ئارالچىسى. ئارىلىقى ئۆزئارا يېقىنراق بىر توپ ئاراللار تاقىم ئاراللار دەپ ئاتىلىدۇ، مەسىلەن، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تاقىم ئاراللار — مالاي تاقىم ئاراللىرىدۇر.

ئاراللار پەيدا بولۇش سەۋەبىگە ئاساسەن، قۇرۇقلۇق ئارىلى، ۋولقان (يانارتاغ) ئارىلى، مارجان ئارىلى ۋە تىنما ئارالدىن ئىبارەت 4 تۈرگە ئايرىلىدۇ. قۇرۇقلۇق ئارىلى كۆپىنچە بېزەك لېنتىسىمان شەكىلدە بولۇپ، قۇرۇقلۇق ياقا دېڭىزلىرىنىڭ ئەتراپىغا تارقالغان بولىدۇ. دۇنيادىكى چوڭراق ئاراللار ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇقلۇق ئاراللىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، يەر پوستى ھەرىكىتىدە قىسمەن قۇرۇقلۇقنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتىن ئايرىلىپ كېتىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، شۇڭا گېئولوگىيەلىك تۈزۈلمە جەھەتتە ئەتراپىدىكى چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى بېزەك لېنتىسىمان (يايسىمان) تىزما ئاراللار بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ۋولقان ئاراللار ئاساسلىقى تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي جەنۇبى، ھىندى ئوكياننىڭ غەربى، ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا تارقالغان بولۇپ، دېڭىز ئاستى ۋولقانلىرى پارتلىغاندىن كېيىن ماگمىلارنىڭ دۆۋىلىنىپ سۇ يۈزىگە چىقىپ قېلىشىدىن شەكىللەنگەن، ھاۋاي تاقىم ئاراللىرىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ. مارجان ئاراللىرى شىمالىي ۋە جەنۇبىي كەڭلىك 20° ئارىلىقىغا تارقالغان بولۇپ، تىروپىك تېيىز دېڭىز رايونىدىكى مارجانلارنىڭ جەسىتىنىڭ دۆۋىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان. بۇ خىلدىكى ئاراللار تىنچ ئوكياننىڭ تىروپىك تېيىز دېڭىز رايونىغا مەركەزلەشكەن، مەسىلەن، ئاۋستىرالىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چوڭ توسما خادا تاش، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرىنىڭ كۆپىنچىسى مارجان ئاراللىرىغا تەۋە. تىنما ئاراللار ئادەتتە دەريالارنىڭ قويۇلۇش ئېغىزىغا جايلاشقان بولىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى دەريا لاتقىلىرىنىڭ دۆۋىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان يېڭى قۇرۇقلۇقنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، جۇڭگونىڭ 3 - چوڭ ئارىلى — چۇڭمىڭ ئارىلى مۇشۇ خىلدىكى ئاراللارغا تەۋە.

**مارجان خادا تاشلىرى** تىروپىك بەلباغدىكى دېڭىز - ئوكيانلاردا توپ - توپ غايەت زور مارجان خادا تاشلىرى ياكى مارجاندىن شەكىللەنگەن ئاراللار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ خادا تاشلارنى ۋە ئاراللارنى كىشىلەر ھەمىشە خاتا ھالدا تاغ جىنسلىرىدىن تۈزۈلگەن دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان مارجان قۇرتلىرىدىن ھاسىل بولغان. مارجان قۇرتى دېڭىز - ئوكياندىكى بىرخىل ئىچى كاۋاك ھايۋان بولۇپ، تېنى سىلىندىر شەكىللىك، شادىسىمان سىممېتىرىك كېلىدۇ، ئۈستى ئۇچىدا ئاغزى بار، ئاغزىنىڭ ئەتراپىدا بىر نەچچە تال سېزىش ئەزاسى بار، ئاستى ئۇچىدا فوندامېنتلىق تۈۋى بولۇپ، مۇستەھكەملەش رولىنى ئوينايدۇ. تېنىنىڭ دىۋارى ئىچكى - تاشقى تۆرەلمە قەۋىتىدىن تۈزۈلگەن. تاشقى تۆرەلمە قەۋىتى ھاك ماددىلىق ياكى مۈڭگۈز ماددىلىق ئۇستىخان ئاجرىتىپ چىقىرالايدۇ. مانا بۇ ئادەتتە دېيىلىۋاتقان مارجاندۇر.

مارجان قۇرتى ناھايىتى تېز ئۆسىدۇ ۋە كۆپىيىدۇ، تۈركۈملەر ئۈزلۈكسىز بىخ چىقىرىدۇ. مارجان قۇرتلىرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەجدادلىرىنىڭ «قالدۇق سۆڭەك»لىرى ئۈستىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد كۆپىيىپ، تەدرىجىي توپلىنىپ بارىدۇ، مارجان قۇرتلىرى تۈركۈمى ئاراللارنىڭ ئەتراپىدا ياكى دېڭىز ياقىلىرىدا تەدرىجىي دۆۋىلىنىپ، چوڭ - چوڭ خادا تاشلار ياكى ئاراللارنى ھاسىل قىلىدۇ. دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ مارجان ئارىلى ئاۋستىرالىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى توسما خادا تاش بولۇپ، كەڭلىكى تەخمىنەن 56 كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 2040 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئاۋستىرالىيە چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ تە-



مارجانلار سۇپسۈزۈك ئىللىق دېڭىز رايونىدا ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ شەكلى ھەرخىل بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىئىي توسۇقى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تىنچ ئوكياندىكى مارشال تاقىم ئاراللىرى، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي دېڭىزدىكى شىشا تاقىم ئاراللىرى، نەنشا تاقىم ئاراللىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خادا تاش ھاسىللىغۇچى مارجانلارنىڭ ئىسكىلىتىنىڭ دۆۋىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاراللاردۇر. خادا تاش ھاسىل قىلالايدىغانلىكى مارجانلار خادا تاش ھاسىللىغۇچى مارجانلار دەپ ئاتىلىدۇ. خادا تاش ھاسىل قىلالمايدىغانلىرى خادا تاش ھاسىل قىلالمايدىغان مارجانلار دەپ ئاتىلىدۇ. مارجان خادا تاشلىرى ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان يۇسۇن تۈرلىرى ۋە دېڭىز ـ ئوكيان ھايۋانلىرى بولۇپ، ئۇلار مارجان خادا تاشلىقى جانلىقلار تۈركۈمىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ يۇسۇنلەر مارجان قۇرتلىرى ئىسكىلىت ئىشلەۋاتقاندا كاربون (IV) ئوكسىدىنى سۈمۈرۈپ ئوزۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زور مىقداردا ئوكسىگېن چىقىرىدۇ، مارجان قۇرتلىرى بۇ ئوكسىگېنلارنى سۈمۈرىدۇ. دېمەك مارجان خادا تاشلىرى تىروپىك يامغۇرلۇق ئورمانلارغا ئوخشاش جانلىقلارنىڭ ياشىشىغا ئېھتىياجلىق ئوكسىگېننى ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۇ «دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى تىروپىك يامغۇرلۇق ئورمىنى» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

**تەيۋەن ئارىلى** تەيۋەن ئارىلىنىڭ نۇرغۇنلىغان گۈزەل ناملىرى بار، زور مىقداردا شېكەر ئېكسپورت قىلىدىغانلىقتىن، «شەرقتىكى شېكەر ئارىلى» دېگەن نامى بار؛ دەرەخ سورتلىرى 9000 خىلدىن ئاشىدىغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنى «ئاسىيا تەبىئىي ئۆسۈملۈك باغچىسى» دەپ تەرىپلەيدۇ؛ كۆمۈر، نېفىت، مىس، ئالتۇن، گۈڭگۈرت قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى بار، يەنە كېلىپ دېڭىز بويىدا بېلىقچىلىق، تۇزچىلىق قىلىشقا قولايلىق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەزەلدىن «گۆھەر ئارال» دېگەن نامى بار؛ مەنزىرىسى گۈزەل بولغانلىقتىن، «تۆت




تەيۋەن ئۆلكىسى.

پەسلى باھار كەبى باغچا»، «گۈزەل ئارال» دېگەندەك ناملار بىلەن تەرىپلىنىدۇ.

تەيۋەن ئارىلى جۇڭگونىڭ ئەڭ چوڭ ئارىلى بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 35 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 394 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى 20 ~ 144 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ. شىمالىي تەرىپى شەرقىي دېڭىزغا تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي باس بوغۇزى ئارقىلىق فىلىپپىندىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، غەربىي تەرىپى تەيۋەن بوغۇزى ئارقىلىق فۇجيەن بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، فۇجيەن بىلەن ئەڭ يېقىن جايى پەقەت 130 كىلومېتىرلا كېلىدۇ، شەرقىي تەرىپى تىنچ ئوكيان بىلەن يانداش تۇرىدۇ. تەيۋەن ئارىلىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، بايلىقى مول. تاغلىق رايونلار ئارالنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 2/3 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، يۇشەن تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3997 مېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىق دەريالىرىدىن جۇشۈي دەرياسى، گاۋپىڭ دەرياسى قاتارلىقلار بار. داڭلىق رىيۆتەن كۆلى بىلەن شەنخۇتەن كۆلى تەيۋەننىڭ ئىككى چوڭ كۆلىدۇر. تەيۋەن ئارىلىنىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىز رايونىدا يەنە نۇرغۇنلىغان كىچىك ئاراللار بار بولۇپ، غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرى، شەرقىي شىمال تەرەپتىكى پېڭجيا ئارىلى (ئارالچىسى)، دياۋيۇ ئارىلى، خۇاڭۋېي ئارىلى (ئارالچىسى)، چىۋېي ئارىلى (ئارالچىسى) ۋە شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى يېشىل ئارال ۋە كۆك ئارالچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىسلاندىيە** ئىسلاندىيە ياۋروپانىڭ غەربىي شىمالىغا، ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئەڭ شىمالىي قىسمىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكىگە يېقىن. ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇ يەرنى قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان، ئىنتايىن سوغۇق جاي، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەملىكەت بويىچە پەقەت شىمالىي مۇز ئوكيان قىرغىقىدىكى 13% يەر يىل بويى قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. ئارالنىڭ جەنۇب، شەرق، غەرب ئۈچ تەرىپى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئىللىق ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئوخشاش كەڭلىكتىكى باشقا رايونلارغا قارىغاندا، قىشلىقى ئىللىق، يازلىقى سالقىن، كلىماتى مۆتىدىل بولىدىغانلىقتىن، «ئىسلاندىيە (مۇز ئارال) سوغۇق ئەمەس» دېگەن سۆز بار.

ئارالدا يانارتاغ، ئارشاڭلارنىڭ كۆپ، يەر ئىسسىقلىق بايلىقىنىڭ مول بولۇشى ئىسلاندىيەنى ئىسسىق ئارالغا ئايلاندۇرغان. ئىسلاندىيە جۇمھۇرىيىتى زېمىنىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىسلاندىيە ئارىلىغا جايلاشقان. پايتەختى رېكياۋىك بولۇپ، ئۇنىڭ «ئىس چىقىپ تۇرىدىغان دېڭىز قولتۇقى» دېگەن مەنىسى بار. بۇ يەردە ئۆزۈلمەي «چىقىۋاتقان ئىس» ئىس بولماستىن، بەلكى ئارالدىكى ئارشاڭلاردىن ئۈزلۈكسىز ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇ پارلىرىنىڭ كوندېنساتسىيەلىنىشىدىن ھاسىل بولغان تۇماندۇر. بۇ يەردىكى شەھەر ئاھالىلىرى تۇرمۇشتا ئوتتۇن ـ كۆمۈر قالاشقا ئېھتىياجلىق ئەمەس، ئىسسىنىش، ئىسسىقلىق ۋە توك بىلەن تەمىنلەشلەرنىڭ ھەممىسىدە يەر ئىسسىقلىقىدىن پايدىلىنىدۇ، بۇ دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان «ئىس ـ تۈتەكسىز شەھەر»دۇر.

**گىرېنلاندىيە** ئىنگلىزچىدىكى «گىرېنلاند» دېگەن سۆزنىڭ «يېشىل يەر» دېگەن مەنىسى بار. 986 ـ يىلىدىن باشلاپ، كىشىلەر گىرېنلاندىيەدە كۆچمەنلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش نۇقتىلىرىنى قۇرغان.

گىرېنلاندىيە شىمالىي ئامېرىكىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، شىمالىي مۇز ئوكيان بىلەن ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. كۆلىمى 2 مىليون 170 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 50 دانىيەگە باراۋەر كېلىدىغان، دۇنيا بويىچە بىرىنچى چوڭ ئارالدۇر.

گىرېنلاندىيەنىڭ 4/5 قىسمى شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى ئىچىدە بولۇپ، كىلىماتى قاتتىق سوغۇق، شىۋىرغان كۆپ چىقىدۇ. بۇ يەردە يەنە قۇتۇپقا خاس قۇتۇپ كۈندۈزى ۋە قۇتۇپ كېچىسى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە گىرېنلاندىيەنىڭ ھەممىلا يەرلىرىدە مۇزلۇقلار بار بولۇپ، كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرىدۇ. 84% يەر يۈزىنى قېلىن مۇز قاتلىمى قاپلاپ تۇرىدۇ، ئەڭ قېلىن جايلىرى 3400 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئەگەر بۇ ئارالدىكى قار ـ مۇزلارنىڭ ھەممىسى ئېرىپ كەتسە، پۈتكۈل يەر شارىدىكى دېڭىز سۈيى 5.6 مېتىر كۆتۈرۈلىدۇ.

**دياۋيۇ تىزما ئاراللىرى** دياۋيۇ تىزما ئاراللىرى يەنە دياۋيۇ تاقىم ئاراللىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ دياۋيۇ ئارىلى، خۇاڭۋېي ئارالچىسى، چىۋېي ئارالچىسى، جەنۇبىي كىچىك ئارال، شىمالىي كىچىك ئارال قاتارلىق ئاراللاردىن ۋە بەزى خادا تاشلاردىن تەشكىل تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە دياۋيۇ ئارىلى ئەڭ چوڭ بولۇپ، تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تەخمىنەن 180 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان، كۆلىمى تەخمىنەن 5 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. مەزكۇر ئارال جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇق سۇپىسىنىڭ شەرقىي ئۇچىغا جايلاشقان بولۇپ، تەيۋەننىڭ جىلۇڭ بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 120 دېڭىز مىلى كېلىدۇ، ياپونىيەنىڭ ريۇكيۇ تاقىم ئاراللىرى بىلەن چوڭقۇرلۇقى 2000 مېتىر كېلىدىغان دېڭىز جىلغىسى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئارالدىن ياپونىيە چايگۈلى، پالما، كاكتۇس، دېڭىز نېلۇپەرى ۋە قىممەتلىك دورا ماتېرىياللىرى كۆپ چىقىدۇ. ئەتراپىدىكى دېڭىز رايونىدا نېفىت بايلىقى زاپىسى مول، يىلىغا 150 مىڭ توننا بېلىق تۇتقىلى بولىدۇ. ئارالدا تاتلىق سۇ بولمىغانلىقتىن، ئەزەلدىن ئادەم ئولتۇراقلاشمىغان. دياۋيۇ ئارىلى قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ زېمىنى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى جۇڭگونىڭ شەرقىي دېڭىزدىكى بېلىقچىلىق مەيدانىدۇر. تەيۋەن، فۇجيەن قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەر دائىم بۇ جايغا كېلىپ بېلىق تۇتىدۇ ۋە ئارالدىن دورا ماتېرىياللىرىنى يىغىدۇ.

**ھاۋاي تاقىم ئاراللىرى** ھاۋاي تاقىم ئاراللىرى تىنچ ئوكياننىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، بۇ جاينىڭ تەبىئىي گۈزەل مەنزىرىلىرى، تۆت پەسلى باھاردەك كىلىماتى بار، قىشلىقى ھاۋاسى باھاردەك ئىللىق بولۇپ، خىلمۇخىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرىدۇ؛ يازلىقى مەيىن شامال چىقىپ، ئىنتايىن سالقىن بولىدۇ. ھەر يىلى يانۋار، فېۋرال ئايلىرىدا كىشىلەر بۇ يەردە سۇ ئۈزىدۇ، دولقۇندا تېيىلىدۇ، شۇڭا كىشىلەر بۇ يەرنى «جەننەت» دېيىشىدۇ.

ھاۋاي تاقىم ئاراللىرى شىمالىي تىنچ ئوكياننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوكيانىيەدىكى پولىنېزىيە تاقىم ئاراللىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۇ يەردە 132 ئارال بار بولۇپ، غەربىي شىمال ئۇچىدىكى كۇرې ئارىلىدىن شەرقىي جەنۇبتىكى ھاۋاي ئارىلىغىچە سوزۇلۇپ، 2450 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئاراللار زەنجىرىنى ھاسىل قىلغان. بۇ ئاراللارنىڭ كۆپىنچىسى يانار تاغلارنىڭ پارتلىشىدىن ھاسىل بولغان. ھاۋاي تاقىم ئاراللىرى تىروپىك بەلباغقا جايلاشقان بولۇپ، ئارالدا تىروپىك ئۆسۈملۈكلىرى ھەممە يەرگە تارقالغان، ھەرخىل تىروپىك زىرائەتلىرى كۆپ. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن شېكەر قومۇش، ئاناناس، قەھۋە، تاماكا، بانان قاتارلىقلار بار. ساياھەتچىلىك ئۇنىڭ مۇھىم ئىقتىساد مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ، بۇ يەرنىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە كۆپكۆك دېڭىز سۇلىرى، شۇنىڭدەك مول دېڭىز مەھسۇلات بايلىقى زور تۈركۈمدىكى ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ.

**يېرىم ئارال** دۇنيا خەرىتىسىگە تەپسىلىي قارىسىڭىز، ھەرقايسى قۇرۇقلۇقلارنىڭ ياقا ـ گىرۋەكلىرىدە دېڭىز ـ ئوكيانلارغا سوزۇلۇپ كىرگەن كىچىك قۇرۇقلۇقلارنى كۆرىسىز. ئۇلارنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، جەنۇبىي ياۋروپادىكى يەر ئوتتۇرا دېڭىزغا سوزۇلۇپ كىرگەن «ئۆتۈك»كە ئوخشايدىغان ئاپېننىن يېرىم ئارىلى، جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھىندى ئوكيانغا سوزۇلۇپ كىرگەن جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى قاتارلىقلار مۇشۇ خىلدىكى ئاراللارغا ياتىدۇ. ئۇلار چوڭ قۇرۇقلۇقتىن ئايرىلىپ كەتمىگەن قۇرۇقلۇق،



ھاۋاي تاقىم ئاراللىرىدىكى ئوئاخۇ ئارىلى پولىنېزىيە مەدەنىيەت مەركىزىدىكى يەرلىك ئۇسسۇل. (سۈرەتنى سۈن جېڭ تارتقان)



سىناي يېرىم ئارىلىنىڭ يۇقىرى بوشلۇقتىن كۆرۈنۈشى.

يەنى يېرىم ئاراللاردۇر. دېڭىز ــ ئوكيانلار ياكى كۆللەرگە سوزۇلۇپ كىرگەن، بىر تەرىپى قۇرۇقلۇق بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان، قالغان جايلىرىنى سۇ ئوراپ تۇرىدىغان قۇرۇقلۇقلار يېرىم ئارال دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنيادا نۇرغۇنلىغان مەشھۇر يېرىم ئاراللار بار، مەسىلەن، ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سومالى يېرىم ئارىلىنى كىشىلەر «قىزىل دېڭىزنىڭ تاقىقى»، «ئافرىقا تومشۇقى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئامېرىكىنىڭ فلورىدا يېرىم ئارىلىنىڭ ئاپېلسىنلىرى داڭلىق بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئاپېلسىن پادىشاھلىقى دەپ تەرىپلىنىدۇ؛ ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كالىفورنىيە يېرىم ئارىلى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن يېرىم ئارال ھېسابلىنىدۇ؛ ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى كامچاتكا يېرىم ئارىلىدا يانار تاغ، مۇزلۇقلار «تىنچ بىللە تۇرىدۇ»، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ مەنزىرە. دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ يېرىم ئارال ئەرەب يېرىم ئارىلىدۇر. جۇڭگونىڭ يېرىم ئاراللىرىدىن ئاساسلىقى لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى، شەندۇڭ يېرىم ئارىلى، لېيجۇ يېرىم ئارىلى قاتارلىقلار بار.

**ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى** جۇڭگونىڭ جەنۇبىدا بىر يېرىم ئارال بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىي جۇڭگو زېمىنى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، ئارالدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا جۇڭگو بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار، مانا بۇ ئارال ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىدۇر.

ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى 3 چوڭ ئارالنىڭ بىرى بولۇپ، جۇڭگو قۇرۇقلۇقى بىلەن جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى ئارىلىقىغا جايلاشقان. يېرىم ئارالدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ جۇڭگو ۋە ھىندىستان بىلەن زىچ تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى بار، شۇڭا ئۇ «جۇڭگو ــ ھىندىستان يېرىم ئارىلى» ياكى «ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى» دەپ ئاتالغان.

ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى شەرقتە تىنچ ئوكياندىكى جەنۇبىي دېڭىز بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي تەرىپى ھىندى ئوكياندىكى بېنگال قولتۇقى بىلەن ئاندامان دېڭىزىغا يانداشىدۇ. جەنۇب تەرىپى مالاككا بوغۇزى ئارقىلىق ھىندونېزىيە بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. كۆلىمى 2 مىليون 70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بىرما، تايلاند، لائوس، كامبودژا، ۋيېتنام، سىنگاپور ۋە مالايسىيانىڭ غەربىي رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، تاغ تىزمىلىرى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ يەلپۈگۈچسىمان يېيىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا چوڭ دەريالار تارقالغان بولۇپ، تاغ ــ دەريالار گىرەلەشكەن ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. داڭلىق چوڭ دەريالاردىن ئىرراۋاددى دەرياسى، ساۋلىن دەرياسى (نۇجياڭ)، مېنام دەرياسى، مېكوڭ دەرياسى ۋە قىزىل دەريا قاتارلىقلار بار بولۇپ، سۇ مىقدارى يېتەرلىك، سۇ كۈچى بايلىقى مول. تونلېساب كۆلى بۇ يېرىم ئارالدىكى ئەڭ چوڭ كۆل ھېسابلىنىدۇ. كىلىماتى تىروپىك مۇسسون شاماللىق تىپنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ھۆل ــ يېغىنى مول، ئەمما قۇرغاق ــ نەم پەسلى ئېنىق ئايرىلىدۇ. جەنۇبىي قىسمىدىكى مالاي يېرىم ئارىلىنىڭ كىلىماتى تىروپىك يامغۇرلۇق ئورمان كىلىماتىغا تەۋە بولۇپ، تېمپېراتۇرىسى يىل بويى يۇقىرى بولىدۇ، يامغۇر كۆپ ياغىدۇ. كان بايلىقلىرىدىن ئاساسلىقى قەلەي، ۋولفرام، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز قاتارلىقلار بار. بۇ يەردىن گۈرۈچ، كاۋچۇك، پالما يېغى، كوكوس يېغى، زىغىر قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە كاۋچۇك بىلەن پالما يېغىنىڭ مەھسۇلاتى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي ئۇچى جەنۇبىي دېڭىز، سىنگاپور بوغۇزى ۋە مالاككا بوغۇزىنىڭ كانىيىنى بوغۇپ تۇرىدىغان بولۇپ، خەلقئارا دېڭىز قاتنىشىنىڭ مۇھىم يولى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ قاتناش ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئەرەب يېرىم ئارىلى** ئەرەب يېرىم ئارىلى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ يېرىم ئارال بولۇپ، ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان، ئۇ تەخمىنەن شىمالىي كەڭلىك 30° نى چېگرا قىلىپ، شەرقىي تەرىپى پارس قولتۇقى ۋە ئومان قولتۇقىغا، جەنۇبىي تەرىپى ئەرەب دېڭىزى ۋە ئەدەن قولتۇقىغا يانداش تۇرىدۇ، غەربىي تەرىپى قىزىل دېڭىز ئارقىلىق ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، كۆلىمى 3 مىليون 220 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. غەربىي قىسمى، جەنۇبىي قىسمى ۋە شەرقىي جەنۇب گىرۋەكلىرىدە تاغ تىزمىلىرى بار ھەممە تىك قىيالار ئارقىلىق دېڭىزغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ،



ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى دېڭىز ساھىلى شەھىرى.

قالغان چوڭ قىسمى ئېگىز تەكشىلىك بولۇپ، يەر شارائىتى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ قىيپاش تۇرىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 300 ~ 2000 مېتىرغىچە كېلىدۇ. بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىسسىق رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەڭ ئىسسىق ئاينىڭ مۇتلەق يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 50℃ ~ 55℃ قىچە بولىدۇ. كۆپ قىسىم رايونلىرىنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى 100 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ. تاغلىقنىڭ گىرۋەكلىرىدە ئورمان، ئوتلاقلار بار، ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا قۇملۇقلار كەڭ تارقالغان. بۇ يېرىم ئارالدىن خورما، قەھۋە، قوي يۇڭى، تېرە - خۇرۇم قاتارلىق مەھسۇلاتلار چىقىدۇ. يېرىم ئارالنىڭ قېزىلما بايلىقلىرى مول بولۇپ، پارس قولتۇقى قىرغىقى دۇنيا بويىچە نېفىت - تەبىئىي گاز زاپىسى ئەڭ مول رايونلارنىڭ بىرىدۇر. سەئۇدى ئەرەبىستانى، كۇۋەيت، قاتار، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئومان، يەمەن ۋە بەھرەيندىن ئىبارەت 7 دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاھالىسى ئاساسلىقى ئەرەبلەر بولۇپ، كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئەرەب تىلى ئورتاق قوللىنىلىدۇ.

**بالقان يېرىم ئارىلى** بالقان يېرىم ئارىلى ئىزچىل تۈردە دۇنيانىڭ دىققەت نۇقتىسى بولۇپ كېلىۋاتقان رايونلارنىڭ بىرى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا مىللىي مەسىلە سەۋەبىدىن، بالقان يېرىم ئارىلى «ياۋروپانىڭ ئوق دورا ئىسكىلاتى» دەپ نام ئالغانىدى. سېربىيە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى سىياسىي ماجىرانىڭ مەركەزلەشكەن جايى بولغانلىقتىن، ئۇ «بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ ئوق - دورا ئىسكىلاتى» دەپ نام ئالغان. كوسوۋو بولسا بۇ «ئوق - دورا ئىسكىلاتى»نىڭ قىزىق نۇقتىسى بولۇپ قالغان.

بالقان يېرىم ئارىلى ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ياۋروپانىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچ چوڭ يېرىم ئارالنىڭ بىرى، ئورنى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئارىلىقىدا بولغانلىقتىن، جۇغراپىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. مەزكۇر يېرىم ئارال ئادرىياتىك دېڭىزى، مارمارا دېڭىزى، ئېگېي دېڭىزى، ئىيونىيان دېڭىزى ۋە قارا دېڭىزنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ سېربىيە، قارا تاغ، بوسنىيە ۋە گېرتسېگوۋىنا، ماكېدونىيە، ئالبانىيە، بۇلغارىيە، گرېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى، شۇنىڭدەك سلوۋېنىيە، كىرودىيە، تۈركىيە، رۇمىنىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قىسمەن رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېڭىز قىرغاقلىرى ئەگرى - بۈگرى، ئاراللىرى كۆپ. غەربىي قىسمىدا تار ھەم ئۇزۇنچاق پورت قولتۇقلىرى ۋە دېڭىز بوغۇزلىرى كۆپ. كۆپ قىسىم جايلىرى تاغلىق بولۇپ، «بالقان» سۆزىنىڭ تۈركچىدە تېغى كۆپ دېگەن مەنىسى بار. تاغلىرىدىن بالقان تاغ تىزمىسى، رودوپى تاغ تىزمىسى قاتارلىقلار بار. پەقەت شىمالىي ۋە شەرقىي قىسمىدا قىسمەن تۈزلەڭلىكلەر بار. غەربىي ۋە جەنۇبىي قىرغىقى يەر ئوتتۇرا دېڭىز كىلىماتىغا تەۋە بولۇپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقى قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا ئىگە. ئورمان، كۆمۈر، مىس، نېفىت قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلىرى بار.

**ئاپېننىن يېرىم ئارىلى** ئاپېننىن يېرىم ئارىلى يەنە «ئىتالىيە يېرىم ئارىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ جەنۇبىي ياۋروپادىكى ئۈچ چوڭ يېرىم ئارالنىڭ بىرى بولۇپ، يەر ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىچە سوزۇلۇپ ياتىدۇ، ئۇ تۇرېنىئان دېڭىزى، ئادرىياتىك دېڭىزى، ئىيونىيان دېڭىزىدىن ئىبارەت 3 دېڭىزنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. كۆلىمى 251 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالىي تەرىپى ئالپس تاغ تىزمىسى ئارقىلىق ياۋروپانىڭ باشقا قىسىملىرى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئاپېننىن تاغ تىزمىسى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشتە يېرىم ئارالنىڭ غول قىسمىنى ھاسىل قىلغان. شىمالىي تەرىپىدە پو دەرياسى تۈزلەڭلىكى بار. كىلىماتى يەر ئوتتۇرا دېڭىزى كىلىماتىنى ئاساس قىلىدۇ، قىشتا يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، يازدا قۇرغاق بولىدۇ. دېڭىز قىرغىقى ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، ياخشى پورتلار كۆپ. كان بايلىقى سىماب، ئاليۇمىن تۇپىسى، تۇرف، تەبىئىي گاز، تاشتۇز ۋە مەرمەر تاشلارنى ئاساس قىلىدۇ. سۇ كۈچى بايلىقى مول. يېزا ئىگىلىكىدە ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، گۈرۈچ، بەرەڭگە (ياڭيۇ)، قىزىلچا ۋە ئۈزۈم، ئاپېلسىن، مايلىق زەيتۇن دەرىخى قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

**گېئولوگىيە** گېئولوگىيە يەر شارىنىڭ ماددىي تەركىبى، ئىچكى تۈزۈلۈشى، تاشقى ئالاھىدىلىكلىرى، ھەرقايسى قەۋەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش تارىخى توغرىسىدىكى بىلىم سىستېمىسىدىن ئىبارەت.

ھازىرقى زامان ئىلمىي ئەھمىيىتىگە ئىگە گېئولوگىيە 19 - ئەسىرنىڭ 30 ~ 40 - يىللىرى شەكىللەنگەن، 20 - ئەسىرگە كەلگەندە گېئولوگىيەدىن باشقا، يەر شارىنى ئوبيېكت قىلىپ، ئۇنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتا ۋە ساھەلەر بويىچە تەتقىق قىلىدىغان پەنلەردىن جۇغراپىيە، دېڭىز - ئوكيان ئىلمى، ئاتموسفېرا ئىلمى، سۇ رايى ئىلمى، قاتتىق جىسىم گېئوفىزىكىسى، گېئوخىمىيە قاتارلىقلار تەرەققىي قىلىپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان يەر شارى ئىلمى سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. گېئولوگىيە ئۇلارنىڭ ئىچىدە تايانچلىق رول ئوينايدىغان ئاساسىي پەن بولۇپ، تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى يەر شارىنىڭ ئىچكى - تاشقى قەۋەتلىرى، مىنېراللار ۋە تاغ جىنىسلىرى، يەر قاتلىمى ۋە قەدىمكى جانلىقلار، گېئولوگىيەلىك تۈزۈلۈش ۋە گېئولوگىيەلىك تەسىرلەر قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**گېئولوگىيەلىك دەۋرلەر** تۈرلۈك كىشىلەر دىنازاۋۇرنىڭ بور دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يوقالغانلىقىنى بىلىدۇ. بور دەۋرى بولسا گېئولوگىيە-لىك دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ھايات ئېرا-سىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر دەۋرىدۇر.

گېئولوگلار رادىيو ئاكتىپلىق ئىزوتوپلارنىڭ يىمىرىلىش قانۇنىيە-تىگە ئاساسەن، ھەرقايسى يەر قاتلام-لىرى ياكى تاغ جىنىسلىرىنىڭ يې-شىنى ئېنىق ئۆلچەپ بېكىتەلەيدۇ. ئۇلار تاغ جىنىسلىرىنىڭ يېشى، يەر قاتلاملىرىنىڭ تەرتىپى، جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، يەر شارىنىڭ 4 مىليارد 600 مىليون يىللىق تارىخىنى ئې-ئون، ئېرا، دەۋر قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان يىللار بىرلىكىگە ئايرىپ چىقىپ، بۇ يىللار بىرلىكلىرىنى ئو-مۇملاشتۇرۇپ گېئولوگىيەلىك دەۋر-لەر دەپ ئاتىغان. بىرىنچى دەرىجە ئەڭ قەدىمكى ئېئون، ئارخېئوزوي ئېئونى، پىروتېروزوي ئېئونى، ئو-چۇق ھايات ئېئونىدىن ئىبارەت تۆت ئېئونغا ئايرىلغان. ئەڭ قەدىمكى ئې-ئوندا يەر شارى ئەمدىلا بەرپا بولغان بولۇپ، ھېچقانداق ھاياتلىق يوق. ئارخېئوزوي ئېئونىدا ھاياتلىق پەيدا بولۇشقا باشلىغان. پىروتېروزوي ئې-ئونىدا ھەقىقىي يادرولۇق جانلىقلار پەيدا بولغان، كېيىنكى مەزگىلىدە ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار پەيدا بولغان. ئوچۇق ھايات ئېئونى ھاياتلىق ئېئو-نىدۇر. ئىككىنچى دەرىجىدىكى ئېرا: قەدىمكى ھايات ئېراسى، ئوتتۇرا ھا-يات ئېراسى، يېڭى ھايات ئېراسى قا-تارلىقلارغا ئايرىلغان. ھەربىر ئېرا يەنە ئۈنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىدىكى دەۋرلەرگە ئايرىلغان، ھەربىر دەۋر يەنە تېخىمۇ تۆۋەن دەرىجىدىكى مەز-گىللەرگە ئايرىلغان، شۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي ھالدا سىستېمىسى مۇكەم-مەل بولغان گېئولوگىيەلىك دەۋرلەر جەدۋىلى بارلىققا كەلگەن.

بۇنىڭدىن 600 مىليون يىلدىن 250 مىليون يىلغىچە بولغان قەدىم-كى ھاياتلىق ئېراسىدا، ئۆسۈملۈكلەر دېڭىزدا ياشاشتىن قۇرۇقلۇقتا يا-شاشقا تەرەققىي قىلغان ھەممە جاز-لىقلار تارىخىدا قۇرۇقلۇق ئۆسۈم-لۈكلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق گۈللەپ ياشنىشى بارلىققا كەلگەن، يەنى قۇرۇقلۇقتىكى پاپوروتنىكلار

گېئولوگىيەلىك دەۋرلەر جەدۋىلى ۋە جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش قىسقىچە جەدۋىلى

| گېئولوگىيەلىك دەۋرلەر: ئېئون | گېئولوگىيەلىك دەۋرلەر: ئېرا | گېئولوگىيەلىك دەۋرلەر: دەۋر | بوگۇنگىچىلىك يېشى (مىليون يىل) | جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى |
|---|---|---|---|---|
| ئوچۇق ھايات ئېئونى | يېڭى ھايات ئېراسى | تۆتىنچى دەۋر | 1.64 | ئىنسانلار پەيدا بولغان |
| | | ئۈچىنچى دەۋر: ئاخىرقى ئۈچىنچى دەۋر | 23.3 | |
| | | ئۈچىنچى دەۋر: دەسلەپكى ئۈچىنچى دەۋر | 65 | يېقىنقى زامان سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار پەيدا بولدى |
| | ئوتتۇرا ھايات ئېراسى | بور دەۋرى | 135 | يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر بارلىققا كەلدى |
| | | يۇرا دەۋرى | 208 | قۇشلار، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار پەيدا بولدى |
| | | تىرىياس دەۋرى | 250 | |
| | قەدىمكى ھايات ئېراسى | پېرىم دەۋرى | 290 | |
| | | كاربون دەۋرى | 362 | |
| | | دېۋون دەۋرى | 409 | يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر، ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار پەيدا بولدى |
| | | سىلۇر دەۋرى | 439 | |
| | | ئوردوۋىك دەۋرى | 510 | |
| | | كېمبىرى دەۋرى | 570 | |
| دەسلەپكى ئېپتىدائىي ھاياتلىق ئېئونى (پىروتېروزوي ئېئونى) | يېڭى دەسلەپكى ئېپتىدائىي ھاياتلىق ئېراسى | سىنئان دەۋرى | 800 | بوغۇملۇق پاپورتنىكلار پەيدا بولدى |
| | | | | ئېگەكسىز ھايۋانلار پەيدا بولدى |
| | | | 1000 | قاتتىق قاسراقلىق ھايۋانلار پەيدا بولدى |
| | ئوتتۇرا دەسلەپكى ئېپتىدائىي ھاياتلىق ئېراسى | | 1800 | يالىڭاچ ھايۋانلار پەيدا بولدى |
| | قەدىمكى دەسلەپكى ئېپتىدائىي ھاياتلىق ئېراسى | | | ھەقىقىي يادرولۇق ھۈجەيرە جانلىقلىرى پەيدا بولدى |
| يىراق قەدىمكى ئېئون (ئارخېئوزوي ئېئونى) | | | 2500 | ئاخىرقى مەزگىلدە ھاياتلىق بارلىققا كەلدى، قەۋەتلىك تاشلار پەيدا بولدى |
| ئەڭ قەدىمكى ئېئون (پادېئان ئېئونى) | | | 3850 | |

تازا كۆپەيگەن. بۇ كېيىن كەڭ كـۆ-
لەمدىكى كۆمۈرلۈككە ئايلانغان. ئـو-
مۇرتقىسىز ھايۋانلارنىڭ تازا كۆپىـ-
يىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن
ھەمدە دېڭىزدا ئومۇرتقىسىز
ھايۋانلارنىڭ ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارغا
تەرەققىي قىلىشى تاماملانغان. ئۇنىڭ-
دىن كېيىن ئومۇرتقىلىق بېلىق تۇر-
لىرى تازا كۆپىيىپ، دېڭىزدا ياشى-
غۇچى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ قۇ-
رۇقلۇقتا ياشىغۇچى ئومۇرتقىلىق
ھايۋانلارغا تەرەققىي قىلىشى تاما-
لىنىپ، قوش ماكانلىقلار، ئۆمىلى-
گۈچى ھايۋانلار بارلىققا كەلگەن.

بۇنىڭدىن 250 مىليون يىلدىن
65 مىليون يىل ئىلگىرىگىچە بولغان
ئوتتۇرا ھايات ئېراسىدا، جانلىقلار-
نىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات قەدىمى
تېزلىشىپ، يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆ-
سۈملۈكلەر تېز سۈرئەتتە پاپوروت-
نىكلارنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، يېپىق
ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر پەيدا بولۇپ،
قۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئىك-
كىنچى قېتىملىق گۈللەپ ياشناش
مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەن. بۇ
چاغدا ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار كۆپى-
يىپ، دىنازاۋۇرلار يەر شارىغا ھۆ-
كۈمرانلىق قىلغان؛ سۈت ئەمگۈچى
ھايۋانلار بىلەن قۇش تۈرىدىكى
ھايۋانلار پەيدا بولغان. ئوتتۇرا ھايات
ئېراسى يەنە كۆمۈر ۋە نېفىت ھاسىل
بولۇش دەۋرىدۇر.

65 مىليون يىل بۇرۇنقى يېڭى
ھايات ئېراسى يەر شارى تارىخىدىكى
يېڭى بىر سەھىپە ھېسابلىنىدۇ. بۇ
ۋاقىتتىكى مۇھىت بۈگۈنكى مۇھىت
بىلەن ئوخشاش بولۇپ، يېپىق ئۇ-
رۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر زور دەرىجىدە
تەرەققىي قىلغان. تىروپىك، مۆتىدىل
بەلباغلاردا كەڭ كەتكەن تىروپىك
بەلباغ دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان
ئورمانلىرى ۋە مۆتىدىل بەلباغ يو-
پۇرماق تاشلايدىغان ئورمانلىرى پەيدا
بولۇپ، قۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ
3 ـ قېتىملىق چوڭ گۈللەپ ياشى-
نىشى بارلىققا كەلگەن. سۈت ئەمگۈ-
چى ھايۋانلار مىسلىسىز ئاۋۇپ، بۇ-
گۈندىن تەخمىنەن 3 مىليون يىل
بۇرۇنقى مەزگىلدە ئەڭ ئالىي دەرىجى-
لىك ھايۋان ــ ئىنسانلار بارلىققا
كەلگەن.

## بور دەۋرى ۋە دىنازاۋۇر

1993 ـ
يىلى ئامېرىكىنىڭ «يۇرا دەۋرى باغ-
چىسى» ناملىق كىنوسى شۇ يىلدىكى
بېلەت سېتىلىشى ئەڭ ياخشى فىلىم
بولدى، فىلىمدىكى قايتىدىن تىرىل-
دۈرۈلگەن دىنازاۋۇرلار كىشىنى ھايا-
جانلاندۇرىدىغان كۆرۈنۈش ھېسابلى-
نىدۇ. فىلىمدىكى ھېكايىلەر توقۇلما
بولسىمۇ، بور دەۋرىدىكى دىنازاۋۇرلار
قالدۇرۇپ كەتكەن ھەرخىل سىرلار
كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى،
نۇرغۇنلىغان بالىلارنىڭ دىنازاۋۇرغا
بولغان قىزىقىشىنى قاتتىق قوزغىدى.

بور دەۋرى ئوتتۇرا ھايات ئېرا-
سىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەۋرى بولۇپ،
بۇنىڭدىن تەخمىنەن 135 مىليون يىل
ئىلگىرىدىن باشلىنىپ، 65 مىليون
يىل ئىلگىرى ئاخىرلاشقان. بور دەۋ-
رى يەر شارىدىكى دېڭىز ـ قۇرۇق-
لۇقلار تارقالغان ۋە جانلىقلار دۇنيا-
سىدا كەسكىن ئۆزگىرىش بولغان
دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بور دەۋرىدە پۈت-
كۈل يەر شارىنىڭ كىلىماتى ئىللىق
بولۇپ، مۆتىدىل بەلباغ ۋە سۇبتىرو-
پىك بەلباغ ئۆسۈملۈكلىرى گىـ-
رېنلاندىيە ۋە ئالياسكا قاتارلىق يۇ-
قىرى كەڭلىك رايونلىرىدا پەيدا بول-
غان. ئۆسۈملۈكلەر بۈك ـ باراقسان
ئۆسكەن. ھايۋانات دۇنياسىدا بور
دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە زور
ئۆزگىرىش بولغان. دىنازاۋۇر، ئام-
مونىتلار ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان جاذ-
لىقلار تۈركۈملىرى زور مىقداردا يو-
قالغان، ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار ئىچى-
دىكى ئۆمىلىگۈچىلەر يۈكسەك گۈللى-
نىشتىن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بولۇپ،
بۇ يېڭى ھايات ئېراسىنىڭ پات ئارىدا
باشلىنىشىدىن دېرەك بېرەتتى.

دىنازاۋۇر بۇنىڭدىن 225 مىليون
يىل ئىلگىرىكى تىرىياس دەۋرىدە
پەيدا بولۇپ، يۇرا دەۋرىنى باشتىن
كەچۈرۈپ، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 65
مىليون يىل ئىلگىرىكى بور دەۋرىدە
يوقالغان. دىنازاۋۇرلارنىڭ گەۋدىسى
ناھايىتى زور بولۇپ، ئەڭ چوڭ دى-
نازاۋۇرنىڭ بەدەن ئۇزۇنلۇقى 30 مې-
تىرغا يېتىدۇ، ئېغىرلىقى نەچچە 10
توننا كېلىدۇ، بۇ جانلىقلار تارىخىدا
تا بۈگۈنگىچە ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق
ھايۋىنى ھېسابلىنىدۇ. دىنازاۋۇرنىڭ
ئىنگلىزچە يېزىلىشى «dinosaurs»
بولۇپ، بۇ گىرېكچىدىن كەلگەن،
ئەسلىي مەنىسى «قورقۇنچلۇق كەس-
لەنچۈك»تۇر.

دىنازاۋۇرلارنى گۆشخورلار ۋە
چۆپخورلار دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە
ئايرىشقا بولىدۇ. گۆشخورلىرى گۆش
يېيىشكە ئامراق بولۇپ، ئارقا پۇتى
يەرنى دەسسەپ تۇرىدۇ، ئالدى پۇتى
ئانچە تەرەققىي قىلمىغان، كەينى پۇ-
تى ئۇزۇن بولۇپ، تېز يۈگۈرەيدۇ.
چىشلىرى ئۆتكۈر كېلىدۇ، بۇ بۇ-
گۈنگە قەدەر يەرشارىدا كۆرۈلگەن ئەڭ
كۈچلۈك گۆشخور ھايۋان ھېسابلى-
نىدۇ، بۇلاردىن تىرانىنوزاۋۇر، ئال-
لوزاۋۇر قاتارلىقلار بار. چۆپخورلىرى
ئوت ـ چۆپ يەيدۇ، تۆت پۇتى يەرنى
دەسسەيدۇ، سازلىقلاردا ياشايدۇ، ئې-
غىرلىقى نەچچە ئون توننا كېلىدۇ،
نۇرغۇنلىرىنىڭ بەدىنىدە قاتتىق
قاسىرىقى ياكى ئۇچلۇق مۈڭگۈزلىرى
بار بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭغا تايىنىپ
دۈشمىنىدىن مۇداپىئە كۆرىدۇ. بۇلار-
دىن بىرونتوزاۋۇر، دىپلو دوكۇس قا-
تارلىقلار بار.

ئىلىم ساھەسىدە دىنازاۋۇرلار-
نىڭ يوقىلىش سىرىنى چۆرىدەپ
نۇرغۇنلىغان نەزەرىيەلەر ئوتتۇرىغا
قويۇلدى: «كىلىماتنىڭ توساتتىن
ئۆزگىرىش نەزەرىيەسى» دە كىلىمات-
نىڭ نورمالسىز ئۆزگىرىشى دىنازا-
ۋۇرلارنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ
چىقارغان دەپ قارىلىدۇ؛ «ئالەم ئاپى-
تى نەزەرىيەسى» دە ئالەم بوشلۇقىدىن
كەلگەن ئاسمان جىسمىنىڭ يەر شا-
رىغا سوقۇلۇشى ياكى قۇياش داغلى-
رىنىڭ پارتلىشى ۋە ياكى دەرىجىدىن
تاشقىرى يېڭى يۇلتۇزنىڭ پارتلىشى
قاتارلىق ئاسترونومىيەلىك ھادىسى-
لەر دىنازاۋۇرنىڭ نەسلىنى قۇرۇتقان
دەپ قارىلىدۇ؛ يەنە بىر خىل قاراشتا
يەر شارى ماگنىت مەيدانىنىڭ «تەتۈر

www.uyghurkitap.com

ئايلىنىشى» ياكى يەر پوستى ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى سەۋەبىدىن جانلىقلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن، دەپ قارىلىدۇ؛ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى» دە دىنازاۋرلارنىڭ ئالاھىدىلىشىشى مۇھىتقا ماسلىشالماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىلغار ھايۋانلار ئىگىلىگەن، شۇنىڭ بىلەن دىنازاۋۇرلارنىڭ نەسلى قۇرۇغان دەپ قارىلىدۇ.

**پۈرۈلمە** يەر شارىدا نۇرغۇنلىغان تۇتاش كەتكەن ئېگىز - پەس تاغ تىزمىلىرى بار، ئۇلار خۇددى يەر شارىنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلارغا ئوخشايدۇ، بۇ پۈرۈلمىلىك تاغ تىزمىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.



تەتۈر پۈرمە (ئانتىكلىنال) ۋە يانتۇ پۈرمە (سىنكلىنال)

يەر پوستىدىكى تاغ جىنىسلىرى ھاسىل بولغاندا، ئومۇمەن گورىزونتال ھالەتتە (تەكشى) بولۇپ، يەر پوستى ھەرىكىتىنىڭ گورىزونتال قىستاش كۈچىنىڭ تەسىرىدە، تەدرىجىي ئېگىلىپ شەكلىنى ئۆزگەرتكەن، بەزىلىرى يۇقىرىغا قاراپ ئېگىلسە، بەزىلىرى تۆۋەنگە ئېگىلگەن. كۆپ ھاللاردا، كۆپلىگەن ئەگمە بىرلىشىپ بىر قاتار تۇتاش كەتكەن دولقۇنسىمان ئېگىز - پەس ئەگمىلىك شەكىل ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ پۈرۈلمە دەپ ئاتىلىدۇ.

پۈرۈلمىنىڭ ئاساسىي شەكلى تەتۈر پۈرمە (ئانتىكلىنال) ۋە يانتۇ پۈرمە (سىنكلىنال) دىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. يانتۇ پۈرمە شەكىل جەھەتتە تاغ جىنىسلىرى قاتلىمىنىڭ ئۈستىگە قاراپ ئېگىلىشىدىن تاغ چوققىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. يانتۇ پۈرمە بولسا تۆۋەنگە قاراپ ئېگىلىپ تاغ جىلغىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدا تاشقى كۈچنىڭ ئۇپرىتىش ۋە تىنىدۇرۇش تەسىرىدە، تەتۈر پۈرمە كېرىلىش كۈچىنىڭ دائىملىق ئۇپرىتىشى بىلەن جىلغىغا ئايلىنىدۇ؛ يانتۇ پۈرمە قىستىلىپ، تاغ جىنىس قاتلىمى قاتتىق بولغانلىقتىن ئوڭايلىقچە ئۇپرىماي تاغلىققا ئايلىنىدۇ، بۇ يەر شەكلىنىڭ كۆمتۈرۈلۈشى دەپ ئاتىلىدۇ. تەتۈر پۈرمە بىلەن يانتۇ پۈرمە بىرى پەس، بىرى ئېگىز بولۇپ، تاغ ۋە جىلغىلارنىڭ شەكلى ھالىتىنى كونترول قىلىپ، پۈرۈلمىلىك تاغلارنى ھاسىل قىلىدۇ. يەر شارىدىكى نۇرغۇنلىغان چوڭ تاغ تىزمىلىرى پۈرۈلمىلىك تاغ تىزمىلىرىغا تەۋە.

**ئۈزۈلمە** يەر شارىدا نۇرغۇن چوڭقۇر جىلغىلار بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە شەرقىي ئافرىقا چوڭ جىلغىسى ئەڭ چوڭ بولۇپ، تۇتاش كەتكەن قۇرۇقلۇق قاق ئوتتۇرىدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ خىل ھادىسە ئۈزۈلمىگە مەنسۇپ.

يەر پوستى ھەرىكىتىنىڭ قىستاش كۈچى ياكى كېرىلىش كۈچى تاغ جىنىسلىرىنىڭ بەرداشلىق بېرىش چېكىدىن ئېشىپ كەتكەندە، تاغ جىنىسلىرىنىڭ ئەڭ ئاجىز جايى تۇساتتىن يېرىلىپ، يېرىقنىڭ ئىككى يېنىدىكى تاغ جىنىس بۆلىكىدە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئورۇن يۆتكىلىش ۋە سىلجىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ، مانا بۇ ئۈزۈلمە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈزۈلمە تەسىرىدە يەر يۈزىدە نۇرغۇنلىغان ئۈزۈلگەن بۆلەكلەر پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئوتتۇرىدىكى يەر بۆلىكى كۆتۈرۈلگەن، ئىككى يېنىدىكى يەر بۆلىكى تۆۋەنلىگەن بولسا، بۇ گورست دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئەگەر ئوتتۇرىدىكى يەر بۆلىكى تۆۋەنلىگەن، ئىككى يېنىدىكى يەر بۆلىكى كۆتۈرۈلگەن بولسا، بۇ گىرابېن دەپ ئاتىلىدۇ. جۇڭگو لۇشەن تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، تەيشەن قاتارلىق بۆلەكسىمان تاغلار تىپىك گورستقا مەنسۇپ. يېرىلمىلار كۆپ ھاللاردا گىرابېن بولىدۇ، مەسىلەن، ۋېيخې ۋە فېنخې دەريا ۋادىلىرى گىرابېنغا تەۋە.

## شەرقىي ئافرىقا چوڭ جىلغىسى

شەرقىي ئافرىقا چوڭ جىلغىسى دۇنيا بويىچە قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ ئۇزۇن يېرىلما بەلباغ بولۇپ، ئۇ جەنۇبتا زامبېزى دەرياسى ئېغىزىدىن باشلىنىپ، شىمالدا مالاۋى كۆلىنىڭ شىمالىي قىسمىغىچە سوزۇلۇپ بارىدۇ ھەمدە مۇشۇ يەردە شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ. شەرقىي تارمىقى ئاساسلىقى جىلغا بولۇپ، تانزانىيە زېمىنىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ۋىكتورىيە كۆلى قاتارلىقلاردىن ئۆتۈپ، كېنىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تۇركانا كۆلى ۋە ئېفىئوپىيە ئېگىزلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن ئۆتۈپ، داۋاملىق شىمالغا سوزۇلۇپ قىزىل دېڭىزغىچە بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىل دېڭىز، ئاباقا قولتۇقى ئارقىلىق تۇپتوغرا غەربىي ئاسىيادىكى ئۆلۈك دېڭىز - ئىيوردانىيە دەرياسى ۋادىسىغا بارىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6400 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 48 ~ 65 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ يېرىلما بەلباغ بولۇپ، ھەيۋەتلىك، كۆركەم كۆرۈنىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئوبرازلىق ھالدا «يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى چوڭ تارتۇق» دەپ تەرىپلەشىدۇ.

**يەر قاتلىمى ۋە تاشقاتما** يەر شارىنى تەشكىل قىلغۇچى تاغ جىنىسلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چۆكۈندى جىنىسلاردۇر. قاتمۇقات تاغ جىنىسلىرى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە چۆكۈپ توپلىنىشىپ، يېڭى تاغ جىنىسلىرى قاتلىمى كونا تاغ جىنىس-

لىرى قاتلىمىنى بېسىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاستى - ئۈستى تەرتىپلىك قاتلانغان، بۇ خىل دەۋرنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى بويىچە تىزىلغان تاغ جىنسلىرى يەر قاتلاملىرى دەپ ئاتىلىدۇ. يەر قاتلاملىرى يەر شارى تارىخىنىڭ تەرتىپىنى خاتىرىلەيدۇ. يەر قاتلاملىرى ھاسىل بولۇش جەريانىدا جانلىقلارمۇ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى جانلىقلار ئۆلگەندىن كېيىن، جەسەتلىرى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى يەر قاتلاملىرىدا كۆمۈلۈپ قېلىپ، بەلگىلىك شارائىتتا تاشقاتمىلارغا ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، تاشقاتما يەر قاتلاملىرىغا چۆكۈپ ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى جانلىقلارنىڭ جەسەتلىرى ياكى ئىزلىرىدىن ئىبارەت. يەر قاتلىمى بىلەن تاشقاتمىلار يەر شارى تارىخىنى خاتىرىلەيدىغان تەبىئىي گېئولوگىيە تارىخى كىتابىدۇر. يەر قاتلاملىرى خۇددى كىتابنىڭ بەتلىرىگە، تاشقاتمىلار ھەربىر بەتتىكى ئېنىق يېزىقلارغا ئوخشايدۇ. يەر قاتلىمى ۋە تاش قاتمىلارنى تونۇشنى ئۆگىنىۋالساقلا، يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيمىز. يەر قاتلىمى ۋە تاش قاتمىلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يەر شارىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرىنى، گېئولوگىيەلىك دەۋرلەردىكى يەر پوستى ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالىنى، قەدىمكى جۇغراپىيە ۋە قەدىمكى بىيولوگىيەلىك مۇھىت قاتارلىقلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ يەر شارىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى بىلىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، جومولاڭما چوققىسىدا بېلىقلارنىڭ تاشقاتمىلىرى بايقالدى. بۇ ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ ئىلگىرى دېڭىز بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئانتاركتىكادا يەرنىڭ سىرتقى يۈزىگە چىقىپ قالغان كۆمۈر قاتلىمى بايقالدى، بۇ بۇ جاينىڭ ئىلگىرى بوك - باراقسان ئورمانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**كۇڭزى قۇشى ۋە جۇڭخۇا دىنازاۋۇرسىمان قۇشى** 19 - ئەسىردە گېرمانىيەدە ئۆمىلىگۈچىلەرنىڭ قۇشلارغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچنىڭ ۋەكىلى، بۇنىڭدىن 140 مىليون يىل ئىلگىرى يەر شارىدا ياشىغان ئەجداد قۇشنىڭ تاشقاتمىسى بايقالدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر يېڭى ئەجداد قۇشى تۈرىنىڭ بايقىلىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلدى. 20 - ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 10 يىلىدا، جۇڭگودا ئارقا - ئارقىدىن «كۇڭزى قۇشى»، «ئىپتىدائىي جۇڭخۇا دىنازاۋۇرسىمان قۇشى»نىڭ تاشقاتمىسى بايقالدى، بۇ دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى.

كۇڭزى قۇشىنىڭ تاشقاتمىسىنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى قەدىمكى ئومۇرتقىلىقلار بىلەن قەدىمكى ئىنسانلار تەتقىقاتى ئورنىدىكى پروفېسسور خۇ لىيەنخەي 1994 - يىلى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ بېيپياۋ شەھىرى شاڭيۈەنجېن رايونىدا تۇنجى قېتىم بايقىغان. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ خىل قۇشتا ئەجداد قۇشقا خاس بولمىغان نۇرغۇنلىغان ئالاھىدىلىكلەر بايقالدى. ئۇلارنىڭ گەۋدىلىك پەرقى ئاغزى قىسمىدا ئىپادىلەنگەن، ئەجداد قۇشىنىڭ مۇڭگۈز ماددىلىق تۇمشۇقى يوق، ئەمما كۇڭزى قۇشىنىڭ بار، ۋەھاكازالار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان قۇشلىرىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئالاھىدىلىكلىرىدۇر. ئالىملار كۇڭزىنىڭ جۇڭگودا ھەممە ئادەم بىلىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ قۇشقا ئۇنىڭ ئىسمىنى قويۇش ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قاراپ، ئۇنى «كۇڭزى قۇشى» دەپ ئاتىدى. كۇڭزى قۇشىنىڭ ئالدى پۇتىنىڭ يۇقىرىقى



جۇڭخۇا دىنازاۋۇرسىمان قۇشى.

بىلەك سۆڭىكىنىڭ ئۇچىنىڭ (بەدىنىگە يېقىن ئۇچىنىڭ) ئوتتۇرىسىدا دىيامېتىرى بىر سانتىمېتىرغا يەتمەيدىغان بىر تۆشۈكى بار، ئەمما ئەجداد قۇشىنىڭ يوق؛ كۇڭزى قۇشىنىڭ ئىككىنچى پەنجىسى ئەجداد قۇشىنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كىچىك؛ كۇڭزى قۇشىنىڭ قۇيرۇق ئومۇرتقىسىمۇ ئەجداد قۇشىنىڭكىدىن قىسقا، تۆش سۆڭىكى ئەجداد قۇشىنىڭكىدىن تەرەققىي قىلغان. كۇڭزى قۇشى بىلەن ئەجداد قۇشىنىڭ پەرق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىساق، ئىككىسىنىڭ ئۇچۇش جەھەتتە تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى قۇشلار بىلەن ئۆمىلىگۈچىلەرنىڭ ماھىيەتلىك پەرقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قۇشلارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىنىڭ ئۇچۇش ئېھتىياجىغا ماس كېلىشى ناھايىتى مۇھىم. كۇڭزى قۇشىنىڭ ئەجداد قۇشىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى دەل ئۇچۇشتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە فۇنكسىيەنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈندۇر.

1996 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو گېئولوگىيە مۇزېيى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ يىشيەن ناھىيەسىدىن يەنە بىر پارچە قىممەتلىك قۇش تۈرىدىكى تاشقاتمىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا «جۇڭخۇا دىنازاۋۇرسىمان قۇشى» دەپ نام قويدى. بۇ خىل قۇش تۈرى تاشقاتمىسىدىكى قۇش ئومۇمىي جەھەتتە قۇشلارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكىنى

نامايان قىلغان، ئالدى ـ كەينى پۈتلىرى ئاللىقاچان پەرقلەنگەن، بەدىنىدە ناھايىتى قىسقا ئىپتىدائىي پەيلىرى، مەزمۇت ئۆتكۈر چىشلىرى بار، قۇيرۇق ئومۇرتقىسى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، بۇ خىل ئىپتىدائىي قۇشلار تېخى ئۇچۇش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان. بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئۇ كىچىك دىنازاۋۇرلارنىڭ قۇشلارغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۆتكۈنچى تىپىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، قۇشلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى ئىكەن. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، جۇڭگو كۆكزى قۇشىنىڭ گېئولوگىيەلىك دەۋرى گېرمانىيەنىڭ ئەجداد قۇشىنىڭكىدىن سەل كېيىن، ئەجداد قۇشى بىلەن ھەقىقىي قۇشلار ئارىلىقىدىكى نىسبەتەن يەنىمۇ تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان ئىپتىدائىي قۇش بولۇپ، قۇشلارنىڭ ئەجدادى ئەمەسكەن. ئىپتىدائىي جۇڭخۇا دىنازاۋۇرسىمان قۇشىنىڭ تاش قاتمىسىنىڭ بايقىلىشى قۇشلار كىچىك دىنازاۋۇرلاردىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن دېگەن تەلىماتنى بىر قىسىم دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىدى.

**يەر تەۋرەش** يەر تەۋرەش دۇنيادىكى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن بالايىئاپىتى ھەددى ـ ھېسابسىز. ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلمىغان ئۆتمۈشتە، كىشىلەر يەر تەۋرەشنىڭ سەۋەبىنى دائىم ئىلاھىي كۈچلەرنى ۋاستە قىلىپ چۈشىنىپ كەلگەن. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر بۇ خىل تەبىئىي ئاپەتنى ئىلمىي نۇقتىسىدا تۇرۇپ تونۇيدىغان، تەھلىل قىلالايدىغان، ئالدىن مۇداپىئە كۆرەلەيدىغان بولدى.

يەر شارى ئىچكى قىسمىنىڭ مەلۇم جايلىرى كۈچلەرنىڭ تەسىرىدە، توساتتىن جىددىي ھەرىكەت قىلىپ يېرىلىپ، يەر تەۋرەش دولقۇنى پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بەلگىلىك دائىرىدىكى يەر يۈزىدە تەۋرەش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەر تەۋرەش تەيفېڭ بورىنى، قارا يامغۇر، كەلكۈن، چاقماق چېقىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىر تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىسىدۇر. يەر شارى ئۈزلۈكسىز تۈردە ھەرىكەت قىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقتىن، تەدرىجىي ھالدا غايەت زور ئېنېرگىيە جۇغلىنىدۇ، بۇ يەر پوستىدىكى ئاجىزراق جايلاردا تۇيۇقسىز يېرىلىشنى ياكى ئەسلىدىكى ئۈزۈلمىنىڭ سىلجىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مانا بۇ يەر تەۋرەش دېمەكتۇر. مۇتلەق كۆپ سانىدىكى يەر تەۋرەش يەر پوستىدا يۈز بېرىدۇ. ئادەتتە يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئارقىلىق يەر تەۋرەشنىڭ بۇزغۇنچىلىق دەرىجىسى ئۆلچىنىدۇ. تەۋرەش دەرىجىسى (بال) يەر تەۋرەشنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى يەر يۈزى ۋە قۇرۇلۇشلارنىڭ يەر تەۋرەش تەسىرىگە قانچىلىك دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. تەۋرەش دەرىجىسى ئادەتتە 10 بالغا ئايرىلىدۇ. 5 بالدىن يۇقىرىلىرى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 12 دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى تەۋرەش دەرىجىسى، تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇر ـ تېيىزلىقى، تەۋرەش مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىقى، قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈپىتى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

پۈتكۈل يەر شارىدا ھەريىلى تەخمىنەن 5 مىليون قېتىم يەر تەۋرەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سەزگىلى بولىدىغانلىرى 50 مىڭ قېتىمدىن ئاشىدۇ، بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلالايدىغان 5 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش تەخمىنەن 1000 قېتىمغا يېتىدۇ، 7 بالدىن يۇقىرى غايەت زور ئاپەت پەيدا قىلالايدىغان يەر تەۋرەش تەخمىنەن 10 نەچچە قېتىم يۈز بېرىدۇ.

**شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خۇاشيەن ناھىيەسىدىكى يەر تەۋرەش** شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خۇاشيەن ناھىيەسىدىكى يەر تەۋرەش 1556 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خۇاشيەن ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن 8 بال كۈچلۈك يەر تەۋرەش بولۇپ، جۇڭگونىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدە خاتىرىلەنگەن ئاپىتى ئىنتايىن ئېغىر بولغان بىر قېتىملىق يەر تەۋرەشتۇر. ھەرقايسى ناھىيە، ئايماق مەھكىمىلىرىنىڭ تەزكىرىلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، يەر تەۋرەشتە ئۆلگەن ئادەم تەخمىنەن 830 مىڭغا يەتكەن. ئۆلگەن ئادەم سانىنىڭ مۇنداق كۆپ بولۇشى قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە ئاز كۆرۈلىدۇ. 101 ناھىيە يەر تەۋرەشتە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، دائىرىسى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، خېبېي، خېنەن ئۆلكىلىرىنىڭ تەخمىنەن 280 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**شىڭتەيدىكى يەر تەۋرەش** شىڭتەيدىكى يەر تەۋرەش 1966 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سائەت 5تىن 29 مىنۇت ئۆتكەندە خېبېي ئۆلكىسى شىڭتەي ۋىلايىتى (بۈگۈنكى شىڭتەي شەھىرى) لۇڭياۋ ناھىيەسىنىڭ شەر-



يەر تەۋرەشتە ئېگىلىپ بۇزۇلغان تۆمۈر يول.

قىدە يۈز بەرگەن 6.8 بال كۈچلۈك
يەر تەۋرەش بولۇپ، تەۋرەش مەنبە-
سىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 10 كىلومېتىر
كېلىدۇ. تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچ-
لۈكلۈك دەرىجىسى 9 دەرىجىدىن ئا-
شىدۇ. مۇشۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتىن
كېيىن، 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن
29 ـ كۈنىگىچە بولغان 21 كۈندە،
شىڭتەي ۋىلايىتىدە ئارقا ـ ئارقىدىن
5 قېتىم 6 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋ-
رىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك
بولغىنى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى
سائەت 16دىن 19 مىنۇت ئۆتكەندە
نىڭجىن ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇ-
بىدا يۈز بەرگەن 7.2 بال يەر تەۋرەش
بولۇپ، بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشنىڭ
تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 9
كىلومېتىر، تەۋرەش مەركىزىنىڭ
كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 10 دەرىجە
بولغان. بۇ يەر تەۋرەش توپى ئو-
مۇملاشتۇرۇلۇپ شىڭتەيدىكى يەر
تەۋرەش دەپ ئاتالغان. بۇ قېتىملىق
يەر تەۋرەشتە جەمئىي 8182 ئادەم
قازا قىلغان، يەر تەۋرەشتىن كېيىن،
جۇڭگونىڭ يەر تەۋرەش ئىلمى تەرەق-
قىياتى يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇ-
مات بېرىشنى ئاساس قىلىش باسقۇ-
چىغا كىردى.

**تاڭشەندىكى يەر تەۋرەش** 1976 ـ
يىل 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سائەت
3تىن 42 مىنۇت ئۆتكەندە، خېبېي
ئۆلكىسىنىڭ تاڭشەن شەھىرىدە 7.8
بال قاتتىق يەر تەۋرىدى، بۇ قېتىمقى
يەر تەۋرەشتە قويۇپ بېرىلگەن ئې-
نېرگىيە مىقدارى 1945 ـ يىلى يا-
پونىيەنىڭ خىروشىماغا تاشلانغان ئا-
توم بومبىسىنىڭ 400 نەچچە ھەس-
سىگە توغرا كېلىدۇ. ھەتتا بۇ يەردىن
160 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پايتەخت
بېيجىڭدىكى قۇرۇلۇشلارمۇ سىلكىن-
گەن. بۇ 20 ـ ئەسىردە ئىنسانىيەت
يولۇققان بۇزغۇنچىلىقى ئەڭ چوڭ بول-
غان بىر قېتىملىق تەبىئىي ئاپەت ھې-
سابلىنىدۇ. يەر تەۋرەشتە جەمئىي 240
مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قازا قىلدى.
تەۋرەش رايونىدىكى سانائەت قۇرۇ-
لۇشلىرىنىڭ 70% ~ 80%ى ئۆ-
رۈلۈپ كەتتى ياكى ئېغىر بۇزغۇنچى-
لىققا ئۇچرىدى، خىش بېتون قۇرۇل-
مىلىق قەۋەت ئۆيلەرنىڭ 90% ى
ئۆرۈلۈپ چۈشتى ياكى ئېغىر بۇز-
غۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئۇزۇن بۆلەك-
لىك تۆمۈريول رېلىسلىرى يىلانباغرى
ئېگىلىپ كەتتى ياكى دولقۇنسىمان
ئېگىز ـ پەس بولۇپ كەتتى، تاشيول
يۈزلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك توغرىسىغا
تومپىيىپ چىققان كىچىك دۆڭلەر
پەيدا بولدى ياكى ئۇزۇنىسىغا يېرى-
لىپ كەتتى، كۆۋرۈكلەر ئومۇمىيۈز-
لۈك بۇزۇلدى ياكى ئېغىر بۇزغۇنچى-
لىققا ئۇچرىدى، خىشتىن قوپۇرۇلغان
تۇرخۇن ۋە سۇ مۇنارلىرىنىڭ ھەم-
مىسى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، يەر ئاستى
سۇ يوللىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى،
ئىقتىسادىي زىيان 3 مىليارد يۈەندىن
ئېشىپ كەتتى.

**ۋېنچۈەندىكى يەر تەۋرەش** 2008 ـ
يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سائەت
14تىن 28 مىنۇت ئۆتكەندە
سىچۈەن ئۆلكىسى ۋېنچۈەن
ناھىيەسىنىڭ يىڭشيۇ بازى-
رىدا 8 بال قاتتىق يەر تەۋ-
رىدى. ۋېنچۈەندىكى يەر تەۋ-
رەش تېيىز مەنبەلىك يەر
تەۋرەشكە مەنسۇپ بولۇپ،
تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭ-
قۇرلۇقى 10 ~ 20 كىلو-
مېتىرغا، تەۋرەش مەركىزى-
نىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى
11 دەرىجىگە يەتتى، بۇزغۇن-
چىلىقى غايەت چوڭ بولۇپ،
جۇڭگودا 1949 ـ يىلىدىن بۇيانقى
بۇزغۇنچىلىقى ۋە تەسىر دائىرىسى
ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق يەر
تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. يەر تەۋرەشتە
جەمئىي 69000 ئادەم قازا قىلدى.
بىۋاسىتە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايون
100 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرغا
يېتىپ، سىچۈەن، گەنسۇ، شەنشى قا-
تارلىق جايلاردا تەۋرەش ئەھۋالى ئەڭ
ئېغىر بولدى. جۇڭگونىڭ خېيلۇڭجى-
ياڭ، جىلىن، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆل-
كە ۋە ئاپتونوم رايونلاردىن باشقا جاي-
لىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوخشىمىغان
دەرىجىدە يەر تەۋرەش سېزىلدى. نۇر-
غۇنلىغان ئۆيلەر، يول ۋە كۆۋرۈك قا-
تارلىق ئۇل ئەسلىھەلەر بۇزغۇنچى-
لىققا ئۇچرىدى. يەر تەۋرەش مەركى-
زىدىكى ۋېنچۈەن، بېيچۈەن قاتارلىق
جايلاردىكى كۆپلىگەن شەھەر ـ
بازارلار ئاساسەن تۈپتۈز بولۇپ كەت-
تى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان
800 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.
يەر تەۋرەش ئاساسلىقى تاغلىق
رايونلاردا يۈز بەرگەنلىكتىن، بۇز-
غۇنچىلىقى بىرقەدەر ئېغىر بولغان
تاغ گۇمۇرۇلۇشى، تاشلارنىڭ دومىلاپ
چۈشۈشى ۋە تاغلارنىڭ سىيرىلىشىنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دەريالاردا كەڭ
كۆلەملىك توسما كۆللەرنى پەيدا قى-
لىپ، مىنجياڭ دەرياسىنىڭ يولىنى
ئۆزگەرتىۋەتتى.

**ياپونىيە كانتودىكى قاتتىق يەر تەۋرەش** 1923 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ
1 ـ كۈنى چۈش ۋاقتىدا ئاپتاپ يەر
جاھاننى قاتتىق ئىسسىتىپ تۇراتتى.
تۇساتتىن يەر ئاستىدىن بىردەم قور-
قۇنچلۇق ئاۋاز يېتىپ كېلىپ، ئار-
قىدىنلا يەر ـ زېمىن قاتتىق سىلكى-
نىشكە باشلىدى، كۆزنى يۇمۇپ ـ
ئاچقۇچە ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى،
نۇرغۇنلىغان ئادەملەر نېمە بولغانلى-
قىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ئۆي بېسى-
ۋېلىپ ئۆلۈپ كەتتى. خاتىرىلىنى-
شىچە، بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشنىڭ
تەۋرەش دەرىجىسى 8.2 بالغا يەتكەن.
بۇ ياپونىيە ھازىرقى زامان تارىخىدى-
كى تەۋرەش دەرىجىسى ئەڭ چوڭ، زى-



تاڭشەندىكى يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى قىسمەن مەنزىرى-
لەر.

يىنى ئەڭ ئېغىر بولغان بىر قېتىملىق قاتتىق يەر تەۋرەشتۇر. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش ياپونىيەنىڭ كانتو رايونىدىكى توكيو ۋە يوكوخامانى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى. يەر تەۋرەش مەنبەسى توكيو قولتۇقىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى سانگامى قولتۇقىنىڭ ئاستىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش 143 مىڭ ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ۋە يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، 2 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆي - ماكانىدىن ئايرىدى. 6 مىليارد 500 مىليون يىنلىق مال - مۈلۈك زىيانغا ئۇچرىدى.

**چىلىدىكى يەر تەۋرەش** 1960 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سەھەردىن باشلاپ، چىلىنىڭ مونت پورتى ئەتراپىدىكى دېڭىز ئاستىدا كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان قاتتىق يەر تەۋرەش تويۇقسىز يۈز بەردى. بۇ تەۋرەش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، داۋام قىلغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، تەسىر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ھەقىقەتەنمۇ كەم ئۇچرايدىغان يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. يەر تەۋرەشتىن كېلىپ چىققان دېڭىز تاشقىنىنىڭ غايەت زور دولقۇنى تىنچ ئوكيان بويىدىكى مونت پورتنى مەركەز قىلغان، جەنۇبتىن شىمالغا 800 كىلومېتىر كېلىدىغان رايوننى ئاساسەن دېگۈدەك بىتچىت قىلىپ تاشلىدى.

بۇ قېتىمقى چوڭ دېڭىز تاشقىنى ئاپىتىدە، چىلىنىڭ پايتەختى ھەممىدىن ئاۋۋال ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغاندىن باشقا، يەنە ناھايىتى كەڭ رايونلارمۇ ئاپەتكە ئۇچرىدى. تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قىرغاقلىرى، مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ ھاۋاي تاقىم ئاراللىرى، ياپونىيە، رۇسىيە، جۇڭگو، فىلىپپىن قاتارلىق نۇرغۇنلىغان دۆلەت ۋە رايونلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىدى، بەزىلىرىنىڭ تارتقان زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولدى.

## سىرىلما ۋە لاتقا - شېغىللىق ئېقىن

سىرىلما يانتۇلۇقتىكى توپا ۋە تاغ جىنسلىرى پارچىلىرى ياكى دۆۋىلەنمىلەرنىڭ ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىدە يانتۇلۇقنى بويلاپ پۈتۈن گەۋدە بويىچە تۆۋەنگە سىرىلىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. سىرىلما يەنە دەريالارنىڭ يالىشى، يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ پائالىيىتى، يەر تەۋرەش، شۇنىڭدەك يانتۇلۇقلارنى سۈنئىي تۈزلەش قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ. جۇڭگونىڭ تاغلىق جايلىرىدىكى ئامما ئۇنى ئوبرازلىق ھالدا «تاغ سىرىلمىلىرى» دەپ ئاتىشىدۇ.

لاتقا - شېغىللىق ئېقىن جىلغىلاردا ياكى يانتۇلۇقلاردا پەيدا بولىدىغان، تەركىبىدە زور مىقداردا قاتتىق ماددىلار (لاي، قۇم، تاش پارچىلىرى، قورام تاشلار) بولغان، ماددىلىرى تەكشى بولمىغان پەۋقۇلئاددە كەلكۈننى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سۇ ئېقىنى بىلەن سىرىلما ئارىلىقىدىكى بىر تۈرلۈك گېئولوگىيەلىك جەرياندۇر. تىپىك لاتقا - شېغىللىق ئېقىن لەيلەپ تۇرغان يىرىك قاتتىق ماددىلارنىڭ پارچىلىرى ھەم مول ئەشمە قۇملار، شۇنىڭدەك سېغىز توپىلىق قويۇق لايلاردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. لاتقا - شېغىللىق ئېقىن دائىم تويۇقسىز يۈز بېرىدۇ، ئەلپازى دەھشەتلىك بولۇپ، غايەت چوڭ تاشلارنى بىللە ئېلىپ يۇقىرى سۈرئەتتە ئاقىدۇ، كۈچلۈك ئېنېرگىيەگە ئىگە بولغانلىقتىن، بۇزغۇنچىلىقى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ، لاتقا - شېغىللىق ئېقىن ئېقىپ ئۆتكەن جايدىكى ھەممە نەرسىلەر ۋەيران بولىدۇ.

سىرىلما بىلەن لاتقا - شېغىللىق ئېقىننىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا ئىككىسى تەڭ يۈز بېرىدۇ. لاتقا - شېغىللىق ئېقىننىڭ يۈز بېرىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان سۇ مەنبەسى شارائىتى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. سىرىلما ماددىلىرى لاتقا - شېغىللىق ئېقىننىڭ ماددىي مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. سىرىلما ھەرىكەت داۋامىدا لاتقا - شېغىللىق ئېقىنغا ئايلىنىدۇ.

**يانار تاغ (ۋولقان)** يانار تاغ پارتلاش يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ماگمىلار، گازلار ۋە پارچە - پۇرات ماددىلارنىڭ



1980 - يىلىدىكى ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون ئىشتاتىدىكى سايىنت خېلېنس يانار تېغىنىڭ پارتلىشى.

يەر پوستىدىن ئېتىلىپ چىقىش ھادىسىسىدۇر. يەر شارى خۇددى بىر غايەت زور يۇقىرى بېسىملىق قازانغا ئوخشاش ئىچكى قىسمىدىكى ماگمىلارنى لىتوسفېرانىڭ ئاستىغا بېسىپ تۇرىدۇ. يەر پوستىدا كاۋاك يول ياكى يېرىقلار پەيدا بولغاندا، ماگمىلار يېرىق ئېغىزىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئالەم ئارا تەكشۈرۈشلەردە ئاي شارى، مارس، ۋېنېرا قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىدىمۇ يانار تاغ پائالىيىتىنىڭ بارلىقى بايقالدى. بەزىلىرىنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، يانار تاغ كونۇسلىرىنىڭ كۆلىمى يەر شارىدىكىدىنمۇ چوڭ ئىكەن.

يانار تاغ ۋولقانىنىڭ ئېتىلىپ چىقىشىدىن شەكىللەنگەن ھەمدە ئالاھىدە شەكىلگە ۋە قۇرۇلمىغا ئىگە گېئولوگىيەلىك گەۋدە بولۇپ، پائالىيەت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇنى مۇنداق 3 تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: ① ئىنسانىيەت تارىخى مەزگىلىدە دەۋرىيلىك ئېتىلىدىغان يانار تاغلار ھەرىكەتتىكى يانار تاغلار دەپ ئاتىلىدۇ. ② ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئىلگىرى ئېتىلغان، تا ھازىرغىچە قايتىدىن ئېتىلىپ باقمىغان ھەمدە يانار تاغ تۈزۈلمىسى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان يانار تاغلار ئۆچكەن يانار تاغلار دەپ ئاتىلىدۇ. ③ ياش ھەم شەكلى مۇكەممەل بولغان، ھازىرچە ھەرىكەتلەنمىگەن، ئەمما ئېھتىمال تىنچ مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان يانار تاغلار ئۇيقۇدىكى يانار تاغلار دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنيادىكى يانار تاغ بەلباغلىرىنى ئومۇمەن تىنچ ئوكياننى چۆرىدىگەن يانار تاغ بەلبېغى، ئوتتۇرا دېڭىز - ھىمالايا - ھىندونېزىيە يانار تاغ بەلبېغى، قىزىل دېڭىز - شەرقىي ئافرىقا چوڭ جىلغىسى يانار تاغ بەلبېغى، ئوكيان ئومۇرتقىسى يانار تاغ بەلبېغى قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ. بىزگە مەلۇم بولغان ھەرىكەتتىكى يانار تاغلار 500دىن ئاشىدۇ.

يانار تاغلارنىڭ پارتلىشى ئەلۋەتتە ئىنسانلارغا خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ، ئەمما ئىنسانلارنى مول بايلىق بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ. يانار تاغ كۈللىرى تەبىئىي ئوغۇت بولىدۇ؛ يانار تاغ رايونىنىڭ مەنزىرىسى ئاجايىپ - غارايىپ بولۇپ، سەيلىگاھ قىلىشقا بولىدۇ؛ يانار تاغنىڭ يەر ئىسسىقلىقىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىشقا، ئىسسىنىشقا بولىدۇ؛ يانار تاغ رايونىدىكى ئىللىق ئارشاڭلاردا كېسەل داۋالىغىلى بولىدۇ؛ يانار تاغ رايونىدا يەنە مول ئالتۇن، ئالماس كانلىرى بار.

## چاڭبەيشەن تيەنچى يانار تېغى

چاڭبەيشەن تيەنچى يانار تېغى جۇڭگودىكى ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان يېڭى ھايات ئېراسىغا تەۋە، پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى كۆپ خىل بولغان مۇرەككەپ، ئۇيقۇدىكى يانار تاغ بولۇپ، ئۇ يەنە بەيتۇشەن تيەنچى يانار تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تارىختا چاڭبەيشەن رايونىدا كۆپ قېتىم يانار تاغ پارتلىغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي ماتېرىياللار بار. 1199 ~ 1201 - يىللىرىدىكى تيەنچى يانار تېغىنىڭ قاتتىق پارتلىشى يەر شارى بويىچە يېقىنقى 2000 يىلدىن بۇيانقى بىر قېتىملىق ئەڭ قاتتىق يانار تاغ پارتلاش ۋەقەسىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا ئېتىلىپ چىققان يانار تاغ كۈللىرى يىراقتىكى ياپونىيە دېڭىزى ۋە ياپونىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جايلارغىچە چۈشكەن. چاڭبەيشەندىكى ئەڭ يېقىنقى بىر قېتىملىق يانار تاغ پارتلىشى 1702 - يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، بۈگۈنگىچە 300 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. يانار تاغ ئېغىزىدا سۇ يىغىلىپ كۆلىمى 9.8 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان چاڭبەيشەن تيەنچى كۆلى ھاسىل بولغان، بۇ جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ چوڭقۇر يانار تاغ ئېغىزى كۆلى ھېسابلىنىدۇ.

## يۈننەن تېڭچۇڭ يانار تاغ توپى

تېڭچۇڭ يانار تاغ توپى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇب چېگرا بويىغا جايلاشقان. بۇ جۇڭگودىكى ئەڭ مەشھۇر يانار تاغ رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۈچىنچى دەۋرنىڭ ئوتتۇرا - كېيىنكى مەزگىللىرىدىن تۆتىنچى دەۋرگىچە كۆپ قېتىم پارتلىغان، شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى يانار تاغ كونۇسلىرى بىرقەدەر كونا، غەربىي ۋە شىمالىي قىسمىدىكى يانار تاغ كونۇسلىرى بىرقەدەر يېڭى. بۇ رايونغا يېڭى ھايات ئېراسىغا مەنسۇپ يانار تاغ كونۇسلىرىدىن 68ى تارقالغان، 139 ئورۇندا ئارشاڭ بار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېڭچۇڭ ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى بۆلىكىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقانلىقتىن، يەر پوستى ھەرىكىتى جانلىق، يەر تەۋرەش كۆپ يۈز بېرىدۇ. يەر كۈچلۈك تەۋرىگەندە، تاغلار غۇلاپ چۈشۈپ، سۇ ۋە لاۋىلار ئېتىلىپ يەر يۈزىگە چىققان. يەر تەۋرەش توختاپ، لاۋىلار سوۋۇغاندا شەكلى ئۆزگىچە بولغان بىر مۇنچە يانار تاغلار ھاسىل بولغان. تېڭچۇڭغا ئوخشاش يانار تاغلار، يەر ئىسسىقلىقى، ئارشاڭلار، يەر تەۋرەش ھەرىكىتى بىر گەۋدىلەشكەن ئەھۋال دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

تېڭچۇڭ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كۆلىمى تەخمىنەن 9 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، چوڭراق گاز بۇلاق، ئارشاڭ توپىدىن جەمئىي 90 نەچچىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئارشاڭ توپلىرىنىڭ سۇ تېمپېراتۇرىسى 90℃تىن ئاشىدۇ، ھەممىلا جايدا ئىسسىق ئارشاڭ سۈيىنىڭ پۇرۇقلاپ ئۆرلەۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كىشىلەر بۇ يەرنى «تېڭچۇڭ ئىسسىق دېڭىزى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. بۇ ئىسسىق دېڭىزدا نۇرغۇنلىغان ساناتورىيەلەر، مۇنچىلار سېلىنىدى ھەمدە بەزى كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى سېلىنىدى».

**فۇجىياما تېغى** ياپونىيەنىڭ سىمۋولى بولغان گۈزەل فۇجىياما تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3776 مېتىر بولۇپ، ياپونىيەدىكى ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسى، دۇنيادىكى داڭلىق ھەرىكەتچان يانار تاغدۇر. ياپونلار ئۇنى «مۇقەددەس تاغ»، «تەڭداشسىز تاغ» دەپ تەرىپلەيدۇ. ئۇ ئۇزاق

www.uyghurkitap.com

يىللاردىن بۇيان ياپونىيە ئەدىبلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى مەدھىيەلەيدىغان ئاساسلىق تېما بولۇپ كەلگەن.

فۇجىياما تېغىنىڭ تارىخى ئۇزۇن. ئۇ بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرى ئەسلىدىكى ئىزو يېرىم ئارىلى بىلەن فونسىيۇ ئارىلىنىڭ قاتتىق سوقۇلۇشىدىن كۆتۈرۈلۈپ ھاسىل بولغان تاغ تىزمىسىدۇر. فۇجىياما تېغىنىڭ ھازىرقى كۆركەم ھالىتى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 5000 يىل بۇرۇن يانار تاغ ئېتىلىشىدىن شەكىللەنگەن. ئەڭ يېقىنقى بىر قېتىملىق چوڭ پارتلاش 1707 ـ يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئېتىلىپ چىققان قارا ماگمىلار 80 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى توكيوغا، قۇم ـ توپىلار 400 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلارغا يېتىپ بارغان.

**كىلىمانجارۇ تېغى** تانزانىيە بىلەن كېنىيەنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان كىلىمانجارۇ تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5896 مېتىر بولۇپ، ئافرىقا قىتئەسى بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. كىلىمانجارۇ تېغىنىڭ «يورۇق گۈزەل تاغ» دېگەن مەنىسى بار. كىلىمانجارۇ تېغىغا تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ ۋېرتىكال يۆنىلىشتە تاغلىق ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى تارقالغان. ئۇ بىر ئۆچكەن يانار تاغ بولۇپ، تاغ چوققىسىدا يەنە يانار تاغ ئېغىزى بار.

**ۋېسۇۋىي يانار تېغى** ۋېسۇۋىي يانار تېغى ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، «ۋېسۇۋىي» دېگەن سۆزنىڭ «ئىس ـ تۈتەك چىقىۋاتقان ياكى «ئىس ـ تۈتەكنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى» دېگەن مەنىلىرى بار. ئۇ نېئاپول (ناپلېس) قولتۇقىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1280 مېتىر كېلىدۇ (1920). ئۇزۇندىن بۇيان ئېتىلىش مەزگىلى بىلەن تىنچ مەزگىلى ئالمىشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. مىلادىيە 79 ـ يىلى تۇيۇقسىز ئېتىلىپ، ئەتراپىدىكى پومپېيە قەدىمىي شەھىرى، ستابىيە ۋە خېركولانېئۇم قاتارلىق شەھەرلەرنى پۈتۈنلەي كۆمۈپ تاشلىغان. تاكى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندىلا، ئارخېئولوگلار يانار تاغ كۈللىرى دۆۋىسىدىن پومپېيە شەھىرىنى قېزىپ چىققان، خارابىلىكتە ئەينى ۋاقىتتىكى كوچىلار، قۇدۇق ـ بۇلاقلار ۋە مۇنچىلار ئۆز پېتى مۇكەممەل ساقلانغان. ئاپەتتە كۆمۈلۈپ قالغان بۇ شەھەر يېڭىباشتىن قېزىلىپ، قەدىمكى رىملىقلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى قايتىدىن نامايان قىلىدىغان «تىرىك تاش ـ قاتما»غا ئايلاندى.

**ئۇپرىتىش** ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان كولورادو دەرياسى ئۇزاق يىللار داۋامىدا، ئېگىزلىكنىڭ تاغ جىنىسلىرى ئارىلىقىنى يالاپ چوڭقۇر ۋە ئۇزۇن جىلغا ھاسىل قىلغان، مانا بۇ دۇنيادا داڭلىق بولغان كولورادو چوڭ جىلغىسىدۇر. كىشىلەر چوڭ جىلغىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى ۋە گۈزەللىكىنى مەدھىيەلىگەندە، ئېقىن سۇنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايدۇ.



ۋېسۇۋىي يانار تېغىنىڭ مەنزىرىسى.

ئېقىن سۇ، شامال كۈچى، مۇزلۇق، دېڭىز دولقۇنى قاتارلىق تەبىئىي كۈچلەر ئۇن ـ تىنىسىز ھالدا يەر يۈزىنى ئويۇپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. بۇ خىل ئېقىن سۇ، شامال كۈچى، مۇزلۇق، دېڭىز دولقۇنى قاتارلىقلارنىڭ يەر يۈزىدىكى تاغ جىنىسلىرى ۋە يېمىرىلمە ھاسىلاتلىرىغا بولغان بۇزغۇنچىلىق تەسىرى ئۇپرىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇملۇق رايونلاردا شامال تاغ جىنىسلىرىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى ئۇچۇرىدۇ ھەمدە بۇ ئۇۋاق ماددىلار تاغ جىنىسلىرىغا سۈركىلىپ ئۇلارنى ئۇپرىتىدۇ. شامال كۈچىنىڭ ئۇپرىتىش رولى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، شامال ئويۇپ ھاسىل قىلغان يالىڭاچ ئازگال، يالىڭاچ تۈۋرۈك، يالىڭاچ موگۇسىمان تاش قاتارلىق غەلىتە يەر شەكىللىرىنى دائىم ئۇچرىتىمىز. ئېقىن سۇلارنىڭ ئۇپرىتىشى ئېقىتىش ۋە خىمىيەلىك ئېرىتىشتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ھاكتاش تارقالغان رايونلاردا، ئېقىن سۇلارنىڭ تاغ جىنىسلىرىنى ئېرىتىشى ۋە يالىشىدىن تەبىئىي ئۆڭكۈرلەر ھاسىل بولىدۇ، ئۆڭكۈر ئىچىدە ستالاكت (ساڭگىلىما تاش)، تاش تۈۋرۈك، ستالاگمىت (ئۆسمە تاش) قاتارلىقلار بولىدۇ، يەنە تاش ئورمانلىق يەر شەكىللىرى ھاسىل بولىدۇ، بۇ خىل يەر شەكىللىرى كارست يەر شەكىللىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇزلۇقلار ئېقىپ ئۆتكەن يەرنى ئۆرۈپ ۋە سۈركەپ خىلمۇخىل مۇزلۇق يەر شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. دېڭىز دولقۇنلىرى ۋە ئېقىنلىرىنىڭ زەربىسى (سۇنىڭ يالىشى) ۋە سۇدا بىللە ئېقىپ يۈرگەن ئۇۋاق ماددىلار ھاسىل قىلغان سۈركىلىش تەسىرى دېڭىز قىرغاقلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇپرىتىپ، ئۆزگىچە خاس دېڭىز قىرغىقى يەر شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

**تاش ئورمان ۋە غار** تاش ئورمان ۋە غارلار سۇنىڭ ئېرىتىپ ئۇپرىتىشىدىن شەكىللەنگەن كارستلىق يەر شەكلىدۇر. تاش ئورمان يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ۋە كۆپ يامغۇرلۇق تروپىك بەلباغ كىلىماتى شارائىتىدا، قېلىن ۋە ساپ كاربونات تاغ جىنسلىق يەر قاتلىمىدا يېتىلگەن، گەۋدىسى زور، جىرالار ئارىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان تاغ جىنسلىرىدىن ئىبارەت. تاش ئورمانلار ئارىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر كارستلىق جىلغىلار بار، جىلغىلارنىڭ يانباغرى تىك كېلىدۇ. تاش ئورمانلىرىنىڭ نىسپىي ئېگىزلىكى ئادەتتە 20 مېتىر ئەتراپىدا، چوققىلىرىنىڭ 50 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. يىراقتىن قارىسىڭىز تاش تۈۋرۈكلەر خۇددى ئورماندەك تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، خۇددى ئاسمانغا تاقاشقان قەدىمىي دەرەخلەردەك ياپيېشىل كۆرۈنىدۇ، شۇڭا ئۇلار تاش ئورمان دەپ ئاتىلىدۇ. جۇڭگودىكى ئەڭ تىپىك تاش ئورمان يۈننەن ئۆلكىسى كۇنمىڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى لۇنەن تاش ئورمىنىدۇر.

غار كارستلىق رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ تاغ جىنس قاتلىمىنىڭ يۈزىنى ياكى يېرىقلار ئەتراپىنى ئېرىتىشىدىن ۋە مېخانىكىلىق ئۇپرىتىشىدىن ھاسىل بولغان يەر ئاستى كامارلىرىدىن ئىبارەت. يەر ئاستى سۇلىرى تۆۋەنلىگەندە، بۇ كامارلار سۇ يۈزىگە چىقىپ قالىدۇ، شۇڭا ئېگىز تاغلاردىمۇ غارلار بار. غارلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىردەك ئەمەس، غار ئېگىزلىكى ناھايىتى ئېگىز - پەس كېلىدۇ، غار ئەتراپىدا غەلىتە تاشلار چوقچىيىپ تۇرىدۇ، ھەرخىل شەكىلدىكى ستالاكتىت، ستالاگمىت ۋە تاش تۈۋرۈكلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ، بەزى غارلاردا سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ھەتتا شارقىراتمىلار شارقىراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، گۈيلىندىكى چىشىڭيەن غارى بىلەن لۇدىيەن غارى ناھايىتى بۇرۇنلا سەيلىگاھ قىلىنغان.



جۇڭگونىڭ يۈننەندىكى لۇنەن تاش ئورمىنى.

يىراق قەدىمكى زامانلاردا غارلار ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ياشايدىغان ماكانى بولغان، مەسىلەن، بېيجىڭ جۇكۇدىيەن مايمۇنسىمان ئادىمىنىڭ تاش قاتمىسى غاردىن تېپىلغان. غارلاردا مول قېزىلما بايلىقلار، يەر ئاستى سۇلىرى كۆمۈلۈپ ياتىدۇ.

**ياردالڭ يەر شەكلى** 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىۋېتسىيەلىك سۋېن ھېدىن ۋە ئەنگلىيەلىك A. ستەيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ لوپنور كۆلى رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يازغان ماقالىلىرىدە «ياردالڭ» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغان، بۇنىڭ بىلەن «ياردالڭ» دېگەن بۇ سۆز دۇنيادىكى جۇغراپىيەچىلەر ۋە ئارخېئولوگلار ئورتاق ئىشلىتىدىغان يەر شەكلى ئاتالغۇسى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا «تىك تۆپىلىك» دېگەن مەنىسى بار. شىنجاڭدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى ياردالڭ رايونىنىڭ يېتىلىشى ئەڭ تىپىك بولغانلىقتىن، مۇشۇ نام قويۇلغان.



چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ چەيدامدىكى ياردالڭ يەر شەكلى.

ياردالڭ يەر شەكلى مەخسۇس قۇرغاق رايونلاردىكى بىرخىل ئالاھىدە يەر شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنتايىن قۇرغاق رايونلاردىكى بەزى قۇرۇپ كەتكەن كۆللەرنىڭ تېگى يېرىلىپ، شامالنىڭ ئۇپرىتىشى بىلەن ئۈزلۈكسىز سويۇلۇپ، ئاساسىي شامال يۆنىلىشى بىلەن پاراللېل بولغان ئۇزۇنچاق، قاتار كەتكەن، شامالدا يېمىرىلگەن قىر ۋە ئازگاللىق يەر شەكلى گورۇپپىسى ھاسىل بولغان. يەر يۈزىدە يول - يول قىرلىق دۆڭلەر، قەلئەسىمان كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولغان. مۇنداق جايلار شەيتانگەردىش دەپ ئاتىلىدۇ، قەدىمكى كىتابلاردا يەنە «ئەجدىھا يۇرتى» دەپمۇ ئاتالغان.

**بوغۇز** بوغۇز تار ۋە چوڭقۇر دەريا ۋادىسى يەر شەكلى بولۇپ، ئىككى يانباغرى تىك، توغرا كەسمە يۈزى «V» شەكىللىك كېلىدۇ، ئاساسلىقى دەريالارنىڭ تۆۋەنگە قاراپ كۈچلۈك يالىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. دەريا قىنىدا كۆپ ھاللاردا جىددىي ئېقىن ۋە شارقىراتمىلار بولىدۇ. بوغۇز رايونىنىڭ گېئولوگىيەلىك ئاساسى ئوبدان، سۇ ساقلاش شارائىتى ياخشى بولسا، ئۇنى سۇ ئامبارلىرىنىڭ چوڭ توسما ئورنى قىلىپ تاللاشقا بولىدۇ. جۇڭگودا بوغۇزلاردىن پايدىلىنىپ نۇرغۇنلىغان چوڭ تىپتىكى سۇ ئامبارلىرى ياسالدى، سۇ كۈچى بايلىقى ئۇنىۋېرسال ئېچىلدى، مەسىلەن، خۇاڭخې دەرياسىدىكى لۇڭياڭ بوغۇزى، لىنجيا بوغۇزى، لىيۇجيا بوغۇزى، چىڭتوڭ بوغۇزى، سەنمېن بوغۇزى قاتارلىق سۇ ئامبارلىرى، چاڭجياڭ دەرياسىدىكى گېجۇ توسمىسى سۇ ئىشلىرى تۈگۈنى، سەنشيا (ئۈچ بوغۇز) سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىقلار.

دېڭىز ئاستىدىمۇ بوغۇز - جىلغىلار بار بولۇپ، ئۇلار قۇرۇقلۇق سۈپىسى بىلەن قۇرۇقلۇق يانتۇلۇقى-

نى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان، تىك يانباغىرلىق بوغۇزلاردۇر، بەزى دېڭىز ئاستى بوغۇزلىرى بولسا دەريا ئېغىزىنىڭ سۇ ئاستىدىكى داۋامىدۇر.

**يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسى چوڭ جىلغىسى** يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى زاڭزۇ تىلىدىكى مەنىسى «ئەڭ ئېگىز چوققىدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇ» دېگەنلىكتۇر. بۇ دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى جۇڭگو بويىچە 6 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، بىرلىك دەريا ئۇزۇنلۇقىدىكى سۇ ئېنېرگىيەسى زاپىسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. 1994 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇزۇندىن بۇيان چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدە ئىلمىي تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان جۇڭگو ئالىملىرى كۆپ قېتىم نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ئىسپاتلاش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، چوڭقۇرلۇقى 5382 مېتىر كېلىدىغان يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسى چوڭ جىلغىسىنىڭ يەر شارى بويىچە ئەڭ چوڭقۇر جىلغا ئىكەنلىكىنى بايقىدى، بۇ چوڭ جىلغىنىڭ دەلىللىنىشى ۋە بايقىلىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى بىر قېتىملىق زور جۇغراپىيەلىك بايقاش ھېسابلىنىدۇ.

يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسى چوڭ جىلغىسى يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى پەيشياڭدىن موتو بۆلىكىگىچە بولغان 212 كىلومېتىرلىق دەريا بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يانتۇلۇقنىڭ ئوتتۇرىچە تۆۋەنلىشى ‰ 10.3 غا يېتىدۇ. يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسى مەزكۇر بۆلەكتە تاقىسىمان ئەگمە ھاسىل قىلىدۇ. دەريا يولى ئەگمىسىنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7000 مېتىردىن ئاشىدىغان جەنۇبىي جاباۋا چوققىسى بىلەن جالا بەيلۇي چوققىسى بار بولۇپ، بۇلار ئېگىز تاغ جىلغىسى بەلبېغىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ جايغا ئېگىز تاغ ۋە چوڭقۇر جىلغىلار جايلاشقان. سۇ يۈزىدىن جەنۇبىي جاباۋا چوققىسىغىچە بولغان ۋېرتىكال ئېگىزلىك پەرقى 7100 مېتىر كېلىدۇ. بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭقۇر كېسىلگەن جىلغا بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ بۆلەكنىڭ سۇ كۈچى بايلىقى پۈتكۈل ۋادىنىڭ 2/3 قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.



ئامېرىكىدىكى كولورادو چوڭ جىلغىسى.

**كولورادو چوڭ جىلغىسى** كولورادو چوڭ جىلغىسى ئامېرىكىنىڭ ئارىزونا ئىشتاتىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى كولورادو ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، كولورادو دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا توغرا كېلىدۇ، ئۇ ئۈچىنچى دەۋرنىڭ ئاخىرقى يېڭىلىنىش ئېپوخاسىدا ئېگىزلىكنىڭ كەڭ كۆلەمدە كۆتۈرۈلۈشى ۋە دەريا ئېقىنىنىڭ تۆۋەننى كۈچلۈك كېسىشىدىن ھاسىل بولغان. شەرقتە كىچىك كولورادو دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئورنىدىن باشلىنىپ، غەربتە نېۋادا ئىشتاتىنىڭ چېگراسى يېنىدىكى گىراندۋالش قىياسىغىچە يېتىپ بارىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 350 كىلومېتىر، ماكسىمۇم چوڭقۇرلۇقى 1740 مېتىر كېلىدۇ. جىلغىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ كەڭلىكى 6.5 ~ 29 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ، جىلغا ئاستىدىكى سۇ يۈزىنىڭ كەڭلىكى 1000 مېتىرغا يەتمەيدۇ، ئەڭ تار جايى 120 مېتىر كېلىدۇ. دەريا تولغىنىپ ئاقىدۇ. دەريا قىنىنىڭ يانتۇلۇقى ھەر كىلومېتىردا 1.5 مېتىر تۆۋەنلەيدۇ، ئېقىش سۈرئىتى سائىتىگە 25 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. جىلغا تېگىدىن يۇقىرىسىغا قاراپ قىيا تېمىدا دەسلەپكى كېمبىر دەۋرىدىن يېڭى ھايات ئېراسىغىچە بولغان ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تاغ جىنىس سىستېمىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە جانلىقلارنىڭ تاش قاتمىلىرى بار. شۇڭا بۇ چوڭ جىلغىنىڭ «گېئولوگىيە تارىخىنىڭ جانلىق دەرسلىكى» دېگەن نامى بار.



يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسى چوڭ جىلغىسى.

**تاغ تىزمىسى** تاغ قۇرۇقلۇق يۈزىدىكى ئېگىزرەك كۆتۈرۈلۈپ چىققان، چوڭراق يانتۇلۇققا ئىگە يەر شەكلى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئادەتتە 500 مېتىردىن يۇقىرى بولىدۇ. ئادەت بويىچە، دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىردىن ئېگىزلىرى ئېگىز تاغ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 مېتىردىن 3500 مېتىرغىچە بولغانلىرى ئوتتۇراھال تاغ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 مېتىرغا يەتمەيدىغانلىرى پەس تاغ، دەپ ئاتىلىدۇ. تاغلارنىڭ مەلۇم دائىرىدە تۈركۈملەپ تارقىلىشى تاغلىقنى ھاسىل قىلىدۇ. روشەن يۆنىلىشكە ئىگە ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان تاغلىقلار تاغ تىزمىسى، دەپ ئاتىلىدۇ.

تاغ تىزمىلىرى كۆپ ھاللاردا رەتلىك جايلاشقان بولىدۇ، جەنۇبتىن شىمالغا، ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا كەتكەن تومۇرلىرى ئېنىق بولۇپ، يەر ـ زېمىننىڭ ئىسكىلىتى دېگەن نامى بار. يۆنىلىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغان بىرقانچە تاغ تىزمىسى بىرگە تىزىلىپ، يەنە تاغ

سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ھىمالايا پۈرمىلىك بەلبېغىدا ھاسىل بولغان بارلىق تاغ تىزمىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ھىمالايا تاغ سىستېمىسى، دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنيادا داڭلىق تاغ تىزمىلىرىدىن ھىمالايا تاغ تىزمىسى، ياۋروپادىكى ئالپس تاغ تىزمىسى، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى كوردىللېر تاغ تىزمىسى، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئاندېس تاغ تىزمىسى قاتارلىقلار بار. ھىمالايا تاغ تىزمىسى بىلەن ئالپس تاغ تىزمىسى دۇنيادىكى ئەڭ ياش تاغ تىزمىسى بولۇپ، ئۇلار ھازىرمۇ داۋاملىق كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ.

**ھىمالايا تاغ تىزمىسى** دۇنيادا دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8000 مېتىردىن ئاشىدىغان ئېگىز چوققىلاردىن جەمئىي 14 ى بار بولۇپ، ھىمالايا تاغ تىزمىسىدىلا 10 ى بار.

ھىمالايا تاغ تىزمىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز ھەم زور تاغ سىستېمىسىدۇر. تاغنىڭ نامى سانسكرىت تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ «قارلىق ماكان» دېگەن مەنىسى بار. ئۇ جۇڭگو شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكى بىلەن ھىندىستان ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2500 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 200 ~ 300 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 6000 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭدا دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7000 مېتىردىن ئاشىدىغان 50 نەچچە ئېگىز چوققا بار، بۇنىڭ ئىچىدە جومولاڭما چوققىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8844.43 مېتىر كېلىدۇ.

ھىمالايا تاغ تىزمىسى ھىندىستان بۆلىكى بىلەن ئاسىيا ـ ياۋروپا بۆلىكىنىڭ سوقۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئېگىز، چوققىلىرى تىك، يىل بويى قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، مۇزلۇقلىرى ئۇزۇن ھەم چوڭ، تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، تاغ ھاسىل قىلىش ھەرىكىتى يەنىلا داۋاملىشىۋاتىدۇ، ۋېرتىكال تەبىئىي بەلباغلىرى يېتىلگەن. جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى مۇزلۇقلىرىنىڭ كۆلىمى 11 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، قار سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى 5800 مېتىردىن 6200 مېتىرغىچە بولۇپ، جەنۇبىي تەرىپى پەس، شىمالىي تەرىپى ئېگىز. بۇ تاغ تىزمىسىدا جەمئىي 9 دەريا ئاپىرىدە بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە ھىندى دەرياسى بىلەن يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسى (بىراخما پۇترا دەرياسى ياكى جامۇنا دەرياسى) ئەڭ چوڭ. تاغ سىستېمىسى جەنۇب ۋە شىمال تەرەپتىكى ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىمىنى چەكلەپ تۇرىدۇ، قىش پەسلىدە شىمالنىڭ سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ ھىندىستانغا كىرىشىگە توسالغۇ بولىدۇ، ياز پەسلىدە غەربىي جەنۇب مۇسسۇن شامىلىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ شامالغا يۈزلىنىپ تۇرغان جەنۇبىي يانباغىرىدا زور مىقداردا ھۆل ـ يېغىن پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھىندىستان تەرىپىدە ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولىدۇ. شىزاڭ تەرىپىنىڭ كىلىماتى قۇرغاق، سالقىن بولىدۇ، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى جەنۇبىي يانباغىرىدىكى نەچچە مىڭ مىللىمېتىردىن شىمالىي يانباغىرىدىكى نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە 10 مىللىمېتىرغا چۈشۈپ قالىدۇ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىمۇ شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا قاراپ تەدرىجىي تۆۋەنلەپ بارىدۇ.

**جومولاڭما چوققىسى** جومولاڭما چوققىسى ھىمالايا تاغ تىزمىسىنىڭ ئاساسلىق چوققىسى بولۇپ، يەر شارى بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8844.43 مېتىر كېلىدۇ، جۇڭگو ـ نېپال چېگراسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان، شىمالىي يانباغرى جۇڭگو شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدىكى دىڭرى ناھىيەسىنىڭ چېگراسى ئىچىدە، جەنۇبىي يانباغرى نېپال پادىشاھلىقىنىڭ چېگراسى ئىچىدە. «جومولاڭما» دېگەن سۆز بۇددا نومىدىكى ئايال ئىلاھنىڭ ئىسمىنىڭ زاڭزۇ تىلىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر.

جومولاڭما چوققىسىنىڭ گەۋدىسى غايەت زور پىرامىدا شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. چوققىسى شەرقىي جەنۇب ـ غەربىي شىمال يۆنىلىشىدىكى بېلىق ئومۇرتقىسىسىمان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىردىن ئاشىدۇ، كەڭ-



جومولاڭما چوققىسى.

لىكى 1 مېتىرغا يەتمەيدۇ. يەر شەكلى ئىنتايىن تىك ۋە خەتەرلىك، مۇھىتى ئادەتتىن تاشقىرى مۇرەككەپ. چوققىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى يىل بويى -40℃ ~ -30℃ قىچە بولىدۇ. ھاۋاسى شالاڭ بولۇپ، ھاۋادىكى ئوكسىگېن مىقدارى شەرقىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىك رايونلارنىڭ 1/4 ىگە توغرا كېلىدۇ، دائىم 7 ~ 12 بالغىچە بوران چىقىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5700 ~ 6300 مېتىرغىچە كېلىدىغان جايلاردا ئاجايىپ ـ غارايىپ، كۆركەم ۋە كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان مۇز مۇنار ئورمىنى بار، يەنە ئېگىزلىكى نەچچە 10 مېتىر كېلىدىغان تىك مۇز قىيالىرى، ھەر قەدەمدە دېگۈدەك ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتىكى مۇز ئازگال ۋە يېرىقچىلار، شۇنىڭدەك خەتەرلىك

www.uyghurkitap.com

مۇز ـ قار كۆچكۈنى يۈز بېرىپ تۇرىدىغان رايونلار بار.

جومولاڭما چوققىسى 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىلا دۇنيادىكى تاغقا چىقىش ماھىرلىرى ۋە ئالىملار ئىنتىلىدىغان جايغا ئايلانغانىدى. لېكىن 1953 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئەنگلىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئەترىتىنىڭ ئىككى نەپەر ئەزاسى تۇنجى بولۇپ جەنۇبىي يانباغىردىن جومولاڭما چوققىسىغا چىقتى. جۇڭگونىڭ تاغقا چىقىش ئەترىتى 1960 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تۇنجى قېتىم شىمالىي يانباغىردىن جومولاڭما چوققىسىغا چىقتى.

**چوڭ ھىنگان تاغ تىزمىسى** چوڭ ھىنگان تاغ تىزمىسىنى قەدىمكى زاماندىكى موڭغۇللار «خالاۋېنجىدۇن» دەپ ئاتىغان، «خالاۋېن»نىڭ بۆك ـ باراقسان دەرەخلەر قاپلىغان قاراڭغۇ جاي» دېگەن مەنىسى بار، «جىدۇن»نىڭ «تاغ ئومۇرتقىسى» دېگەن مەنىسى بار.

چوڭ ھىنگان تاغ تىزمىسى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ غەربىگە ۋە خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي شىمال ـ غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. شەرقىي شىمالدا خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ۋە ئېرگۇنا دەرياسىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا چىفېڭ شەھىرى چېگراسى ئىچىدىكى سىرىق مۆرەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جىلغىغىچە داۋاملىشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 1400 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 200 ~ 300 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 220 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1100 ~ 1400 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ئەڭ ئېگىز جايلىرى 2000 مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ ئىچكى موڭغۇل ئېگىزلىكى بىلەن سۇڭلياۋ تۈزلەڭلىكى، شۇنىڭدەك ئىچكى ـ تاشقى سۇ سىستېمىلىرى ۋە مۇسسۇنلۇق شامال رايونى بىلەن مۇسسۇنسىز شامال رايونىنىڭ مۇھىم چېگراسى ھېسابلىنىدۇ. شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 5.7℃ ـ تىن 4℃ قىچە بولىدۇ. يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى جەنۇبىي قىسمىدا 400 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ، شىمالىي قىسمىدا 400 ~ 500 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ، بۇنىڭ كىلىماتىنى تەڭشەش، سۇ مەنبەسىنى تولۇقلاش، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاغلىقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ۋە زور تەسىرى بار.

چوڭ ھىنگان ئورمانلىق رايونى بىر تەبىئىي ئورمان خەزىنىسى بولۇپ، جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئىپتىدائىي ئورمانلىق رايونلىرىنىڭ بىرىدۇر. چوڭ ھىنگان ئورمانلىق رايونىدا ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرىدىغان ھىنگان بال قارىغىيى ئۆسىدۇ، ئۇنىڭ «بال قارىغاي يۇرتى» دېگەن نامى بار.

چوڭ ھىنگان تاغلىرىنىڭ ئىچكىرى جايلىرىدا تاكى بۈگۈنگىچە ئېۋېنكى، ئېلۇنچۇن قاتارلىق قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

**تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسى** تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسىنىڭ نامى تاغ گەۋدىسىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى ۋە جۇڭلۇقى، شۇنىڭدەك ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغانلىقىدىن كەلگەن. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، شىنجاڭنى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىغا ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى مەشھۇر تاغ سىستېمىسى، شۇنداقلا دۇنيادىكى قۇرغاق رايونلار ئىچىدىكى كۆپ يامغۇرلۇق تاغلىقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى قىسمىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1760 كىلومېتىر، كەڭلىكى 250 ~ 350 كىلومېتىر بولۇپ، كۆلىمى 410 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ تاغلىق جۇڭغارىيە ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقى ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، كۆپ قىسمىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ غەربىي بۆلىكىگە جايلاشقان تۆمۈر چوققىسى تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7435.3 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي بۆلىكىدىكى ئېگىز چوققا بوغدا چوققىسىدۇر.

بۇ تاغ تىزمىسى ئاساسىي جەھەتتىن پاراللېل بولغان شىمالىي تەڭرىتاغلىرى، ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرى ۋە جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، تاغلار ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان كەڭ جىلغا ۋە ئويمانلىقلار



تەڭرىتاغ مەنزىرىسى.

بار. تەڭرىتاغ تاغلىقىنىڭ كىلىماتى
نەم، سۇ مەنبەسى يېتەرلىك بولۇپ،
ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان مۇزلۇقىدىن
تەخمىنەن 7000ى بار، بۇنىڭ كۆلە-
مى 10 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرغا
يېتىدۇ. تاغلىقتىكى ئورمان كۆلىمى
پۈتكۈل شىنجاڭدىكى ئورمان كۆلە-
مىنىڭ تەخمىنەن %50 نى، ئوتلاق
كۆلىمى پۈتكۈل شىنجاڭدىكى ئوتلاق
كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن %47 نى
ئىگىلەيدۇ. تەڭرىتاغ تاغلىقى شىن-
جاڭدىكى نۇرغۇن دەريالارنىڭ باشلى-
نىش مەنبەسى بولۇپ، ئىلى دەرياسى
بىلەن تارىم دەرياسى مۇشۇ تاغدىن
ئېقىپ چۈشىدۇ.

**كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى** قەدىمكى-
لەر كۇئېنلۇن تېغىنى ئۇلۇغلاپ
«بارچە تاغلارنىڭ ئەجدادى»، «تاغلار-
نىڭ ئاتىسى»، «خان تاغ» دېگەن
ناملار بىلەن ئاتاپ، كىشىنى جەلپ
قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان گۈزەل ئەپ-
سانىلەرنى توقۇپ چىققان.

كۇئېنلۇن تاغلىرى غەربتە پا-
مىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىدىن باش-
لىنىپ، شەرقتە چەيدام دەرياسىنىڭ
يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلارغىچە يې-
تىپ بارىدۇ، بايانقارا تاغ تىزمىسى ۋە
ئانىماچىن تېغى (جىششەن تېغى)
بىلەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق °97 ~
°99 ئارىلىقىدا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي
ئۇزۇنلۇقى 2500 كىلومېتىردىن
ئاشىدۇ، كەڭلىكى 150 ~ 350 كى-
لومېتىرغىچە كېلىدۇ. شىمالىي تە-
رىپىنىڭ تارىم ئويمانلىقى ۋە چەيدام
ئويمانلىقى بىلەن بولغان ئېگىزلىك
پەرقى 3500 ~ 4500 مېتىرغىچە
كېلىدۇ، كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شى-
مالىي يانباغرىدا دەريالار كۆپ بولۇپ،
ئۇلار تارىم ئويمانلىقى بىلەن چەيدام
ئويمانلىقىدىكى ئىچكى دەريا سۇ
سىستېمىلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

كۇئېنلۇن تاغلىرى ھەيۋەتلىك
بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭدىن نە-
پىس، كۆركەم، رەڭدار، نۇقسانسىز
قاشتېشى — كۇئېنلۇن قاشتېشى
كۆپ چىقىدۇ.

**تاڭگۇلا تاغ تىزمىسى** جۇڭگودىكى
نۇجياڭ، لەنساڭجياڭ ۋە چاڭجياڭ
دەريالىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر
تاغ تىزمىسىدىن، يەنى ھەيۋەتلىك ۋە
سۇرلۇك تاڭگۇلا تاغ تىزمىسىدىن
باشلىنىدۇ.

تاڭگۇلا تاغلىرى شىزاڭ ئاپتو-
نوم رايونىنىڭ شەرقىي شىمال قىس-
مى بىلەن چىڭخەي ئۆلكىسى تۇتاشقان
ئورۇنغا جايلاشقان. ئۇنىڭ شەرقىي
جەنۇب قىسمى خېڭدۇەن تاغ تىزمى-
سىغا تۇتىشىدۇ. ئۇ يەنە «داڭلا تېغى»
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاڭگۇلا تاغلىرىنىڭ
كەڭلىكى 150 كىلومېتىرغا يېتىدۇ،
تاغ چوققىلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن
ئېگىزلىكى 5500 ~ 6000 مې-
تىرغىچە كېلىدۇ، نىسپىي ئېگىزلىك
پەرقى 500 ~ 1000 مېتىرغىچە
كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى بولغان
گېلاندۇڭ قارلىق تېغىنىڭ دېڭىز
يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6621 مېتىر
كېلىدۇ. چىڭخەي ـ شىزاڭ تاش
يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل — تاڭگۇلا
تاغ ئېغىزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئې-
گىزلىكى 5220 مېتىرغا يېتىدۇ،
لېكىن بۇ تاغنىڭ يانتۇلۇقى ئانچە
چوڭ ئەمەس، ئېگىزلىك پەرقى كى-
چىك بولغانلىقتىن، خەتەرلىك، ئۆت-
كىلى بولمايدىغان كۆرۈنمەيدۇ. تاڭ-
گۇلا تاغ تىزمىسىدا مۇزلۇقلار ئانچە
كۆپ شەكىللەنمىگەن بولۇپ، پەقەت
ئاز ساندىكى بىرقانچە ئېگىز چوققى-
لىرىدىلا كىچىكرەك مۇزلۇقلار بار.
بۇ تاغدا كۆپ يىللىق توڭ توپىلار
شەكىللەنگەن.

تاڭگۇلا تاغلىرىنىڭ ۋېرتىكال
تەبىئىي بەلباغلىرى چوڭ قۇرۇقلۇق
خاراكتېرىگە مەنسۇپ، ئەمما شەرقىي
بۆلىكى يېرىم نەم تىپقا، غەربىي بۆ-
لىكى يېرىم قۇرغاق تىپقا ياتىدۇ.
قېزىلما بايلىقلىرىدىن تۆمۈر، كۆمۈر
قاتارلىقلار بار. يەر ئىسسىقلىق باي-
لىقى بىرقەدەر مول.

**گاندىس تاغ تىزمىسى** گاندىس تاغ
تىزمىسى چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىز-
لىكىنى جەنۇب ۋە شىمالغا ئايرىپ
تۇرىدىغان مۇھىم جۇغراپىيەلىك
چېگرا، شىزاڭدىن ھىندى ئوكيانغا
چىقىپ كېتىدىغان تاشقى سۇ سىس-
تېمىسى بىلەن شىمالىي شىزاڭ
ئىچكى سۇ سىستېمىسىنىڭ ئاساس-
لىق سۇ بۆلگۈچىسىدۇر. گاندىس تاغ
تىزمىسىنىڭ زاڭزۇ تىلىدا «تاغلارنىڭ
غوجىسى» دېگەن مەنىسى بار. ئۇ
شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي
جەنۇب قىسمىغا، ھىمالايا تاغ تىز-
مىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بو-
لۇپ، ھىمالايا تاغلىرى بىلەن ئاسا-
سىي جەھەتتىن پاراللېل كېلىدۇ.
دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن
5500 ~ 6000 مېتىرغىچە كېلى-
دۇ. تاغ تىزمىسىدىكى گانرېنبوچى
چوققىسى بۇددا دىنىدىكى مەشھۇر مۇ-
قەددەس تاغ بولۇپ، بۇددا مۇرتلىرىنىڭ
ھەج ـ تاۋاپ قىلىدىغان جايىدۇر.

گاندىس تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇب
تەرىپى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ جەنۇبىي
شىزاڭ رايونى دەپ ئاتىلىدۇ. كىلىما-
تى سالقىن، سەل قۇرغاق بولۇپ، دې-
ڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مې-
تىردىن تۆۋەن تۇرىدىغان يارلۇڭزاڭ-
بۇ دەريا ۋادىسى رايونى چاتقاللىق
ئوتلاق، سەل ئېگىزرەك رايونلىرى
سۇبئالپ (سۇب ئېگىز تاغ) ئوتلاق-
لىرىدۇر. بۇ رايوننىڭ ئوتلاقلىرى
كەڭ، تېرىلغۇ يەرلىرى مەركەزلەش-
كەن بولۇپ، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى-
نىڭ نوپۇسى مەركەزلەشكەن، دېھقان-
چىلىق ـ چارۋىچىلىقى تەرەققىي
قىلغان رايونى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ
شىمالىي تەرىپى چياڭتاڭ ئېگىزلى-
كىنىڭ ئىچكى ئېقىن رايونى بولۇپ،
كىلىماتى سوغۇق ۋە قۇرغاق كېلى-
دۇ، بۇ رايوندا ئېگىز تاغ يايلاقلىرى
ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇتلەق
كۆپ قىسىم يەرلىرى پەقەت قوي ۋە
قوتاز بېقىشقىلا باب كېلىدىغان يا-
كى ئادىمىزات ئولتۇراقلاشمىغان قا-
قاس چۆل ـ جەزىرىلەردۇر.

چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈر يولى-
دىكى ئەڭ ئۇزۇن تونېل، يەنى «دۇنيا
ئۆگزىسىدىكى بىرىنچى ئۇزۇن تو-

نېل» دەپ نام ئالغان شىزاڭ ياڭباجاڭ بىرىنچى نومۇرلۇق تونېلى 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سائەت 10 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە ئوڭۇشلۇق تۇتاشتۇرۇلۇپ، گاندىس تاغ تىزمىسىنى تېشىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش ئەمەلگە ئاشتى.

## بەش تاغ (ۋۇيۆ تاغلىرى)

بەش تاغ تەيشەن، خۇاشەن، جەنۇبىي خېڭشەن، شىمالىي خېڭشەن ۋە سۇڭشەن قاتارلىق تاغلارنى كۆرسىتىدۇ. بەش تاغ (ۋۇيۆ) جۇڭگودىكى بەش مەشھۇر تاغنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر.

تەيشەن تېغى يەنە دەيشەن تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، بەش تاغنىڭ ئاتامانى دېگەن نامى بار. ئەمەلىيەتتە، تەيشەننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1533 مېتىر بولۇپ، بەش تاغنىڭ ئىچىدە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمما تەيشەن تېغىنىڭ غەربىي قىسمىدا دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 50 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان بىپايان شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكى، شىمال، شەرق، جەنۇب تەرەپلىرىدە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 100 ~ 200 مېتىرغىچە كېلىدىغان ئىدىرلىقلار بولغانلىقتىن، «تۈزلەڭلىكتە تاغ گەۋدىلىنىدۇ، پەس ئىدىرلىقمۇ ئېگىز چوققا بولۇپ كۆرۈنىدۇ» دېگەندەك، تەيشەن تېغى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى ئۇزۇن، ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ خان - پادىشاھلىرى ئارقا - ئارقىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ تۇرغانلىقتىن، تەيشەننىڭ نامى تارقىلىپ، مىڭ يىللاردىن بۇيان كىشىلەر ئىنتىلىدىغان گۈزەل ماكانغا ئايلانغان.

خۇاشەن تېغى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خۇايىڭ شەھىرىگە جايلاشقان، بۇ چىنلىڭ تاغلىرىنىڭ تارمىقى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2155 مېتىر كېلىدۇ. چوققىسىغا چىقىپ ئەتراپقا قارىسىڭىز، ۋېيخې دەرياسىنىڭ ئاپئاق بەلباغدەك شەرققە ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئۇپۇقتىن ئۆركەشلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئېگىز - پەس كەتكەن تاغلاردا قارىغاي، ئارچىلارنىڭ يايپېشىل كۆكىرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. خۇاشەن تېغىدا بەش چوققا بار، شەرقىي، جەنۇبىي، غەربىي چوققىلىرى چوقچىيىپ تۇرىدۇ، قىرلىق تىك قىيالىرى كۆپ، شىمالىي چوققىسى بىلەن ئوتتۇرا چوققىسى سەل پەس بولسىمۇ، ئەمما تىك قىيالىرى ناھايىتى كۆپ، شۇڭا بۇ تاغ «دۇنيادىكى ئاجايىپ كۆركەم ۋە ئەڭ خەتەرلىك تاغ» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

بۇلۇت - تۇمانلىرى بىلەن داڭ چىقارغان خېڭشەن تېغى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ خېڭياڭ شەھىرىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىدە سۇلىرى ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان شياڭجياڭ دەرياسى شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ، شياڭجياڭ دەرياسىنىڭ نەمخۇش سۇ پارلىرى كۆتۈرۈلۈپ تاغ ئارىسىدا توپلىنىپ «خېڭشەن تۇمانلىرى»دىن ئىبارەت ئاجايىپ مەنزىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. خېڭشەن تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1300 مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ 72 داڭلىق چوققىسى بار.

شىمالىي خېڭشەن تېغى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2016 مېتىر كېلىدۇ، جۇغراپىيەلىك شارائىتى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ھەربىي ئالىملار تالىشىدىغان جاي بولۇپ كەلگەن. ساياھەتچىلەرنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى «خېڭشەننىڭ 18 مەنزىرىسى»نىڭ تاجى — مۇئەللەق ئىبادەتخانىسىدۇر.

خېنەن ئۆلكىسىنىڭ دېڭفېڭ شەھىرىگە جايلاشقان سۇڭشەن تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1492 مېتىر كېلىدۇ. بۇ تاغ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە جايلاشقانلىقتىن، ئوتتۇرا تاغ دەپ نام ئالغان. سۇڭشەن تېغىدىكى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭقى كەتكەن شاۋلىن ئىبادەتخانىسى جۇڭگونىڭ قەدىمكى شاۋلىن گۇڭفۇسى مەزھىپىنىڭ پائالىيەت مەركىزىدۇر. شاۋلىن ئىبادەتخانىسىدىكى مۇنارلار ھەرقايسى دەۋرلەردىكى راھىبلارنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ، بۇددا مۇنارلىرى خۇددى ئورماندەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. يۇلتۇز كۆزىتىش سۇپىسى جۇڭگودا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ قەدىمكى رەسەتخانىدۇر. بۇ ئاسترونومىيە تارىخى ۋە قۇرۇلۇش تارىخىدا يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. سۇڭشەن ئىبادەتخانىلىرى چىن سۇلالىسىدىن باشلاپ سېلىنغان بولۇپ، 400 نەچچە ئېغىز ئۆيى بار، بۇ بەش تاغدا ھازىرغىچە ساقلانغان كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئەڭ مۇكەممەل قەدىمكى زامان ئۆي - ئىمارەت تۈركۈمى ھېسابلىنىدۇ. سۇڭياڭ بىلىم يۇرتى بولسا جۇڭگونىڭ قەدىمكى تۆت چوڭ بىلىم يۇرتىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**خۇاڭشەن تېغى** خۇاڭشەن تېغى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان، خۇاڭشەن تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى ئاساسلىق چوققىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1873 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدا تەيشەن تېغىنىڭ ھەيۋىتى، خۇاشەن تېغىنىڭ تىك قىيالىرى، خېڭشەن تېغىنىڭ تۇمانلىرى، ئېمېي تېغىنىڭ سالقىنلىقى، لۇشەن تېغىنىڭ شارقىراتمىلىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئاجايىپ قارىغايلار، غەلىتە تاشلار، بۇلۇت دېڭىزى ۋە ئارشاڭلاردىن ئىبارەت «تۆت تەڭداشسىز» مەنزىرە بار. خۇاڭشەننىڭ قارىغايلىرى تىك ۋە كۆركەم ئۆسىدۇ. «بىلىكى» نى سوزۇپ تۇرغان «مەرھابا



خۇاڭشەن تېغىدىكى ئاجايىپ چوققىلار.

قارىغايلىرى»، يەرگە ياتقۇزۇپ قويغان يەلپۈگۈچتەك قارىغايلىرى بار. خۇاڭشەننىڭ كىلىماتى نەم، يىل بويى تۇمانلار لەيلەپ تۇرىدۇ، بۇلۇت قاتلىمىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان خۇاڭشەن چوققىلىرى بەجايىكى بىر توپ ئاراللار بۇلۇت دېڭىزىدا لەيلەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. خۇاڭشەن ئېتىكىدىكى ئارشاڭلار سۇ مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى، تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن داڭلىق. خۇاڭشەن داڭلىق مەنزىرە رايونى 1990 ـ يىلى ب د ت مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن دۇنيا مەدەنىيەت ۋە تەبىئەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

**لۇشەن تېغى** لۇشەن تېغى جياڭشى ئۆلكىسى جيۇجياڭ شەھىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن 36 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پوياڭخۇ كۆلى بويىغا جايلاشقان. شىمالىي تەرىپى چاڭجياڭ دەرياسىغا، جەنۇبىي ئېتىكى پوياڭخۇ كۆلىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ توپ ـ توپ چوققىلىرى، تەنھا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قىيايتى ئۇنى جاھاننىڭ سىرتىدىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك كۆرسىتىدۇ. بۇ تاغنىڭ تۆت ئەتراپى هەيۋەتلىك تىك قىيالىق، ئوتتۇرىسى گۈزەل تەكشىلىك بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى سەندەلسىمان ئۇزۇلمە بۆلەكلىك تاغ دەپ ئاتىشىدۇ. لۇشەن تېغى شەرقىي شىمال ـ غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە سوزۇلۇپ ياتقان قاتمۇقات تاغلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، كۆلىمى 300 كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭدا 171 داڭلىق چوققا بار.

لۇشەن تېغى دەريا ۋە كۆللەر ئارىلىقىغا جايلاشقانلىقتىن، سۇ پارلىرى مول، هۆل ـ يېغىنى كۆپ، شۇڭا تۆت پەسىلنىڭ هەممىسىدە بۇلۇت ـ تۇمانلىق ۋە شارقىراتمىلىق بولىدۇ، يېپىنچا ئۈسۈملۈكلىرىمۇ بۇك ـ باراقسان ئۆسىدۇ، «ئاجايىپ قىيالار، بۇلۇت دېڭىزى، شارقىراتمىلار» لۇشەن تېغىنىڭ ئۈچ تەڭداشسىز مەنزىرىسى هېسابلىنىدۇ. ياپيېشىل تاغلىرى، تۆت پەسىلنىڭ گۈزەللىكى، دەريالار، كۆللەر ۋە تاغلارنىڭ مۇكەممەل بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ تۇرۇشى، هەيۋەتلىك، غەلىتە، خەتەرلىك، كۆركەم مەنزىرىلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى لۇشەن تېغىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن، شۇڭا گۈزەللىكتە دۇنيادا تەڭدىشى يوق دېگەن كاتتا نامغا ئېرىشكەن. 1996 ـ يىلى لۇشەن تېغى «دۇنيا مىراسلىرى تىزىملىكى» گە كىرگۈزۈلدى.



لۇشەن تېغىدىكى خەندۇكۇ.

لۇشەن تېغى گەرچە چاڭجياڭنىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن ئېقىنىدىكى «ئاتەش» رايونغا جايلاشقان بولسىمۇ، يەر شارائىتى ئېگىز بولغانلىقتىن، ياز پەسلىدىمۇ هاۋاسى سالقىن، يېقىملىق بولۇپ، 35℃تىن يۇقىرى قاتتىق ئىسسىق كۈنلىرى بولمايدۇ. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىچە هاۋا تېمپېراتۇرىسى ئارانلا 22.6℃ بولۇپ، تاغ ئېتىكىدىكى جيۇجياڭنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىن 5.6℃ تۆۋەن، شۇڭا ئۇ يەنە ئىسسىقتىن ساقلىنىدىغان گۈزەل جاي هېسابلىنىدۇ.

**ۋۇيىشەن تېغى** ۋۇيىشەن تېغى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ۋۇيىشەن شەھىرىگە جايلاشقان. تاغ تىزمىسى شەرقىي شىمال ـ غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە سوزۇلۇپ ياتىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 540 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ شەرقىي جەنۇب دېڭىز ياقىسىدىكى ئېدىرلىقلار بىلەن جياڭشىنىڭ ئېدىرلىقىنىڭ چېگراسى، شۇنداقلا فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى مىنجياڭ سۇ سىستېمىسى، تىڭجياڭ سۇ سىستېمىسى بىلەن جياڭشىدىكى پوياڭخۇ سۇ سىستېمىسىنىڭ تەبىئىي سۇ بۆلگۈچىسىدۇر.

ۋۇيىشەن تېغىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ئۆزگىچە بولۇپ، «دەنشىيا يەر شەكلى» بىلەن نام چىقارغان. زۇمرەتتەك سۇلىرى، قىپقىزىل تاغلىرى، ئاجايىپ چوققىلىرى ۋە غارلىرى كۆركەم مەنزىرىلىك رايونغا ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى ئەڭ داڭلىق جانلىقلار مۇهاپىزەت رايونى، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئاپەتلەردىن ئامان قالغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پاناهگاهى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان جانلىقلار پەقەت جۇڭگودىلا خاس. 1979 ـ يىلى ۋۇيىشەن دۆلەتلىك تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون قۇرۇلدى. ئۇنىڭ كۆلىمى 57300 گېكتار كېلىدۇ. 1999 ـ يىلى ب د ت

www.uyghurkitap.com



ۋۇيشەن تېغىنىڭ مەنزىرىسى.

مائارىپ – پەن – مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن دۇنيادىكى مەدەنىيەت ۋە تەبىئەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

**بۇددا دىنىنىڭ تۆت چوڭ داڭلىق تېغى** بۇددا دىنى شەرقىي خەن دەۋرىدە جۇڭگوغا كىرگەندىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە بولغان 2000 يىلغا يېقىن تارىختا بىر قانچە قېتىم گۈللىنىپ ۋە زاۋاللىشىپ، تەدرىجىي جۇڭگوچە بۇددا دىنىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىدا ئۆچمەس ئىزلىرىنى قالدۇردى. «جاھاندىكى داڭلىق تاغلاردا راھىبلار كۆپ» دېگەن سۆز بار. ۋۇتەيشەن تېغى، ئېمېي تېغى، جيۇخۇا تېغى، پۇتو تېغى قاتارلىقلار جۇڭگودىكى بۇددا دىنىنىڭ تۆت چوڭ داڭلىق تېغى، دەپ ئاتىلىدۇ.

ۋۇتەيشەن تېغى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى خۇتو دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، بەش سۇپىسىمان تاغ چوققىسى بولغانلىقتىن، مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ تاغدا قاتتىق ئىسسىق بولمىغاچقا، ئۇ يەنە سالقىن تاغ، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى بېيتەيدىڭنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3058 مېتىر بولۇپ، بۇ شىمالىي جۇڭگو رايونىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ بۇ يەردە ئىبادەتخانىلار قۇرۇلۇشقا باشلىغان، ئەڭ كۆپ بولغاندا سانى 300 دىن ئېشىپ كەتكەن، ھازىر ساقلىنىپ قالغىنىدىن 47 سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە نەنچەن ئىبادەتخانىسى جۇڭگودا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ بۇرۇنقى ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. ۋۇتەيشەندىكى بۇددا مۇنارى قۇرۇلۇشلىرى كۆپ ھەم رەڭدار بولۇپ، ئۇلارغا مىس، كۈمۈش، تاش، ياغاچ، ئالتۇن ھەل، ئەينەك قاتارلىق ماتېرىياللار ئىشلىتىلگەن، شەكلى بىر – بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شېلى چوڭ ئاق مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 56.6 مېتىر كېلىدۇ، ياسىلىشى ئۆزگىچە بولۇپ، ۋۇتەيشەننىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

«بۇددا دىنى دۇنياسى» دېگەن نامى بار پۇتو تېغى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇۋشەن تاقىم ئاراللىرىدىكى بىر كىچىك ئارالغا جايلاشقان. كۆلىمى ئاران 12 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ كىچىك ئارالغا بۇددا دىنى تازا گۈللەنگەن ۋاقىتتا 200 دىن ئارتۇق بۇتخانا سېلىنغان. داڭلىق ئاسارئەتىقىلەردىن پۇجى ئىبادەتخانىسى، فايۇ ئىبادەتخانىسى، خۇيجى ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان قۇرۇلۇش توپى، شۇنىڭدەك ماھايانا بۇتخانىسى ۋە مېيفۇ بۇتخانىسى قاتارلىق بۇتخانىلار بار.

سىچۇەن ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب گىرۋىكىگە جايلاشقان ئېمېي تېغىنىڭ ئاساسىي چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3099 مېتىر كېلىدۇ. بۇ تاغ ناھايىتى كۆركەم، ھەيۋەتلىك بولۇپ، چوققىلىرى يېشىللىققا پۈركەنگەن، شۇڭا «ئېمېي جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل جاي» دەپ نام ئالغان. ئېمېي تېغىنىڭ ئۆسۈملۈك بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 85% ئەتراپىدا بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى 3000 دىن ئاشىدۇ، ھايۋانلارنىڭ تۈرى تەخمىنەن 2000 خىلغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق تۈرلەر بار بولۇپ، «تەبىئىي مۇزېي» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئېمېي تېغىدا ئەڭ دەسلەپتە تەرىقەت دىنى ئەۋج ئالغان، تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىن بۇددا دىنى تەدرىجىي گۈللىنىشكە باشلىغان. مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىگە كەلگەندە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. ئېمېي تېغىدا بۇتخانا – ئىبادەتخانىلار ئىنتايىن كۆپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە باۋگو، فۇخۇ، خۇڭچۈنپىڭ، چىڭيىنگى، جيۇلاۋدۇڭ، ۋەنيەن، شىشياڭچى، جىندىڭ قاتارلىق سەككىز چوڭ بۇتخانا – ئىبادەتخانا ئەڭ داڭلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ.

«شەرقىي جەنۇب بويىچە بىرىنچى تاغ» دەپ نام ئالغان، نېلۇپەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان توققۇز چوققىسى بار جيۇخۇا تېغى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ چىڭياڭ ناھىيەسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاساسلىق چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1342 مېتىر كېلىدۇ. تاغ ئىچىنىڭ ھەممە يېرىگە غارلار، غەلىتە تاشلار، بۇلاقلار، شارقىراتمىلار تارقالغان. ئۇلارنىڭ ئارىلىقلىرىغا يايپېشىل قارىغايلار، بامبۇكلار، ئېتىزلار، كەنتلەر جايلاشقان. شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىلا بۇددا دىنى جيۇخۇا تېغىغا تارقالغان. مىڭ يىللاردىن بۇيان تاغ ئىچىدە ئىنتايىن كۆپ قەدىمىي بۇتخانىلار



ۋۇتەيشەن تېغىنىڭ مەنزىرىسى (سۈرەتنى ۋاڭ ۋېنشۇ تارتقان)

قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، تازا گۈللەنگەن مەزگىللىرىدە بۇتخانىلار 300 ~ 400 گە يەتكەن، ھازىرغىچە ساقلانغىنىدىن 78 ى بار. گەنلۇ ئىبادەتخانىسى، خۇاچېڭ ئىبادەتخانىسى، رۇشېنباۋ قەسرى، بەيسۈي قەسرى قاتارلىقلار بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرى ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەيسۈي قەسرىدە 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان راھىبنىڭ ئولتۇرغان ھەيكىلى بار.

**تەرىقەت دىنىنىڭ تۆت چوڭ داڭلىق تېغى** تەرىقەت دىنى جۇڭگودا پەيدا بولۇپ، جۇڭگودا تارقالغان دىندۇر. جۇڭگو تارىخىدا بۇ دۇنيادىن چەتنىگەنلىكى زاھىدلارنىڭ كۆپىنچىسىگە ئەۋلىيا دەپ نام بېرىلىپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئايىغى يەتكەن جايلارنىڭ ھەممىسى تەرىقەت دىنىنىڭ مۇقەددەس جايىغا ئايلانغان. چىڭچېڭشەن تېغى، ۋۇداڭشەن تېغى، لاۋشەن تېغى ۋە لوفۇشەن تېغى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ جۇڭگو تەرىقەت دىنىنىڭ تۆت چوڭ داڭلىق تېغى دەپ ئاتالغان.

چىڭچېڭشەن تېغى سىچۈەن ئۆلكىسى چېڭدۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تەخمىنەن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئاساسلىق چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1600 مېتىردىن ئاشىدۇ. تاغنىڭ شەكلى قەلئەگە ئوخشاپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغدا بۈك ـ باراقسان بامبۇك ئورمىنى يىل بويى ياپيېشىل كۆكىرىپ تۇرغانلىقتىن، بۇ تاغ چىڭچېڭشەن (يېشىل قەلئە تېغى) دەپ ئاتالغان. چىڭچېڭشەن تېغى جۇڭگو تەرىقەت دىنى بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يېشىللىقلىقى ۋە خىلۋەتلىكى بىلەن نام چىقارغان، ئۇنىڭ «چىڭچېڭشەن جاھاندىكى خىلۋەت جاي» دېگەن نامى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى تەرىقەت دىنىنى بەرپا قىلغۇچى جاڭ داۋلىڭ بۇ يەرگە كېلىپ مۇنبەر ياساپ ۋەز ئېيتقان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تەرىقەت دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى تەدرىجىي سېلىنىشقا باشلىغان، تازا گۈللەنگەن ۋاقتىدا سانى 100 دىن ئېشىپ كەتكەن. تاغدا تەرىقەت دىنىنىڭ ئاساسلىق ئىبادەتخانىلىرىدىن جيەنفۇگوڭ، تيەنشىدۇڭ، شاڭچىڭگوڭ ۋە زۇشىديەن قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە دېڭىز يۈزىدىن 1200 مېتىر ئېگىزلىكتىكى شاڭچىڭگوڭ ئىبادەتخانىسىدا كۈن چىقىش، بۇلۇت دېڭىزى، مۇقەددەس چىراغدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تەبىئىي ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

خۇبېي ئۆلكىسىگە جايلاشقان ۋۇداڭشەن تېغىنىڭ ئاساسلىق چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 112 مېتىر كېلىدۇ. تەرىقەت دىنى پائالىيەتلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، قەدىمىي ئىمارەتلەرنىڭ كۆلىمى بەك چوڭ بولغانلىقتىن، بۇ تاغنىڭ جۇڭگودىكى «تەرىقەت دىنىنىڭ بىرىنچى داڭلىق تېغى» دېگەن نامى بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، خەن دەۋرىدە ياشىغان يىن چاڭشېڭ، تاڭ دەۋرىدە ياشىغان لۈ دۇڭبىن، مىڭ دەۋرىدە ياشىغان جاڭ سەنفېڭ قاتارلىقلار مۇشۇ تاغدا تەلىم ئالغانىكەن. ۋۇداڭشەن تېغىدىكى ئىبادەتخانىلار تاڭ دەۋرىدە سېلىنىشقا باشلىغان، ئەمما ئۇنىڭ كۆپىنچىسى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ۋەيران قىلىنغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې يىللىرىدا توپا ـ تاش قۇرۇلۇشى رىۋاج تېپىپ، تەرىقەت دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان غايەت زور قەدىمكى ئىمارەتلەر توپى بەرپا قىلىنغان. ئاساسلىق ئىمارەتلىرىدىن تيەنجۇ چوققىسىدىكى ئالتۇن ئوردا ۋە زىشياۋگوڭ قەسرى، جەنۇبىي تاش قەسىر قاتارلىقلار بار. ۋۇداڭشەن تېغى يەنە جۇڭگونىڭ ۋۇداڭ مەزھىپى جانبازلىقىنىڭ بۆشۈكىدۇر. قاتتىقلىق بىلەن يۇمشاقلىققا تەڭ ئېتىبار بېرىدىغان، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ۋۇداڭ جانبازلىقى جۇڭگودىكى بىر مۇھىم جانبازلىق مەزھىپى بولۇپ، سۇڭشەن تېغىدىكى شاۋلىن جانبازلىقى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ.

شەندۇڭ ئۆلكىسى چىڭداۋ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان لاۋشەن تېغىنىڭ ئاساسلىق چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1133 مېتىر كېلىدۇ. لاۋشەن تېغىدا غەلىتە تاغ جىنسلىرى ۋە غارلار كۆپ بولۇپ، تاغ ئۈستىدىكى شارقىراتما ۋە بۇلاقلاردا سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ، تاغ ئېتىكىدە دېڭىز سۇلىرى دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ، تاغنىڭ رەڭگى بىلەن يېشىل قارىغايلار، قارىغايلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى بىلەن دېڭىز شاۋقۇنى ماسلاشقان بولۇپ، بۇ ساياھەت قىلىدىغان ۋە ئىسسىقتىن دالدىلىنىدىغان ياخشى سەيلىگاھتۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، چىن شىخۇاڭ، خەن ۋۇدىلارمۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئادەمنى قېرىتمايدىغان خىسلەتلىك دورا ئىزدىگەنىكەن. سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىلىرىدىن كېيىن، بۇ جايدا تەرىقەت دىنى ئىبادەتخانىلىرى كۆپلەپ سېلىنىشقا باشلىغان، بۇ تاغ تەدرىجىي ھالدا تەرىقەت دىنىنىڭ داڭلىق تېغىغا ئايلانغان. چىڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ پېشۋاسى پۇ سۇڭلىڭنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «لياۋجەي رىۋايەتلىرى»دىكى «لاۋشەن تېغىدىكى تەرىقەت دىنى مۇخلىسلىرى» دېگەن مەزمۇن بۇ تاغنى جاھانغا تېخىمۇ تونۇتقان. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان شاڭچىڭگوڭ، تەيچىڭگوڭ، تەيپىڭگوڭ قاتارلىق قەسىرلەر خېلى كەڭ كۆلەملىك قەدىمىي ئىمارەتلەر توپىنى تەشكىل قىلغان.

لىڭنەندىكى تۆت داڭلىق تاغنىڭ بىرى دەپ ئاتالغان لوفۇشەن تېغى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئاساسلىق چوققىسى بولغان فېييۈەن چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1281 مېتىر كېلىدۇ. تاغ ئىچىدە نەقىشلەر ئويۇلغان، رەسىملەر

سىزىلغان لىم ـ لەرلەر، قىزىل تۇۋرۇكلۇك يېشىل تاملار، كۆركەم ۋە نەپىس ئىبادەتخانىلاردىن باشقا، يەنە شارقىراتمىلار، خىلۋەت بۇلاقلار بار بولۇپ، بۇ تەرىقەت دىنىنىڭ يەتتىنچى غارى، ئوتتۇز تۆتىنچى پاراۋان ماكانى دەپ ئاتالغان. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن چوڭشۇ ئىبادەتخانىسى، گې خۇڭنىڭ دورا ياساش ئوچىقى قاتارلىق تەرىقەت دىنىنىڭ مۇقەددەس ئىزلىرى بار. لوفۇشەن تېغىنىڭ مەشھۇر بولۇشى گېخۇڭ بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك.

**ئالپس تاغ تىزمىسى** ئالپس تاغ تىزمىسى ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ تاغ تىزمىسىدۇر. ئۇ گېنۇيا قولتۇقى ئەتراپىدىكى تىرۇچىنو تاغ ئېغىزىدىن شىمالغا قاراپ فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ چېگراسىنى بويلاپ، شىۋېيتسارىيە ئارقىلىق ئاۋستىرىيەگىچە سوزۇلۇپ بارىدۇ. ئالپس تاغ تىزمىسى ياي شەكىللىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1200 كىلومېتىر، كەڭلىكى 120 ~ 200 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3000 مېتىر، ئاساسلىق چوققىسى بولغان بىلان چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4810 مېتىر كېلىدۇ.

ئالپس تاغ تىزمىسى ئافرىقا بۆلىكى شىمالغا قاراپ ئاسىيا ـ ياۋروپا بۆلىكى بىلەن سوقۇلغاندا، ئۆز ئارا قىستىلىش نەتىجىسىدە يەر پوستى كۆتۈرۈلۈپ ھاسىل بولغان. مىليونلىغان يىللاردىن بۇيان ئافرىقا بۆلىكى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاسىيا ـ ياۋروپا بۆلىكىگە سوقۇلۇپ، بىر قاتار يايسىمان تاغ تىزمىلىرىنى ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق تاغ تىزمىسىنىڭ شەرققە سوزۇلغان قىسمى كارپاتىيان تاغ تىزمىسى، جەنۇبقا سوزۇلغان قىسمى ئاپپېنىنېس تاغ تىزمىسى، غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان قىسمى پىرېنېئان تاغ تىزمىسىدىن ئىبارەت. ئالپس تاغ تىزمىسىدا 1200دىن ئارتۇق مۇزلۇق بار بولۇپ، ھازىرقى زامان مۇزلۇقلىرى ئەڭ كۆپ رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. پۈتكۈل ياۋروپادىكى 10 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن كۆپ مۇزلۇقنىڭ يېرىمى ئالپس تاغ تىزمىسىغا تارقالغان. مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن سۇلار رېيىن دەرياسى، رونې دەرياسى، پو دەرياسى قاتارلىق چوڭ دەريالارنىڭ مەنبەسىدۇر.

**كوردىللېر تاغ سىستېمىسى** ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ تىنچ ئوكيان قىرغىقىدا ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ خۇددى بىر تامغا ئوخشاش تىنچ ئوكيان ئىللىق نەم ھاۋا ئېقىمىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇققا كىرىشىنى توساپ تۇرىدۇ، مانا بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن تاغ سىستېمىسى ــ كوردىللېر تاغ سىستېمىسىدۇر.

كوردىللېر تاغ سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 15000 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، تاغ سىستېمىسىدا تۈپ ـ تۈپ چوققىلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، بۇ تاغ سىستېمىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ تەبىئىي توسقىنى ھاسىل قىلغان. كوردىللېر تاغ سىستېمىسى بىر قاتار پاراللېل كەلگەن تاغ تىزمىلىرى، تاغ ئارىسى ئېگىزلىكلىرى ۋە ئويمانلىقلىرىدىن تەشكىل تاپقان. شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى قىسمى ئۈچ پاراللېل تاغلىقتىن تەشكىل تاپقان. غەربىي قىسمىدىكى بۆلىكى ئامېرىكىنىڭ ئالياسكا تاغ تىزمىسى بولۇپ، ئەڭ ئېگىز؛ ئوتتۇرا قىسمىدىكىسىنىڭ كانادا چېگراسىدىكى قىسمى دېڭىز قىرغىقى تاغ تىزمىسى دەپ ئاتىلىدۇ، ئامېرىكىدىكى قىسمى كاسكاد تاغلىرى ۋە نېۋادا تاغلىرى دەپ ئاتىلىدۇ؛ شەرقىي قىسمىدىكىسى بولسا ئامېرىكىدىكى روكى تاغ تىزمىسىدىن ئىبارەت. بۇ تاغ سىستېمىسى ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىدە تەدرىجىي پەسىيىپ بارىدۇ ھەمدە ئوتتۇرا ئامېرىكا ئېگىزلىكى دەپ ئاتىلىدۇ؛ جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدە بۇ تاغ سىستېمىسى جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشتىكى بىر قانچە تاغ تىزمىلىرىدىن تەشكىل تاپقان. ئاندېس تاغ تىزمىسى ئۇنىڭ غول قىسمى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3000 مېتىردىن ئاشىدۇ، يەنە 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان نۇرغۇنلىغان ئېگىز چوققىلىرى بار.

كوردىللېر تاغ سىستېمىسىنىڭ غەربىي قىسمى تىك، شەرقىي قىسمى چوڭ قۇرۇقلۇققا قاراپ يانتۇلۇقى كىچىكلەپ بارىدۇ، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ياش تاغ سىستېمىلىرىدىن بىرى، مەشھۇر يانار تاغ پائالىيەت بەلبېغى ۋە يەر تەۋرەش بەلبېغى بولۇپ، 40 قا يېقىن يانار تاغ مۇشۇ جايغا تارقالغان. ئۇنىڭدا يەنە مول قېزىلما بايلىقلار كۆمۈلۈپ ياتىدۇ.

**روكى تاغ تىزمىسى** روكى تاغ تىزمىسى كوردىللېر تاغ سىستېمىسىنىڭ شەرقىي بۆلەك تاغ تىزمىسىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى بولۇپ، شىمالدا ئالياسكىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا مېكسىكىغا يېتىپ بارىدۇ، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ كانادا بىلەن ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۇزۇنسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 4500 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 2000 ~



ئالپس تاغ تىزمىسىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى.

3000 مېتىر كېلىدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىسى ئېلبېرت تېغى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4399 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان سۇ سىستېمىسى، ئاتلانتىك ئوكيان سۇ سىستېمىسى ۋە شىمالىي مۇز ئوكيان سۇ سىستېمىسىنىڭ سۇ بۆلگۈچىسىدۇر. روكى تاغ تىزمىسى ئۈچىنچى دەۋردىكى كەڭ كۆلەملىك تاغ ھاسىل بولۇش ھەرىكىتى ۋە تۆتىنچى دەۋردىكى مۇزلۇقلارنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن. شىمالىي قىسمىدا مۇزلۇقنىڭ تەسىرى ئىنتايىن روشەن، يانار تاغ پائالىيىتى كۈچلۈك بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئالاھىدە يەر شەكىللىرى ھاسىل بولغان. جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا چوققىلىرى بىر قەدەر تىك كەلگەن، جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدىكى بىر قاتار پاراللېل تاغ تىزمىلىرى شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا ئېگىزلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ جاي يانار تاغنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئارشاڭ، قەرەللىك بۇلاقلار بار. روكى تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىلىماتى ۋە سۇ رايىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ. تاغ تىزمىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى دەريا ئېقىنلىرى ئاتلانتىك ئوكيان سۇ سىستېمىسى ۋە شىمالىي مۇز ئوكيان سۇ سىستېمىسىغا تەۋە، غەرب تەرىپىدىكى دەريالار بولسا تىنچ ئوكيان سۇ سىستېمىسىغا تەۋە.

روكى تاغ تىزمىسىدىكى مۇزلۇق، شارقىراتما، جىلغا، ئورمانلىق، كۆل، ئارشاڭ، يانار تاغ قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرىلەر ھەر يىلى نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئامېرىكىدىكى سېرىق تاش باغچىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى كىشىنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ. بۇ يەردە يەنە مول قېزىلما بايلىقلار زاپىسى بار، بولۇپمۇ مېتال كانلىرى ئالاھىدە كۆپ بولۇپ، مىس، كۈمۈش، قوغۇشۇن، سىنىك قاتارلىق كان بايلىقلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئامېرىكىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

**ئاندېس تاغ تىزمىسى** ئاندېس تاغ تىزمىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن تاغ تىزمىسى بولۇپ، جەنۇبىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. شىمالدا شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى تېرىندا ئارىلىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىي ئۇچى ئوتلۇق يەر ئارىلىغا يېتىپ بارىدۇ، ۋېنېزۇئېلا، كولۇمبىيە، ئېكۋاتور، پېرۇ، بولىۋىيە، چىلى ۋە ئارگېنتىنا قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئۆتىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 9000 كىلومېتىر بولۇپ، «جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئومۇرتقىسى» دەپ نامى بار. ئۇ كورددىللېر تاغ سىستېمىسىغا تەۋە، كۆپىنچە جايلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىردىن ئاشىدۇ، نۇرغۇنلىغان ئېگىز چوققىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئانكوخۇمىئا تېغى دېڭىز يۈزىدىن 7010 مېتىر ئېگىز بولۇپ، غەربىي يېرىم شار بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. توپۇنگاتو يانار تېغى (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6800 مېتىر) دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز ھەرىكەتتىكى يانار تاغدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئېگىزلىكتىكى تىتىكاكا كۆلى دۇنيا بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز تاتلىق سۇلۇق كۆللەرنىڭ بىرىدۇر. ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك تۇتاش كەتكەن تاغ تىزمىسى جەنۇبىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرق ـ غەرب ئىككى تەرىپىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توساققا ئايلانغان. تاغ تىزمىسىنىڭ شەرق ـ غەرب ئىككى تەرىپىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ناھايىتى چوڭ پەرق قىلىدۇ. تاغ ئېتىكىدىن تاغ چوققىسىغىچە كىلىماتى، ئۆسۈملۈكلىرى ۋېرتىكال تارقالغان. ئاندېس تاغ تىزمىسىنىڭ ھاسىل بولغان دەۋرى سەل كېيىن بولغاچقا، يەر پوستى تۇراقسىز، يانار تاغ پارتلاش، يەر تەۋرەش كۆپ بولىدۇ، ئۇ تىنچ ئوكياننى چۆرىدىگەن يانار تاغ يەر تەۋرەش بەلبېغىنىڭ بىر قىسمىغا تەۋە.

تاغلىق رايوندا كان بايلىقلىرى مول بولۇپ، كۆپ خىل مېتال كانلىرى بار. «ئاندېس» دېگەن سۆزنىڭ لاتىنچە مېتال دېگەن مەنىسى بار.

**سكاندىناۋىيە تاغ تىزمىسى** سكاندىناۋىيە تاغ تىزمىسى يەنە كيولېن تاغ تىزمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، يېرىم ئارالنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 1700 كىلومېتىر، كەڭلىكى 200 ~ 600 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، ئەڭ ئېگىز چوققىسى نورۋېگىيەدىكى گالدخو چوققىسى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2468 مېتىر كېلىدۇ.

سكاندىناۋىيە تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي يانباغرى نورلاند ئېگىزلىكى بولۇپ، پەلەمپەيسىمان ھالەتتە بالتىق دېڭىز قىرغىقىدىكى تۈزلەڭلىككە



روكى تاغلىرىنىڭ مەنزىرىسى.

www.uyghurkitap.com

قاراپ تەدرىجىي تۆۋەنلەپ بارىدۇ، يەر شەكلى بىرقەدەر تەكشى. مۇزلۇقلارنىڭ يالىشىدىن ھاسىل بولغان يەر شەكلى ئىنتايىن راۋاجلانغان، نۇرغۇنلىغان مۇز ۋودۇنكىسى ۋە U شەكىللىك جىلغىلار بولغاندىن باشقا، يەنە نۇرغۇن مۇزلۇق كۆللىرى بار. تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي يانباغرى ئېگىز ۋە تىك بولۇپ، نورۋېگىيە دېڭىز ياقىسى بىلەن بىۋاسىتە تۇتىشىدۇ. مۇزلۇق ئوقۇرىغا دېڭىز سۈيى بۆسۈپ كىرگەنلىكتىن، بىر قاتار تىپىك تار دېڭىز قولتۇقلىرى شەكىللەنگەن. دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسى ئەگرى - بۈگرى بولغانلىقتىن، كەڭلىكى پەقەت بىر كىلومېتىردىن بىرقانچە كىلومېتىرغىچە كېلىدىغان دېڭىز قولتۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى كۆپ ھاللاردا 100 كىلومېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ. تار ۋە ئۇزۇن، خىلۋەت دېڭىز قولتۇقى، ئېگىز ۋە كۆركەم قىيالار مەنزىرىسى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. بۇ پاراخوت - كېمىلەرنى توختىتىدىغان ياخشى جاي ھېسابلىنىدۇ. سكاندىناۋىيە تاغ تىزمىسى يەنە سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ كىلىماتىنى ئايرىپ تۇرغۇچى چېگرا سىزىقىدۇر. تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا دېڭىز - ئوكيان خاراكتېرلىك كىلىمات روشەن بولىدۇ، شەرقىي قىسمى قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا تەۋە.

**ئېگىزلىك** ئېگىزلىك — دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 مېتىردىن ئاشىدىغان، كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ، ئۈستى يۈزى بىرقەدەر تەكشى، ئەتراپى تىك يانباغىرلىق كەلگەن ئېگىز يەرنى كۆرسىتىدۇ. ئېگىزلىكنىڭ ئادەتتە «زېمىننىڭ سەھنىسى» دېگەن نامى بار. ئۇ يەر پوستىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك، كەڭ كۆلەملىك كۆتۈرۈلۈش ھەرىكىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن. ئۇ بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ئېگىزلىكى بىلەن تۈزلەڭلىكتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، يەنە تەكشى يەر يۈزىنىڭ بىرقەدەر چوڭراق ۋە ئېگىز - پەسلىك پەرقىنىڭ بىرقەدەر كىچىكرەك بولۇشى بىلەن تاغلىقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئېگىزلىك يۈزىنىڭ شەكلىگە ئاساسەن، مۇنداق ئۈچ خىل تىپقا ئايرىلىدۇ: بىرى، ئۈستى يۈزى بىرقەدەر تەكشى بولغان ئېگىزلىك، مەسىلەن، جۇڭگونىڭ ئىچكى موڭغۇل ئېگىزلىكى؛ يەر يۈزىنىڭ ئېگىز - پەسلىك پەرقى بىرقەدەر چوڭ، ئۈستى يۈزى بىرقەدەر كەڭ بولغان ئېگىزلىك، مەسىلەن، جۇڭگونىڭ چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى؛ ئۈچىنچىسى، كېسىلىپ بۆلۈنۈپ كەتكەن ئېگىزلىك، مەسىلەن جۇڭگونىڭ يۈننەن - گۈيجۇ ئېگىزلىكى. بۇ تىپتىكى ئېگىزلىكنى ئېقىن سۇلار بىرقەدەر چوڭقۇر كېسىۋەتكەن، ئېگىز پەسلىك پەرقى چوڭ، ئەمما ئۈستى يەنىلا بىرقەدەر كەڭ بولىدۇ. سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك جۇڭگودىكى تۆت چوڭ ئېگىزلىكنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى قېلىن سېرىق توپا قاپلاپ تۇرىدۇ. شەنشى سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكىنىڭ يەر قاتلىمىنىڭ ئېچىلىشى مۇكەممەل، يەر شەكلى كۆپ خىل بولۇپ، جۇڭگودىكى سېرىق توپا تەبىئىي جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى ئەڭ تىپىك بولغان رايوندۇر. ئېگىزلىكنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى يۇقىرى، ھاۋا بېسىمى تۆۋەن، ئوكسىگېن مىقدارى ئاز بولۇپ، بۇ خىل مۇھىتتىن پايدىلانغاندا، بەدەننىڭ چىدامچانلىقىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئېگىزلىك رايونلىرى قۇياشنىڭ رادىياتسىيەسىگە كۆپ ئۇچرايدۇ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، قۇياش ئېنېرگىيەسى بايلىقى ئىنتايىن مول بولىدۇ. سۇنىڭ قايناش نۇقتىسى 100℃ قا يەتمەيدۇ، ئەگەر ئادەتتىكى قازاندا تاماق پىشۇرۇلسا، تاماق خام بولۇپ قالىدۇ.

**چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى**

چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز ئېگىزلىك بولۇپ، جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان، كۆلىمى تەخمىنەن 2 مىليون 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭگو قۇرۇقلۇق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 1/4 ىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتە «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» ۋە «يەر شارىنىڭ ئۈچىنچى قۇتۇپى» دېگەن گۈزەل ناملىرى بار. ئۇنىڭ ئەتراپى ۋە ئىچكى قىسمىدا بىر قاتار تاغ تىزمىلىرى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. جۇڭگو ۋە ئاسىيادىكى بىرقانچە چوڭ دەريالار مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى ئەسلىدە يەر شارىدىكى يېتىلىشى ئەڭ ياش ئېگىزلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ئەسلىدە ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان قەدىمكى يەر ئوتتۇرا دېڭىزى بار ئىدى. بۇنىڭدىن 40 مىليون يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە، ھىندىستان بۆلىكىنىڭ شىمالغا قاراپ سۈرۈلۈپ ئاسىيا - ياۋروپا بۆلىكى بىلەن سوقۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىشى تۈپەيلىدىن، بۇ رايون تېز سۈرئەتتە كۆتۈرۈلۈپ، پۈتكۈل يەر شارى كۆز تىكىدىغان يەر شارىنىڭ «ئۈچىنچى قۇتۇپى»غا ئايلانغان.

چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى گەرچە ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن كەڭلىككە جايلاشقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئېگىزلىكى سەۋەبىدىن ئېگىزلىك سوغۇق كىلىماتى شەكىللەنگەن. بۇ جايدا يىل بويى قىش ئۇزۇن بولىدۇ، ياز بولمايدۇ. يەر يۈزىدە ناھايىتى قېلىن مۇز قەۋىتى ھاسىل بولغان، بۇ جۇڭگو بويىچە ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئەڭ تۆۋەن رايون ھېسابلىنىدۇ. بۇ چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنى يەر شارىدىكى تۆۋەن كەڭلىك رايوندىكى ئەڭ چوڭ مۇزلۇق

تەسىرىگە ئىگە مەركەزگە ئايلاندۇرغان. بۇ يەردىكى مۇزلۇقلار جۇڭگودىكى مۇزلۇق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئېگىزلىكنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى يۇقىرى، ھاۋاسى شالاڭ، قۇياش نۇرى يېتەرلىك. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئوچۇق، قۇياش نۇرى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، كۈزگى بۇغداي، ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىش ئارقىلىق بۇ جاينى دۇنيا بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز زىرائەت تېرىلغۇ ماكانىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

**ئىچكى موڭغۇل ئېگىزلىكى** ئىچكى موڭغۇل ئېگىزلىكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 340 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1000 ~ 2000 مېتىر كېلىدۇ. ئىچكى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە چۆللۈك، قۇملۇق، قۇملۇق يەر غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ تەرتىپ بويىچە ياي شەكلىدە تارقالغان، يەنى ئېگىزلىكنىڭ غەربىي شىمال قىسمى شېغىللىقنى ئاساس قىلغان، شەرقىي جەنۇبى قۇملۇقنى ئاساس قىلغان چۆللۈك، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي جەنۇب قىسمى يوشۇرۇن قۇملۇق ۋە ئاشكارا قۇملۇقتىن ئىبارەت. ئىچكى موڭغۇل ئېگىزلىكى ئېلىمىزنىڭ مۇھىم چارۋىچىلىق مەيدانى بولۇپ، ئوتلاق كۆلىمى ئېگىزلىك ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 80% نى ئىگىلەيدۇ. شەرقىي قىسمىدىكى بۇئىرنور كۆلى بويلىرى ۋە شىلىنغول ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ سۈيى مول، ئوت - چۆپلىرى قويۇق ئۆسكەن بولۇپ، بىپايان كەتكەن چوڭ ئوتلاقتۇر.

**سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك** سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك تەيخاڭشەن تېغىنىڭ غەربىگە، چىلىيەنشەن تېغىنىڭ شەرقىگە، سەددىچىن سېپىلىنىڭ جەنۇبىغا، چىنلىڭ تېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، كۆلىمى تەخمىنەن 300 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىكى ئېگىزلىكى 1000 ~ 2000 مېتىر كېلىدۇ. يامغۇر سۇلىرى ۋە ئېقىن سۇلارنىڭ يەر يۈزىدىكى سېرىق توپىلارنى ئۇزاق مەزگىل يالاپ ئېقىتىشى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن جايلىرىنىڭ يەر يۈزى پارچە - پارچە بۆلۈنۈپ، توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان چوڭقۇر جىلغا - ھاڭلار ھاسىل بولغان.

يېقىنقى 20 ~ 30 يىلدىن بېرى نۇرغۇنلىغان ئالىملار سېرىق توپا شامال تەسىرىدىن ھاسىل بولغان دېگەن قاراشنى ياقلاۋاتىدۇ. ئېگىزلىكتىكى تەيخاڭشەن تېغى، لۈلياڭشەن تېغى، ليۇپەنشەن تېغى قاتارلىق ئاساسلىق تاغ تىزمىلىرى ئېگىزلىكنى سەنشى ئېگىزلىكى، شەنشى - گەنسۇ سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكى ۋە لۇڭشى ئېگىزلىكى قاتارلىقلارغا ئايرىپ تۇرىدۇ. ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ يېرىم نەم، يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە. بۇ جاينىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، قۇياش نۇرى يېتەرلىك، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 200 ~ 700 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ، بۇنىڭ 65% ى ئاساسەن 7 ~ 9 - ئايلارغا مەركەزلىشىپ قالغان بولۇپ، بۇ سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكتە خۇاڭخې دەرياسىنى ئاساس قىلغان تەخمىنەن 200 دىن ئارتۇق دەريا بار، بىرقەدەر چوڭراق دەريالاردىن تاۋخې، ۋۇدىڭخې، فېنخې قاتارلىق دەريالار بار.

سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى بار، مەدەنىيەت جۇغلانمىسى ناھايىتى مول.



سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكنىڭ ئۈستىدىن تارتىلغان كۆرۈنۈش.

**يۈننەن - گۈيجۇ ئېگىزلىكى** يۈننەن - گۈيجۇ ئېگىزلىكى جۇڭگودىكى تۆت چوڭ ئېگىزلىكنىڭ بىرى بولۇپ، يۈننەن ئېگىزلىكى ۋە گۈيجۇ ئېگىزلىكىدىن تەشكىل تاپقان، دائىرىسى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمى، پۈتكۈل گۈيجۇ ئۆلكىسى، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى ۋە چۇڭچىڭ، سىچۈەن، خۇنەن، ئەنخۇي قاتارلىق ئۆلكە ۋە شەھەرلەرنىڭ چېگراسىغىچە يېيىلغان. يۈننەن - گۈيجۇ ئېگىزلىكىنىڭ تاغلىرى ئېگىز، جىلغىلىرى چوڭقۇر، دەريالىرى كۆپ، سۈيى مول بولۇپ، ئۇ چاڭجياڭ، شىجياڭ، يۈەنجياڭ دەرياسى قاتارلىق ئۈچ چوڭ سۇ سىستېمىسىنىڭ سۇ بۆلگۈچىسىدۇر. ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 ~ 2000 مېتىر كېلىدۇ، يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتە غەربىي شىمالى ئېگىز، شەرقىي جەنۇبى پەس، تاغ ۋە جىلغىلىرى كۆپ، يەر يۈزى ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ - غارايىپ تاغ - دەريالار بار، مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل.

**شەرقىي ئافرىقا ئېگىزلىكى** شەرقىي ئافرىقا ئېگىزلىكى ئافرىقا قىتئەسى-

نىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئېفىئوپىيە ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبى، كونگو ئويمانلىقىنىڭ شەرقى، زامبېزى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىك رايونىنى كۆرسىتىدۇ. كۆلىمى 1 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1200 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، شىمالىي قىسمىدا «شەرقىي ئافرىقا كۆللەر تۇپى ئېگىزلىكى» بار. شەرقىي ئافرىقا چوڭ جىلغىسى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ، جىلغىدىكى كۆپلىگەن چوڭقۇر ئويمانلىقلارغا دائىم سۇلار يىغىلىپ، كۆللەر پەيدا بولغان. ئافرىقا قىتئەسىدىكى ئەڭ چوڭ كۆل — ۋىكتورىيە كۆلى ۋە باشقا چوڭ - كىچىك كۆللەر مۇشۇ جايغا تارقالغان بولۇپ، بۇ جاي ئافرىقىدىكى كۆللەر ئەڭ كۆپ مەركەزلەشكەن رايون ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، شەرقىي ئافرىقا ئېگىزلىكىنىڭ «كۆللەر ئېگىزلىكى» دېگەن نامى بار. يانار تاغ ھەرىكىتى ۋە غايەت زور مىقداردىكى لاۋىلارنىڭ ئۇستمۇئۇست قاتلىنىشى تۈپەيلىدىن، چوڭ جىلغىنىڭ ئىككى يېنىدا ئېگىز - ئېگىز لاۋا سۇپىلىرى ۋە غايەت زور يانار تاغ كونۇسلىرى ھەمدە تىك قىيالار ۋە پەلەمپەيسىمان يەرلەر پەيدا بولغان. ئافرىقا قىتئەسىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا — كىلىمانجارو يانار تېغى دەل مۇشۇ جىلغىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان ئۆچكەن يانار تاغدۇر. جەنۇبىي قىسمى مالاۋى ئېگىزلىكى بولۇپ، ئېگىزلىك ۋە پەلەمپەيسىمان يەرلەرنى ئاساس قىلغان، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 2000 مېتىرغا يەتمەيدۇ. ئېگىزلىك كىلىماتىنىڭ رايون پەرقى چوڭ، تەبىئىي مەنزىرىسى خىلمۇخىل. گەرچە ئېكۋاتورغا يېقىن بولسىمۇ، يەر شارائىتى سۇ ۋە ئىسسىقلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، شۇڭا تىروپىك بەلباغ يايلىقى شەرقىي ئافرىقا ئېگىزلىكىنىڭ ئالاھىدە مەنزىرىسىگە ئايلانغان، ئېگىلىگەن كۆلىمىمۇ ناھايىتى چوڭ.

**ئېفىئوپىيە ئېگىزلىكى** ئافرىقا قىتئەسىنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسىدە بىر پارچە رەڭگى ئەڭ قېنىق جاي بار، بۇ جاي ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شەرقىي قىسمى، ئېفىئوپىيەنىڭ ئوتتۇرا غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 2500 مېتىردىن ئاشىدۇ، كۆلىمى 800 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ دەل «ئافرىقىنىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئېفىئوپىيە ئېگىزلىكىدۇر. ئېفىئوپىيە ئېگىزلىكىنىڭ يەر شارائىتى ئېگىز ۋە تىك، تەكشىسىز بولۇپ، داڭلىق شەرقىي ئافرىقا چوڭ جىلغىسى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ، بۇ ئېگىزلىكنى قاق ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىۋەتكەن. ئېگىزلىكتە يانار تاغ، چوڭ جىلغا ۋە چوڭقۇر كۆللەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. ھەرقايسى جايلىرىنىڭ كىلىماتى يەر شارائىتىنىڭ ئېگىز - پەسلىكىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 مېتىر ئەتراپىدىكى بۇ ئېگىزلىكنىڭ كىلىماتى ئىللىق بولۇپ، مۇھىم يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق رايونىغا ئايلانغان. چوڭقۇر دەريا ۋادىلىرىدا قويۇق ئورمانلار بار. ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن جىرا سۇلىرى تۆۋەنگە قاراپ جىددىي ئېقىپ، خىلۋەت جىلغىلارنى پەيدا قىلغان. نىل دەرياسىنىڭ ئەڭ



ئېفىئوپىيە ئېگىزلىكىدىكى باكتىرىيە تاغلىرى.

چوڭ تارمىقى بولغان كۆك نىل دەرياسى دەل مۇشۇ جىرا سۇلىرىنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان ئېگىزلىك كۆلى — تانا كۆلىدىن باشلىنىدۇ. ئافرىقىدىكى ئاتبارا دەرياسى، سوبات دەريالىرىمۇ مۇشۇ ئېگىزلىكتىن باشلىنىدۇ. ئېگىزلىكنىڭ قۇرغاق ۋە نەم پەسلى روشەن بولۇپ، 6 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە يامغۇرلۇق پەسىل، 10 ـ ئايدىن كېلەركى يىلىنىڭ 5 ـ ئېيىغىچە قۇرغاق پەسىل بولىدۇ.

**مېكسىكا ئېگىزلىكى** بۇ ئېگىزلىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە شەرقىي ۋە غەربىي مادرې تېغى، جەنۇب تەرىپىدە



مېكسىكا ئېگىزلىكىنىڭ مەنزىرىسى.

يېڭى يانار تاغ تاغ تىزمىسى ۋە جەنۇبىي مادرې تاغ تىزمىسى بار. ئېگىزلىكنىڭ يەر شەكلى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ كۆتۈرۈلۈپ بارىدۇ. كۆلىمى 660.6 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، شىمالىي كەڭلىك 23° ~ 24° يېنىدىكى تاغ تىزمىسىنى چېگرا قىلغان ھالدا شىمالىي ئېگىزلىك ۋە جەنۇبىي ئېگىزلىك (مەركىزىي ئېگىزلىك) تىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شىمالىي ئېگىزلىكنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 800 ~ 1000 مېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي ئېگىزلىكنىڭ بولسا 2000 ~ 2500 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي جەنۇبىدا يېرى تەكشى كەتكەن يوكاتان يېرىم ئارىلى بار.

ئاساسلىق دەريالىرىدىن بىراۋو دەر-
ياسى، بالساس دەرياسى ۋە ياقۇئى دەر-
ياسى قاتارلىقلار بار. كۆللەر ئاساس-
لىقى ئوتتۇرا ئېگىزلىكتىكى تاغ ئا-
رىسىدىكى ئويمانلىقلارغا تارقالغان.
كىلىماتى يىل بويى ئىللىق بولۇپ،
يەرلىرى ناھايىتى مۇنبەت كېلىدۇ.

**بىرازىلىيە ئېگىزلىكى** 1500 - يىلى
4 - ئايدا پورتۇگالىيەلىك دېڭىزچى
كابرال كېمە ئەترىتىنى باشلاپ ھىن-
دىستانغا قاراپ يولغا چىقىپ، نامە-
لۇم بىر قۇرۇقلۇققا چىقىپ قالغان
ھەمدە دېڭىز قىرغىقى ئەتراپىدا بىر
قىممەتلىك قىزىل ياغاچنى بايقىغان.
بۇ ياغاچ رەڭدار، كۆركەم، قاتتىق
ھەم چىدامىلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئا-
ئىلە سايمانلىرىنى ياساشقا، يەنە تېخى
قىممەتلىك قىزىل بوياق ئالغىلى
بولاتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا «بىرازىلىيە»
دەپ ئىسىم قويغان. بىرازىلىيە دېگەن
سۆز پورتۇگال تىلىدا «قىزىل ياغاچ»
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ ئىسىم
كېيىن دۆلەت نامى بولۇپ قالغان.

بىرازىلىيە ئېگىزلىكى يەنە
مەركىزىي ئېگىزلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
ئۇ بىرازىلىيەدىكى ئاساسلىق ئېگىز-
لىكتۇر. ئۇنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 5
مىليون كىۋادرات كىلومېتىر بو-
لۇپ، ياۋروپانىڭ تەخمىنەن يېرىمى-
چىلىك كېلىدۇ، چىڭخەي - شىزاڭ
ئېگىزلىكىدىن ئىككى ھەسسە چوڭ.
يەر شەكلى جەنۇبى ئېگىز، شىمالى
پەس بولۇپ، ئاساسەن غەرب ۋە شىمال
يۆنىلىشكە قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ،
يەر يۈزى بىرقەدەر تەكشى، دېڭىز يۈ-
زىدىن ئېگىزلىكى 300 ~ 1500
مېتىر بولۇپ، «ئۈستەلسىمان ئې-
گىزلىك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېگىزلىك
كۆتۈرۈلۈش جەريانىدا ئۇنىڭ چەت
ياقىلىرىمۇ تەك يېرىلغانلىقتىن، بو-
لۇپمۇ شەرقىي جەنۇب دېڭىز ساھىلى
يېرىلىپ ئۇزۇلگەنلىكتىن، ئاتلانتىك
ئوكيان قىرغىقىدا غايەت زور ئۇزۇل-
مە يارلار پەيدا بولغان. ئاتلانتىك
ئوكياندا تۇرۇپ نەزەر سالسىڭىز،
قىيا تاملىرى دېڭىز قىرغىقىغا سې-
لىنغان غايەت چوڭ تامدەك كۆ-
رۈنىدۇ.

كۆپىنچە رايونلىرىنىڭ كىلىما-
تى تىروپىك بەلباغ يايلاق كىلىماتىغا
تەۋە بولۇپ، ھاۋاسى يىل بويى
ئىللىق، ھۆل - يېغىنى يېتەرلىك،
تۇپرىقى مۇنبەت، زىرائەتلەردىن يىلدا
3 ~ 4 قېتىم ھوسۇل ئالغىلى بو-
لىدۇ. يايلىقى ياخشى تەبىئىي چارۋى-
چىلىق مەيدانى بولۇپ، بىرازىلىيەنىڭ
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپ-
چىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ. جە-
نۇبىي قىسمىدا قەھۋە ئۆستۈرۈلىدۇ،
ئۇنىڭ مەھسۇلاتى ۋە ئېكسپورت
مىقدارى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئو-
رۇندا تۇرىدۇ. تۆمۈر، مانگان، ئالماس
قاتارلىق كان بايلىقلىرى ۋە سۇ كۈ-
چى بايلىقىمۇ ئىنتايىن مول.

**تۇزلەڭلىك** تارىختىكى تۆت چوڭ
قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەتنىڭ
ھەممىسى چوڭ دەريالار ئەتراپىدىكى
تۇزلەڭلىكلەردە روناق تاپقان. تۇز-
لەڭلىكنىڭ كۆلىمى كۆز يەتكۈسىز
بىپايان بولۇش، كەڭ مۇنبەت تۇپرىقى
بولۇش، دەريا تورلىرى زىچ بولۇشتەك
ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنى يېزا ئىگىلى-
كى تەرەققىي قىلغان، قاتنىشى قولاي-
لىق، ئانتروپولوگىيەلىك مەنزىرىلەر
مۇجەسسەملەنگەن ئورۇنغا ئايلاندۇر-
غان.

تۇزلەڭلىك — يەر يۈزى كەڭ،
پەس، تەكشى، كېسىلىشى ئاز، ئانچە
- مۇنچە ئوي - دۆڭلىرى بار بولغان
يەر شەكلىدىن ئىبارەت. تۇزلەڭلىك-
نىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى كۆ-
پىنچە 200 مېتىردىن تۆۋەن بولىدۇ.
ئۇ ئېگىزلىكنىڭ تۆۋەنرەك بولۇشى
بىلەن ئېگىزلىكتىن پەرقلىنىدۇ،
ئېگىز - پەسلىك پەرقىنىڭ بىرقە-
دەر كىچىك بولۇشى بىلەن ئىدىرلىق-
تىن پەرقلىنىدۇ. دۇنيادىكى تۇزلەڭ-
لىكلەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمى-
نەن پۈتكۈل يەر شارى قۇرۇقلۇق كۆ-
لىمىنىڭ 1/4 نى ئىگىلەيدۇ.

تۇزلەڭلىكنى شەكىللىنىش سە-
ۋەبىگە ئاساسەن، يالانغان تۇزلەڭلىك
ۋە دۆۋىلەنگەن تۇزلەڭلىك دەپ ئىك-
كىگە ئايرىشقا بولىدۇ. يالانغان تۇز-
لەڭلىك يەر پوستىنىڭ ئۇزاق مەز-
گىللىك ئاستا كۆتۈرۈلۈشى شارائى-
تىدا، دېڭىز، شامال، مۇز ۋە سۇ قا-
تارلىق سىرتقى كۈچلەرنىڭ تەسىرى-
دە شەكىللەنگەن تەكشى يەرلەرنى
كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تۇزلەڭلىكنىڭ
ئېگىز - پەسلىك پەرقى ئادەتتە
چوڭراق بولىدۇ. دۆۋىلەنگەن تۇزلەڭ-
لىك يەر پوستىنىڭ كەڭ كۆلەملىك
چۆكۈشى، چۆككەن يەر يۈزىگە ھاسىل
بولۇش سەۋەبى ئوخشاش بولمىغان
ھەرخىل دۆۋىلەنمە ماددىلارنىڭ ئۈز-
لۈكسىز تۈردە تولۇقلىنىشىدىن شە-
كىللەنگەن تەكشى يەرلەرنى كۆرسە-
تىدۇ. بۇ خىل تۇزلەڭلىكنىڭ يەر
يۈزى تەكشىرەك كېلىدۇ، تىنما تۇز-
لەڭلىك بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خىلى
بولۇپ، كۆپىنچە دەريالارنىڭ ئوتتۇرا
ۋە تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلارغا تار-
قالغان.

تۇزلەڭلىك رايونلارنىڭ يەر
مەيدانى كەڭ، تۇپرىقى مۇنبەت، سۇ
تورى زىچ، قاتنىشى تەرەققىي قىلغان
بولىدۇ، نۇرغۇنلىغان مۇھىم كۆمۈر-
كان، نېفىتلىكلەر تۇزلەڭلىكتە باي-
قالغان. تۇزلەڭلىك ئىقتىساد، مەدە-
نىيەت مەنبەلىرىنىڭ بىرى، ئىن-
سانلار مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكىدۇر.

**تىنما تۇزلەڭلىك** مىسسىسىپى
تۇزلەڭلىكى، غەربىي سىبىرىيە تۇز-
لەڭلىكى، ئامازون تۇزلەڭلىكى، گانگ
تۇزلەڭلىكى قاتارلىقلار دۇنيادىكى
داڭلىق چوڭ تىنما تۇزلەڭلىكلەردۇر.

تىنما تۇزلەڭلىك دەريا - ئې-
قىنلار ئېقىتىپ كەلگەن لاتقىلارنىڭ
پەس جايلاردا تىنىپ دۆۋىلىنىشىدىن
ھاسىل بولغان تۇزلەڭلىكلەرنى
كۆرسىتىدۇ. تىنما تۇزلەڭلىكنى ھا-
سىل بولۇش ئورنىغا ئاساسەن تاغ
ئالدى تۇزلەڭلىكى، ئوتتۇرا قىسىم
تۇزلەڭلىكى ۋە دېڭىز بويى تۇزلەڭ-
لىكى قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ.
تاغ ئالدى تۇزلەڭلىكى تاغنىڭ ئالدى
قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، دەريا ئې-

قىنى ئېقىپ چىققان تاغ ئېغىزىنىڭ ئالدىدىكى پەس جايدا لاتقىلارنىڭ تەنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ خىل تۈزلەڭلىك كەلكۈن چۆكۈندى – تىنما تىپلىق تۈزلەڭلىك بولۇپ، چوڭ بىر يەلپۈگۈچسىمان تىندۇرما ياكى بىرنەچچە دەريا ئېقىنلىرىنىڭ يەلپۈگۈچسىمان تىندۇرمىلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن تۈزلەڭلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئوتتۇرا قىسىم تۈزلەڭلىك تىنما تۈزلەڭلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، بۇ خىل تۈزلەڭلىكنىڭ يانتۇلۇقى بىرقەدەر كىچىك بولىدۇ، ئۈنىڭدىكى دەريا ئېقىنلىرى تارماقلارغا ئايرىلىپ ھەمدە دائىم يولىنى ئۆزگەرتىپ، تۈزلەڭلىكتە نۇرغۇنلىغان قەدىمىي دەريا يوللىرى، قۇم قاشلار، قۇم توسمىلار، يەلپۈگۈچسىمان ئايلانما چۆكۈندىلەر، بۇيۇنتۇرۇقسىمان كۆللەر، يار ئېلىپ كەتكەن ئېغىزدىكى يەلپۈگۈچسىمان تىندۇرمىلارنى قالدۇرىدۇ. دېڭىز بويى تۈزلەڭلىكى تىنما – دېڭىز چۆكۈندىسى تىپىدىكى تۈزلەڭلىك بولۇپ، دېڭىز بويىدىكى دەريا ئېغىزلىرىغا جايلاشقان. بۇ خىل تۈزلەڭلىكتە دېڭىز چۆكۈندى قەۋىتى بىلەن دەريا تىنما قەۋىتى ئۆزئارا گىرەلەشكەن ھالەتتە بولىدۇ.

تۈزلەڭلىكلەرنى شەكلى ھالىتىگە ئاساسەن يەلپۈگۈچسىمان تىنما تۈزلەڭلىك، تاشقىن تۈزلەڭلىكى ۋە دېلتا تۈزلەڭلىكى قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ. يەلپۈگۈچسىمان تىنما تۈزلەڭلىك تاغلىقلاردىكى دەريا ئېقىنىنىڭ چىقىش ئېغىزىغا ئېقىندى جىنىسلارنىڭ دۆۋىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان تۈزلەڭلىكتۇر. تاشقىن تۈزلەڭلىكى دەريا ئېقىنىدا يىللاپ تاشقىن پەيدا بولغاندا لاي – لاتقىلارنىڭ دۆۋىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان تۈزلەڭلىكتۇر. دېلتا تۈزلەڭلىكى دەريا ئېغىزى رايونىدىكى لاتقىلاردىن ھاسىل بولغان دېلتىنىڭ كېڭىيىشىدىن شەكىللەنگەن تۈزلەڭلىكتۇر.

**شەرقىي شىمال تۈزلەڭلىكى** شەرقىي شىمال تۈزلەڭلىكىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، بايلىقى مول بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئاشلىق، سېرىق پۇرچاق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم بازىسى، شۇنداقلا پولات – تۆمۈر، ماشىنىسازلىق، ئېنېرگىيە، خىمىيە سانائىتىنىڭمۇ بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

شەرقىي شىمال تۈزلەڭلىكى جۇڭگو بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، يەر شەكلى ئەڭ ئېگىز تۈزلەڭلىك بولۇپ، جۇڭگونىڭ چوڭ ھىنگان، كىچىك ھىنگان تاغلىرى ۋە چاڭبەيشەن تاغ تىزمىسى ئارىلىقىغا جايلاشقان. بۇ تۈزلەڭلىك يەنە سۇڭلياۋ تۈزلەڭلىكى، گۈەندۇڭ تۈزلەڭلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۈچ دەريا تۈزلەڭلىكى، سۇڭنېن تۈزلەڭلىكى، لياۋخې تۈزلەڭلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. تاغلارنىڭ سىرتىنى ئېرگۇنا دەرياسى، خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ غول ئېقىنى، ئۇسسۇرى دەرياسى، تۈمېن دەرياسى ۋە يالۇجياڭ دەرياسى قاتارلىق دەريالار قورشاپ تۇرىدۇ، ئەزەلدىن «تاغلىرىنى سۇلار ئوراپ تۇرىدىغان بىپايان دالا» دېگەن نامى بار. كۆلىمى تەخمىنەن 350 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىدىن شىمالىغىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1000



شەرقىي شىمال تۈزلەڭلىكىدىكى قارا تۇپراقلىق يەر.

كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، شەرقىدىن غەربىگىچە كەڭلىكى 300 – 400 كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 200 مېتىر كېلىدۇ.

**شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكى** شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكى جۇڭگو بويىچە 2 – چوڭ تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئاساسلىقى خۇاڭخې – خۇيخې تۈزلەڭلىكى ۋە خەيخې تۈزلەڭلىكىدىن تەشكىل تاپقان. ئۇ غەربتە تەيخاڭشەن ۋە فۇنيۇشەن تاغلىرىدىن باشلىنىپ، شەرقتە بوخەي دېڭىزى ۋە سېرىق دېڭىزغىچە يېتىپ بارىدۇ، شىمالىي تەرىپى يەنشەن تېغى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى دابيېشەن تېغىنىڭ شىمالىي تەرىپى بىلەن تۇتىشىدۇ. دائىرىسى خېبېي، شەندۇڭ، خېنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇ قاتارلىق ئۆلكىلەر ۋە بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆلىمى تەخمىنەن 300 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىنىڭ يەر شەكلى پەس بولۇپ، كۆپ قىسمىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 50 مېتىردىن ئاشمايدۇ، يەر يۈزى تەكشى بولۇپ، چېتىگە كۆز يەتمەيدۇ. شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكى خۇاڭخې، خۇيخې، خەيخې دەريالىرىنىڭ لاي – لاتقىلارنى تىندۇرۇشىدىن ھاسىل بولغاچقا، ئۇ يەنە خۇاڭخې – خۇيخې – خەيخې تۈزلەڭلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خۇيخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى شىمالىي سۇبتروپىك بەلباغ نەم كىلىماتىغا، شىمالىي تەرىپى ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ نەم ياكى يېرىم نەم كىلىماتىغا تەۋە. ياز پەسلىدىكى ھۆل – يېغىن مىقدارى يىللىق ھۆل – يېغىن مىقدارىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، كەلكۈن ئاپىتى كۆپ يۈز بېرىدۇ، تۇپرىقى قوڭۇر ياكى بوز رەڭ تۇپراق بولۇپ، پىشىپ يېزا ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان تۇپراققا ئايلانغان. بۇ تۈزلەڭلىك جۇڭگونىڭ مۇھىم يېزا ئىگىلىك رايونى بولۇپ، بۇغداي، كې-

ۋەز، سېرىق كەندىر، يەر ياڭىقى قاتارلىقلاردىن كۆپ ھوسۇل ئېلىنىدۇ، بۇ جاينىڭ بۇرۇندىن تارتىپ «بۇغداي ئامبىرى»، «كېۋەز دېڭىزى» دېگەن ناملىرى بار.

**چاڭجياڭنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنى تۈزلەڭلىكى** چاڭجياڭنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنى تۈزلەڭلىكى بولسا جۇڭگو چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىنىڭ شەرقىدىكى ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىنىڭ بويلىرىدىكى بەلباغسىمان تۈزلەڭلىكنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈزلەڭلىك جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ تۈزلەڭلىكنىڭ بىرى بولۇپ، شىمالىي تەرىپى خۇەيياڭ ئىدىرلىقى ۋە خۇاڭخې - خۇەيخې تۈزلەڭلىكى بىلەن چېگرالىنىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى جياڭنەن ئىدىرلىقى ۋە جېجياڭ - فۇجيەن ئىدىرلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ چاڭجياڭ دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرىنىڭ لاي - لاتقىلارنى تىندۇرۇشىدىن ھاسىل بولغان تۈزلەڭلىك بولۇپ، كۆلىمى 200 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ جياڭخەن تۈزلەڭلىكى، دۇڭتىڭخۇ تۈزلەڭلىكى، پوياڭخۇ تۈزلەڭلىكى، جياڭسۇ - ئەنخۇي چاڭجياڭ بويى تۈزلەڭلىكى، لىشياخې تۈزلەڭلىكى، چاڭجياڭ دېلتىسى تۈزلەڭلىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ يەر شەكلى تەكشى بولۇپ، كۆپىنچە جايلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 50 مېتىر ئەتراپىدا. بۇ تۈزلەڭلىكتە كۆللەر كۆپ بولۇپ، كۆللەر بىلەن دەريالار گىرەلىشىپ كەتكەن. دەريا يوللىرى ئەگرى - بۈگرى، دەريا ۋە ئۆستەڭلەر گىرەلىشىپ كەتكەن، سۇلۇق ئېتىزلار تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، داڭلىق گۈرۈچ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، شۇنداقلا يەنە داڭلىق تاتلىق سۇ بېلىقلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدۇر. ئۇنىڭ «سۇ ۋە سازلىقلار دۇنياسى»، «بېلىق - گۈرۈچ ماكانى» دېگەن ناملىرى بار.

**ئامازون تۈزلەڭلىكى** ئامازون تۈزلەڭلىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ پەس يەر تۈزلەڭلىكى، شۇنداقلا تىنىما تۈزلەڭلىك بولۇپ، جەنۇبىي بىرازىلىيە ئېگىزلىكىگە، شىمالىي گىۋىيانا ئېگىزلىكىگە تۇتىشىدۇ. غەربىي تەرىپى ئاندېس تاغلىرىغا، شەرقىي تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ ئاندېس تاغلىرى ئېتىكىگە يېقىن قىسمى كولۇمبىيە، پېرۇ، بولىۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە تەۋە بولغاندىن سىرت، كۆپ قىسمى بىرازىلىيە چېگراسى ئىچىدە. بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ كۆلىمى 5 مىليون 600 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، يەر شەكلى تەكشى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 150 مېتىردىن ئاشمايدۇ، خېلى كۆپ جايلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 60 ~ 80 مېتىر ئارىلىقىدا كېلىدۇ. ئامازون دەرياسىنىڭ بويلىرىدا نەچچە 10 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان تاشقىن تۈزلەڭلىكلەر بار.

ئامازون تۈزلەڭلىكىنىڭ كىلىماتى تىروپىك يامغۇرلۇق ئورمان كىلىماتىغا تەۋە بولۇپ، يىل بويى نەم ئىسسىق بولىدۇ، يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 25℃ ~ 26℃ قىچە، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 1500 ~ 2500 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. بۇ جايغا تىروپىك يامغۇرلۇق ئورمىنى زىچ تارقالغان، تىروپىك ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تۈرى كۆپ. ھايۋانلارنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ، بولۇپمۇ لېنىۋېتىس، دەرەخ پاقىسى، دەرەخ جەيرىسى قاتارلىق دەرەختە ياشايدىغان ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ. بىراق بۇ جاينىڭ ئادەمى شالاڭ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 5 مىليونغىمۇ يەتمەيدۇ، قاتنىشى قولايسىز.



ئامازون تۈزلەڭلىكىدىكى تىروپىك يامغۇرلۇق ئورمىنى.

**شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكى** شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكى شەرقىي يېرىم شار بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ تۈزلەڭلىك بولۇپ، غەربتە بالتىق دېڭىزىدىن باشلىنىپ، شەرقتە ئۇرال تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، جەنۇبتا قارا دېڭىز، كاسپىي دېڭىزى ۋە كاۋكاز تاغلىقىغا تۇتىشىدۇ، شىمالدا شىمالىي مۇز ئوكيانغا تۇتىشىدۇ. كۆلىمى 4 مىليون كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى رۇسىيە دائىرىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، يەنە «رۇسىيە تۈزلەڭلىكى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى گەرچە 170 مېتىر بولسىمۇ، لېكىن بۇ تۈزلەڭلىكتە يەنە دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 300 مېتىردىن ئاشىدىغان نۇرغۇن «ئېگىزلىك»لەر بار (مەسىلەن، ۋالداي ئېگىزلىكى، رۇسىيە ئېگىزلىكى ۋە ۋولگا ئېگىزلىكى قاتارلىقلار)، شۇنداقلا ئوكيان يۈزىدىن تۆۋەن بولغان كاسپىي دېڭىز پەسلىكى بار. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، كۆلىمى چوڭ بولغانلىقتىن، ھەرقايسى جايلىرىنىڭ كىلىماتى ئوخشىمايدۇ، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تارقىلىشىمۇ ناھايىتى چوڭ پەرق قىلىدۇ. بەلباغلار شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ مۇنداق تەرتىپ بويىچە جايلاشقان: قاتتىق سوغۇق بولىدىغان تۇندىرا بەلبېغى، سوغۇقراق ئورمان بەلبېغى، كىلىماتى مۇۋاپىق بولغان ئورمان - يايلاق بەلبېغى، ئەڭ جەنۇبىدىكى يايلاق بەلبېغى قاتارلىقلار.

بۇنىڭ ئىچىدە ئورمان بەلبېغى پۈت كۈل تۈزلەڭلىك ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تۈزلەڭلىكتە يەنە ۋولگا دەرياسى، دون دەرياسى ۋە دېنېپر دەرياسى قاتارلىق چوڭ دەريالار بار.

شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكىدە كۆمۈر، تۆمۈر، مانگان قاتارلىق كان بايلىقلىرى مول بولۇپلا قالماستىن، نوپۇسى زىچ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ۋە سۇ - قۇرۇقلۇق قاتنىشى تەرەققىي قىلغان. موسكۋانى مەركەز قىلغان نۇرغۇنلىغان مۇھىم سانائەت ۋە كانچىلىق رايونلىرى تارقالغان بولۇپ، بۇ روسىيەنىڭ يۈرىكى ھېسابلىنىدۇ.

**غەربىي سىبىرىيە تۈزلەڭلىكى** غەربىي سىبىرىيە تۈزلەڭلىكى ئىنتايىن سوغۇق تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى ئويمانكون كەنتى «شىمالىي يېرىم شارنىڭ سوغۇق قۇتۇپى» ھېسابلىنىدۇ. ھەر يىلى 12 - ئايدىن كېلەركى يىلى 2 - ئايغىچە بۇ جاينىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 45℃تىن تۆۋەن بولىدۇ. ئەڭ تۆۋەن بولغاندا ھەتتا نۆلدىن تۆۋەن 71℃ قا چۈشىدۇ. مۇنداق سوغۇقتا ھەتتا تالاغا قويۇلغان پولات - تۆمۈرلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئەۋرىشىملىكىنى يوقىتىپ، بىر قايرىسىلا ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

غەربىي سىبىرىيە تۈزلەڭلىكى ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئاسىيانىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا، يەنى ئۇرال تاغ تىزمىسى بىلەن يېنىسەي دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. جەنۇبتا قازاق ئېدىرلىقى بىلەن سايان تېغىغا تۇتىشىدۇ، شىمالىي تەرىپى كارا دېڭىزى بىلەن چېگرالىنىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 1000 ~ 1900 كىلومېتىرغىچە، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 2500 كىلومېتىر كېلىدۇ، كۆلىمى تەخمىنەن 2 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيادىكى داڭلىق تۈزلەڭلىكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ يەر شەكلى كەڭرى كەتكەن پەس تەكشىلىك بولۇپ، بۇ يەرگە دەريا تورى زىچ تارقالغان. ئوب دەرياسى بۇ تۈزلەڭلىكنى ئۇزۇنسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، بۇ يەردە كۆللەر كۆپ. كۆپ قىسىم يەر يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 50 ~ 150 مېتىرغىچە كېلىدۇ، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ تۇندىرا، ئورمانلىق، ئورمان يايلىقى ۋە يايلاقتىن ئىبارەت تۆت تەبىئىي بەلباغ تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئورمان بەلبېغىنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ. ئوب دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا يەنە داڭلىق تيۇمېن نېفىتلىكى بار.


غەربىي سىبىرىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ كۈز پەسلىدىكى مەنزىرىسى.

**ئويمانلىق** ئويمانلىق قۇرۇقلۇقتىكى تۆت ئەتراپى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس كەلگەن داسسىمان يەر شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىنى ئادەتتە ئېگىزلىك ياكى تاغلىقلار ئوراپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرىسى تۈزلەڭلىك ياكى ئېدىرلىق بولىدۇ.

ئويمانلىقلارنىڭ كۆلىمى ئوخشاشمايدۇ. ئويمانلىقلارنى شەكىللىنىش سەۋەبىگە ئاساسەن قۇرۇلمىلىق ئويمانلىق ۋە يېمىرىلمە ئويمانلىققا ئايرىشقا بولىدۇ. قۇرۇلمىلىق ئويمانلىق ئاساسلىقى يەر پوستىنىڭ تۆزۇلمە ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولغان. ماسىلەن، جۇڭگودىكى چەيدام ئويمانلىقى چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى ئەڭ چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان غايەت زور قۇرۇلمىلىق ئويمانلىقتۇر. تۇرپان ئويمانلىقى بولسا تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاغ ئارىسى ئۈزۈلمە قاتلىمىدىكى ئولتۇرۇشما ئويمانلىقتۇر. بۇ ئويمانلىقنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى ئايدىڭ كۆل دېڭىز يۈزىدىن 155 مېتىر تۆۋەن بولۇپ، جۇڭگو بويىچە ئەڭ تۆۋەن جاي ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، سىچۈەن ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تارىم ئويمانلىقىمۇ قۇرۇلمىلىق ئويمانلىق ھېسابلىنىدۇ. يېمىرىلمە ئويمانلىق سىرتقى كۈچلەرنىڭ يېمىرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، بۇ خىل ئويمانلىقلارنىڭ كۆلىمىمۇ بىرقەدەر كىچىك بولىدۇ.

ئويمانلىقلارنىڭ كۆلىمى ئوخشاش بولمايدۇ. جۇڭگودىكى سىچۈەن ئويمانلىقى، تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە چەيدام ئويمانلىقى قاتارلىق ئويمانلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆلىمى 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. كىچىك ئويمانلىقلارنىڭ ئايلانمىسى ئارانلا نەچچە مىڭ مېتىر كېلىدۇ. جۇڭگونىڭ يۈننەن - گۇيجۇ رايونىدا نۇرغۇنلىغان كىچىك تىپتىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقلىرى بار، يەرلىكلەر ئۇنى «تۈز ساي» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇنداق ئويمانلىقلارنىڭ يەر يۈزى تەكشى، سۇنىڭ ئېقىشى ئاستا، تۇپا قاتلىمى قېلىن بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى راۋاجلانغان بولىدۇ، بۇ چوڭراق شەھەر - بازارلار جايلاشقان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

**تارىم ئويمانلىقى** تارىم ئويمانلىقى جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ ئويمانلىق بولۇپ، كۆلىمى 400 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ ئويمانلىقنىڭ شىمال، غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىنى تەڭرىتاغلىرى، پامىر ئېگىزلىكى ۋە كوئېنلۇن تاغلىرى قورشاپ تۇرىدۇ. شەرقىي تەرىپى گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 1400 كىلومېتىر كېلىدۇ، جەنۇبتىن شىمالغا ئەڭ كەڭ يەرلىرى 500 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1000 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئويمانلىق سىرتىدىن ئىچىگە قاراپ تېپىك ھالقىسىمان تۈزۈلۈشكە ئىگە. سىرتىدىن ئىچىگە قاراپ تەرتىپ بويىچە شېغىللىق، بوستانلىق ۋە قۇملۇق قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ. بۇ ئويمانلىق ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، ئىسسىق مۆتىدىل بەلباغ كىلىماتىغا تەۋە، قىشتا سوغۇق، يازدا ئىسسىق ھەم قۇرغاق بولىدۇ، يامغۇر ئاز ياغىدۇ. بۇ ئويمانلىقتىكى ئاھالىلەر ۋە شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بوستانلىقتا جايلاشقان. بوستانلىقنىڭ ئىچىدە سۇ ۋە ئوت ـ چۆپلەر مول، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، دەل ـ دەرەخلەر تور ھاسىل قىلغان، ئېتىز ـ ئېرىقلار تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئويمانلىقتىكى ئىقتىساد ئەڭ تەرەققىي قىلغان رايون ھېسابلىنىدۇ.

ئويمانلىقنىڭ تەبىئىي شارائىتى تارىختا ھازىرقىدىن سەل ياخشى بولۇپ، ئۇ يىپەك يولى ۋە بۇددا دىنىنىڭ ھىندىستاندىن جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرىشىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولغان.

**جۇڭغار ئويمانلىقى** جۇڭغار ئويمانلىقى جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ ئويمانلىقنىڭ بىرى بولۇپ، يەر كۆلىمى 180 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان، يەر شەكلى تەرەپلىرى ئۆزئارا تەڭ بولمىغان ئۈچ بۇلۇڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شەرقىي تەرىپى ئېگىز، غەربىي تەرىپى پەس كەلگەن يېرىم يېپىق ھالەتتىكى ئويمانلىقتۇر. ئويمانلىقنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 500 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىدىكى تاغلىق رايوندا بىر نەچچە يوچۇق جاي بار بولۇپ، غەربتىن كېلىدىغان نەم ھاۋا ئېقىمى بۇ يوچۇقلاردىن ئۆتۈپ، بۇ جاينىڭ ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنى سەل كۆپەيتىدۇ. قۇملۇقنىڭ كۆلىمى كىچىك بولۇپ، مۇقىم، يېرىم مۇقىم ھالەتتىكى بارخانلار كۆپ. غەربىي شىمال قىسمىدا شامالنىڭ ئۇپرىتىشىدىن ھاسىل بولغان يەر شەكىللىرى يېتىلگەن. بۇ ئويمانلىقتا ئىچكى سۇ سىستېمىسى بولغاندىن سىرت، ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئېرتىش دەرياسى جۇڭگودىكى بىردىنبىر شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدىغان دەريادۇر.

جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ يېرىم چۆل كىلىماتىغا ياتىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 3℃ ~ 75℃ قىچە بولىدۇ، قىشتا قاتتىق سوغۇق، يازدا ئىللىق بولىدۇ. ئويمانلىقتا بوستانلىقلار ئاز بولۇپ، ئاساسلىقى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان. بۇ جاينىڭ ئوتلاقلىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، چارۋىچىلىق تەرەققىي قىلغان. قاراماي، مايتاغلارنىڭ نېفىت سانائىتى پۈتۈن مەملىكەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**چەيدام ئويمانلىقى** چەيدام ئويمانلىقى ئۈچ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقىنىڭ بىرى، شۇنداقلا جۇڭگو بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز ئويمانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىغا، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان، يەنى چىلىيەنشەن تاغلىرى، ئالتۇن تاغ ۋە كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. يەر شەكلى غەربى كەڭ، شەرقىي تار بولغان قانۇنىيەتسىز تراپېتسىيە شەكلىگە ئىگە. كۆلىمى 250 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى ئومۇمەن 2600 ~ 3000 مېتىرغىچە كېلىدۇ.

چەيدام ئويمانلىقى ئەسلىدە بىر دېڭىز بولۇپ، كېيىن يەر پوستى ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە كۆتۈرۈلۈپ تېپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقىغا ئايلانغان. بۇ ئويمانلىقنىڭ كىلىماتى ئادەتتىن تاشقىرى قۇرغاق. يەر شەكلى جەھەتتە كۆللەر بولۇشتىن تاشقىرى، شامالنىڭ ئۇپرىتىشىدىن ھاسىل بولغان ئىدىرلىق ۋە چۆل ـ



چەيدام ئويمانلىقىدىكى چاكا تۇز كۆلىنىڭ مەنزىرىسى.

جەزىرىلىك تۈزلەڭلىكلەر ناھايىتى كۆپ. بۇ ئويمانلىقتا نېفىت، تەبىئىي گاز، قەلەي، سىنىك قاتارلىق كان بايلىقلىرىنىڭ زاپىسى خېلى مول، شۇنداقلا يەر شارى بويىچە قۇرۇقلۇق تۇز تۇرلىرى زاپاس مىقدارى ئەڭ كۆپ رايون، شۇڭا بۇ جاي كىشىلەر تەرىپىدىن «گۆھەر ئويمانلىق» دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. ھازىر بۇ يەر چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق بازا بولۇپ قالدى.

**سىچۈەن ئويمانلىقى** سىچۈەن ئويمانلىقى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقى ۋە چۇڭچىڭ شەھىرىگە جايلاشقان. غەربىي تەرىپىدە چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى، جەنۇبىي تەرىپىدە يۈننەن - گۇيجۇ ئېگىزلىكى، شەرقىي تەرىپىدە غەربىي خۇنەن - خۇبېي تاغلىقى، شىمالىي تەرىپىدە چوڭ باشەن تاغلىرى بار. چاڭجياڭ دەرياسى ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ ئويمانلىقنىڭ غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 380 ~ 430 كىلومېتىرغىچە، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 300 كىلومېتىر، كۆلىمى 165 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 300 ~ 700 مېتىرغىچە كېلىدۇ.

سىچۈەن ئويمانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىغا كەڭ كەتكەن پەس تاغ ۋە ئېدىرلىقلار تارقالغان، پەقەت غەربىي قىسمىدىكى چېڭدۇ تۈزلەڭلىكلا نىسبەتەن تەكشى ۋە كەڭ تۈزلەڭلىك ھېسابلىنىدۇ. پۈتكۈل ئويمانلىق دائىرىسىدىكى تۇپراقنىڭ رەڭگى قىزغۇچ بىنەپشە رەڭ بولغانلىقتىن، كىشىلەر بۇ ئويمانلىقنى «بىنەپشە ئويمانلىق» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ خىل تۇپراقنىڭ تەركىبىدە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە زۆرۈر بولغان ئېلېمېنتلار ناھايىتى مول بولغانلىقتىن، بۇ ئىنتايىن مۇنبەت تۇپراق ھېسابلىنىدۇ. سىچۈەن ئويمانلىقى قىشتا بىرقەدەر ئىللىق بولىدۇ، يازدا نەم ۋە ئىسسىق، ھۆل - يېغىن مىقدارى كۆپ بولىدۇ، كىلىماتى سۇبتروپىك بەلباغ مۇسسۇنلۇق كىلىماتىغا ياتىدۇ. بۇ ئويمانلىقنىڭ يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان، قېزىلما بايلىقلىرى، ھەرخىل ئېنېرگىيە مەنبەلىرى، شۇنداقلا ساياھەت بايلىقى ئىنتايىن مول.

**دېلتا** دېلتا ئېقىش سۈرئىتى ئاستىلىغان سۇلار ئېقىتىپ كەلگەن لاي - لاتقىلارنىڭ دەريا ئېغىزىدا دۆۋىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان تىنما تۈزلەڭلىكنى كۆرسىتىدۇ. دەريالارنىڭ دېڭىز ۋە كۆللەرگە قويۇلىدىغان ئېغىزىدىكى رايونلارنىڭ يانتۇلۇقى بىرقەدەر كىچىك بولغانلىقتىن، بۇ جايدا سۇنىڭ ئېقىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، سۈرئىتى ئاستىلايدۇ، سۇ ئېقىنى تارماقلارغا بۆلۈنۈپ سۇنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئېقىپ كەلگەن لاي - لاتقىلار بۇ جايدا تىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، دەريا سۇلىرى دېڭىز سۈيىگە قوشۇلغاندا، كوللوئىدلىق دانچىلەرنىڭ توپلىنىشى ۋە بىرىكىشى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەريا ئېغىزى ئەتراپىدا يەلپۈگۈچسىمان دۆۋىلەنمىلەر ھاسىل بولىدۇ. دەسلەپتە تېپىز ساھىللار ھاسىل بولىدۇ، ئاندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا دېلتا ھاسىل بولىدۇ، ئەڭ ئاخىردا پەس ھەم تەكشى قۇرۇقلۇق ھاسىل بولۇپ، تاشقى تۈزلەڭلىكى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ.

**چاڭجياڭ دېلتىسى** چاڭجياڭ دېلتىسى جۇڭگو ۋە دۇنيا بويىچە داڭلىق دەريا ئېغىزى دېلتىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كۆلىمى 40 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ دېلتا ئاساسلىقى چاڭجياڭ دەرياسى ئېقىتىپ كەلگەن لاي - لاتقىلارنىڭ تىنىشىدىن ھاسىل بولغان. چاڭجياڭ دېلتىسىدا ھەر كۋادرات كىلومېتىردا ئوتتۇرىچە 900 دىن ئارتۇق نوپۇس بولۇپ، بۇ جۇڭگودىكى نوپۇسى زىچ رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ جاي يەنە جۇڭگودىكى ئىقتىساد ئەڭ تەرەققىي قىلغان رايوندۇر.

**خۇاڭخې دېلتىسى** خۇاڭخې دېلتىسى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ لاي - لاتقىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تىنىشى، چايقىلىشى ۋە دەريا يولىنى ئۆزگەرتىشى جەريانىدا شەكىللەنگەن يەلپۈگۈچسىمان يەردۇر. ئۇنىڭ ئۇچى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ كېنلى ناھىيەسىدىكى يۈۋا دېگەن جاينىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، شىمالدا تاۋخې دەرياسىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا سۇڭچۈنرۇڭ جىلغىسىدا ئاخىرلىشىدۇ. كۆلىمى تەخمىنەن 2600 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ يەنە «ھازىرقى زامان خۇاڭخې دەرياسى دېلتىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خۇاڭخې دېلتىسىنىڭ يېرى كەڭ، تۇپرىقى مۇنبەت، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۇز قۇدۇقى قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى مول بولۇپ، جۇڭگو بويىچە ئىككىنچى چوڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گازلىق ھېسابلىنىدۇ.




دېلتىلارنىڭ تىپلىرى
① يەلگۈچسىمان دېلتا (لۇەنخې دېلتىسى)
② قوش پۇتسىمان دېلتا (مىسسىسىپى دېلتىسى)
③ تىلسىمان دېلتا (لېنا دەرياسى)
④ ئۇچلۇق تومشۇقسىمان دېلتا (نىل دەرياسى)
⑤ ياسىمان دېلتا (نېگىر دەرياسى)
⑥ دەريا ئېغىزىدىكى قولتۇقسىمان دېلتا (گانگ دەرياسى)

**جۇجياڭ دېلتىسى** جۇجياڭ دېلتىسى شىجياڭ، بېيجياڭ ۋە دۇڭجياڭ دېلتىلىرىنىڭ، شۇنىڭدەك تەنچياڭ، سۇيجياڭ، ليۇشخې، زىڭجياڭ قاتارلىق دەريالارنىڭ جۇجياڭ دەريا ئېغىزى قولتۇقىدا لاي - لاتقىلارنى دۆۋىلىشىدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ دېلتا بولۇپ، كۆلىمى 8601.1 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كەڭ مەنىدىكى جۇجياڭ دېلتىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا گاۋياۋ، چىڭيۇەن، خۇيياڭ قاتارلىق جايلارنى ئۇچ قىلغان؛ تار مەنىدىكى جۇجياڭ دېلتىسى غەربتە سەنشۇيدىن باشلىنىپ، شەرقتە شىلۇڭغىچە، جەنۇبتا يامېنغىچە يېتىپ بارىدىغان بولۇپ، دېڭىز قولتۇقى ئىچىدە يېتىلگەن ئىدىرلىق تىپىدىكى دېلتىدۇر. ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 50 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. گۋاڭجۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بۇ دېلتا تۈزلەڭلىكىدە تۆپىلىكلەر تارقالغان، دەريا يوللىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، شېكەر قومۇشى ئۆستۈرۈشكە، بېلىق تۇرلىرىنى ۋە پىلە قۇرتىنى بېقىشقا تازا باب كېلىدۇ. بۇ دېلتىدىكى ئەمگەكچى خەلق بۇ يەرنى ئېچىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە قۇرۇپ، ئېلىمىزدىكى داڭلىق «بېلىق - گۈرۈچ ماكانى»، «ئۈجمە پىلىسى ماكانى»، «شېكەر قومۇشى ماكانى» ۋە «مېۋە، كۆكتات، گۈللەر ماكانى»غا ئايلاندۇرغان.

**ئىدىرلىق** خۇاڭشەن تېغىنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىسى، لۇشەن (كۇاڭلۇ) تېغىنىڭ شارقىراتمىلىرى، جىڭگاڭشەن تېغىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى، خېڭشەن تېغىنىڭ ئۆزگىچە گۈزەللىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. جۇڭگونىڭ داڭلىق تاغلىرى ئاساسەن ئىدىرلىق رايونلارغا جايلاشقان.

ئىدىرلىق تاغ بىلەن تۈزلەڭلىك ئارىلىقىدىكى بىرخىل گېئومورفولوگىيەلىك بىرلىك بولۇپ، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، ئېگىزلىكى تاغلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان يەر شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئىدىرلىقنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 200 مېتىردىن يۇقىرى، 500 مېتىردىن تۆۋەن، نىسپىي ئېگىزلىكى 100 مېتىردىن تۆۋەن بولىدۇ. بۇلاردىن يالغۇز تۇرغانلىرى «ئىدىر» دەپ ئاتىلىدۇ. بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەنلىرى «ئىدىرلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىدىرلىق دائىم پەس تاغلار بىلەن تۇتىشىپ تۇرغانلىقتىن، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ پەس تاغ ئىدىرلىقى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىدىرلىق ئادەتتە تاغ ياكى ئېگىزلىك بىلەن تۈزلەڭلىكنىڭ ئۆتكۈنچى بەلبېغىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ تاغلىقتىن تۈزلەڭلىككە ئۆتىدىغان ئۆتكۈنچى رايوندىن ئىبارەت. جۇڭگو ئىدىرلىقلار ئىنتايىن كۆپ دۆلەت بولۇپ، ئىدىرلىقنىڭ كۆلىمى 1 مىليون كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ، بۇ پۈتكۈل دۆلەت زېمىنىنىڭ 1/10 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. جۇڭگونىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى، يۈننەن - گۇيجۇ ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىدىن تاكى دېڭىزغىچە بولغان شەرقىي جەنۇب رايونى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ شەرقىي جەنۇب ئىدىرلىقى دەپ ئاتىلىدۇ. شىمالىي قىسمىدىكى ئىدىرلىقلاردىن ئاساسلىقى لياۋدۇڭ ئىدىرلىقى، شەندۇڭ ئىدىرلىقى، سېرىق تۇپىلىق ئېگىزلىكتىكى سېرىق تۇپىلىق ئىدىرلىقى قاتارلىقلار بار.



ئىتالىيەنىڭ توسكانى ئىدىرلىقى.

**ئوتلاق** ئوتلاق مۆتىدىل بەلباغ يېرىم نەم كىلىماتىدىن يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغىچە بولغان شارائىتتا بەرپا بولغان قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بىر خىل بەلباغلىق لاندشافت بولۇپ، مۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. بىرىنچىسى، چىملىق ئوتلاق. بۇ خىل ئوتلاقنىڭ ھاۋاسى بىرقەدەر ئىللىق ھەم نەمخۇش بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. ئىككىنچىسى، تىپىك ئوتلاق. بۇ خىل ئوتلاق ئەڭ كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۆسۈملۈكلىرى تىپىك قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنى ئاساس قىلىدۇ. بەزىلىرىدە يەنە چاتقاللارمۇ ئۆسۈپ، ئۆزگىچە چاتقاللىق ئوتلاقنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئەڭ قۇرغاق بولغان چۆللۈك ئوتلىقى. بۇ خىل ئوتلاقتا قۇرغاقچىلىققا قاتتىق چىدامىلىق توپلىنىپ ئۆسىدىغان كىچىك باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ، ئۇنىڭغا يەنە قۇرغاقچىلىققا قاتتىق چىدامىلىق كىچىك چاتقاللار ۋە كىچىك يېرىم چاتقاللار ئارىلىشىپ ئۆسىدۇ.

شىمالىي يېرىم شاردىكى مۆتىدىل بەلباغدا يەر شارىنى بىر ئايلانغان ياۋرو - ئاسىيا - شىمالىي ئامېرىكا ئوتلاق بەلبېغى بار. ياۋرو - ئاسىيا ئوتلىقى ياۋروپادىكى دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىن باشلىنىپ، شەرققە قاراپ تاكى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى سۇڭلياۋ تۈزلەڭلىكىگىچە سوزۇلۇپ بارىدۇ. جۇڭگودىكى گۈزەل، باياشات ئىچكى موڭغۇل چوڭ ئوتلىقى مۇشۇ ئوتلاق بەلبېغىنىڭ ئەڭ شەرقىي ئۇچىغا جايلاشقان. شىمالىي ئامېرىكا ئوتلىقى كانادادىن باشلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ تېكساس ئىشتاتىغىچە سوزۇلۇپ بارىدۇ. جەنۇبىي يېرىم شاردا ئوتلاق كۆلىمى خېلىلا كىچىك بولۇپ، ئارگېنتىنانىڭ جەنۇبىدىكى بۇئېنوس - ئايرېس ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان ئۆلكىلەردىكى ئوتلاق جەنۇبىي ئامېرىكا

ئوتلىقىدۇر، ئۇ يەنە «پامپاس ئوتلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ جەنۇبىي يېرىم شاردىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئوتلاق بولۇپ، تەخمىنەن 760 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

قۇرغاق مەزگىلى ئۇزۇنراق بولىدىغان تىروپىك بەلباغ رايونلىرىدا سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تۈركۈمى ئۆسكەن بولسا، بۇ «ساۋاننا» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ تىروپىك بەلباغ ئوتلىقىغا تەۋە بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى مۆتىدىل بەلباغ ئوتلاق رايونى بىلەن ئوخشىمايدىغان تىپىك ھادىسە شۇكى، سامان غوللۇق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىغا دەرەخلەر شالاڭ تارقالغان. ئافرىقىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تىروپىك بەلباغ ساۋاننا ئوتلىقى بار بولۇپ، كۆلىمى پۈتكۈل ئافرىقا قىتئەسىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلەيدۇ. بۇ رايوننىڭ كىلىماتىدىكى كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىك شۇكى، بۇ جايدا بىر يىل ئىچىدە بىر نەم پەسىل ۋە بىر قۇرغاق پەسىل بولىدۇ. ئەگەر يامغۇر پەسلىدە ئافرىقا تىروپىك بەلباغ ئوتلىقىغا كىرىپ قالسىڭىز، يېشىل «ئوت ـ چۆپ دولقۇنى» سىزنى كۆمۈپ تاشلايدۇ، كۆز يەتكۈسىز بىپايان ئوتلاقتا ئاز ساندا بائوباب دەرىخىنىڭ يەككە ـ يېگانە ھالدا شالاڭ تارقالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

چەكسىز كەتكەن ئوتلاقلار زامانىۋى چارۋىچىلىق بازىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە كىلىماتنى تەڭشەيدىغان، سۇ مەنبەسىنى ئاسرايدىغان، سۇ ۋە تۇپراقنى تۇراقلاشتۇرۇپ، قۇم ـ بوراننىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدىغان مۇھىم ئامىل، شۇنداقلا ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ساياھەت ئورنى ھېسابلىنىدۇ.

## ئىچكى موڭغۇل چوڭ ئوتلىقى

ئىچكى موڭغۇل ئوتلىقى ئىچكى موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. تۇپرىقى مۇنبەت، سۇلىرى ئەلۋەك. توغرىسىغا



ئىچكى موڭغۇل ئوتلىقىدىكى قوي پادىلىرى.

200 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ ئوتلاق چوڭ ھىنگان تاغلىرىنىڭ غەربىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ تاكى ئالاشەن ئايمىقىدىكى جويەنخەيگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئىچكى موڭغۇل ئوتلىقى پۈتكۈل مەملىكىتىمىزدىكى ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 1/3 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئوتلاقنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ياز ۋە كۈز پەسلىدە كەڭرى كەتكەن يايپېشىل ئوتلاقتا سانسىزلىغان قوي، كالىلار ئوتلاپ يۈرىدۇ. «يىنشەن تېغى ئېتىكىدە ئاقار چىلې دەرياسى، چەكسىز دالىنى قاماللاپ تۇرار ئاسمان گۈمبىزى، كۆپكۆك ئاسمان، كۆز يەتكۈسىز بىپايان دالىدا، شامال قايرىپ ئوت ـ چۆپنى كۆرسىتىپ بېرەر قوي ـ كالىنى» دېگەن بۇ خەلق قوشىقى ئوتلاقنىڭ مەنزىرىسىنى جانلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ خۇلۇن بۇيىر شەھىرىگە جايلاشقان خولۇن بۇيىر ئوتلىقىنىڭ نامى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خۇلۇننۇر ۋە بۇيىرنور كۆللىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن. بۇ ئوتلاق ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئاساسلىق چارۋىچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. بۇ جايدىن داڭلىق سەنخې ئېتى ۋە سەنخې كالىسى چىقىدۇ. يەنە شىلىنغولنىڭ موڭغۇل ئېتى ۋە موڭغۇل ئىنچىكە يۇڭلۇق قويلىرىمۇ داڭلىق ئەلا سۈپەتلىك چارۋا نەسىللىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىچكى موڭغۇل ئوتلىقى، شىنجاڭ ئوتلىقى ۋە چىڭخەي ـ شىزاڭ ئوتلىقى جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ چارۋىچىلىق مەيدانىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى موڭغۇل ئوتلىقى ئەڭ ياخشى ئوتلاق ھېسابلىنىدۇ.

## تىروپىك ساۋاننا ئوتلىقى

شالاڭ دەرەخلىك ئوتلاق ساۋاننا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئوتلاق تىروپىك بەلباغدىكى قۇرغاق رايونغا جايلاشقان بولۇپ، قۇرغاق پەسلى 4 ئايدىن 6 ئايغىچە داۋاملىشىدۇ. يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 500 ~ 1500 مىللىمېتىرغىچە بولۇپ، ھۆل ـ يېغىن يامغۇر پەسلىگە مەركەزلەشكەن. ئۆسۈملۈكلىرى ئېگىز ئۆسىدىغان ئوت ـ چۆپلەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئادەتتە ئېگىزلىكى 1 ~ 3 مېتىرغىچە بولىدۇ. ئوتلاقتا دەرەخلەر پاكار ئۆسىدۇ، دەرەخ غولى رەتسىز، قوۋزىقى قېلىن، شاخلىرى كۆپ، دەرەخ باراقسىنى چوڭ ھەم ياپىلاق، كۈنلۈكسىمان كېلىدۇ. ئاساسلىق ھايۋانلىرىدىن بۆكەن، تاغىل ئات (زىبرا)، زىراپە، كەركىدان ۋە شىر قاتارلىقلار بار. ئوتلاقتىكى تۇياقلىقلار ۋە قۇشلاردا كۆپىنچە پەسىل خاراكتېرلىك كۆچۈش ھادىسىسى بار. كۆلىمى ئەڭ چوڭ ساۋاننا ئوتلىقى ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمىغا تارقالغان. جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى برازىلىيە، ۋېنېزۇئېلا، شىمالىي ئامېرىكىدىكى مېكسىكا، ئاسىيادىكى ھىندىستان ۋە بىرمىنىڭ



ئافرىقىدىكى تىروپىك بەلباغ ساۋاننا ئوتلىقى.

ئوتتۇرا قىسمى، ئوكيانىيە چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي قىسىملىرىغىمۇ ساۋاننا تارقالغان.

**بائوباب دەرىخى** ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تروپىك بەلباغ ئوتلاقلىرىدا شەكلى ئالاھىدە بىر خىل دەرەخ ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى ئەتلىك، تەمى ياخشى ھەمدە سۇلۇق بولۇپ، مايمۇن، ئورانگۇتان قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكى بولغاچقا، ئۇ «بائوباب دەرىخى» (مايمۇن بولكىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەڭ يوغان بائوباب دەرىخىنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن 50 مېتىردىن ئاشىدۇ. 40 ئادەم قول تۇتىشىپ چىقسا، ئاندىن ئۇنى بىر قورشىيالايدۇ. ئۇ ئانچە ئېگىز ئەمەس بولۇپ، پەقەت 10 نەچچە مېتىرلا كېلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «دوغلاق دەرەخ» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

بائوباب دەرىخى بومباكا ئائىلىسىگە تەۋە ئوتتۇراھال دەرەخ بولۇپ، ھەر قېتىم قۇرغاق پەسىل يېتىپ كەلگەندە، گەۋدىسىدىكى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ھەممە يوپۇرمىقىنى تاشلىۋېتىدۇ، بۇ ئارقىلىق قۇرغاق مۇھىتقا ماسلىشىدۇ. يامغۇر پەسلى يېتىپ كەلگەن ھامان يۇمشاق بوش غولى ئارقىلىق سۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سۈمۈرۈپ، گەۋدىسىدە ساقلايدۇ. بىر تۈپ يوغان بائوباب دەرىخى 450 كىلوگىرام سۇنى سۈمۈرۈپ ساقلىيالايدۇ. سۇنى سۈمۈرۈپ تويۇنغاندا، يەنە ئالقانسىمان مۈرەككەپ يوپۇرماقلارنى چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ناھايىتى چوڭ ئاق گۈللەر ئېچىلىدۇ. گۈللەر ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئۇزۇن بارماق شەكىللىك مېۋە بولىدۇ، مېۋىسىنىڭ پوستى ياغاچسىمان ماددا بولۇپ، ئۇنىڭغا سۇ ۋە ھاراق قاچىلىغىلى بولىدۇ. بائوباب دەرىخىنىڭ يوپۇرماق، مېۋە ۋە قوۋزاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، يوپۇرماقلىرىنى خام يېسە قان بۇزۇلۇش كېسىلى ۋە راخىت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. قوۋزىقىنىڭ تالاسىدىن رەخت، سېۋەت توقۇغىلى، ئارغامچا ئۆرۈگىلى ۋە قەغەز ياسىغىلى بولىدۇ. بائوباب دەرىخى يەنە ئۆسۈملۈك دۇنياسىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئۆمرى ئەڭ ئۇزۇن دەرەخ بولۇپ، تۆت - بەش مىڭ يىل ياشىيالايدۇ.

**پامپاس ئوتلىقى** «پامپاس» ئىندىيان تىلىدا دەرەخسىز كەڭ ئوتلاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

پامپاس ئوتلىقىنىڭ كۆپ قىسمى ئارگېنتىنانىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 760 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى نەم، غەرب تەرىپى قۇرغاق كېلىدۇ. يەر شەكلىگە ئاساسەن دولقۇنسىمان پامپاس، پەس پامپاس، تاغ ئارىسىدىكى پامپاس ۋە يۇقىرى پامپاس قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇ ئوتلاق جەنۇبىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىي كەڭلىك °30تىن °40قىچە بولغان ئارىلىققا جايلاشقان. بۇ جاي قىشتا ئىللىق، يازدا ئىسسىق بولىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 14℃تىن 19℃قىچە بولىدۇ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 500 مىللىمېتىردىن (غەربىي قىسمىنىڭ) 1000 مىللىمېتىرغىچە (شەرقىي قىسمىنىڭ) بولىدۇ.

پامپاس ئوتلىقى ئارگېنتىنانىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى، شۇنداقلا جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىدۇر. ئارگېنتىنا نوپۇسىنىڭ 2/3 قىسمى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 2/3 قىسمى ۋە سانائىتىنىڭ 4/5 قىسمى، شۇنداقلا مۇھىم تۆمۈريول ۋە شەھەرلىرى مۇشۇ رايونغا مەركەزلەشكەن، بۇ جاي ئارگېنتىنانىڭ يۈرىكى ھېسابلىنىدۇ.

**قۇملۇق ۋە چۆللىشىش** قۇملۇق قۇم تەركىبلىك چۆللۈكنى، يەنى يەر يۈزىنى كۆچمە قۇملار قاپلىغان، قۇم بارخانلىرى كەڭ دائىرىدە تارقالغان رايوننى كۆرسىتىدۇ. پۈتكۈل دۇنيا دائىرىسىدە قۇملۇقلار قۇرۇقلۇق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 1/10 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئاساسلىقى سۇبتروپىك يۇقىرى بېسىم بەلبېغىنىڭ كونتروللۇقىدىكى جەنۇبىي ۋە شىمالىي كەڭلىك °15 تىن °35 قىچە بولغان رايونلارغا ۋە شىمالىي كەڭلىك °35 تىن °50 قىچە بولغان چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان. دۇنيادىكى قۇملۇقنىڭ 2/3 قىسمى ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا تارقالغان. دۇنيادىكى قۇملۇقلارنى ئادەتتە ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بىرى، مۆتىدىل بەلباغ قۇملۇقلىرى. بۇ تۈردىكى قۇملۇقلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇرۇقلۇقنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق تۇرىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگودىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى چوڭ قۇرۇقلۇق قاتارلىقلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. يەنە بىرى، تروپىك ۋە سۇبتروپىك بەلباغ قۇملۇقلىرى. بۇ تۈردىكى قۇملۇقلار ئاساسەن چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى سۇبتروپىك يۇقىرى بېسىمى ۋە پاسسات شامالىرىنىڭ كونتروللۇقىدىكى رايونلارغا جايلاشقان. مەسىلەن، سەھرايى كەبىر چۆللۈكى مۇشۇ تۈردىكى قۇملۇققا كىرىدۇ.

كىلىمات شارائىتى قۇملۇقلارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق ئامىلدۇر. قۇملۇق رايونلارنىڭ كىلىماتى قۇرغاق، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 400 مىللىمېتىردىن تۆۋەن بولىدۇ، بەزى رايونلارنىڭ ھەتتا 10 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ، ئەمما پارغا ئايلىنىش مىقدارى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئادەتتە 1400 مىللىمېتىردىن 3000 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىمۇ قۇملۇقلارنىڭ شە-

www.uyghurkitap.com

كىلىنىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگودىكى مۇئۇس قۇملۇقىنى مىسالغا ئالساق، مىلادىيە 400 ـ يىللار ئەتراپىدا ھۇنلار بۇ يەردە بىر قەلئە سالغان. ئەينى يىللاردا بۇ جاينىڭ دەريا ساھىللىرى كەڭ، سۇلىرى سۈپسۈزۈك ئىدى، لېكىن تاڭ سۇلالىسىدىن باشلاپ بۇ جايدا قۇم دۆۋىلىنىشكە باشلىغان. مىڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسى ۋە يېقىنقى زاماندا قالايمىقان بوز يەر ئېچىش، ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىش تۈپەيلىدىن، سەددىچىن سېپىلى ئەتراپىدىكى 60 كىلومېتىردىن كەڭ جايدا مۇئۇس قۇملۇقى ھاسىل بولغان.

ئادەتتە قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق رايونلاردا ۋە بىر قىسىم يېرىم نەم رايونلاردا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى تۈپەيلىدىن، ئۈنۈمسىز چۆللۈكنىڭ ياكى چۆلگە ئوخشاپ كېتىدىغان يەر شەكلىنىڭ ھاسىل بولۇش جەريانى چۆللىشىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، چۆللەشكەن يەرلەر پۈتكۈل يەر شارى كۆلىمىنىڭ 35% ىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، دۇنيادىكى كۆپ سانلىق قىتئەلەردىن 100 نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا تارقالغان. ئافرىقىنىڭ چۆللەشكەن يەر كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئافرىقا يەر كۆلىمىنىڭ 55% ىنى ئىگىلەيدۇ، مەسىلەن، سەھرايى كەبىر چۆللۈكى ھەر يىلى يەنە ئۈزلۈكسىز تۈردە جەنۇبقا قاراپ سۈرۈلمەكتە.

چۆللىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللاردىن تەبىئىي ئامىل ۋە سۈنئىي ئامىل بار. تەبىئىي ئامىل قۇرغاقچىلىق، يەر يۈزىدىكى ماددىلارنىڭ بوشىشىپ كېتىشى ۋە شامالنىڭ ئۇچۇرۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈنئىي ئامىل بولسا قالايمىقان بوز يەر ئېچىش، ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىش، قالايمىقان چارۋا بېقىش ۋە سۇ بايلىقىنى نامۇۋاپىق ئىشلىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئامىللارنىڭ بىرلەشمە تەسىر قىلىشى بىلەن چۆللىشىش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ. چۆللىشىش ئىنسانلار ئىشلىتىشكە بولىدىغان يەر كۆلىمىنىڭ كېمىيىشى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تۆۋەنلىشى، ئوتلاق سۈپىتىنىڭ ناچارلىشىشى، قاتناش قىستاڭچىلىقى ۋە مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۆللىشىش ھەر يىلى ئىنسانلارغا غايەت زور ئىقتىسادىي زىيان سالماقتا. شۇڭا چۆللىشىشنى توسۇپ، چۆللۈكنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش جىددىي تۇتۇش قىلمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئىشتۇر.

**تەكلىماكان قۇملۇقى** جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى بولغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا چەكسىز كەتكەن قۇملۇق — تەكلىماكان قۇملۇقى بار. ئۇنىڭ كۆلىمى 337 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى قۇملۇقلار ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ.

تەكلىماكان قۇملۇقى جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ قۇرغاق قۇملۇقتۇر. «تەكلىماكان» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا «كىرسە چىقماس» دېگەن مەنىسى بار. تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىنى تەڭرىتېغى، كۇئېنلۇن قاتارلىق تاغ تىزمىلىرى ۋە پامىر ئېگىزلىكى قورشاپ تۇرىدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى ئەتراپىدىكى تاغلاردىن نەچچە مىڭ مېتىر پەرقلىنىدۇ. بۇ قۇملۇق قۇرۇقلۇقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقانلىقتىن، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئىنتايىن ئاز، پارغا ئايلىنىش مىقدارى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، كىلىماتى ناھايىتى قۇرغاقلىشىپ كەتكەن. بۇ قۇملۇقتا ئېگىز ـ پەس، غايەت چوڭ قۇم بارخانلىرى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە 100 مېتىر كېلىدۇ، بەزىلىرىنى ھەتتا بىر قۇم تاغ دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قۇملۇقتىكى 85% قۇم بارخىنى كۆچمە قۇم بارخانلىرىدۇر. قۇملۇقتا كۆچمە قۇم بارخانلىرى نىسبىتىنىڭ مۇنداق يۇقىرى بولۇشى دۇنيادىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋالدۇر.



تەكلىماكان قۇملۇقىدا نېفىت بۇرغىلاش.

**مۇئۇس قۇملۇقى** مۇئۇس قۇملۇقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يۈلىن شەھىرى بىلەن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئېردوس شەھىرى ئارىلىقىغا جايلاشقان. كۆلىمى 42200 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، سەددىچىن سېپىلى بۇ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى شەرقتىن ـ غەربكە قاراپ توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى غەربىي شىمال قىسمىنىڭ 250 مىللىمېتىر ئەتراپىدا، شەرقىي جەنۇب قىسمىنىڭ 400 ~ 440 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. بەزى چوڭ دەريالار بۇ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتۈپ خۇاڭخې دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا بۇ جاي ئوت ـ چۆپلىرى قويۇق، سۈيى ئەلۋەك، مەنزىرىسى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ناھايىتى ياخشى ئوتلاق بولغان. كېيىنچە كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن، يەر يۈزىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر پۈتۈنلەي يوقاپ، يەرلىرى قۇملىشىپ، ئاخىر بۇ جاي قۇملۇققا ئايلىنىپ قالغان. بۇ قۇملۇقنىڭ كۆپ قىسمى ھىلال ئاي شەكىللىك قۇم

بارخانلىرى زەنجىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلار شەرقىي شىمال ـ غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە قاتارلىشىپ جايلاشقان. پەسرەكلىرى 4 مېتىردىن 6 مېتىرغىچە، ئېگىزرەكلىرى 10 مېتىردىن 15 مېتىرغىچە كېلىدۇ. بۇ قۇم بارخانلىرى ئىلگىرى هەر يىلى شەرقىي جەنۇبقا قاراپ 3 مېتىردىن 5 مېتىرغىچە سۈرۈلۈپ كەلگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەنشىنىڭ شىمالىي قىسمىدا قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش، قۇملۇققا سۇ باشلاپ قۇملارنى ئېقىتىش، سۇغىرىشنى كۆچەيتىش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، تۇپراقنى ياخشىلاش، قۇملۇقنى ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئۇنۇم هاسىل قىلىندى.

**ئاتاكاما قۇملۇقى** ئاتاكاما قۇملۇقى جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى چىلىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 300 مېتىر ئەتراپىدا. بۇ قۇملۇق گەرچە تىنچ ئوكيانغا يانداش تۇرسىمۇ، ئەمما سۇبتروپىك يۇقىرى بېسىم بەلبېغى، قىرغاق شامىلى ۋە پېرۇ سوغۇق ئېقىمى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە دۇنيا بويىچە ئەڭ قۇرغاق قۇملۇققا ئايلانغان. بۇ جايدا 91 يىل يامغۇر يېغىپ باقمىغان.

**سەھرايى كەبىر چۆللۈكى** سەھرايى كەبىر چۆللۈكى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ چۆللۈك بولۇپ، «سەھرا» سۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدا «چوڭ چۆل» دېگەن مەنىسى بار. بۇ قۇملۇق ئاتلاس تاغ تىزمىسى بىلەن يەر ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا، شىمالىي كەڭلىك 14° نىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربتە ئاتلانتىك ئوكياننىڭ دېڭىز قىرغىقىدىن باشلىنىپ، شەرقتە قىزىل دېڭىز ساھىلىغىچە يېتىپ بارىدۇ، ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى 5600 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 1600 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، پۈتكۈل ئافرىقا ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %32نى ئىگىلەيدۇ. بۇ چۆللۈكنىڭ هۆل ـ يېغىن مىقدارى ناهايىتى ئاز، كىلىماتى قاتتىق ئىسسىق ۋە قۇرغاق بولۇپ، تۇخۇمنى قۇمغا كۆمۈپ قويسا پىشىدۇ. بۇ قۇملۇققا قارىسىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدا سېرىق قۇملار، شېغىل تاشلار، قۇم بارخانلىرى ۋە تاش دۆۋىلىرى زاهىر بولىدۇ.

چەكسىز كەتكەن بۇ چۆللۈكتە زاپىسى مول نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، ئۇران ۋە مانگان قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بايقالدى.

## مېتېئورولوگىيە

**ئاتموسفېرا قەۋىتى** ئاتموسفېرا كۆپ خىل تەركىبلەردىن تەشكىل تاپقان ئارىلاشما گاز بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى ئازوت بىلەن ئوكسىگېندىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا يەنە ئاز مىقداردا باشقا گازلارمۇ بار. مەسىلەن، كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى، سۇ پارلىرى، ئارگون قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك بىر قىسىم چاڭ ـ توزان، ئىس ـ تۈتەك قاتارلىق قاتتىق هالەتتىكى زەررىچىلەرمۇ بار.



سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ مەنزىرىسى.

يەر شارى ئاتموسفېراسىنىڭ ئومۇمىي ماسسىسى تەخمىنەن $5.3\times10^{21}$ گىرام بولۇپ، بۇ يەر شارى ئومۇمىي ماسسىسىنىڭ مىليوندىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئاتموسفېرا ماسسىسىنىڭ %99.9 ى يەر يۈزىدىن 48 كىلومېتىر ئېگىزلىككىچە بولغان بوشلۇققا مەركەزلەشكەن. ئاتموسفېرانىڭ زىچلىقى ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ناهايىتى تېز كىچىكلەپ بارىدۇ، قانچە يۇقىرىلىغانسېرى هاۋا شۇنچە شالاڭلاپ، تەدرىجىي هالدا سەييارىلەر ئارا بوشلۇققا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئاتموسفېرانىڭ ئېنىق بىر يۇقىرى چېگراسى بولمايدۇ. ئالىملار ئاتموسفېرا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ۋېرتىكال ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاتموسفېرانى ئادەتتە تروپوسفېرا، ستراتوسفېرا، مېزوسفېرا، تېرموسفېرا ۋە ئېكزوسفېرادىن ئىبارەت بەش قەۋەتكە ئايرىيدۇ.

تروپوسفېرا قەۋىتىدە تېمپېراتۇرا ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەنلەپ بارىدۇ. بۇ قەۋەتنىڭ ئاستى ئىسسىق، ئۈستى سوغۇق، يەنى «ئۈستى ئېغىر، ئاستى يېنىك» بولغانلىقتىن، هاۋاسى ناهايىتى تۇراقسىز بولۇپ، ناهايىتى ئاسانلا يۇقىرى ـ تۆۋەن ئۆرۈلۈپ، هاۋانىڭ كونۋېكسىيەلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇقىرى ۋە تۆۋەن قىسىمدىكى هاۋا تەكشى ئارىلىشىپ، ئىسسىقلىق، سۇ پارلىرى ۋە لەيلىگۈچى زەررىچىلەر يۇقىرىغا يەتكۈزۈلۈپ، هاۋانىڭ ئۆزگىرىشى كېلىپ چىقىدۇ.

ستراتوسفېرا قەۋىتىدە تېمپېراتۇرا ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئۆرلەپ بارىدۇ. ستراتوسفېرادا دائىم هاۋا ئوچۇق بولىدۇ، ۋېرتىكال هاۋا ئېقىمى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان چايقىلىش بولمايدۇ، شۇڭا بۇ قەۋەت ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشىغا ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا

بۇ قەۋەتتىكى ئوزون قاتلىمى قۇياشنىڭ ئۇلترا بىنەپشە نۇرىنى تۇسۇپ، يەر شارىدىكى جانلىقلارنى قوغدايدۇ.

مېزوسفېرا قەۋىتىدە تېمپېراتۇرا ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەنلەپ بارىدۇ. بۇ قەۋەتتە ئاساسىي جەھەتتىن تروپوسفېرانىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تەكرارلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ يەنە «يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقى تروپوسفېراسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تېرموسفېرا ۋە ئېكزوسفېرا قەۋىتىدە تېمپېراتۇرا ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئۆرلەپ بارىدۇ. تېرموسفېرا پەللىسىدە ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى 1700℃ قا يېتىدۇ. ئېكزوسفېرا يەر شارى ئاتموسفېراسىنىڭ ئەڭ سىرتقى قەۋىتى، شۇنداقلا يەر شارى ئاتموسفېراسىدىن سەييارىلەر ئارا بوشلۇققا ئۆتىدىغان ئۆتكۈنچى رايون. بۇ قەۋەتتە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ، يۇقىرى سۈرئەتلىك ھاۋا زەررىچىلىرى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىدىن قۇتۇلۇپ، سەييارىلەر ئارا بوشلۇققا قاراپ قېچىپ كېتىدۇ.

**ھاۋارايى** ھاۋارايى مەلۇم بىر رايوننىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدىكى ئاتموسفېراسىنىڭ (مەسىلەن، قۇرغاق، نەم، ئوچۇق، تۇتۇق، شاماللىق، يامغۇرلۇق، سوغۇق، ئىسسىق) ھالىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ھاۋارايى ھادىسىسى بولسا ئاتموسفېرادا يۈز بەرگەن ھۆل ـ يېغىن ھادىسىسى، يەر يۈزىدىكى كوندېنساتسىيەلىنىش (قېتىشىش) ۋە توڭلاش ھادىسىسى، كۆرۈنۈش ئارىلىقىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچراش ھادىسىسى، ئاتموسفېرادىكى ئوپتىكىلىق ھادىسىلەر، ئېلېكترىك ھادىسىلەر ۋە باشقا فىزىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئاتموسفېرادىكى ھەرخىل مېتېئورولوگىيەلىك ئامىللار (مەسىلەن، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى، ھاۋا بېسىمى، نەملىكى، شامال، بۇلۇت، تۇمان، يامغۇر، قار، قىرو، چاقماق، مۆلدۈر) ھاۋا رايىنى سۈپەتلەشنىڭ ئاساسلىرى ھېسابلىنىدۇ. ھاۋارايى جەريانلىرى مەلۇم رايوندىكى ھاۋارايى ھادىسىلىرىنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىش جەريانىدۇر.

ھاۋا ماسسىسى بىلەن فرونت يۈزىنىڭ ھەرىكىتى ھاۋارايىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىلدۇر.

**ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش** ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ھازىر بار بولغان مېتېئورولوگىيەلىك كۆزىتىش ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، ھاۋارايى ئىلمى، دىنامىكىلىق مېتېئورولوگىيە، ئىستاتىستىكا ئىلمىنىڭ پرىنسىپ ۋە ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، مەلۇم بىر جاي ياكى رايوننىڭ كەلگۈسىدىكى مەلۇم ۋاقىت ئىچىدىكى ھاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى سۈپەتلەش ياكى مىقدارلىق مۆلچەرلەشنى كۆرسىتىدۇ. ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىشنىڭ مۇنداق ئۈچ خىل ئاساسلىق ئۇسۇلى بار. بىرى، ھاۋارايى خەرىتىسىنى ئاساس قىلىپ، مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھى تارتقان بۇلۇت خەرىتىسى، رادار قاتارلىقلار تەمىنلىگەن ماتېرىياللارنى ئۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ مەلۇمات بېرىش؛ يەنە بىرى، كومپيۇتېرنى قورال قىلىپ، ئاقار جىسىملار دىنامىكىسى، تېرمودىنامىكا، دىنامىكىلىق مېتېئورولوگىيە قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش تەڭلىمىسىنى يېشىش ئارقىلىق مەلۇمات بېرىش. بۇ يەنە سانلىق قىممەتلەر ئارقىلىق ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئېھتىماللىق نەزەرىيەسى ۋە ماتېماتىكىلىق ئىستاتىستىكا ۋاستىسى ئارقىلىق ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، بۇ ئىستاتىستىكىلىق ئالدىن مەلۇمات بېرىش، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىقى ئۇسۇللار بەزىدە ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىۋېرسال قوللىنىلىدۇ ھەمدە ھەممىسىدىلا كومپيۇتېر كەڭ دائىرىدە قورال قىلىنىدۇ.

**مېتېئورولوگىيەلىك كۆزىتىش** مېتېئورولوگىيەلىك كۆزىتىش ئاتموسفېرانىڭ فىزىكىلىق ۋە خىمىيە-




مېتېئورولوگىيەلىك كۆزىتىش سىستېمىسىنىڭ ئىسخېمىسى (چۇ شېڭپۇ سىزغان)
① مېتېئورولوگىيەلىك كۆزىتىش پونكىتى ② مېتېئورولوگىيە مۇنارى ③ لەيلىمە پونكىت ④ دېڭىز ـ ئوكيان ھاۋارايى كېمىسى؛ ⑤ رادىيوزوند شارى ⑥ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقى شارى ⑦ مېتېئورولوگىيە ئايروپىلانى ⑧ مېتېئورولوگىيە راكېتاسى ⑨ ئالەم ئايروپىلانى ⑩ قۇتۇپ ئوربىتىلىق مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھى ⑪ يەر شارى بىلەن ماس قەدەملىك مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھى ⑫ يامغۇرلۇق توپ بۇلۇت ⑬ تەيفېڭ بورىنى ⑭ سەدەپسىمان بۇلۇت ⑮ كېچىسى يالتىرايدىغان بۇلۇت ⑯ ئاقار يۇلتۇز ⑰ قۇتۇپ نۇرى.

لىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆلچەيدىغان
ۋە كۆزىتىدىغان، شۇنىڭدەك ئاتموس-
فېرا ھادىسىلىرىنى ئۆلچەش ۋە كۆ-
زىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە ۋاستى-
لىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

ئاتموسفېرادىكى گازلار تەركى-
بىنىڭ قويۇقلۇقى، ئائېروزوللار،
تېمپېراتۇرا، نەملىك، بېسىم، شا-
مال، ئاتموسفېرانىڭ تۇربۇلېنتلىق
ئېقىمى، پارغا ئايلىنىش، بۇلۇت،
ھۆل - يېغىن، رادىياتسىيە، ئاتموس-
فېرانىڭ كۆرۈنۈش دەرىجىسى، ئات-
موسفېرا ئېلېكتىر مەيدانى، ئاتموس-
فېرانىڭ توك ئۆتكۈزۈشچانلىقى، شۇ-
نىڭدەك گۈلدۈرماما، ئېلېكتىر، ھە-
سەن - ھۈسەن، قوتانلىنىش قاتار-
لىقلار مېتېئورولوگىيەلىك ئۆلچەش
ۋە كۆزىتىشنىڭ ئاساسلىق مەزمۇن-
لىرىدۇر. كۆزىتىش ئۇسۇللىرىدىن
يەر يۈزىدە كۆزىتىش، ئېگىزلىكتە
كۆزىتىش، ئاتموسفېرانى يىراقتىن
ئۆلچەش، مېتېئورولوگىيەلىك سۈن-
ئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئۆلچەش قا-
تارلىقلار بار.

مېتېئورولوگىيەلىك كۆزىتىش
خاتىرىسى ۋە ئۇنى ئاساس قىلىپ تو-
زۇلگەن ۋە تارقىتىلغان مېتېئورولو-
گىيەلىك ئاخباراتلار ھاۋارايىدىن ئال-
دىن مەلۇمات بېرىشنى كۈندىلىك ما-
تېرىياللار بىلەن تەمىنلەشتىن تاش-
قىرى، يەنە ئۇلارنى ئۇزاق مەزگىل
توپلاش ۋە ئىستاتىستىكا قىلىش ئار-
قىلىق تەييارلانغان كىلىمات ماتېرى-
ياللىرى يېزا ئىگىلىكى، ئورمانچى-
لىق، سانائەت، قاتناش، ھەربىي
ئىشلار، سۇرايى، داۋالاش - سەھىيە
ۋە مۇھىت ئاسراش قاتارلىق تارماقلار-
نىڭ پىلانلاش، لايىھەلەش ۋە تەتقىقات
ئىشلىرىنى مۇھىم سانلىق مەلۇماتلار
بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاتموسفېرانى
يىراقتىن كۆزىتىش ۋە يۇقىرى سۈر-
ئەتلىك ئۇچۇر يەتكۈزۈش تېخنىكى-
سىدىن تەشكىل تاپقان ئاپەت خاراك-
تېرلىك ھاۋارايىنى كۆزىتىش تورىدىن
پايدىلىنىپ، ئامما ۋاقتىدا، بىۋاس-
تە ھالدا قۇيۇن، كۈچلۈك بوران -
چاپقۇن ۋە تەيفېڭ بورىنى قاتارلىق ئا-
پەت خاراكتېرلىك ھاۋارايىدىن ئالدىن
مەلۇمات بەرگىلى بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق
تەبىئىي ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقارغان
زىياننى ئازايتقىلى ياكى ئۇنىڭدىن
ساقلانغىلى بولىدۇ.

**ھاۋا ماسسىسى ۋە فىرونت** ھاۋارا-
يى ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ، ھاۋارايى-
نىڭ ئۆزگىرىشى كۆپىنچە ھاۋا ماس-
سىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.
ھاۋا ماسسىسى بەلگىلىك دائىرىدىكى
فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى (ئا-
ساسلىقى تېمپېراتۇرىسى، نەملىكى،
ئاتموسفېرا تۇراقلىقى قاتارلىقلار)
نىسبەتەن بىردەك بولغان چوڭ ھاۋا
بۆلىكىدىن ئىبارەت. ھاۋا ماسسىسى
ناھايىتى چوڭ بوشلۇقنى ئىگىلەپ
تۇرىدۇ، ئۇنىڭ گورىزونتال دائىرىسى
نەچچە مىليون كىۋادرات كىلومې-
تىرغا، ۋېرتىكال دائىرىسى نەچچە
مىڭ مېتىردىن ئون نەچچە مىڭ مې-
تىرغا يېتىدۇ.

دېڭىز - ئوكيان، قۇملۇق،
قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان رايونلار
ھاۋا ماسسىسى شەكىللىنىدىغان ما-
كان ھېسابلىنىدۇ. ھاۋا ماسسىسى
شەكىللەنگەندىن كېيىن، تەدرىجىي
ھالدا شەكىللەنگەن جايىدىن ئايرىلىپ
يۆتكىلىشكە باشلايدۇ ھەمدە يۆتكىلىش
جەريانىدا تۆۋەنكى قەۋەتتىكى ھاۋانىڭ
خۇسۇسىيىتىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچراپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئەسلىدى-
كى ئاساسىي خۇسۇسىيىتىنى ئۆز-
گەرتىدۇ. ھاۋارايى ئىلمىدە ھاۋا
ماسسىسىنىڭ يۆتكەلگەن ۋاقىتتىكى
تېمپېراتۇرىسى بىلەن يەر ئۈستى پا-
ئالىيەت يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى-
گە ئاساسەن، ھاۋا ماسسىسى ئىللىق
ھاۋا ماسسىسى ۋە سوغۇق ھاۋا ماس-
سىسى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئە-
گەر ھاۋا ماسسىسىنىڭ تېمپېراتۇ-
رىسى يەر ئۈستى پائالىيەت يۈزىنىڭ-
كىدىن تۆۋەن بولسا، بۇ سوغۇق ھاۋا
ماسسىسى دەپ ئاتىلىدۇ، ئەكسىچە
بولسا ئىللىق ھاۋا ماسسىسى دەپ ئا-
تىلىدۇ.

ئىللىق ۋە سوغۇق ھاۋا ماسسى-
لىرى ئۆزئارا سىغىشالمايدۇ. ئۇلار
ئۇچراشقاندا بىر - بىرىگە قاتتىق
سوقۇلۇپ ئۆزئارا ئېلىشىدۇ. كىشى-
لەر ئىككى خىل ھاۋا ماسسىسى
ئۇچراشقان ئۆتكۈنچى بەلباغنى فى-
رونت ياكى فىرونت يۈزى، دەپ ئاتى-
شىدۇ. فىرونت يۈزىنىڭ ئىككى يې-
نىدىكى سوغۇق ۋە ئىللىق ھاۋا
ماسسىلىرىنىڭ تېمپېراتۇرا ۋە نەم-
لىك پەرقى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ،
شۇڭا فىرونت ئەتراپىدا دائىم بۇلۇت-
لۇق ۋە يامغۇرلۇق ھاۋارايى ھادىسى-
سى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

سوغۇق ۋە ئىللىق ھاۋا ماس-
سىلىرىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى
ئوخشىمىغاچقا، فىرونت يۆتكىلىدۇ.
ئىللىق ھاۋا ماسسىسى كۈچلۈك بول-
غاندا، فىرونت يۈزى سوغۇق ھاۋا تە-
رەپكە سوزۇلۇپ، ئىللىق فىرونت
شەكىللىنىدۇ. ئىللىق فىرونت بې-
سىپ ئۆتكەن رايوندا ئەسلىدىكى سو-
غۇق ھاۋانىڭ ئورنىنى ئىللىق ھاۋا
ئىگىلەپ، شۇ رايوننىڭ تېمپېراتۇ-
رىسىنى ئۆرلىتىدۇ. سوغۇق ھاۋا
ماسسىسى كۈچلۈك بولغاندا، فىرونت
يۈزى ئىللىق ھاۋا تەرەپكە سۇرۇلۇپ،
سوغۇق فىرونت شەكىللىنىدۇ. سو-
غۇق فىرونت بېسىپ ئۆتكەن
رايونلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەي-
دۇ. ئىللىق ۋە سوغۇق ھاۋا ماسسى-
لىرىنىڭ كۈچى تەڭلىشىپ قالغاندا،
فىرونت يۈزى مۇقىم بولۇپ، يۆتكى-
لىشى چوڭ بولمايدۇ، نىسپىي تۇرغۇن
ھالەت شەكىللىنىدۇ، بۇ نىسپىي
تۇرغۇنلۇق فىرونت دەپ ئاتىلىدۇ.

**سىكلون ۋە ئانتىسىكلون** ئاتموس-
فېرادىمۇ سۇدىكىگە ئوخشاش چوڭ -
كىچىك قايناملار پەيدا بولىدۇ. بۇ
ھاۋا قايناملىرى ئاتموسفېرانىڭ ھە-
رىكىتىگە ئەگىشىپ ھەرىكەت قى-
لىپلا قالماستىن، يەنە دەريا سۇلىرى-
دىكى قايناملاردەك توختىماستىن
ئايلىنىدۇ، كىشىلەر ئاتموسفېرادىكى
بۇ قايناملارنى سىكلون ياكى ئانتى-
سىكلون دەپ ئاتايدۇ.

سىكلوندا ھاۋا تۆت تەرەپتىن مەركەزگە قاراپ ئاقىدۇ. يەر شارىنىڭ ئايلىنىشىنىڭ ئېغىشتۇرغۇچ كۈچىنىڭ تەسىرىدە، ھاۋا شىمالىي يېرىم شاردا سائەت ئىسترېلكىسىغا قارشى يۆنىلىشتە، جەنۇبىي يېرىم شاردا سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئايلىنىدۇ. سىكلون تۆۋەن ھاۋا بېسىمى بولۇپ، ئۇنىڭ كۈچلۈكلۈكى مەركىزىنىڭ ھاۋا بېسىم قىممىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، دائىرىسى ئۇنىڭ ئەڭ سىرتىدىكى بىر تال يېپىق ھالەتتىكى تەڭ بېسىم (ئىزوبار) سىزىقىنىڭ دىيامېتىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. سىكلوننىڭ دىيامېتىرى ئادەتتە 1000 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، چوڭلىرىنىڭ 3 ~ 4 مىڭ كىلومېتىرغا، كىچىكلىرىنىڭ 200 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ھاۋا تۆت ئەتراپىدىن سىكلون مەركىزىگە ئېقىپ كىرىدىغان بولغاچقا، سىكلوندىكى ھاۋا يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. ھاۋادىكى سۇ پارلىرى يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا سوۋۇپ كوندېنساتسىيەلىشىدۇ، نەتىجىدە بۇلۇت پەيدا بولۇپ يامغۇر ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا، سىكلون كونتروللۇقىدىكى ۋاقىتلاردا كۆپ ھاللاردا تۇتۇق ۋە يامغۇرلۇق ناچار ھاۋارايى شەكىللىنىدۇ.

سىكلوننىڭ ئەكسىچە، ئانتىسىكلوندا ھاۋا مەركىزىدىن سىرتقا قاراپ ئاقىدۇ. يەر شارىنىڭ ئايلىنىشىنىڭ ئېغىشتۇرغۇچ كۈچىنىڭ تەسىرىدە، ھاۋا شىمالىي يېرىم شاردا سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە، جەنۇبىي يېرىم شاردا بولسا سائەت ئىسترېلكىسىغا قارشى يۆنىلىشتە ئايلىنىدۇ. ئانتىسىكلون يۇقىرى ھاۋا بېسىمى بولۇپ، يەنە يۇقىرى بېسىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسى سىكلونغا قارىغاندا چوڭ بولۇپ، ئۇنى ھەتتا ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ياكى دېڭىز ـ ئوكيان بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن، قىش پەسلىدە ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى ئىلكىگە ئېلىپ تۇرغان موڭغۇلىيە ئانتىسىكلونى پۈتكۈل چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ 3/4 نى ئىگىلەيدۇ. ئەڭ كىچىك ئانتىسىكلوننىڭ دىيامېتىرىمۇ نەچچە يۈز كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئانتىسىكلوننىڭ ئىچكى قىسمىدا ھاۋا ئېقىمى تۆۋەنگە قاراپ كۈچلۈك چۆكىدىغانلىقتىن، بۇلۇت ۋە يامغۇرنىڭ ھاسىل بولۇشىغا پايدىسىز. دېمەك، ئانتىسىكلون كونتروللۇقىدىكى ۋاقىتلاردا ھاۋارايى كۆپ ھاللاردا ئوچۇق بولىدۇ.

**يۇقىرى بېسىم ئومۇرتقىسى ۋە تۆۋەن بېسىم ئوقۇرى** ئاتموسفېرا ماسسىسىنىڭ يەر يۈزىگە تارقىلىشى تەكشىسىز بولۇپ، ئۇنى ھاۋارايى خەرىتىسى ئارقىلىق ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئوخشاش بولغان تەكشىلىكتە، ئاتموسفېرا بېسىمى ئوخشاش بولغان نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان سىزىق، يەنى تەڭ بېسىم سىزىقلىرى يېپىق ھالەتتە بولسا ھەمدە مەركىزىي قىسمىنىڭ ھاۋا بېسىمى ئەتراپىنىڭكىدىن يۇقىرى بولسا، ھاۋا بېسىمى يۇقىرىراق رايون يۇقىرى ھاۋا بېسىمى دېيىلىدۇ، قىسقارتىلىپ يۇقىرى بېسىم دەپ ئاتىلىدۇ. سىرتقى شەكلىدىن قارىساق، يۇقىرى بېسىم يەر شارىدىكى كۆتۈرۈلۈپ چىققان تاغلىقلارغا ئوخشايدۇ. يۇقىرى بېسىمنىڭ سىرتقا سوزۇلغان تار رايونىنىڭ مەركىزىي قىسمىنىڭ ھاۋا بېسىمى ئۈچ تەرەپنىڭكىدىن يۇقىرى، ئەمما يەنە بىر تەرىپىنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇپ، خۇددى تاغ ئومۇرتقىسىغا ئوخشايدۇ، شۇڭا بۇ يۇقىرى بېسىم ئومۇرتقىسى دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرى بېسىم ياكى يۇقىرى بېسىم ئومۇرتقىسى ئىچىدىكى ھاۋا ئېقىمى كۆپ ھاللاردا تۆۋەنگە چۆكىدۇ، شۇڭا بۇ رايوندا ئادەتتە ھاۋارايى ئوچۇق بولىدۇ.

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئوخشاش بولغان تەكشىلىكتە، مەركىزىي قىسمىنىڭ ھاۋا بېسىمى ئەتراپىنىڭكىدىن تۆۋەن بولغان رايون تۆۋەن ھاۋا بېسىمى دەپ ئاتىلىدۇ، قىسقارتىلىپ تۆۋەن بېسىم دېيىلىدۇ. تۆۋەن بېسىمنىڭ سىرتقا سوزۇلغان رايونى خۇددى تاغ جىلغىسىغا ئوخشايدۇ. مەركىزىي قىسمىنىڭ ھاۋا بېسىمى قوشنا ئۈچ تەرەپنىڭكىدىن تۆۋەن، ئەمما يەنە بىر تەرەپنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ، شۇڭا بۇ تۆۋەن بېسىم ئوقۇرى دەپ ئاتىلىدۇ. تۆۋەن بېسىملىق رايون ياكى تۆۋەن بېسىم ئوقۇرى ئىچىدىكى ھاۋا كۆپ ھاللاردا يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، شۇڭا تۇتۇق ۋە يامغۇرلۇق ھاۋارايى كۆپ يۈز بېرىدۇ. ئادەتتە تۆۋەن بېسىم ئوقۇرىنىڭ ئالدىغا ئىلگىرىلەيدىغان تەرىپى «ئوقۇر ئالدى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئورۇندا ھاۋا ئېقىمى يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغانلىقتىن، بۇلۇتلۇق ۋە يامغۇرلۇق ھاۋارايى يۈز بېرىدۇ؛ ئوقۇرنىڭ يەنە بىر تەرىپى «ئوقۇر كەينى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئورۇندا ھاۋا ئېقىمى تۆۋەنگە چۆكىدىغانلىقتىن، ھاۋا كۆپىنچە ئوچۇق بولىدۇ.

**تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقى** يەر شەكلى خەرىتىسىدە تەڭ ئېگىزلىك ۋە تەڭ چوڭقۇرلۇق سىزىقلىرى بولىدۇ. ھاۋارايى خەرىتىسىدە تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقلىرى بولىدۇ.

تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقلىرى گورىزونتال تەكشىلىكتىكى تېمپېراتۇرىسى تەڭ بولغان نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان سىزىقلارنى كۆرسىتىدۇ. خالىغان بىر تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقىدىكى ھەرقايسى نۇقتىلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى تەڭ بولىدۇ. ئوخشاش بىر ۋاقىتتا تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقلىرىنىڭ گورىزونتال تارقىلىش ئەھۋالىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان خەرىتە تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقلىرى خەرىتىسى دەپ ئاتىلىدۇ. تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقلىرى شۇ تەڭ بېسىملىق يۈزدىكى سوغۇق ۋە ئىللىق ھاۋانىڭ تارقىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار تەڭ ئېگىزلىك سىزىقلىرى بىلەن ماسلىشىپ، ھاۋارايى سىستېمىسىنىڭ دىنامىكىلىق ۋە تېرمودىنامىكىلىق خۇسۇسى-

يىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقلىرىنى ئانالىز قىلغاندا، تۆۋەندىكى ئومۇمىي قائىدىلەرنى ئىگىلەش لازىم: تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقلىرى زىچ بولسا، تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولىدۇ. تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقلىرى شالاڭ بولسا، تېمپېراتۇرا پەرقى كىچىك بولىدۇ. تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقلىرى يۇقىرى كەڭلىككە قاراپ سوزۇلۇپ چىققان بولسا، بۇ رايوننىڭ تېمپېراتۇرىسى ئىككى تەرەپنىڭكىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. تەڭ تېمپېراتۇرا سىزىقلىرى تۆۋەن كەڭلىككە قاراپ سوزۇلغان بولسا، تېمپېراتۇرىسى ئىككى تەرەپنىڭكىدىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**كىلىمات** كىلىمات يەر شارىدىكى مەلۇم رايوننىڭ ئاتموسفېراسىنىڭ بىرقانچە يىلدىكى ئومۇمىي ھالىتى بولۇپ، ھەم ئوتتۇرىچە ئەھۋالىنى، ھەم ئېكستىرېمۇملۇق ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كۆپ يىللىق ھەرخىل ھاۋارايى جەريانلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىپادىسىدۇر. بىرەر رايوننىڭ كىلىماتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى ئادەتتە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى، ھۆل - يېغىن، شامال، ھاۋا بېسىمى قاتارلىق خاراكتېرلىكچى قىممەتلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرىمىز، ئۇ كىلىمات ئامىللىرى دېيىلىدۇ. ئۇ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە قىممەت ۋە ئېكستىرېمۇملۇق قىممەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدىنقىسى كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ھالەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، كېيىنكىسى ئايرىم يىللاردىكى ئالاھىدە ئەھۋالنى بىلدۈرىدۇ. كىلىماتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللاردىن ئاساسلىقى قۇياش رادىياتسىيەسى، ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىمى ۋە يەر يۈزى ھالىتى قاتارلىقلار بار.

**ھاۋا تېمپېراتۇرىسى** ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ھاۋانىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇق دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان فىزىكىلىق مىقدار. خەلقئارالىق بىرلىك سىستېمىسىدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيدىغان بىرلىك سېلسىيە گرادۇس (℃) بولۇپ، تېلېۋىزوردا بېرىلگەن ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇماتتا تىلغا ئېلىنغان ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە يەر يۈزىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تېمپېراتۇرا يەر يۈزىدىن 1.5 مېتىر ئېگىزلىككە ئورنىتىلغان مېتېئورولوگىيە بوتكىسىدىكى (ياپراقچە ساندۇقتىكى) تېرمومېتىر ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى يەنە سوتكىلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىنىڭ سوتكىلىق پەرقى، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يىللىق پەرقى قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ.

**يىغىندا تېمپېراتۇرا بەلباغلىرى** 1735 - يىلى رېئاۋمۇر تېرمومېتىرىنى كەشىپ قىلغان R. رېئاۋمۇر يىغىندا تېمپېراتۇرا ئارقىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىنى باھالىغىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ تەلىمات تا ھازىرغىچە يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيەسىدە مۇھىم ئاساسىي نەزەرىيەلەرنىڭ بىرى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

سوتكىلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى مۇقىم ھالدا 10℃ تىن يۇقىرى بولغاندا، كۆپ قىسىم زىرائەتلەر ئاكتىپ ئۆسەلەيدۇ. 10℃تىن تۆۋەن بولغاندا، زىرائەتلەر ئاكتىپ ئۆسەلمەيدۇ. بىز سوتكىلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ 10℃ تىن يۇقىرى داۋاملىشىش مەزگىلىنى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش مەزگىلى دەپ ئاتايمىز. ئۆسۈش مەزگىلىدىكى سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن تېمپېراتۇرا يىغىندىسىنى يىغىندا تېمپېراتۇرا دەپ ئاتايمىز. يىغىندا تېمپېراتۇرا مەلۇم جاينىڭ زىرائەتلەر ئۆسۈش مەزگىلىدىكى تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ۋە ئىسسىقلىق مىقدارىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. يىغىندا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ۋە زىرائەتلەرنىڭ تۈرلىرىگە ئاساسەن، بىر قىسىم رايونلار، يەنى تېمپېراتۇرا بەلباغلىرى ئايرىپ چىقىلدى. يىغىندا تېمپېراتۇرا ئەھۋالىغا ئاساسەن، جۇڭگو ئېكۋاتور بەلبېغى (يىغىندا تېمپېراتۇرىسى 9000℃)، تىروپىك بەلباغ (يىغىندا تېمپېراتۇرىسى 8000℃ تىن يۇقىرى)، ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ (يىغىندا تېمپېراتۇرىسى 3400℃ تىن 4600℃ قىچە)، مۆتىدىل بەلباغ (يىغىندا تېمپېراتۇرىسى 1600℃ تىن تۆۋەن) ھەم چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى رايونى (يىغىندا تېمپېراتۇرىسى 2000℃تىن تۆۋەن، يورۇقلۇق چۈشۈش شارائىتى سوغۇق مۆتىدىل بەلباغنىڭكىدىن ئەۋزەل) قاتارلىق ئالتە تېمپېراتۇرا بەلبېغى ۋە بىر كىلىمات رايونىغا ئايرىلدى.

**قۇرغاق ۋە نەم رايونلار** جۇڭگونى ھۆل - يېغىن مىقدارى ۋە پارغا ئايلىنىش مىقدارىغا ئاساسەن جەمئىي 4 چوڭ قۇرغاق ۋە نەم رايونغا بۆلۈشكە بولىدۇ. 400 مىللىمېتىرلىق تەڭ ھۆل - يېغىن سىزىقى جۇڭگونى تەخمىنەن شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈۋېتىدۇ. شەرقىي قىسىم نەم ۋە يېرىم نەم رايونغا، غەربىي قىسىم يېرىم قۇرغاق ۋە قۇرغاق رايونغا ياتىدۇ. 800 مىللىمېتىرلىق تەڭ ھۆل - يېغىن سىزىقى يەنە جۇڭگونىڭ شەرقىي قىسىم رايونىنى شىمال ۋە جەنۇبقا بۆلۈۋېتىدۇ. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 1000 مىللىمېتىردىن كۆپ بولغان رايونلار نەم رايون بولۇپ، شال تېرىشقا ماس كېلىدۇ. 400 مىللىمېتىردىن 1000 مىللىمېتىرغىچە بولغان رايونلار يېرىم نەم رايون ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاساسلىقى بىنەم تېرىقچىلىقى دېھقانچىلىق رايونىدۇر. 250 مىللىمېتىردىن 400 مىللىمېتىرغىچە بولغان رايونلار يېرىم قۇرغاق رايون ھېسابلىنىدۇ، بۇ يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايونلاردۇر. 250 مىللىمېتىردىن تۆۋەن بولغان رايونلار قۇرغاق رايونغا تەۋە بولۇپ، بۇ جايلاردا



شىشۋاڭبەنناداكى تىروپىك بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمىنىنىڭ كىلىماتى يىلبويى قاتتىق ئىسسىق، نەم ۋە يامغۇرلۇق بولىدۇ.

چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ. سۇغىرىش شارائىتى بولسا تېرىقچىلىق قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

**مۇسسۇنلۇق ۋە مۇسسۇنسىز رايونلار** جۇڭگودا خېتاۋنىڭ غەربىگە، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە يازلىق مۇسسۇن شامىلىنىڭ يېتىپ بارمىقى ناھايىتى تەس، شۇڭا بۇ جايلارنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

يازلىق مۇسسۇن شامىلىنىڭ كونتروللۇقىدىكى رايونلار مۇسسۇنلۇق رايون دەپ ئاتىلىدۇ. يازلىق مۇسسۇن شامىلى يېتىپ بارالمايدىغان رايونلار بولسا مۇسسۇنسىز رايونلار دەپ ئاتىلىدۇ.

**تۆت چوڭ ئاتەش جاي** ۋۇخەن، نەنجىڭ، چۇڭچىڭ، نەنچاڭ قاتارلىق جايلار چاڭجياڭ دەرياسى بويىدىكى تۆت چوڭ ئاتەش جاي ھېسابلىنىدۇ. بۇ جايلارنىڭ 7 - ئايلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 33℃ ئەتراپىدا بولۇپ، مۇتلەق ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 41.3℃ ~ 43.8℃ قا يەتكەن. يۇقىرى تېمپېراتۇرىنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ. ھەر يىلى 30℃ تىن يۇقىرى تومۇز ئىسسىق بولىدىغان ئوتتۇرىچە كۈن سانى 70 كۈندىن ئاشىدۇ، يەنە كېلىپ ئەتىگەندىن - كەچكىچە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئانچە چوڭ بولمايدۇ. كۈندۈزى ئىسسىق بولۇپلا قالماي، كەچتىمۇ ئىسسىققا چىدىماق تەس كېلىدۇ.

چاڭجياڭ دەرياسى بويىدىكى بۇ تۆت ئاتەش جاينىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەب: ① ياز پەسلىدە بۇ جايلارنىڭ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىنى سۇبتروپىك بەلباغ يۇقىرى بېسىمى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ؛ ② يەر شەكلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ تۆت شەھەرنىڭ ھەممىسىلا دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تۆۋەنرەك كەلگەن چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان، دەريا ۋادىسىنىڭ يەر شەكلى قازاننىڭ تېگىگە ئوخشايدۇ. تۆت تەرىپىنى تاغلار قورشاپ تۇرغاچقا، يەر يۈزىنىڭ ئىسسىقلىقى تەستە تارقىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ؛ ③ بۇ رايونلارغا شال ئېتىزلىرى زىچ جايلاشقانلىقتىن، سۇ پارلىرى كۆپ، نەملىك يۇقىرى بولىدۇ. تەر ئاسانلىقچە پارغا ئايلىنالماي، ئادەمنىڭ دىمى سىقىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا، چوڭ شەھەرلەردە زاۋۇت، ئاپتوموبىل، ئېگىز بىنالارمۇ ناھايىتى كۆپ، يەر ئۈستى پائالىيەت يۈزى ناھايىتى مۇرەككەپ، قويۇپ بېرىلگەن ئىسسىقلىق كۆپ بولۇپ، «ئىسسىق ئارال ئېففېكتى» ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، بۇمۇ بۇ جايلارنىڭ ئىسسىپ كېتىشىدىكى بىر ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

**تۇمان** تۇمان سۇ پارلىرىنىڭ كوندېنساتسىيەلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ئۇششاق سۇ تامچىلىرى ياكى مۇز كرىستاللىرى يەر يۈزىگە تۇتاش ھاۋادا ھاسىل قىلغان لەيلىمە جىسىمدىن ئىبارەت. بۇ خىل سۇ پارلىرىنىڭ ئۇيۇشىدىن شەكىللەنگەن ماددىلار گورىزونتال كۆرۈنۈش ئارىلىقىنى 1000 مېتىرغا يەتمەيدىغان قىلىپ قويسا، ئۇ تۇمان دەپ ئاتىلىدۇ. يەر يۈزىگە يېقىن ھاۋا قەۋىتىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنىڭ تۆۋەنلەپ، نەملىكىنىڭ ئېشىشى تۇماننى شەكىللەندۈرىدۇ. تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش، نەملىك ئېشىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تۇمان ئادەتتە رادىياتسىيەلىك تۇمان، تەكشى ئېقىملىق تۇمان، سۇ ھورى تۇمانى، فرونت يۈزى تۇمانى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ.

تۇماننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ھەربىي ئىشلار، قاتناش قاتارلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زىچ. مەسىلەن، تۇمان قويۇقراق بولغاندا، ئايروپىلانلار ئۇچالمايدۇ، شەھەرلەردە ئاپتوموبىللار قويۇق تۇماندا ناھايىتى ئاسانلا قاتناش ھادىسىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۇمان يەنە دېڭىز قاتنىشىدىكى خەتەرلىك ھىدرولوگىيەلىك ۋە مېتېئورولوگىيەلىك شارائىتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تۇمان كۆپ بولىدىغان جايلاردا ئاپتاپ چۈشۈش ۋاقتى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ناچار تەسىر كۆرسىتىدۇ. قىرو ئېغىر بولغاندىمۇ يەنە قاتناش - ترانسپورت، خەۋەرلىشىش ۋە توك يەتكۈزۈش ئىشلىرىنىڭ نورماللىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**سۆڭگە** سۆڭگە يەنە «تۇمان سۆڭگىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جىلىننىڭ سۆڭگىسى، گۇيلىننىڭ تاغ - دەريالىرى، يۈننەننىڭ تاش ئورمىنى ۋە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزى جۇڭگودىكى تۆت چوڭ ئاجايىپ كۆركەم تەبىئىي مەنزىرىدۇر.

سۆڭگە تەبىئەتتە كۆپرەك ئۇچرايدىغان ھادىسە بولۇپ، ھەر قېتىم پەيدا بولغاندا جىلىن شەھىرىدىكى سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىنىڭ 10 چاقىرىم قىرغىقى «بىر كېچىدىلا باھار كىرىپ، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان دەل - دەرەخلەردە ئاپئاق گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەندەك» تۈسكە كىرى-

www.uyghurkitap.com



جىلىننىڭ سۆڭگىسى.

دۇ. سۆگەت ۋە قارىغايلار كۈمۈش
رەڭلىك «كىمخاب» كىيىپ، كىشى-
لەرنى پەرىلەر ماكانىدەك گۈزەل مەن-
زىرىگە باشلاپ كىرىدۇ.

جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق
مەنزىرە — جىلىن سۆڭگىسى جى-
لىننىڭ ئۆزىگە خاس جۇغراپىيەلىك
شارائىتىدا شەكىللەنگەن. فېڭمەن
سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن قويۇپ
بېرىلگەن سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى
بىرقەدەر يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئې-
لېكتىر ئىستانسىسىنىڭ تۆۋەن ئې-
قىنىدىكى تەخمىنەن 50 كىلومېتىر-
لىق دەريا بۆلىكىدە مۇز تۇتمايدۇ،
ئەمما بۇ ۋاقىتتا ھاۋانىڭ تېمپېراتۇ-
رىسى 0℃ تىن چۈشۈپ كەتكەن بو-
لۇپ، ئىللىق دەريا سۈيى پارغا ئايلى-
نىپ تۇرغانلىقتىن، ھەر كۈنى كەچ
كىرگەندە ۋە ئەتىگەندە ئاق تۇمان
كۆتۈرۈلىدۇ، مەيىن شامالغا ئەگىشىپ
قىرغاقتا ئۇرۇلۇپ، دەرەخ شاخلىرىنى
كۈمۈش رەڭگە كىرگۈزىدۇ، بۇ ئاجا-
يىپ مەنزىرىنى كىشىلەر «قەھرىتان
قىشتىكى كۈمۈش تونلۇق سۆگەتلەر»
دەپ تەرىپلىشىدۇ. ھەر يىلى 12 ـ
ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېلەر يىلى
2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەز-
گىل سۆڭگىنى تاماشا قىلىشنىڭ
ئەڭ ياخشى پەيتىدۇر.

**قىرو ۋە ئۈششۈك** كەچكۈز، قەھ-
رىتان قىش ۋە باش باھارنىڭ ئەتى-
گەنلىكى كېچىلەر ئوت ـ چۆپلەر،
دەرەخ يوپۇرماقلىرى، ھەتتا بەزى قۇ-
رۇلۇشلارنىڭ ئۈستىنى قاپلىغان بىر
قەۋەت ئاق رەڭلىك كىرىستالسىمان
جىسىمنى كۆرەلەيدۇ، مانا بۇ «قىرو»
دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزىلەر «شەبنەم قېتىشىپ قى-
روغا ئايلىنىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمە-
لىيەتتە قىرو شەبنەمنىڭ قېتىشى-
شىدىن ھاسىل بولماستىن، بەلكى
يەر يۈزى ياكى يەر يۈزىدىكى جى-
سىملار ئىسسىقلىق تارقىتىپ، تېم-
پېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەنگە چۈش-
كەندە، ھاۋادىكى سۇ پارلىرى تويۇ-
نۇپ، يەر يۈزى ياكى يەر يۈزىدىكى
جىسىملار ئۈستىدە قېتىشىشتىن
ھاسىل بولغان ئاق رەڭلىك كىرىس-
تال جىسىمدىن ئىبارەت.

كۈز كىرگەندىن كېيىن چۈش-
كەن تۇنجى قىرو باش قىرو دەپ ئا-
تىلىدۇ. باش باھاردىن كېيىن ئەڭ
ئاخىردا چۈشكەن قىرو ئاخىرقى قى-
رو دەپ ئاتىلىدۇ. باش قىرو بىلەن
ئاخىرقى قىرو چۈشكەندە، زىرائەتلەر
ئادەتتە ئۆسۈش پەسلىدە تۇرغانلىق-
تىن، زىرائەتلەرگە كۆپ ھاللاردا
ئۈششۈك ئاپەتتى تېگىدۇ.

**قار ۋە قار كۆچكۈنى** قار سوغۇق
پەسلىدە يۈز بېرىدىغان قاتتىق ھالەت-
تىكى ھۆل ـ يېغىن ھادىسىسىدۇر.
ئەگەر بۇلۇتنىڭ تېمپېراتۇرىسى 0℃
تىن تۆۋەن بولسا، بۇ بۇلۇت زىيادە
سوۋۇغان سۇ تامچىلىرى ۋە مۇز كى-
رىستاللىرىدىن ياكى ساپ مۇز كى-
رىستاللاردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ.
بۇ چاغدا سۇ پارى مولېكۇلىلىرى
ئۈزلۈكسىز تۈردە مۇز كىرىستاللىرى
ئۈستىدە كوندېنساتسىيەلىشىپ، مۇز
كىرىستاللىرىنى ئۈزلۈكسىز چوڭاي-
تىدۇ. مۇز كىرىستاللىرى چوڭىيىپ
يەرگە چۈشەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن-
دە قار كىرىستاللىرى دەپ ئاتىلىدۇ.
مۇز كىرىستالى بىلەن قار كىرىستا-
لىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى يوق، كى-
شىلەر ئادەتتە دىيامېتىرى 0.2 ~
0.3 مىللىمېتىردىن كىچىك بولغان-
لىرىنى مۇز كىرىستالى دەپ ئاتايدۇ.
ئۇنىڭدىن چوڭلىرىنى قار كىرىستالى
دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار لەپىلدەپ يەرگە
چۈشسە قار ياغدى دېيىلىدۇ.

ئەگەر يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇ-
رىسى 0℃ تىن يۇقىرى بولسا، يەر
يۈزىگە چۈشكەن قار ئېرىپ كېتىدۇ،
0℃ تىن تۆۋەن بولسا، يەرگە چۈش-
كەن قار توپلىنىدۇ. توپلانغان قار
بەلگىلىك قېلىنلىققا يەتكەندە، ئاس-
تىنقى قار قەۋىتىنىڭ تېمپېراتۇرى-
سى ئۈستۈنكى قەۋەتنىڭكىدىن كۆرۈ-
نەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى بولىدۇ. تو-
يۇنغان سۇ پارى بېسىمىمۇ ئۈستۈنكى
قەۋەتنىڭكىدىن چوڭ بولىدۇ، سۇ
پارلىرى ئاستىدىن ئۈستىگە قاراپ
تارقىلىدۇ. سۇ پارلىرى ئۈستۈنكى
قار قەۋىتى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۈس-
تۈنكى قار قەۋىتىدە قېتىشىدۇ. ئاس-
تىنقى قەۋەتتىكى قار كىرىستاللىرى
ئۈزلۈكسىز سۇبلىماتسىيەلىنىدۇ،
ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، قار
قەۋىتىدە ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگى-
رىش بولىدۇ، بۇ چاغدا ئازراقلا تەۋ-
رىنىش بولسا، قار كۆچكۈنى يۈز بې-
رىدۇ. قار كۆچكۈنى ئادەتتە تىك تاغ
باغرىدا، كۆپىنچە باش قىش ۋە باش
ئەتىيازدا يۈز بېرىدۇ. سىرتقى مۇ-
ھىتنىڭ تەسىرى، يەنى ئاتموسفېرا
بېسىمىنىڭ ئۆزگىرىشى، شامالنىڭ
ئۇچۇرۇتۇشى، ھايۋانلارنىڭ ھەرىكى-
تى، كۈچلۈك ئاۋاز قاتارلىقلارنىڭ
ھەممىسى ئاخىرقى چەكتە تۇرۇۋاتقان
تاغ باغرىدىكى توپلانما قارنىڭ گۈمۈ-
رۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

جۇڭگودىكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ
غەربىي قىسمى، ئالتاي تاغلىرى،
شىزاڭنىڭ غەربىي جەنۇبى قاتارلىق
جايلاردا قار قېلىن توپلىنىدۇ. بۇ
جايلار قار كۆچكۈنى كۆپ يۈز بېرى-
دىغان رايونلار ھېسابلىنىدۇ. سىچۇەن
ئۆلكىسىنىڭ غەربى ۋە يۈننەن ئۆل-
كىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىقلاردىمۇ
قار كۆچكۈنى دائىم تاشيوللارغا خەۋپ
تۇغدۇرۇپ تۇرىدۇ.

**قار سىزىقى** ھاۋا ئوچۇق ياز كۈن-
لىرى تەڭرىتاغلىرى ۋە چىلىيەنشەن

تاغلىرى ئېتىكىدىكى ئاھالىلەر تاغ
قاپتىلىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆت-
كەن، ئاق - قارىسى ئېنىق بولغان
بىر چېگرا سىزىقنى، يەنى قار سى-
زىقنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ. بۇ سىزىق-
نىڭ يۇقىرىسى كۆمۈشتەك چاقناپ
تۇرىدىغان قار - مۇزلار دۇنياسىدۇر.

قار سىزىقى يىللىق قاتتىق ھا-
لەتتىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى بى-
لەن ئېرىش مىقدارى تەڭپۇڭلىشىدى-
غان بەلباغ، شۇنداقلا يەر شارىدىكى
توپلانما قارنىڭ تۆۋەنكى چېكىدۇر.
1966 ~ 1968 - يىللىرى جۇ-
مۇلاڭما چوققىسىنىڭ شىمالىي باغ-
رىدىكى قار سىزىقنى ئۆلچىگەنىدە،
ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى
6200 مېتىر كەلگەن، بۇ بۈگۈنگە
قەدەر شىمالىي يېرىم شاردىكى بىزگە
مەلۇم بولغان ئەڭ ئېگىز قار سىزى-
قىدۇر. جەنۇبىي يېرىم شاردا ئوكيان
كۆلىمى چوڭ بولغانلىقتىن، قار
سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى ھەمىشە شى-
مالىي يېرىم شارنىڭكىدىن تۆۋەن بو-
لىدۇ. جۇڭگودىكى قار سىزىقىنىڭ
تارقىلىش ئالاھىدىلىكى چىڭخەي -
شىزاڭ ئېگىزلىكىنى مەركەز قىلغان
ھالدا، ئېگىزلىك گىرۋەكلىرىدىن
ئىچكە قاراپ قانۇنىيەتسىز بولغان
ئېللىپسسىمان تەڭ قىممەتلىك
سىزىقلىرى شەكلىدە تارقالغان بو-
لۇپ، قانچە ئىچكىرىلىگەنسېرى، قار
سىزىقى شۇنچە يۇقىرىلاپ بارىدۇ.

**بۇلۇت** بۇلۇت ئاتموسفېرادا لەيلەپ
يۈرگەن، زور مىقداردىكى سۇ تامچى-
لىرى، مۇز كىرىستاللىرى ياكى
ئۇلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تۈزۈلگەن،
كۆرگىلى بولىدىغان توپلاشمىدۇر.
بۇلۇتنىڭ ئاستىنقى قىسمى ئادەتتە
يەر يۈزىگە تېگىشمەيدۇ. يەر يۈزىگە
تېگىشىپ قالغاندا، ئۇ تۇمان دەپ ئا-
تىلىدۇ. ئاتموسفېرا بېسىمى ئېگىز-
لىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەن-
لەپ بارىدىغانلىقتىن، ھاۋا يۇقىرى
ئۆرلىگەندە كېڭىيىپ سوۋۇيدۇ، ھاۋا-
دىكى سۇ پارلىرى شۇنىڭغا ئەگە-
شىپ تويۇنغا ھالەتكە يېتىدۇ ھەمدە



راۋاجلىنىۋاتقان يامغۇرلۇق توپ بۇلۇتنىڭ بۇلۇت گەۋدىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بۇلۇت تۆۋىدىن يامغۇر چۈشمەكتە. (سۈرەتنى گو ئېنمىڭ تارتقان)

كوندېنساتسىيەلىشىپ زور مىقداردى-
كى ئۇششاق سۇ تامچىلىرىنى ھاسىل
قىلىدۇ، سۇ تامچىلىرى ھاۋادا لەيلەپ
يۈرگەندە ئۇلاردىن بۇلۇت شەكىللە-
نىدۇ. بۇلۇت ئىچى تېمپېراتۇرىسى
0℃ تىن يۇقىرى بولغاندا، بۇلۇت
سۇ تامچىلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ،
بۇلۇت تېمپېراتۇرىسى 0℃ تىن تۆ-
ۋەن بولغاندا، بۇلۇت كۆپ ھاللاردا
زىيادە سوۋۇغان سۇ تامچىلىرى ۋە
مۇز كىرىستاللىرىدىن ياكى پەقەت
مۇز كىرىستاللىرىدىنلا تەشكىل تا-
پىدۇ.

بۇلۇت تۆۋىنىڭ ئېگىزلىكىگە
ئاساسەن، كىشىلەر بۇلۇتنى يۇقىرى،
ئوتتۇرا ۋە تۆۋەندىن ئىبارەت ئۈچ ئا-
ئىلىگە ئايرىغان. يۇقىرى بۇلۇتلارنىڭ
بۇلۇت تۆۋى ئېگىزلىكىنىڭ يەر يۈزى
بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن
6000 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇلار پۈ-
تۈنلەي مۇز كىرىستاللىرىدىن تەش-
كىل تاپىدۇ. ئوتتۇرا بۇلۇتلارنىڭ
ئېگىزلىكى يەر يۈزىدىن 2000 ~
6000 مېتىرغىچە كېلىدۇ، ئۇ مۇز
كىرىستاللىرى بىلەن سۇ تامچىلىرى-
نىڭ ئارىلىشىشىدىن شەكىللەنگەن
ئارىلاشما بۇلۇتقا تەۋە. تۆۋەن بۇ-
لۇتلارنىڭ ئېگىزلىكى 2000 مېتىر-
دىن تۆۋەن بولۇپ، ئاساسەن سۇ تام-
چىلىرىدىن تەشكىل تاپقان. ئادەت-
تە ھۆل - يېغىن ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن
بۇلۇت سىستېمىسىدا يۈز بېرىدۇ.
بۇلۇتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلى-
نىشى ھەمىشە ھاۋارايى سىستېمىسى
بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇلۇت
شەكىللىنىش سەۋەبىنىڭ
ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاسا-
سەن يەنە قەۋەتسىمان بۇلۇت،
دولقۇنسىمان بۇلۇت ۋە توپ
بۇلۇت قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.
قەۋەتسىمان بۇلۇتلارنىڭ گو-
رىزونتال دائىرىسى كەڭ، بۇ-
لۇت تۆۋى تەكشى بولۇپ، بە-
زىدە پۈتكۈل ئاسماننى قاپلاي-
دۇ، بۇلۇت ئىچىنىڭ يۇقىرى
ئۆرلەش سۈرئىتى ئاستا بو-
لىدۇ، سىستېمىلىق قەۋەت-
سىمان بۇلۇتلار كۆپ ھاللاردا كەڭ
كۆلەملىك ھۆل - يېغىن پەيدا قىلى-
دۇ. دولقۇنسىمان بۇلۇتلارنىڭ گورى-
زونتال دائىرىسى نىسبەتەن كىچىك
بولىدۇ، ئۇ قات - قات ياكى تارقاق
تىزىلغان بولىدۇ. لېكىن بۇلۇت گەۋ-
دىسىنىڭ ئېگىز - پەسلىكى ئېنىق،
بۇلۇت ئىچىدىكى تۇربۇلېنتلىق ئې-
قىمى نىسبەتەن كۈچلۈك، بۇلۇت
چوققىسىدا تەتۈر تېمپېراتۇرا قەۋىتى
بولىدۇ. توپ بۇلۇتلارنىڭ گورىزونتال
دائىرىسى كىچىكرەك بولىدۇ، بۇلۇت
ئىچى تۇراقلىق ئەمەس، بۇلۇت پار-
چىسى ۋېرتىكال راۋاجلانغان، يەككە،
تارقاق، گەۋدىسى ئېنىق بولىدۇ، بۇ
ئادەتتە ئۆتكۈنچى يامغۇرلۇق ھاۋارا-
يىنى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن.

**ھۆل - يېغىن ۋە سۈنئىي ھۆل - يېغىن** ئەگەر يامغۇر ياغمىسا يەر
شارىدىكى سۇنىڭ ھەممىسى پارغا
ئايلىنىپ تۈگەيدۇ، بارلىق دېڭىز -
ئوكيان، دەريا، كۆللەرنىڭ ھەممىسى
قۇرۇپ كېتىدۇ، ئۆسۈملۈك، ھايۋا-
نات، ھەتتا يەر شارىدىكى ھاياتلىقلار
سۇغا ئېرىشەلمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بەختكە يارىشا بۇ خىل ئەھۋال
يۈز بەرمەيدۇ. سۇلار پارغا ئايلىنىدۇ،
ئۇلار بۇلۇت ئارقىلىق يەنە يەر شارىغا
قايتىپ كېلىدۇ. بۇلۇتلاردىن يەرگە
چۈشكەن سۇيۇق ۋە قاتتىق ھالەتتى-
كى سۇ ھۆل - يېغىن دەپ ئاتىلىدۇ.
ئۇلار يامغۇر، قار، مۆلدۈر، شەبنەم،
قىرو قاتارلىق شەكىللەردە يەرگە
چۈشىدۇ. بىرلىك ۋاقىت ئىچىدىكى

هۆل - يېغىن مىقدارى هۆل - يېغىن كۈچلۈكلۈكى دېيىلىدۇ.

سۇ پارى هۆل - يېغىن پەيدا قىلىدىغان «خام ئەشيا»، ئەمما بۇلۇتتىكى قىسقا ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سۇ مىقدارىنىڭ هۆل - يېغىن شەكىللەندۈرۈشى ئىنتايىن تەس. شۇڭا بۇلۇتتا چوقۇم توختىماستىن سۇ پارلىرىنى يەتكۈزۈپ تولۇقلاپ ۋە يېڭىلاپ تۇرىدىغان جەريان كېرەك بولىدۇ. سۇ پارلىرى بۇلۇتتا يەتكۈزۈلۈپ، هۆل - يېغىن شەكىللىنىشى ئۈچۈن، چوقۇم ئۆرلىگۈچى هاۋا ئېقىمى بولۇشى كېرەك. ئۆرلىگۈچى هاۋا ئېقىمى بىر تەرەپتىن بۇلۇتتا سۇ پارلىرىنى يەتكۈزۈپ هەمدە هاۋا تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىپ، سۇ پارلىرىنى كوندېنساتسىيەلەشتۈرۈپ، بۇلۇت گەۋدىسىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ سۇ تامچىلىرىنى هاۋادا لەيلىتىپ، يېتەرلىك دەرىجىدە چوڭايتىدۇ.

بۇلۇت تامچىلىرى ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ. ئۆلچەملىك بۇلۇت تامچىسىنىڭ رادىيۇسى پەقەت نەچچە مىكرومېتىردىن 100 مىكرومېتىرغىچە بولىدۇ، بىراق هۆل - يېغىن بولۇپ چۈشەلەيدىغان سۇ تامچىلىرىنىڭ دىيامېتىرى ئادەتتە 0.5 ~ 6 مىللىمېتىر كېلىدۇ. بۇلۇت تامچىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىنىش ۋە چوڭىيىش جەريانى كوندېناتسىيەلىشىپ چوڭىيىشنى ئاساس قىلىدۇ، ئەمما بۇلۇت تامچىلىرى چوڭىيىپ بەلگىلىك ئۆلچەمگە يەتكەندە، بۇ خىل چوڭىيىش سۈرئىتى بەكلا ئاستىلاپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇلۇت تامچىلىرى ئاستى - ئۈستىگە هەرىكەتلىنىپ ئۆزئارا سوقۇلۇپ، تېزلىكتە چوڭىيىدۇ. ئەڭ ئاخىردا بۇلۇت تامچىلىرى يامغۇر تامچىلىرىغا ئايلىنىدۇ. يامغۇر تامچىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭىيىشى بىلەن، ئۆرلىگۈچى هاۋا ئېقىمى ئۇلارنى هاۋادا لەيلىتىپ تۇرالماي قالىدۇ، ئۇلار ئاخىر يەرگە چۈشۈپ هۆل - يېغىن هاسىل قىلىدۇ.

سۈنئىي هۆل - يېغىن ياغدۇرۇش سۈنئىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، بۇلۇت قاتلىمىدىن هۆل - يېغىن هاسىل قىلىشنى تېزلىتىش تەدبىرىدۇر. هۆل - يېغىن هاسىل بولۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئوخشاشمىغان بۇلۇت قاتلىمىنىڭ فىزىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بۇلۇت ئىچىگە ئۈۋاق تۇز، كۈمۈش يودىد، قۇرۇق مۇز (قاتتىق هالەتتىكى كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى) قاتارلىق كاتالىزاتورلار چېچىلىدۇ. سۈنئىي هۆل - يېغىن ياغدۇرۇش سۇ بايلىقىنى ئېچىشنىڭ بىر خىل يوشۇرۇن ۋاسىتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن كەڭ كۆلەمدە دىققەت - ئېتىبارغا ئېرىشتى، دۇنيادىكى 80 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايون ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۈنئىي هۆل - يېغىن ياغدۇرۇش سىنىقىنى قانات يايدۇردى. 1958 - يىلىدىن كېيىن، جۇڭگو شىمالىنىڭ ئەتىياز ۋە قىش پەسىللىرىدە، جەنۇبىنىڭ يازدىكى قۇرغاق پەسىللىرىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۈنئىي يامغۇر ياغدۇرۇش سىنىقىنى ئىشلىدى، ئەمما تەبىئىي هۆل - يېغىن يېغىش جەريانى بىلەن سۈنئىي كاتالىزلاش ئارقىلىق هۆل - يېغىن ياغدۇرۇش جەريانىدىكى نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر تېخى بەك ئېنىق بولمىغانلىقتىن، سۈنئىي يامغۇر ياغدۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشتا يەنە نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت.

**هۆل - يېغىن ئېھتىماللىقى** هۆل - يېغىن ئېھتىماللىقى كەلگۈسىدىكى مەلۇم كۈندە هۆل - يېغىنلىق هاۋارايىنىڭ كۆرۈلۈش مۇمكىنچىلىكىنى پىرسەنت ئارقىلىق ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. ئېھتىماللىق قىممىتى %0 ~ %100 كىچە بولىدۇ، پىرسەنت قىممىتى قانچىكى چوڭ بولسا، هۆل - يېغىنلىق هاۋارايىنىڭ كۆرۈلۈش مۇمكىنچىلىكى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئادەتتە بۇنى تۆۋەندىكىدەك چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئېھتىماللىق قىممىتى %30 تىن كىچىك بولسا، هۆل - يېغىنلىق هاۋارايى ئاساسەن يۈز بەرمەيدۇ؛ %30 ~ %60 كىچە بولسا، هۆل - يېغىنلىق هاۋارايى كۆرۈلۈشى مۇمكىن، لېكىن كۆرۈلۈش مۇمكىنچىلىكى كىچىكرەك بولىدۇ؛ %60 ~ %70 كىچە بولسا، هۆل - يېغىنلىق هاۋارايىنىڭ كۆرۈلۈش مۇمكىنچىلىكى ناهايىتى چوڭ بولىدۇ؛ ئەگەر %70 تىن چوڭ بولسا، هۆل - يېغىنلىق هاۋارايى كۆرۈلىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، هۆل - يېغىن ئېھتىماللىقى هاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىشتىكى ئېنىقسىزلىققا قارىتا «راست گەپ قىلىش» بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئالدىن مەلۇمات بېرىش تېخىمۇ ئىلمىيلاشتۇرۇلىدىكەن.

**قارا ئۆرۈك يامغۇرى** قارا ئۆرۈك يامغۇرى هەر يىلى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 - ئاينىڭ باش ۋە ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان باش يازدا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىدىكى، ئاساسلىقى يىچاڭنىڭ شەرقىدىكى چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىن ياپونىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىغىچە بولغان تار ئۇزۇن كەتكەن رايوندا كۆرۈلىدىغان، يامغۇرلۇق مەزگىلى ئۇزاقراق بولغان تۇتۇق ۋە سىم - سىم يامغۇرلۇق هاۋارايىنى كۆرسىتىدۇ.

قارا ئۆرۈك يامغۇرى جەنۇبتىن كەلگەن ئىللىق ۋە نەم هاۋا ئېقىمى بۇ رايوندىن تېخى چىقىپ كەتمىگەن سوغۇق هاۋا بىلەن ئۇچراشقاندا، بۇ ئىككى هاۋا ئېقىمىنىڭ كۈچى تەڭلىشىپ، بۇ يەردە يامغۇر بەلبېغىنى پەيدا قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي چايقىلىپ تۇرۇشىدىن هاسىل بولغان ئۇدا خاراكتېرلىك تۇتۇق ۋە يامغۇرلۇق هاۋارايىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەل جىياڭنەن رايونىدىكى قارا ئۆرۈكلەر-

www.uyghurlartap.com

نىڭ پىشىۋاتقان مەزگىلى بولغاچقا،
«قارا ئۆرۈك يامغۇرى» دەپ ئاتالغان.

**ھەسەن ـ ھۈسەن** قۇياش نۇرى
ھاۋادىكى سۇ تامچىلىرىغا بەلگىلىك
چۇشۇش بۇلۇڭى بىلەن چۇشكەندە،
نۇرنىڭ ئىچىگە بىر قېتىم قايتىشى-
دىن نۇر ھالقىلىرى شەكىللىنىدۇ،
مانا بۇ «ھەسەن ـ ھۈسەن»دۇر. قۇياش
نۇرلىرى سۇ تامچىسىغا چۇشكەندە،
دولقۇن ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش بولمىغان
نۇرلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە
سۇنىدۇ. قىزىل نۇرنىڭ سۇنۇش بۇ-
لۇڭى ئەڭ كىچىك، بىنەپشە (سۆ-
سۈن) نۇرنىڭ سۇنۇش بۇلۇڭى ئەڭ
چوڭ بولىدۇ، باشقا قىزغۇچ سېرىق،
سېرىق، يېشىل، زەڭگەر، كۆك قاتار-
لىق نۇرلارنىڭ سۇنۇش بۇلۇڭى قى-
زىل ۋە بىنەپشە نۇرلارنىڭ ئارىلىقىدا
بولىدۇ، شۇڭا كىشىلەر كۆرۈۋاتقان
«ھەسەن ـ ھۈسەن»نىڭ ئىچى بىنەپ-
شە، سىرتى قىزىل بولغان ياي شە-
كىللىك رەڭدار نۇر بەلبېغىدىن ئى-
بارەت.

بەزى چاغلاردا ھەسەن ـ ھۈسەن-
نىڭ سىرتقى يان تەرىپىدە يەنە بىر
ھەسەن ـ ھۈسەن كۆرۈنىدۇ، بۇ ئىك-
كىلەمچى ھەسەن ـ ھۈسەندۇر. ئىك-
كىلەمچى ھەسەن ـ ھۈسەننىڭ رەڭ-
گى ھەسەن ـ ھۈسەننىڭكىدىن
سۇسراق بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ رەڭ
تەرتىپى ھەسەن ـ ھۈسەننىڭ رەڭ
تەرتىپىنىڭ ئەكسىچە، يەنى سىرتى
بىنەپشە، ئىچى قىزىل بولىدۇ. ئىك-
كىلەمچى ھەسەن ـ ھۈسەن قۇياش
نۇرىنىڭ يامغۇر تامچىسى
ئىچىدە ئىككى قېتىم سۇنۇپ،
ئىككى قېتىم قايتۇرۇلۇشىدىن ھا-
سىل بولىدۇ. قۇياش نۇرى چۇشۇۋات-
قاندا، ئەگەر قۇياشقا كەينىمىزنى قى-
لىپ تۇرۇپ، ھاۋاغا بىر يۇتۇم سۇ
پۈركۈسەك، سۇ تامچىلىرى لەي-
لەپ تۇرغان ئورۇندا ناھايىتى كىچىك
بىر ھەسەن ـ ھۈسەننى كۆرگىلى
بولىدۇ.

ھەسەن ـ ھۈسەننىڭ ھاۋارايى
ئۆزگىرىشى بىلەن بەلگىلىك مۇنا-
سىۋىتى بار. كىشىلەر ئادەتتە ھە-
سەن ـ ھۈسەننىڭ بوشلۇقتىكى ئور-
نىغا قاراپ، شۇ يەرنىڭ كەلگۈسىدىكى
ھاۋارايىنىڭ ئوچۇق ـ تۇتۇقلۇقىنى
قىياس قىلالايدۇ. «شەرقتە ھەسەن ـ
ھۈسەن كۆرۈنسە ھاۋا ئوچۇق بولۇر،
غەربتە ھەسەن ـ ھۈسەن كۆرۈنسە
يامغۇر ياغۇر» دېگەن ماقال ـ تەمسىل
كىشىلەر ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تار-
قالغان. چۈنكى ھەسەن ـ ھۈسەن
«قۇياش نۇرى يامغۇرى تامچىلىرىگە
چۇشكەن»دە بولىدىغان ھادىسە، يام-
غۇر تامچىلىرى بولغاندىلا ھەسەن ـ
ھۈسەن بولىدۇ. ھەسەن ـ ھۈسەن
شەرقتە بولسا، شەرق تەرەپتىكى
ھاۋادا يامغۇر بارلىقىنى چۇشەندۈر-
دۇ. ئەمما جۇڭگونىڭ كۆپ قىسمى
«غەرب شامىلى» بەلبېغىغا جايلاش-
قان، ئاتموسفېرا غەربتىن شەرققە
قاراپ تەرتىپلىك ھەرىكەت قىلىدىغان
بولغاچقا، شەرق تەرەپتە يۈز بەرگەن
ناچار ھاۋارايى بىزدىن بارغانسېرى
يىراقلىشىپ، شەرققە قاراپ سۈرۈلى-
دۇ. ئەگەر ھەسەن ـ ھۈسەن غەربتە
كۆرۈلسە، غەرب تەرەپتىكى ئاتموس-
فېرادا يامغۇر بارلىقىنى چۇشەندۈر-
دۇ، ئاتموسفېرانىڭ ھەرىكىتىگە ئە-
گىشىپ، يامغۇر تامچىلىرى ناھايىتى
ئاسانلا بىز تۇرۇۋاتقان جايلارغا چۇ-
شىدۇ.

**شامال** كىشىلەر شامالنى كۆرەل-
مەيدۇ، ئەمما شامالنىڭ مەۋجۇتلۇقى-
نى ھېس قىلالايدۇ. شامال چىققاندا
دەرەخ شاخلىرىنىڭ لىڭشىغانلىقىنى،
بايراقلارنىڭ جەۋلان قىلغانلىقىنى
كۆرگىلى بولىدۇ. يېنىك شامال كى-
شىنى سەگەكلىتىدۇ. بوران ئىن-
سانلارغا ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

شامال ھاۋانىڭ يەر يۈزىگە نىس-
بەتەن نىسپىي ھەرىكىتىنى كۆرسى-
تىدۇ. ئاتموسفېرا ھەممىشە توختى-
ماستىن ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ،
ئاتموسفېرانىڭ گورىزونتال ھەرىكى-
تى شامالنى پەيدا قىلىدۇ، شامال
ھەممىشە ئاتموسفېرا بېسىمى يۇقىرى
رايوندىن ئاتموسفېرا بېسىمى تۆۋەن
رايونغا قاراپ چىقىدۇ، بۇ سۇنىڭ يۇ-
قىرى ئورۇندىن تۆۋەن ئورۇنغا قاراپ
ئاققىنىغا ئوخشايدۇ. شامال پەيدا
بولغاندىن كېيىن، يەنە ئۇي ـ دۆڭ
يەر يۈزىنىڭ سۈركىلىش كۈچىنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. يەرنىڭ سۈركى-
لىش كۈچى شامالنىڭ سۈرئىتىنى
ئاستىلىتىپلا قالماستىن، يەنە شامال
يۆنىلىشىنىڭ ئېغىشىنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدۇ.

كىشىلەر ئادەتتە شامالنىڭ يۆ-
نىلىشى ۋە سۈرئىتى ئارقىلىق شا-
مالنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى
ئىپادىلەيدۇ. شامالنىڭ كېلىۋاتقان
يۆنىلىشى شامالنىڭ يۆنىلىشى بولى-
دۇ. شامال يۆنىلىشى كۆپىنچە ئازى-
مۇت (تەرەپ) ئارقىلىق ئىپادىلىنى-
دۇ. شامال يەر يۈزىدە كۆپىنچە 16 ئا-
زىمۇت بىلەن، دېڭىز يۈزىدە كۆپىنچە
32 ئازىمۇت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
شامال سۈرئىتى شامالنىڭ بىرلىك
ۋاقىتتا بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىنى
كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە، سېكۇنت/مې-
تىر، سائەت/كىلومېتىر، سائەت/دې-
ڭىز مىلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.
كىشىلەر شامالنىڭ يەر يۈزى ياكى
دېڭىز يۈزىدە پەيدا قىلغان تەسىرى
ۋە شامال سۈرئىتىگە ئاساسەن، ئۇنى
بىرقانچە دەرىجىگە بۆلۈپ چىققان.

**مۇسسۇن شامىلى** مۇسسۇن شامىلى
كەڭ كۆلەمدە چىقىدىغان، شامال يۆ-
نىلىشى پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئە-
گىشىپ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆز-
گىرىدىغان شامال سىستېمىسىدۇر.
«مۇسسۇن» دېگەن سۆز ئەرەب تىلى-
دىن كەلگەن بولۇپ، پەسىل دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 15 ـ ئەسىرنىڭ
ئاخىرىدا ئەرەب ماتروسلىرى ھىندى
ئوكيان سودا لىنىيەسىدە شامالنىڭ
پەسىلگە ئەگىشىپ قارشى يۆنىلىشكە
ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ھەمدە شامالنىڭ
ئالمىشىشى پارتلاش خاراكتېرلىك
توساتتىن ئۆزگىرىش جەريانى ئىكەن-
لىكىنى، ئارىلىقتىكى ئۆتكۈنچى
مەزگىلنىڭ ناھايىتى قىسقا بولىدى-

غانلىقىنى بايقىغان. شامالنىڭ يۆنىلىشى ھەر يىلى مۇشۇنداق پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقتىن، بۇ شامال «مۇسسۇن شامىلى» دەپ ئاتالغان. مۇسسۇن شامىلى ئاساسلىقى دېڭىز بىلەن قۇرۇقلۇق ئارىسىدىكى تېرمودىنامىكىلىق ئايلانما ئېقىمنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن شەكىللىنىدۇ. دېڭىز بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ تېرمودىنامىكىلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ پەرقى مۇسسۇن شامىلىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەب، ھاۋا بېسىمى بەلباغلىرى بىلەن شامال بەلباغلىرى ئورنىنىڭ پەسىللىك سۈرۈلۈشىمۇ مۇسسۇن شامىلى شەكىللىنىشىنىڭ بىر سەۋەبىدۇر. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇب رايونى بىلەن ھىندىستان ئەتراپىدا چىقىدىغان غەربىي جەنۇب مۇسسۇن شامىلى دەل جەنۇبىي يېرىم شاردىكى شەرقىي جەنۇب پاسسات شامىلىنىڭ يازدا شىمالغا سۈرۈلۈپ ئېكۋاتوردىن ئۆتكەندە، يەر شارىنىڭ ئېغىشتۇرغۇچ كۈچىنىڭ تەسىرىدە ئوڭغا ئېغىشىدىن شەكىللەنگەن.

**پاسسات شامىلى** 1405 ~ 1433 يىللىرى غەربىي ئوكيانغا يەتتە قېتىم يۈرۈش قىلغان جېڭ خېنىڭ كېمە ئەترىتى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ھىندى ئوكيانغا بېرىش ۋە ئۇ يەرلەردىن قايتىش سەپىرىدە پاسسات شامىلىدىن توغرا پايدىلانغان. ئۇلار ئومۇمەن دېھقانلار كالېندارى بويىچە 10 - ئايدىن كېلەر يىلى 1 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا يولغا چىققان. بۇ دەل شەرقىي شىمال پاسسات شامىلى چىقىۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلار 4 - ئايدىن 7 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ۋەتەنگە قايتقان، بۇ دەل غەربىي جەنۇب پاسسات شامىلى چىقىۋاتقان مەزگىلدۇر.

ماتروسلار بۇ خىل تۆۋەن كەڭلىكتە چىقىدىغان، شامال كۈچى ۋە يۆنىلىشى تۇراقلىق، شامال سۈرئىتى ئانچە ئۆزگەرمەيدىغان شامالنى ئىشەنچلىك شامال دەپ ئاتىغان، شۇڭا بۇ شامال «پاسسات شامىلى» (خەنزۇچىدە 信风 دەپ ئاتىلىدۇ) دەپ نام ئالغان. يەلكەنلىك كېمە بىلەن دېڭىز ئارقىلىق چەت ئەللەردە سودا قىلىدىغان ئاشۇ يىللاردا، كىشىلەر كۆپىنچە بۇ خىل شامالدىن پايدىلىنىپ ئوكياننى كېسىپ ئۆتكەن. شۇڭا بۇ شامال يەنە «سودا شامىلى» دەپمۇ ئاتالغان. تۆۋەن قەۋەت ئاتموسفېرادا سۇبتروپىك يۇقىرى بېسىم بەلبېغىدىن ئېكۋاتور تۆۋەن بېسىم بەلبېغىغا قاراپ چىقىدىغان مۇقىم يۆنىلىشلىك شامال ھەر دائىم چىقىپ تۇرىدۇ. يەر شارىنىڭ ئېغىشتۇرغۇچ كۈچىنىڭ تەسىرىدە، شىمالىي يېرىم شاردا بۇ شامالنىڭ يۆنىلىشى ئوڭغا ئېغىپ، شەرقىي شىمال پاسسات شامىلى شەكىللىنىدۇ؛ جەنۇبىي يېرىم شاردا بولسا، شامال يۆنىلىشى سولغا ئېغىپ، شەرقىي جەنۇب پاسسات شامىلى شەكىللىنىدۇ. پاسسات شامىلى چىقىدىغان كەڭلىك پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، جەنۇبىي يېرىم شاردىكى ھىندى ئوكيان شەرقىي جەنۇب پاسسات شامىلى بەلبېغى ياز پەسلىدە ئېكۋاتوردىن ھالقىپ ئۆتۈپ غەربىي جەنۇب شامال بەلبېغىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ھىند-

**شامال كۈچى دەرىجىسى جەدۋىلى**

| شامال كۈچى ۋە بەلگىسى | نامى | شامال سۈرئىتى (m/s) | قۇرۇقلۇقتا كۆرۈلىدىغان جىسىم تەسۋىرلىرى | دېڭىزنىڭ دولقۇنلىنىشى | دولقۇن ئېگىزلىكى (m) |
|---|---|---|---|---|---|
| 0 | شامالسىز | 0.0 ~ 0.2 | ئىس تىك ئۆرلەيدۇ | تىنچ | 0.0 |
| 1 | ئىللىق شامال | 0.3 ~ 1.5 | ئىس شامال يۆنىلىشىنى كۆرسىتەلەيدۇ | ئاجىز دولقۇن چوققىلىرىدا بۇژغۇن بولمايدۇ | 0.1 |
| 2 | يەڭگىل شامال | 1.6 ~ 3.3 | شامال چىققانلىقىنى سەزگىلى بولىدۇ | كىچىك دولقۇن چوققىلىرى پارچىلانمايدۇ | 0.2 |
| 3 | ئاجىز شامال | 3.4 ~ 5.4 | تۇغ - بايراقلار لەپىلدەيدۇ | كىچىك دولقۇن چوققىلىرى بۆلۈنىدۇ | 0.6 |
| 4 | مەيىن شامال | 5.5 ~ 7.9 | توپا - چاڭلار توزۇيدۇ | كىچىك دولقۇن چوققىلىرى بۇژغۇنلايدۇ | 1.0 |
| 5 | سەلكىن شامال | 8.0 ~ 10.7 | كىچىك دەرەخلەر لىڭشىيدۇ | ئوتتۇراھال دولقۇنلاپ، يوكلەنمە بۇژغۇنلۇق دولقۇن چوققىلىرى كۆرۈلىدۇ | 2.0 |
| 6 | كۈچلۈك شامال | 10.8 ~ 13.8 | سىم تاناپ غوڭۇلدايدۇ | چوڭ دولقۇنلاپ، بۇژغۇنلار چاچراپ تۇرىدۇ | 3.0 |
| 7 | تېز شامال | 13.9 ~ 17.1 | پىيادە مېڭىش قىيىنلىشىدۇ | دولقۇن چوققىلىرى بۇزۇلۇپ، بۇژغۇنلار يول - يول بولىدۇ | 4.0 |
| 8 | بوران | 17.2 ~ 20.7 | دەرەخ شاخلىرى سۇنىدۇ | دولقۇن ئۇزۇن ھەم ئېگىز بولىدۇ | 5.5 |
| 9 | كۈچلۈك بوران | 20.8 ~ 24.4 | كەپە، كىچىك ئۆيلەر زىيانغا ئۇچرايدۇ | دولقۇن چوققىسى تۈرۈلۈپ يۆگىلىدۇ | 7.0 |
| 10 | دەھشەتلىك بوران | 24.5 ~ 28.4 | دەرەخلەر قومۇرۇلىدۇ | دولقۇنلار ئۆرۈلۈپ، شاۋقۇنلايدۇ | 9.0 |
| 11 | قارا بوران | 28.5 ~ 32.6 | ئومۇميۈزلۈك ۋەيرانچىلىق بولىدۇ | دولقۇن چوققىلىرى پۈتۈنلەي بۇژغۇنلايدۇ | 11.5 |
| 12 | قاتتىق قارا بوران | ≥32.7 | ۋەيران قىلىش كۈچى غايەت چوڭ بولىدۇ | دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلىدۇ | 14.0 |

دىستان غەربىي جەنۇب مۇسسۇن شاملىنىڭ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**كىلىمات ئاپەتلىرى** 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن بۇيان، مېتېئورولوگىيەلىك ئاپەتلەر سەۋەبىدىن جۇڭگو ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 مىليارد يۈەندىن كۆپ ئىقتىسادىي زىيان تارتىپ كېلىۋاتىدۇ. كىشىلەر ئادەتتە كىلىمات ئاپىتى بىلەن ھاۋارايى ئاپىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ مېتېئورولوگىيە ئاپىتى دەپ ئاتايدۇ. لېكىن ھاۋارايى ئاپىتى بىلەن كىلىمات ئاپىتى يەنىلا پەرقلىق بولىدۇ.

ھاۋارايى ئاپىتى يەرلىك خاراكتېرگە ئىگە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى كۈچلۈك ھاۋارايى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاپەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ھەر كۈنى كەچتە تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلىۋاتقان قىسمەن رايونلاردا يۈز بەرگەن تەيفېڭ بورىنى، قارا يامغۇر، مۆلدۈر ۋە قۇيۇن قاتارلىق بۇ ئاپەتلەر دائىم كۈچلۈك بوران ۋە قارا يامغۇرلار بىلەن بىللە يۈز بېرىدىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بولغان بۇزغۇنچىلىق تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. كىلىمات ئاپىتى كەڭ كۆلەملىك، ئۇزاق مەزگىللىك، ئۇدا داۋاملىشىدىغان كىلىماتنىڭ نورماللىسىزلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاپەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۇزاق مەزگىل يۇقىرى بولۇشى ياكى تۆۋەن بولۇشى، ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى قاتارلىقلار كىلىمات نورماللىسىزلىقى دېيىلىدۇ. كىلىماتتىكى بۇ نورماللىسىزلىقلار كۆپ ھاللاردا قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك، تۆۋەن تېمپېراتۇرا، توڭلاش قاتارلىق ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كىلىمات ئاپىتى ئېغىرراق بولغاندا دېھقانچىلىق، سانائەت، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق ۋە قاتناش قاتارلىقلارغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ، ئىنتايىن ئېغىر ئىقتىسادىي زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**تەيفېڭ بورىنى** تەيفېڭ بورىنى تىروپىك بەلباغ ئوكيان يۈزىدە پەيدا بولىدىغان شىددەتلىك ئىللىق مەركەزلىك ھاۋا قايىنمى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىرخىل كۈچلۈك تىروپىك سىكلوندۇر. خەلقئارادىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، تىروپىك سىكلونى كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىگە قاراپ تۆت دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. ماكسىمۇم شامال كۈچى يەتتە بالدىن كىچىك بولغىنى تىروپىك بەلباغ تۆۋەن بېسىمى دېيىلىدۇ. 8 بالدىن 9 بالغىچە بولغىنى تىروپىك بەلباغ بورىنى، 10 بالدىن 11 بالغىچە بولغىنى كۈچلۈك تىروپىك بەلباغ بورىنى دېيىلىدۇ، ماكسىمۇم شامال كۈچى 12 بالغا يەتكەن ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغاندا تەيفېڭ دەپ ئاتىلىدۇ.

تىروپىك بەلباغ ئوكيان يۈزىدىكى دېڭىز سۈيى ئىسسىغاندا پارغا ئايلىنىپ، بىر قەۋەت نەم ۋە تۇراقسىز بولغان ھاۋا شەكىللىنىدۇ، بۇ ھاۋا ئىسسىپ تېز سۈرئەتتە يۇقىرى ئۆرلەيدۇ. ئىللىق ھەم نەم ھاۋادا كۆپلىگەن سۇ پارلىرى بولىدۇ، سۇ پارلىرى يۇقىرى ئۆرلەش جەريانىدا كوندېنساتسىيەلىشىپ زور مىقداردا ئىسسىقلىق قويۇپ بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلەپ، ھاۋا بېسىمى ناھايىتى تۆۋەن رايون شەكىللىنىدۇ. ئەتراپىدىكى سوغۇق ھاۋا پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ دائىرىگە تېزدىن بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنى تولۇقلايدۇ، شۇنداق قىلىپ بىر كۈچلۈك ھاۋا قايىنمى شەكىللىنىدۇ. ئەگەر ھاۋا قايىنمى يەنىمۇ كۈچەيسە، تەيفېڭ بورىنى شەكىللىنىشى مۇمكىن. تەيفېڭ ھاۋا ئېقىمىغا ئەگىشىپ يۆتكىلىدۇ ھەمدە بېسىپ ئۆتكەن رايونلارغا كۈچلۈك بوران ۋە يامغۇر ئېلىپ كېلىدۇ. تەيفېڭ بورىنى قۇرۇقلۇققا چىققان ھامان، ئۇنىڭ سۇ پارلىرى مەنبەسى تېزدىن كېمىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆۋەنكى قەۋەتتە يەر يۈزىنىڭ سۈركىلىش تەسىرى چوڭىيىدۇ. تۆۋەن قەۋەتتىكى ھاۋانىڭ يىغىلىش مىقدارى يۇقىرى بوشلۇقتىكى ھاۋانىڭ تارقىلىش مىقدارىدىن ئېشىپ كېتىپ، ھاۋا بېسىمى ئۆرلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېنېرگىيە بىلەن تولۇقلىنىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن، تەيفېڭ ناھايىتى تېزلا ئاجىزلىشىپ، تىندۇرۇلۇپ، تەدرىجىي يوقىلىدۇ. پۈتكۈل يەر شارىدا تەيفېڭ بورىنى پەيدا بولىدىغان مەنبەدىن ئاساسلىق سەككىز دېڭىز رايونى بار، يەنى شىمالىي تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قىسمى، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكياننىڭ غەربىي قىسمى، بېنگال قولتۇقى، ئەرەب دېڭىزى، جەنۇبىي تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي قىسمى، جەنۇبىي ھىندى ئوكياننىڭ شەرقىي قىسمى ۋە غەربىي قىسمى قاتارلىقلار. بۇ رايونلار ئىچىدە، شىمالىي تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي قىسمىدا تەيفېڭ بورىنى ئەڭ كۆپ پەيدا بولىدۇ. جۇڭگوغا تەسىر كۆرسىتىدىغان تەيفېڭ بورىنىنىڭ ئاساسلىق ئۈچ نىسپىي مەركەزلەشكەن ھاسىل بولۇش رايونى بار، يەنى



تەدرىجىي كۈچىيىۋاتقان تەيفېڭنىڭ سۈنئىي ھەمراھتىن تارتىلغان بۇلۇت سۈرىتى.

www.uyghurkitap.com

فىلىپپىننىڭ شەرقىي قىسمى ۋە رىيۇكيۇ تاقىم ئاراللىرى ئەتراپىدىكى دېڭىز يۈزى، جەنۇبىي دېڭىز يۈزى، مارىيانا تاقىم ئاراللىرى ۋە مارشال تاقىم ئاراللىرى ئەتراپىدىكى دېڭىز يۈزى قاتارلىقلار.

تەيفېڭ بورىنىنىڭ ئاساسلىق ھاۋارايى ئالاھىدىلىكى مۇنداق: بوران - چاپقۇن چىقىدۇ، قارا يامغۇر ياغىدۇ، دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنى پەيدا بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكى، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، دېڭىز ۋە دەريا - كۆللەردە يۈرۈش ئىنتايىن چوڭ تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. ئەمما ياز پەسلىدە تەيفېڭ بورىنى جۇڭگونىڭ شەرقىي قىسىم رايونلىرىغا مول ھۆل - يېغىن ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ سۇبتروپىك بەلباغ يۇقىرى بېسىمى ئىلكىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق، قاتتىق ئىسسىق، قۇرغاقچىلىق بولۇۋاتقان رايونلاردا پىژغىرىم ئىسسىقنى تۈگىتىش ۋە قۇرغاقچىلىقنى يەڭگىللىتىشكە پايدىلىق.

تروپىك سىكلوننى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭدىن مەلۇمات بېرىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، جۇڭگو، جۇڭگو شياڭگاڭ، جۇڭگو ئاۋمېن، ياپونىيە، كورېيە، چاۋشيەن، ۋيېتنام، لائوس، مالايشىيا، تايلاند، فىلىپپىن، كامبودژا، ئامېرىكا ۋە مىكرونېزىيە قاتارلىق 14 دۆلەت ۋە رايون ئورتاق ئوتتۇرىغا قويغان «غەربىي شىمال تىنچ ئوكيان ۋە جەنۇبىي دېڭىز رايونىدىكى تروپىك بەلباغ سىكلونى ناملىرى جەدۋىلى» ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى.

سىكلون ناملىرى جەدۋىلىدە جەمئىي 140 تروپىك بەلباغ سىكلوننىڭ نامى بار بولۇپ، بۇ جەدۋەل 14 دۆلەت ۋە رايوننىڭ ھەربىرى تەمىنلىگەن 10دىن ئىسىمنى گۇرۇپپىلاپ رەتكە تۇرغۇزۇش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان. ئۇ تەرتىپى بويىچە يىلمۇيىل ئايلاندۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا شۇ يىلدىكى تەيفېڭ نومۇرى ماسلاشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، 2004 - يىل 13 - سېنتەبىردىكى جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويى رايونلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن 21 - نومۇرلۇق تەيفېڭ بورىنىنىڭ «سەقەنقۇر» دېگەن نامىنى جۇڭگو تەمىنلىگەن.

**قۇم - بوران** قۇم - بوران دېگىنىمىز زور مىقداردىكى چاڭ - توزان، قۇم دانچىلىرىنىڭ كۈچلۈك ئۆتكۈنچى شامال ياكى بوراننىڭ ئۇچۇرۇشى بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋانى دۇغلاشتۇرۇشىدىن كېلىپ چىققان، گورىزونتال كۆرۈش ئارىلىقى 1000 مېتىردىن قىسقا بولغان ھاۋارايى ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. قۇم - بوران تۇپرىقى قۇرغاق، تۇپىسى بوش ھەم ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى يوق يەرلەردە كۆپ يۈز بېرىدىغان بولۇپ، بۇ چۆللىشىشنىڭ بىرخىل ئىپادىسىدۇر. قۇم - بوران جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىدا ئەتىياز پەسلىدە دائىم كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئادەتتە سوغۇق ھاۋا جەنۇبقا سۈرۈلگەندە، بوراننىڭ قۇم دانچىلىرىنى ئۇچۇرۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ، بەزىدە قارا قۇيۇن قاتارلىقلارمۇ قۇم - بورانلىق ھاۋارايىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئېغىر دەرىجىدىكى قۇم - بوران قۇملۇقلارنىڭ كۆچۈشى، مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ بۇزۇلۇشى، زىرائەتلەرنىڭ كۆمۈلۈپ كېتىشى، قاتناشنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۆچەت تىكىش، ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش، قۇم ۋە تۇپراقنى تۇراقلاشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار قۇم - بوران ئاپىتىنى توسۇشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ.

**قارا قۇيۇن** قارا قۇيۇن يامغۇرلۇق توپ بۇلۇتنىڭ ئاستى قىسمىدىن



قارا قۇيۇن.

ساڭگىلاپ چۈشكەن ۋارونكىسىمان (پىلىنىڭ خارتومى شەكلىدىكى) بۇلۇت تۈۋرۈكى ۋە ئۇنىڭ بىللە چىققان ئىنتايىن كۈچلۈك قۇيۇننى كۆرسىتىدۇ. قارا قۇيۇننىڭ دىيامېتىرى تەخمىنەن نەچچە مېتىردىن نەچچە يۈز مېتىرغىچە كېلىدۇ، يۆتكىلىش ئارىلىقى نەچچە يۈز مېتىردىن نەچچە مىڭ مېتىرغىچە بولىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا نەچچە ئون كىلومېتىرغىچە يېتىپ بارىدۇ. قارا قۇيۇننىڭ مەركىزىي قىسمىنىڭ ھاۋا بېسىمى ئىنتايىن تۆۋەن، مەركىزىنىڭ ئەتراپىدىكى ھاۋا بېسىمى گرادىيېنتى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. قارا قۇيۇن مەركىزىنىڭ ئەتراپىدىكى شامال سۈرئىتى ئادەتتە ھەر سېكۇنتىغا نەچچە ئون مېتىردىن يۈز نەچچە مېتىرغا يېتىدۇ. ئايرىم ئەھۋاللاردا سېكۇنتىغا 150 مېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ، ماكسىمۇم ئۆرلەش سۈرئىتى سېكۇنتىغا نەچچە ئون مېتىردىن يۈز نەچچە مېتىرغا يېتىدۇ. ۋارونكىسىمان بۇلۇت تۈۋرۈكى ئىچىنىڭ ھاۋا بېسىمى ئىنتايىن تۆۋەن بولغانلىقتىن، ناھايىتى كۈچلۈك سۈمۈرۈش كۈچى ھاسىل بولىدۇ. ۋارونكا قىسمى يەر يۈزىگە سوزۇلۇپ چۈشكەندە، زور مىقداردىكى چاڭ - توزاننى ھاۋاغا سۈمۈرۈپ چىقىپ، چاڭ - توزان تۈۋرۈكىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ

www.uyghurkitap.com

قۇرۇقلۇق قارا قۇيۇنى دەپ ئاتىلىدۇ؛ ۋارونكا قىسمى دېڭىز يۈزىگە سوزۇلۇپ چۈشكەندە، زور مىقداردىكى سۇنى سۈمۈرۈپ، سۇ تۈۋرۈكىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ سۇ قارا قۇيۇنى ياكى دېڭىز قارا قۇيۇنى دەپ ئاتىلىدۇ.

**مۆلدۈر** مۆلدۈر كۈچلۈك كونۋېكسىيەلىك بۇلۇتتىن چۈشىدىغان بىر خىل قاتتىق ھالەتتىكى ھۆل ـ يېغىندۇر. ئۇنىڭ دىيامېتىرى ئادەتتە بەش مىللىمېتىردىن 50 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ، چوڭراقلىرىنىڭ دىيامېتىرى بەزىدە 10 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇلار مۆلدۈر ياكى مۆلدۈر دانچىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مۆلدۈر دائىم زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىدىغان، ئۆيلەرنى بۇزىدىغان، ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدىغان بىر تۈرلۈك ئېغىر تەبىئىي ئاپەتتۇر. مۆلدۈر ئاپىتى ئېغىر بولىدىغان نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر سۈنئىي ئۇسۇلدا مۆلدۈردىن ساقلىنىش تەجرىبىسىنى ئىشلىدى.

مۆلدۈر كونۋېكسىيەلىك ھاۋا ئېقىمى ئالاھىدە كۈچلۈك بولغان يامغۇرلۇق توپ بۇلۇتلاردىن چۈشىدۇ. بۇ خىل بۇلۇتلارنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 5000 مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇلۇت پەللىسىنىڭ ئېگىزلىكى 12 مىڭ مېتىردىن يۇقىرى بولۇپ، تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ، ئادەتتە نۆلدىن تۆۋەن 30℃ تىن نۆلدىن تۆۋەن 40℃ قا يېتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن بولىدۇ. بۇلۇت ئىچىدىكى ئۆرلىگۈچى ھاۋا ئېقىمى ئادەتتىكى گۈلدۈرمامىلىق بۇلۇتنىڭكىدىن كۈچلۈك بولۇپ، ئادەتتە سېكۇنتىغا 20 مېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ. ھەر قېتىملىق مۆلدۈر يېغىش ۋاقتى بىرقەدەر قىسقا بولىدۇ، ئادەتتە 10 مىنۇتتىن ئۇزۇن بولمايدۇ، يېغىش ۋاقتى يېرىم سائەتتىن ئېشىپ كېتىدىغانلىرىمۇ بار.

مۆلدۈر ئاساسلىقى ئوتتۇرا كەڭلىكتىكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىدا يۈز بېرىدۇ، ئادەتتە تاغلىق رايونلاردا تۈزلەڭلىكلەردىن كۆپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقلاردا دېڭىز بويلىرىدىكىدىن كۆپ بولىدۇ. جۇڭگودا مۆلدۈر كۆپىنچە ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرىدە كۆپ يۈز بېرىدۇ. گەنسۇنىڭ جەنۇبى، شەرقىي گەنسۇ رايونى، يىنشەن تاغ تىزمىسى، تەيخاڭشەن تاغلىق رايونى ۋە سىچۈەن ئۆلكىسى، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسىم رايونلىرى مۆلدۈر ئاپىتى ئېغىرراق بولىدىغان رايونلار ھېسابلىنىدۇ.

**جۇدۇن** جۇدۇن قۇتۇپ ياكى سۇبقۇتۇپ رايونىدىن كېلىپ، ئوتتۇرا كەڭلىك ۋە تۆۋەن كەڭلىك رايونلارغا بېسىپ كىرىدىغان كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا پائالىيىتىدۇر. يۇقىرى كەڭلىك رايونلىرىدىكى قاتتىق سوغۇق ھاۋا ئالاھىدە ھاۋارايى ۋەزىيىتىدە تېزدىن كۆچىيىپ، جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، بېسىپ ئۆتكەن رايونلاردا ھەمىشە تېمپېراتۇرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك جىددىي تۆۋەنلىشىنى، بوران ۋە قار ـ يامغۇرلۇق ھاۋارايىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل كەڭ كۆلەملىك سوغۇق ھاۋا خۇددى دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان سۇدەك شىددەت بىلەن ئېقىپ كېلىدىغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنى جۇدۇن ياكى سوغۇق ئېقىم دەپ ئاتىغان.

سوغۇق ھاۋا پائالىيىتى بىر يىلدىكى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا بولىدۇ، ئەمما ھەممىلا قېتىملىق سوغۇق ھاۋا پائالىيىتى جۇدۇن دەپ ئاتالمايدۇ، پەقەت ئۇ تەرەققىي قىلىپ مەلۇم كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىگە يەتكەندىلا، ئاندىن جۇدۇن دەپ ئاتىلىدۇ. جۇڭگونىڭ مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى سوغۇق ھاۋانىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن بىر سوتكا ئىچىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ چۈشۈش دائىرىسى 10℃ تىن ئېشىپ كەتسە، ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 5℃ تىن تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسا، بۇ جۇدۇندىن سىگنال بېرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلىگەن. جۇڭگونىڭ يەر مەيدانى كەڭ، جايلارنىڭ كىلىمات پەرقى ناھايىتى چوڭ بولغانلىقتىن، ھەرقايسى ئۆلكە (شەھەر، ئاپتونوم رايون)لار يەنە رايون ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، جۇدۇن ئۆلچىمىنى مۇۋاپىق ھالدا ئۆزگەرتكەن.

جۇدۇن كۆپ ھاللاردا كەڭ دائىرىدە تېمپېراتۇرىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى، بوران، يامغۇر، قار ۋە ئۈششۈك قاتارلىق ھاۋارايىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بوران ئاپىتى ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرا ئۈششۈتۈش ئاپەتلىرىنى پەيدا قىلىپ، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا ئېغىر خەۋپلەرنى تۇغدۇرىدۇ. جۇڭگودا جۇدۇنلۇق سوغۇق ھاۋا ئاساسلىقى ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى مۇز ـ ئوكيان ھاۋا ماسسىسى ۋە غەربىي سىبىرىيە بىلەن موڭغۇلىيە ئەتراپىدىكى قۇرۇقلۇق ھاۋا ماسسىسىدىن كېلىدۇ. قىشلىق يېرىم يىلدا جۇڭگودا ئوتتۇرىچە 4 كۈندىن 7 كۈنگىچە بىر قېتىم سوغۇق ھاۋا پائالىيىتى بولىدۇ، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى جۇدۇن ئۆلچىمىگە يېتىدىغىنى شىمالىي قىسىمدا تەخمىنەن 10 قېتىم، جەنۇبىي قىسىمدا 4 ~ 5 قېتىم بولىدۇ.

**شۇرمەل تاشقىنى** 1951 ـ يىلى ئەتىيازدا جۇڭگونىڭ شەندۇڭ رايونىدا 30 يىلدا كۆرۈلۈپ باقمىغان قاتتىق سوغۇق بولۇپ، خۇاڭخې دەرياسىدا نەچچە ئون كىلومېتىر كېلىدىغان چوڭ مۇز تاغ ۋە مۇز توسمىسىنى پەيدا قىلدى، بۇ دەريا يولىنى توسىۋېلىپ، 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ لىنجىنۇاڭ دېگەن يېرىدە يار ئېلىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ قېتىمقى خۇاڭخې دەرياسىدا يار ئېلىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان «جىنايەتچى» دەل شۇرمەل تاشقىنىدۇر.

سوغۇق جايلاردىكى دەريالاردا قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە مۇز پارچىلىرى توسۇۋېلىش سەۋەبىدىن سۇ ئورنىنىڭ جىددىي ئۆرلەپ كېتىش

ھادىسىسى شۇرمەل تاشقىنى دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە يۇقىرى ئېقىنى تۆۋەنرەك كەڭلىكتە، تۆۋەن ئېقىنى يۇقىرىراق كەڭلىكتە جايلاشقان دەريالاردا ھەر قېتىم قىشلىق سۇ توڭلاشقا باشلىغان ياكى ئەتىيازدا مۇزلار ئېرىشكە باشلىغاندا، تۆۋەن ئېقىنىدىكى دەريا يۈزىدە مۇز تۇتۇپ، يۇقىرى ئېقىنىدىن كېلىۋاتقان سۇلار مۇز پارچىلىرىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە بۇ يەرگە ئېقىتىپ كېلىپ مۇز توسمىلىرىنى ھاسىل قىلىپ، دەريا سۈيىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كېتىش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جۇڭگودا شۇرمەل تاشقىنى ئاساسلىقى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى لەنجۇدىن باۋتوغىچە بولغان بۆلىكىدە ۋە تۆۋەن ئېقىنىدىكى لەنكاۋدىن دەريا ئېغىزىغىچە بولغان بۆلىكىدە يۈز بېرىدۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى خەلق شۇرمەل تاشقىنىنىڭ خەۋپىگە قارىتا كۆپ خىل مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قاش قۇرۇلۇشى، شۇرمەل تاشقىنىنىڭ دەريادىن تېشىپ چىقىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى قىلىپلا قالماستىن، يەنە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئېقىنلىرىدا نۇرغۇنلىغان چوڭ تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈن قۇرۇلۇشلىرىنى قىلدى. بۇلار شۇرمەل تاشقىنىنىڭ يۈز بېرىشىنى تىزگىنلەشتە مۇھىم رول ئوينىدى. ھەر قېتىملىق شۇرمەل تاشقىنى پەسلى يېتىپ كەلگەندە، جايلار يەنە شۇرمەل تاشقىنىدىن مۇداپىئە كۆرۈش مەخسۇس قوشۇنىنى تەشكىللەپ، مۇز ۋە سۇ رايىنى نازارەت قىلىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئايروپىلان، زەمبىرەك ۋە پارتلاتقۇچ دورا قاتارلىقلارنى ئىشقا سېلىپ مۇز توسمىسىنى پارتلىتىپ، شۇرمەل تاشقىنىنىڭ ئاپەت پەيدا قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆردى.

**توك يامغۇر ۋە ياغمىلاق** توك يامغۇر زىيادە سوۋۇغان سۇ تامچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان، تېمپېراتۇرىسى 0℃ تىن تۆۋەن جىسىملارغا سوقۇلغاندا دەرھال توڭلايدىغان ھۆل ـ يېغىندىن ئىبارەت. تېمپېراتۇرىسى 0℃ تىن تۆۋەن بولغان يامغۇر تامچىلىرى 0℃ تىن سەل تۆۋەن بولغان ھاۋادا زىيادە سوۋۇغان ھالەتنى ساقلاپ تۇرالايدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئادەتتىكى يامغۇر تامچىسىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ تېمپېراتۇرىسى 0℃ تىن تۆۋەن بولغان جىسىملارغا چۈشكەندە دەرھال توڭلاپ، سىرتقى يۈزى سىلىق ۋە سۈزۈك مۇز قەۋىتىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ ياغمىلاق دەپ ئاتىلىدۇ. ئېغىر ياغمىلاق دەرەخلەرنى، سىم تاناب تۈۋرۈكلىرىنى سۇندۇرۇپ، خەۋەرلىشىش، توك يەتكۈزۈشنى ئۈزۈپ قويىدۇ، تاشيول ۋە تۆمۈريول قاتناشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدۇ.



زىيادە سوۋۇغان يامغۇر تامچىلىرى دەرەخ شاخلىرىغا سوقۇلغاندا توڭلاپ ھاسىل بولغان ياغمىلاقنىڭ سىرتى سىلىق ھەم سۈزۈك بولىدۇ، دائىم بىر تەرەپتىن ئېرىپ بىر تەرەپتىن توڭلاپ، ئۇزۇن مۇز چوكىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

**ئېلنىنو** 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، ھەرخىل ئاخبارات ۋاستىلىرى ئېلنىنو دېگەن كىلىماتولوگىيەلىك ئاتالغۇغا ناھايىتى دىققەت قىلىپ كەلدى. نۇرغۇنلىغان كىلىمات ھادىسىلىرى ۋە ئاپەتلەر تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئېلنىنو بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ھىندونېزىيەدىكى ئورمانغا ئوت كېتىش، برازىلىيەدىكى قارا يامغۇر، شىمالىي ئامېرىكىدىكى كەلكۈن ۋە چوڭ قار، ئافرىقىدىكى قۇرغاقچىلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلنىنو كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئېلنىنو «ئاپەت»نىڭ يەنە بىرخىل ئاتىلىشى بولۇپ قالدى.

«ئېلنىنو»نىڭ ئەسلىي مەنىسى «مۇقەددەس بوۋاق» بولۇپ، پېرۇ ۋە ئېكۋاتور دېڭىز قىرغىقىدا ھەر يىلى روژدېستۋو بايرىمىدىن كېيىنكى يىلى 3 ـ ئايغىچە دېڭىز بويىدىكى سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىش ھادىسىسىنى كۆرسەتتى. ھازىر ئېكۋاتورنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىدىكى پاسسات شامىلى ئادەتتىن تاشقىرى ئاجىزلىغاندا، ئېكۋاتور ئەتراپىدىكى تىنچ ئوكيان دېڭىز يۈزىنىڭ شەرقى پەس، غەربى ئېگىز ۋەزىيىتىنى ساقلاپ تۇرىدىغان مېخانىزم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، غەربىي تىنچ ئوكياندىكى ئىللىق دېڭىز سۈيىنىڭ شەرققە قاراپ ئېقىپ، ئېكۋاتورنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمىدىكى تىنچ ئوكيان يۈزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىللىپ كېتىش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئېكۋاتورنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمىدىكى تىنچ ئوكيان دېڭىز يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 0.5℃ يۇقىرىلاپ، بۇ ھالەت ئالتە ئايدىن ئارتۇق داۋاملاشسا، بىر قېتىملىق ئېلنىنو ھادىسىسى يۈز بەردى دېيىلىدۇ.

دېڭىز يۈزى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى دېڭىز سۈيى ئۇستىدىكى ئاتموسفېرا تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىپ، ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىمىنىڭ نورماللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ كىلىماتىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئېلنىنو ھادىسىسى يۈز بەرگەندە، دۇنيادىكى نۇرغۇن جايلاردا سوغۇق ياز، ئىللىق قىش، قۇرغاقچىلىق، قارا يامغۇر قاتارلىق نورمالسىز كىلىمات كۆرۈلىدۇ.

**لانىنا** لانىنا ئىسپان تىلىدا «كىچىك قىزچاق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مېتېئورولوگ ۋە ئوكيانشۇناسلار بۇ ئارقىلىق مەخسۇس ئېكۋاتوردىكى تىنچ ئوكياننىڭ شەرقىي ئوتتۇرا قىسمىدىكى دېڭىز سۈيىنىڭ كەڭ دائىرىدە سىجىل ئادەتتىن تاشقىرى سوۋۇپ كېتىش (دېڭىز يۈزى تېمپېراتۇرىسى ئوتتۇرىچە كىلىمات قىممىتىدىن 0.5℃ تىن تۆۋەنلەپ، ئالتە ئايدىن ئارتۇق داۋاملىشىدىغان) ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. لانىنا يەنە ئانتىئېلنىنو ھادىسىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېلنىنو بىلەن لانىنا ھادىسىسى ئادەتتە گىرەلىشىپ يۈز بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ كىلىماتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئاساسىي جەھەتتىن قارىمۇقارشى بولۇپ، ئوكيان بىلەن ئاتموسفېرا ئوتتۇرىسىدا ئېنېرگىيە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ئاتموسفېرانىڭ ئايلانما ئېقىمىنى ئۆزگەرتىپ، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## شەھەر ئىسسىق ئاراللىق ئېففېكتى

ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ كىلىماتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى شەھەر كىلىماتىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. شەھەرلەردە نوپۇس زىچ، ئېگىز بىنالار قاتار كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللار كۆپ، زاۋۇتلار، ئاپتوموبىللار، ھاۋا تەڭشەگۈچ ۋە ئائىلىلەردىكى ئوچاقلار ھەم مېھمانخانىلار زور مىقداردا ئېنېرگىيە سەرپ قىلىدۇ. بۇلار ئاتموسفېرانى بۇلغاشتىن باشقا، يەنە زور مىقداردىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى ئاتموسفېراغا قويۇپ بېرىپ، شەھەرلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى شەھەر ئەتراپىنىڭكىدىن 0.5℃ ~ 1℃ قىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۆرلىتىۋېتىدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ ماكان جەھەتتىكى تارقىلىشىدا، شەھەرلەر خۇددى ئىللىق ئاراللارغا ئوخشاپ قالىدۇ. شەھەرلەرنىڭ ئىسسىق ئاراللىق ئېففېكتىنى يەڭگىللىتىشتە، شەھەرلەردە كۆپ مەنبەلىك كۆكەرتىش قۇرۇلمىسى ۋە شەكلىنى يولغا قويۇش كىشىلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى. نۇرغۇن شەھەرلەر ئىستېرېئولۇق كۆكەرتىش ئارقىلىق مۇھىتنى ياخشىلاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، «بىنا ئۈگزىلىرىنى كۆكەرتىش» ۋە «شەھەرنى ئىستېرېئولۇق كۆكەرتىش» قاتارلىقلارنى كەينى - كەينىدىن ئوتتۇرىغا قويدى. ئىستېرېئولۇق كۆكەرتىپ شەھەر ئېكولوگىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى بەلگىلەپ، شەھەرلەردىكى كۆكەرتىلگەن يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى ۋە كۆرگىلى بولىدىغان سانىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## جۇڭگو كىلىماتىدىكى ئەڭ ...

جۇڭگونىڭ يېرى كەڭ، يەر شەكلى مۇرەككەپ، ھاۋارايى پەرقى ناھايىتى چوڭ. ئېكۋاتور كىلىماتىدىن ئېگىز تاغ ۋە سوغۇق بەلباغ كىلىماتىغىچە، تروپىك يامغۇرلۇق ئورمان كىلىماتىدىن قۇرغاق چۆل كىلىماتىغىچە بولغان كۆپ خىل كىلىمات بەلباغلىرى ۋە تەبىئىي لاندشافتلار كەڭ تارقالغان.

موخې بازىرى جۇڭگونىڭ ئەڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇڭگودىكى قىشلىقى ئەڭ سوغۇق بولىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە بىر يىل ئىچىدە قىش پەسلى سەككىز ئاي ئەتراپىدا بولىدۇ، ئەتىياز ۋە كۈز پەسلى قىسقا بولۇپ، ياز پەسلى ئىككى ئايغىمۇ يەتمەيدۇ. 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 30℃ - تىن تۆۋەن بولىدۇ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 52.3℃ - قا چۈشكەن. قىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە يەر - زېمىننى قار قاپلاپ، يەرلەر ئىنتايىن قاتتىق توڭلاپ كېتىدۇ. توڭ تۇپراقنىڭ قېلىنلىقى 2 ~ 3 مېتىرغا يېتىدۇ. بۇ جايغا ئەمدىلا كەلگەن كىشىلەر دائىم قۇتۇپ رايونىغا كېلىپتۇق، دەپ خاتا تونۇپ قالىدۇ.

«ئاتەش جاي» دەپ نامى بار تۇرپان ئويمانلىقى جۇڭگونىڭ «ئىسسىق قۇتۇپى»دۇر. 1975 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تۇرپان خەلق ئاۋىياتسىيە ئايرودرومىدا 49.6℃لۇق مەملىكەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئۆلچەپ ئېلىنغان. بۇ يەرنىڭ 7 - ئايدىكى سوتكىلىق ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 33℃ تىن ئېشىپ كېتىدۇ، 40℃ تىن يۇقىرى بولىدىغان ھاۋارايى ئوتتۇرىچە 28 كۈن بولىدۇ.

جۇڭگودىكى ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ھەرقايسى جايلارنىڭ دېڭىزغىچە بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراق - يېقىنلىقى بىلەن ناھايىتى چوڭ مۇناسىۋىتى بار. دېڭىزغا يېقىن شەرقىي جەنۇبىي رايونلاردا يامغۇر كۆپ، دېڭىزغا يىراق غەربىي شىمالىي رايونلاردا يامغۇر ئاز ياغىدۇ. گۆھەر ئارال تەيۋەن شەرقىي دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقتىن، ھۆل - يېغىنى ئەڭ كۆپ ئۆلكە ھېسابلىنىدۇ. جۇملىدىن جىلۇڭنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى خوشاۋلياۋنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 6576 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. 1912 - يىلى ھەتتا 8408 مىللىمېتىرغا يېتىپ، جۇڭگونىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق «يامغۇر قۇتۇپى» غا ئايلانغان. شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە چەيدام ئويمانلىقى جۇڭگودىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى ئەڭ ئاز رايونلار ھېسابلىنى-

دۇ. دېڭىزدىن ناھايىتى يىراق، يەر شەكلى يېپىق ھالەتتە بولغانلىقتىن، سۇ پارلىرى بۇ جايلارغا ناھايىتى تەستە كىرىدۇ. كۆپىنچە جايلىرىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاران 25 ~ 50 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى توقسۇن پونكىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى پەقەت 6.9 مىللىمېتىر كېلىدۇ، بەزىدە ھەتتا يىل بويى يامغۇر ياغمايدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھۆل - يېغىن تېخىمۇ ئاز بولۇپ، بۇ جاي جۇڭگونىڭ ھەقىقىي «قۇرغاق قۇتۇپى» دۇر.

**دۇنيا كىلىماتىدىكى ئەڭ ...** دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىسسىق جاي ئېكۋاتوردا ئەمەس، مەسىلەن، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئېكۋاتورنىڭ پايتەختى كىتو گەرچە ئېكۋاتورغا جايلاشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ جاينىڭ تۆت پەسلى باھارغا ئوخشايدۇ. سوتكىلىق مۇتلەق ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدىن قارىغاندا، يەر شارىدىكى ئەڭ ئىسسىق جاي ئافرىقىدىكى لىۋىيەنىڭ ئەزىزىيە بولۇپ، بۇ جاي شىمالىي كەڭلىك 32°32′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 13°01′قا جايلاشقان. 1922 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئامېرىكا دۆلەتلىك جۇغراپىيە ئىلمى جەمئىيىتى بۇ يەردە 57.8℃ لۇق ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگەن، بۇ تا بۈگۈنگە قەدەر دۇنيا بويىچە ئۆلچەپ ئېلىنغان ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى خاتىرىسىدۇر. بۇنىڭ بىلەن ئەزىزىيە دۇنيانىڭ «ئىسسىق قۇتۇپى»غا ئايلانغان. بۇ يەردىكى يەرلىك خەلق تېخى قۇياش نۇرىدا تام ئۈستىدە چەلپەك پىشۇرۇپ يەيدۇ.

جەنۇبىي قۇتۇپ بىلەن شىمالىي قۇتۇپىنى يەر شارىدىكى ئەڭ سوغۇق رايونلار دېيىش ئاساسىي جەھەتتىن خاتا ئەمەس، ئەمما بۇنى تازا توغرا دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. رۇسىيەنىڭ شەرقىي سىبىرىيەدىكى ئويمياكون بىلەن ۋېرخويانىسكىنىڭ دۇنيانىڭ «مۇزخانىسى» دېگەن نامى بار. بۇ جاينىڭ مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 71℃ - بولۇپ، شىمالىي يېرىم شار بويىچە ئەڭ سوغۇق جاي ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەنىلا دۇنيا بويىچە ئەڭ سوغۇق جاي ئەمەس. 1960 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىي قۇتۇپ چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش پونكىتى — «شەرق پونكىتى» دا 88.3℃ـلۇق تۆۋەن تېمپېراتۇرا خاتىرىلەنگەن، مانا بۇ يەر شارىدىكى ھەقىقىي «سوغۇق قۇتۇپ» تۇر.

ھىمالايا تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىغا جايلاشقان ھىندىستاننىڭ كىچىك بازىرى چىرابونچىدا 1961 - يىلى يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 26461 مىللىمېتىرغا يەتكەن دۇنيا رېكورتى بار، بۇ جاي دۇنيانىڭ «يامغۇر قۇتۇپى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر بازارنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارىمۇ 11500 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، بۇ دۇنيادىكى يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئەڭ كۆپ رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تىنچ ئوكيانىنىڭ ئوتتۇرا شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان ھاۋاي تاقىم ئاراللىرىدىكى ۋايئالېئال چوققىسىنىڭ شىمالغا يۈزلىنىپ تۇرغان يانباغرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقداى 11684 مىللىمېتىرغا يېتىدىغان بولۇپ، بۇ دۇنيا بويىچە يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى ئەڭ كۆپ جاي ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا كىشىلەر بۇ جايغا دۇنيانىڭ «نەم قۇتۇپى» دەپ نام بەرگەن. تىنچ ئوكيانىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى چىلىنىڭ ئاتاكاما قۇملۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بەزى رايونلار دۇنيا بويىچە يامغۇر مىقدارى ئەڭ ئاز جاي بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 9 مىللىمېتىر كېلىدۇ، كىلىماتى قاتتىق ئىسسىق ھەم قۇرغاق بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ كىلىماتى تىروپىك قۇملۇق (چۆل) كىلىماتىغا ياتىدۇ. بۇ يەردىكى دېڭىز ساھىلى شەھىرى ئىكىكېنىڭمۇ 14 يىل يامغۇر ياغمىغان خاتىرىسى بار. بۇ جايدا ئاندېس تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن دەريالارنىڭ سۈيى بولسىمۇ، سۇ مىقدارى چەكلىك بولۇپ، تاغدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قۇملۇقتا غايىب بولىدۇ. شۇڭا بۇ جاينىڭ دۇنيانىڭ «قۇرغاق قۇتۇپى» دېگەن نامى بار.

## بايلىق

**تەبىئىي بايلىقلار** تەبىئىي بايلىق تەبىئەت دۇنياسىدا مەۋجۇت بولغان ھەمدە ئىنسانلار پايدىلىنالايدىغان بارلىق ماددىلار ۋە ئېنېرگىيەلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تەبىئىي مۇھىتنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى بولۇپ، ئاساسلىقى يەر بايلىقى، سۇ بايلىقى، كىلىمات بايلىقى، جانلىقلار بايلىقى، كان بايلىقى ۋە دېڭىز - ئوكيان بايلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەرخىل تەبىئىي بايلىقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئوخشاشمايدۇ. بەزىلىرى قايتا ھاسىل بولمايدىغان بايلىققا تەۋە. بۇ خىل بايلىقلار ئاساسلىقى ھەر خىل قېزىلما بايلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلار ئۇزاق گېئولوگىيەلىك دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتكەن ۋە بەلگىلىك شارائىتتىنى ھازىرلىغاندىلا ھاسىل بولالايدۇ. ئىنسانلارنىڭ قىسقىغىنە تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنى قايتا ھاسىل بولمايدىغان بايلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ. بەزىلىرى قايتا ھاسىل بولىدىغان بايلىققا تەۋە. بۇ خىل بايلىقلار ئاساسلىقى جانلىقلار (بىيولوگىيەلىك) بايلىقلىرىدىن ئىبارەت. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىدىغان مۇھىتى بۇزغۇنچىلىققا ياكى بۇلغىنىشقا ئۇچرىمىغان بول-

سىلا، ئۇلار ئۇزلۇكسىز تۈردە يېڭىلىنىپ ئۆسىدۇ ۋە كۆپىيەلەيدۇ. يەنە بەزى بايلىقلار، مەسىلەن، سۇ بايلىقى، يەر بايلىقى ۋە كىلىمات بايلىقى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، جايىدا مۇھاپىزەت قىلىنسىلا، دەۋرىيلىك ھالدا قايتا پەيدا بولۇپ تۇرالايدۇ ۋە ئۇزلۇكسىز يېڭىلىنىپ تۇرالايدۇ. شۇڭا ئۇلار جانلىقلار بايلىقىغا ئوخشاش قايتا ھاسىل بولىدىغان بايلىقلارغا مەنسۇپ.

**قېزىلما بايلىقلار** قېزىلمىلار (كان مەھسۇلاتلىرى) يەر پوستىغا توپلاشقان ياكى يەر يۈزىگە ئاشكارا چىقىپ تۇرغان، ئىنسانلار ئېچىپ پايدىلىنالايدىغان مىنېراللارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. قېزىلمىلار بىرخىل مۇھىم تەبىئىي بايلىق، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ماددىي ئاساسىدۇر. بىر دۆلەتنىڭ قېزىلما بايلىقلىرىنى ئېچىپ پايدىلىنىش دەرىجىسىنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەزكۇر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ بەلگىسى قىلىشقا بولىدۇ. قېزىلما بايلىقلار قايتا ھاسىل بولمايدىغان بايلىققا تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىقدارى چەكلىك. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىپ پايدىلىنىشقا ئەگىشىپ، بەزى كان تۈرلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى، ھەتتا تۈگەپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

ئەمما، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ قېزىلما بايلىقلارنى چارلاپ تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى كۈندىن ـ كۈنگە چوڭقۇرلىشىپ، بايلىق زاپاس مىقدارى ئېشىپ بارىدۇ. ئىنسانلار بەزى تۈگەپ كېتىۋاتقان قېزىلما بايلىقلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان يېڭى بايلىقلارنى ئىزدىمەكتە.

**ئېنېرگىيە بايلىقى** ئېنېرگىيە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرىنىڭ بىرى. ئىنسانلارنىڭ ئوتۇن ـ پاخاللاردىن پايدىلىنىشتىن سۇ ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىشقا، كۆمۈر ـ نېفىت ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىشتىن يادرو ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىشقا قاراپ ھاسىل قىلغان ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى بۆسۈشلىرى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

مەلۇم شەكىلدىكى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغانلىكى ماددىلار ياكى ماددىلار ھەرىكىتى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئېنېرگىيە مەنبەسى دەپ ئاتىلىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئېنېرگىيە بايلىقلىرى ھاسىل بولۇش ۋە كېلىپ چىقىش مەنبەسىگە ئاساسەن، ئادەتتە ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ: بىرىنچى تۈردىكىسى قۇياش رادىياتسىيەسىدىن كېلىدىغان ئېنېرگىيەلەر؛ ئىككىنچى تۈردىكىسى يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن كېلىدىغان ئېنېرگىيەلەر، مەسىلەن، يەر ئىسسىقلىقى، يادرو ئېنېرگىيە بايلىقى قاتارلىقلار؛ ئۈچىنچى تۈردىكىسى ئاي ۋە قۇياشنىڭ يەر شارىغا بولغان تارتىش كۈچىدىن ھاسىل بولىدىغان دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ـ پەسىيىش ئېنېرگىيەسى.

كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، سۇ ئېنېرگىيەسى، شۇنىڭدەك جانلىقلار ئېنېرگىيەسى قاتارلىقلار كۆپ يىللاردىن بۇيان كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىۋاتقان ئېنېرگىيەلەر بولۇپ، بۇلار ئادەتتىكى ئېنېرگىيەلەر دەپ ئاتىلىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇزلۇكسىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلىشكە باشلىغان ئېنېرگىيەلەر، مەسىلەن، يادرو ئېنېرگىيەسى، يەر ئىسسىقلىقى، دېڭىز ـ ئوكيان ئېنېرگىيەسى، قۇياش ئېنېرگىيەسى، پاتقاق گازى قاتارلىقلار ياكى ئىلگىرى ئىشلىتىلىپ كېيىن ئورنىنى باشقىسى ئىگىلىگەن، ھازىر يەنە يېڭى پايدىلىنىش شەكلىگە ئىگە بولغان ئېنېرگىيەلەر، مەسىلەن، تولۇق ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىۋاتقان شامال ئېنېرگىيەسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ئېنېرگىيەلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

**يەر بايلىقى** يەر قۇرۇقلۇقنىڭ سىرتقى قەۋەت قىسمىدۇر. يەر بايلىقى ھازىر ۋە يېقىن كەلگۈسىدە بەلگىلىك شارائىتتا ئىنسانلار ئېچىپ پايدىلىنالايدىغان يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. يەر بايلىقى يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرسەتمەيدۇ. يەر تەبىئىي خاسلىققا ۋە ئىجتىمائىي خاسلىققا ئىگە. بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدە قۇتۇپ، ئېگىز تاغلار، چۆللەر، سازلىقلاردىن پايدىلىنىش تەس، بۇ جايلارنى ۋاقىتىنچە يەر بايلىقى دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

**ئورمان بايلىقى** ئورمان بايلىقى ئورمان يەرلىرى ۋە ئورمان يەرلىرىدىكى ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەر، شۇنىڭدەك ئورمان يەرلىرى مۇھىتىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئورمان يەرلىرى بولسا ئورمان يەرلىرى، شالاڭ ئورمانلىق يەرلەر، ئورمانغا باب كېلىدىغان يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئورمان ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە ئورمانلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان جانلىقلار بايلىقى بولۇپلا قالماستىن، ئاتموسفېرادىكى ئوكسىگېن مىقدارىنى تەڭشەيدىغان، كىلىماتنى تەڭشەيدىغان، ھاۋانى ساپلاشتۇرىدىغان، سۇ مەنبەلىرىنى پەرۋىش قىلىدىغان، سۇ ـ تۇپراقنى ساقلايدىغان مۇھىت بايلىقىدۇر. يەنە شۇنداقلا ھەرخىل گۈزەل، كۆركەم مەنزىرىلەرنى ئاتا قىلىدىغان ساياھەت بايلىقىدۇر. ئورمان بايلىقىنى قوغداش، مەڭگۈ ئىشلىتىش ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇنىڭدىن باشقا ئورماننىڭ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش، شاۋقۇننى ئاجىزلاشتۇرۇش، ياۋايى ھايۋانلارنى ياشاش ماكانى بىلەن تەمىنلەش قاتار-



www.uyghurkitap.com

لىق جەھەتلەردىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان رولى بار. شۇڭلاشقا بەزىلەرنىڭ ئورماننى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ باش باشقۇرغۇچىسى دېيىشى خاتا ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئورمان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، پۈتكۈل ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، مۇھىتنى ناچارلاشتۇرىدۇ، كۆپ خىل تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قىسقىسى، ئورمان ھەم بىر يېشىل خەزىنە، ھەم ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنىڭ يېشىل قوغدىغۇچىسىدۇر.

**ئوتلاق بايلىقى** ئوتلاق بايلىقى تىروپىك بەلباغ ئوتلاقلىرى ۋە مۆتىدىل بەلباغ ئوتلاقلىرىنى، شۇنداقلا ئېگىز تاغ چىملىقلىرى بىلەن دەريا چىملىقلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوتلاق ۋە چىملىقلارنىڭ ھەممىسى چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئىنسانلارنى زور مىقداردىكى ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك بايلىقى بىلەن تەمىنلەيدۇ. دۇنيادىكى ئوتلاقلارنىڭ كۆلىمى دۇنيا قۇرۇقلۇق كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 20% نى ئىگىلەيدۇ. ئافرىقا، جەنۇبىي ئامېرىكا، ئوكيانىيەلەردە كۆلىمى كەڭ كەتكەن تىروپىك بەلباغ ئوتلاقلىرى بار. مۆتىدىل بەلباغ ئوتلاقلىرى ئاساسلىقى ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىگە تارقالغان، جۇڭگو، ئارگېنتىنا، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، رۇسىيە، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوتلاق بايلىقى مول دۆلەتلەردۇر.

جۇڭگونىڭ ئوتلاق بايلىقى مول بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەرخىل ئوتلاقلارنىڭ كۆلىمى 400 مىليون گېكتارغا يېتىدۇ، بۇ دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 300 مىليون گېكتارغا يېتىدۇ، بۇ تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

**سۇ بايلىقى** يەر شارىدىكى سۇ بايلىقى يەر شارىنىڭ سىرتقى قەۋىتىدىكى ئىنسانلار پايدىلىنالايدىغان سۇلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سۇنىڭ مىقدارى (ماسسىسى)، سۇ رايونى ۋە سۇ ئېنېرگىيەسى بايلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئادەتتە ھەر يىلى يېڭىلىنالايدىغان سۇ مىقدارى بايلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، گىدروسفېرادىكى سۇ مىقدارىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. دېڭىز سۈيى تۇزلۇق سۇ بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىۋاسىتە پايدىلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئادەتتە دېيىلىۋاتقان سۇ بايلىقى ئاساسلىقى قۇرۇقلۇقتىكى تاتلىق سۇ بايلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇرۇقلۇقتىكى تاتلىق سۇ بايلىقىنىڭ زاپىسى 35 مىليون كۇب كىلومېتىر بولۇپ، پەقەت يەر شارىدىكى سۇنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 2.53% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ كۆپ قىسمى قاتتىق ھالەتتىكى مۇزلۇقلار بولۇپ، ئاساسلىقى جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپ رايونىغا تارقالغان. بۇ مۇزلۇقلاردىن نۆۋەتتىكى تېخنىكا سەۋىيەسى بىلەن پايدىلىنىش تەس. سۇيۇق ھالەتتىكى سۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چوڭقۇر قەۋەتتىكى يەر ئاستى سۇلىرى بولۇپ، ئۇلارمۇ ناھايىتى ئاز ئېچىپ پايدىلىنىلىۋاتىدۇ. ئىنسانلار بىر قەدەر ئوڭاي پايدىلىنالايدىغان تاتلىق سۇ بايلىقى ئاساسلىقى دەريا سۇلىرى، كۆل سۇلىرى ۋە تېيىز قەۋەتتىكى يەر ئاستى سۇلىرىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ زاپىسى يەر شارىدىكى تاتلىق سۇ ئومۇمىي زاپىسىنىڭ تەخمىنەن 30.4% نى ئىگىلەيدۇ.

**سۇ ۋە سۇنىڭ ئايلىنىشى** سۇ بارلىق ئورگانىك جىسىملارنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ مېتابولىزمدا كەم بولسا بولمايدىغان ماددا، يەر شارىدىكى بارلىق جانلىقلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان زەنجىر، شۇنداقلا ئىنسانلار تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان قىممەتلىك بايلىقتۇر. شۇڭا، سۇنى يەر شارىدىكى ھاياتلىقنى پەيدا قىلغان ھەمدە ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرغۇزۇۋاتقان ئەڭ ئاساسلىق ئامىل دېيىشكە بولىدۇ.

سۇ يەر شارى سىرتقى يۈزىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسلىق ماددىلارنىڭ بىرى بولۇپ، گاز، سۇيۇقلۇق ۋە قاتتىق ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يۈزەكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يەر شارىدىكى سۇنىڭ ئومۇمىي زاپاس مىقدارى تەخمىنەن 1 مىليارد 386 مىليون كۇب كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ دېڭىز ـ ئوكيان، قۇرۇقلۇق ۋە ئاتموسفېرادىكى سۇلارنى ھەمدە يەر ئاستى سۇلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ① دېڭىز ـ ئوكيان سۇلىرى يەر شارى سىرتقى يۈزىدىكى ئاساسلىق سۇ بولۇپ، ئومۇمىي ھەجمى تەخمىنەن 1 مىليارد 338 مىليون كۇب كىلومېتىر كېلىدۇ، يەر شارىدىكى ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ 96.5% نى ئىگىلەيدۇ. ② قۇرۇقلۇقنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى سۇلار قۇرۇقلۇقتىكى ھەرخىل ئېقىن سۇ ۋە توختام سۇلارنى، مەسىلەن، دەريا، كۆل، سازلىقلار ۋە سوغۇق رايونلاردىكى مۇزلۇقلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەجمى 48 مىليون كۇب كىلومېتىر كېلىدۇ، يەر شارىدىكى ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 1.7% نى ئىگىلەيدۇ. ③ بۇلۇت، تۇمان قاتارلىق شەكىللەردە ئاتموسفېرادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاتموسفېرا سۇلىرىنىڭ مىقدارى ناھايىتى ئاز، ئەمما ئۇلار بۇلۇتتا ئايلىنىپ يامغۇر ھاسىل قىلالايدۇ، بۇ يەر شارىدىكى سۇلارنىڭ ئاساسلىق يۆتكىلىش شەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر. ④ تاغ جىنسلىرىدا ۋە تۇپراقتىكى يوچۇقلار، ئۆڭكۈرلەردىكى سۇلار يەر ئاستى سۇلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار يەر شارىدىكى زاپاس سۇ مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 1.7% نى ئىگىلەيدۇ، گەرچە مىقدارى ناھايىتى

ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاقتىن بۇيان ئىزچىل تۈردە ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق ئېچىپ پايدىلىنىش ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن.

يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى سۇلار باشتىن ـ ئاخىر ئۈزلۈكسىز تۈردە قانۇنىيەتلىك ھالدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. پارغا ئايلىنىش سۇنىڭ ئايلىنىشىدىكى ئاساسلىق ھالقىلارنىڭ بىرى بولۇپ، قۇرۇقلۇقتىكى بارلىق دەريا ـ كۆللەرنىڭ سۇ يۈزى، يەر يۈزى ۋە ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەنلىرىدىكى سۇلار دائىم پارلىنىپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، كۆرگىلى بولمايدىغان سۇ پارلىرىغا ئايلىنىدۇ. سۇ پارلىرى ھاۋادا يەنە كوندېنساتسىيەلىشىپ بۇلۇت ياكى تۇمانغا، ئاندىن كېيىن يامغۇر ياكى قارلارغا ئايلىنىپ يەر يۈزىگە چۈشىدۇ. ھۆل ـ يېغىن سۇلىرى تۇپراققا سىڭىپ كىرىدۇ، دەريالارغا ئېقىپ كىرىدۇ ياكى قايتىدىن ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. يەرگە قايتىپ كەلگەن سۇلار كېيىن يەنە پارلىنىپ، سۇ تامچىلىرىغا ئايلىنىپ ھاۋادا لەيلەپ يۈرىدۇ. مۇشۇنداق دەۋرىيلىنىپ، سۇنىڭ ئايلىنىشى توختىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىپايان دېڭىز يۈزىدىمۇ زور مىقداردىكى سۇلار پارغا ئايلىنىدۇ ھەمدە ھۆل ـيېغىن شەكلىدە دېڭىزغا قايتىپ كېلىدۇ. دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ ئۈستىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا ھەر يىلى زور مىقداردىكى سۇ پارلىرى بۇلۇت بىلەن بىللە ئۈزۈپ، قۇرۇقلۇقنىڭ ئۈستىگە قاراپ سۈرۈلىدۇ، ئاندىن يامغۇر ۋە قار شەكلىدە قۇرۇقلۇق يۈزىگە چۈشىدۇ. ھەر يىلى دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن قۇرۇقلۇققا يۆتكەلگەن سۇلار يەنە دەريا ئارقىلىق دېڭىز ـ ئوكيانلارغا قويۇلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، يەر شارىدىكى ھەرخىل سۇلۇقلارنىڭ سۇ مىقدارى ھەر يىلى نىسپىي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ.

**دەريالار** ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر سالساق، دۇنيادىكى مەدەنىيىتى بالدۇرراق راۋاجلانغان رايونلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چوڭ دەريالار بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇنىڭدىن 5000 ~ 6000 يىل بۇرۇن خۇاڭخې، چاڭجياڭ دەريالىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. مىسىردىكى نىل دەرياسى، غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى تىگرىس دەرياسى ۋە ئېفرات دەرياسى، ھىندى دەرياسى ۋە گانگ دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدۇر.

دەريا ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىدە يەر يۈزىدىكى سىزىقسىمان ئوقۇر ئىچىگە توپلانغان دائىملىق ياكى دەۋرىيلىك تەبىئىي سۇ يولىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. دەريالار دائىملىق ياكى ۋاقىت خاراكتېرلىك بولىدۇ. يامغۇر سۇلىرى، مۇز ـ قارلارنىڭ ئېرىگەندى سۇلىرى، يەر ئاستى سۇلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دەريا سۈيىنىڭ مەنبەسى بولالايدۇ.

ھەربىر دەريانىڭ مەنبەسى ۋە ئېغىزى بولىدۇ. دەريا مەنبەسى دەريا ئېقىنىنىڭ باشلىنىش جايىنى كۆرسىتىدۇ. دەريالار مۇزلۇقلار، كۆللەر، سازلىقلار ۋە بۇلاقلاردىن باشلىنىشى مۇمكىن. دەريا ئېغىزى دەريا ئېقىنىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى، يەنى دەريا ئېقىنىنىڭ دېڭىز ـ ئوكيانلارغا، دەريالارغا، كۆل ياكى سازلىقلارغا قويۇلىدىغان جايىنى كۆرسىتىدۇ. دەريالارنىڭ دەريا مەنبەسى ۋە دەريا ئېغىزى بولۇشتىن سىرت، ئۇلارنى يەنە يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

دەريا سۇلىرى ئەڭ مۇھىم سۇ بايلىقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دەريالارنىڭ پايدىلانغىلى بولىدىغان يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارى تەخمىنەن 48000 كۇب كىلومېتىرغا يېتىدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى دەريالارنىڭ سۇ ئېنېرگىيەسى زاپاس مىقدارى 5 مىليارد كىلوۋاتتىن ئاشىدۇ. دەريالارنىڭ سۇغىرىش، سۇ ترانسپورتى، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش ۋە ساياھەت قاتارلىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمما تا بۈگۈنگە قەدەر ئىنسانلارنىڭ دەريا تاشقىنى ئېلىپ كېلىدىغان غايەت زور بۇزغۇنچىلىقتىن تولۇق مۇداپىئە كۆرۈشى يەنىلا تەس بولماقتا.

**چاڭجياڭ دەرياسى** چاڭجياڭ دەرياسى مەيلى ئۇزۇنلۇقى، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى ياكى ئېقىن مىقدارى جەھەتتە بولسۇن، جۇڭگودا ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇ جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ، دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى ئۇزۇن دەريا ھېسابلىنىدۇ. چاڭجياڭ دەرياسى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇب چېگراسىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6621 مېتىر كېلىدىغان تاڭگۇلا تاغ تىزمىسىنىڭ ئاساسىي چوققىسى بولغان گېلادەندۇڭ قارلىق تېغىدىن باشلىنىپ، چىڭخەي، شىزاڭ، سىچۈەن، يۈننەن، چۇڭچىڭ، خۇبېي، خۇنەن، جياڭشى، ئەنخۇي، جياڭسۇ، شاڭخەيدىن ئىبارەت 11 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر) لەردىن ئېقىپ ئۆتۈپ، شەرقىي دېڭىزغا قويۇلىدۇ. ئۇ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6300 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئادەت بويىچە چاڭجياڭ دەرياسى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ يىچاڭ شەھىرى بىلەن جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ خۇكۇ شەھىرىنى چېگرا قىلىپ، يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلارغا ئايرىلىدۇ.

چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ھەقىقىي باشلىنىش مەنبەسى توتو دەرياسى بولۇپ، داڭچۈنىڭ تۆۋىنى تۇڭتيەن دەرياسى دېيىلىدۇ، يۇشۇدىن يىبىنغىچە بولغان بۆلىكى جىنشاجياڭ دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. يىبىندا مىنجياڭ دەرياسى قوشۇلغاندىن

باشلاپ چاڭجياڭ دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بۆلەكتە ئېگىز تاغلار، چوڭقۇر جىلغىلار بار، سۇ جىددىي ئاقىدۇ، سۇ كۈچى بايلىقى مول. يىبىندىن يىچاڭغىچە بولغان بۆلىكى چۇەنجياڭ دەرياسى دېيىلىدۇ. بۇ بۆلىكى قىزىل قۇم سىلانىپېتسلىق ئىدىرلىقتىن كېسىپ ئۆتۈپ، مىنجياڭ، توجياڭ، جيالىڭجياڭ، ۋۇجياڭ قاتارلىق چوڭ دەريالارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، مەركەزگە ئىنتىلگەن ھالەتتىكى سۇ سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. چۇڭچىڭ شەھىرىنىڭ ۋەنجۇ رايونىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تاغلار بارغانسېرى تىكلىشىپ بارىدۇ، فېڭجيېغا بارغاندىن كېيىن دۇنياغا مەشھۇر سەنشيا بوغۇزىغا ئېقىپ كىرىدۇ. يىچاڭنىڭ تۆۋىنى چاڭجياڭنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى بولۇپ، دەريا ئېقىنى كەڭ تىنىما تۈزلەڭلىكتىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، يۈزى يېيىلىپ، دەريا قىنى تۆۋەنلەيدۇ، سۇنىڭ ئېقىشى ئاستىلايدۇ. بۇ بۆلەكتە دەريا يوللىرى ئەگرى - توقاي بولۇپ، قۇم - لاتقىلار تىنىپ، قۇم ئارالچاقلار كۆپ ھاسىل بولغان. خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ جىچېڭدىن خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چېڭلىڭجىغىچە بولغان بۆلەكتىكى جىڭجياڭ دەريا ئەگمىسى ئەڭ چوڭ بولغاچقا، بۇ جاينىڭ «توققۇز ئەگىم» دېگەن نامى بار. بۇ بۆلەك قۇم - لاتقىلارنىڭ تىنىپ دۆۋىلىنىشىدىن «يەر ئۈستى دەرياسى»غا ئايلىنىپ قالغان، شۇڭا قەدىمدىن «تۆمەن چاقىرىم چاڭجياڭدا، مۇشكۈلات كۆرۈنەر جىڭجياڭدا» دېگەن سۆز تارقالغان. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا تارماق ئېقىنلار كۆپ، كۆللەر زىچ بولۇپ، ئاساسلىق تارماق ئېقىنلارنى خەنشۇي دەرياسى، دۇڭتىڭخۇ كۆلى سۇ سىستېمىسىدىكى شياڭجياڭ، زىشۇي، يۈەنجياڭ، لىشۇيدىن ئىبارەت تۆت دەريا، پوياڭخۇ كۆلى سۇ سىستېمىسىدىكى گەنجياڭ، فۇخې، شىنجياڭ، شيۇخې قاتارلىق دەريالار بار. ئاساسلىق كۆللەردىن دۇڭتىڭخۇ، پوياڭخۇ، خۇڭخۇ، لياڭزىخۇ قاتارلىق كۆللەر بار. خۇكۇ شەھىرىنىڭ تۆۋىنى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بولۇپ، دەريا ئېقىنى شەرقىي شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ، دەريا ئېغىزى كاناي شەكىللىك بولۇپ، كەڭلىكى 80 ~ 90 كىلومېتىر كېلىدۇ.



چاڭجياڭنىڭ تۆۋەن ئېقىنى تۈزلەڭلىكىدىكى سۇ يۇرتىنىڭ مەنزىرىسى.

چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارى مول، يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى تەخمىنەن توققۇز تىرىليون 600 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىنىڭ 1/3ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارىنىڭ 20 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ، دۇنيادا ئامازون دەرياسى، كونگو دەرياسى، گانگ دەرياسىدىن قالسىلا تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

چاڭجياڭ دەرياسى جۇڭگونىڭ «ئالتۇن سۇ يولى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى دەريا قاتناش - ترانسپورتىنىڭ چوڭ تومۇرى بولۇپ، غول، تارماق ئېقىنلارنىڭ ئومۇمىي قاتناش مۇساپىسى 100 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىدۇ، يىبىنىنىڭ تۆۋىنىدىن باشلاپلا كېمە قاتنىيالايدۇ، سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى مول، غول - تارماق ئېقىنلارنىڭ ئومۇمىي ئېنېرگىيە زاپىسى 268 مىليون كىلوۋات بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى دەريالار بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئېچىپ پايدىلىنىش يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، سۇ ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇ ئاپىتى يىلتىزىدىن تىزگىنلىنىپ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، توك چىقىرىشنى ئاساس قىلغان 1500 دىن ئارتۇق چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى ئىلگىرى - كېيىن قۇرۇلدى، مەشھۇرلىرىدىن چاڭجياڭ سەنشيا بوغۇزى ۋە گېجۇبا سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار بار. ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان چاڭجياڭنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئېقىنى ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشى سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك ئازايتتى. قۇرۇلۇش كۆلىمى غايەت زور بولغان جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا يۆتكەش قۇرۇلۇشىنىڭ شەرقىي لىنىيە قۇرۇلۇشى ھازىر قۇرۇلۇۋاتىدۇ.

چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقى مول بولۇپ، ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن ياڭزىجياڭ تىمساھى، ئاق پالاقلىق دېلفىن، جۇڭخۇا ئۇستېر بېلىقى، سېلىد گىلزا بېلىقى (خىلسا بېلىقى) قاتارلىقلار بار.

**خۇاڭخې دەرياسى** خۇاڭخې دەرياسى جۇڭگودىكى ئىككىنچى ئۇزۇن دەريا بولۇپ، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى بايانقارا تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، چىڭخەي، سىچۈەن، گەنسۇ، نىڭشيا، ئىچكى موڭغۇل، شەنشى، سەنشى، خېنەن، شەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردىن ئېقىپ ئۆتۈپ، بوخەي دېڭىزىغا قويۇلىدۇ، ئومۇمىي

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇنلۇقى 5464 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 752 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئادەت بويىچە خۇاڭخې دەرياسى خېكۇ بازىرى بىلەن كونا مېڭجىننى چېگرا قىلىپ، يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنلارغا ئايرىلىدۇ. خۇاڭخې دەرياسى لاتقا مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. ئۇنىڭ لاتقا مىقدارى دۇنيادىكى ھەرقايسى دەريالار ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھېسابلاشقا ئاساسلانغاندا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىن ئېقىتىپ كېلىدىغان لاي - لاتقا مىقدارى ھەر يىلى 1 مىليارد 600 مىليون توننىدىن ئاشىدىكەن. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ھاۋزىسى قارا يامغۇرلۇق رايون ھەمدە ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئېقىنىنىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ كۆپ قىسمى سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك بولغانلىقتىن، بۇ دەريا لاي - لاتقىلىق دەريا بولۇپ قالغان. سېرىق توپىنىڭ كۆلىمى چوڭ، توپىسى قېلىن ھەم بوش، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر يۈزىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولغاچقا، قارا يامغۇرنىڭ سېرىق توپىنى يالىشى بىلەن، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان كەلكۈن سۇلىرى ئۇلارنى خۇاڭخې دەرياسىغا ئېقىتىپ كېلىدۇ. دەريا سۈيىدە لاي - لاتقىلار زىيادە كۆپ بولغانلىقتىن، تۆۋەن ئېقىندىكى دەريا قىنى لاي - لاتقىلارنىڭ تىنىشى بىلەن، توختىماي كۆتۈرۈلۈپ دەريانىڭ بۇ بۆلىكى يەر ئۈستى دەرياسى (ئاسما دەريا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) غا ئايلىنىپ قالغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خۇاڭخې دەرياسىنى ئومۇميۈزلۈك ھەر تەرەپلىمە تۈزەش قانات يايدۇرۇلدى. يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئېقىندىكى سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكنىڭ سۇ - تۇپراق ئېقىپ كېتىش رايونىدا دەرەخ تىكىش، ئوت - چۆپ تېرىشتىن ئىبارەت بىيولوگىيەلىك مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى ئىشلىنىپ، سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى كونترول قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەلكۈن توساش سۇ ئامبارلىرى قۇرۇلۇپ، كەلكۈن سۇلىرى ۋە لاي - لاتقىلار توسالدى. تۆۋەن ئېقىن رايونىدا قاش ياسىلىپ، توسمىلار سېلىندى، يار ئېلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن خۇاڭخېنىڭ چوڭ قېشى مۇستەھكەملىنىپ، كەلكۈننى بۆلۈۋېتىش قۇرۇلۇشى سېلىندى. غول ئېقىندا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۇغىرىش، توك چىقىرىش، سۇ قاتنىشىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسال سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى قۇرۇلدى. مەشھۇرلىرىدىن لۇڭياڭشيا، لىجياشيا، ليۇجياشيا، يەنگوشيا، باپەنشيا، چىڭتۇڭشيا، شياۋلاڭدى قاتارلىق چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سۇ بىرقەدەر يېتەرلىك ساقلانغان سۇ ئامبارلىرى چۇشۇرگىنى ئېچىپ لاتقا ئېقىتىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. خۇاڭخې دەرياسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۆشۈكى ۋە خۇاشيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق ماكانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، لەنتيەن ئادىمى، شىئەن ياڭشاۋ مەدەنىيىتى خارابىلىكى ۋە ماجياياۋ مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خۇاڭخې ھاۋزىسىدىن تېپىلغان. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى قەدىمدىن تارتىپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ، تارىختا نۇرغۇنلىغان سۇلالىلەر پايتەختنى خۇاڭخې ھاۋزىسىغا قۇرغان.



خۇاڭخې دەرياسى سەنمېنشيا سۇ ئامبىرىدىن بىر كۆرۈنۈش.

**جۇجياڭ دەرياسى** جۇجياڭ دەرياسى جۇڭگونىڭ ئاساسلىق دەريالىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇرۇن يۆجياڭ دەرياسى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دەريانىڭ گۇاڭجۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بۆلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تاش ئارال بار بولۇپ، دەريا سۈيىنىڭ ئۇزاق مەزگىل يالىشىدىن، ئۇنىڭ يۈزى سىلىقلىنىپ مارجانغا ئوخشاپ قالغانلىقتىن، يەرلىكلەر بۇ ئارالنى مارجان ئارال دەپ ئاتىغان، جۇجياڭ (مارجان دەرياسى) دېگەن نام مۇشۇ سەۋەبتىن قويۇلغان.

جۇجياڭ دەرياسى يۈننەن، گۈيجۇ، جياڭشى، خۇنەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، ئاساسلىق غول ۋە تارماق ئېقىنلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 11 مىڭ كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 450 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن دەريا يولى ۋە دېڭىزغا قويۇلۇش ئېغىزى يوق، بۇ خىل ئەھۋال دۇنيادىكى چوڭ دەريا سۇ سىستېمىلىرىدا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

جۇجياڭ ھاۋزىسى شىجياڭ، بېيجياڭ، دۇڭجياڭ دەريالىرى ۋە جۇجياڭ دېلتىسىدىكى بىرقانچە دەريالاردىن ئىبارەت كەڭ ھاۋزىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە شىجياڭ دەرياسى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، جۇجياڭ دەرياسىنىڭ غول ئېقىنى ھېسابلىنىدۇ. جۇجياڭ ھاۋزىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 336 مىليارد كۇب مېتىر



جۇجياڭ دېلتىسىدىن بىر كۆرۈنۈش.

كېلىدۇ. جۇجياڭ ھاۋزىسىدا تاغلىق ۋە ئېدىرلىقلار كۆپ، تۆۋەن ئېقىنىدىكى تىنىما تۈزلەڭلىك بولسا مەشھۇر جۇجياڭ دېلتىسىدىن ئىبارەت. كىلىماتى نەم ئىسسىق، كۆپ يامغۇرلۇق تىروپىك ۋە سۇبتىروپىك بەلباغ كىلىماتىغا ياتىدۇ، ھاۋاسى ئىللىق ۋە كۆپ يامغۇرلۇق بولۇپ، كۆپىنچە رايونلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 14℃ ~ 22℃ قىچە، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 1000 ~ 2000 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. جۇجياڭ دەرياسى جۇڭگودىكى ھەرقايسى چوڭ دەريالار ئىچىدە لاي - لاتقا مىقدارى ئەڭ ئاز، تاشقىن مەزگىلى ئەڭ ئۇزۇن دەريا ھېسابلىنىدۇ.

جۇجياڭ ھاۋزىسى جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى كۆپرەك رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ جايدا جۇاڭزۇلار ئەڭ كۆپ، مياۋزۇلار ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. جۇجياڭ دەرياسى ئېغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا جۇڭگونىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى شېنجېن شەھىرى بىلەن جۇخەي شەھىرى بار. جۇجياڭ ھاۋزىسىدا ھەرخىل تىپتىكى سۇ ئامبار قۇرۇلۇشلىرىدىن 13988 ى ياسالدى. پۈتكۈل سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىغا ئورنىتىلغان گېنېراتورلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 9 مىليون 500 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىدۇ، بۇلار ئېچىشقا بولىدىغان مىقدارىنىڭ 34.3% نى ئىگىلەيدۇ.

ھەر تۈرلۈك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، توك چىقىرىش، سۇغىرىش، سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ قاتنىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈنۈمۋېرسال ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرماقتا.

**يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسى** «يارلۇڭزاڭبۇ» زاڭزۇ تىلىدا «ئېگىز تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن قار سۇلىرى» دېگەن مەنىدە. يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسى دۇنيا بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز چوڭ دەريا، شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدىكى ئەڭ چوڭ دەريا بولۇپ، ھىندى ئوكيان سۇ سىستېمىسىغا تەۋە. بۇ دەريا شىزاڭنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمى، ھىمالايا تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى جېيما ياڭزۇڭ مۇزلۇقىدىن باشلىنىپ، غەربتىن شەرققە قاراپ چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، مىلىندىن ئۆتكەندىن كېيىن، شەرقىي شىمالغا قايرىلىپ ئاقىدۇ، ئاندىن يەنە جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ئاقىدۇ، باشكادا چېگرادىن چىقىپ ھىندىستانغا ئېقىپ كىرگەندىن كېيىن بىراھماپۇترا دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ، بېنگالدىن ئېقىپ ئۆتۈپ گانگ دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ، بېنگالدا جامۇنا دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەڭ ئاخىردا بېنگال قولتۇقىدىن ھىندى ئوكيانغا قويۇلىدۇ. جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2057 كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭگودىكى چوڭ دەريالار ئىچىدە 6 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسى ھاۋزىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىر كېلىدۇ. ھاۋزا شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە تار ئۇزۇنچاق شەكىلدە بولۇپ، كۆلىمى 240 مىڭ 480 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسىنىڭ باشلىنىش ئورنىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 5590 مېتىر، چېگرادىن ئېقىپ چىقىدىغان ئورنىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئارانلا 150 نەچچە مېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي چۈشۈش پەرقى 5400 مېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ. پۈتكۈل دەريانىڭ ئوتتۇرىچە يانتۇلۇقىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى 2.6‰ بولۇپ، جۇڭگودىكى دەريالار ئىچىدە يانتۇلۇقىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى ئەڭ چوڭ دەريا ھېسابلىنىدۇ. سۇ ئېنېرگىيەسى بايلىقى ئىنتايىن مول، پۈتكۈل ھاۋزىسىدىكى سۇ ئېنېرگىيە زاپاس مىقدارى 110 مىليون كىلوۋاتتىن كۆپ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسىنى لىزى ۋە پەيچۈنى چېگرا قىلىپ، يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلارغا ئايرىشقا بولىدۇ. يۇقىرى ئېقىنى مايۇەن دەرياسى دېيىلىدۇ، لىزىنىڭ تۆۋىنى يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرى ئېقىنىنىڭ دەريا ۋادىسى قارلىق تاغدا بولۇپ، سۇلىرى ئاستا ئاقىدۇ، تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئوبدان قوغدالغان بولۇپ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ «جەننىتى» دېگەن نامى بار. ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ دەريا ۋادىسى خۇددى كەڭ - تار مارجانلارنى بىرلەشتۈرۈپ تىزىپ قويغاندەك ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلىدۇ. بۇ بۆلەك بالدۇر ئېچىلغان بولۇپ، زاڭزۇ مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكىدۇر. تۆۋەن ئېقىنىدا يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسىنىڭ مەشھۇر تاقا شەكىللىك چوڭ ئەگمە جىلغىسى بار. دەريا ئېقىنى ئاۋۋال شەرققە، ئاندىن جەنۇبقا، ئۇنىڭدىن كېيىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، تاقا شەكىللىك چوڭ دەريا ئەگمىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسى ھاۋزىسى شىزاڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ پەقەت 1/5 نى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما ھاۋزىدىكى نوپۇسى، تېرىلغۇ يەر مەيدانى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى بىردەك پۈتكۈل شىزاڭنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. لىخاسا، رىكازې، جياڭزى قاتارلىق شەھەر - بازارلار ھاۋزا دائىرىسىگە جايلاشقان.

www.uyghurtap.com

يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسى ھاۋزىسى شىزاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي بەلبېغىدۇر.

**نۇجياڭ دەرياسى** نۇجياڭ دەرياسى جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇب رايونىدىكى چوڭ دەريا، شۇنداقلا مۇھىم خەلقئارالىق دەريالارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە «لۇجياڭ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. زاڭزۇ تىلىدا «ناچۇ» (قاراسۇ دەرياسى) دەپ ئاتىلىدۇ. نۇجياڭ دەرياسى شىزاڭنىڭ تاڭگۇلا تاغ تىزمىسىنىڭ جىرىگېپا چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، نۇشەن ۋە گاۋلىگۇڭ تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، يۈننەن ئارقىلىق بىرمىغا ئېقىپ كىرىپ، سالۋېن دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. موئۇلمېيىن ئارقىلىق ھىندى ئوكياندىكى ئاندامان دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3200 كىلومېتىر، جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 2013 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 325 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى ھاۋزىسى 147 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نۇجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيى يامغۇر سۈيى بىلەن قار - مۇزلارنىڭ ئېرىندى سۇلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. سۇ مىقدارى مول بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 71 مىليارد كۇب مېتىر كېلىدۇ، بۇ ئاساسلىقى 6 ~ 9 ئايلارغا مەركەزلەشكەن ھەمدە تۆۋەنكى ئېقىنغا بارغانچە شۇنچە مەركەزلىشىپ بارىدۇ.



لەنساڭجياڭ دەرياسى جىلغىسى.

دەريا قىنىنىڭ چۈشۈش پەرقى چوڭ بولۇپ، سۇلىرى جىددىي ئاقىدۇ، سۇ كۈچى بايلىقى مول بولۇپ، ئېنېرگىيە زاپىسى 40 مىليون كىلوۋاتتىن ئاشىدۇ.

نۇجياڭ دەرياسىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ئاجايىپ كۆركەم بولۇپ، ھاۋزىسىدا تۇتاش كەتكەن قارلىق تاغلار ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرىدۇ، دەريا ئېقىنلىرى ئۆركەشلەپ شارقىراپ ئاقىدۇ. بۇ جايدا دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆركەم ئېگىز تاغ چوڭ جىلغىلىرى تۈركۈمى شەكىللەنگەن. نۇجياڭ چوڭ جىلغىسىنىڭ چېگرا ئىچىدىكى قىسمى 316 كىلومېتىر بولۇپ، ھەممىلا جايدا ھەيۋەتلىك ئۆتكەللەر، خەتەرلىك ساھىللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بۇ يەر خۇددى بىر بىپايان تەبىئىي گېئولوگىيە مۇزېيىغا ئوخشايدۇ.

**لەنساڭجياڭ دەرياسى** لەنساڭجياڭ خېڭدۇەن تاغ تىزمىسىدىكى مۇھىم دەريا بولۇپ، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى تاڭگۇلا تاغلىرىدىن باشلىنىپ، چىڭخەي، شىزاڭ، يۈننەنلەردىن ئېقىپ ئۆتۈپ بىرمىغا كىرىدۇ. جۇڭگو چېگراسىدىن ئېقىپ چىققاندىن كېيىن مېكوڭ دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2354 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 165 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، دەريا قىنىنىڭ چۈشۈش پەرقى تەخمىنەن 4600 مېتىر كېلىدۇ.



نۇجياڭ دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكى (سۈرەتنى خەن جېگېڭ تارتقان)

لەنساڭجياڭ دەرياسى چوڭ جىلغىسى چوڭقۇرلۇق ۋە ئۇزۇنلۇقى بىلەن داڭلىق بولۇپلا قالماستىن، ئېقىن سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى بىلەنمۇ داڭلىق. قىشلىقى دەريا سۈيى سۈزۈك بولۇپ، تېز ئاقىدۇ، يازلىقى دەريا سۈيى دۇغ - لاي بولۇپ، ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ. تار دەريا قىنىدا دەريا سۈيى قىرغاققا شىددەتلىك ئۇرۇلۇپ، خۇددى گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز چىقىرىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بولۇپ، دۇنيادا ئاز ئۇچرايدۇ.

**چيەنتاڭجياڭ دەرياسى** چيەنتاڭجياڭ دەرياسى جۇڭگونىڭ جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى ئەڭ چوڭ دەريا بولۇپ، دەريا يولى خاڭجۇ ئەتراپىدا ئېگىلىپ «Z» ھەرپى شەكلىدە ئاقىدىغانلىقتىن، يەنە جېجياڭ، چۈجياڭ، جېجياڭ دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

چيەنتاڭجياڭ دەرياسى ئەنخۇي ئۆلكىسى شيۇنىڭ ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن باشلىنىپ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاڭجۇ شەھىرىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، خاڭجۇ قولتۇقىغا قۇيۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 605 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 48 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر، كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 43 مىليارد 100

مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ، لاتقا مىقدارى ناھايىتى ئاز. چيەنتاڭجياڭ دەرياسىنىڭ دەريا يولى ئەگرى - بۈگرى، يۇقىرى ئېقىنى تاغلاردىكى جىرا ئېرىقلار شەكلىدە بولۇپ، تار جايلىرى بىلەن كەڭ جايلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن؛ ئوتتۇرا ئېقىنى ئەدىرلىقتىن ئۆتىدۇ. تۆۋەن ئېقىنىدا دەريا ئېغىزىنىڭ سىرتى كاناي شەكلىدە بولۇپ، دەريا ئېغىزى تەدرىجىي كېڭىيىپ بارىدۇ. دېھقانلار كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چيەنتاڭجياڭ دەرياسىدا يۈز بېرىدىغان مەشھۇر دېڭىز سۈيىنىڭ ئاسترونومىيەلىك ھەيۋەتلىك كۆتۈرۈلۈشىنى كۆزىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. دولقۇن پەللىسى 8 مېتىرغا يېتىپ، دولقۇن پەللىسى سېكۇنتىغا 10 مېتىرغا يېقىن تېزلىكتە ئىلگىرىلەيدۇ. دەريا سۈيى ئۆركەشلەپ شىددەت بىلەن ھەيۋەتلىك ئاققاچقا، بەئەينى تۈمەن مىڭ ئاتلىق قوشۇن چېپىپ كېلىۋاتقاندەك، ھاۋا گۈلدۈرلەۋاتقاندەك ئاۋاز چىقىرىپ، زېمىن قويىنىدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە زاھىر بولىدۇ.

چيەنتاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك، كۆركەم كۆتۈرۈلۈشى ئاي ۋە قۇياشنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكىدەك نۇرغۇنلىغان ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چيەنتاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئېغىزى كاناي شەكىللىك بولۇپ، خاڭجۇ قولتۇقىنىڭ سىرتقى ئېغىزىنىڭ كەڭلىكى 100 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، ئىچكىرىلىگەنسېرى تارىيىپ بارىدۇ، شۇڭا كۆتۈرۈلگەن دېڭىز سۈيىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭاي، چېكىنىشى تەس بولىدۇ. دەريا ئېغىزىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى دەريا قىنى يەنە توساتتىن يۇقىرىلاپ، ساھىلى ئېگىز، سۈيى تېيىز ھالەت شەكىللەنگەنلىكتىن، زور مىقداردىكى كۆتۈرۈلگەن سۇ چيەنتاڭجياڭ دەرياسى ئېغىزىدىن تۇرۇلۇپ كىرگەندە، دەريا يۈزى تېزدىن تارىيىپ، كۆتۈرۈلىدىغان دېڭىز


چيەنتاڭجياڭ دەرياسىدىكى ئۆركەشلىمە دولقۇن.

سۈيى تەكشى ئۆرلەشكە ئۈلگۈرەلمەي قالىدۇ - دە، كېيىنكى دولقۇن ئالدىنقى دولقۇنغا يېتىشىۋېلىپ، ئۈستمۇئۈست دەستىلىنىدۇ. چيەنتاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تېگىدە تىنما قۇملار كۆپ بولغاچقا، دولقۇنغا قارشى توساش ۋە سۈركىلىش رولىنى ئوينايدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆتۈرۈلگەن دېڭىز سۈيىنىڭ ئالدىدىكى يانتۇلۇق تىكلىشىپ، سۈرئەت ئاستىلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈز پەسلىدە شەرقىي جەنۇب مۇسسۇن شامىلى كۆپ چىقىدىغانلىقتىن، شامال دولقۇننى كۈچەيتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كېيىنكى دولقۇن ئالدىنقى دولقۇنغا يېتىشىۋالىدىغان ئۆركەشلىمە دولقۇن شەكىللىنىدۇ.

**خېيلۇڭجياڭ دەرياسى** مانجۇ تىلىدا خېيلۇڭجياڭ دەرياسى «ساخالەن ئۇلا» (چوڭ قارا دەريا) دېيىلىدۇ.

خېيلۇڭجياڭ دەرياسى دۇنيادىكى چوڭ دەريالارنىڭ بىرى، شۇنداقلا مۇھىم خەلقئارالىق دەريا بولۇپ، جۇڭگو، روسىيە ۋە موڭغۇلىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتتىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. يۇقىرى مەنبەسىدىكى خايلار دەرياسىدىن شەرققە ئېقىپ، روسىيە چېگراسى ئىچىدە ئوخوتىسكى دېڭىزىغا قويۇلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4370 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 184.3 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 3400 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 887 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئۇزۇنلۇقى بويىچە جۇڭگودا چاڭجياڭ، خۇاڭخې دەريالىرىدىن كېيىن ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ غول ئېقىنى كەڭ، سۈيى چوڭقۇر، تەكشى، تىنچ ئاقىدۇ، سۇ قاتنىشى شارائىتى ئەۋزەل. ھاۋزىسىدا قىشلىقى قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، قىلىن ھەم قاتتىق مۇز تۇتىدۇ، مۇز ئۈستىدە ھەرخىل ئاپتوموبىللار قاتنىيالايدۇ، شۇڭا خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ «سۇ ۋە قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيەسى» دېگەن نامى بار. خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ھاۋزىسىدىكى تۈزلەڭلىكنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، بۇ جايغا قارا تۇپراق كەڭ تارقالغان. بۇ جايدا بىپايان كەتكەن ئوتلاقلار بار، قېزىلمىلار ۋە ئورمان بايلىقى مول بولۇپ، نېفىت، كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن قاتارلىقلار ۋە نۇرغۇنلىغان ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللارنىڭ تۈرلىرى تولۇق، ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ زاپاس مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 1/3 نى ئىگىلىگەن بولۇپ، «ۋەتەننىڭ ياغاچ ئامبىرى» دېگەن نامى بار.

**سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى** سۇڭخۇاجياڭ مانجۇ تىلىدىكى «سۇڭئالى ئۇلا» دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ «ساما دەرياسى» دېگەن مەنىسى بار، بۇنىڭدا سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى ئاسماندىن يەر يۈزىگە چۈشكەن ساما دەرياسىغا ئوخشىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭ ۋە ئۇزۇنلۇقى، باياشات ۋە گۈزەللىكى، شۇنىڭدەك ئاجايىپ مەنزىرىسى يىغىنچاقلانغان.

سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى خېي-

لۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئەڭ چوڭ تارماق ئېقىنى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1657 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 550 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 75 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەسى بار. شىمالىي مەنبەسى بولغان نېنجياڭ دەرياسى بىرقەدەر چوڭ دەريا بولۇپ، چوڭ خىنگان تاغلىرىدىكى يىلىخۇلى تاغلىرىدىن باشلىنىدۇ؛ جەنۇبىي مەنبەسى سۇڭخۇاجياڭنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى بولۇپ، چاڭبەيشەن تاغلىرىدىكى بەيتۇشەن تيەنچى كۆلىدىن باشلىنىدۇ. بۇ ئىككى مەنبە دەريا خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى بىلەن جىلىن ئۆلكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان سەنچاخې (جىلىن ئۆلكىسىنىڭ فۇيۇ ناھىيەسىگە تەۋە)دا قوشۇلغاندىن كېيىن، سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىنى ھاسىل قىلىدۇ.

قىش پەسلىدە سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىنىڭ كىلىماتى قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، بەزىدە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ 30℃-قا چۈشىدۇ، مۇز تۇتۇش مەزگىلى بەش ئاي داۋاملىشىدۇ.

سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىنىڭ قاتناش مۇساپىسى 1447 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. قاتناش مەزگىلى 4-ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن 11-ئاينىڭ باشلىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىنىڭ سۇ كۈچى بايلىقى مول، بولۇپمۇ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئېقىنىدا سۇ مىقدارى زور، چۈشۈش پەرقى چوڭ بولۇپ، سۇ كۈچى بايلىقىنى پەلەمپەيسىمان ئېچىشقا بولىدۇ. ئومۇمىي ئېنېرگىيە زاپىسى تەخمىنەن 6 مىليون كىلوۋاتتىن ئاشىدۇ، مەشھۇر ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىدىن بەيشەن سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ۋە خۇڭشى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار.



ئۇسسۇرى دەرياسىنىڭ مەنزىرىسى.

**ئۇسسۇرى دەرياسى** ئۇسسۇرى دەرياسى خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى چوڭ بىر تارماق ئېقىن، شۇنداقلا جۇڭگو - رۇسىيە چېگراسىدىكى مۇھىم پاسىل دەريا. ئوڭ مەنبەسى شىڭكەي كۆلىدىن باشلىنىدۇ، سول مەنبەسى رۇسىيەدىكى سىخوت تاغ تىزمىسىدىن باشلىنىدۇ. ئىككى مەنبە قوشۇلغاندىن كېيىن، جەنۇبتىن - شىمالغا قاراپ جۇڭگو - رۇسىيە چېگراسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ خېيلۇڭجياڭ دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 890 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 187 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. يىللىق ئېقىن مىقدارى 639 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. پۈتكۈل دەريا يولى جۇڭگودىكى ۋەندا تاغ تىزمىسى بىلەن رۇسىيەدىكى سىخوت تاغ تىزمىسى ئارىلىقىدىكى كەڭ ئۇزۇن جىلغىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ قىسىم دەريا بۆلىكى پەس، تەكشى تۈزلەڭلىكتە ئېقىپ، ئازگال، سازلىق ۋە نەم جايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ.

ئۇسسۇرى دەرياسىنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى مول بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان كىتا بېلىقى (سالمون بېلىقى) جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق، سۈيى تەكشى ئاقىدۇ، بۇ سۇ قاتنىشىغا قولايلىق.

**خەيخې دەرياسى** خەيخې سۇ سىستېمىسى بەش چوڭ تارماق ئېقىندىن، يەنى جەنۇبىي قانال، شىمالىي قانال، داچىڭخې دەرياسى، زىياخې دەرياسى ۋە يۇڭدىڭخې دەرياسىدىن تەشكىل تاپقان. بۇ بەش دەريا تيەنجىن شەھەر رايونىدىكى ئۈچ ئاچا دەريا ئېغىزىدا خەيخې دەرياسىغا ئېقىپ كىرىپ، خەيخې دەرياسى ئارقىلىق بوخەي دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ. خەيخې دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىنىڭ جىنگاڭ كۆۋرۈكىنىڭ تۆۋىنىدىكى ئۇزۇنلۇقى 73 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئەڭ ئۇزۇن تارمىقى بولغان جەنۇبىي قانالنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 264 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

خەيخې سۇ سىستېمىسى يەلپۈگۈچسىمان تارقالغان. شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىدىكى نۇرغۇنلىغان دەريا ئېقىنلىرى ھەرقايسى تارماق ئېقىنلار ئارقىلىق چۆرگىلەپ بەش چوڭ تارماق ئېقىنغا ئېقىپ كىرىدۇ، ئەڭ ئاخىردا يەنە يىغىلىپ خەيخې دەرياسىغا ئېقىپ كىرىدۇ.

تارىختا خەيخې سۇ سىستېمىسى كىشىلەرگە نۇرغۇن ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ «خەيخې دەرياسىنى چوقۇم يىلتىزىدىن تۈزەيلى» دېگەن چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن، بىرقانچە يىل جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، سۇ ئاپىتى تەلتۆكۈس تۈگىتىلدى.

**ئېرتىش دەرياسى** ئېرتىش دەرياسى جۇڭگودىكى بىردىنبىر شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدىغان دەريا بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىن باشلىنىدۇ، ئۇنىڭ

تاغ ئارىسىدا ئىككى باشلىنىش مەنبەسى بار. قايىرتى دەرياسى بىلەن كۆيىرتىس دەرياسى قوشۇلۇپ ئېرتىش دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئاندىن شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا قاراپ تېز ئاقىدۇ، قازاقىستان چېگراسى ئىچىدە شىمالغا قاراپ ئېقىپ رۇسىيەنىڭ ئوب دەرياسى ئارقىلىق شىمالىي مۇز ئوكيانىغا قۇيۇلىدۇ. باشلىنىش مەنبەسىدىن ئوب دەرياسىنىڭ ئېغىزىغىچە 5410 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 546 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 57 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئېرتىش دەرياسىنىڭ ۋادىسى كەڭ، سۈيى ئۇلۇغ بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 11 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. دەريا قىنىدا گىگانت قورام تاشلار قاتمۇقات دەستىلىنىپ تۇرىدۇ. دەريا سۈيى ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ، دەريا ئەگمىلىرى ئادەتتىن تاشقىرى يېتىلگەن. دەريا ۋادىسىدىكى قايتا ئۆسكەن ئورمانلىق بىلەن دەريا ساھىلىدىكى چىملىق خۇددى چۆل - جەزىرىگە تارتىپ قويغان يېشىل لېنتىغا ئوخشايدۇ. جۇملىدىن بېيتۇن دەرياسى بۆلىكىدىكى قايتا ئۆسكەن ئورمانلىق ئەڭ قويۇق بولۇپ، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ بىر يېشىل دېڭىزنى شەكىللەندۈرىدۇ، شۇڭا بۇ جاينىڭ «تېرەك دەرىخىنىڭ گېن ئامبىرى» دېگەن گۈزەل نامى بار.

**گانگ دەرياسى** ھىندىستان خەلقى گانگ دەرياسىنى «مۇقەددەس دەريا»، «ھىندىستاننىڭ ئانىسى» دېيىشىدۇ. ھىندىستاننىڭ «مۇقەددەس سۇ مۇنچىسى» ھىندىستان خەلقىنىڭ گانگ دەرياسىغا چوقۇنۇشىنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

گانگ دەرياسى ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى مەشھۇر چوڭ دەريا بولۇپ، ھىمالايا تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىن باشلىنىدۇ. بەزى تارماق ئېقىنلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەنبەسى جۇڭگو چېگراسى ئىچىدە. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2580 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرا - يۇقىرى ئېقىنلىرى ھىندىستان چېگراسى ئىچىدە، 500 كىلومېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان تۆۋەنكى ئېقىنى بېنگال دۆلىتىنىڭ چېگراسى ئىچىدە. بۇ دەريانىڭ ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 905 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاكناندا دەرياسى ۋە باگرىياتى دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭراق باشلىنىش مەنبەسى بار. بۇ ئىككى مەنبە دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ سۈيى جىددىي ئاقىدۇ، ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ، يەر شارائىتى 3150 مېتىردىن 300 مېتىرغا چۈشىدۇ. ھىندىستاننىڭ دېۋاپىراياگ دېگەن يېرىنىڭ ئەتراپىدا قوشۇلغاندىن كېيىن گانگ دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. سىۋالىك تاغ تىزمىسىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، تۈزلەڭلىككە ئېقىپ كىرىپ، ئەڭ چوڭ تارماق ئېقىنى — يامۇنا دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ. گانگ دەرياسى نۇرغۇنلىغان تارماق ئېقىنلارنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن بېنگال دۆلىتىگە ئېقىپ كىرىپ، بىرقانچە تارماق ئېقىنغا بۆلۈنۈپ، Y شەكىللىك ئېقىن ھاسىل قىلىپ، بېنگال قولتۇقىغا ئېقىپ كىرىدۇ. گانگ دەرياسى گوئالوندوگات دېگەن جاينىڭ ئەتراپىدا براھماپۇترا دەرياسى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ دېلتا — گانگ - براھماپۇترا دېلتىسىنى شەكىللەندۈرگەن.



ھىندى دىنى مۇرتلىرى گانگ دەرياسى بويىدا «مۇقەددەس سۇ مۇنچىسى»دا يۇيۇنماقتا.

**ھىندى دەرياسى** ھىندى دەرياسى ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى چوڭ دەريالارنىڭ بىرى. ئۇ جۇڭگونىڭ شىزاڭدىكى گاندىس تېغىنىڭ گاڭ رىنبوجى چوققىسىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىن باشلىنىپ، شىر بۇلاق دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. غەربىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ كەشمىردىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھىمالايا تاغلىرىنىڭ غەربىي چېتىنى كېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇبقا بۇرۇلۇپ پاكىستانغا ئېقىپ كىرىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2900 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 170 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ھىندى دەرياسى دېلتىسىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 8000 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پاكىستاننىڭ مۇھىم يېزا ئىگىلىك رايونى ھېسابلىنىدۇ.

ھىندى دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 6640 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. سۇ مەنبەسىنىڭ تولۇقلىنىشى مۇسسۇن ھۆل - يېغىن سۇلىرىنى ئاساس، ئېگىز تاغلاردىكى مۇز - قارلارنىڭ ئېرىندى سۇلىرىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. يازلىق كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىن مىقدارى قىشلىق سۇ قىس مەزگىلىدىكى ئېقىن مىقدارىنىڭ 10 ~ 16 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. سۇ قىس مەزگىلىدە تۆۋەنكى ئېقىنى بىر ئۈزۈلۈپ بىر تۇتىشىپ تۇرىدىغان ئۇزۇنچاق كۆلچەك بىلەن تېيىز جىرالارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ دەريا قىنى يەر يۈزىدىن يۇقىرى بولۇپ، دەريا يولى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھىندى دەرياسى ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى قۇرغاق جايلاردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. بۇ جايلاردا ھۆل - يېغىن ئاز، پارغا ئايلىنىش كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ غول ۋە تارماق ئېقىنلىرىنىڭ سۇلىرى سۇغىرىش سۇ مەنبەسى بولىدۇ، بۇ يېزا ئىگىلىكىدە ئىنتايىن مۇھىم، ئەمما سۇ قاتنىشىغا قولاي-

www.uyghurkitap.com

سىزلىق تۇغدۇرىدۇ. ھىندى دەرياسى ھاۋزىسى دۇنيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 - يىللاردىلا بۇ جاينىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول سانائەت ۋە سودا ئىشلىرى خېلىلا تەرەققىي تاپقان.

**مېكوڭ دەرياسى** مېكوڭ دەرياسى ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىدىكى ئەڭ چوڭ دەريا بولۇپ، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى لەنساڭجياڭ دەرياسى جۇڭگو چېگراسىدىن ئېقىپ چىققاندىن كېيىن مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ، ئاساسىي جەھەتتىن غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، ئەڭ ئاخىردا جەنۇبىي دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4180 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 810 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. مېكوڭ دەرياسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2668 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 630 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شەرقىي ئاسىيادىكى دەريالار ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. يىللىق ئېقىن مىقدارى 463 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. مېكوڭ دەرياسى بىرما، لائوس، تايلاند، كامبودژا، ۋيېتنام قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، ئۇ جۇڭگو - بىرما، بىرما - لائوس، لائوس - تايلاندلارنىڭ پاسىل دەرياسىدۇر.

مېكوڭ دەرياسى ئاساسلىقى مۇسسۇن شاماللىق كىلىماتىدىكى رايونلاردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. سۇ مەنبەسى ھۆل - يېغىننى ئاساس، قار - مۇز سۇلىرىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. مېكوڭ دەرياسى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا ئېقىپ ئۆتىدىغان دۆلەتلىرى ئەڭ كۆپ دەريا بولۇپ، ھاۋزىسى تىروپىك بەلباغدىن سوغۇق بەلباغقىچە بەتتە ئوخشاشمىغان كىلىمات بەلبېغىغا سوزۇلۇپ بارىدۇ، تەبىئىي لاندشافتى ۋە بىيولوگىيەلىك كۆپ خىللىقى ئىنتايىن مول. مېكوڭ دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرىدا 1300 خىلدىن ئارتۇق بېلىق تۈرلىرى بولۇپ، بۇ جاي يەر شارى بويىچە ئامازون دەرياسى ھاۋزىسىدىن قالسىلا بىيولوگىيەلىك كۆپ خىللىقى ئەڭ مول رايون ھېسابلىنىدۇ.

مېكوڭ دەرياسى جەنۇبىي ئاسىيا بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك، شۇنداقلا جۇڭگو بىلەن شەرقىي ئاسىيا ئىتتىپاقىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۈگۈندۇر.



مېكوڭ دەرياسىدىكى يۈك توشۇغۇچى كىچىك كېمىلەر.

**ئامازون دەرياسى** 1542 - يىلى ئىسپانىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى ئورېللانا ھازىرقى ئامازون دەرياسى ھاۋزىسىغا ئېكسپېدىتسىيە قىلغىلى بارغان. يېرىم يولدا ئىندىيانلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئۇرۇش داۋامىدا، ئىندىيان ئەر - ئاياللىرىنىڭ بىرلىكتە سەپكە ئاتلىنىپ، ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئورېللانانىڭ ئېسىگە يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى پۈتۈنلەي ئايال ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان ئامازون پادىشاھلىقى كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ چوڭ دەريانىڭ نامىنى ئامازون دەرياسى دەپ ئاتىغان.

ئامازون دەرياسى «دۇنيادىكى دەريالارنىڭ پادىشاھى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇ جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بىرىنچى چوڭ دەريا بولۇپلا قالماستىن، دۇنيا بويىچىمۇ ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى ئەڭ كەڭ، ئېقىن مىقدارى ئەڭ زور دەريادۇر. ئۇ جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئاند تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى ۋە پېرۇدىكى كوروپۇنا تاغلىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن باشلىنىدۇ. ئامازون دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6400 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. مىڭلىغان تارماق ئېقىنلىرى بار. بۇ تارماق ئېقىنلار غول ئېقىن بىلەن بىرلىكتە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 60 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدىغان ئامازون دەرياسى سۇ سىستېمىسىنى ھاسىل قىلغان. ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 7 مىليون 50 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جەنۇبىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 40% ىنى ئىگىلەيدۇ. ئېكۋاتور ئەتراپىدىكى كۆپ يامغۇرلۇق رايوندا سۇ مىقدارى يىل بويى يېتەرلىك بولغاچقا، ئامازون دەريا ئېغىزىدا يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 120 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىپ، ھەر يىلى ئاتلانتىك ئوكيانغا قۇيۇلىدىغان سۇ مىقدارى 6600 كۇب كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇ پۈتۈن دۇنيادىكى دەريالاردىن ھەر يىلى ئاتلانتىك ئوكيانغا قۇيۇلىدىغان ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 1/6 ىنى ئىگىلەيدۇ. دەريا سۈيى دەريا ئېغىزى ئەتراپىدىكى دېڭىز سۈيىنىڭ تۇزلۇق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، شۇڭا بۇ جايلار «تاتلىق سۇلۇق دېڭىز» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر قېتىم دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلگەندە، دەريا ئېقىنىغا قارشى ئىلگىرىلەۋاتقان دېڭىز دولقۇنى بىلەن دەريا ئېقىنى ئۆزئارا ئۇرۇلۇپ، نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم سۇ تېمىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئامازون دەرياسى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، ئاساسلىق دەريا بۆلەكلىرىدە شارقىراتما ۋە خەتەرلىك




ساھىللار يوق. يىل بويى مۇز تۇتمايدۇ، سۇ قاتنىشى شارائىتى ئەۋزەل.

ئامازون دەرياسى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى كەڭ يەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ جايدا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تروپىك بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمىنى يېتىلگەن. ئامازون دەرياسى ھاۋزىسىدىكى ئۆسۈملۈك تۈرلىرى كۆپلۈكى جەھەتتە يەر شارى بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. نورغۇنلىغان چوڭ دەرەخلەرنىڭ ئېگىزلىكى 60 مېتىردىن ئاشىدۇ، باراقسىنى كۈن نۇرىنى توسۇۋالىدۇ، بۇ جاي دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان ئەڭ سېھىرلىك «ھاياتلىق پادىشاھلىقى»غا ئايلانغان. يامغۇرلۇق ئورمانىنىڭ ئىچى يىل بويى دىگۇدەك دىمىق ئىسسىق ۋە نەم بولىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تەخمىنەن 25℃ ~ 26℃ بولىدۇ.

**يېنسەي دەرياسى** دۇنيادىكى بەزى دەريالارنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى ئوپتىن ئوخشاشمايدۇ، يېنسەي دەرياسى مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە دەريادۇر.

يېنسەي دەرياسى رۇسىيەدىكى سۇ مىقدارى ئەڭ كۆپ دەريا بولۇپ، ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ رۇسىيەنى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت سىممېترىك ئىككى قىسمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. غەربىي قىسمى غەربىي سىبىرىيە تۈزلەڭلىكى بىلەن شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكى، شەرقىي قىسمى ئوتتۇرا سىبىرىيە ئېگىزلىكى بىلەن تاغلىقلاردىن ئىبارەت. شەرقىي يېنسەي تاغلىرى ۋە تانىنۇ ئولا تاغلىرىنى مەنبە قىلغان چوڭ، كىچىك يېنسەي دەريالىرى قوشۇلۇپ، شىمالغا قايرىلىپ ئېقىپ، شىمالىي مۇز ئوكيان كارا دېڭىزىدىكى يېنسەي قولتۇقىغا قۇيۇلىدۇ. كىچىك يېنسەي دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسىدىن ھېسابلىغاندا، ئۇزۇنلۇقى 4102 كىلومېتىر كېلىدۇ، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 2 مىليون 580 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، دەريا ئېغىزىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 19 مىڭ 800 كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئەتىيازدا تاشقىن مەزگىلى ئۇزۇن بولىدۇ، يازدا كەلكۈن كېلىدۇ، سۇ مىقدارىنىڭ پەسىللىك ئۆزگىرىشى چوڭ، مۇز تۇتۇش مەزگىلى ئۇزۇن بولىدۇ. جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە كەڭلىك گرادۇس پەرقى بىرقەدەر چوڭ بولغانلىقتىن، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىنلىرىدا مۇز تۇتۇش ۋە ئېرىش مەزگىلى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە ئاقما مۇزلار ۋە مۇز توسمىلىرى دەريا يولىنى توسىۋېلىپ، تاشقىن پەيدا قىلىدۇ.

**ئوب دەرياسى** ئوب دەرياسى رۇسىيەنىڭ چوڭ دەريالىرىنىڭ بىرى بولۇپ، شىمالىي ئاسىيا رايونىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ باشلىنىش مەنبەسى ئالتاي تاغلىرى بولۇپ، ئەڭ چوڭ تارماق ئېقىنى بولغان جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5410 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 2 مىليون 990 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، غەربىي سىبىرىيە تۈزلەڭلىكىنى ئۇزۇنسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالىي مۇز ئوكيان كارا دېڭىزىدىكى ئوب قولتۇقىغا قۇيۇلىدۇ. بۇ دەريانىڭ سۇ مىقدارى مول، دەريا سۈيى ئاساسلىقى ئەتىيازدىكى ئېرىگەن قار سۇلىرىدىن تولۇقلىنىدۇ، ئاندىن قالسا يازدىكى ئېرىگەن مۇزلاردىن ۋە يامغۇرلاردىن تولۇقلىنىدۇ. مۇز تۇتۇش مەزگىلى ئۇزۇن، 5 ~ 6 ـ ئايلاردا كېمە قاتنىيالايدۇ، ھاۋزىسىدا نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار، شۇنىڭدەك ئورمان ۋە سۇ كۈچى بايلىقى مول.

**ۋولگا دەرياسى** ۋولگا دەرياسى ياۋروپا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن دەريا بولۇپ، رۇسىيەنىڭ ياۋروپا قىسمىغا جايلاشقان. بۇ دەريا ۋالداي ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ، جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ كاسپىي دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3530 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 360 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ۋولگا دەرياسى تۈزلەڭلىك تىپىدىكى دەريا بولۇپ، دەريا مەنبەسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئارانلا 228 مېتىر كېلىدۇ. يۇقىرى ئېقىنىنىڭ كىلىماتى نەم، ئېقىن مىقدارى ئەڭ كۆپ، دەريا تورى زىچ. تۆۋەن ئېقىنىغا بارغانسېرى كىلىماتى قۇرغاقلىشىپ، دەريا تورى شالاڭلىشىپ بارىدۇ. كامىشىن ئەتراپىدىن دەريا ئېغىزىغىچە بولغان 800 كىلومېتىرلىق دەريا بۆلىكىدە تارماق ئېقىنلار يوق بولۇپ، تىپىك دەرەخ شېخىسىمان سۇ سىستېمىسى شەكىللەنگەن. ۋولگاگرادتا ئاقتۇبا تارماق ئېقىنى بۆلۈنۈپ چىقىپ، غول ئېقىن بىلەن دەريا ئېغىزى رايونىغىچە ئاساسەن پاراللېل ئېقىپ بېرىپ، دەريا ئېغىزىدا دېلتا ھاسىل قىلغان. ۋولگا دەرياسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ۋولگا ـ بالتىق دېڭىزى قانىلى، شىمالىي دېۋىنا سۇ سىستېمىسى ۋە ئاق دېڭىز ـ بالتىق دېڭىزى قانىلى، ۋولگا ـ دون دەرياسىدىكى لېنىن قا-

نىلى ئارقىلىق بالتىق دېڭىزى، ئاق دېڭىز، ئازوۋ دېڭىزى، قارا دېڭىز ۋە كاسپىي دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ ھەمدە قانال ئارقىلىق موسكۋاغا تۇتىشىپ، چوڭ بەش دېڭىزغا تۇتىشىدىغان غايەت زور سۇ قاتنىشى تورىنى ھاسىل قىلغان. غول ۋە تارماق ئېقىنلاردىكى قاتنىغىلى بولىدىغان مۇساپە 3256 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ رۇسىيەنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىچكى دەريا قاتناش يولى ھېسابلىنىدۇ. ۋولگا دەرياسىنىڭ غول - تارماق ئېقىنلىرى بىپايان ياۋروپا تۈزلەڭلىكىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 136 مىليون گېكتارغا يېتىپ، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى رۇسىيەنىڭ ياۋروپا رايونى كۆلىمىنىڭ 1/4 نى ئىگىلەيدۇ. دەريا بويىدىكى سۇ كۈچى ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنىڭ ئومۇمىي توك چىقىرىش مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر تۈرلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرى ئارقىلىق چىقىرىلغان توك مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 10% نى ئىگىلەيدۇ. ھاۋزا رايونىدا 60 مىليون ئاھالە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ رۇسىيە نوپۇسىنىڭ 2/5 نى ئىگىلەيدۇ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت ۋە بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 1/4 نى ئىگىلەيدۇ، توشۇلىدىغان مال مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتتىكى سۇ ترانسپورتىنىڭ 70% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ۋولگا دەرياسى رۇسىيەنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ ھەمدە ئۇ رۇس مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولغاچقا، «رۇسىيەنىڭ ئانىسى» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

**دوناي دەرياسى** دوناي دەرياسى مەشھۇر خەلقئارالىق دەريا، ياۋروپا بويىچە ئىككىنچى چوڭ دەريا، دۇنيا بويىچە ئېقىپ ئۆتىدىغان دۆلەتلىرى ئەڭ كۆپ دەريادۇر. ئۇ گېرمانىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى خېسسېن تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، غەربتىن شەرققە قاراپ ئاۋسترىيە، سلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە، كىرودىيە، سېربىيە، قارا تاغ (مونتېنېگرو)، بۇلغارىيە، رۇمىنىيە، ئۇكرائىنا قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئېقىپ ئۆتۈپ قارا دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. دوناي دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2850 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 816 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. دوناي دەرياسى ئېقىش يولىدا 300 دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك تارماق ئېقىنلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 6430 كۇب مېتىر كېلىدۇ.



دوناي دەرياسىنىڭ مەنزىرىسى.

دوناي دەرياسى دەريا بويىدىكى خەلقلەرنىڭ ماكانىنى گۈزەللەشتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنى زور مىقداردىكى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ۋە قولايلىق سۇ قاتنىشى بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ. بۇ دەريانىڭ ترانسپورت قىممىتى ئىنتايىن چوڭ، ماين - دوناي دەرياسى قانىلى بىلەن رېين دەرياسى تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، قارا دېڭىزدا پاراخوتقا ئولتۇرۇپ دوناي دەرياسى ئارقىلىق شىمالىي دېڭىزغا بارغىلى بولىدىغان بولدى، ئۇ ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى زىچ سۇ ترانسپورت لىنىيەسىگە ئايلاندى.

دوناي دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا نۇرغۇنلىغان گۈزەل شەھەرلەر بار بولۇپ، ئاۋسترىيەنىڭ پايتەختى ۋېنا، ۋېنگرىيەنىڭ پايتەختى بۇداپېشت قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**رېين دەرياسى** «رېين» سۆزىنىڭ قەدىمدە بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان كېلتلارنىڭ تىلىدا «سۇپسۈزۈك» دېگەن مەنىسى بار.



ئالپس تاغلىرىدىكى قار - مۇزلار ئېرىگەندىن كېيىن رېين دەرياسىغا ئېقىپ كىرىدۇ، دەريادا چوڭ - كىچىك پاراخوتلار يۈرەلەيدۇ.

رېين دەرياسى ياۋروپانىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىرىنچى چوڭ دەريا بولۇپ، شۋېيتسارىيەنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى ئالپس تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، غەربىي شىمالغا قاراپ لىچتېنشتېين، ئاۋسترىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيەلەردىن ئېقىپ ئۆتۈپ، روتتېردام ئەتراپىدا شىمالىي دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1320 كىلومېتىر، ھاۋزا كۆلىمى 224 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. سۇ مىقدارى يىل بويى مول ۋە بىرخىل بولىدۇ. دەريا ئېغىزىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى ھەر سېكۇنتىغا 2500 كۇب مېتىر، قاتناش مۇساپىسى 885 كىلومېتىر كېلىدۇ. قانالار ئارقىلىق دوناي، سېنا، رونا، ئېلبا دەريالىرى بىلەن تۇتىشىپ، ئاۋات سۇ ترانسپورتى تورىنى ھاسىل قىلغان. ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىغا سانائەت شەھەرلىرى زىچ جايلاشقان، روتتېردام، دۇئىسبۇرگ، ماينىز، ستراسبۇرگ قاتارلىق مۇھىم دەريا پورتلىرى بار.

www.uyghurkitap.com

**كونگو دەرياسى** ب د ت 21 ـ ئەسىر دۇنيا سۇ بايلىقى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا: نۆۋەتتە دۇنيادا پەقەت جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئامازون دەرياسى بىلەن ئافرىقىدىكى كونگو دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دەريانىلا ساغلام دەريا قاتارىغا قويۇشقا بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن.

كونگو دەرياسى ئافرىقا قىتئەسىدىكى ئىككىنچى ئۇزۇن دەريا بولۇپ، ئۇ يەنە زايىر دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دەريا ئوتتۇرا غەربىي ئافرىقىغا جايلاشقان بولۇپ، زامبىيەنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى چامبېشى دەرياسىدىن باشلىنىدۇ. شىمالىغا قاراپ ئېگىلگەن چوڭ يايسىمان ھالەتتە بولۇپ، ئېكۋاتوردىن ئىككى قېتىم كېسىپ ئۆتىدۇ، ئاندىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئېگىزلىك ۋە لەۋڭىستون شارقىراتما توپىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ئاتلانتىك ئوكيانغا قويۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4640 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 3 مىليون 700 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى ھەر سېكونتىغا 80 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئەگەر ئېقىن مىقدارى بويىچە ئايرىساق، كونگو دەرياسىنىڭ ئېقىن مىقدارى ئامازون دەرياسىدىن قالسىلا، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

كونگو دەرياسىنىڭ غول ئېقىنى ئېكۋاتوردىن ئىككى قېتىم ئۆتىدۇ. چوڭ ـ كىچىك تارماق ئېقىنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئېكۋاتور كۆپ يامغۇرلۇق رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، ئېقىن مىقدارى غايەت زور ۋە مۇقىم. غول ۋە تارماق ئېقىنلىرىدا خەتەرلىك ساھىللار، شارقىراتمىلار ۋە جىددىي ئېقىنلار كۆپ، سۇ كۈچى بايلىقى مول، سۇ كۈچى ئېنېرگىيە زاپىسى 130 مىليون كىلوۋاتقا يېتىدۇ، بۇ دۇنيا سۇ كۈچى ئېنېرگىيە ئومۇمىي زاپىسىنىڭ 1/6 ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ دەريادا سۇ ترانسپورتى تەرەققىي قىلغان. غول ئېقىنى ۋە قاتنىغىلى بولىدىغان تارماق ئېقىنلىرى غايەت چوڭ سۇ ترانسپورتى تورىنى ھاسىل قىلغان، قاتناش مۇساپىسى تەخمىنەن 20 مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ.

**نىل دەرياسى** نىل دەرياسى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئۇزۇن دەريا بولۇپ، ئاق ۋە كۆك نىل دەريالىرى ئۇنىڭ يۇقىرى مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەريالار سۇداننىڭ پايتەختى خارتومدا قوشۇلغاندىن كېيىن نىل دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6671 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 2 مىليون 870 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئافرىقا يەر مەيدانىنىڭ تەخمىنەن %10 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ دەريا رۋاندا، بۇرۇندى، تانزانىيە، كېنىيە، كونگو (كىنشاسا)، سۇدان، ئېفىئوپىيە، مىسىر قاتارلىق توققۇز دۆلەتتىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىردا ئوتتۇرا دېڭىزغا قويۇلىدۇ. بۇ دۇنيا بويىچە ئېقىپ ئۆتىدىغان دۆلەتلىرى ئەڭ كۆپ خەلقئارالىق دەريالارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

نىل دەرياسىدىن دېڭىزغا قويۇلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكونتىغا 2300 كۇب مېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 72 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، بۇ دۇنيادىكى سۇ مىقدارى سەل ئازراق بولغان چوڭ دەريا بولسىمۇ، دەريا بويىدىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنى قىممەتلىك سۇ بايلىقى بىلەن تەمىنلەپ، تەخمىنەن 250 مىليون ئاھالىنى بېقىپ كەلمەكتە.

نىل دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدىغان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن تۆۋەندىكىدەك مۇھىم ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە: نىل دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىدا ھەر يىلى 6 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە قەرەللىك تاشقىن بولۇپ، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا زور مىقداردا مۇنبەت لاتقىلار تىنىدۇرۇلغان. بۇ يەرلەر ئۇزاق مەزگىل ئېچىپ تېرىلىش نەتىجىسىدە مەشھۇر دەريا ۋادىسى بوستانلىق بەلبېغىغا ۋە دېلتا يېزا ئىگىلىك رايونىغا ئايلانغان. تۆۋەن ئېقىنى رايونى بولسا دۇنيانىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئافرىقىنىڭ نوپۇسى ئەڭ زىچ، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونى ھېسابلىنىدۇ. نىل دەرياسىنىڭ سۇ كۈچى بايلىقى مول بولۇپ، ھاۋزىسىدا بىرقانچە چوڭ تىپتىكى چۈشۈرگە ۋە سۇ توسمىلىرى ياسالدى، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى گېنېراتورلىرىنىڭ قۇراشتۇرۇلغان سىغىمچانلىقى ۋە سۇغىرىش كۆلىمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئافرىقىنىڭ 1/2 ۋە 1/5 ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ئاسۋان ئېگىز توسمىسى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنىدىن پايدىلىنىپ ھەم كەلكۈندىن



نىل دەرياسى مەنزىرىسى.

مۇداپىئە كۆرگىلى، توك چىقارغىلى، سۇ تىرانسپورتىدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ، ھەم بېلىقچىلىق ۋە ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ نىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ سۇ رايى ئالاھىدىلىكى ۋە ئېكولوگىيە سىستېمىسىغىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

**مىسسىسىپى دەرياسى** «مىسسىسىپى» سۆزى ئىندىيان تىلىدا «چوڭ دەريا» ياكى «دەريالارنىڭ ئاتىسى» دېگەن مەنىدە.

مىسسىسىپى دەرياسى دۇنيادىكى چوڭ دەريالارنىڭ بىرى، شۇنداقلا شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى بويىچە ئەڭ ئۇزۇن، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى ئەڭ كەڭ، سۇ مىقدارى ئەڭ كۆپ دەريا بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ مىننېسوتا ئىشتاتىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 501 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىتاسكا كۆلىدىن باشلىنىپ، جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ مېكسىكا قولتۇقىغا قۇيۇلىدۇ. بۇ دەريا كانادانىڭ ئىككى ئۆلكىسى ۋە ئامېرىكىنىڭ 31 ئىشتاتىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 3 مىليون 220 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئېشىپ، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 1/8نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6262 كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە تۆتىنچى ئۇزۇن دەريا ھېسابلىنىدۇ.

مىسسىسىپى دەرياسىنىڭ ھاۋزا كۆلىمى كەڭ بولۇپ، ھەرقايسى جايلىرىنىڭ كىلىماتى روشەن پەرقلىنىدۇ، تاشقىن مەزگىلى ۋە سۇيى قىس مەزگىلىمۇ ئوخشاشمايدۇ. ھاۋزا دائىرىسىدە سۇ كۈچى بايلىقى مول بولۇپ، سۇ كۈچى ئېنېرگىيە زاپىسى 26 مىليون 300 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىدۇ، ئېقىن مىقدارى ئەڭ چوڭ بولغان تارماق ئېقىن — ئوخىيو دەرياسىنىڭ ئېنېرگىيە مىقدارى بىرقەدەر چوڭ، ئېچىلىش دەرىجىسىمۇ يۇقىرى بولۇپ، مەشھۇر تېننېسى دەرياسى سۇ ئېلېكتىر قۇرۇلۇشىمۇ مۇشۇ رايونغا جايلاشقان. مىسسىسىپى سۇ سىستېمىسى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىنى يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان مول سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، يەنە كېلىپ سۇ قاتنىشى قىممىتىمۇ ناھايىتى چوڭ. 50كە يېقىن غول ۋە تارماق ئېقىنىنىڭ قاتناش مۇساپىسى تەخمىنەن 62 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىدۇ، ھاۋزىسىدىكى نۇرغۇن قاناللار بەش چوڭ كۆل — سايىنت لاۋرېنس سۇ يولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، دەريا، كۆل ۋە دېڭىزلار ئۆزئارا تۇتاشقان ھازىرقى زامان سۇ تىرانسپورت تورىنى ھاسىل قىلغان. دېڭىز كېمىلىرى غول ئېقىننى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ 400 كىلومېتىر يۈرەلەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ دانلىق زىرائەتلىرى بىلەن دادۇرىنىڭ يېرىمى مىسسىسىپى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن توشۇپ چىقىلىدۇ.

**شارقىراتما** شارقىراتما گېئولوگىيەدە تىكتىن چۈشكەن سۇ (ئازما) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەر شارىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى كۈچلىرىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن. مەسىلەن، ئۈزۈلمە، ئولتۇرۇشما قاتارلىق گېئولوگىيەلىك تۈزۈلمە ھەرىكىتى ۋە يانار تاغ پارتلىشى قاتارلىقلار پەيدا قىلغان يەر يۈزىدىكى ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن، ئېقىۋاتقان دەريا سۇيى تۇساتتىن تەقرىبىي تىك ھالەتتە چۈشىدۇ. مانا مۇشۇنداق رايونلاردا شارقىراتمىلار ھاسىل بولىدۇ. شارقىراتما دەريا قىنىنىڭ زور ئۈزۈلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل شارقىراتما ئىچكى كۈچلەرنىڭ ئاساسلىق يېتەكچى ئامىل بولۇشىدىن شەكىللىنىدۇ. يەنە بىر خىلى بولسا ئېقىن سۇلارنىڭ يالىشى ۋە ئېرىتىشى قاتارلىق تاشقى كۈچلەر تەسىرىنىڭ ئاساسلىق يېتەكچى ئامىل بولۇشىدىن شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن دەريا قىنىدىكى تاغ جىنسلىرىنىڭ يۇمشاق – قاتتىقلىقى بىردەك بولمىغانلىقتىن، ئېقىن سۇلار يۇمشاقراق تاغ جىنسلىرىنى ئوڭايلا ئۆپۈرىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئېگىز – پەسلىك پەرقى ناھايىتى چوڭ يەر تۈزۈلۈش پەرقى پەيدا بولۇپ، شارقىراتما ھاسىل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مۇزلۇقلارنىڭ تاغ جىنسلىرىنى يونۇپ ئۆپۈرىتىشىمۇ شارقىراتما ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. چۈشۈش پەرقى، كەڭلىكى ۋە سۇ مىقدارى قاتارلىقلار شارقىراتمىنى ھاسىل قىلغۇچى ئۈچ ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

**خۇاڭخې دەرياسى خۇكۇ شارقىراتمىسى** خۇاڭخې دەرياسى خۇكۇ شارقىراتمىسى سەنشى ئۆلكىسى جىشيەن ناھىيە بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى 49 كىلومېتىر يىراقلىقتا، لىنفېن شەھىرىدىن 165 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سەنشى – شەنشى جىلغىسىدىكى خۇاڭخې دەرياسى قىنىغا جايلاشقان. خۇكۇ شارقىراتمىسى خۇاڭخې دەرياسى ئېقىپ خۇكۇ ئەتراپىغا كەلگەندە، ئىككى قىرغاقتىكى ئېگىز تاغلار خۇاڭخېنىڭ سۇيىنى تار خۇاڭخې جىلغىسىدا چەكلەپ تۇرغانلىقتىن، دەريا سۇيى يىغىلىپ جىددىي ئېقىپ، چوڭقۇر ئازگالغا ئېقىپ چۈشكەندە چاچراپ ئۆركەشلەپ غايەت چوڭ چۆگۈندە سېرىق سۇ ۋاراقلاپ قايناۋاتقاندەك كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلغانلىقىغا قارىتىلغان. خۇكۇ شارقىراتمىسىنىڭ كەڭلىكى پەسلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ



خۇاڭخې دەرياسى خۇكۇ شارقىراتمىسى.

ئۆزگىرىدۇ، ئادەتتە كەڭلىكى 30 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، تاشقىن مەزگىلىدە كېڭىيىپ 50 مېتىر ئەتراپىغا يېتىدۇ. شارقىراتمىنىڭ چۈشۈش پەرقى 20 ~ 30 مېتىر ئارىلىقىدا بولىدۇ. دەريا ياقىسىدا تۇرۇپ شارقىراتمىنى تاماشا قىلغاندا، «بوران ھۆركىرەۋاتقاندەك، ئاتلار كىشنەۋاتقاندەك، خۇاڭخې نەرە تارتىۋاتقاندەك» ھەيۋەتلىك سادا ئاڭلىنىدۇ.

**گۇيجۇ خۇاڭگوشۇ شارقىراتمىسى**

گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ جېنىنىڭ بۇيىزۇ - مياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى بەيپەنجياڭ دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان داڭباخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى خۇاڭگوشۇ شارقىراتمىسى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق. ئۇ يەردە تاغلار بىر - بىرىگە تۇتاش كەتكەن. بەيشۈي دەرياسى شەرقىي شىمالدىكى تاغ قولتۇقىدىكى تىك قىيالاردىن شىددەت بىلەن ئېقىپ چۈشۈپ، ھەيۋەتلىك دولقۇنلارنى پەيدا قىلىدۇ. دەريا خۇاڭگوشۇ بۆلىكىدىن ئېقىپ ئۆتكەندە، دەريا قىنىدىكى ئۈزۈكلەر تۈپەيلىدىن، توققۇز پەلەمپەيلىك شارقىراتما شەكىللەنگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭى دەل خۇاڭگوشۇ شارقىراتمىسىدۇر. ئۇنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 30 ~ 40 مېتىر كېلىدۇ، ئەڭ كەڭ بولغاندا 80 مېتىرغا يېتىدۇ. 60 نەچچە



خۇاڭگوشۇ شارقىراتمىسى (جاڭ لىشيا تارتقان)

مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىك قىيالاردىن چۈشۈۋاتقان سۇلار قاتتىق سادا ياڭرىتىدۇ، ئۇنىڭغا تۇمانلار قوشۇلۇپ، ئاجايىپ كۆركەم مەنزىرە پەيدا قىلىدۇ.

**ئىگۇاسۇ شارقىراتمىسى** دۇنيا بويىچە ئەڭ كەڭ شارقىراتما برازىلىيە بىلەن ئارگېنتىنا چېگراسى بولغان ئىگۇاسۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان.

ئىگۇاسۇ دەرياسىنىڭ ئېغىزىغا 26 كىلومېتىر قالغان جايغا كەلگەندە، دەريا سۈيى تۇساتتىن بىر بۆلەك چوڭقۇر جىلغىغا ئېقىپ چۈشىدۇ، شىددەتلىك دەريا سۈيى يېرىم ھالقىسىمان ھالەتتە ئۇچقاندەك پەسكە چۈشىدۇ، چۈشۈش پەرقى 60 مېتىردىن 85 مېتىرغىچە كېلىدۇ. دەريا قىنىدىكى تاغ جىنسلىرى ۋە ئاراللار، چاقلار قۇرغاق پەسلىدە شارقىراتمىنى يۈزلىگەن تال - تال بۆلەكلەرگە ئايرىۋېتىدۇ، تاشقىن مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە، سۇ مىقدارى كۆپىيىپ، نەچچە يۈزلىگەن تال - تال شارقىراتمىلار قوشۇلۇپ كەڭلىكى 3000 مېتىردىن 4000 مېتىرغىچە كېلىدىغان غايەت زور سۇ پەردىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. تۇمانلار قاپلايدۇ، شارقىراتمىنىڭ ساداسى نەچچە كىلومېتىرغا يېتىپ بېرىپ، ئاجايىپ مەنزىرە پەيدا قىلىدۇ. برازىلىيە بىلەن ئارگېنتىنا بۇ رايوندا دۆلەت باغچىسى قۇرغان بولۇپ، ھەر يىلى نەچچە ئون مىڭلىغان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. شارقىراتمىدا غايەت زور سۇ كۈچى بايلىقى ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېچىپ پايدىلىنىش پىلانى تۈزۈلمەكتە.



نىياگارا شارقىراتمىسى (سۈرەتنى جاڭ لىشيا تارتقان).

**نىياگارا شارقىراتمىسى** «نىياگارا» سۆزى ئىندىيان تىلىدا «گۈلدۈرماما ئىلاھىنىڭ سۈيى» دېگەن مەنىدە. نىياگارا شارقىراتمىسى دۇنيادىكى مەشھۇر شارقىراتمىلارنىڭ بىرى بولۇپ، كانادا بىلەن ئامېرىكىنىڭ چېگراسىدىكى نىياگارا دەرياسى ئېرى كۆلىدىن ئونتارىيو كۆلىگە ئۆتىدىغان سۇ يولىغا جايلاشقان. نىياگارا دەرياسىنىڭ چۈشۈش پەرقى 99 مېتىر كېلىدۇ، دەريا سۈيى شىددەت بىلەن تىك قىيالاردىن ئوقتەك ئېقىپ چۈشۈپ، ھەيۋەتلىك كۆركەم مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ.

نىياگارا شارقىراتمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك تاش ئارال — گوئات ئارىلى بار. بۇ ئارال يەنە خۇشاللىق ئارىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گوئات ئارىلىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى شارقىراتمىنىڭ كەڭلىكى 305 مېتىرغا، چۈشۈش پەرقى 50.9 مېتىرغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئامېرىكا چېگراسىدىكى قىسمى ئامېرىكا شارقىراتمىسى دېيىلىدۇ؛ غەربىي تەرىپىدىكى شارقىراتمىنىڭ كەڭلىكى 793 مېتىر، چۈشۈش پەرقى 49.4 مېتىرغا يېتىدۇ، بۇ شارقىراتما كانادا چېگراسىدا پايىسىمان ھالەتتە بولغانلىقتىن، تاقىسىمان شارقىراتما دېيىلىدۇ. نىياگارا دەرياسىنىڭ 95% سۈيى تاقىسىمان شارقىراتمىدىن ئې-

قىپ چۈشىدۇ. نىياگارا شارقىراتمىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى سۇ مىقدارى كۆپ ۋە مۇقىم. ئامېرىكا بىلەن كانادا شارقىراتما ئەتراپىدا بىر قاتار سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. شارقىراتمىنىڭ ئەتراپى دۇنيادىكى مەشھۇر ساياھەت رايونىغا ئايلاندى.

**كۆل** قۇرۇقلۇقتىكى بىرقەدەر يېپىق كەلگەن تەبىئىي ئازگاللاردا سۇلارنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان سۇلۇق كۆل دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆلنىڭ ھاسىل بولۇش سەۋەبلىرى ھەرخىل بولىدۇ. يەر پوستى ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەر پوستىنىڭ ئۆزۈلۈشى، ئولتۇرۇشۇشى، چۆكۈشىدىن شەكىللەنگەن تۈزۈلمىلىك ئويمانلىقتا سۇنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان كۆل ئادەتتە تۈزۈلمىلىك كۆل دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: كۆل قىرغاقلىرى تەكشى، تار ھەم ئۇزۇن، قىرغاق يانباغىرى تىك، بىرقەدەر چوڭقۇر بولىدۇ، مەسىلەن، ئاسىيادىكى بايقال كۆلى. ۋولقان ئېتىلغاندىن كېيىن ۋولقان ئېغىزىدا سۇ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان كۆل ۋولقان ئاغزى كۆلى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئادەتتە تەقرىبەن چەمبەرسىمان ياكى تاقسىمان بولىدۇ، بىرقەدەر چوڭقۇر كېلىدۇ، مەسىلەن، چاڭبەيشەن تېغىدىكى تيەنچى كۆلى. ۋولقان پارتلاش ياكى ماگمىلارنىڭ ئېقىپ چىقىشى ياكى يەر تەۋرەش، تاغ كۆچكۈنى، سېيرىلىش، لاي – تاش ئېقىنى، مورىنا قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقارغان تاغ كۆچكۈنىنىڭ دەريا يولىنى توسۇۋېلىشىدىن شەكىللەنگەن كۆل توسالما كۆلى دەپ ئاتىلىدۇ، مەسىلەن، جۇڭگونىڭ بەش چوڭ تۇتاش كۆلى. دەريانىڭ يولىنى ئۆزگەرتىشى، ئەگرى جايىنى تۈزلىشى، لاتقا تىنىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن شەكىللەنگەن كۆل دەريادىن ھاسىل بولغان كۆل دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل كۆللەر كۆپىنچە ئورغاقسىمان ياكى بويۇنتۇرۇقسىمان شەكىلدە بولىدۇ، جۇڭگونىڭ جياڭخەن تۈزلەڭلىكىدە بۇ خىل كۆللەر كۆپ. شامالنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن كۆللەر شامالنىڭ يالىشى بىلەن ھاسىل بولغان ئازگاللاردا سۇنىڭ يىغىلىشىدىن شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل كۆللەر كۆپىنچە قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق كىلىماتلىق رايونلاردىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ شامالغا دالدا تەرىپىگە ياكى قۇم دۆڭلىرى ئارىلىقىدىكى ئويمان جايلارغا تارقالغان، مەسىلەن، ئىچكى موڭغۇلدىكى بەزى كۆللەر. مۇزلۇق تەسىرىدىن شەكىللەنگەن كۆللەر بولسا مۇزلۇقلار پائالىيىتىنىڭ يونۇپ ئۇپرىتىشى ۋە مورىنالار تەسىرىدە شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل كۆللەر كۆپىنچە قەدىمكى مۇزلۇقلار پائالىيىتى بولغان رايونلاردا تۈركۈملەپ پەيدا بولغان. ئۇلارنىڭ شەكلى ھەرخىل بولىدۇ، مەسىلەن، فىنلاندىيە، شىۋېتسىيە ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى نۇرغۇنلىغان كۆللەر ۋە جۇڭگونىڭ شىزاڭدىكى بەزى كۆللەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئىنسانلار سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساپ، سۇ ئاپېتىنى تۈگىتىش، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان سۈنئىي كۆللەرنى، يەنى سۇ ئامبارلىرىنى ياسىدى.

دۇنيادىكى كۆللەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2 مىليون 60 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتكۈل يەر شارىدىكى قۇرۇقلۇق كۆلىمىنىڭ 15% نى ئىگىلەيدۇ، كۆللەرنىڭ ئومۇمىي سۇ مىقدارى 176 مىڭ كۇب كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇڭگودىكى كۆللەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 80 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، جۇڭگودا كۆلىمى 1 كۇۋادرات كىلومېتىردىن چوڭ بولغان تەبىئىي كۆللەرنىڭ سانى 2300دىن ئاشىدۇ. كۆل سۇلىرى سۇ بايلىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدا زور مىقداردا سۇ ئېنېرگىيەسى، سۇ ئىنشائاتى قېزىلما بايلىق، سۇدا ياشايدىغان جانلىقلار قاتارلىق بايلىقلار ساقلانغان، سۇغىرىش، سۇ تىرانسپورتى، توك چىقىرىش، ئېقىنلارنى تەڭشەش، خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشى، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ساياھەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەردە ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ.

**پوياڭخۇ كۆلى** پوياڭخۇ كۆلى جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆل، شۇنداقلا چاڭجياڭنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىدىكى سۇ كىرىپ – چىقىدىغان چوڭ تىپتىكى كۆلدۇر. قەدىمدە بۇ كۆل «پېڭلى» دەپ ئاتالغان. ئۇ چاڭجياڭنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى، جياڭشىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلنىڭ يۈزى قاپاق شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 21 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 170 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە كەڭلىكى 18.8 كىلومېتىر، ماكسىمۇم كەڭلىكى 74 كىلومېتىر، كۆلىمى 3283 كۇۋادرات كىلومېتىر، ئوتتۇ-



پوياڭخۇ كۆلى مەنزىرىسى.

uyghurtap.com

رىچە چوڭقۇرلۇقى 5.1 مېتىر، ماكسىمۇم چوڭقۇرلۇقى 16 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. گەنجياڭ، فۇخې، شىنجياڭ، شيۇشۇي ۋە راۋخې قاتارلىق بەش دەريانىڭ سۈيى پوياڭخۇ كۆلىگە قويۇلىدۇ، شىمالىدا چاڭجياڭ دەرياسىغا ئېقىپ كىرىپ، دېڭىزغا قويۇلىدۇ. پوياڭخۇ كۆلى دۇچاڭ بىلەن ۋۇچېڭ ئارىلىقىدىكى سۇڭمېنشەن تېغىنى پاسىل قىلىپ، جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى كۆلگە ئايرىلىدۇ. هازىر بۇ ئىككى كۆل پوياڭخۇ كۆلىنىڭ ئاساسلىق سۇلۇق قىسمى بولۇپ، كۆلدە گىرەلىشىپ جايلاشقان 25 ئارال بار. كۆلنىڭ تېگى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ قىنىدىن ئېگىز بولغاچقا، بۇ كۆلنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارىنى تەڭشەش ئىقتىدارى ناچار، پەقەت چاڭجياڭ دەرياسىدا تاشقىن بولغاندا ئۇنىڭ قىسمەن سۈيىنى قوبۇل قىلالايدۇ. كۆلنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقى مول بولۇپ، ھەرخىل بېلىق ۋە قۇلۇلە تۈرلىرى، راك، قىسقۇچپاقا، سۇ قۇشلىرى، سۇ لەيلىسى، نېلۇپەر قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ. كۆل بويىدا قىزىل قاشقا تۇرنا، بوز تۇرنا، قوڭۇر تۇرنا، قارا تۇرنا، ئاققۇ قاتارلىق ئەتىۋارلىق قۇش تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بۇ كۆلنىڭ «ئەتىۋارلىق قۇشلار پادىشاھلىقى» دېگەن نامى بار. 1983 ـ يىلى مەزكۇر كۆل پەسىل قۇشلىرى مۇھاپىزەت رايونى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قۇش تۈرلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش رايونىدۇر. 1988 ـ يىلى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون قىلىپ ئايرىلدى. كۆلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ھەيۋەتلىك، كۆركەم لۇشەن تېغى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق داڭلىق مەنزىرە رايونىدۇر.

**دۇڭتىڭخۇ كۆلى** دۇڭتىڭخۇ كۆلى قەدىمدە «يۈنمېڭزې» دەپ ئاتالغان. ئەسلىدە ئۇ جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆل ئىدى، هازىر ئىككىنچى چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ دائىرىسى خۇنەن، خۇبېي ئىككى ئۆلكىگە سوزۇلغان بولۇپ، شىمالىي تەرىپى چاڭجياڭغا تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى شياڭجياڭ، زىجياڭ، يۈەنجياڭ، لىشۇي قاتارلىق دەريالارغا تۇتىشىدۇ. سۇ نورمال مەزگىلدە ئۇنىڭ كۆلىمى 2820 كىۋادرات كىلومېتىر، كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 345 مېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 65 مېتىر، ماكسىمۇم چوڭقۇرلۇقى 31 مېتىر كېلىدۇ، «800 چاقىرىملىق دۇڭتىڭخۇ كۆلى» دېگەن نامى بار. كۆل سۈيى چېڭلىڭ خادا تاشلىقىدا چاڭجياڭ دەرياسىغا ئېقىپ كىرىدۇ، بۇ سۇ قوبۇل قىلىدىغان ۋە چىقىرىدىغان چوڭ كۆل بولۇپ، كۆل سۈيى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسلىقى دەريا سۇلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

دۇڭتىڭخۇ كۆلى مەشھۇر بېلىق، گۈرۈچ ماكانى بولۇپ، بايلىق مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى مول. يەنە يۆياڭ راۋىقى، جۈنشەن تېغى، شياڭخې مەقبەرىسى (ئىككى خانىش مەقبەرىسى)، ليۇيى قۇدۇقى، چۈيۈەن بۇتخانىسى قاتارلىق مەشھۇر ساياھەت رايونلىرى بار.



تەيخۇ كۆلى مەنزىرىسى (سۈرەتنى لى گۇاڭشيا تارتقان)

**تەيخۇ كۆلى** تەيخۇ كۆلى جۇڭگو بويىچە ئۈچىنچى چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆل بولۇپ، دائىرىسى جياڭسۇ، جېجياڭ ئۆلكىلىرىگە سوزۇلۇپ بارىدۇ، قەدىمدە «جېنزې» دەپ ئاتالغان. بۇ كۆل چاڭجياڭ دەرياسى ۋە چيەنتاڭجياڭ دەرياسىنىڭ لاتقىلىرىنىڭ تىنىشىدىن هاسىل بولغان تۇسالما كۆل بولۇپ، شەكلى بەرغەمۇتقا ياكى غەربكە تومپىيىپ چىققان ھىلال ئايغا ئوخشايدۇ. كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 68 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 35.7 كىلومېتىر، كۆلىمى 2425 كىۋادرات كىلومېتىر، كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 2.1 مېتىر كېلىدۇ. تەيخۇغا قويۇلىدىغان سۇ سىستېمىلىرىدىن شاۋشى، نەنشى دەريالىرى ۋە جياڭنەن قانىلى قاتارلىقلار بار. كۆلنىڭ سۈيى شەرقىي ۋە شىمالىي قىسمىدىكى شادۇن پورتى، شۈكۇ پورتى قاتارلىقلاردىن ۋاڭيۇخې، شۈجياڭ، ۋۇسۇڭجياڭ، خۇاڭپۇجياڭ دەريالىرى ئارقىلىق چاڭجياڭ دەرياسىغا چىقىدۇ. بۇ سۇ قوبۇل قىلىدىغان ۋە چىقىرىدىغان كۆلدۇر.

تەيخۇ كۆلىنىڭ مەنزىرە نۇقتىلىرى چوڭ ھەم كۆپ قاتلاملىقلىقى، كۆپلىگەن گۈزەل ئاراللىرى، تاغلىرى ۋە سۇلىرىنىڭ مەنزىرىسى بىلەن داڭلىق، بولۇپمۇ سۇجۇنىڭ تەيخۇ كۆلى بويىدىكى رايونلىرىنىڭ مەنزىرىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ يەردە گوۋۇيۈەن پىلانلىغان تەيخۇ بويىدىكى 13 مەنزىرىلىك رايون ۋە 69 مەنزىرە نۇقتىسى بار.

**باغراش كۆلى** باغراش كۆلى جوڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇلۇق، سۇ قوبۇل قىلىدىغان ۋە چىقىرىدىغان كۆل بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى قارا شەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى باغراش ناھىيەسىگە جايلاشقان.



باغراش كۆلىنىڭ مەنزىرىسى.

باغراش كۆلى سۇ يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1048 مېتىر، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 55 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 25 كىلومېتىر بولۇپ، ئۈچبۇلۇڭ شەكلىگە ئوخشاپ قالىدۇ. كۆل چوڭ كۆل ۋە كىچىك كۆل دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. چوڭ كۆلنىڭ كۆلىمى 980 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كىچىك كۆلنىڭ كۆلىمى يۈز نەچچە كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۆلىمى تەخمىنەن 300 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان قومۇشلۇق ۋە سازلىقلار بار. كۆل سۈيىنىڭ غەربى تېيىز، شەرقى چوڭقۇر بولۇپ، ئەڭ چوڭ كۆلنىڭ چوڭقۇرلۇقى 17 مېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 8 مېتىر كېلىدۇ. باغراش كۆلى قارلىق تاغلار، كۆللەر، بوستانلىق، قۇملۇق، غەلىتە قۇش ـ ھايۋانلار بىلەن بىرلىكتە گۈللەپ ـ ياشناپ، سۈرەتلەردەك ئاجايىپ رەڭدار مەنزىرە ھاسىل قىلغان. چوڭ كۆلنىڭ سۇ رايونى بىپايان كەڭرى بولۇپ، ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ بىپايان قۇملۇق دېڭىزىدا چاقناپ تۇرغان مەرۋايىت دەپ تەرىپلىنىدۇ. كىچىك كۆل رايونىدا يايپېشىل قومۇشلار بۈك ـ باراقسان ئۆسۈپ، ئۆزگىچە مەنزىرە ھاسىل قىلغان. ئۇ بىر «غايىۋى جەننەت» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

**لوپنور كۆلى** لوپنور كۆلى قەدىمدە «پىچان كۆلى» دەپ ئاتالغان. «لوپنور» سۆزىنىڭ موڭغۇلچىدە «يىغىلغان سۇ كۆلى» دېگەن مەنىسى بار. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، تارىم ئويمانلىقىدىكى لوپنور ئويمانلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، خەن دەۋرىدە لوپنورنىڭ دائىرىسى 300 چاقىرىمغا يېتەتتى. تارىختا كۆل سۈيى ئاساسلىقى تارىم، كۆنچى، چەرچەن دەريالىرىدىن كېلەتتى. بۇ دەريالار تۆۋەن ئېقىنىدا يولىنى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىپ تۇرغانلىقتىن، كۆلمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆچۈپ، كېڭىيىپ ۋە تارىيىپ تۇرغان. تارىم دەرياسىنىڭ چوڭ توسما قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، تارىم دەرياسى جەنۇبقا قاراپ تېتىما كۆلگە قويۇلۇشقا باشلىغان، كۆنچى دەرياسى لوپنور كۆلىگە قۇيۇلغان، ئەمما كۆلگە كىرىدىغان سۇ مىقدارى زور دەرىجىدە كېمىيىپ، پارغا ئايلىنىش كۈچلۈك بولغانلىقتىن، كۆل يۈزى تەدرىجىي تارىيىپ كىچىكلەپ بارغان، 1964 ـ يىلىدىن باشلاپ پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەن.

لوپنور كۆلى رايونى قەدىمكى زامانلاردا جەنۇبىي «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ، بۇ يەردە كىرورەن قەدىمكى شەھىرىنىڭ خارابىسى بار.

**شىخۇ كۆلى** سۇ يۈزى دولقۇنلىنىپ جىمىرلاپ چاقناپ تۇرىدىغان شىخۇ كۆلىنىڭ شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 2.88 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 3.3 كىلومېتىر، ئايلانمىسى 15 كىلومېتىر، كۆلىمى ئالتە كىۋادرات كىلومېتىر، سۇ يۈزىنىڭ كۆلىمى 5.66 كىۋادرات كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 1.8 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر جايى 2.8 مېتىر كېلىدۇ. «شىخۇ كۆلى» دېگەن نام ئەڭ دەسلەپتە تاڭ سۇلالىسىدىن باشلاپ قوللىنىلغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن شائىر سۇ دۇڭپو شىخۇ كۆلىنى: «ئەگەر كىم ئوخشاتسا ساھىبجامال شىزىغا شىخۇ كۆلىنى، تۇرار شىخۇ كۆلى ھەر ۋاقىت ساھىبجامال شىزى كەبى» دەپ مەدھىيەلىگەنىدى. شۇڭا، شىخۇ كۆلى يەنە «شىزى كۆلى» دەپمۇ ئاتالغان. گېئولوگ جۇ كېجېننىڭ قارىشىچە، شىخۇ كۆلى 12000 يىل بۇرۇن شەكىللەنگەن «لاگۇنا كۆل» تىپىغا كىرىدىكەن.



قۇرۇپ كەتكەن لوپنور كۆلى.

خاڭجۇ جۇڭگونىڭ نۇقتىلىق مەنزىرە ساياھەتچىلىك شەھىرى بولۇپ، بۇ شەھەردە «سۇلىرى زۇمرەتتەك بولۇش، ئاسمىنى كۆپكۆك بولۇش، مۇھىتى يايپېشىل بولۇش،

پاكىز بولۇش»تىن ئىبارەت تۆت چوڭ
قۇرۇلۇش يولغا قويۇلغان. شىخۇ كۆ-
لى چوڭقۇر قېزىلىپ، چيەنتاڭجياڭ
دەرياسىنىڭ سۈيى كۆلگە باشلاندى.
كۆل ئەتراپى كۆكەرتىلىپ، تۆت پە-
سىلدە گۈللەرگە پۈركىنىپ تۇرىدىغان
بولدى. شىخۇ كۆلىدىن ئىبارەت بۇ
شەرقتىكى مەرۋايىت تېخىمۇ چاقناپ
نۇرلىنىپ، دۇنيا مەدەنىيەت مىراسى-
غا، خەلقئارادىكى دوستلار تەلپۈنىدى-
غان سەيلىگاھقا ئايلاندى.

**چىڭخەي كۆلى** چىڭخەي كۆلى
جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇ-
رۇقلۇق تۇزلۇق سۇ كۆلى بولۇپ،
چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شى-
مالىغا، چىليەنشەن تاغلىرىنىڭ ئې-
تىكىگە جايلاشقان، ئۈزۈلمىلىك ئول-
تۇرۇشمىدا هاسىل بولغان تۇزۇلمى-
لىك كۆل بولۇپ، شەكلى رومبىغا
ئوخشايدۇ. ئۇزۇنلۇقى 106 كىلومې-
تىر، ئەڭ كەڭ جايى 63 كىلومېتىر،
كۆلىمى 4653 كىۋادرات كىلومې-
تىر، كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن
ئېگىزلىكى 3196 مېتىر، سۈيىنىڭ
ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 19 مېتىر،
ماكسىمۇم چوڭقۇرلۇقى 28.7 مېتىر
كېلىدۇ. كۆل سۈيى ئاساسلىقى يەر
ئۈستى سۇلىرى ۋە يەر ئاستى سۇلى-
رى بىلەن تولۇقلىنىدۇ، كۆلگە قويۇ-
لىدىغان دەريالاردىن 40 نەچچىسى
بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن بۇخا دەر-
ياسى، ئۇخا ئاجى دەرياسى، گەنزى
دەرياسى، خېيما دەرياسى قاتارلىقلار
بار. يەر ئاستى سۇلىرى بىلەن تو-
لۇقلىنىشتا يوشۇرۇن سۇلار بىلەن
تولۇقلىنىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرى-
دۇ. پارغا ئايلىنىش كۈچلۈك بولغان-
لىقتىن، كۆلنىڭ يۈزى تۆۋەنلەپ تۇز
مىقدارى ئېشىپ كەتكەن. كۆلدە تۇ-
خۇم ئارىلى، قۇشلار ئارىلى، دېڭىز
يۈرىكى تېغى، قۇم ئارىلى ۋە ئۈچتاش
ئارىلىدىن ئىبارەت بەش ئارال بار بو-
لۇپ، قۇم ئارىلى ئەڭ چوڭ، قۇشلار
ئارىلى ئەڭ داڭلىق. قۇشلار ئارىلى-
نىڭ ئۈستى تەكشى بولۇپ، هەر يىلى



چىڭخەي كۆلىنىڭ مەنزىرىسى.

ئەتىيازدا هەرخىل قۇشلار بۇ يەرگە
ماكانلىشىدۇ. ئۇ هازىر دۆلەت دەرى-
جىلىك تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان
رايون قىلىپ بېكىتىلدى.

**رىيۆتەن كۆلى** ۋەتىنىمىزنىڭ گۆ-
هەر ئارىلى تەيۋەندە تەبىئىي مەنزى-
رىسىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن داڭقى
چىققان بىر كۆل بار. كۆلنىڭ ئوت-
تۇرىسىدىكى كىچىك ئارال كۆل سۇ-
يىنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ، شىما-
لىي قىسمىدىكى سۇ يۈزى چەمبەر-
سىمان بولۇپ، قۇياشقا ئوخشايدۇ.
جەنۇبىي قىسمىدىكى سۇ يۈزى ئور-
غاق ئايغا ئوخشايدۇ، شۇڭا كىشىلەر
بۇ كۆلنى رىيۆتەن (شەمشىقەمەر كۆ-
لى) دەپ ئاتىغان.



رىيۆتەن كۆلى مەنزىرىسى (سۈرەتنى ۋاڭ شۆلىن تارتقان)

رىيۆتەن كۆلىنىڭ كۆلىمى 7.7
كىۋادرات كىلومېتىر، سۈيىنىڭ
ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 19 مېتىر
كېلىدۇ. كۆل رايونىنىڭ مەنزىرىسى
گۈزەل بولۇپ، «ئارالدىكى پەرىلەر
ماكانى» دەپ تەرىپلىنىدۇ، بۇ تەيۋەن
ئارىلىدىكى سەككىز داڭلىق مەنزى-
رىنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ. كۆل
قىرغىقىدا ئاسارئەتىقە-
لەر ۋە ئىمارەتلەر كۆپ
بولۇپ، بۇ تەيۋەندىكى
ساياھەت قىلىدىغان ۋە
ئىسسىق ئۆتۈشتىن
ساقلىنىدىغان مەنزىرى-
لىك جايدۇر. كۆل
ئەتراپىغا گاۋشەن مىل-
لىتى ئولتۇراقلاشقان.

**تىتىكاكا كۆلى** تىتى-
كاكا كۆلى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئە-
سى بويىچە ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇلۇق
كۆل، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئې-
گىز چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆللەرنىڭ
بىرى. ئۇ پېرۇ بىلەن بولىۋىيەنىڭ
ئارىلىقىدىكى بولىۋىيە ئېگىزلىكى-
نىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان.
كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 كىلومې-
تىر، كەڭلىكى 66 كىلومېتىر، كۆ-
لىمى 8330 كىۋادرات كىلومېتىر
كېلىدۇ. كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن
ئېگىزلىكى 812 مېتىر، سۈيىنىڭ
ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 100 مېتىر،
ئەڭ چوڭقۇر جايى 304 مېتىر، كۆل-
دىكى زاپاس سۇ مىقدارى 827 كۇب
كىلومېتىر كېلىدۇ. تىتىكاكا كۆلى
كۈچلۈك يەر پوس-
تى هەرىكىتىدە
كورددىلېر تاغ
سىستېمىسىنىڭ
كۆتۈرۈلۈشى ۋە غا-
يەت زور تۇزۇلمى-
نىڭ ئۈزۈلۈپ ئول-
تۇرۇشى بىلەن
هاسىل بولغان.
كۆلنىڭ سۇ مىقدا-
رى مۇقىم بولۇپ،
ئاندېس تاغلىرىدىكى قار - مۇز سۇ-
لىرى ئاساسلىق تولۇقلاش مەنبەسى-
دۇر. كۆل سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى
تۆۋەنرەك بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە
تېمپېراتۇرىسى 12℃تىن 16℃قىچە بولىدۇ. كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇ-
بىدا بىر چىقىش ئېغىزى بولۇپ، ئۇ
دېساگۇ ئادېرو دەرياسى ئارقىلىق پو-

ئوپو كۆلى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. كۆلدە ئاراللار كۆپ بولۇپ، چوڭ — كىچىك ئاراللاردىن جەمئىي 63ى بار، ئەڭ چوڭى كاكا ئارىلى بولۇپ، قۇياش ئارىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاي ئارىلى ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدۇ، ئۇلار بىرلەشتۇرۇلۇپ شەمشىقەمەر ئارىلى دېيىلىدۇ. تىتىكاكا كۆلى رايونى تىياخۇ ئاناكو مەدەنىيىتى ۋە ئىنكا مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 21 كىلومېتىر يىراقلىقتا قەدىمكى شەھەرنىڭ خارابىلىرى بار. قۇياش ۋە ئاي ئاراللىرىدا قەدىمكى ئىبادەتخانا، ئوردا قاتارلىق مەدەنىيەت ئاسارئەتىقىلىرى بار.

**بەش چوڭ كۆل** بەش چوڭ كۆل دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆللەر توپى، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇ سۇلۇقى بولۇپ، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. بۇ كۆللەرنى غەربتىن شەرققە قاراپ تىزغاندا تەرتىپى مۇنداق: سۇپېرىيور كۆلى، مىچىگان كۆلى، ھۇرون كۆلى، ئېرى كۆلى ۋە ئونتارىيو كۆلى. مىچىگان كۆلى ئامېرىكا زېمىنىدا بولغاندىن سىرت، قالغان كۆللەر ئامېرىكا بىلەن كانادانىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدا. بۇ كۆللەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 245 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، جۈملىدىن سۇپېرىيور كۆلىنىڭ كۆلىمى 82 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بەش كۆل ئىچىدە ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئېگىز، ئەڭ چوڭقۇر ۋە سۇ زاپىسى ئەڭ كۆپ كۆل (ئومۇمىي سۇ زاپىسىنىڭ 53% نى ئىگىلەيدۇ) ھېسابلىنىدۇ.




بەش چوڭ كۆلنىڭ سۈيى ئاساسلىقى يامغۇر سۇلىرى بىلەن تولۇقلىنىدۇ ھەمدە نەچچە يۈزلىگەن دەريا — ئېقىنلار ئۇنىڭغا قويۇلىدۇ، ئومۇمىي سۇ زاپىسى 22 مىڭ 800 كۇب كىلومېتىر كېلىدۇ. قاناللار ئارقىلىق ھۇدزون قولتۇقى، مىسسىسىپى دەرياسى قاتارلىق سۇ سىستېمىلىرى بىلەن ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. كۆل ئويمىنى مۇزلۇقلارنىڭ يونۇپ ئۇپرىتىشىدىن ھاسىل بولغان، مۇزلۇقلار ئېرىپ تۈگىگەندىن كېيىن كۆللەر ھاسىل بولغان، ھەرقايسى كۆللەر سۇ يوللىرى ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ، تاش ئارال، خادا تاشلار ياكى تىك قىيا تاشلار توغرىسىغا سوزۇلۇپ ياتقانلىقتىن، سۇ يوللىرىدا نۇرغۇنلىغان جىددىي ئېقىنلار ۋە شارقىراتمىلار شەكىللەنگەن. كۆل سۈيى ئەڭ ئاخىردا ئونتارىيو كۆلى ئارقىلىق سايىنت لاۋرېنتس دەرياسىغا قوشۇلۇپ، ئاندىن ئاتلانتىك ئوكيانغا قويۇلىدۇ. كۆل يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى غەربىدىن شەرققە قاراپ پەلەمپەيسىمان تۆۋەنلەپ بارىدۇ. غەربىي قىسمىدىكى تۆت چوڭ كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئانچە چوڭ پەرق قىلمايدۇ. ئونتارىيو كۆلىنىڭ يۈزى ئېرى كۆلىنىڭكىدىن 99 مېتىر تۆۋەن بولۇپ، ئېگىزلىكى چوڭ پەرق قىلىدۇ. بۇ ئىككى كۆلنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان نىياگارا دەرياسىنىڭ دەريا قىنىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ھاك تاشلىق قىيالاردىن توساتتىن تىك ئېقىپ چۈشۈشى بىلەن دۇنياغا داڭلىق نىياگارا شارقىراتمىسى ھاسىل بولغان. بەش چوڭ كۆلنىڭ سۇ يۈزى كەڭرى بولۇپ، ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول، سۇ يولى تىرانسپورت قىممىتى ئىنتايىن چوڭ. بۇ شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى بويىچە ئەڭ چوڭ خەلقئارالىق ئىچكى قۇرۇقلۇق سۇ سىستېمىلىرىنىڭ بىرىدۇر. كۆل رايونى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى دۇنيا بويىچە مەشھۇر مەنزىرىلىك ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**كاسپىي دېڭىزى** كاسپىي دېڭىزى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ كۆل ۋە تۇزلۇق سۇ كۆلىدۇر. ئۇ ئاسىيا قىتئەسى بىلەن ياۋروپا قىتئەسىنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپىنى رۇسىيە، ئەزەربەيجان، ئىران، تۈركمەنىستان، قازاقىستاندىن ئىبارەت بەش دۆلەت ئوراپ تۇرىدۇ. كاسپىي دېڭىزى ئىلگىرى دېڭىز — ئوكيانلارنىڭ بىر قىسمى بولغان، كېيىن دېڭىز — ئوكيانلاردىن ئايرىلىپ كۆلگە ئايلىنىپ قالغان، شۇڭا ئۇ دېڭىزسىمان كۆلگە مەنسۇپ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1200 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 320 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 368 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆپ قىسمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 100 مېتىرغا يەتمەيدۇ، شىمال تەرىپى تېيىز، جەنۇب تەرىپى چوڭقۇر، ئەڭ چوڭقۇر جايى 1025 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋولگا دەرياسى، ئۇرال دەرياسى قاتارلىق 130دىن كۆپ دەريا قويۇلىدۇ. كۆل رايونىنىڭ كىلىماتى قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا ياتىدۇ، ھۆل — يېغىنى ئاز، پارغا ئايلىنىش كۈچلۈك. سۇ ئىشلىتىش مىقدارى ئېشىپ، تولۇقلايدىغان سۇ مىقدارى كېمىيىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كۆلنىڭ سۇ ئورنى تۆۋەنلەپ، يۈزى تارىيىپ بارماقتا.

كاسپىي دېڭىزىنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول، مەنزىرىسى گۈزەل، بېلىق تۈرلىرى ۋە ھايۋانلىرى كۆپ،

قىرغىقىدا نېفىت بايلىقى مول. سۇ ترانسپورتى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان، ئەتىياز ۋە ياز پەسىللىرىدە كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسى، قىرغاقتىكى رۇسچە ۋە گېرمانچە ئىمارەتلەر توپى ئەتراپىدىكى دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ.

**بايقال كۆلى** «بايقال» سۆزىنىڭ بۇريات تىلىدا «تەبىئىي كۆل» دېگەن مەنىسى بار.

بايقال كۆلى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭقۇر، سۇ زاپىسى ئەڭ كۆپ تاتلىق سۇ كۆلى بولۇپ، ئوتتۇرا سىبىرىيە ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان، موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىي چېگراسىغا يېقىن تۇرىدۇ. بۇ كۆل يەر قاتلىمىنىڭ ئۈزۈلۈپ ئولتۇرۇشۇشىدىن ھاسىل بولغان، شەكلى ئورغاقسىمان، كۆلىمى 31 مىڭ 500 كىۋادرات كىلومېتىر، ئەڭ چوڭقۇر جايى 1620 مېتىر، سۇ زاپىسى 23 مىڭ كۇب كىلومېتىر كېلىدۇ.

300 دىن ئارتۇق دەريا ئېقىنى بايقال كۆلىگە قويۇلىدۇ، كۆل سۈيى ئانگارا دەرياسى ئارقىلىق ئېقىپ چىقىدۇ. كۆلدە 27 كىچىك ئارال بار. ئۇنىڭ ئىچىدە ئولخون كۆلى ئەڭ چوڭ بولۇپ، كۆلىمى 730 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆل ئويمىنى رايونىنىڭ كىلىماتى قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىمات بولۇپ، غايەت چوڭ سۇلۇق كۆلنىڭ قىرغىقىدىكى رايونلارنىڭ كىلىماتىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. قىشلىقى نىسبەتەن ئىللىقراق، يازلىقى سالقىنراق بولىدۇ. قىشلىقى كۆلنىڭ سۈيى بىر مېتىردىن قېلىن مۇز تۇتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال تۆت ـ بەش ئاي داۋام قىلىدۇ، ئەمما كۆلنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆزگەرمەيدۇ، تەخمىنەن 3.5℃ بولىدۇ. بايقال كۆلىنىڭ ھەرخىل ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلىرى داڭلىق، بۇلارنىڭ ئىچىدە 3/4 قىسمى ئۆزىگىلا خاس تۈرلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، بايقال تيۇلېنى، پېسكار (گوبىيو) بېلىقى قاتارلىقلار. بېلىق تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بايقال ئاق سالما بېلىقى، ئالا پالاق بېلىقى قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن سىرت، بايقال كۆلىدە دۇنيادا بىردىنبىر تاتلىق سۇ تيۇلېنى ياشايدۇ. كۆل رايونى گۈزەل ساياھەت ۋە دەم ئېلىپ داۋالىنىش ئورنىدۇر.


بايقال كۆلى مەنزىرىسى.

**مۇزلۇق** مۇزلۇق يەر ئۈستىدە ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھەمدە ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىدىغان تەبىئىي مۇز گەۋدىسى، شۇنداقلا يەر ئۈستىدىكى مۇھىم سۇلۇقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسلىقى ئىككى قۇتۇپ ياكى ئېگىز تاغلىق رايونلارغا تارقالغان. يۇقىرى كەڭلىك ۋە ئېگىز تاغلىق رايونلارنىڭ كىلىماتى قاتتىق سوغۇق بولغاچقا، ھۆل ـ يېغىن ئاساسەن قاتتىق ھالەتتە ياغىدۇ، يەر ئۈستى مۇز ـ قارلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ قار ـ مۇزلار دۆۋىلىنىپ بېسىلىش ۋە يېڭىباشتىن كىرىستاللىنىش ئارقىلىق ئېلاستىكىلىققا ئىگە مۇزلۇق مۇزلىرىغا ئايلىنىدۇ. مۇزلۇق مۇزلىرى بېسىم ۋە ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىدە، يەر يۈزىنى بويلاپ ئاستا ـ ئاستا ھەرىكەتلىنىپ، مۇزلۇققا (مۇز دەرياسىغا) ئايلىنىدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى يەتتە قىتئەدىكى مۇزلۇقلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 16 مىليون 230 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، قۇرۇقلۇق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن %10.7 نى ئىگىلەيدۇ. مۇزلۇقلار مۇزىنىڭ زاپاس سۇ مىقدارى قۇرۇقلۇقتىكى تاتلىق سۇ ئومۇمىي زاپاس مىقدارىنىڭ تەخمىنەن %68.7 نى ئىگىلەيدۇ. ئەگەر يەر شارىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئېرىپ كەتسە، دۇنيادىكى دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ يۈزى 70 مېتىر ئەتراپىدا ئۆرلەيدۇ، 1 مىليون كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق قۇرۇقلۇق كۆلىمىنى دېڭىز سۇلىرى بېسىۋالىدۇ. مۇزلۇقلار چوڭ قۇرۇقلۇق مۇزلۇقى ۋە تاغلار مۇزلۇقىدىن ئىبارەت ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ.


ئامېرىكىنىڭ ئالياسكا ئىشتاتىدىكى كولۇمبىيە مۇزلۇقى.

**تۆتىنچى دەۋر مۇزلۇقى مەزگىلى**

يەر شارىدا تاكى بۈگۈنگىچە بولغان 500 مىليون يىلدىن 600 مىليون يىل بۇرۇنقى سىنئان مۇزلۇق مەزگىلى، 280 مىليون يىل بۇرۇنقى كاربون ـ پېرم مۇزلۇق مەزگىلى، 37 مىليون يىل بۇرۇنقى كېيىنكى ھاياتلىق ئېراسى مۇزلۇق مەزگىلى، يەنى تۆتىنچى دەۋر مۇزلۇق مەزگىلىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مۇزلۇق مەزگىلى بولغان.

تۆتىنچى دەۋر مۇزلۇق مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە، يەر شارى يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا

www.uyghurkitap.com

تېمپېراتۇرىسى روشەن تۆۋەنلىگەن، كىلىمات سوۋۇپ، قۇرۇقلۇقتا مۇزلۇقلار قاپلىغان يەر كۆلىمى چوڭىيىپ، دېڭىز يۈزى 100 نەچچە مېتىر تۆۋەنلەپ كەتكەن. تۆتىنچى دەۋر مۇزلۇق مەزگىلىنى يەنە يەتتە دەسلەپكى مۇزلۇق دەۋرىگە ئايرىشقا بولىدۇ. دەسلەپكى مۇزلۇق دەۋرىنىڭ ئارىلىقىدىكى مۇز دەۋرلىرى ئارىلىقىدا كىلىمات بەلگىلىك دەرىجىدە ئىللىپ، مۇزلۇقلار مەلۇم دەرىجىدە ئېرىپ، دېڭىز سۇلىرى نۇرغۇنلىغان ئويمان ـ ئازگال جايلارنى بېسىۋالغان.

تۆتىنچى دەۋر مۇزلۇق مەزگىلىنىڭ تەسىرى راسا كۈچەيگەندە، شىمالىي يېرىم شاردىكى گىرېنلاندىيە، ئىسلاندىيە، كانادا، ياۋروپانىڭ شىمالىي قىسمى، شۇنىڭدەك جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال، غەربىي شىمال ۋە ئېگىزلىك رايونلىرىنى قار ـ مۇزلار قاپلىغان، ئەمما شەرقىي قىسمىدىكى تاغ ئالدى تۈزلەڭلىكىدە مۇزلۇق چۆكمىلىرىنىڭ بولغان ـ بولمىغانلىقى توغرىسىدا يەنىلا تالاش ـ تارتىش بار.

مۇزلۇق مەزگىلىدە قۇرۇقلۇق مۇزلۇقلىرى سىلجىغاندا، بېسىپ ئۆتكەن يەرلەرگە سۈركىلىپ، ئۇنى يونۇپ ئۆپرىتىدۇ ھەمدە يول بويى يەر يۈزىنى يۆتكەش، چۆكتۈرۈش، ئويۇش ئارقىلىق، مۇز ۋارونكىسى، U شەكىللىك مۇز يالاندى جىلغىسى، تاغ چوققىسىنىڭ قىرلىرى ۋە قىرلىق چوققىلار، مۇز دۆمبەل، يىلانسىمان ئىدىرلىق، يەلپۈگۈچسىمان مۇزلۇق سۈيى ۋە مۇز سۈيى تىنما تۈزلەڭلىكى قاتارلىق ھەر خىل ئىزلارنى قالدۇرغان. بۇ مۇزلۇق ئىزلىرى مۇزلۇق مەزگىلىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**چوڭ قۇرۇقلۇق مۇزلۇقى** چوڭ قۇرۇقلۇق مۇزلۇقى «چوڭ قۇرۇقلۇق مۇز قاپلىمىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى چوڭ، مۇز قەۋتى قېلىن، ئوتتۇرىسى ئېگىز، قالقانسىمان كېلىدۇ، ئاساسلىقى ئانتاركتىكا بىلەن گىرېنلاندىيەگە تارقالغان. بۇ ئىككى جايدىكى مۇزلۇق كۆلىمى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇزلۇقلار ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 97% نى ئىگىلەيدۇ. ئانتاركتىكا مۇزلۇقىنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 2000 مېتىرغا يېتىدۇ. چوڭ قۇرۇقلۇق مۇزلۇقىدىن دېڭىز بويىدىكى رايونلارغا غايەت چوڭ مۇز تىللىرى سوزۇلۇپ چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار دېڭىزغا سىيرىلىپ چۈشكەندە، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى لەيلىمە مۇز تاغلارغا ئايلىنىپ، دېڭىزدا يۈرۈۋاتقان پاراخوتلارغا ناھايىتى چوڭ خەۋپ تۇغدۇرىدۇ.

**تاغلىق مۇزلۇقى** تاغلىق مۇزلۇقى ئادەتتە ئېگىز تاغلارنىڭ چوققا قىسىملىرىغا جايلاشقان. ئۇ يەرنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يىل بويى $0^{\circ}C$ تىن تۆۋەن، قار مىقدارى بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ، دۇنيادىكى تاغلىق مۇزلۇقلىرى ئاساسلىقى ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئېگىز تاغلىق رايونلىرىغا تارقالغان. جۇڭگو چېگراسىدا ئاساسلىقى ھىمالايا تاغلىرى، گاندىس تاغلىرى، تاڭگۇلا تاغلىرى، كۇئېنلۇن تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرى، چىلىيەنشەن تاغلىرى قاتارلىق ئېگىز تاغلارنىڭ يۇقىرىسىغا تارقالغان، ئومۇمىي كۆلىمى 57 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭگونىڭ تەبىئىي گىگانت «قاتتىق ھالەتتىكى سۇ ئامبىرى»دۇر. جۇڭگونىڭ چاڭجياڭ، خۇاڭخې قاتارلىق چوڭ دەريالىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىش رايونىدىن باشلانغان.

**بۇلاق** بۇلاق يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ يەر ئۈستىگە تەبىئىي ئېقىپ چىققان ئورنى بولۇپ، يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ بىرخىل مۇھىم سىرتقا چىقىش شەكلىدۇر. يەر شەكلى، گېئولوگىيەلىك شارائىتى مۇۋاپىق كەلسە، يوشۇرۇن سۇلار ۋە بېسىلما سۇلار توپلىنىپ يەر يۈزىگە چىقىپ بۇلاقلارنى ھاسىل قىلىدۇ. تاغلىق رايونلار ۋە تاغ ئالدى بەلباغلىرىدا بۇلاقلار كۆپ ھاسىل بولىدۇ، تۈزلەڭلىكلەردە ئاز بولىدۇ. بۇلاق سۇلىرى كۆپ ھاللاردا دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ سۇ مەنبەسى بولىدۇ. بۇلاقلار نۇرغۇن تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. بۇلاق سۈيىنى تولۇقلىغۇچى سۇلۇق قەۋەتنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئۆرلىگۈچى بۇلاق ۋە تۆۋەنلىگۈچى بۇلاق دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئۆرلىگۈچى بۇلاقلارنىڭ سۈيى بېسىلما سۇلۇق قەۋەتتىن تولۇقلىنىدۇ. تۆۋەنلىگۈچى بۇلاقلارنىڭ سۈيى يوشۇرۇن سۇلاردىن ياكى ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى توختام سۇلاردىن تولۇقلىنىدۇ. بۇلاق سۇلىرى كۆپ ھاللاردا دەريالارنىڭ باشلىنىش مەنبەسى بولىدۇ. سۈيىنىڭ تەركىبىدە ئالاھىدە خىمىيەلىك تەركىب ياكى گاز تەركىب بولغان ۋە ياكى تېمپېراتۇرىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان بۇلاقنىڭ ئادەم بەدىنىگە روشەن شىپالىق رولى بولىدۇ، بۇ خىل بۇلاق ئارشاڭ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلاقلارنى مۇقىمسىزلىق كوئېففىتسېنتىگە ئاساسەن ئىنتايىن مۇقىم بۇلاق، مۇقىم بۇلاق، ئۆزگىرىشچان بۇلاق، ئىنتايىن ئۆزگىرىشچان بۇلاق ۋە ئىنتايىن مۇقىمسىز بۇلاق قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ. تېمپېراتۇرا پەرقىگە ئاساسەن



چىلىيەنشەن تېغىدىكى مۇزلۇقلار مەنزىرىسىگە يىراقتىن نەزەر.

بۇلاقلارنى سوغۇق بۇلاق، ئىلمان بۇلاق، ئىللىق بۇلاق، ئىسسىق بۇلاق ۋە بەك ئىسسىق بۇلاق قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ.

**باۋتۇ بۇلىقى** جۇڭگونىڭ جىنەن شەھىرى ئېتىلما بۇلاقلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن داڭلىق بولۇپ، ئۇنىڭ «بۇلاقلار شەھىرى» دېگەن نامى بار، پەقەت كونا شەھەر رايونىدىلا 200 دىن ئوشۇق بۇلاق بار. بۇنىڭ ئىچىدە خېيخۇ (قارا يولۋاس) بۇلىقى، باۋتۇ (ئۆرلىمە) بۇلىقى، جىنجۇ (مەرۋايىت) بۇلىقى ۋە ۋۇلۇڭتەن (بەش ئەجدىھا) بۇلىقى قاتارلىق تۆت چوڭ بۇلاقلار توپى بار. باۋتۇ بۇلىقى ئېتىلىپ چىققان سۇ مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى، ھەيۋەتلىكلىكى ۋە كۆركەملىكى بىلەن بۇلاقلار ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. باۋتۇ بۇلىقى جىنەن شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى باغچىدا بولۇپ، جەنۇبىي تەرەپتىكى چيەنفو تېغىدىكى كارستلىق سۇلىرىنىڭ يەر ئاستىدا ئېقىپ كېلىپ ئېتىلىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ھەم كۆركەم بۇلاقتۇر.



شەندۇڭ جىنەندىكى باۋتۇ بۇلىقى (سۈرەتنى ۋۇ گۇاڭ تارتقان)

**خۇيپاۋ بۇلىقى** خۇيپاۋ بۇلىقىنىڭ «جاھاندىكى ئۈچىنچى بۇلاق» دېگەن نامى بار. جېنجياڭنىڭ جىنشەن تېغىدىكى لېڭچۈەن بۇلىقى بىرىنچى بۇلاق، ۋۇشىنىڭ خۇيشەن تېغىدىكى خۇيچۈەن بۇلىقى ئىككىنچى بۇلاقتۇر.

خۇيپاۋ بۇلىقى جۇڭگونىڭ جېجياڭ ئۆلكىسى خاڭجۇ شەھىرى شىخۇ كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى خۇيپاۋ تېغىدىكى خۇيپاۋ ئىبادەتخانىسىغا جايلاشقان. بۇلاق سۈيى تەستە ئېرىيدىغان قوم جىنىسلىق قەۋەتتىن سىرغىپ چىقىدۇ. سۇ چىقىرىش مىقدارى ھەر سېكۇنتتا ئىككى لىتىردىن ئاشىدۇ. يېرىقچىلەردىن چىققان سۈپسۈزۈك ۋە لەززەتلىك بۇلاق سۈيى مىكروبسىز، تەملىك ۋە لەززەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا لۇڭجىڭ چېيىنى دەملەپ ئىچسە، كىشىنى قالتىس ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. شۇڭا ئەزەلدىن «شىخۇ كۆلىدىكى ئىككى تەڭداشسىز ئىچىملىك» دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ بۇلاق سۈيىدىكى ئېرىشچان مىنېراللار پەقەت ھەر لىتىردا 0.02 گىرامدىن 0.15 گىرامغىچە بولۇپ، بۇلاق سۈيى ھەم تاتلىق ھەم مىكروبسىز ئىكەن، مۇنداق سۇ ئادەم بەدىنىنىڭ ساغلاملىقىغا پايدىلىق ئىكەن.

**ئارشاڭ** يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ تېڭچۇڭ ناھىيەسى جۇڭگودىكى مەشھۇر يەر ئىسسىقلىقى يۇرتى بولۇپ، بۇ يەردە 10 نەچچە ئارشاڭ بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە خۇڭرېخەي ئارشىڭىنىڭ سۈيى ئەڭ ئىسسىق.

ئارشاڭ گېئولوگىيەدە ئىسسىق بۇلاق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ تېمپېراتۇرىسى شۇ يەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى تۇرىدىغان بۇلاق سۈيىدۇر. سۇنىڭ ئىسسىش ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈكلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، قايناق ئارشاڭ، قايناق فونتانلىق ئارشاڭ، قەرەلسىز فونتانلىق ئارشاڭ، پۇركۇش تۆشۈكى، گۇڭگۇرتلۇك گازلار ئېتىلىش تۆشۈكى، سۇ ئىسسىقلىقى پارتلىشى قاتارلىق شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ شەكىللىنىش مېخانىزمى مۇنداق: يەر ئاستى سۇلىرى ئېقىش جەريانىدا ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان تاغ جىنىسلىرىنىڭ ئىسسىقلىقىنى ئۆزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، تېمپېراتۇرىسى ئوخشاشمايدىغان ئىسسىق سۇلارنى ھاسىل قىلىپ، مۇۋاپىق تۈزۈلمىلىك ئورۇندا يەر ئۈستىگە چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىسسىق بۇلاق (ئارشاڭ) ھاسىل بولىدۇ.

دۇنيادىكى داڭلىق ئارشاڭلار ئاساسلىقى يانار تاغلىق رايونلارغا تارقالغان. مەسىلەن، ئىسلاندىيە، ئامېرىكىنىڭ سېرىق تاش (يېلوۋستون) باغچىسى، يېڭى زېلاندىيەنىڭ شىمالىي ئارىلى قاتارلىق جايلاردا ئارشاڭ كۆپ. جۇڭگو ئارشاڭلار كەڭ تارقالغان ۋە ئىسسىق سۇدىن پايدىلىنىش تارىخى ئۇزۇن دۆلەتلەرنىڭ بىرى. جۇڭگودا ئارشاڭلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، 2000 دىن ئارتۇق ئورۇندا ئارشاڭ بارلىقى ئېنىقلاندى. ئۇلار بەلباغسىمان تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنى يۈننەن ــ شىزاڭ يەر ئىسسىقلىق بەلبېغى، تەيۋەن ۋە شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويى يەر ئىسسىقلىق بەلبېغى، جياۋدۇڭ ــ لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى يەر ئىسسىقلىق بەلبېغى قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ.



يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ تېڭچۇڭ ناھىيەسىدىكى رېخەي ئارشىڭىدا ئىسسىق گازلار كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپىنى تۇمان قاپلىماقتا. (سۈرەتنى خەن جىڭيىڭ تارتقان)

**چوڭ ئارتېزىيان ئويمانلىقى** دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ مەشھۇر ئارتېزىيان ئويمانلىقى ئاۋستراليىيە چوڭ ئويمانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاۋستراليىيە چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالدا كارپېنتارىيە قولتۇقىدىن تارتىپ جەنۇبتا دارلىڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە ئېير كۆلى ئويمانلىقىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون 750 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، كۆپىنچە يەرلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 200 مېتىرغا يەتمەيدىغان چوڭ تېيىز تەخسىسىمان سىنكلىنال (ئوڭدا پۈرمە) ئويمانلىقتۇر. ئويمانلىقتىكى بېسىملىق سۇلۇق قەۋەت كۆپ تۆشۈكچىلىك قۇم تاش بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى ئېگىزرەك، نەم ۋە كۆپ يامغۇرلۇق شەرقىي قىسمىدا ئېچىلىپ، سۇ قوبۇل قىلىدىغان رايوننى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ سىرتقى يۈزى سۇ ئۆتكۈزمەس سلانېتس قەۋەت. يامغۇر سۇلىرى يەر ئاستىغا سىڭىپ كىرىپ قۇم جىنسلىق يانتۇ قەۋەتنى بويلاپ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئېقىپ كېلىپ، قۇم جىنسلىق قەۋەتنى بېسىملىق سۇ قەۋەتكە ئايلاندۇرىدۇ. بېسىملىق سۇ سۈنئىي قۇدۇقلار ياكى تەبىئىي بۇلاقلار ئارقىلىق يەر ئۈستىگە ئۇرۇلۇپ چىقىدۇ، شۇڭا بۇ ئويمانلىق ئارتېزىيان ئويمانلىقى دەپ ئاتالغان. قۇدۇق سۇلىرىنىڭ مىنېراللىق دەرىجىسى غەربىي تەرەپنىڭ يۇقىرى، شەرقىي تەرەپنىڭ تۆۋەن، بەزى قۇدۇقلارنىڭ سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، دېھقانچىلىق سۇغىرىشقا پايدىسىز، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ھايۋانلارنى سۇغارغىلى بولىدۇ.

**كارىز** ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگراسىدىكى شىنجاڭنىڭ تۇرپان ئويمانلىقى ۋە قومۇل ئويمانلىقى جۇڭگو بويىچە قۇرغاق رايونلار بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەرلەردە ئاۋات شەھەر ـ بازارلار، باياشات يېزا ـ كەنتلەر ۋە «جەنۇبىي جۇڭگودىن قېلىشمايدىغان» بوستانلىقلار بار، بۇنداق بولۇشى بۇ يەردە كارىز سۇلىرى بىلەن سۇغىرىش ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەش بولغانلىقىدا.

كارىزنى سۈنئىي قېزىلغان يەر ئاستى دەرياسى دېيىشكە بولىدۇ. كارىز سۈيى تەڭرىتاغلىرىنىڭ تاغ ئالدى ئويمانلىقىدىكى ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك مۇھىتتىن پايدىلىنىپ، تاغ يانتۇلۇقىنى بويلاپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، يەر ئاستى سۇلۇق قەۋەتتىن يەر ئۈستىگە باشلاپ چىقىلغان سۇدىن ئىبارەت.

كارىز ئادەتتە ئاشكارا ئېرىق، يوشۇرۇن ئېرىق (تەشمە)، تىك قۇدۇق ۋە كۆل (كىچىك سۇ ئامبىرى)دىن ئىبارەت تۆت قىسمدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇنىڭدا يوشۇرۇن ئېرىق (تەشمە) نىڭ قۇرۇلۇشى ئەڭ جاپالىق بولۇپ، ئادەتتە يەر ئاستىدا نەچچە كىلومېتىردىن نەچچە ئون كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا قېزىلىدۇ. كارىز چاپقاندا يۆنىلىش بەلگىلەش، توپا چىقىرىش ۋە شامال ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ھەر 10 مېتىر ياكى 30 ~ 40 مېتىر ئارىلىقىدا بىردىن تىك قۇدۇق قېزىلىپ، يوشۇرۇن ئېرىققا تۇتاشتۇرۇلىدۇ. يوشۇرۇن ئېرىقنىڭ سۇ چىقىش ئېغىزىنىڭ ئايىغىدا ئادەتتە نەچچە ئون مېتىردىن نەچچە يۈز مېتىرغىچە كېلىدىغان ئاشكارا ئېرىقى بولىدۇ، ئاشكارا ئېرىقنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدا كۆل چېپىلىدۇ، سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇلار بۇ كۆلگە يىغىلىپ تۇرىدۇ. ئاشكارا ئېرىق ۋە كۆل ئەتراپىغا دەل ـ دەرەخلەر تىكىلىپ، باغلار بەرپا قىلىنىدۇ، تورالغۇلار سېلىنىدۇ. بەزى كۆللەردە يەنە بېلىق بېقىلىدۇ، نېلۇپەر ئۆستۈرۈلىدۇ، غاز، ئۆردەك قاتارلىقلار بېقىلىدۇ. بۇ يەرلەر چۆل جەزىرە بوستانلىقىدىكى مەنزىرىسى گۈزەل رايون ھېسابلىنىدۇ.



كارىزدىن سۇ ئېلىۋاتقان يەرلىك ئاھالىلەر.

**قانال** قانال خۇددى «سۇ ئۈستىدىكى كۆۋرۈك»كە ئوخشاش ھەم دېڭىز ـ ئوكيان ۋە سۇ سىستېمىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، ھەم قاتناش مۇساپىسىنى قىسقارتىپ، ۋاقىتنى تېجەپ، ئوبوروت ھالقىسىنى ئازايتىدۇ، ئۇ ھازىرقى زامان ترانسپورت سىستېمىسىدا كەم بولسا بولمايدىغان رول ئوينىماقتا.

قانال رايونلارنى تۇتاشتۇرىدىغان ياكى سۇ رايونلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان سۈنئىي سۇ يولى بولۇپ، قاتناش ترانسپورتىدىن باشقا، يەنە سۇغىرىش، كەلكۈننى بۆلۈش، كەلكۈن چىقىرىش، سۇ بىلەن تەمىنلەش قاتارلىقلاردا پايدىلانغىلى بولىدۇ. دۇنيادىكى قاناللارنى فۇنكسىيەسىگە ئاساسەن، دېڭىز ـ ئوكيانلارنى تۇتاشتۇرىدىغان قانال، ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى سۇ سىستېمىلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان قانال، شۇنىڭدەك سۇغىرىشنى ئاساس قىلىپ سۇ بايلىقىدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىلىدىغان قانالدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

سۇۋۇيش قانىلى، كىل قانىلى ۋە پاناما قانىلى قاتارلىقلارنىڭ دۇنيا

بويىچە ئۈچ چوڭ خەلقئارالىق قانال دېگەن نامى بار. ئۇلار دۇنيادىكى دېڭىز - ئوكيانلارنى تۇتاشتۇرۇپ، سۇ تىرانسپورت مۇساپىسىنى قىسقارتتى، ئىقتىساد ۋە ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەسىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. رېيىن - مايىن - دوناي قانىلى ئارقىلىق قارا دېڭىز بويىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پاراخوتلىرى ئوتتۇرا دېڭىزنى ئايلىنىپ ئۆتمەيلا شىمالىي دېڭىزغا بارالايدۇ. ئۇ دۇنيادىكى دېڭىز - ئوكيانلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەڭ ئۇزۇن قانالدۇر.

جۇڭگونىڭ بېيجىڭ - خاڭجۇ چوڭ قانىلى دۇنيادىكى ئەڭ بالدۇر قېزىلغان، ئەڭ ئۇزۇن قانالدۇر. رۇسىيە قانال قېزىپ ۋولگا دەرياسىنى غول لىنىيە قىلغان بىر تۇتاش چوڭقۇر سۇلۇق قاتناش يولى تورىنى ھاسىل قىلىپ، بەش دېڭىزغا قاتناشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ياۋروپادىكى رېيىن دەرياسىنى غول لىنىيە قىلغان ئىچكى دەريالار تورى ياۋروپانى دۇنيا بويىچە ئىچكى دەريا تىرانسپورتى ئەڭ تەرەققىي تاپقان قىتئەگە ئايلاندۇردى. شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئېرى قانىلى 10 نەچچە قانال بىلەن بىرلىكتە مىسسىسىپى دەرياسىنى غول لىنىيە قىلغان بىر تۇتاش ئۆلچەملىك ئىچكى سۇ يولى تورىنى ھاسىل قىلغان.

**بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلى** جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا يۆتكەش لىنىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلىغا بارغانسېرى كۆڭۈل بۆلمەكتە. بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن سۈنئىي قانال بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1794 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ سۇۋەيش قانىلىنىڭ 10 ھەسسىسىگە، پاناما قانىلىنىڭ 22 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئەمىنىيە دەۋرىدە ۋۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى فۇچەي قانالنىڭ خەنگۇ بۆلىكىنى قازدۇرغان، سۈي، يۈەن، مىڭ، چىڭ دەۋرلىرىدە قانال تەدرىجىي ئۇزارتىپ قېزىلىپ، بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئۇ جۇڭگونىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم سۇ يولى بولۇپ، شىمالدا بېيجىڭدىن باشلىنىپ جەنۇبتا خاڭجۇدا ئاخىرلىشىدۇ. بېيجىڭ، تيەنجىن، خېبېي، شەندۇڭ، جياڭسۇ، جېجياڭدىن ئىبارەت ئالتە ئۆلكە ۋە شەھەردىن ئۆتۈپ، خەيخې، خۇاڭخې، خۇەيخې، چاڭجياڭ، چيەنتاڭجياڭدىن ئىبارەت بەش چوڭ سۇ سىستېمىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ قانال تارىختا جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ زور مىقداردىكى ماددىي ئەشيالارنى ئالماشتۇرۇشقا قولايلىق يارىتىپلا قالماستىن، يەنە جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە تەرەققىياتىدىمۇ زور رول ئوينىغان.

تۆمۈريول، تاشيول قاتناش تىرانسپورتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلىنىڭ تىرانسپورت فۇنكسىيەسىنىڭ مۇھىملىقى تۆۋەنلەپ كەتتى. سۇ تىرانسپورتى ئاساسلىقى خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى شەندۇڭ، جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق ئۈچ ئۆلكىدىكى قانال بۆلىكىدە بولۇۋاتىدۇ. جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا يۆتكەش قۇرۇلۇشى بۇ قەدىمىي قانالنىڭ ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتتى، ئۇنىڭ شەرقىي لىنىيە قۇرۇلۇشىدا بېيجىڭ - خاڭجۇ چوڭ قانىلى ۋە ئۇنىڭغا پاراللېل سۇ يوللىرىدىن پايدىلىنىلىپ، سۇ تەدرىجىي ھالدا شىمالغا يەتكۈزۈلىدۇ.



بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلى مەنزىرىسى.

**پاناما قانىلى** ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىر بۆلەك تار يەر بار، ئۇ خۇددى غەربىي يېرىم شارنىڭ بېلىگە ئوخشايدۇ، بۇ پاناما بويىنى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ قانال بار. بۇ پاناما قانىلىدۇر.

پاناما قانىلى تىنچ ئوكيان بىلەن ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ سۇ قاتناش تىرانسپورتىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئادەت بويىچە جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ چېگرا سىزىقىدۇر. قانالنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 81.8 كىلومېتىر، تېگىنىڭ كەڭلىكى 152 ~ 305 مېتىر، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 12.8 مېتىردىن 26.5 مېتىرغىچە كېلىدۇ. قانالنىڭ ئوتتۇرا سىزىقىدىن ئىككى يېنىغا قاراپ 16.09 كىلومېتىرغىچە سوزۇلغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەلباغ پاناما قانىلى رايونى بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 1432 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قانال قېزىلىپ پۈتكەندىن كېيىن، ئامېرىكا قانال رايونىنى ئۆزىنىڭ دومىنىيونىغا ئايلاندۇرۇۋالدى.

پاناما قانىلىنى قېزىش 1904 - يىلى باشلىنىپ، 1914 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاماملاندى. 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئامېرىكا بۇ يەردە تۇرۇشلۇق بارلىق قىسىملىرىنى چېكىندۈردى ھەمدە پاناما ھۆكۈمىتىگە بارلىق قانال باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى.

**سۇۋەيش قانىلى** سۇۋەيش قانىلى خەلقئارالىق مۇھىم سۇ قاتنىشى قا-

www.uyghurkitap.com



سۇۋەيش قانىلىنىڭ مەنزىرىسى.

نىلى، ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىنىڭ چېگراسى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 173 كىلومېتىر، قانال يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 135 مېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 13 مېتىر كېلىدۇ. بۇ قانال مىسىر چېگراسى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىنىڭ مۇھىم قاتناش لىنىيەسىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ، قىزىل دېڭىز بىلەن ئوتتۇرا دېڭىزنى تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن ئوتتۇرا دېڭىزنى ھىندى ئوكيانىغا باغلاپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يىراق ئوكيان سەپىرىدىكى پاراخوتلار ئۈمىد تۇمشۇقىنى ئايلانمىسىمۇ بولىدۇ. ياۋروپادىن ھىندىستانغا بارىدىغان مۇساپىنىڭ تەخمىنەن يېرىمى قىسقىرايدۇ. ئۇ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

سۇۋەيش قانىلىنىڭ تارىخى مىسىرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. سۇۋەيش قانىلى 1859 - يىلى قېزىلىشقا باشلىنىپ، 1869 - يىلى پۈتكەن. قانال ئېچىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئۇزۇنغىچە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ قولىدا بولغان. 1956 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى مىسىر ھۆكۈمىتى قانالنى رەسمىي ھالدا دۆلەت ئىگىدارلىقىغا قايتۇرۇۋالدى. سۇۋەيش قانىلى مىسىرنىڭ مۇھاجىرلار پېرېۋوتى ۋە ساياھەت كىرىمىدىن قالسىلا ئۇچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان زور تاشقى پېرېۋوت كىرىم مەنبەسىدۇر.

**كىل قانىلى** 1887 - يىلىدىن 1895 - يىلىغىچە گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى ئۆزىنىڭ فىلوتىنى بالتىق دېڭىزى بىلەن ئاتلانتىك ئوكيان ئارىلىقىدا ئەركىن قاتنىيالايدىغان قىلىش، بۇ ئارقىلىق بالتىق دېڭىزىنى ئۆزىنىڭ «ئىچكى دېڭىزى»غا ئايلاندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، شوتلاندىيە يېرىم ئارىلىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان قانال — كىل قانىلىنى قازدى.

كىل قانىلى شىمالىي دېڭىز بىلەن بالتىق دېڭىزىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا «شىمالىي دېڭىز - بالتىق دېڭىزى قانىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 98.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. كىل قانىلىدا قاتناش باشلىنىش مۇھىم ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بالتىق دېڭىزى قىرغاقلىرىدىن شىمالىي دېڭىز ۋە ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدىكى پورتلارغا بارىدىغان مۇساپىنى مەزكۇر ئارالنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان مۇساپىدىن 756 كىلومېتىر قىسقارتتى.



رېيىن - مايىن - دوناي قانىلىدىن بىر كۆرۈنۈش.

**رېيىن - مايىن - دوناي قانىلى**

رېيىن - مايىن - دوناي قانىلى رېيىن دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان مايىن دەرياسىدىكى بامبېرگدىن دوناي دەرياسى بويىدىكى كېلخېيىمغىچە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 171 كىلومېتىر، كەڭلىكى 55 مېتىر كېلىدۇ.

بۇ سۇ يولى مىلادىيە 768 - يىلىدىن 814 - يىلىغىچە بولغان ئىمپېراتور چارلېمان دەۋرىدە قېزىلىشقا باشلىغان، كېيىن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بىلەن قۇرۇلۇش توختاپ قالغان. باۋارىيە پادىشاھى لۇدۋىگ I 1846 - يىلى بامبېرگدىن كېلخېيىمغىچە بولغان قانال بۆلىكىنى پۈتكۈزگەن. 1926 - يىلى قانال يەنە قېزىلىشقا باشلىنىپ، بىر قانچە قېتىم ئىش توختاپ قالغان. 1982 - يىلى يەنە ئىش باشلىنىپ، قۇرۇلۇش يۇرا تاغلىرىدىن ھالقىغان، يول بويىدا 16 پاراخوت لوكى ياسالغان. 1992 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قانالدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلانغان.

رېيىن - مايىن - دوناي قانىلىنىڭ پۈتۈشى بىلەن دوناي دەرياسى ۋە رېيىن دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سۇ سىستېمىسى تۇتاشتۇرۇلۇپ، ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا زىچ سۇ قاتناش ترانسپورت تورى

ھاسىل قىلىندى.

## ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى

### جۇڭگونىڭ سانائەت بازىلىرى

سانائەت خەلق ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ، سانائەتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىي تېپىش دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، جۇڭگونىڭ سانائىتى ئىنتايىن قالاق ئىدى. 50 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق جۇڭگونىڭ سانائەت تۈرلىرى، قۇرۇلمىسى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەدرىجىي تولۇقلاندى ۋە مۇۋاپىقلاشتى. دېڭىز بويىدىن ئىچكى جايلارغىچە، ئېغىر سانائەتتىن يېنىك سانائەتكىچە، ئادەتتىكى كەسىپلەردىن نازۇك تېخنىكىلىق كەسىپلەرگىچە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ كارخانىلاردىن يېزا ـ بازار كارخانىلىرىغىچە بولغان بارلىق كارخانىلار، شۇنىڭدەك ھەرخىل دۆلەت ئىگىلىكىدە بولمىغان كارخانىلاردا بىرقەدەر مۇكەممەللەشكەن، بەلگىلىك تېخنىكا سەۋىيەسىگە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە سانائەت سىستېمىسى شەكىللىنىپ، بىر قىسىم مۇھىم سانائەت بازىلىرى قۇرۇلدى.

چاڭجياڭ دېلتىسى سانائەت بازىسى شەرقىي جۇڭگو ئىقتىسادىي رايونىنىڭ يادروسى بولۇپ، ئۇ شاڭخەي، نەنجىڭ، جېنجياڭ، ۋۇشى، نەنتۇڭ، خۇجۇ، خاڭجۇ، سۇجۇ، چاڭجۇ، نىڭبو، شاۋشىڭ قاتارلىق ئاساسلىق سانائەت شەھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ شەھەرلەر ئورتاق ھالدا جۇڭگودىكى ئەڭ زىچ، ئەڭ چوڭ شەھەرلەر توپىنى تەشكىل قىلغان. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، تېخنىكا مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي كۈچى ئەڭ كۈچلۈك سانائەت بازىسىنى شەكىللەندۈرگەن.



لياۋنىڭ فۇشۇندىكى ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كان.

بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ تاڭشەن سانائەت بازىسى شىمالىي جۇڭگو ئىقتىسادىي رايونىنىڭ يادروسى بولۇپ، ئۇ بېيجىڭ، تيەنجىن، تاڭشەن، چىنخۇاڭداۋ، لاڭفاڭ، باۋدىڭ، شىجياجۇاڭ قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بازىنىڭ ئېغىر سانائىتىنىڭ سالمىقى يېنىك سانائىتىنىڭكىدىن سەل چوڭراق، سانائەت قۇرۇلمىسى بىرقەدەر ماسلاشقان، قېزىلما بايلىقى مول بولۇپ، جۇڭگودا چاڭجياڭ دېلتىسىدىن قالسىلا 2 ـ چوڭ سانائەت بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇب سانائەت بازىسى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ئىقتىسادىي رايونىنىڭ يادروسى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ ئۈچىنچى چوڭ سانائەت بازىسى بولۇپ، شېنياڭ، دالىيەن، ئەنشەن، فۇشۇن، بېنشى، لياۋياڭ، يىڭكۇ، پەنجىن، دەندۇڭ قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرقىي شىمال جۇڭگونىڭ ئېغىر سانائەت بازىسى جايلاشقان ئورۇن، جۈملىدىن لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇب سانائەت بازىسىنىڭ ئېغىر سانائەت سالمىقى چوڭراق بولۇپ، بۇ بازىدا ئىشلەپچىقىرىلغان خام ماتېرىياللار، ئېنېرگىيەلەر ۋە چوڭ ئېغىر تىپتىكى ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ دېڭىز بويى ئېچىۋېتىش بەلبېغىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇب سانائەت بازىسى تەدرىجىي ھالدا ئىلگىرىكى يېپىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتىن بىرلىشىشنى يولغا قويۇپ، ئىشنى تەقسىم قىلىپ ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت يېڭى مۇناسىۋەتنى ئورناتتى.

جۇجياڭ دېلتىسى سانائەت بازىسى گۇاڭجۇ، شېنجېن، فوشەن، جۇڭشەن، دۇڭگۇەن، جۇخەي، جياڭمېن، جاچىڭ، خۇيجۇ قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جەنۇبىي جۇڭگو ئىقتىسادىي رايونىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. جۇجياڭ ئېغىزى سىرتىدىكى نېفىت بايلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ بازىنىڭ باشقا ئېغىر سانائەت بايلىقلىرى بىرقەدەر ئاز، ئەمما يېنىك سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كېرەكلىك خام ئەشيا ۋە بايلىقلىرى ئىنتايىن مول، شۇڭا بۇ جايدا يېنىك تىپتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى ئاساس قىلغان



شەرقىي جۇڭگو ئىقتىسادىي رايونىنىڭ يادرولىرىدىن بىرى ـــ شاڭخەي.

ئالاھىدىلىك شەكىللەنگەن. بۇ بازا شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېنغا قوشنا بولغاچقا، رايون ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى، بولۇپمۇ سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادنى ئۇچقاندەك تەرەققىياتقا ئېرىشتۇردى، بۇ جۇڭگونىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سانائەت تەرەققىيات سۇرئىتى ئەڭ تېز بولغان سانائەت بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، جۇڭگو يەنە شەندۇڭ يېرىم ئارىلى سانائەت بازىسى، سۇڭنېن سانائەت بازىسى، چېڭيۇ (سىچۇەن ـ چۇڭچىڭ) سانائەت بازىسى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ سانائەت بازىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگونىڭ سانائەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى داۋاملىق تۈردە نۇقتا، لىنىيە، دائىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە، مەملىكەت مىقياسىدا ئىشنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىش، ئۇستۇنلۇككە ئىگىلەر بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش، ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىش يۆنىلىشىگە قەدەم تاشلاتقۇزدى.

**قاتناش ترانسپورت** قاتناش ترانسپورتى كىشىلەرنىڭ قاتناش قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئادەم ياكى ماللارنى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يەتكۈزۈپ، ئادەم ۋە مالنىڭ ماكان جەھەتتىكى يۆتكىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. قاتناش ترانسپورتى ترانسپورت قورالى، ترانسپورت ئوبيېكتى ۋە يۆتكىلىش جەريانىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەشكىل تاپىدۇ. ترانسپورت قورالى ماكان جەھەتتىكى يۆتكىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، ئۇ مۇقىم ئەسلىھەلەر بىلەن ھەرىكەتچان ئەسلىھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇقىم ئەسلىھەلەر قاتناش لىنىيەسى، بېكەت، پورت ـ پىرىستان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرىكەتچان ئەسلىھەلەر ئاپتوموبىل، پاراۋۇز، پاراخوت، ئايروپىلان قاتارلىق ترانسپورت قوراللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ترانسپورت ئوبيېكتى توشۇلىدىغان ماددىلارنى، مەسىلەن يولۇچىلار ۋە ھەرخىل ماللارنى كۆرسىتىدۇ. ترانسپورتنىڭ يۆتكىلىش جەريانى ترانسپورت قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، ترانسپورت ئوبيېكتىنى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ باشقۇرۇش، قاچىلاش ـ چۈشۈرۈش، ساقلاش، يەتكۈزۈش قاتارلىق ھالقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ترانسپورت قورالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ترانسپورتنى تۆمۈريول ترانسپورتى، تاشيول ترانسپورتى، سۇ يولى ترانسپورتى، ھاۋا ترانسپورتى، تۇرۇبا ترانسپورتى، ئارقان ترانسپورتى قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالدىنقى بەش خىل ترانسپورت شەكلى دۇنيا بويىچە ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان ئادەتتىكى ترانسپورت شەكلى ھېسابلىنىدۇ.



ھاۋا ترانسپورتى.

ترانسپورت قوراللىرىنىڭ پەرقى، ياخشى ـ يامانلىقى يۆتكىلىش جەريانىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدۇ. تۆمۈريول ترانسپورتى ئىقتىدارى چوڭ، ئۈزلۈكسىزلىكى كۈچلۈك، پەسىل ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى ئاز بولغاچقا، تۈركۈم ـ تۈركۈم ماللارنى ۋە يولۇچىلارنى ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مۇساپىلىق توشۇشقا ماس كېلىدۇ. سۇ يولى ترانسپورتىدا توشۇلىدىغان يۈك مىقدارى چوڭ، سۇ يوللىرىدا پاراخوتلارنىڭ ئۆتۈش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشى كىچىك، ترانسپورت تەننەرخى تۆۋەن بولۇپ، ئۇ تۈركۈملىگەن ئېغىر ماللارنى ئۇزۇن يوللۇق توشۇشقا ماس كېلىدۇ. تاشيول ترانسپورتى ھەرىكەتچان، ئەپچىل، تېجەشلىك، ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى تېز، تەبىئىي شارائىتقا ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ مۇھىم قىسقا يوللۇق ترانسپورت شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ھاۋا ترانسپورتىنىڭ سۇرئىتى تېز، ھەرخىل تەبىئىي توسالغۇلاردىن ھالقىپ ئۆتەلەيدۇ، ئەمما ترانسپورت ھەققى يۇقىرى، توشۇش مىقدارى ئاز بولغانلىقتىن، ئۇ ئاساسلىقى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەم خەلقئارالىق ئالاقىلىشىشتا يولۇچىلارنى تېز سۇرئەتتە توشۇش ۋە گېزىت ـ ژۇرنال، پوچتا يوللانمىلىرىنى، جىددىي ماددىي ئەشيالارنى توشۇشنى ئۈستىگە ئالىدۇ. تۇرۇبا ترانسپورتى نېفىت ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان مەھسۇلاتلارنى، تەبىئىي گاز، كۆمۈر گازى، سۇ قاتارلىق ئاقما ماللارنى مەخسۇس توشۇشقا ماس كېلىدۇ، ئۇ توشۇش مىقدارى كۆپ بولۇش ۋە ئۈزلۈكسىز يەتكۈزۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

قاتناش ترانسپورتى سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنى، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنى باغلاپ تۇرىدىغان مۇھىم ۋاستە، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زۆرۈر شەرتى ۋە پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ جان تومۇرى. ھەر تەرەپكە تۇتاشقان قاتناش ترانسپورت تورى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ھەرقايسى ھالقىلارنىڭ توسالغۇسىز ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۇ-

نۇملۇك يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن
باشقا قاتناش ترانسپورتى دۆلەت
مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ۋە
دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىت-
تىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، شۇنىڭدەك
خەلقئارالىق ھەمكارلىق ۋە دوستانە
بېرىپ - كېلىشلەرنى كۈچەيتىشتە
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**تاشيول ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش-يول** غەربتە «ھەممە يوللار رىمغا تۇ-
تىشار» دېگەن ئىدىيوم بار. رىم ئىم-
پېرىيەسى تازا گۈللەنگەن مەزگىلدە،
29 چوڭ يول رىمنى ھەرقايسى
جايلارغا تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان. جۇڭگو-
نىڭ چىن دەۋرىدە چىن شىخۇاڭ يا-
ساتقان هارۋا يولى چىن سۇلالىسى-
نىڭ پايتەختى شيەنياڭدىن پۈتۈن
مەملىكەتكە تۇتىشىپلا قالماستىن،
ياسىلىش سەۋىيەسىمۇ ئەينى چاغدا
ئەڭ يۇقىرى ئىدى. يېقىنقى زاماندىن
كېيىن، هارۋا يوللىرى تاشيوللارغا،
تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى
سۈرئەتلىك تاشيوللارغا ئايلاندى.
20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە
ئىچكى دىۋىگاتېل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ
كۈچ قىلىنغان قۇرۇقلۇق يولىدىكى
رېلىسسىز ئاپتوموبىل ئومۇملىشىش-
قا باشلىدى. ئاپتوموبىللارنىڭ يۈرۈ-
شى يول ئەھۋالىغا تېخىمۇ يۇقىرى
تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەسلىدە
ئۇلاغ كۈچى هارۋىلىرى ۋە قول هار-
ۋىلار ماڭىدىغان قۇم - توپىلىق،
شېغىللىق يوللارنىڭ چىڭلىقى يې-
تەرلىك بولمىغانلىقتىن، سېمونت-
لۇق، ئاسفالت يوللار تەدرىجىي هالدا
ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئىككىنچى
دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئاپتوموبىل
سانىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى،
شۇنىڭدەك ئاپتوموبىلنىڭ يۈرۈش
سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىد-
شىپ، تاشيول تەدرىجىي هالدا ئاپ-
توموبىل يولىنىڭ نامى بولۇپ قال-
دى.

جۇڭگودا تاشيوللار ئىشلىتىلىش
ۋەزىپىسى، خاراكتېرى ۋە قاتناش
مىقدارىغا ئاساسەن تۆت دەرىجىگە
ئايرىلىدۇ. بىرىنچى دەرىجىلىك تاش-
يول مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي
ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى ئەھمىيىتىگە
ئىگە، ئۇ مەخسۇس ئاپتوموبىللارنىڭ
تېز سۈرئەتتە يۈرۈشى ئۈچۈن ياسال-
غان يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولدۇر.
ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىلىك
تاش يوللار بولسا ئۆلكە (ئاپتونوم
رايون) بىلەن ئۆلكە (ئاپتونوم
رايون)نى ۋە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)
ئىچىدىكى مۇھىم شەھەرلەرنى تۇتاش-
تۇرىدىغان غول لىنىيە تاشيولنى
كۆرسىتىدۇ. تۆتىنچى دەرىجىلىك
تاشيول ناھىيە، يېزا، كەنتلەرنى تۇ-
تاشتۇرۇپ تۇرىدىغان، يېزا ئىگىلىك
ترانسپورتىغا بىۋاستە خىزمەت قى-
لىدىغان تارماق لىنىيە تاشيولدۇر.

تېخنىكا سەۋىيەسىنىڭ ئېشى-
شىغا ئەگىشىپ، ئاپتوموبىللارنىڭ
يۈرۈش سۈرئىتى بارغانسېرى تېز-
لەشتى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتوموبىللار-
نىڭ تېز يۈرۈشى ئۈچۈن مەخسۇس
لايىھەلەنگەن تاشيول — يۇقىرى
سۈرئەتلىك تاشيول بار-
لىققا كەلدى. ئۇ ئادەت-
تىكى تاشيوللاردىن
پەرقلىنىدۇ. ئۇ بىۋاسى-
تە بېرىشقا، تېز سۈر-
ئەتلىك قاتناش ترانس-
پورتىغا مۇلازىمەت قى-
لىدىغان مەخسۇس تاش-
يول بولۇپ، پەقەت ئاپ-
توموبىللارنىڭ تېز يۇ-
رۇشى ئۈچۈن ئىشلىتى-
لىدۇ. يۇقىرى سۈرئەت-
لىك تاشيول بىرخىل



كاڭزاڭ تاشيولىنىڭ ئېرلاڭشەن تېغىدىكى ئەگىم يول بۆ-
لىكى.

ئايرىش بەلبېغى ۋە كۆپ ئاپتوموبىل
يولىغا ئىگە، كىرىش - چىقىش ئې-
غىزى تىزگىنلىنىدىغان، ئىستېرې-
ئولۇق كېسىشىدىغان مەخسۇس ئاپ-
توموبىل يولى بولۇپ، ئاپتوموبىللار
ئۈچۈن لايىھەلەنگەن سائەتلىك سۈر-
ئىتى ئادەتتە 80 دىن 120 كىلومې-
تىرغىچە، ئەڭ يۇقىرى سائەتلىك
سۈرئىتى 160 تىن 180 كىلومېتىر-
غىچە بولىدۇ. يۇقىرى سۈرئەتلىك
تاشيولدا ئاپتوموبىللارنىڭ يېرىم
يولدا توختىشىغا يول قويۇلمايدۇ،
شۇنداقلا سۈرئىتى ئۆلچەمگە يەتمەي-
دىغان ئاپتوموبىللارنىڭ كىرىشىگە
يول قويۇلمايدۇ ھەمدە پىيادىلەر ۋە
هايۋانلارنىڭ تاشيولغا كىرىشى مەنئى
قىلىنىدۇ. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش-
يولنىڭ قۇرۇلمىسىغا بولغان تېخنى-
كىلىق تەلەپ قاتتىقراق بولىدۇ،
ئۈسكۈنە ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسىگە
بولغان تەلەپمۇ يۇقىرىراق بولىدۇ.
يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ئەڭ
دەسلەپتە 20 - ئەسىرنىڭ 30 -
يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 40 - يىللى-
رىنىڭ بېشىدا گېرمانىيەدە بارلىققا
كەلگەن بولۇپ، ئۇنى فاشىستىك ھا-
كىمىيەت ھەربىي ئىشلار ئۈچۈن يا-
سىغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن
كېيىن، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ يۇقىرى
سۈرئەتلىك تاشيولى تېزدىن تەرەققىي
قىلدى، بەزى تەرەققىي تاپقان دۆلەت-
لەردە مەملىكەت خاراكتېرلىك يۇقى-
رى سۈرئەتلىك تاشيول تورى ھاسىل
قىلىندى. جۇڭگو ھازىر شېنياڭ -
دالىيەن، بېيجىڭ - تيەنجىن - تاڭ-
شەن، بېيجىڭ - شىجياجۇاڭ، شاڭ-
خەي - نىڭبو، جىنەن - چىڭداۋ قا-
تارلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش-
يوللارنى ياساپ پۈتكۈزدى.

**تۆمۈريول** تۆمۈر يول بارلىققا كې-
لىشتىن بۇرۇن، كىشىلەر يول يۈرۈش
ۋە يۈك توشۇشتا ئات هارۋىسىنى
ئىشلىتەتتى. ئەمما يامغۇر ياغقان
كۈنلەردە يەر يۇزى لاي بولۇپ، هار-
ۋىنىڭ چاقى ئوڭايلا لايغا پېتىپ
قالاتتى. شۇڭا بەزىلەر يەرگە تاختاي
يېيىتىشنى ئويلاشقان، يولنى (رې-

لىسىنى) ئۇزاققىچە ئىشلەتكىلى بولىدىغان قىلىش ئۈچۈن، ياغاچ تاختايلارنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر تاختايلارنى يېپىتقان، شۇنىڭ بىلەن ئاددىي تۆمۈريول بارلىققا كەلگەن.

تۆمۈريول بىرخىل ھازىرقى زامان قۇرۇقلۇق ترانسپورت قورالى بولۇپ، تار مەنىدىن ئېيتقاندا تۆمۈريول يول ئۇلى، يول قىنى، شىپال ۋە رېلىستىن تەشكىل تاپقان ترانسپورت لىنىيەسىدۇر. ئۇ تۆمۈريول كۆۋرۈكلىرى، تۆمۈريول تونېللىرى ۋە ھەرخىل قوشۇمچە ئەسلىھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، تۆمۈريول تۆمۈريول



شىجياجۇاڭدىن تەيىۋەنگە بارىدىغان ئېلېكترلەشكەن تۆمۈريول.

ترانسپورت سىستېمىسى ياكى تۆمۈريول ترانسپورت كەسپىنى كۆرسىتىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ئەنگلىيەلىك ئىنژېنېر G. ستېفېنسون ستوكتوندىن دارلىڭتونغىچە ۋە مانچېستېردىن لىۋېرپولغىچە بولغان تۆمۈريولنى ياسىدى. ئۆزى لايىھەلىگەن «ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ» ۋە «راكېتا» ناملىق ھور پاراۋۇزىنى ئۇلارنىڭ سۆرىگۈچى پاراۋۇزى قىلىپ، يولۇچىلار ۋە ماللارنى توشۇشقا ئىشلەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئادەم ۋە ئۇلاغلار تۆمۈريولدا ماشىنا سۆرەيدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى.

تۆمۈريول شىبىغلىنى يول ئۇلى قىلىپ، شىپال بىلەن ئىككى تال پاراللېل رېلىسنى ياتقۇزۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. جۇڭگو رېلىسلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 12.5 مېتىر ياكى 25 مېتىر كېلىدۇ. ۋاگوننىڭ سىلىق مېڭىشى ۋە ئاۋازنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن ھازىرقى تۆمۈريوللاردا يەنە كەپشەرلەپ ئۇلانغان ئۇزۇن رېلىسلار بارلىققا كەلدى. تۆمۈريولدا ئىككى رېلىس ئارىلىقىنىڭ بەلگىلەنگەن كەڭلىكى بولىدۇ. خەلقئارادىكى ئۆلچەملىك رېلىس ئارىلىقى 1.435 مېتىر بولۇپ، ئۆلچەملىك رېلىس ئارىلىقى بويىچە ياسالغان تۆمۈر يوللار پۈتۈن دۇنيادىكى تۆمۈر يوللار ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ 75% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. جۇڭگو ۋە دۇنيادىكى كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر ئۆلچەملىك رېلىس ئارىلىقى ئۆلچىمىنى قوللىنىدۇ. تۆمۈر يولنىڭ شىپالىغا ئادەتتە چىرىشتىن ساقلىنىش بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان ياغاچ ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغانلىقتىن، جۇڭگو ۋە نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۇنى بېتون شىپالغا ئۆزگەرتتى. تۆمۈر يولدا ئەڭ دەسلەپتە ئىشلىتىلگەن پاراۋۇز ھور پاراۋۇزى ئىدى. كېيىن يەنە كەينى ـ كەينىدىن ئىچكى دىۋىگاتېللىق پاراۋۇز ۋە ئېلېكتروۋۇزلار بارلىققا كەلدى. ماگنىتلىق لەيلىمە پويىز ئىشقا كىرىشتۇرۇلدى. گاز تۇربىنىلىق پاراۋۇز ۋە ئاتوم ئېنېرگىيەلىك پاراۋۇزلارمۇ سىناق قىلىش ۋە سىناق تەرىقىسىدە ياسىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

تۆمۈريول ترانسپورتى توشۇش ئىقتىدارى چوڭ بولۇش، ترانسپورت ئىزچىللىقى كۈچلۈك بولۇش، ئېنېرگىيە سەرپىياتى ۋە تەننەرخى تۆۋەن بولۇش، شۇنىڭدەك يۈرۈشىنىڭ ۋاقىت خاراكتېرلىكلىكى كۈچلۈك بولۇش، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قوماندانلىق قىلىشقا قولايلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شۇڭا تۆمۈريولنىڭ دۇنياغا كېلىشى دۇنيا قاتناش ساھەسىدە بىر قېتىملىق ئىنقىلابنى قوزغىدى، سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، تۆمۈريول ياسالغان رايونلار تەرەققىياتقا ئېرىشتى ۋە ئاۋاتلاشتى. تۆمۈريول ترانسپورتى جۇڭگونىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىماقتا.

**تۆمۈريول تۈگۈنى** تۆمۈريول تورىنىڭ بىرقانچە تۆمۈريول غول لىنىيەسى ئۆزئارا تۇتاشقان ياكى ئۆزئارا كېسىشكەن جايىدا ياكى تۆمۈريول بىلەن پورت، سانائەت ـ كان كارخانىلىرىنىڭ مەخسۇس تۆمۈريولى ياكى مەخسۇس لىنىيەلىرى تۇتاشقان جايىدا بىر بىرلەشمە پويىز ئىستانسىسى ياكى بىرقانچە كەسپىي ئىستانسا قۇرۇشقا، شۇنىڭدەك بۇ ئىستانسىلارنىڭ ئالاقىلىشىش لىنىيەسى، ئىستانسىغا كىرىش لىنىيەسى ۋە راۋانلاشتۇرۇش لىنىيەسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلىرىنى تۇتاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. كىشىلەر مۇشۇنداق بىر قاتار ئىستانسا ـ مەيدانلار ۋە ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئورگانىك باغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان بىر پۈتۈن گەۋدىنى تۆمۈريول تۈگۈنى دەپ ئاتايدۇ.

تۆمۈريول تۈگۈنلىرى ئىستانسا ـ مەيدان، ئىستانسىغا كىرىش لىنىيەسى ۋە ئالاقىلىشىش لىنىيەسىنىڭ رايونلۇق بىرلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن، نۇرغۇن تىپلارغا ئايرىلىدۇ: ① تۈگۈن دائىرىسىدە بىرلا بىرلەشمە پويىز ئىستانسىسى تەسىس قىلىنغان بىر ئىستانسىلىق تۈگۈن. مەسىلەن، باۋجى پويىز ئىستانسىسى؛ ② ئۆزئارا كېسىشكەن ئىككى تۆمۈريول غول لىنىيەسى، ئىستانسا ۋە ئالاقىلىشىش لىنىيەسىدىن تەشكىل تاپقان كىرست شەكىللىك تۈگۈن. مەسىلەن، شىجياجۇاڭ، شۈجۇ پويىز ئىستانسىلىرى؛ ③ ئۈچ تۆمۈريولنىڭ تەتۈر يۆنىلىشتە تۈگۈنگە كىرىشىدىن ھاسىل بولغان ئۈچ بۇلۇڭلۇق تۈگۈن. مەسىلەن گۈيياڭ، جۇجۇ پويىز ئىستانسىلىرى؛ ④ شەھەرنىڭ سىرتىغا ھالقا-

سىمان تۆمۈريول لىنىيەسى ياساپ،
ھەرقايسى يۆنىلىشلەردىن تۇگۈنگە
كىرگەن تۆمۈريول غول لىنىيەلىرد-
نى ئالاقىلىشىش لىنىيەسى ئارقىلىق
ھالقىسىمان لىنىيەگە تۇتاشتۇرۇش-
تىن ھاسىل بولغان ھالقىسىمان تۇ-
گۈن. مەسىلەن، خاربىن، چاڭشا پو-
يىز ئىستانسىلىرى؛ ⑤ ئىككى خىل
ياكى بىرقانچە خىل تۇگۈننى بىر-
لەشتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان مۇ-
رەككەپ تۇگۈن. مەسىلەن، بېيجىڭ
پويىز ئىستانسىسى بېيجىڭ - گۇاڭ-
جۇ، بېيجىڭ - شاڭخەي، بېيجىڭ -
باۋتۇ، بېيجىڭ - خاربىن، بېيجىڭ
تۇڭلياۋ، بېيجىڭ - چېڭدې، بېي-
جىڭ - يۈەنپىڭ قاتارلىق نۇرغۇنلىغان
لىنىيەلەرنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل
بولغان ھالقىسىمان شەكىلنى ئاساس
قىلغان مۇرەككەپ تۆمۈريول تۇگۈندۇر.

## جۇڭگونىڭ تۆمۈريول تورى

1876 - يىلى چەت ئەل سودىگەرلىرى
شاڭخەيدە جۇڭگودىكى تۇنجى تۆمۈر-
يول — سۇڭخۇ (ۋۇسۇڭ - شاڭخەي)
تۆمۈريولىنى ياسىدى. ئەمما پويىز
قاتناپ ئۇزاق ئۆتمەي چىڭ ھۆكۈمى-
تى ئۇنى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىپ
بۇزۇۋەتتى. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزى
ياسىغان تاڭشۇ (تاڭشەن - شۇگېجۇ-
جۇاڭ) تۆمۈريولى 1881 - يىلى پۈت-
تى. 2008 - يىلىغىچە جۇڭگونىڭ
تۆمۈريول تىرانسپورت مۇساپىسى 77
مىڭ كىلومېتىرغا يېتىپ، دەسلەپكى
قەدەمدە كۆلەملىشكەن، تارقىلىشى
مۇۋاپىق بولغان تۆمۈريول تورى
رامكىسى ئاساسىي جەھەتتىن شە-
كىللەندى.

جۇڭگونىڭ تۆمۈريول تورى
بېيجىڭ - گۇاڭجۇ لىنىيەسى، بېي-
جىڭ - شاڭخەي لىنىيەسى، بېي-
جىڭ - جيۇلۇڭ لىنىيەسى، بېي-
جىڭ - خاربىن لىنىيەسى، تەييۇ-
ەن - جياۋزو - جىچېڭ - ليۇجو
لىنىيەسى، باۋجى - چېڭدۇ - كۇن-
مىڭ لىنىيەسى، چېڭدۇ - چۇڭچىڭ
- سىچۈەن - گۈيجۇ لىنىيەسى قاتار-
لىق جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدە
ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان ئاساسلىق تۆ-
مۈريول غول لىنىيەلىرىدىن ۋە خار-
بىن - مەنجۇ - خاربىن - سۈيفېنخې
لىنىيەسى، بېيجىڭ - تۇڭلياۋ، بېي-
جىڭ - باۋتۇ - لەنجۇ لىنىيەسى،
گەنسۇ - ليەنيۈنگاڭ - لەنجۇ -
شىنجاڭ لىنىيەسى، شاڭخەي - خاڭ-
جۇ - جېجياڭ - جياڭشى - خۇنەن -
گۈيجۇ - گۈيياڭ - كۇنمىڭ لىنىيە-
سى قاتارلىق شەرق - غەرب يۆنىلى-
شىدە توغرىسىغا سوزۇلغان ئاساسلىق
تۆمۈريول غول لىنىيەلىرىدىن تەش-
كىل تاپقان. بۇ جەنۇب - شىمال ۋە
شەرق - غەرب يۆنىلىشىدىكى غول
لىنىيەلەر يەنە باشقا بەزى غول لىنى-
يەلەر بىلەن ئۆزئارا كېسىشىپ، پۈ-
تۈن مەملىكەتنى باغلاپ تۇرىدىغان
تۆمۈريول غول لىنىيەلىرى تورىنى
ھاسىل قىلغان. بۇ غول لىنىيەلەر
تورى يەنە بەزى يەرلىك (تارماق) لى-
نىيە، ئالاقىلىشىش لىنىيەلىرى،
مەخسۇس لىنىيە قاتارلىق تۆمۈر-
يوللار ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى
ئاساسلىق سانائەت - كان شەھەر -
بازارلىرىنى، دېھقانچىلىق، ئورمانچى-
لىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش
بازىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ بىر گەۋدىگە
ئايلاندۇرغان. تۆمۈريول غول لىنىيە-
لىرى كېسىشكەن نۇقتىلاردا يەنە
نۇرغۇنلىغان تۆمۈريول تۇگۈنلىرى
شەكىللەنگەن. ئىستانسا ۋە لىنى-
يەلەر بىرلىشىپ، جۇڭگونىڭ تۆمۈر-
يول تىرانسپورت تورىنى ھاسىل
قىلغان.

2011 - يىلى پويىزنىڭ سائەت-
لىك يۈرۈش سۈرئىتى 300 كىلومې-
تىرغا يەتتى. جۇڭگو تۆمۈريولىدا
«تۆت ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان لىنىيە
بىلەن ئىككى توغرىسىغا سوزۇلغان
لىنىيە» (تۆت ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان
لىنىيە بېيجىڭ - خاربىن، بېي-
جىڭ - شاڭخەي، بېيجىڭ - گۇاڭ-
جۇ، بېيجىڭ - جيۇلۇڭ لىنىيەلىرد-
نى كۆرسىتىدۇ، ئىككى توغرىسىغا
سوزۇلغان لىنىيە گەنسۇ - ليەنيۈن-
گاڭ - لەنجۇ - شىنجاڭ، جېجياڭ -
جياڭشى لىنىيەلىرىنى كۆرسى-
تىدۇ) نىڭ گىرەلەشمە ھالىتى
شەكىللەندى.

## بېيجىڭ - جيۇلۇڭ تۆمۈريولى

1995 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈ-
نى سائەت 11 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەن-
دە گۇاڭدۇڭ بىلەن جياڭشى ئۆلكى-
سىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان لۇڭچۇ-
ەندە بېيجىڭ - جيۇلۇڭ تۆمۈريولى-
نىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رېلىسىنى
تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر
بولتا چىڭىتىلدى. پۈتكۈل جۇڭگو ۋە
پۈتۈن دۇنيا بۇ پولات - تۆمۈر چوڭ
تومۇرى تۇتاشقاندىكى جاراڭلىغان
ئاۋازنى ئاڭلىدى.

ئۇ دۇنياغا جۇڭگونىڭ جەنۇبى-
دىن شىمالىغا سوزۇلغان ئۈچىنچى
چوڭ تۆمۈر يولى — بېيجىڭ - جيۇ-
لۇڭ تۆمۈريولىغا پۈتۈن لىنىيە بويى-
چە رېلىس ياتقۇزۇپ بولۇنغانلىقىنى
جاكارلىدى. تۆمۈريولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى
2536 كىلومېتىر كېلىدۇ، تېشىلگەن
تۇنېل 150 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇن-
لۇقى 56.1 كىلومېتىر كېلىدۇ، سې-
لىنغان كۆۋرۈك 1045 بولۇپ، ئومۇ-
مىي ئۇزۇنلۇقى 183 كىلومېتىر كې-
لىدۇ. بېيجىڭ - جيۇلۇڭ تۆمۈريو-
لىنىڭ پۈتۈشى جەنۇب - شىمال ئوت-
تۇرىسىدىكى تىرانسپورت جىددىيلى-
كىنى ئاساسىي جەھەتتىن پەسەيتتى.
بۇ تۆمۈريول بېيجىڭ - شاڭخەي،
بېيجىڭ - گۇاڭجۇ، بېيجىڭ - شەن-
خەيگۇەن، بېيجىڭ - چىنخۇاڭداۋ،
بېيجىڭ - باۋتۇ، شىجياجۇاڭ - دې-
جۇ، گەنسۇ - ليەنيۈنگاڭ، جېجياڭ
- جياڭشى تۆمۈريول لىنىيەلىرىگە
تۇتاشتۇرۇلۇپ، جۇڭگو تۆمۈريول تو-
رىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇكەممەل-
لەشتۈرۈلدى، بۇ ئۇنىۋېرسال ئۇنۇم-
نى جارى قىلدۇرۇشتا ئىستراتېگىيە-
لىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بېيجىڭ -
جيۇلۇڭ تۆمۈريولى بېيجىڭ بىلەن
شياڭگاڭنى زىچ تۇتاشتۇردى. بۇنىڭ
شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونىنىڭ مۇقىم،
ئاۋاتلىقىنى قوغداشتا، ۋەتەننىڭ
بىرلىكىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى
ۋە ئىچكىرىنىڭ ئىسلاھات - ئېچى-
ۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈشتە سەل قارىغىلى بولمايدىغان
رولى بار.

## چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈريولى

جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ پېشۋاسى سۇن جۇڭشەن «دۆلەت قۇرۇش ئومۇمىي تەدبىرى»دە جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات پىلانىنى شەرھىلىگەندە، چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈريولى ياساشنى مەخسۇس تىلغا ئالغانىدى. 2001 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا گوۋۇيۈەن چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈريولىنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. بۇ تۆر غەربىي قىسىمنى چوڭ ئېچىشتىكى يەنە بىر نامايەندىلىك قۇرۇلۇش بولدى.

چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈريولى شىمالدا چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شى-


پويىز چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈريولىنىڭ فېڭخوشەن بۆلىكىدە كې-ىۋاتماقتا.

نىڭ شەھىرىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ لىخاسا شەھىرىدە ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1956 كىلومېتىر كېلى-دۇ، بۇنىڭ ئىچىدە شىنىڭدىن گول-مودقىچە بولغان بۆلىكى تەخمىنەن 814 كىلومېتىر بولۇپ، 1984 ـ يىلى پۈتكۈزۈلگەن. 2005 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە پۈتكۈل چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈريولىنىڭ گولمودىن لىخاساغىچە بولغان 1142 كىلومې-تىرلىق بۆلىكى لىنىيە بويىچە تۇ-تاشتۇرۇلدى. 2006 ـ يىل 7 ـ ئاي-نىڭ 1 ـ كۈنى سىناق تەرىقىسىدە پويىز قاتنىدى.

چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈريولى بۈگۈنكى دۇنيادىكى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ئۇزۇن ئېگىزلىك تۆمۈريولى بولۇپ، پۈتۈن لىنىيە ئې-گىزلىككە جايلاشقان، كى-لىماتى سوغۇق، ئوكسىگېن كەمچىل، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئاجىز، يەر پوستى ھەرىكىتى جانلىق. مۇنداق رايوندا تۆمۈريول ياساش ناھايىتى كۈچلۈك ئىزدى-نىشچانلىقا ۋە پەن تەتقى-قات خاراكتېرىگە ئىگە بو-لۇپ، قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ناھايىتى مۇشەققەتلىك.


ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي ئۇچىدىكى روتتېردام پورتى.

چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈريولىنىڭ ياسىلىشى شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدا تۆمۈريول بولماسلىق تارى-خىغا خاتىمە بەر-دى. ئۇ چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلى-كىنىڭ قاتناش شارائىتى ۋە مەد-ەنىيەت-ىلەغ سېلىش مۇ-ھىتىنى يەنىمۇ ياخشىلىدى، شىزاڭنىڭ بايلى-قىنى ئېچىش ۋە ئىقتىسادىنى تېز سۈرئەتتە ئىلگىرى سۈردى، ئىچكىرى بىلەن شىزاڭنىڭ مۇناسى-ۋىتىنى كۈچەيتىشتە، زاڭزۇلار بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش-تە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈ-چەيتىپ، تۆمۈريول بويىدىكى خەلققە بەخت يارىتىشتا مۇھىم رو-لىنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ.

## ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى

1990 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سائەت 12 دىن 12 مىنۇت ئۆتكەندە جۇڭ-گو بىلەن سوۋېت ئىتتى-پاقىنىڭ تۆمۈريول قاتناش تارمىقىنىڭ مۇئاۋىن مى-نىستىرلىرى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ تۆمۈريولىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرتال بولتىسىنى چىڭىتىپ خۇشال ـ خۇرام ھالدا كۆلۈچلىرىنى ئۆزئارا ھەدىيە قىلغاندا، تىنچ ئوكيان بىلەن ئاتلانتىك ئوكيانىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇ-تاشتى.

بۇ چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى شەرقتە جۇڭگونىڭ ليەنيۈنگاڭ، رى-جاۋ قاتارلىق دېڭىز ياقىسىدىكى پورت شەھەرلىرىدىن باشلىنىپ، غەربكە قاراپ چېگرادىن چىقىپ، قازاقىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، روسىيە، بېلارۇسى-يە، ئۇكرائىنا، پولشا، گېرمانىيە قا-تارلىق ياۋروپادىكى قىرغاق ئېغىز-لىرىغىچە داۋاملىشىپ، شەرقىي ئا-سىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسى-يا، ئوتتۇرا شەرق، روسىيە، شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ياۋروپا، جەنۇبىي ياۋروپا، غەربىي ياۋروپا قاتارلىق


ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى ليەنيۈنگاڭ كونا پورت رايونى.

رايونلاردىكى 40 نەچچە دۆلەتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 10800 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 4100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇ سىبىرىيە چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىدىن كېيىنكى ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرىدىغان ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «يېڭى ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى» دەپ ئاتىغان. ئۇ ئاسىيا ـ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىقتىساد، سودا پائالىيىتىدە غايەت زور رول ئوينايدىغان زامانىۋى «يىپەك يولى»دۇر.

**تۆمۈريول تۇنېلى** ئەنگلىيە 1826 ـ يىلى تايلور تېغىدا ئۇزۇنلۇقى 770 مېتىر كېلىدىغان تاق لىنىيەلىك تۇنېلنى قېزىشقا باشلىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تۇنېل تۆمۈريول بىلەن بىرلىكتە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قېزىلىشقا باشلىدى. تۆمۈريول تۇنېلى تاغ، دەريا، دېڭىز بوغۇزى ۋە شەھەرلەرنىڭ ئاستىدا قېزىلىپ ھەممە تۆمۈر يول ياتقۇزۇلۇپ، پويىزلار قاتنايدىغان قۇرۇلۇشنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگولۇقلار ئۆزى لايىھەلەپ، ئۆزى قۇرۇلۇش قىلغان تۇنجى تۇنېل جەن تيەنيۇنىڭ باشقۇرۇشىدا ياسالغان بېيجىڭ ـ جاڭجياكۇ تۆمۈريولىدىكى بادالىڭ تۇنېلىدۇر (1908).

**ئايروپورت** ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقىدىغانلىكى ئادەم ئايروپىلان بېلىتىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئايروپورتتا، يەنى ئايرودۇرۇمدا ئايروپىلانغا چىقىش رەسمىيىتىنى ئۆتەيدۇ، ئايروپىلان بۆلمىسىنىڭ ئىشىكىگىچە ئۇزارتىلغان ئايروپىلانغا چىقىش كۆۋرۈكى ئارقىلىق ئايروپىلانغا چىقىدۇ ۋە چۈشىدۇ، بۇ خۇددى پىرىستاندىكى لەيلىمە كۆۋرۈك ئارقىلىق پاراخوتقا چىقىپ ـ چۈشكەنگە ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇ «ئايروپورت» دەپ ئاتالغان.

دۇنيادىكى ئون چوڭ ئايروپورت (2007)

| ئورۇن تەرتىپى | ئايروپورت نامى | دۆلەت |
|---|---|---|
| 1 | ئاتلانتا ئايرودۇرۇمى | ئامېرىكا |
| 2 | چىكاگو ئايرودۇرۇمى | ئامېرىكا |
| 3 | لوس ـ ئانژېلېس ئايرودۇرۇمى | ئامېرىكا |
| 4 | توكيو خانېدا (يۈتيەن) ئايرودۇرۇمى | ياپونىيە |
| 5 | فرانكفۇرت ئايرودۇرۇمى | گېرمانىيە |
| 6 | دېنۋېر ئايرودۇرۇمى | ئامېرىكا |
| 7 | داللاس ئايرودۇرۇمى | ئامېرىكا |
| 8 | بېيجىڭ پايتەخت ئايرودۇرۇمى | جۇڭگو |
| 9 | لوندون ھېسروۋ ئايرودۇرۇمى | ئەنگلىيە |
| 10 | پارىژ دېگول ئايرودۇرۇمى | فىرانسىيە |

ئايروپورت ھاۋا ترانسپورتىدا ئىشلىتىلىدىغان ئايرودۇرۇم ۋە ئۇنىڭ مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئايرودۇرۇم ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش، قونۇش، توختاش، رېمونت قىلىش مەيدانىدۇر. ئايروپورت بىلەن ئايرودۇرۇم ئىككىسى ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، ئالدىنقىسى كېيىنكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، ئايروپورتتا يەنە يولۇچىلارنىڭ ئايروپىلان كۈتۈش بىناسى، مال توشۇش پونكىتى بولىدۇ، ئەمما ئادەت بويىچە بۇ ئىككى خىل ئىسىم كۆپ ھاللاردا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، بىز ئوبدان بىلىدىغان بېيجىڭ پايتەخت خەلقئارالىق ئايرودۇرۇمى ئەمەلىيەتتە بېيجىڭ خەلقئارالىق ئايروپورتى دەپ ئاتىلىشى كېرەك ئىدى.

ئايروپورت ئادەتتە ئۇچۇشقا يېتەكلەش رايونى، مۇلازىمەت رايونى ۋە ئايروپىلان رېمونت قىلىش رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش، ئايروپىلان رېمونت قىلىش، يولۇچىلار، ماللار ۋە پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ نورمال يەتكۈزۈلۈشى ۋە ئايروپىلاننىڭ بىخەتەر ئۇچۇش، قونۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

ئايروپورتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يەر يۈزىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، قۇرۇقلۇق ئايروپورتى ۋە سۇ يۈزى ئايروپورتىغا ئايرىلىدۇ. ئۇچۇش ئارىلىقىغا ئاساسەن، خەلقئارالىق ئايروپورت، دۆلەت ئىچى ئايروپورتى ۋە قىسقا مۇساپىلىك ئايروپورتقا ئايرىلىدۇ. ئىشلىتىلىش خاراكتېرى بويىچە ھەربىي ئىشلار ئايرودۇرۇمى، پۇقرالار ئايرودۇرۇمى، تەنتەربىيە ئىشلىرى ئايرودۇرۇمى ۋە يېزا ئىگىلىك ئايرودۇرۇمى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ.

**پورت** پورت سۇ بىلەن قۇرۇقلۇقنى ئالاقىلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان دەرۋازا بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى بىلەن تاشقى ئىشلار مۇناسىۋىتىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.



ياپونىيەنىڭ كوبې پورتىنىڭ ئۈستىدىن كۆرۈنۈشى.

پورت دەريا، كۆل، دېڭىز ياكى سۇ ئامبارلىرى بويىدىكى بەلگىلىك ئۈسكۈنە ۋە شارائىتقا ئىگە، پاراخوت ـ كېمىلەر توختاپ يولۇچىلار ۋە يۈك ترانسپورتىنى ياكى باشقا كەسىپلەرنى بېجىرىدىغان جاي بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى پورتقا كىرىش سۇ يولى، پورت سۇ رايونى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قۇرۇقلۇق رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىشلىتىلىشىگە

ئاساسەن سودا پورتى، بېلىقچىلىق پورتى، ھەربىي ئىشلار پورتى، سانائەت پورتى، بوراندىن پاناھلىنىش پورتى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ.

كۆلەمنى چوڭ تىپلاشتۇرۇش، قۇرۇلمىسىنى كەسپلەشتۈرۈش، فۇنكسىيەسىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش، قاچىلاش – چۈشۈرۈش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، باشقۇرۇشنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش، ئەندىزىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر پورتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىدۇر. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھەممىسى پورتنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە سىرت بىلەن ئالماشتۇرۇشنىڭ چېگرا ئېغىزى قىلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ پورت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پورت رايونىدىن پايدىلىنىپ يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى ۋە پورت سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، پورت فۇنكسىيەسىنى تەدرىجىي كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشمۇ دۇنيا پورت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشى بولۇپ قالماقتا.

دۇنيا بويىچە ئون چوڭ يۈك ساندۇقى ترانسپورت پورتى (2008)

| ئورۇن تەرتىپى | پورت نامى | دۆلەت |
|---|---|---|
| 1 | سىنگاپور | سىنگاپور |
| 2 | شاڭخەي | جۇڭگو |
| 3 | شياڭگاڭ | جۇڭگو |
| 4 | شېنجېن | جۇڭگو |
| 5 | بۇسان | كورېيە |
| 6 | دۇبەي | ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى |
| 7 | گۇاڭجۇ | جۇڭگو |
| 8 | جۇشەن | جۇڭگو |
| 9 | روتتېردام | گوللاندىيە |
| 10 | چىڭداۋ | جۇڭگو |

**سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى** سۇ ئىنشائاتى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىيات ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ھەرخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تەبىئەتتىكى سۇ ۋە سۇ رايونلىرىنى تىزگىنلەش ۋە تەڭشەش ئارقىلىق سۇ ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈشى، سۇ بايلىقىدىن ئېچىپ پايدىلىنىشى ۋە ئۇنى قوغدىشىنى كۆرسىتىدۇ.

سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئىنسانلار تەبىئەتتىكى يەر ئۈستى سۇلىرى ۋە يەر ئاستى سۇلىرىنى تىزگىنلەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئارقىلىق زىيانلىق ئىشلارنى يوقىتىپ، پايدىلىق ئىشلارنى يولغا قويۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ياسىغان قۇرۇلۇشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئادەتتە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئېتىز – ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشى، سۇ كۈچى ئېلېكتىر ئىستانسىسى، سۇ ترانسپورتى (سۇ يولىنى تۈزەش، دەريالارنى راۋانلاشتۇرۇش، دەريا پورتلىرىنى ياساش) قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، جۇڭگونىڭ ئەمگەكچى خەلقى لىڭچۇ، بېيجىڭ – خاڭجۇ قانىلى قاتارلىق ھاۋزا ئاتالايدىغان سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇردى. چېڭدۇ تۈزلەڭلىكىنى جەننەتتەك يەرگە ئايلاندۇرغان دۇجياڭيەن توسمىسى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، شۇنىڭدەك سۇ ترانسپورتى، توك چىقىرىش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق فۇنكسىيەلەرگە ئىگە گېجۇبا توسمىسى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشى دۇنيانىڭ قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. جۇڭگو ھازىر دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى — جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا باشلاش قۇرۇلۇشىنى قىلماقتا.

دۇنيادا مەشھۇر سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىدىن يەنە بىرازىلىيە بىلەن پاراگۋاي بىرلىشىپ ياسىغان ئىتايپۇ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ئامېرىكىنىڭ خوۋېر چوڭ توسمىسى، تاجىكىستاننىڭ روگون توسمىسى، مىسىرنىڭ ئاسۋان توسمىسى قاتارلىقلار بار.

**دۇجياڭيەن توسمىسى** دۇجياڭيەن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى سىچۈەندىكى دۇجياڭيەن شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئۇ دۇنيا بويىچە بۈگۈنگە قەدەر تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، توسمىسىز سۇ باشلىغان بۈيۈك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدۇر.

دۇجياڭيەن توسمىسى قەدىمدە دۇئەنيەن توسمىسى دەپ ئاتالغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى. ئۇ سىچۈەن ئۆلكىسى گۇەنشيەن ناھىيەسى (بۈگۈنكى دۇجياڭيەن شەھىرى)نىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىنجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان. چىن جاۋۋاڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 256 ~ 251 – يىللىرى) شۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى لى بىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ باشقۇرۇشىدا ياسالغان.

دۇجياڭيەن توسمىسىنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى ئاساسلىقى بېلىق بېشىسىمان سۇ بۆلگۈچ دامبا، لاتقا – كەلكۈن چۈشۈرگۈسى، ۋازا ئاغزى شەكىللىك سۇ كىرىش ئېغىزىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسمىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، دەريا سۈيىنىڭ



دۇجياڭيەن توسمىسى سۇ بۆلگۈچ قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى. (سۈرەتنى ۋاڭ جاڭ تارتقان)

ئۆزلۈكىدىن بۆلۈنۈپ ئېقىشى، ئۆز -
لۈكىدىن لاتقا چىقىرىش، كىرىۋاتقان
سۇ مىقدارىنى تىزگىنلەش قاتارلىق
مەسىلىلەرنى ئىلمىي ھەل قىلىپ،
سۇ ئاپىتىنى تۈگىتىپ، چىڭدۇ تۈز -
لەڭلىكىنى «جەننەتتەك يەر»گە ئايلان -
دۇرغان. سۇغىرىش كۆلىمى 40 نەچ -
چە ناھىيەگە يېيىلغان. دۇجياڭيەن
تۇسمىسى ئەتراپىنىڭ مەنزىرىسى گۈ -
زەل، ئاسارئەتىقىلەر كۆپ بولۇپ، ئا -
ساسلىقلىرىدىن فۇلۇڭگۇەن ئىبادەتخا -
نىسى، ئېرۋاڭمياۋ بۇتخانىسى، ئەنلەن
ئارقان كۆۋرۈكى (ھازىرقىسى پولاتتىن
قايتا ياسالغان)، يۇلېي ئۆتكىلى، لىدۈي
باغچىسى، يۇلېيشەن باغچىسى ۋە لىڭ -
يەنسى ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار بار.

**لۇەنخې دەرياسىنىڭ سۇيىنى تيەن جىنگە باشلاش قۇرۇلۇشى** لۇەنخې
دەرياسىنىڭ سۇيىنى تيەنجىنگە باشلاش
قۇرۇلۇشىدا 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدا
پۈتۈن لىنىيە بويىچە سىناق تەرىقى -
سىدە رەسمىي سۇ باشلاپ مۇۋەپپەقى -
يەت قازىنىلىپ، تيەنجىن شەھىرىنىڭ
مەركىزىي شەھەر رايونى ۋە بىر قى -
سىم شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئاچچىق،
تۇزلۇق، يۇقىرى فىتورلۇق سۇ ئىچىش
تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن
تيەنجىننىڭ سۇ كەمچىل بولۇش ۋە -
زىيىتى ئۆزگەردى. تيەنجىن شەھىرى -
نىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ۋە مەب -
لەغ سېلىش مۇھىتى ياخشىلاندى.

لۇەنخې دەرياسىنىڭ سۇيىنى
تيەنجىنگە باشلاش قۇرۇلۇشى تيەنجىن
شەھىرىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش
ۋە خەلق تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان
سۇنىڭ قىس بولۇش ھالىتىنى ھەل
قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ھاۋزا ئاتالاپ
شەھەرگە سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىدۇر.
ئۇ لۇەنخې دەرياسى، خەيخې دەرياسىدىن
ئىبارەت ئىككى دەريا ھاۋزىسىنى توغ -
رىسىغا ئاتلاپ ئۆتۈپ، يەنشەن تاغ
تىزمىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇزۇنلۇ -
قى 234 كىلومېتىر كېلىدۇ. يۇقىرى
ئېقىن بۆلىكى لۇەنخې دەرياسىدىكى
داخېيتىڭ سۇ ئامبىرى چوڭ تۇسمى -
سىدىن باشلىنىپ، سۇ بۆلگۈچ تۈگۈنى
چۇشۇرگىسى ئارقىلىق لۇەنخې دەريا -
سىنىڭ سۇيى تاغدىن كېسىپ ئۆتكەن
تۇنېلغا باشلىنىپ، ئاندىن راۋانلاشتۇ -
رۇلغان لىخې دەرياسى ئارقىلىق يۈچ -
ياۋ سۇ ئامبىرىغا قويۇلىدۇ؛ تۆۋەنكى
ئېقىن بۆلىكىدە سۇ يۈچياۋ سۇ ئام -
بىرىدىن ئېقىپ چىقىپ، راۋانلاشتۇ -
رۇلغان جۇخې ۋە جىيۇنخې دەريالىرى -
نىڭ يولى ئارقىلىق ئاشكارا ئۆستەڭ،
تۆت چوڭ تىپتىكى ناسوس پونى -
كىتى ۋە سۇ يەتكۈزۈش پولات تۇرۇبى -
سىغا يەتكۈزۈلىدۇ، ئەڭ ئاخىردا تيەن -
جىن شەھىرىنىڭ شىخې سۇ زاۋۇتى
ۋە شىنكەيخې سۇ زاۋۇتىغا يەت -
كۈزۈلىدۇ.

**خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۇيىنى چىڭداۋغا باشلاش قۇرۇلۇشى**

خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۇيىنى چىڭداۋ -
غا باشلاش قۇرۇلۇشى ھاۋزا، شەھەر
(ۋىلايەت) ھالقىيدىغان يىراق مۇساپى -
لىق چوڭ تىپتىكى سۇ يۆتكەش قۇرۇ -
لۇشى بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشتا خۇاڭخې
دەرياسىنىڭ سۇيى شەندۇڭنىڭ بىنجۇ
شەھىرى بوشىڭ ناھىيەسى دايۇجاڭ
چۇشۇرگىسىدىن چىڭداۋ شەھىرىنىڭ
جىخۇڭتەن سۇ ئامبىرىغا باشلىنىدۇ.
ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 292 كىلومېتىر
بولۇپ، 5 شەھەر (ۋىلايەت)، 10 ناھىيە
(شەھەر، رايون)نى بېسىپ ئۆتىدۇ.
قۇرۇلۇش كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بو -
لۇپ، سۇ باشلاش، لاتقا تىنىدۇرۇش،
سۇ يەتكۈزۈش ۋە سۇ ساقلاش، سۇ تا -
زىلاش ھەم سۇ سەپلەش قاتارلىق ئەس -
لىھەلەرگە ئىگە، فۇنكسىيەسى تولۇق،
يۇرۇشلەشتۈرۈلۈشى مۇكەممەل.
قۇرۇلۇش 1986 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ
15 ـ كۈنى ئىش باشلىنىپ، 1989 ـ
يىلى 11 ـ ئايدا پۈتكۈزۈلۈپ سۇ
باشلانغان. سۇ باشلانغاندىن بۇيان،
چىڭداۋنىڭ سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىدا
ئىشلىتىلىدىغان سۇ قىسلىقىنى يەڭ -
گىللەتتى، شۇنداقلا چىڭداۋ شەھىرى -
دىكى دېڭىز سۇيىنىڭ ئېقىپ كىرىشى
ۋە يەر يۈزىنىڭ ئولتۇرۇشۇشىنىڭ
ئالدىنى ئالدى. كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە
ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ئېكولو -
گىيەلىك ئۈنۈم ياراتتى.

**جەنۇبنىڭ سۇيىنى شىمالغا باشلاش قۇرۇلۇش** جۇڭگونىڭ سۇ بايلىقى -
نىڭ رايونلۇق تارقىلىشى بەكلا تەك -
شىسىز بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت مىق -
ياسىدىن قارىغاندا، شەرقىي جەنۇبنىڭ
سۇيى كۆپ، غەربىي شىمالنىڭ كەم -
چىل. پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە
سۇ بايلىقىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈ -
چۈن، يىراق ئارىلىق، كەڭ كۆلەملىك
سۇ يۆتكەش يىرىك پىلانى تەتقىق قى -
لىنىۋاتىدۇ ۋە يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ.

جەنۇبنىڭ سۇيىنى شىمالغا
باشلاش چاڭجياڭ ھاۋزىسىدىكى سۇنىڭ
بىر قىسمىنى شىمالىي جۇڭگو ۋە
غەربىي شىمالدىكى سۇيى ئاز، كەمچىل
ۋە قۇرۇپ كەتكەن رايونلارغا يەتكۈزۈش
ئارقىلىق، سانائەت، يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈش ۋە خەلقنىڭ كۈندى -
لىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇغا
بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى
كۆرسىتىدۇ. جەنۇبنىڭ سۇيىنى شى -
مالغا باشلاشتا ئاساسلىق ئۈچ لىنىيە
بار.

شەرقىي لىنىيە سۇ يەتكۈزۈش
قۇرۇلۇشىنىڭ سۇ يەتكۈزۈش غول لى -
نىيەسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن
1150 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ قۇرۇ -
لۇشتا جياڭسۇنىڭ ياڭجۇ ئەتراپىدا
چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۇيى قانالغا
باشلىنىپ، چۇشۇرگە بىلەن تىزگىن -
لەش ئارقىلىق، سۇ ئورنى دەرىجىمۇ
دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، شەندۇڭ
ئۆلكىسىنىڭ لياڭشەن ناھىيەسىدە
خۇاڭخېدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن شى -
مالغا قاراپ ئېقىتىپ، خېبېي، تيەن -
جىنلەرگە باشلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق
جياڭسۇ، ئەنخۇي، شەندۇڭ، خېبېي،
تيەنجىندىن ئىبارەت تۆت ئۆلكە ۋە
بىر شەھەرنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلى -
كىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇيى تولۇقلى -
نىدۇ.

جەنۇبنىڭ سۇيىنى شىمالغا
باشلاش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوتتۇرا لىنىيە
لايىھەسىنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك قۇ -
رۇلۇشىدا خەنشۈي دەرياسىنىڭ دەنج -



جەنۇبىنىڭ سۈيىنى شىمالغا باشلاش قۇرۇلۇشىنىڭ شەرقىي لىنىيە سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى — جياڭدۇ سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى.

ياڭكۇ سۇ ئامبىرىدىن سۇ باشلىنىدۇ، يىراق مەزگىللىك قۇرۇلۇشىدا لىنىيە سەنشيا بوغۇزىنچە ئۇزارتىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسىدىن باشلىنىدىغان سۇ مىقدارى ئاشۇرۇلىدۇ. دەنجياڭكۇدىن باشلانغان سۇ جېڭجۇ ئەتراپىدىكى تاۋخۇاگۇ جىلغىسىغا كەلگەندە خۇاڭخې دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل بېيجىڭغا ئېقىپ كىرىدۇ. دەنجياڭكۇ سۇ ئامبىرىنىڭ ئېگىزلىكى 150 مېتىر، بېيجىڭنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 40 مېتىر بولۇپ، ئوتتۇرا لىنىيىدە سۇ تامامەن ئۆزلۈكىدىن ئاقالايدۇ. 2005 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جەنۇبىنىڭ سۈيىنى شىمالغا باشلاش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوتتۇرا لىنىيەسىنىڭ شىجياجۇاڭ ـ بېيجىڭ بۆلىكىدىكى بېيجىڭنىڭ غەربىي تۆتىنچى ئايلانمىسى يوشۇرۇن تونېل قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلاندى.

غەربىي لىنىيە لايىھەسىدە جىنشاجياڭ، يالۇڭجياڭ، دادۇخې دەريالىرىنىڭ سۇ ئورنى كۆتۈرۈلۈپ، بىر قىسىم غايەت چوڭ تونېللار قېزىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا باشلىنىپ، غەربىي شىمال رايونىنىڭ سۇ بايلىقى تولۇقلىنىدۇ.

**سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى فېڭمەن سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى** فېڭمەن سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى توك چىقىرىشنى ئاساس قىلغان، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش بىلەن توك چىقىرىش بىرلەشتۈرۈلگەن چوڭ تىپلىق سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى بولۇپ، ئۇ توك چىقىرىش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، ساياھەت، سۇغىرىش، باقمىچىلىق، شەھەر ۋە سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە.

مەزكۇر سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى جىلىن ئۆلكىسى جىلىن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 24 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىغا جايلاشقان بولۇپ، ياپون جاھانگىرلىكى بېسىۋالغان مەزگىلدە، يەنى 1937 ـ يىلى قۇرۇلۇش باشلانغان، بىراق قۇرۇلۇش سۈپىتى ناچار بولغان. ياپونىيە تەسلىم بولغاندا يەنە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، داۋاملىق ياسىلىپ ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇپ، 1959 ـ يىلى پۈتكۈزۈلگەن. ئۇنىڭغا توققۇز سۇ تۇربىنىلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمى 554 مىڭ كىلوۋاتقا، يىللىق ئوتتۇرىچە توك چىقىرىش مىقدارى 1 مىليارد 890 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىدۇ. 1992 ـ يىلى ۋە 1998 ـ يىلى كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، ئومۇمىي سىغىمى مىليون كىلوۋاتتىن ئاشۇرۇلغان. مەزكۇر ئېلېكتىر ئىستانسىسى شەرقىي شىمال ئېلېكتىر تورىدىكى ئاساسلىق ئېلېكتىر ئىستانسىسى بولۇپ، ئاساسلىقى ئېلېكتىر تورىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ۋە چاستوتىسىنى تەڭشەش، ۋەقە چىققاندا زاپاس ئىشلىتىلىش ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان.

**شياۋلاڭدى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى**

شياۋلاڭدى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى خۇاڭخې دەرياسىنى تىزگىنلەش ۋە ئېچىشتىكى ھالقىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ لوياڭ شەھىرى بىلەن جيۈەن شەھىرى تۇتاشقان جايدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر جىلغىنىڭ چىقىش ئېغىزىغا جايلاشقان. 1991 ـ يىلى ئالدىنقى مەزگىللىك تەييارلىق قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1994 ـ يىلى ئاساسلىق قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلاندى. 1997 ـ يىلى 10 ـ ئايدا چوڭ دەريا ئېقىنىنى توساش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 2001 ـ يىلى ئاساسلىق قۇرۇلۇش پۈتتى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، شۈرمەل تاشقىنىدىن ساقلىنىش، لاتقا تىنىشنى كېمەيتىش، شۇنىڭ بىلە بىرگە، سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇغىرىش ۋە توك چىقىرىشتىن ئىبارەت. شياۋلاڭدى قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، خۇاڭخېنىڭ تۆۋەنكى ئېقىن بۆلىكىدە 20 يىلغىچە لاتقا تىنىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بولمايدۇ ھەمدە تۆۋەنكى ئېقىننىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆلچىمى ھازىرقى 60 يىلدىن 1000 يىلغا كۆتۈرۈلدى. سەنمېنشيا بوغۇزى سۇ ئامبىرى بىلەن بىرلىكتە شۈرمەل تاشقىنى مەزگىلىدىكى سۇ مىقدارىنى تەڭشەپ، شۈرمەل تاشقىنىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنغا كەلتۈرىدىغان خەۋپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلدى. سەنمېنشيا بوغۇزى سۇ ئامبى-



فېڭمەن سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى.

www.uyghurkitap.com

ـرىنىڭ شۇرمەل تاشقىنىدىن مۇداپىئەلىنىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئېھتىماللىقنى كېمەيتىپ، سەنمېنشيا بوغۇزى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ شۇرمەل تاشقىنى مەزگىلىدىكى توك چىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

شياۋلاڭدى قۇرۇلۇشى قەدىمىي پايتەخت لوياڭ بىلەن تاشيول ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ھەيۋەتلىك توسما، كەڭ سۇ يۈزى، گۈزەل كۆل مەنزىرىسى لوياڭنىڭ يېڭى ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

**چاڭجياڭ دەرياسى گېجوبا سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى** گېجوبا سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكىدىغان چوڭ تىپتىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى بولۇپ، چوڭ توسما 1988 - يىلى پۈتكۈزۈلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرى - كېيىن 18 يىل سەرپ قىلىندى.



گېجوبا سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنىدىن بىر كۆرۈنۈش. (سۈرەتنى لى گۇاڭچۈەن تارتقان)

گېجوبا سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۇ بايلىقىدىن ئۈنىۋېرسال پايدىلىنىدىغان قۇرۇلۇش بولۇپ، توك چىقىرىش، سۇ ترانسپورتى، كەلكۈن سۇيىنى قويۇپ بېرىش، سۇغىرىش قاتارلىق ئۈنىۋېرسال ئۈنۈمگە ئىگە. بۇ قۇرۇلۇش چاڭجياڭ دەرياسىدىكى سەنشيا بوغۇزىنىڭ بىرى بولغان شىلىڭشيا بوغۇزىنىڭ چىقىش ئېغىزى — نەنجىنگۈەن ئۆتكىلىدىن 2300 مېتىر يىراقلىقتىكى ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ يىچاڭ شەھىرىنىڭ جېنجياڭ راۋىقىغىچە بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ. توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 53.8 مېتىر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2606.5 مېتىر كېلىدۇ. گېجوبا سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈشى توسمىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سۇ ئورنىنى 20 نەچچە مېتىر يۇقىرىلاتتى، سۇ يۇقىرى ئېقىنغا قاراپ 100 كىلومېتىردىن كۆپ يېيىلىپ، غايەت كۆپ سۇ ساقلايدىغان سۈنئىي كۆلنى شەكىللەندۈردى. لايىھە بويىچە نورمال شارائىتتا، يۇقىرى ئېقىن يۈزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سۇ ئورنى 66 مېتىر، سۇ ئامبىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 1 مىليارد 580 مىليون كۇب مېتىر، توك چىقىرىشقا قۇراشتۇرۇلغان گېنېراتورلار سىغىمى 2 مىليون 715 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، يېقىن مەزگىللىك ئوتتۇرىچە توك چىقىرىش مىقدارى 1 مىليارد 410 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېجوبا سۇ ئىنشانائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشى يەنە سۇ ساقلاش، كەلكۈن قويۇپ بېرىش، لاتقا چىقىرىش، بېلىقلارنى ئۆتكۈزۈش جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنىمۇ ھەل قىلغان.

**خۇاڭخې دەرياسى چىڭتۇڭشيا بوغۇزى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى**

چىڭتۇڭشيا بوغۇزى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزىي شەھىرى يىنچۈەن شەھىرىنىڭ غەربىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ چىڭتۇڭشيا بوغۇزىنىڭ چىقىش ئېغىزىغا جايلاشقان. قۇرۇلۇشتا 1958 - يىلى 8 - ئايدا ئىش باشلانغان. دەريا ئېقىنى 1960 - يىلى 2 - ئايدا توسالغان، 1967 - يىلى بىرىنچى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى توك چىقىرىشنى باشلىغان، 1978 - يىلى قۇرۇلۇش تاماملانغان. چىڭتۇڭشيا بوغۇزىدىكى دەريا توساش چوڭ توسمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 738 مېتىر، ئېگىزلىكى 60.2 مېتىر كېلىدۇ. سەككىز گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ توك چىقىرىش ئومۇمىي سىغىمى 272 مىڭ كىلوۋاتقا، يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 1 مىليارد 280 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىدۇ. نىڭشيا تۈزلەڭلىكىنى سۇغىرىدىغان 9 چوڭ غول ئۆستەڭنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ يەردىن سۇ باشلىنىدۇ. توسما ئۈستىدىن تاشتۇرۇپ ئېقىتىش كەلكۈن قويۇپ بېرىشنىڭ ئاساسلىق شەكلى بولۇپ، چوڭ توسمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا ئېلېكتىر ئىستانسىسى چۈشۈرگە ئۆلىسىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەزكۇر قۇرۇلۇشنىڭ سۇغىرىش، توك چىقىرىش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، شۇرمەل تاشقىنىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت تۆت چوڭ رولى بار.

چىڭتۇڭشيا بوغۇزى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ دەريا ئېقىنىنى توساش چوڭ توسمىسىنىڭ ياسىلىشى بىلەن چىڭتۇڭشيا بوغۇزى سۇ ئامبىرى شەكىللەنگەن. ئەسلىدىكى جىلغىدا تەكشى كەتكەن ئاجايىپ كۆركەم كۆل مەنزىرىسى نامايان بولغان. سۇ ئامبىرى ئىچىدىكى ئاراللاردا دەل - دەرەخلەر كۆككە تاقىشىپ تۇرىدۇ، ھېكەن ۋە قومۇشلار بۈك - باراقسان ئۆسۈپ، ھەرخىل قۇشلارنىڭ ياشاش، كۆپىيىشىگە راسا باب كېلىدىغان ماكانغا ئايلانغان. كىشىلەر ئۇنى «خۇاڭخې دەرياسىدىكى قۇشلار ئارىلى» دەپ تەرىپلەيدۇ.

**خۇاڭخې دەرياسى لۇڭياڭشيا بوغۇزى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى**

چىڭخەي ئۆلكىسى گۇڭخې ناھىيىسىگە جايلاشقان خۇاڭخې دەرياسى لۇڭياڭشيا جىلغىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر، دەريا يولىنىڭ كەڭلىكى ئاران 30 نەچچە مېتىر كەلسىمۇ،

ئەمما كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 640 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، سۇ كۈچى بايلىقى ئىنتايىن مول. لۇڭياڭشيا بوغۇزى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى دەل مۇشۇ جايغا قۇرۇلغان.

خۇاڭخې دەرياسى لۇڭياڭشيا بوغۇزى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ تىپتىكى پەلەمپەيسىمان ئېلېكتىر ئىستانسىسى بولۇپ، توك چىقىرىش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۇغىرىش، باقمىچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈنۈم بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭدا ئومۇميۈزلۈك ئۈنۈمگە ئىگە قۇرۇلۇشتۇر. پۈتكۈل قۇرۇلۇش ئېگىزلىكى 178 مېتىر كېلىدىغان بىر چوڭ توسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمى 24 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ، ھەر بىرىنىڭ توك چىقىرىش مىقدارى 230 مىڭ كىلوۋات كېلىدىغان بەش دانە گېنېراتوردىن تەشكىل تاپقان گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمى 1 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات كېلىدۇ. 1976 - يىلى رەسمىي ئىش باشلىنىپ، 1989 - يىلى 6 - ئايدا توك چىقىرىش گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ ھەممىسى قۇراشتۇرۇلۇپ ۋە ئېلېكتىر تورىغا ئۇلىنىپ توك چىقىرىشقا باشلىغان.

**چاڭجياڭ دەرياسى سەنشيا بوغۇزى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى** سەنشيا بوغۇزى سىچۈەن، خۇبېي ئۆلكىلىرىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىككى قىرغاقتا ئېگىز تاغ چوققىلىرى، تىك قىيالار كۆپ، مەنزىرىسى ئاجايىپ كۆركەم بولۇپ، ئىككى قىرغاقتىكى تۇتاش كەتكەن تىك قىيا ۋە تاغ چوققىلىرىنىڭ دەريا يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 700 ~ 800 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. دەريا يۈزىنىڭ ئەڭ تار جايى ئارانلا 100 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. كۆلىمى غايەت چوڭ سەنشيا بوغۇزى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى بىلەن بۇ جاي دۇنيا تېخىمۇ كۆز تىكىدىغان جاي بولۇپ قالدى.



چاڭجياڭ دەرياسى سەنشيا بوغۇزى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنىنىڭ ئومۇمىي پىلان ئېسكىزى.

چاڭجياڭ دەرياسى سەنشيا بوغۇزى قۇرۇلۇشى جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە گېنېراتورلار سىغىمى ئەڭ چوڭ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بولۇپ، شىلىڭشيا بوغۇزىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى خۇبېي ئۆلكىسى يىچاڭ شەھىرى چېگرىسىدىكى سەندۇپىڭ دېگەن يەرگە جايلاشقان. چاڭجياڭ دەرياسى سەنشيا بوغۇزى قۇرۇلۇشىدا «بىرىنچى دەرىجىلىك ئېچىش، بىر قېتىمدا پۈتكۈزۈش، مۇددەتتە بۆلۈپ سۇ قاچىلاش، ئاھالىلەرنى ئۈزلۈكسىز كۆچۈرۈش» لايىھەسى قوللىنىلدى. قۇرۇلۇش دەريا ئېقىنىنى توساش چوڭ توسمىسى، سۇ ئامبىرى، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ۋە سۇ ترانسپورتى قۇرۇلۇشى قاتارلىق قىسىملاردىن تەشكىل تاپقان. چوڭ توسمىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3035 مېتىر، توسما پەللىسىنىڭ ئېگىزلىكى 185 مېتىر كېلىدۇ. ساقلىنىدىغان سۇنىڭ نورمال ئورنى دەسلەپكى مەزگىلدە 135 مېتىرغا، كېيىنكى مەزگىلدە 175 مېتىرغا يەتكۈزۈلدى. سۇ ئامبىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 39 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش سىغىمى 2 مىليارد 251 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 1994 - يىلى سەنشيا بوغۇزى قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلاندى. 2003 - يىلى 6 - ئايدا چۈشۈرگە رەسمىي چۈشۈرۈلۈپ سۇ قاچىلاندى. شۇ يىلى 7 - ئايدا سەنشيا بوغۇزىدىكى تۇنجى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى توك چىقىرىشقا باشلىدى. چاڭجياڭ دەرياسى سەنشيا بوغۇزى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى پۈتكەندىن كېيىن، قۇراشتۇرۇلغان گېنېراتورلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 18 مىليون 200 مىڭ كىلوۋاتقا، يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 84 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، شەرقىي ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىنى توك بىلەن تەمىنلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

چاڭجياڭ دەرياسى سەنشيا بوغۇزى قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، توك چىقىرىش، سۇ ترانسپورتى، باقمىچىلىق، ساياھەت، ئېكولوگىيەنى قوغداش، مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش، ئېچىش خاراكتېرىدىكى ئاھالە كۆچۈرۈش، جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا باشلاش، سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە سۇغىرىش قاتارلىق 10 چوڭ جەھەتتە زور رولىنى جارى قىلدۇردى. دۇنيادىكى ھەرقانداق چوڭ تىپتىكى ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى ئۇنىڭغا تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

**تېننېسسى دەرياسى ھاۋزىسىنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى** تېننېسسى دەرياسى ئامېرىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ئۇ مىسسىسسىپى دەرياسىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك تارماق ئېقىنى بولۇپ، ھاۋزىسىنىڭ كۆلىمى 105 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، غول ئېقىنىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1050 كىلومېتىر كېلىدۇ. دائىرىسى ۋىرگىنىيە، مىسسىسسىپى، تېننېسسى ۋە كېنتۇككى قاتارلىق يەتتە ئىشتاتقا يېيىلىپ تۇرىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 20 - ۋە 30 - يىللىرى تېننېسسى دەرياسى ۋادىسىدا ئورمانلارنىڭ بۇزغۇنچە-



1936 - يىلى پۈتكەن كىلىنچ دەرياسى نوررىس توسمىسى تېننېسسى دەرياسى ھاۋزىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرغان تۇنجى توسما.

لىقتا ئۇچراش سەۋەبىدىن سۇ تۇپراقنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئېقىپ كېتىشى كېلىپ چىققان، كەلكۈن يامراپ، قاتناش توسۇلۇپ قالغان، سۇ ترانسپورتى توختاپ قالغان، تەبىئىي مۇھىت ناچارلىشىپ، كېسەللىك يامرىغان، مەدەنىيىتى ئارقىدا قېلىپ، ئامېرىكىنىڭ ئەڭ نامرات رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

1935 - يىلى ئامېرىكا پارلامېنتى قانۇن تۈزۈپ، تېننېسسى دەرياسى ھاۋزىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى (AVT) نى قۇرغان. بۇنىڭ بىلەن تېننېسسى دەرياسى ھاۋزىسىنى تېزگىنلەش كەڭ كۆلەملىك قۇرۇلۇشى باشلانغان. ئۇلار ئىشنى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇشتىن باشلاپ، تېننېسسى دەرياسى ھاۋزىسىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق، كۆمۈر كان ئېچىش ۋە ساياھەتچىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇپ، بۇ رايوننىڭ نامرات، قالاق ھالىتىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتكەن. 40 نەچچە يىللىق ئۈنۈملۈك پىلانلاش ۋە قۇرۇش ئارقىلىق، تېننېسسى دەرياسى ھاۋزىسىنىڭ تەبىئىي بايلىقىنى ئۇنىۋېرسال ۋە مۇۋاپىق ئېچىپ، رايونلۇق ئىقتىسادنى گۈللەندۈرگەن. 1977 - يىلىغا كەلگەندە پۈتكۈل ھاۋزىنىڭ ئوتتۇرىچە مىللىي دارامىتى 1933 - يىلىدىكىدىن 34 ھەسسە ئاشقان.

**ئاسۋان توسمىسى** نىل دەرياسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن دەريا بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ھەم مەسىرنىڭ ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى مەنبەسى بولدى، ھەم سان - ساناقسىز كەلكۈن ئاپەتلىرىنى ئېلىپ كەلدى. 1970 - يىلى 6 - ئايدا نىل دەرياسىدا ئاسۋان توسمىسى ياسالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ مىسىرنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۇغىرىش ۋە توك چىقىرىش جەھەتلەردىكى غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇردى.

ئاسۋان توسمىسىنىڭ ئېگىزلىكى 111 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 3830 مېتىر، پەللىسىنىڭ كەڭلىكى 40 مېتىر كېلىدۇ. دەريا سۈيىنى كەينىگە ياندۇرۇپ، كۆلىمى 5120 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، سۇ ساقلاش مىقدارى 168 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدىغان سۈنئىي كۆل — ناسىر كۆلىنى ھاسىل قىلغان. بۇ سۇ قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن بۇيان، غايەت زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى، نىل دەرياسىدا تاشقىن بولۇش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى، كېڭەيتىلگەن سۇغىرىش كۆلىمى ۋە سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ توك چىقىرىش مىقدارى بىردەك پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 1/3 نى ئىگىلىدى. ئۇ يەنە سۇ ترانسپورتى، بېلىقچىلىق ۋە ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. گەرچە سۇ ئامبىرىنىڭ تېگىگە لاتقا تىنىپ، تەبىئىي ئوغۇت مەنبەسىدىن مەھرۇم بولۇش ۋە تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ناچارلىشىشتەك پاسسىپ تەسىرلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## ئىتايپۇ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى

جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىتايپۇ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدۇر. چوڭ توسما برازىلىيە بىلەن پاراگۋاي ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان پارانا دەرياسىغا ياسالغان بولۇپ، ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلغان.

«ئىتايپۇ» سۆزى ئىندىيان تىلىدا «ناخشا ئېيتالايدىغان تاش» دېگەن مەنىدە. ئىتايپۇ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى 1975 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلۇشقا باشلىنىپ، 1991 - يىلى 5 - ئايدا پۈتكەن. سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئاساسلىق توسمىسى كاۋاك بېتونلۇق ئېغىرلىق كۈچ توسمىسى قىلىپ ياسالغان، ئېگىزلىكى 196 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1064 مېتىر كېلىدۇ. سۇ ئامبىرىنىڭ كۆلىمى 1350 كۋادرات كىلومېتىر، سىغىمى 29 مىليارد كۇب مېتىر كېلىدۇ. 18 دانە سۇ تۇربىنىلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، 12 مىليارد 600 مىليون كىلوۋات توك چىقىرىدۇ.



ئىتايپۇ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى.

**سىجىل تەرەققىيات** 21 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە دۇنيادىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سۆز «سىجىل تەرەققىيات»تۇر.

سىجىل تەرەققىيات 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى ئۇقۇم بولۇپ، 1987 - يىلى دۇنيا مۇھىت ۋە تەرەققىيات كومىتېتى «بىزنىڭ ئورتاق كەلگۈسىمىز» ناملىق دوكلاتىدا تۇن-

www.uyghurkitap.com

جى قېتىم بۇ ئۇقۇمنى شەرھلەپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

سىجىل تەرەققىيات ھەم ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈش، ھەم كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئىقتىدارىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. ماھىيەتتە ئۇ ئىقتىساد، جەمئىيەت، بايلىق ۋە مۇھىت ئاسراشنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا زىچ باغلانغان سىستېما بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ھەم ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى، ھەم ئىنسانلارنىڭ ياشىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئاتموسفېرا، تاتلىق سۇ، دېڭىز ـ ئوكيان، يەر ۋە ئورمان قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلارنى ئوبدان قوغداپ، ئەۋلادلارنى مەڭگۈ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، خاتىرجەم، خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

**غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش** غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيەسى جۇڭگونىڭ 21 ـ ئەسىردە يېڭى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى زور تەدبىرىدۇر. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دائىرىسىگە كىرىدىغان رايونلار سىچۈەن، گۇيجۇ، يۈننەن، شىزاڭ، چۇڭچىڭ، شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل ۋە گۇاڭشىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەبىئىي، تارىخىي ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان. غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ %70تىن كۆپرەكىنى، نوپۇسى %28نى ئىگىلەيدۇ، ئەمما ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ %20ىگىمۇ يەتمەيدۇ، شەرقىي قىسىمدىكى رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا پەرق چوڭراق. جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىمدىكى رايونلىرىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكى بار. ئېنېرگىيە ۋە قېزىلما بايلىقلىرى مول، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تارىخى ئۇزۇن، تەبىئىي شارائىتى ئەۋزەل، جۇغراپىيەلىك قىياپىتى ئۆزگىچە، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى كۆپ خىل، مەدەنىيەت ئاسارئەتىقىلىرى كۆپ، ساياھەت بايلىقى ئۆزگىچە خاس جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە، غايەت زور مەبلەغ سېلىش پۇرسىتى ۋە بازار يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش بوشلۇقى ئىنتايىن كەڭ. غەربىي قىسىم يەنە جۇڭگودىكى ئاساسلىق دەريالارنىڭ باشلىنىش مەنبەسى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە.

2000 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ج ك پ 15 ـ نۆۋەتلىك 5 ـ ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»دە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مەخسۇس تېما قىلىنىپ شەرھلەندى. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە سىياسىتى» رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ جۇڭگونىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتا تاشلىغان ماھىيەتلىك قەدىمىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

**غەربنىڭ توكنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى** غەربنىڭ توكنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، دۆلەت غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتا بەلگىلىگەن زور تەدبىر ۋە نامايەندىلىك قۇرۇلۇش، شۇنداقلا غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى تايانچ قۇرۇلۇشتۇر.

غەربنىڭ توكنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى گۇيجۇ، يۈننەن، گۇاڭشى، سىچۈەن، ئىچكى موڭغۇل، سەنشى، شەنشى قاتارلىق غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئېلېكتىر كۈچى بايلىقىنى ئېچىپ، ئۇنى ئېلېكتىر كۈچى يېتىشمەيۋاتقان گۇاڭدۇڭ، شاڭخەي، جياڭسۇ، جېجياڭ، بېيجىڭ، تيەنجىن، تاڭشەن قاتارلىق رايونلارغا يەتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش غەربىي رايونلارنىڭ مول بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىساد ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرىدۇ، غەربىي رايونلارنىڭ ئەۋزەل تەبىئىي بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان قوزغىتىش مەبلىغىگە ئېرىشتۈرىدۇ. شەرقىي رايونلارنى پاكىز، ئەلا سۈپەتلىك، ئىشەنچلىك، ئەرزان ئېلېكتىر قۇۋۋىتى بىلەن تەمىنلەپ، شەرقىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى** غەربنىڭ گازى تاغ ـ داۋانلاردىن ھالقىپ، چاڭجياڭ دەرياسى دېلتا رايونىغا يېتىپ كەلدى. 2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى پۈتۈن لىنىيە بويىچە رەسمىي سودا تىجارىتىگە تاپشۇرۇلدى. غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى غەربىي رايوننىڭ ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت ئاتا قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكلەشكە پايدىلىق، لىنىيە بويىدىكى رايونلارنىڭ ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئاتموسفېرا مۇھىتىنى ياخشىلايدۇ؛ جۇڭگو نېفىتىنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنىڭ ئۈنۈم ئۈستۈنلۈكىگە ئايلىنىشىدىمۇ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈ-
زۈش قۇرۇلۇشى غەربىي رايوننى كەڭ
ئېچىشتىكى نامايەندىلىك قۇرۇلۇش
بولۇپ، مەزكۇر قۇرۇلۇش غەربتە تا-
رىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىن باش-
لىنىپ، شەرقتە شاڭخەي شەھىرىنىڭ
غەربىي شەھەر ئەتراپىدىكى بەيخېجېن
بازىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. غەربتىن
شەرققە قاراپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونى، گەنسۇ، نىڭشيا خۇيزۇ
ئاپتونوم رايونى، شەنشى، سەنشى،
خېنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇ ۋە شاڭخەي
قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە
شەھەرلەردىن ئۆتىدۇ، تۇرۇبا يولىنىڭ
ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4000 كىلومې-
تىرغا يېتىدۇ.

**ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنىنى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى** ئۈچ شىمال ئى-
ھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى 1978 ـ يىل
11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن-
نىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلۇشقا
باشلانغان. قۇرۇلۇش ئومۇمىي لايى-
ھەسىدە 1978 ـ يىلى باشلىنىپ،
2050 ـ يىلى ئاخىرلاشتۇرۇش پىلان
قىلىنغان، قۇرۇش مۇددىتى 73 يىل
بولۇپ، 534 مىليون مو ئورمان بەر-
پا قىلىپ، ئۈچ شىمال رايونىنىڭ
ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنى
%5.05تىن %14.95 كە يەتكۈزۈش،
چۆللىشىشنى ئۈنۈملۈك تىزگىن-
لەش، سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كې-
تىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن كونت-
رول قىلىش، ئېكولوگىيەنى ۋە خەلق
ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى
تۈپتىن ياخشىلاش پىلان قىلىنغان.

مەزكۇر قۇرۇلۇشنىڭ دائىرىسى
شەرقىي شىمالنىڭ غەربىي قىسمى،
شىمالىي جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمى
ۋە غەربىي شىمالنىڭ كۆپ قىسىم
رايونلىرىنى قاپلىغان بولۇپ، جۇڭ-
گونىڭ شىمالىدىكى 13 ئۆلكە (ئاپتو-
نوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شە-
ھەر)دىكى 551 ناھىيە (خوشۇن، شە-
ھەر، رايون)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
قۇرۇلۇش دائىرىسى شەرقتە خېي-
لۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ بىنشيەن نا-
ھىيەسىدىن باشلىنىپ، غەربتە شىن-



شەنشى ئۆلكىسى يۈلىندىكى قۇمدىن
مۇداپىئەلىنىش ئورمانلىرى. (سۈرەتنى جۇڭ-
گو سۈرەتلەر ئارخىپخانىسى تەمىنلىگەن)

جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى
ئۇزبەل تاغ ئاغزىغىچە يېتىپ بارىدۇ،
شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 4480
كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭ-
لىكى 560 ~ 1460 كىلومېتىرغى-
چە، ئومۇمىي كۆلىمى 4 مىليون 69
مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.
بۇ دۆلەت زېمىنىنىڭ %42.4 ىنى
ئىگىلەيدۇ، جۇڭگو يەر مەيدانىنىڭ
يېرىمىغا يېقىنلىشىدۇ.

2006 ـ يىلىغىچە ئۈچ شىمال
ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىش قۇرۇ-
لۇشىدا جەمئىي 25 مىليون گېكتار-
دىن كۆپ ئورمان بەرپا قىلىندى.

**چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ـ يۇقىرى ئېقىنى ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى قۇرۇلۇشى** سۇ ۋە تۇپراق-
نىڭ ئېقىپ كېتىشى بىلەن ئەسلى-
دىكى ئاجايىپ گۈزەل چاڭجياڭ دەر-
ياسىنىڭ سۈيى دۇغلىشىپ، جۇڭگو-
دىكى ئىككىنچى خۇاڭخې دەرياسىغا
ئايلىنىشقا يۈزلەنگەنىدى. 1989 ـ
يىلى جۇڭگو دەريالارنى ھەر تەرەپلىمە
تۈزەش ئۈچۈن تۈنجى قېتىم كەڭ
كۆلەملىك ئورمانچىلىق ئېكولوگىيە
قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى. بۇ چاڭج-
ياڭنىڭ ئوتتۇرا ـ يۇقىرى ئېقىنى-
دىكى سۇ ـ تۇپراقنى ساقلاش ۋە
چاڭجياڭ ھاۋزىسىنىڭ ئېكولوگىيە-
لىك مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي ئىگى-
لىكىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا مۇ-
ناسىۋەتلىك زور قۇرۇلۇشتۇر.

چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا
ـ يۇقىرى ئېقىنى ئىھاتە ئورمان
سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا 2000 ـ
يىلىغا بارغاندا يېڭىدىن 6 مىليون
670 مىڭ گېكتار ئورمان بەرپا قى-
لىش ھەمدە 30 ~ 40 يىل ۋاقىت
سەرپ قىلىپ، ھازىر بار بولغان ئور-
مانلار ئاساسىدا، ئورمان كۆلىمىنى
20 مىليون گېكتار كۆپەيتىش
پىلانلانغان، بۇ قۇرۇلۇش 11 ئۆلكە
(شەھەر)دىكى 271 ناھىيەدە ئومۇم-
يۈزلۈك ئېلىپ بېرىلدى. سەنشيا بو-
غۇزى سۇ ئامبىرى رايونى، جىنشاج-
ياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن
ئېقىنى ۋە جيالىڭجياڭ دەرياسى ھاۋ-
زىسى قاتارلىق 10 چوڭ نۇقتىلىق
رايون گەۋدىلىك قۇرۇلدى. 100 نەچ-
چە ناھىيەدە قاقاس تاغلار ئاساسىي
جەھەتتىن تۈگىتىلدى. بۇرۇنقى قا-
قاس، تاقىر تاغلار يېشىللىق دېڭىزى-
غا ئايلاندى. خۇنەن، خۇبېي، گۈيجۇ
قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ تاغلىق رايون-
لىرىنىڭ قۇملىشىش، تاشلىشىش
سۈرئىتى تۆۋەنلەشكە باشلىدى، ئىل-
گىرىكى نۇرغۇنلىغان قۇرۇپ كەتكەن
جىرالاردا يىل بويى سۇ ئاقىدىغان
بولدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان يوقاپ
كەتكەن ياۋايى ھايۋانلار ئورمانلىقتا
ياشاپ كۆپىيىشكە باشلىدى. يېشىل
توساقنىڭ قوغدىشى بىلەن سۇ ـ
تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى دەسلەپكى
قەدەمدە تىزگىنلەندى.

**تېرىلغۇ يەرنى ئورمانغا قايتۇرۇش**

«تېرىلغۇ يەرنى ئورمانغا قايتۇ-
رۇش نىزامى» 2002 ـ يىل 12 ـ
ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جۇڭگو گوۋۇيۈەن-
نىڭ 66 ـ قېتىملىق دائىمىي
ئىشلار يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، 12 ـ
ئاينىڭ 14 ـ كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ
367 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقى بىلەن
ئېلان قىلىندى.

تېرىلغۇ يەرنى ئورمانغا قايتۇ-
رۇش ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى
قوغداش ۋە ياخشىلاشنى چىقىش نۇق-

تا قىلىپ، سۇ ۋە تۇپراق ئېقىپ كېتىش، قۇملىشىش، شورلىشىش، چۆللىشىش ئېغىر بولغان تېرىلغۇ يەرلەرنى، شۇنىڭدەك ئاشلىق مەھسۇلاتى تۆۋەن ھەم تۇراقسىز بولغان تېرىلغۇ يەرلەرنى پىلانلىق ھەم قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا تېرىشتىن توختىتىپ، بۇ يەرلەردە شۇ جاينىڭ شارائىتىغا قاراپ ئورمان بەرپا قىلىش ۋە ئوت - چۆپ تېرىپ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. تېرىلغۇ يەرنى ئورمانغا قايتۇرۇش سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ئازايتىش، قۇم - بوران ئاپىتىنى يەڭگىللىتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى، شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، يەرلىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە ھالقىلىق نۇقتىسى.

قۇرۇلۇش دائىرىسى بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق 25 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىكى جەمئىي 1897 ناھىيە (شەھەر، رايون، خوشۇن)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى غەربىي رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلاردا مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. دەريالارنىڭ مەنبەلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى يېنى، كۆل ۋە سۇ ئامبارلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى تىك يانتۇلۇقلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەر، شۇنىڭدەك سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ۋە قۇم - بوراننىڭ خەۋپى ئېغىر بولىدىغان ئېكولوگىيەلىك ئورنى مۇھىم رايونلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەر ئالدى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

1999 - يىلدىن 2004 - يىلغىچە دۆلەت 287 مىليون 480 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى ئورمانغا قايتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە 118 مىليون 290 مىڭ مو تېرىلغۇ يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 169 مىليون 190 مىڭ مو ئورمانغا باب كېلىدىغان قاقاس تاغ، قاقاس يەرلەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، مەركىزىي ھۆكۈمەت بۇ ئىشقا جەمئىي 75 مىليارد يۈەندىن كۆپ مەبلەغ ئاجراتتى.

## سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى

سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى تۇپراق ياكى يىمىرىلگەن بوش يەر پوستىدا ئۆسۈملۈك يېپىنچىسىنىڭ قوغدىشى كەمچىل بولغان شارائىتتا ئېروزىيەلىنىش يۈز بېرىپ، تۇپراقنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئېقىپ كېتىش ھادىسىسىدۇر. سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى تەبىئىي ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرىدىن تەبىئىي ئامىللار ھەم سۈنئىي ئامىللار بار. تەبىئىي ئامىللاردىن ئاساسلىقى يەر شەكلى، ھۆل - يېغىن، تۇپراق (يەر يۈزىنىڭ ماددىي تەركىبى) قاتارلىقلار بار. سۈنئىي ئامىل ئىنسانلارنىڭ يەردىن نامۇۋاپىق پايدىلىنىشى تۈپەيلىدىن، يەر يۈزىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە مۇقىم يەر شەكلى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئېقىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ.



ئىنسانلارنىڭ سۇ ۋە تۇپراق بايلىقىدىن نامۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىشى سەۋەبىدىن سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

**ئېكولوگىيەلىك شەھەر** ئېكولوگىيەلىك شەھەر ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارى دائىرىسىدە ئېكولوگىيەلىك ئىقتىسادشۇناسلىق پرىنسىپلىرى ۋە سىستېما قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ قۇرۇپ چىققان شەھەرنى كۆرسىتىدۇ. ئېكولوگىيەلىك شەھەرنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى بار: ئېكولوگىيەلىك شەھەر ئالدى بىلەن يېشىللاشقان باغ - ئورمان شەھىرى بولۇش، شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى (50% تىن يۇقىرى) بولۇشى كېرەك؛ ئېكولوگىيەلىك شەھەر يەنە مۇھىت سۈپىتى ياخشى شەھەر بولۇشى، ھاۋاسى ساپ، زىيانلىق گازلارنىڭ نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە (بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى 50 تىن تۆۋەن، يەنى بىرىنچى تۈردىكى ھاۋا ئۆلچىمى) بولۇشى، ئاھالىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە خەۋپ ئېلىپ كەلمەيدىغان بولۇشى كېرەك؛ ئېكولوگىيەلىك شەھەر يەنە تىنچ شەھەر بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ۋە ئاپتوموبىللاردىن چىققان شاۋقۇن رۇخسەت قىلىنغان دائىرىدە قاتتىق كونترول قىلىنغان شەھەر بولۇشى كېرەك؛ ئېكولوگىيەلىك شەھەرنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئەتراپىدىكى تەبىئىي مۇھىت بىلەن ماسلاشقان ھەمدە يۈكسەك مەدەنىيەت تۈسىنى ئالغان بولۇشى كېرەك.

ئېكولوگىيەلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال شەكلىنى، تەدبىر بەلگىلەش ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى، شەھەر دائىرىسىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى پايدىلانغىلى بولىدىغان بارلىق بايلىق يوشۇرۇن كۈچلىرى تولۇق قېزىلىپ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، ئېكولوگىيەلىك

يۇقىرى ئۈنۈملۈك كەسىپلەرگە ئىگە، تۈزۈلمىسى مۇۋاپىق، جەمئىيىتى ئىناق بولغان مەدەنىيەت، شۇنىڭدەك ئېكولوگىيەسى ساغلام، لاندشافتى مۇۋاپىق بولغان مۇھىت بەرپا قىلىنىپ، تەبىئىي ئېكولوگىيە بىلەن ئىنسانلار ئېكولوگىيەسىنىڭ يۈكسەك بىرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

**ئېكولوگىيەلىك ساياھەت** ئېكولوگىيەلىك ساياھەت تەبىئىي مۇھىتنى قوغداش ۋە شۇ جايدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى قوغداشتىن ئىبارەت قوش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ساياھەت پائالىيىتىدۇر. ئېكولوگىيەلىك ساياھەت ساياھەتنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئېھتىياجىدىن پەيدا بولغان ۋە تەشەببۇس قىلىنغان بىر تۈرلۈك پۈتۈنلەي يېڭى ساياھەت كەسپى ھېسابلىنىدۇ. ئېكولوگىيەلىك ساياھەت مۇنتىزىم ساياھەتنىڭ بىر تۈرلۈك پەۋقۇلئاددە شەكلى بولغانلىقتىن، ساياھەتچىلەر قەدىمكى ۋە ھازىرقى مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش ۋە ئۇلارنى كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرى نىسپىي قەدىمىي، ئىپتىدائىي تەبىئىي رايوندا تۇرۇپ، ئاجايىپ مەنزىرە ۋە كۆرۈنۈشلەردىن ھۇزۇرلىنىدۇ، ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى تەكشۈرىدۇ. ئېكولوگىيەلىك ساياھەتنىڭ مەزمۇنى تەبىئىي لاندشافتنى ئاسراشنى تېخىمۇ تەكىتلەيدىغان بولۇپ، سىجىل تەرەققىي قىلىدىغان ساياھەت كەسپىدۇر. ئېكولوگىيەلىك ساياھەت تەبىئەت بىلەن ماسلىشىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ مۇھىتنى قۇربان قىلىشنى بەدەل قىلماسلىقى كېرەك ھەمدە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ساياھەت تەبىئىي مەنزىرىلىرى ۋە ئىجتىمائىي مەنزىرىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتى كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭكى بىلەن باراۋەر بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا ساياھەتچىلەر ئېكولوگىيەلىك ساياھەتنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا جانلىق ۋە كونكرېت ئېكولوگىيە تەربىيەسى ئېلىشى كېرەك.

**نەم يەر** 1996 - يىلى 10 - ئايدا خەلقئارا نەم يەر ئەھدىنامىسى دائىمىي كومىتېتى قارار ماقۇللاپ، ھەر يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنىنى دۇنيا نەم يەر كۈنى قىلىپ بېكىتكەن.

نەم يەرلەر باي ۋە كۆپ مەھسۇلاتلىق ئېكولوگىيەلىك سىستېما بولۇپ، دۇنيادىكى بېلىق تۈرلىرى ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 2/3 قىسمىنى دېڭىزدەك تەمىنلەيدۇ. نەم يەرلەرنىڭ تىپلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ سازلىق، دەريا ئېغىزىدىكى ئۈچ بۇلۇڭ قولتۇق، پاتقاق ساھىلى، كۆل، كۆلچەك، دېلتا، مارجان خادىلىرى، پەسىللىك دەريا، لاگون، تېيىز دېڭىز، تورفىلىق يەر، كۆل، تاشقىن تۈزلەڭلىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيادىكى ھەممە دۆلەتتە دېگۈدەك بەزى تىپتىكى نەم يەرلەر بار.

«يەر شارىنىڭ بۆرىكى» دەپ تەرىپلىنىدىغان نەم يەرلەر دۆلەتنىڭ مۇھىم زېمىن بايلىقى ۋە تەبىئىي بايلىقى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىغا ئەڭ باي ئېكولوگىيەلىك لاندشافت ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ياشاش مۇھىتىنىڭ بىرى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنى كۆپ خىل بايلىق بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى غايەت زور مۇھىت فۇنكسىيەسى ۋە ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈمگە ئىگە.

**دۆلەت باغچىسى** 1872 - يىلى ئامېرىكا دۇنيا بويىچە تۇنجى دۆلەت باغچىسى — سېرىق تاش دۆلەت باغچىسىنى قۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىنسانلار تەبىئىي مۇھىتنى قوغداش ۋە ئاممىنىڭ تەبىئەتتىن ھۇزۇرلىنىشىنى قانائەتلەندۈرۈشنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك يولىنى ئاچتى.

دۆلەت باغچىسى بىر دۆلەت ھۆكۈمىتى ئۆزگىچە ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە تەبىئىي مۇھىتتىن بەلگىلىك دائىرىنى ئايرىپ چىقىپ قۇرغان باغچىنى كۆرسىتىدۇ.

ب د ت نىڭ خەلقئارا تەبىئەت ۋە تەبىئىي بايلىقلارنى قوغداش بىرلەشمە كومىتېتى (NCUI) دۆلەت باغچىسىنىڭ تۆت ئۆلچىمىنى مۇنداق بەلگىلىگەن: ① كۆلىمى 10 كۋادرات كىلومېتىردىن چوڭ، مەنزىرىسى گۈزەل، ئېكولوگىيەسى ياكى يەر شەكلى ئالاھىدە، دۆلەت ۋەكىللىكىگە ئىگە ھەمدە ئىنسانلار ئاچمىغان، ئولتۇراقلاشمىغان ياكى قۇرۇلۇش قىلمىغان بولۇشى كېرەك؛ ② تەبىئىي دالا مەنزىرىسىنى، ئالاھىدە ئېكولوگىيە سىستېمىسى ۋە ئىپتىدائىي ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇزاق مەزگىل قوغداش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان بولۇشى كېرەك؛ ③ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى تەدبىر قوللىنىپ، سانائەت - سودا بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئولتۇراقلىشىش ئۈچۈن ئېچىشنى چەكلىگەن بولۇشى، دەل - دەرەخلەرنى كېسىش، كان قېزىش، ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش، تېرىقچىلىق قىلىش، چارۋا بېقىش ۋە ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىقلارنى مەنئى قىلغان بولۇشى، ئېكولوگىيە بىلەن تەبىئىي مەنزىرىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئۈنۈملۈك قوغدىغان بولۇشى كېرەك. ④ ھازىر مەۋجۇت بولغان تەبىئىي ھالەتنى قوغداپ، ئۇنى ھازىر ۋە كەلگۈسىدىكى پەن تەتقىقات، مائارىپ ۋە ساياھەت قاتارلىقلارنىڭ بايلىقى قىلغان بولۇشى كېرەك.

**جاڭجىياجېي دۆلەتلىك ئورمان باغچىسى** 1982 - يىلى گوۋۇيۈەن خۇنەن ئۆلكىسى دايۇڭ ناھىيەسىدىكى جاڭجىياجېي ئورمانلىقىنى دۆلەتلىك ئورمان باغچىسى قىلىشنى رەسمىي بەلگىلىدى، بۇ جۇڭگونىڭ تۇنجى دۆلەتلىك ئورمان باغچىسىدۇر.

جاڭجىياجېينىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %94تىن ئاشىدۇ، بۇ يەردىكى ئۆسۈملۈك تۈرلىرى 1000 خىلدىن ئاشىدۇ، پەقەت ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەردىنلا 500 نەچچە تۈرى بار، بۇ پۈتكۈل ياۋروپادا بار بولغان دەرەخ تۈرلىرىنىڭ بىر ھەس-

www.uyghurkitap.com

سىسىدىن كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمىي، ئاز ئۇچرايدىغان، ئەتىۋارلىق دەرەخ تۈرلىرىدىن 191 خىلى بار. بىيولوگلار بۇ جاينى بايلىقى مول «ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكە باغچىسى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. جاڭجياجيې يەنە جۇڭگونىڭ مەشھۇر قۇمتاش چوققىلىرى يەر شەكلى رايونى بولۇپ، قويۇق ھەم خىلۋەت ئورمانلىق، غەلىتە تاغلار، كۆركەم سۇلار جاڭجياجيېنى ئۆزگىچە خاس مەنزىرىلىك ۋە سىرلىق جايغا ئايلاندۇرغان.

## سېرىق تاش دۆلەت باغچىسى

سېرىق تاش دۆلەت باغچىسى ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر مەنزىرىلىك سەيلىگاھى بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى تۇنجى دۆلەت باغچىسى، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ باغچىدۇر. مەزكۇر باغچا 1872 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 8990 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. روكى تاغ تىزمىسىدىكى چوققىلار توپى ئۇنى قورشاپ تۇرىدۇ، دائىرىسى ۋايومىڭ، مونتانا ۋە ئايداخو ئىشتاتلىرىغا يېيىلغان. دەسلەپتە ئورمانلارنىڭ كېسىلىشى ۋە ھايۋانلارنىڭ ئوغرىلىقچە ئوۋلىنىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش ئۈچۈن ھەربىيلەر باشقۇرغان. 1918 ـ يىلدىن كېيىن دۆلەت باغچىسى مۇلازىمەت ئورگىنى باشقۇرغان. سېرىق تاش باغچىسىنىڭ گېئولوگىيەلىك تۈزۈلمىسى مۇرەككەپ بولۇپ، ئىلگىرى كۈچلۈك يانار تاغ پائالىيىتى يۈز بەرگەن، يەر يۈزىنى ماگما ئېقىنى قاپلىغان، يەر پوستى تا بۈگۈنگە قەدەر يەنىلا مۇقىم ئەمەس. سېرىق تاش دەرياسى باغچىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالىي قىسمىدا ئۇزۇنلۇقى 39 كىلومېتىر، چوڭقۇرلۇقى 305 مېتىر كېلىدىغان سېرىق تاش دەرياسى چوڭ جىلغىسىنى ھاسىل قىلغان. جىلغىنىڭ ئەتراپىدىكى تىك يارلاردا رەڭگىنىڭ قېنىقلىقى ئوخشاشمايدىغان سېرىق، نارەنج (قىزغۇچ سېرىق)، كۈلرەڭ قاتارلىق رەڭلەر زاھىر بولىدۇ، جىلغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا چۈشۈش پەرقى 33 مېتىر ۋە 94 مېتىر كېلىدىغان ئىككى شارقىراتما ھاسىل بولغان.

سېرىق تاش باغچىسىدا 3000 دىن كۆپ ئارشاڭ ۋە قەرەلسىز بۇلاقلار بار. باغچىنىڭ يەر ئىسسىقلىقى رايونىدا نۇرغۇنلىغان قەرەلسىز يەر ئىسسىقلىقى فونتان بۇلاقلىرى بار، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قانچە قەرەللىك فونتان بۇلاقلار بولۇپ، دەل ۋاقتىدا ئېتىلىپ چىقىدۇ، مىنۇت ـ سېكۇنتمۇ پەرق قىلمايدۇ. مەشھۇر «ساداقەتمەن ياۋاش بۇلاق» ئوتتۇرىچە ھەر 66 مىنۇتتا بىر قېتىم ئېتىلىپ چىقىدۇ، فونتان ئېگىزلىكى 45 مېتىرغا، بەزىدە ھەتتا 60 مېتىرغىمۇ يېتىدۇ. سېرىق تاش باغچىسىدا كىشىلەر يەنە لاي ئېتىلىدىغان يانار تاغ، گاز پۈركۈيدىغان تۆشۈكچە (فۇمۇس)، قارا ماگما جىنىس (ئوبسىدىيان)لىق تىك قىيالار ۋە تاش قاتما ئورمان قاتارلىق ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى كۆرەلەيدۇ.



ئامېرىكىنىڭ سېرىق تاش دۆلەت باغچىسىدا يەر ئىسسىقلىقى پائالىيىتى تەكرار بولۇپ تۇرىدۇ. گۈڭگۈرتنىڭ كۈچلۈك پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالىدۇ، ئارشاڭ ۋە قەرەلسىز بۇلاقلارمۇ قەرەلسىز ھالدا گاز ۋە ھورلارنى پۈركۈپ تۇرىدۇ.

سېرىق تاش باغچىسىدا ئورمانلار بۈك ـ باراقسان ئۆسىدۇ، ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىدىن قىزىل شەمشاد، ئاق شەمشاد، شەمشاد قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئامېرىكا ياۋا كالىسى، قارا ئېيىق، قانداغاي، ئاچا مۈڭگۈزلۈك بۇكەن، ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بۇغا قاتارلىقلار بار. ئۇزۇنلۇقى 225 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان چوڭ ئايلانما تاشيول ياسالغان، نۇرغۇنلىغان دالا ئۆسكۈنىلىرى ۋە قولۋاق قاتارلىق ساياھەت ئەسلىھەلىرى تەييارلانغان، ھەر يىلى ساياھەتكە كېلىدىغانلارنىڭ سانى مىليوندىن ئاشىدۇ.

## تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونلار

تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونلار ئالاھىدە قوغداشقا ئايرىلغان ھەرخىل تەبىئىي رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رايونلار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تەبىئىي ئېكولوگىيە سىستېمىسى، ئەتىۋارلىق ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەر تەبىئىي تارقالغان رايونلار، ئۆزگىچە تەبىئىي لاندشافت، ئىلمىي قىممەتكە ئىگە تارىخىي ئاسارئەتىقىلەر، شۇنىڭدەك مۇھىم تەبىئىي مەنزىرە رايونى ۋە سۇ مەنبەسى ئاسرىلىدىغان رايون قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر بۇ خىزمەتكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى، ھەتتا تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونلار كۆلىمىنىڭ دۆلەت يەر مەيدانىدا ئىگىلىگەن پىرسەنتى ئارقىلىق تەبىئىيلىكنى قوغداش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئۆلچىدى. ئامېرىكىنىڭ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونلىرىنىڭ كۆلىمى دۆلەت يەر مەيدانىنىڭ 10%ىدىن ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكىنىڭ سېرىق تاش دۆلەت باغچىسى، جۇڭگونىڭ شېننۇڭجيا تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونى قاتارلىقلار دۇنيادىكى مەشھۇر تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونلار ھېسابلىنىدۇ.

**شېننۇڭجيا تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونى** «ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ ئۆگزىسى» دېگەن گۈزەل نامغا ئىگە شېننۇڭجيا غەربىي خۇبېينىڭ تاغلىق رايونىغا جايلاشقان. تاغ گەۋدىسى

ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3105 مېتىر ئېگىز بولۇپ، ئۇ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنى رايونىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. بۇ جاينىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ئىنتايىن كۆركەم بولۇپ، بۇ جايدا چاڭجياڭنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىدىلا مەۋجۇت بولغان ئىپتىدائىي ئورمانلىق بار. 1982 - يىلى بۇ جاينى جۇڭگو رەسمىي ھالدا ئەتىۋارلىق ھايۋانات ۋە ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى قوغدايدىغان تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون قىلىپ بېكىتتى.

شېننۇڭجيا تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 3200 نەچچە كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، پەقەت ياۋايى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرىلا 2000 خىلغا يېقىنلىشىدۇ. ئاق شەمشاد بۇ يەرنىڭ ئاساسلىق دەرەخ تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ماخىل دەرىخى، دۈب دەرىخى، سەمشىت دەرىخى، شۇنىڭدەك «جۇڭگونىڭ كەپتەر دەرىخى» دەپ نام ئالغان داۋىدىيە دەرىخى قاتارلىقلار بار.

شېننۇڭجيا يەنە دورا ماتېرىياللىرى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن 1200 نەچچە خىلى بار. قوغدىلىدىغان رايوندا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ئەتىۋار ھايۋانلاردىن 20 نەچچە تۈرى بار. سىرلىق «ياۋا ئادەم» توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىلەرنى بۇ يەرگە ساياھەتكە كېلىشكە جەلپ قىلىدۇ.

شېننۇڭجيادىكى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قەدىمىيلىكى، موللۇقى ۋە مۇرەككەپلىكى ئىنتايىن يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. 1991 - يىلى شېننۇڭجيا تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون ب د ت نىڭ مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارالىق «ئادەم ۋە بىيوسفېرا» ناملىق تەبىئىيلىكنى قوغداش تورىغا كىرگۈزۈلدى.

**جيۇجەيگۇ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون** سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ چېڭدۇ شەھىرىدىن 400 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مىنشەن تېغىنىڭ ئىچكىرىگە جيۇجەيگۇدىن ئىبارەت بىر پەرىلەر ماكانى يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭ 600 نەچچە كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان تەبىئىي مەنزىرىلىك رايونىدا توققۇز زاڭزۇ كەنتى جايلاشقانلىقتىن، نامى جيۇجەيگۇ (توققۇز كەنت جىلغىسى) دەپ ئاتالغان. بۇ جاينىڭ تەخمىنەن 52% يېرىنى قويۇق ئىپتىدائىي ئورمانلار قاپلاپ تۇرىدۇ، ئورمان ئارىسىدا ئۆسكەن بامبۇك ۋە رەڭگارەڭ گۈل - گىياھلار بۇ جاينى مۇشۇكئېيىق، سېرىق ياللىق مايمۇن، ئاق تۇمشۇق بۇغا قاتارلىق دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلار ياشايدىغان ماكانغا ئايلاندۇرغان. تەبىئەت دۇنياسى يەنە ئەپچىللىك بىلەن شۇجىڭچۇن، خېي، رىزې ۋە زېچاۋدىن ئىبارەت Y شەكىللىك، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 50 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۈچ ئاساسلىق جىلغا ئىچىگە 108 ئاجايىپ - غارايىپ كۆلنى ئورۇنلاشتۇرغان، شارقىراتمىلار، سۇ ئېقىپ تۇرغان جىرالار ئۇلارنى بىر - بىرگە تۇتاشتۇرۇپ، جىلغا ئىچىنى ئىنتايىن گۈزەل سۈرەتكە ئوخشاش مەنزىرىگە ئايلاندۇرغان.

1992 - يىلى بۇ قوغدىلىدىغان رايون «دۇنيا مىراسلار تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى. 1997 - يىلى خەلقئارالىق «ئادەم ۋە بىيوسفېرا» ناملىق تەبىئىيلىكنى قوغداش تورىغا كىرگۈزۈلدى.

**دۇنيا مىراسلىرى** 2008 - يىلى ب د ت مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى دۇنيا مىراسلىرى كومىتېتىنىڭ 32 - قېتىملىق يىغىنىدا جۇڭگونىڭ جياڭشىدىكى سەنچىڭشەن تېغى گۈزەل مەنزىرىلىك رايونى «دۇنيا مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى.

دۇنيا مىراسلىرى پىلانى ب د ت قوللايدىغان، ب د ت مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى مەسئۇل بولۇپ ئىجرا قىلىدىغان بىر تۈرلۈك پىلاندۇر. ئۇ پۈتۈن دۇنياغا نىسبەتەن تەبىئەت ۋە مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە شەيئىلەرنى ساقلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. دۇنيا مىراسلىرى تەبىئەت مىراسلىرى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، مەدەنىيەت ۋە تەبىئەتتىن ئىبارەت ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە مىراسلار، مەدەنىيەت لاندشافتى، ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مىراسى قاتارلىق كۆپلىگەن تارماق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

دۇنيا مىراسلىرى ب د ت مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ دۇنيا مىراسلىرى كومىتېتىنىڭ يىغىن ئېچىپ بېلەت تاشلىشى ئارقىلىق تاللىنىدۇ. بۇ كومىتېت 1976 - يىلى قۇرۇلغان. دۇنيا مىراسلىرىنى تاللاپ چىقىشتىكى مەقسەت ئىنسانىيەتكە يەر شارىدىكى بۇ ئۆزگىچە شەيئىلەرنى قەدىرلەش، قوغداش، قۇتقۇزۇش ۋە ئەھمىيەت بېرىشكە مۇراجىئەت قىلىشتىن ئىبارەت.

دۇنيا مىراسى بولۇش پەقەت بىر شان - شەرەپلا ئەمەس، ساياھەتنىڭ ئالتۇن ۋىۋىسكىسىمۇ ئەمەس، بەلكى مىراسنى قوغداشقا بېرىلگەن تەنتەنىلىك ۋەدىدىن ئىبارەت. بىرەر دۇنيا مىراسى بالايىئاپەتكە ئۇچرىغاندا، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇش



جيۇجەيگۇ مەنزىرىسى (سۈرەتنى خەن جىڭبېڭ تارتقان).

ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئەسلىدىكى ئىزلار ساقلاپ قېلىنىدۇ. جۇڭگودىكى قەدىمىي شەھەر لىجياڭ بۇنىڭ پايدىسىغا ئېرىشتى.

2011 - يىلغىچە دۇنيا بويىچە 936 ئورۇن دۇنيا مىراسى دەپ ئېتىراپ قىلىندى. جۇڭگودىكى 41 ئورۇن بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلدى.

## مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش

**ئىرق** ئىرق بەدەن شەكلى جەھەتتىكى ئورتاق ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئايرىپ چىقىلغان ئادەملەر توپىدۇر. ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ھالىتى ھەم ئىرسىيەت ئامىللىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ھەم مۇھىت شارائىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا دۇنيادىكى ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىكى ئادەملەر توپىنىڭ ئوخشاش بولمىغان گېن چاستوتىسى بار، بۇنىڭ بىلەن ئىرق پەرقى كېلىپ چىققان. دۇنيادىكى ئىنسانلار ئادەتتە موڭغۇل ئىرقى، نېگرو - ئاۋستراليە ئىرقى، ياۋروپا ئىرقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىرققا ئايرىلىدۇ.

دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئىرقنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تارقىلىشى ئومۇمەن تۆۋەندىكىچە: ① موڭغۇل ئىرقى: تېرىسى سېرىق، چېچى تۈز، چېچىنىڭ رەڭگى قارا؛ بۇرنىنىڭ قاڭشىرى ئوتتۇراھال، يۈزى كەڭ ۋە تۈز، ياڭاق سۆڭىكى تومپايغان، كۆز چانىقى ئىچىگە پۇرۇلگەن، قارا كۆزلۈك؛ بەدىنىدىكى تۈكلەر ۋە ساقال - بۇرۇتلىرى تەرەققىي قىلمىغان. ئاساسلىقى ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىغا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىگە تارقالغان؛ ② ياۋروپا ئىرقى: تېرىسىنىڭ رەڭگى ئاقۇش، چېچى تۈز ياكى دولقۇنسىمان، چېچىنىڭ رەڭگى سېرىق ياكى قارا قوڭۇر؛ كۆزىنىڭ قارىچۇقى كۆك ياكى كۇلرەڭ؛ بۇرنى قاڭشارلىق، كالپۇكى نېپىز؛ بەدىنىدىكى تۈكلەر ۋە بۇرۇت - ساقاللىرى تەرەققىي قىلغان. ئاساسلىقى ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلارغا تارقالغان؛ ③ نېگرو - ئاۋستراليە ئىرقى. بۇ ئىرقتىكىلەرنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى سۇس قارا، چېچى تۇم قارا ۋە بۇدۇر، بۇرنى كەڭ، كالپۇكى قېلىن بولۇپ، ئۇ نېگىر ۋە ئاۋستراليەدىن ئىبارەت ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ، ئاساسلىقى ئافرىقىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى، ئوكيانىيە، جەنۇبىي تىنچ ئوكياندىكى ئاراللار، ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى، سىرى لانكا قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى نېگىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەينى زاماندا شۇ جايلارغا ئاپىرىپ سېتىۋېتىلگەن نېگىر قۇللارنىڭ پۇشتىلىرىدۇر.

ئىرقىي پەرق ئاساسلىقى بەدەن شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ، ئىرق ھەرگىز ئەلا، ناچار دەپ ئايرىلمايدۇ.



فارفۇر پارچىلىرىدىن قۇراشتۇرۇلغان رەسىم «ئۆزگەرمەس ئەقىدە»دە دۇنيادىكى ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ بىر يەرگە جەم بولغان كۆرۈنۈشى ئىپادىلەنگەن. رەسىمگە «ئۆزەڭ خالىمىغاننى خەققە تاڭما» دېگەن بېغىشلىما يېزىلغان» (ئامېرىكا N.روكۋېل)

**مىللەت** خەنزۇ تىلىدىكى «مىللەت» سۆزى كېيىنرەك، يەنى 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پەيدا بولغان. 1903 - يىلى جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن ئەدىبى لياڭ چىچاۋ شىۋېيتسارىيە - گېرمانىيەنىڭ سىياسىي نەزەرىيەچىسى، قانۇنشۇناسى K.J بىلۇنتچىلىنىڭ مىللەت ئۇقۇمىنى جۇڭگوغا تونۇشتۇردى، شۇنىڭدىن باشلاپ مىللەت دېگەن بۇ سۆز جۇڭگودا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشكە باشلاندى.

مىللەت كىشىلەرنىڭ بەلگىلىك تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا شەكىللەنگەن ئورتاق تىل، ئورتاق زېمىن، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش، شۇنىڭدەك ئورتاق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدە ئىپادىلەنگەن ئورتاق پىسخىكا ساپاسىغا ئىگە مۇقىم ئورتاق گەۋدىدىن ئىبارەت. پۈتۈن دۇنيادا ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل مىللەتلەر بار، ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا، دۇنيادىكى مىللەتلەر 2000دىن ئاشىدىكەن.

مىللەت بىر تارىخىي كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش جەريانلىرى بولىدۇ. مىللەت ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس، مىللەت پەيدا بولۇشى مۇمكىن، بىرقانچە مىللەتتىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر قىسىم ئادەملەر بەلگىلىك مۇھىتتا ئۇزاق مەزگىل بىرگە ياشاپ يېڭى مىللەتنى شەكىللەندۇرۇشى مۇمكىن. مىللەت يوقىلىشىمۇ مۇمكىن، پۈتۈن دۇنيادا كوممۇنىزم ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، ناھايىتى ئۇزاق جەرياندا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت يۈكسەك تەرەققىي قىلىپ، مىللىي پەرق تەدرىجىي يوقىلىدۇ، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىر ئورتاق گەۋدىنى شەكىللەندۇرىدۇ، ئەمما بۇ خېلى ئۇزاق بىر جەرياندىن ئىبارەت.

**جۇڭخۇا مىللەتلىرى** «56 مىللەت 56 گۈل، 56 قېرىنداش بىر ئائىلە … مەن جۇڭخۇانى سۆيىمەن.»

جۇڭگو تۇپرىقىدا 56 مىللەت ياشايدۇ، ئۇلار بىرلىكتە جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنى بەرپا قىلغان.

جۇڭخۇا مىللەتلىرى جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ئۇ خەنزۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، مياۋزۇ، يىزۇ، جۇاڭزۇ، بۇيىزۇ، چاۋشيەن، مانجۇ، دۇڭزۇ، ياۋزۇ، بەيزۇ، تۇجيا، خانى، قازاق، دەيزۇ، لىزۇ، لىسۇ، ۋازۇ، شېزۇ، گاۋشەن، لاخۇ، شۇيزۇ، دۇڭشياڭ، ناشى، جىڭپو، قىرغىز، تۇزۇ، داغۇر، مۇلاۋ، چياڭزۇ، بۇلاڭ، سالار، ماۋنەن، گېلاۋ، شىبە، ئاچاڭ، پۇمى، تاجىك، نۇزۇ، ئۆزبېك، رۇس، ئېۋېنكى، دېئاڭ، باۋئەن، يۇغۇر، جىڭزۇ، تاتار، دۇلۇڭ، ئېلۇنچۇن، خېجې، مېنبا، لوبا، جىنودىن ئىبارەت 56 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئۆز ۋەتىنىنىڭ تۇپرىقىدا ئەمگەك قىلىپ، ياشاپ ۋە كۆپىيىپ كەلگەن، ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ زېمىنىنى ئورتاق ئېچىپ، ۋەتەننىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ياراتقان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان. جۇڭخۇا مىللەتلىرى شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنە ۋە مۇنەۋۋەر تارىخىي مىراسلارغا باي، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيەسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن زىچ ئالاقىلىشىپ، ئۆز ـ ئارا تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. ئۇلۇغ ۋەتەننى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئورتاق يارىتىشتا ھەممىسى مۇھىم تۆھپە قوشقان.

«جۇڭخۇا» سۆزى قەدىمكى زاماندىلا پەيدا بولغان بولۇپ، مەنىسى جۇڭگو بىلەن ئوخشاش. «جۇڭخۇا» تارىختا مەخسۇس خەنزۇ مىللىتىنى كۆرسەتتى، خۇاشيا مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ، ئۆزىنى جۇڭخۇا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق رايوننى «جۇڭگو» دەپ ئاتىغان. جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى تارىخىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، «جۇڭخۇا» تەدرىجىي ھالدا كۆپ مىللەت مەنىسىگە ئىگە بولۇپ، جۇڭگو زېمىنىدا ياشاۋاتقان بارلىق جۇڭگو مىللەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**نوپۇسنىڭ كۆچۈشى** ئىنسانلار بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆزلىرى پەيدا بولغان ماكاندىن سىرتقا قاراپ كېڭىيىشكە باشلىغان.

نوپۇسنىڭ كۆچۈشى كىشىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئولتۇرۇشلۇق ماكاندىن ئايرىلىپ، بەلگىلىك مەمۇرىي چېگرادىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يەنە بىر جايغا ئولتۇراقلىشىش ئۈچۈن كۆچۈپ بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ.

تارىختىكى كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش كۆپىنچە ھاللاردا تاجاۋۇزچى مىللەتنىڭ كۆچۈشى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشكەن بولىدۇ. ئارىيانلارنىڭ كۆچۈشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى كۆچۈش، ياۋرو ـ ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشى ئەڭ چوڭ كۆچۈش ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى زاماندىكى جۇغراپىيەلىك چوڭ بايقاشتىن باشلاپ نوپۇسنىڭ كۆچۈش كۆلىمى تېخىمۇ چوڭ بولدى. يېقىنقى زاماندىكى نوپۇسنىڭ كۆچۈشىنى دائىرىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بويىچە خەلقئارالىق كۆچۈش ۋە دۆلەت ئىچىدىكى كۆچۈشكە ئايرىشقا بولىدۇ. نوپۇسنىڭ خەلقئارالىق كۆچۈشى بەلگىلىك ساندىكى نوپۇسنىڭ بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە كۆچۈپ بېرىش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ، جۇغراپىيەلىك چوڭ بايقاشقا ئەگىشىپ، ياۋروپالىقلار مۇستەملىكىچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئامېرىكا قىتئەسى، ئوكيانىيە قىتئەسى ۋە ئافرىقا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا كۆچۈپ باردى. 1935 ـ يىلىغىچە كۆچكەن نوپۇسى 80 مىليونغا يېقىنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جىنايەتلىك نېگىر قۇل سودىسىدا قۇل قىلىنىپ ئامېرىكا قىتئەسىگە ئاپىرىپ سېتىۋېتىلگەن ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەرنىڭ سانىمۇ 14 ~ 15 مىليونغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە گىۋىنېيە قولتۇقىنىڭ شىمالىدىكى غەربىي ئافرىقىلىقلار شىمالىي ئامېرىكا ۋە غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىغا، ئانگولا ۋە موزامبىك قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن نېگىرلار بىرازىلىيەگە ۋە پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرىگە ئاپىرىپ سېتىۋېتىلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكىچە زور تۈركۈمدىكى جۇڭگولۇقلار گۇاڭدۇڭ ۋە فۇجيەندىن سىنگاپور، تايلاند، مالايشىيا، ھىندونېزىيە ۋە ۋيېتنام قاتارلىق دۆلەتلەرگە كۆچۈپ ئولتۇراقلاشتى. بۇ ئارىلىقتا يەنە خېلى بىر تۈركۈم جۇڭگولۇقلار دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ كانادا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرگە كۆچۈپ باردى. بۈگۈن ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ پۇقراسىغا ئايلاندى.

20 ـ ئەسىردىكى خەلقئارالىق كۆچۈش يەنە ھەمىشە بەزى دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ياكى بۆلۈنۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، 1948 ـ



«ماي گۈلى» ناملىق پاراخوتتىكى ئەنگلىيە كۆچمەنلىرى پىلىموستا قىرغاققا چىقماقتا.

يىلى ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پولشا، رۇمىنىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردە ئولتۇرۇشلۇق يەھۇدىيلار كەينى ـ كەينىدىن ئىسرائىلىيەگە كۆچۈپ كەلدى. ھازىرقى زاماندىكى كۆچمەنلەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ~ 70 ـ يىللىرى غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى بىرقەدەر زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، بۇ يەر ئوتتۇرا دېڭىزى ئەتراپىدىكى ئىتالىيە، يۇگوسلاۋىيە، گىرېتسىيە ۋە ئالجىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. پەقەت 1975 ـ يىلىلا 6 مىليون ئىشچى غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ياۋروپاغا كۆچۈپ باردى. بۇنىڭدىن باشقا، خەلقئارادىكى داۋالغۇش ۋەزىيەتمۇ نۇرغۇنلىغان مۇساپىرنى ئۆز دۆلىتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلاپ، نوپۇسنىڭ خەلقئارالىق كۆچۈشىنى شەكىللەندۇردى.

نوپۇسنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى كۆچۈشى خەلقئارالىق كۆچۈشكە قارىغاندا تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ۋە كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن، 19 ـ ئەسىردىكى رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ سىبىرىيەگە كەڭ كۆلەملىك نوپۇس كۆچۈرۈشىدە، 1885 ـ يىلىدىن 1914 ـ يىلىغىچە 4 مىليون 400 مىڭ رۇس ئۇرال تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاسىيادىكى زېمىنىغا كۆچۈپ كەلگەن. رۇسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىنمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىزچىل تۈردە كۆچمەنلەرنى تەشكىللەپ سىبىرىيە رايونىنى ئاچقان.

جۇڭگودا كىشىلەر ئىچكىرىدىن شەرقىي شىمال رايونىغا كۆچۈپ بېرىشنى شەنخەيگۇەننىڭ شەرقىگە كۆچۈش دەپ ئاتايدۇ. 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ شەرقىي شىمال رايونىغا كۆچۈپ بارغان نوپۇسنىڭ كۆلىمى ناھايىتى زور بولۇپ، كۆچمەنلەر ئومۇمەن خېبېي ۋە شەندۇڭدىن كەلگەن. سىرتتىن نوپۇسنىڭ كۆچۈپ كېلىشى بىلەن شەرقىي شىمال رايونىنىڭ نوپۇسى تېز ئېشىپ، 1897 ـ يىلىدىكى 7 مىليوندىن 1933 ـ يىلىدا 29 مىليون 200 مىڭغا يەتكەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي شىمال، غەربىي شىمال ۋە چىڭخەي ـ شىزاڭ رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇ رايونلارغا تەشكىللىك ھالدا نوپۇس كۆچۈردى.

**شەھەر** شەھەر ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتلىك دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ سىمۋولى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. شەھەر زور تۈركۈمدىكى باشقا يۇرتلۇق ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان، شەھەر نوپۇسىنى ئاساس قىلغان، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن، كۆپ فۇنكسىيەلىك ئۇنىۋېرسال گەۋدىنى كۆرسىتىدۇ. شەھەردە سانائەت، سودا، قاتناش تىرانسپورت قاتارلىق ھەر خىل كەسىپلەر، ھەرخىل مەمۇرىي ئورگانلار ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن تەتقىقات ئەسلىھەلىرى، يەنە نۇرغۇنلىغان ئاھالىلەر تۇرالغۇلىرى بار.



جۇڭگونىڭ بېيجىڭ شەھىرىدە يېڭىدىن سېلىنغان ئېگىز قەۋەتلىك ئولتۇراق ئۆيلەر (خەن لى تارتقان).

شەھەر بىرەر دۆلەت ياكى رايوندا زىممىسىگە ئالغان فۇنكسىيەسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان تىپلارغا ئايرىلىدۇ. جۇڭگودا شەھەرلەر ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ تىپقا ئايرىلىدۇ: ئۇنىۋېرسال شەھەرلەر، بۇ خىل شەھەرلەرنىڭ ھەم سىياسىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، پەن ـ تەتقىقات قاتارلىق ئىقتىسادقا ياتمايدىغان فۇنكسىيەلىرى، ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتىكى فۇنكسىيەلىرى بار، مەسىلەن ئۆلكە مەركىزى بولغان شەھەرلەر، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر بۇ خىل تىپقا ياتىدۇ؛ مەلۇم ئىقتىسادىي فۇنكسىيەنى ئاساس قىلغان شەھەرلەر، مەسىلەن نېفىت شەھىرى داچىڭ؛ ئالاھىدە فۇنكسىيەگە ئىگە شەھەرلەر، مەسىلەن ساياھەت شەھىرى گۈيلىن، ئىنقىلابىي خاتىرە شەھىرى زۈنيى قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا، بەزى شەھەرلەرنىڭ فۇنكسىيەسى كۆپ خىل بولىدۇ، مەسىلەن، شاڭخەي شەھىرى ھەم ئۇنىۋېرسال شەھەر، ھەم پورت شەھىرىدۇر.

شەھەر قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە ئىككى دەريا ۋادىسى، نىل دەرياسى ۋادىسى ۋە خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا بارلىققا كەلگەن. شەھەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە ئۇنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولغان. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۇنيانىڭ شەھەرلىشىش قەدىمى تېزلىشىشكە باشلىغان. پەقەت شەھەر نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن سالمىقىدىن قارىغاندا، دۇنيادىكى شەھەرلەرنىڭ نوپۇسى 1920 ـ يىلىدىكى 14% تىن 1986 ـ يىلىدىكى 43%كە كۆپەيگەن. 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگودا 661 شەھەر قۇرۇلغان، شەھەر ئومۇمىي نوپۇسى

400 مىليوندىن ئاشقان، بۇ پۈتۈن
مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %
41.7 ىنى ئىگىلەيدۇ.
شەھەر نوپۇسىنىڭ ئېشىشىغا
ئەگىشىپ، شەھەرنىڭ كۆلىمىمۇ
ئۈزلۈكسىز دېڭىيىپ، قاتناش قىس-
تاڭچىلىقى، تۇرالغۇ جىددىيلىكى،
مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىق بىر
قاتار شەھەر مەسىلىلىرى كېلىپ
چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئەل-
لەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى نۇرغۇنلىغان
تەدبىرلەرنى قوللاندى. جۇڭگو ھۆكۈ-
مىتى شەھەرلىشىشنى پىلانلىق ئې-
لىپ بېرىش ئۈچۈن، چوڭ شەھەر ۋە
پەۋقۇلئاددە چوڭ شەھەرلەرگە قاراپ
تەرەققىي قىلىشنى تىزگىنلەپ، كى-
چىك شەھەرلەرنى زور كۈچ بىلەن
تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېن - سى-
ياسەتلىرىنى بەلگىلىدى.

**ھەمراھ شەھەر** شەھەر كۆلىمىنىڭ
ئۈزلۈكسىز چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ،
بىر قاتار ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋە
شەھەر ئېكولوگىيەسى مەسىلىلىرى
كېلىپ چىقتى. كىشىلەر چوڭ شە-
ھەرلەردىكى ھەددىدىن زىيادە زىچ سا-
نائەت ۋە نوپۇسنى تارقاقلاشتۇرۇپ،
شەھەرنىڭ بەك چوڭىيىپ كېتىشى-
دىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چوڭ شە-
ھەرلەرنىڭ ئەتراپىدا بەزى كىچىك
شەھەر - بازارلارنى قۇردى. بۇ شە-
ھەر - بازارلارنىڭ مەركىزىي شەھەر-
لەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش
قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلىك دەر-
رىجىدە مۇناسىۋىتى بار، شۇنداقلا ئۇلار
خېلىلا مۇستەقىللىققا ئىگە. ئۇلار
خۇددى ھەمراھلارغا ئوخشاش چوڭ
شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇر-
غانلىقتىن، ھەمراھ شەھەر دەپ ئا-
تالغان.
ھەمراھ شەھەر نەزەرىيەسىنى
19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن
ئەنگلىيەلىك ئىجتىمائىي پائالىيەت-
چى. E. خوۋارد ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرى-
غا قويغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى-
دىن كېيىن، دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان
دۆلەتلەر ھەمراھ شەھەرلەرنى پىلانلاپ
قۇردى. ھەمراھ شەھەرلەرنىڭ قۇرۇ-
لۇشى ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى
تۈرگە ئايرىلىدۇ. بىرى، چوڭ شە-
ھەرلەردىكى نوپۇس، سانائەت ۋە پەن
تەتقىقات ئورگانلىرىنى تارقاقلاشتۇ-
رۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان. يەنە بىرى،
چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدا يېڭى
سانائەت ياكى ئۈچىنچى كەسىپنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان.
بىر ئەسىرگە يېقىن ئەمەلىيەت شە-
ھەر فۇنكسىيەسى بىرقەدەر يەككە
بولغان ھەمراھ شەھەرنى قۇرۇپ
چىققاندا، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنىڭ كۆڭۈل-
دىكىدەك بولمايدىغانلىقىنى ئىسپات-
لىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان،
ھەرقايسى ئەللەردىكى ھەمراھ شەھەر
قۇرۇلۇشى نوپۇس كۆلىمىنى مۇۋا-
پىقلاشتۇرۇشقا، فۇنكسىيەسىنى كۆپ
خىللىققا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش-
قا، خىزمەت ئورنى بىلەن تۇرالغۇ جا-
يىنى مۇمكىنقەدەر تەڭپۇڭلاشتۇرۇش-
قا، ئىلغار قاتناش سىستېمىسىنى
قۇرۇپ، ئانا شەھەر بىلەن قولايلىق
مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى قولغا كەل-
تۈرۈشكە يۈزلەندى.

**مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش** دۆ-
لەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىنى دەر-
رىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش ئۈچۈن ئې-
لىپ بېرىلغان رايونلارغا ئايرىشنى
كۆرسىتىدۇ. دۆلەت باشقۇرۇشقا
قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، مەركەزنىڭ
بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەم-
لىكەتنىڭ زېمىنىنى دەرىجىلەر بو-
يىچە بىر قاتار رايونلارغا ئايرىپ
ھەمدە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھەر دەرىجە-
لىك دۆلەت ئورگانلىرىنى قۇرۇپ،
قاتلاملارغا بۆلۈپ باشقۇرۇشنى يولغا
قويىدىغان رايونلۇق قۇرۇلمىنى
كۆرسىتىدۇ. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ
ئۇنى ئاتىشى ئوخشاشمايدۇ. ئايرىم -
ئايرىم ھالدا ۋىلايەت، ئوبلاست (ئىش-
تات)، فېدېراتسىيە، ئۆلكە، مەھكىمە
دەپ ئاتىشىدۇ.
جۇڭگونىڭ ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ
دەسلەپكى مەزگىلىدە چىن، جىن،
چۇ قاتارلىق بەگلىكلەر چېگرا رايو-
نىدا «ناھىيە» تەسىس قىلغان، كېيىن
چېگرا رايونىدا «ۋىلايەت» تەسىس
قىلغان ھەمدە ناھىيە، ۋىلايەت تەسىس
قىلىشنى تەدرىجىي ھالدا ئىچكى
ئۆلكىلەردە يولغا قويغان. چىن سۇلا-
لىسى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈر-
گەندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت بو-
يىچە ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا
قويغان، ۋىلايەت ئاستىدا ناھىيە، نا-
ھىيە ئاستىدا يېزا، كەنت تەسىس
قىلغان. كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەر-
لەردە ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرغان.
جۇڭگودا ھازىر يولغا قويۇلۇۋات-
قان مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىشتا ئو-
مۇمەن ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋا-
سىتە قاراشلىق شەھەر)، ناھىيە (نا-
ھىيە دەرىجىلىك شەھەر)، يېزا
(بازار)دىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك
تۈزۈلمە بىلەن ئۆلكە، ئاپتونوم
ئوبلاست ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك شە-
ھەر، ناھىيە (ناھىيە دەرىجىلىك شە-
ھەر)، يېزا (بازار)دىن ئىبارەت تۆت
دەرىجىلىك تۈزۈلمە بىللە مەۋجۇت
بولۇپ تۇرماقتا. ئۆلكە، ئاپتونوم
رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر
جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى (گوۋۇ-
يۈەن) بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان ئەڭ
ئالىي دەرىجىلىك يەرلىك مەمۇرىي
رايون بولۇپ، ئۇنى ئايرىشنى مەملى-
كەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەستىقلاي-
دۇ. جۇڭگودا 34 ئۆلكە دەرىجىلىك
مەمۇرىي رايون بار. ئاپتونوم ئوبلاست
بىلەن ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر
ئۆلكە دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجە-
لىك ھۆكۈمەت ئارىلىقىدىكى بىرىن-
چى دەرىجىلىك مەمۇرىي رايون ھې-
سابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم
ئوبلاست ئاز سانلىق مىللەتلەر توپ-
لىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تە-
سىس قىلىنغان مىللىي ئاپتونومىيە-
لىك ئورۇن بولۇپ، بۇ جايلاردا خەلق
قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەش تە-
سىس قىلىنىدۇ، بىرقانچە ناھىيە،
ئاپتونوم ناھىيە ۋە شەھەرلەر ئۇنىڭغا

قاراشلىق بولىدۇ، ئاپتونوم ئوبلاستقا ئايرىشنى گوۋۋيۈەن تەستىقلايدۇ.

جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنىدا يەنە «دۆلەت زۆرۈر بولغاندا ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىدۇ. ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندا يولغا قويۇلىدىغان تۈزۈم كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 1997 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋە 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگونىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون قىلىپ بېكىتىلدى.

## زېمىن، دېڭىز ۋە ھاۋا تەۋەلىكى

زېمىن تەۋەلىكى بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقلۇقىدا باشقۇرۇلىدىغان زېمىن دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇقلۇق، دەريا، كۆل، ئىچكى دېڭىز ۋە دېڭىز تەۋەلىكلىرىنى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ تەكتىنى ۋە يۇقىرى بوشلۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زېمىن تەۋەلىكى بىر دۆلەتنىڭ ماددىي ئاساسى، دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان بوشلۇقىدۇر. بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ زېمىن تەۋەلىكىنى مۇتلەق باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇ بىر ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا يول قويمايدىغان ئىستېرېئولۇق بوشلۇقى، شۇنداقلا ھەم قۇرۇقلۇق سىرتقى يۈزى ۋە دېڭىز رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەم ئۇنىڭ تەكتىنى، يۇقىرى بوشلۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بوشلۇق كاتېگورىيەسىدۇر.

دېڭىز تەۋەلىكى زېمىن تەۋەلىكىنىڭ تەشكىلىي قىسمى بولۇپ، يەنە سۇ تەۋەلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ دېڭىز بويىدىكى دۆلەتنىڭ دېڭىز قىرغىقى بىلەن ئاراللىرىدىن تاللاپ بېكىتىلگەن ئاساسىي سىزىقتىن سىرتقا قاراپ مەلۇم كەڭلىككىچە سوزۇلۇپ بارغان دېڭىز رايونىدىن ئىبارەت. دېڭىز تەۋەلىكى ئىچكى دېڭىز بىلەن ئوچۇق دېڭىزنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز بويىدىكى دۆلەتنىڭ ئايرىلماس تەشكىلىي قىسمىدۇر. دېڭىز تەۋەلىكىنىڭ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقى ۋە دېڭىز قىنى، شۇنىڭدەك دېڭىز قىنىنىڭ تېگىدە ساقلىنىۋاتقان بايلىقلارنىڭ ھەممىسى دېڭىز بويىدىكى شۇ دۆلەتكە مەنسۇپ. 1982 ـ يىلىدىكى «ب د ت نىڭ دېڭىز ئوكيان قانۇنى ئەھدىنامىسى»دە «ھەربىر دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىنىڭ كەڭلىكىنى مەزكۇر ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەن ئاساسىي سىزىقتىن باشلاپ 12 دېڭىز مىلىدىن ئېشىپ كەتمىگەن دائىرىدە بەلگىلەش ھوقۇقى بار» دەپ بەلگىلەنگەن. دۇنيادىكى كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ دېڭىز تەۋەلىكى كەڭلىكىنى مەزكۇر ئەھدىنامە بويىچە ئېلان قىلدى. 1996 ـ يىلى جۇڭگومۇ 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 ـ قېتىملىق يىغىنىدا «ب د ت نىڭ دېڭىز ـ ئوكيان قانۇنى ئەھدىنامىسى» گە قاتنىشىشنى تەستىقلىدى. جۇڭگونىڭ 18 مىڭ كىلومېتىرلىق چوڭ قۇرۇقلۇق دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسى، 6500 دىن كۆپ ئارىلى بار، 9 مىليون 600 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان «سېرىق رەڭلىك دۆلەت زېمىنى»دىن باشقا، يەنە 3 مىليون كىۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان «كۆك رەڭلىك دۆلەت زېمىنى» بار.

ھاۋا تەۋەلىكى بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇقلۇق، دەريا، كۆل، ئىچكى دېڭىز، دېڭىز تەۋەلىكى قاتارلىقلارنىڭ يۇقىرىسىدىكى ھاۋا بوشلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇمۇ بىر دۆلەتنىڭ زېمىن تەۋەلىكىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

**جۇڭگو** تولۇق نامى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى. ئۇ دۇنيادىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمىغا، تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ئۇ ئۇزۇن دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسىگە، دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق تەۋەلىكىگە ئىگە دۆلەت. قۇرۇقلۇق يەر كۆلىمى تەخمىنەن 9 مىليون 600 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز ـ ئوكيان كۆلىمى 3 مىليون كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، نوپۇسى تەخمىنەن 1 مىليارد 338 مىليون (2005) غا يېتىدۇ، پايتەختى بېيجىڭ شەھىرى.

جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ئۇنىڭدا جەمئىي 56 مىللەت بار، خەنزۇلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %91.96نى ئىگىلەيدۇ (تۆتىنچى قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىن ئېلىنغان).

جۇڭگونىڭ يەر شەكلى كۆپ خىل ھەمدە تىپلىرى تولۇق بولۇپ، تاغلىق، ئېگىزلىك، ئىدىرلىق، ئويمانلىق، تۈزلەڭلىك، چۆللۈك، قۇملۇق، غار ـ ئۆڭكۈر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تېپىلىك ھەم كۆركەم. يەر شەكلى جەھەتتە غەربى ئېگىز، شەرقى پەس. پۈتۈن مەملىكەتتە تۈزلەڭلىكلەر ئاز، تاغلىقلار كۆپ، قۇرۇقلۇقنىڭ ئېگىز ـ پەسلىك پەرقى چوڭ. جومولاڭما چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8844.43 مېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئايدىڭكۆلنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 155 – مېتىر كېلىدۇ. قۇرۇقلۇقنىڭ ئېگىز ـ پەسلىك پەرقى 9000 مېتىرغا يېقىنلىشىدۇ، بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ پەرق ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭگونىڭ يېرى كەڭ، كىلىماتى مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 5500 كىلومېتىر بولۇپ، تىروپىك بەلباغ، مۆتىدىل بەلباغدىن ئىبارەت ئىككى كىلىمات بەلبېغىنى

www.uyghurkitap.com

ئاتلايدۇ. خېنەن ئارىلى، تەيۋەن ئارىلى
ۋە يۈننەننىڭ جەنۇبىي قىسىمىدا قىش
بولمايدۇ. خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ
شىمالىي قىسمىدا يىل بويى ياز بول-
مايدۇ؛ شەرقتىن غەربكىچە كەڭلىكى
5200 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، شەر-
قىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ
ۋاقىت پەرقى تۆت سائەتكە يېتىدۇ.
شەرقىي جەنۇبىدىكى دېڭىز بويى رايون-
لىرىنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى
1500 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ، ئەمما
غەربىي شىمالدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق
رايونلىرىنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى
50 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ.

مۇرەككەپ يەر شەكلى ۋە مۇ-
رەككەپ كىلىمات مول بايلىقلارنى ئا-


جۇڭگونىڭ پايتەختى بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانى.

پىردە قىلغان بولۇپ، جۇڭگو دۇنيا
بويىچە ياۋايى ھايۋانات تۈرلىرى ئەڭ
كۆپ دۆلەت، ئۆسۈملۈك تۈرلىرىمۇ
ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇرۇقلۇق
ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تۈرى 25 مىڭ
خىلدىن، ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك-
لىرى 7000 خىلدىن ئاشىدۇ. قې-
زىلما بايلىقلىرىمۇ ئىنتايىن مول
بولۇپ، دۇنيادا مەلۇم بولغانلىكى كان
بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگو-
دىن تاپقىلى بولىدۇ، ئاز ئۇچرايدىغان
يەر ئېلېمېنتلىرى (سىرەك يەر ئې-
لېمېنتلىرى)نىڭ زاپاس مىقدارى
دۇنيا بويىچە ئېنىقلانغان زاپاس
مىقدارىنىڭ %80نى ئىگىلەيدۇ.
جۇڭگو مەشھۇر تاغلىرىنىڭ كۆپلۈكى
بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. جۇڭگونىڭ
دەريا تورلىرى گىرەلەشمە جايلاشقان،
كۆللىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك
سانجاق - سانجاق تارقالغان.

جۇڭگو ئۇزاق تارىخقا، پارلاق
مەدەنىيەتكە ئىگە. ئۇزاق تارىخى يۇت-
كۈل مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلى-
رىغا مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە ئاسارئە-
تىقىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. جۇڭ-
گولۇقلارنىڭ ئەجدادلىرى يۈكسەك
تەرەققىي قىلغان تاش قوراللار مەدە-
نىيىتىنى ياراتقان. جۇڭگونىڭ فې-
ئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ داۋاملى-
شىش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، خان - پا-
دىشاھلارنىڭ مەقبەرىلىرىنىڭ سانى
ئىنتايىن كۆپ. چىن شىخۇاڭنىڭ
لەشكەر ۋە ئات ھەيكەللىرى «دۇنيادى-
كى سەككىزىنچى مۆجىزە» دەپ تە-
رىپلىنىدۇ. مىڭ دەۋرىگە تەۋە
ئون ئۈچ مەقبەرە (شىسەنلىڭ)
دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ مەقبەرى-
لەر توپى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمىي
قۇرۇلۇش، قەدىمىي باغ -
ۋارانلار مەملىكەتنىڭ ھەممە يې-
رىگە تارقالغان. دىن - سەنئەت
ئاسارئەتىقىلىرى ئىنتايىن
قىممەتلىك بولۇپ، گەنسۇدىكى
دۇنخۇاڭ تاش ئۆڭكۈرى، خېنەن-
دىكى لۇڭمېن تاش ئۆڭكۈرى،
سەنشىدىكى يۈنگاڭ تاش ئۆڭكۈ-
رى، سىچۈەندىكى لېشەن چوڭ بۇتى،
شىنئەندىكى دايەنتا مۇنارى قاتار-
لىقلارنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە
داڭقى تارالغان.

جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەمگەكچان
ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇپ، بۇ-
نىڭدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنلا ئىپ-
تىدائىي دېھقان-
چىلىقنى باشلى-
غان، نەچچە مىڭ
يىلدىن بۇيان
پارلاق يېزا ئىگى-
لىك تېخنىكىلى-
رىنى يارىتىپ،
ئىنسانىيەتنىڭ
يېزا ئىگىلىك
تەرەققىياتى ئۇ-
چۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان.
چىڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن،
بولۇپمۇ ئەپيۇنگە قارشى ئۇرۇشتىن
كېيىن، جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىك
تەرققىياتى توختاپ قېلىشقا ھەمدە
تەدرىجىي ئارقىدا قېلىشقا باشلى-
غان. 1949 - يىلىغىچە %90 تىن
ئارتۇق ئاھالىنىڭ قورسىقى تويمى-
غان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1978
- يىلىدىكى جۇڭگو كومپارتىيەسى-
نىڭ 11 - نۆۋەتلىك ئۈچىنچى ئومۇ-
مىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن،
جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىكى تېز تە-
رەققىي قىلىش يولىغا مېڭىپ، ئاش-
لىق، پاختا، قىچا، چوشقا، كالا،
قوي گۆشىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى
دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى.
جۇڭگو دۇنيادىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ
كۆلىمىنىڭ %7 ى ئارقىلىق دۇنيا
نوپۇسىنىڭ %22 نى بېقىپ كېلىۋا-
تىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو زور
كۈچ بىلەن سانائەتنى تەرەققىي قىل-
دۇردى. بەزى يېڭى سانائەت تارماقلى-
رىنى قۇردى، ئاتوم ئېنېرگىيەسى
تېخنىكىسى، بوشلۇق تېخنىكىسى
قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۆتكۈر پەن -
تېخنىكا تەتقىقاتلىرى دۇنيانىڭ ئىل-
غار سەۋىيەسىگە يەتتى ياكى يې-
قىنلاشتى.

**بېيجىڭ شەھىرى** بېيجىڭ جۇڭگو-
نىڭ پايتەختى بولۇپ، غەربىي تەرىپى
تەيخاڭ تاغلىرىغا، شىمالىي تەرىپى


دۆلەتلىك تەنتەربىيە مەيدانى — چاڭگا، بۇ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 29 -
نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنىنىڭ ئاساسلىق تەنتەربىيە مەيدانى.

www.uyghurkitap.com

يەنشەن تاغلىرىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ، شەرقىي تەرىپى بوخەي دېڭىزىغا، جەنۇبىي تەرىپى كەڭ كەتكەن شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل، غەربىي شىمال رايونلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۈگۈن. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 17 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، قارمىقىدا 16 رايون 2 ناھىيە بار. ئومۇمىي نوپۇسى 12 مىليون (2008) غا يېتىدۇ. غەرب، شىمال، شەرق تەرەپلىرىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ، تاغلىقلار شەھەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 2/3 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق دەريالىرىدىن يۇڭدىڭ دەرياسى، چاۋبەي دەرياسى ۋە شىمالىي قانال قاتارلىقلار بار. بېيجىڭنىڭ كىلىماتى قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا ياتىدۇ، تۆت پەسلى روشەن، ئەتىياز ۋە كۈز پەسلى قىسقا، قىش ۋە ياز پەسلى ئۇزۇنراق بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 11.8℃ بولىدۇ.

بېيجىڭ ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا دۇنيا تارىخىدىكى مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەر ۋە قەدىمكى پايتەختلەردىن بىرى. قەدىمكى جىچېڭ شەھىرىدىن تاڭ سۇلالىسىدىكى يۇجۇغىچە، يۈەن دەۋرىدىكى خانبالىقتىن مىڭ، چىڭ سۇلالىرىنىڭ پايتەختى بولغانغا قەدەر، بۈگۈنكى بېيجىڭ نۇرغۇن خاندانلىقلارنىڭ باش قۇرۇشىنى باشتىن كەچۈرۈپ، شانلىق پايتەخت كۆرۈنۈشلىرى ۋە كامالەتكە يەتكەن ساپ مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. بۇ يەردە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ خان ئوردىسى، ئەۋلىيا - ئەنبىيالارغا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدىغان تيەنتەن ئىبادەتخانىسى، خان - پادىشاھلار باغچىسى يىخېيۈەن، بادالىڭ، سەددىچىن سېپىلى، شۇنىڭدەك جۇكۇديەن تاش قوراللار مەدەنىيىتى قاتارلىق مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەر بار.

ئىقتىسادىي تەرەققىياتى پايتەخت ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدۇ، يېمەك - ئىچمەك، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئاپتوموبىل، ئېلېكترون قاتارلىقلار بېيجىڭنىڭ تۆت چوڭ سانائەت تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچى كەسىپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى پۈتكۈل شەھەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە ئاساسلىقى كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ساياھەت يېزا ئىگىلىكى بىلەن ئىستىراھەت يېزا ئىگىلىكى بىرقەدەر تېز راۋاجلانماقتا.

بېيجىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت مەركىزى، پۇل مۇئامىلە تەدبىر بەلگىلەش مەركىزى ۋە خەلقئارالىق ئالاقە مەركىزى. 2008 - يىلى بېيجىڭ 29 - نۆۋەتلىك يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى. 21 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، بېيجىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى سەۋىيەگە ئىگە مەشھۇر تارىخىي مەدەنىيەت شەھىرى ۋە زامانىۋىلاشقان خەلقئارالىق شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

**تيەنجىن شەھىرى** تيەنجىن شەھىرى تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى بوخەي دېڭىزى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇڭگودىكى تۆت چوڭ بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مۇھىم سودا - سانائەت شەھىرى ۋە ئەنئەنىۋى سودا ئېغىزى. ئۇ شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، يەنشەن تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. غەربىي شىمال تەرىپى بېيجىڭ شەھىرى، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ سەنخې شەھىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي جەنۇب تەرىپى بوخەي قولتۇقىغا تۇتىشىدۇ، قالغان جايلىرى خېبېي ئۆلكىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 12 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، قارمىقىدا 15 رايون، 3 ناھىيە بار، ئومۇمىي نوپۇسى 9 مىليون 520 مىڭ (2008) بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلار، يەنە خۇيزۇ، مانجۇ، موڭغۇل ۋە جۇاڭزۇ قاتارلىق 29 ئاز سانلىق مىللەت بار.

تيەنجىننىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ يېرىم نەم مۇسسۇن شاماللىق كىلىماتىغا ياتىدۇ، قىشتا غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ. يازدا قىيپاش جەنۇب شامىلى كۆپ چىقىدۇ. مۇسسۇن شامىلى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە چىقىدۇ. تۆت پەسلى روشەن بولىدۇ. قىش ۋە ياز پەسلى ئۇزۇن، ئەتىياز ۋە كۈز پەسلى قىسقا بولىدۇ. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئوتتۇرىچە 550 مىللىمېتىردىن 680 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ.

تيەنجىن شەھىرى دېڭىز بويىدىكى ئېچىۋېتىلگەن خەلقئارالىق ئېغىز بولۇپ، شىمالىي جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. تيەنجىن پورتىنى يادرو قىلغان دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا قاتناش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇپ چىقىلدى. تيەنجىن پورتى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مۇھىم خەلقئارالىق سودا ئېغىزى بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ تىپتىكى يۈك ساندۇقى پىرىستانى ۋە تارقاق ماللار پىرىستانى بار. تيەنجىن شەھىرى شۇنداقلا جۇڭگودىكى ئىككى چوڭ تۆمۈريول غول تومۇرى بولغان بېيجىڭ - خاربىن تۆمۈريولى ۋە بېيجىڭ - شاڭخەي تۆمۈريولىنىڭ تۈگۈنىدۇر.

تيەنجىننىڭ قەدىمىي قۇرۇلۇشلىرى ۋە خارابىلىرى، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تۇرالغۇلىرى ۋە كونسېسسىيەلەردىكى ئەجنەبىيچە ئىمارەتلەر تيەنجىننىڭ ئاساسلىق ساياھەت بايلىقى بولۇپ قالدى.

**خېبېي ئۆلكىسى** خېبېي ئۆلكىسى شىمالىي جۇڭگو ۋە بوخەي دېڭىزى بويىغا، پايتەخت بېيجىڭنىڭ ئەتراپىغا، تيەنجىننىڭ يېنىغا جايلاشقان. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ يەر مەيدانى تەخمىنەن 190 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نوپۇسى 69 مىليون 390 مىڭ (2008)غا يېتىدۇ. ئۆلكە مەركىزى شىجياجۇاڭ. ئۇ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدا بولغانلىقتىن مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. خېبېي ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرىدە يەن بەگلىكى بىلەن جاۋ بەگلىكىگە مەنسۇپ بولۇپ، «يەن جاۋ» دەپ ئاتالغان. يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى بېيجىڭنى پايتەخت قىلغاندا، خېبېي بېيجىڭنىڭ پايتەختكە قاراشلىق يېرى بولغان. ئۇزاق تارىخ خېبېينى نۇرغۇن ئاسارئەتىقىلەرگە ئىگە قىلغان.

يەر شەكلى تۈزلەڭلىك بىلەن تاغلىقنى ئاساس قىلىدۇ. پۈتۈن ئۆلكە كۆلىمىنىڭ 3/5 قىسمى خەيخې ۋادىسىغا تەۋە. كۆللىرىدىن ۋادىيەن، بەيياڭدىيەن قاتارلىقلار بار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ مۇسسۇن شاماللىق كىلىماتقا ياتىدۇ، قىشتا قاتتىق سوغۇق، يازدا يامغۇرلۇق بولىدۇ، ئەتىيازدا ئومۇميۈزلۈك قۇرغاق بولىدۇ. مەزكۇر ئۆلكىنىڭ يەر تىپلىرى خىلمۇخىل، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەتتىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 6.7% نى ئىگىلەيدۇ، مۇھىم ئاشلىق ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ. دېڭىز بويىدا بېلىق ۋە دېڭىز تۇزى كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

خېبېينىڭ قېزىلما بايلىقلىرى مول بولۇپ، شىمالىي جۇڭگو نېفىتلىكى، كەيلۇەن كۆمۈركانى ۋە چيەنئەن، خەندەن تۆمۈر كانلىرى بار. سانائىتى ئېنېرگىيە، مېتاللورگىيە، ماشىنىسازلىق، خىمىيە، يېمەك - ئىچمەك، توقۇمىچىلىق قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىدۇ. شىجياجۇاڭ، خەندەن قاتارلىق يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت بازىلىرى بار. قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، بېيجىڭ - گۇاڭجۇ، بېيجىڭ - شاڭخەي، بېيجىڭ - خاربىن قاتارلىق تۆمۈريول غول لىنىيەلىرى بۇ جايدىن ئۆتىدۇ.

مەشھۇر ئاسارئەتىقىلىرىدىن ئاساسلىقى چېڭدېدىكى يازلىق چارگاھ، ۋەي باميااۋ (سىرتقى سەككىز ئىبادەتخانا)، زۇنخۇا شەھىرىدىكى چىڭدۇڭ مەقبەرىسى ۋە يىشيەن ناھىيەسىدىكى چىڭشى مەقبەرىسى، چىنخۇاڭداۋدىكى «ئالەمدىكى بىرىنچى ئۆتكەل» — شەنخەيگۇەن ئۆتكىلى، بېيدەيخې دېڭىز ساھىلى، جاۋشيەن ناھىيەسىدىكى جاۋجۇ كۆۋرۈكى، جېڭدىڭ ناھىيەسىدىكى لۇڭشىڭ ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار بار. فولكلور مەدەنىيىتى ۋە ئەل ئىچى سەنئىتىمۇ خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ساياھەت بايلىقىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

**چېڭدې يازلىق چارگاھى** 1994 - يىلى خېبېي چېڭدېدىكى يازلىق چارگاھ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىبادەتخانىلار ئۆزگىچە سالاپىتى بىلەن ب د ت نىڭ مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «دۇنيا مىراسلىرى تىزىملىكى»گە رەسمىي كىرگۈزۈلدى.

ئەينى زاماندا پادىشاھ كاڭشى شىمالنى كۆزدىن كەچۈرۈش يولىدا چېڭدېدىكى بۇ جاينىڭ يەر شارائىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى، كىلىماتىنىڭ يېقىملىقلىقىنى، مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاينىڭ بېيجىڭ بىلەن شەرقىي شىمالدىكى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ماكانى ئارىلىقىدا، شۇنداقلا مانجۇ پادىشاھلىرى يۇرتىنىڭ ئىشىكى ئىكەنلىكىنى، يەنە ئىچكىرىنى كۆزەتكىلى، سىرتقى جەھەتتە موڭغۇل قەبىلىلىرىنى تىزگىنلىگىلى بولىدىغانلىقىنى بايقاپ، بۇ جايغا ۋاقىتلىق خان سارىيى قۇرۇشنى بېكىتكەن. بۇ چارگاھ 1703 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلانغان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى، يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭدىن ئىبارەت 3 ئەۋلاد پادىشاھىنى ئۆتكۈزۈپ، تەخمىنەن 90 يىلدا پۈتكۈزۈلگەن.

يازلىق چارگاھ يەنە چېڭدې ئوردىسى ياكى رېخې ۋاقىتلىق خان سارىيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ جاي چىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ يازلىق سالقىنلايدىغان ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورنى بولۇپ، چېڭدې شەھىرى مەركىزىي رايونىنىڭ شىمالىغا، ۋۇلىې دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى تار ئۇزۇن كەتكەن جىلغىغا جايلاشقان، بېيجىڭ بىلەن بولغان ئارىلىقى 230 كىلومېتىر كېلىدۇ. بېيجىڭدىكى خان سارىيىغا سېلىشتۇرغاندا، يازلىق چارگاھ قۇرۇلۇشىدا ئاددىي بولۇش، تاغ -



چېڭدېدىكى يازلىق چارگاھتىكى يەنيۇ راۋىقى.

دالىلارنىڭ پۈرىقى چىقىپ تۇرۇش ئاساس قىلىنغان. ئۇنىڭدا تاغ - دەريالارنىڭ تەبىئىيلىكى ساقلاپ قېلىنغان، چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى ۋە سەددىچىنىنىڭ شىمالىنىڭ ئۇسلۇبى قوبۇل قىلىنغان، ئۇ جۇڭگودا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان يەر مەيدانى ئەڭ چوڭ قەدىمكى خان - پادىشاھلارنىڭ ئوردا - سارايلار تۈپى بولۇپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن قەدىمكى قىممەتلىك باغ - ئورمانلىق نادىر قۇرۇلۇشلىرىنى قالدۇرغان.

**سەنشى ئۆلكىسى** سەنشى ئۆلكىسى شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تاغلىق سېرىق تۇپىلىق ئېگىزلىككە جايلاشقان، ئەتراپىنىڭ كۆپ قىسمىنى تاغ - دەريالار قورشاپ تۇرىدۇ، شەرقى ۋە شەرقىي جەنۇبى تەيخاڭشەن تاغلىرى ئارقىلىق خېبېي، خېنەن ئۆلكىلىرى بىلەن چېگرالىنىدۇ. غەربى ۋە غەربىي جەنۇبى خۇاڭخې دەرياسى ئارقىلىق شەنشى، خېنەن ئۆلكىلىرى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، شىمالىي تەرىپى سەددىچىن سېپىلى ئارقىلىق ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. پۈتكۈل ئۆلكىنىڭ تەكشىلىكتىكى شەكلى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قىيپاش تۇرغان پاراللېل تۆت تەرەپلىككە ئوخشاپ كېتىدۇ. يەر كۆلىمى تەخمىنەن 160 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 33 مىليون 400 مىڭ (2008) غا يېتىدۇ. ئۆلكە مەركىزى تەييۈەن شەھىرى. بۇ ئۆلكە تەيخاڭشەن تاغلىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقانلىقتىن مۇشۇ نام (山西) بىلەن ئاتالغان.

سەنشى ئۆلكىسى سېرىق تۇپا بىلەن قاپلانغان، ئېگىز - پەسلىك پەرقى چوڭراق ئېگىزلىكتىن ئىبارەت. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئاز ساندىكى جايلىرىدا ئۇل جىنىسلار سىرتقا چىقىپ تۇرغاندىن باشقا، كۆپ قىسىم جايلىرىنى 20 ~ 30 مېتىر قېلىنلىقتىكى سېرىق تۇپا قاپلاپ تۇرىدۇ، ئۇ جۇڭگونىڭ سېرىق تۇپىلىق ئېگىزلىكىنىڭ تەشكىلىي قىسمىدۇر. ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ۋۇتەيشەن تېغى ئەڭ ئېگىز بولۇپ، ئاساسلىق چوققىسى بېيتەي (يېدۇ چوققىسى)نىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3058 مېتىر كېلىدۇ، بۇ شىمالىي جۇڭگو رايونى بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا بولۇپ، ئۇنىڭ «شىمالىي جۇڭگونىڭ ئۆگزىسى» دېگەن نامى بار. پۈتكۈل ئۆلكىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى يەر شەكلى تىپلىرىنىڭ گۇرۇپپىلىنىش پەرقىگە ئاساسەن، شەرقىي قىسىم تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسىم ئويمانلىق رايونى، غەربىي قىسىم ئېگىزلىك رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.


شۈەنكۇڭ ئىبادەتخانىسى.

سەنشىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ - ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى مۇسسۇن شامالىلىق كېلىماتقا ياتىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 3℃تىن 14℃قىچە كېلىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى كۆپىنچە 400 مىللىمېتىردىن 600 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. كۆمۈر زاپىسى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن بولۇپ، سەنشى ئۆلكىسىدىن ھەر يىلى زور مىقداردىكى كۆمۈر يۆتكەپ چىقىلىپ، 20 نەچچە ئۆلكە ۋە شەھەرگە توشۇلىدۇ. بۇ ئۆلكىدە كۆمۈر سانائىتى ئاساسىدا كۈچلۈك ئېلېكتىر كۈچى سانائىتى قۇرۇلغان. داتۇڭ، شىنىتۇ، تەييۈەن قاتارلىق جايلار مۇھىم ئوت ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى بازىلىرى بولۇپ، مەزكۇر ئۆلكىنى ۋە بېيجىڭ، تيەنجىن، خېبېي قاتارلىق ئۆلكە ۋە شەھەرلەرنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. يېنىك سانائىتى پاختا توقۇمىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. سەنشىنىڭ شىڭخۇا كەنتىنىڭ «فېنجيۇ ھارىقى» ئەڭ داڭلىق بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا كۆپ سېتىلىدۇ.

سەنشىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەشھۇر ئاسارىئەتىقىلىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، داتۇڭدىكى يۈنگاڭ تاش ئۆڭكۈرى، تەييۈەندىكى جىنسى ئىبادەتخانىسى، ۋۇتەي ناھىيەسىدىكى ۋۇتەيشەن تېغى، يىڭشيەن ناھىيەسىدىكى ياغاچ مۇنار، خۇڭدۇڭدىكى گۇاڭشېڭ ئىبادەتخانىسى، رۈيچېڭدىكى يۇڭلې سارىيى، خۇنيۈەن ناھىيەسىدىكى شۈەنكۇڭ ئىبادەتخانىسى، جىشيەن ناھىيەسىدىكى خۇكۇ شارقىراتمىسى قاتارلىقلار.

**پىڭياۋ قەدىمىي شەھىرى** سەنشىدىكى پىڭياۋ قەدىمىي شەھىرى 1997 - يىلى 12 - ئايدا «دۇنيا مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى. پىڭياۋ قەدىمىي شەھىرى 2700 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە مەشھۇر مەدەنىيەت شەھىرى بولۇپ، جۇڭگودا ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان تۆت قەدىمىي شەھەرنىڭ بىرى،

شۇنداقلا جۇڭگودىكى بىردىنبىر پۈتكۈل قەدىمىي شەھەرنى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىلتىماس قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان قەدىمىي شەھەر.

پىڭياۋنىڭ كونا نامى «گۇتاۋ» ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ جاي پادىشاھ ياۋنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى بولۇپ، جۇشۇەنۋاڭ ئەسكەر تۇرغۇزۇپ قۇرغان شەھىرى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ياتلارنىڭ جەنۇبقا پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، شەھەر سېپىلى سېلىنىشقا باشلانغان، خۇڭۋۇ ئۈچىنچى يىلى (1370) كونا سېپىل ئاساسىدا قايتىدىن كېڭەيتىپ قۇرۇلغان ھەمدە ئومۇمىيۈزلۈك خىش بىلەن ئورالغان. كېيىن جىڭتەي، جېڭدې، جياجىڭ، لۇڭچىڭ، ۋەنلى قاتارلىق دەۋرلەردە رېمونت قىلىنىپ، سېپىل راۋىقى يېڭىلانغان، دۈشمەننى كۆزىتىش سۇپىسى كۆپەيتىپ ياسالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 43 ـ يىلى (1704) پادىشاھ غەربنى كۆزدىن كەچۈرۈش يولىدا پىڭياۋدىن ئۆتكەندە تۆت تەرەپتىكى چوڭ سېپىل راۋىقىنى سالغان، بۇنىڭ بىلەن سېپىل خەندىكى تېخىمۇ كۆركەملەشكەن. پىڭياۋ شەھىرى سېپىلىنىڭ ئومۇمىي ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 6163 مېتىر، ئېگىزلىكى 12 مېتىر بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 2.25 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان پىڭياۋ ناھىيە بازىرىنى پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان ئىككى قىسىمغا ئايرىۋېتىدۇ. شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىدىكى كوچا دۇكان، راۋاقلار مىڭ، چىڭ دەۋرىدىكى شەكىل ۋە تۈزۈلۈشلەرنى ساقلاپ قالغان. شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتى يېڭى شەھەر رايونى بولۇپ، قەدىمكى ۋە ھازىرقى قۇرۇلۇشلار بىرگەۋدە بولۇپ، بىر ـ بىرگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ.

### ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. شىمالىي تەرىپى موڭغۇلىيە ۋە روسىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. پۈتكۈل رايوننىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون 180 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىچكى موڭغۇل دېگەن نام گوبى چۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى موڭغۇللاردىن كەلگەن. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، 1947 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان. ئۇ جۇڭگو بويىچە تۇنجى ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئاپتونوم رايونى بولۇپ، نوپۇسى 23 مىليون 820 مىڭ (2008)غا يېتىدۇ. مەركىزى كۆكخوت شەھىرى.



ئىچكى موڭغۇل يايلىقى. (سۈرەتنى شۈ يۈەنجى تارتقان)

ئىچكى موڭغۇل ئېگىزلىكى جۇڭگودىكى ئىككىنچى چوڭ ئېگىزلىك بولۇپ، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ 3000 نەچچە كىلومېتىرغىچە سوزۇلۇپ بارىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 600 ~ 1400 مېتىرغىچە كېلىدۇ، ئۇ ئىچكى موڭغۇل زېمىنىنىڭ 2/3 قىسمىنى ئىگىلەپ، ئىچكى موڭغۇل يەر شەكلىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغان. ئاساسلىق دەريالىرىدىن خۇاڭخې دەرياسى ۋە ئېرگۈنا دەرياسى قاتارلىقلار بار.

ئىچكى موڭغۇلنىڭ كىلىماتى تىپىك ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلباغ مۇسسۇن شامالىق كىلىماتقا تەۋە بولۇپ، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز ۋە تەكشى ئەمەس، ئىسسىق ـ سوغۇقنىڭ ئۆزگىرىشى كەسكىن بولۇشتەك روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. قىش پەسلى ئۇزۇن ھەم قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، كۆپىنچە رايونلىرىدا قىش پەسلى بەش يېرىم ئاي داۋاملىشىدۇ. ھۆل ـ يېغىنى شەرقتىن غەربكە قاراپ كېمىيىپ بارىدۇ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ سوتكىلىق ئۆزگىرىشى ۋە يىللىق ئۆزگىرىشى چوڭ بولىدۇ.

ئىچكى موڭغۇلنىڭ «جەنۇبى ئاشلىق، شىمالى چارۋا، شەرقى ئورمان، غەربى تۆمۈر، ھەممىلا يېرى كۆمۈر ماكانى» دېگەن كاتتا نامى بار. خېتاۋ (دەريا قولتۇقى) تۈزلەڭلىكى مەشھۇر «سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدەك گۈزەل ماكان»دۇر. خۇلۇن بۇئىر ۋە شىلىنغول قاتارلىق ئوتلاق چارۋىچىلىق مەيدانلىرى بىپايان كەتكەن، سۈيى ۋە ئوت ـ چۆپلىرى مول مەشھۇر تەبىئىي چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدۇر. بۇ جايدا ئات، كالا، قوي، تۆگە بېقىش ئاساس قىلىنىدۇ. مەشھۇرلىرىدىن «تالالىق گۆھەر» دەپ تەرىپلىنىدىغان ئۆچكە تېرىتىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. چوڭ ھىنگان تاغلىرى ئورمان رايونىنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرى، باۋتۇدىكى بەييۈن ئېبو تۆمۈركانى، خولىنخې، دۇڭشېڭ ۋە باۋتۇدىكى كۆمۈر كانلىرى مەملىكەت بويىچە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاز ئۇچرايدىغان يەر ئېلېمېنتلىرىنىڭ زاپاس مىقدارى پۈتۈن دۇنيادىكى يەر ئېلېمېنتى زاپاس مىقدارىنىڭ 4/5 نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق سانائەتلىرىدىن پولات ـ تۆمۈر، كۆمۈر، ئېلېكتر كۈچى، شې-

كەرچىلىك، كۆن ــ خۇرۇم، يۇڭ توقۇمىچىلىق، سۈت مەھسۇلاتلىرى ۋە گۆش تۈرىدىكىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىقلار بار.

**لياۋنىڭ ئۆلكىسى** لياۋنىڭ ئۆلكىسى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان، شەرقىي تەرىپى چاۋشيەن بىلەن چېگرىلىنىدۇ. لياۋدۇڭ (شەرقىي لياۋنىڭ) يېرىم ئارىلى شەرقىي شىمالدىكى «ئالتۇن دېلتا» دەپ تەرىپلىنىدۇ. يەر كۆلىمى 150 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 42 مىليون 100 مىڭ (2008) بولۇپ، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، چاۋشيەن، شىبە قاتارلىق مىللەتلەر ياشايدۇ، ئۆلكە مەركىزى شېنياڭ. لياۋنىڭ دېگەن بۇ نام لياۋخې دەرياسى ۋادىسى مەڭگۈ تىنچ ئامان دېگەن سۆزدىن كەلگەن.

لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئاساسەن شەرقىي جەنۇبىي بىلەن غەربىي شىمالى مەركىزىگە قاراپ يانتۇ ھالەتتە تۇرىدۇ، شەرقىي ۋە غەربىي تەرىپى پەس ئىدىرلىقلار، ئوتتۇرا قىسمى كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت. يەر شەكلى شەرقىي لياۋنىڭ پەس تاغلىق ۋە ئىدىرلىق رايونى، غەربىي لياۋنىڭ پەس تاغلىق ۋە ئىدىرلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسىم لياۋخې تۈزلەڭلىك رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ رايونغا بۆلۈنىدۇ. غەربىي لياۋنىڭنىڭ جىنجۇ ئەتراپىدىكى دېڭىز بويىدىكى يۈز نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى «كارىدور» شەنخەيگۇەننىڭ ئىچى ــ سىرتىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قاتناش ئۆتكىلىدىن ئىبارەت. ئاساسلىق دەريالىرىدىن لياۋخې، خۇنخې، يالۇجياڭ، دالىڭخې قاتارلىق دەريالار بار. دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئۇ ئۇزۇن ۋە ئەگرى ــ توقاي بولۇپ، قىرغاق بويىدا كۆپلىگەن ياخشى پورتلار بار، دالىيەن پورتى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى دېڭىز بويى قاتناش لىنىيەسىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ.

كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى مۇسسۇن شاماللىق كىلىماتقا ياتىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 4℃ تىن 10℃ قىچە، يىللىق ھۆل ــ يېغىن مىقدارى 440 مىللىمېتىردىن 1130 مىللىمېتىرغىچە كېلىدۇ.

لياۋنىڭ ئۆلكىسىدە كۆممىقوناق، شال، قوناق، كېۋەز، خاسىڭ (يەر ياڭىقى) قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. لياۋنىڭ جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ پىلە قۇرتى ئىشلەپچىقىرىش رايونى ۋە مۆتىدىل بەلباغ مېۋە ــ چىۋە ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ بىرى. ئالما ئېكسپورت مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت ئالما ئېكسپورتىنىڭ تەخمىنەن 3/4 نى ئىگىلەيدۇ، ئالما ئاساسلىقى لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

لياۋنىڭ ئۆلكىسى جۇڭگونىڭ ئەڭ چوڭ ئېغىر سانائەت بازىسىدۇر. بۇ يەردە تۆمۈر، كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار زاپىسى مول. سانائىتى مېتاللورگىيە، ماشىنىسازلىق، نېفىت ــ خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىدۇ. نۆۋەتتە مەشھۇر ئەنشەن، بىنشى پولات ــ تۆمۈر سانائەت بازىسى، فۇشۇن، فۇشىن، تيېلىڭ ئېنېرگىيە سانائەت بازىسى، دالىيەن، جىنجۇ نېفىت ــ خىمىيە سانائىتى بازىسى، دەندۇڭ، يىڭكۇ يېنىك سانائەت توقۇمىچىلىق سانائىتى بازىسى، لياۋياڭ خىمىيە تالاسى سانائەت بازىسى، شېنياڭ ماشىنىسازلىق سانائەت بازىسى، پەنجىن نېفىت سانائىتى بازىسى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. ئۆلكە ئىچى تۆمۈريول تورىنىڭ زىچلىقى ۋە ئۇنىڭ يۈك توشۇش مىقدارى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دالىيەن، يىڭكۇ، دەندۇڭ قاتارلىق پورتلىرى بار. شېنياڭ مەزكۇر ئۆلكىنىڭ تۆمۈريول، تاشيول، ھاۋا قاتناش تۈگۈنى. شېنياڭ ــ دالىيەن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇزۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئۆلكىدە ئاسارىئەتىقىلەر بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، شېنياڭ خان سارىيى، شىمالىي قەبرىستانلىق (بېيلىڭ)، شەرقىي قەبرىستانلىق (دۇڭلىڭ)، لياۋياڭنىڭ تام سۈرەتلىك قەبرىلەر توپى، ئەنشەندىكى چيەنشەن تېغى، تاڭگاڭزى ئارىشاڭى، يالۇجياڭ دەرياسى مەنزىرىلىك رايونى، دالىيەن دېڭىز ساھىلى ۋە جىنشىتەن مەنزىرىلىك رايونى قاتارلىقلار بار.

**جىلىن ئۆلكىسى** جىلىن ئۆلكىسى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. بۇ قەدىمدە سۇ شېنلار (مانجۇلارنىڭ ئەجدادلىرى)نىڭ يېرى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى جىلىندا ئۆلكە تەسىس قىلغان. ئۆلكىنىڭ نامى «جىلىن ئۇلا» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىنقى ئىككى بوغۇمىدىن كەلگەن. «جىلىن ئۇلا» مانجۇ تىلىدا دەريا بويى دېگەن مەنىدە. جىلىن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي تەرىپى روسىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي جەنۇب قىسمى تۇمېنجياڭ، يالۇجياڭ دەريالىرى ئارقىلىق چاۋشيەن بىلەن چېگرىلىنىدۇ. يەر كۆلىمى



جىلىن شەھىرى سۇڭخۇا كۆلى داڭلىق مەنزىرىلىك رايونىدىكى ۋۇخۇ ئارىلىنىڭ مەنزىرىسى.

تەخمىنەن 190 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 26 مىليون 800 مىڭ (2008) بولۇپ، خەنزۇ، چاۋشيەن، مانجۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، شىبە قاتارلىق مىللەتلەر بار. ئۆلكە مەركىزى چاڭچۈن.

يەر شەكلى شەرقىي جەنۇبى ئېگىز، غەربىي شىمالى پەس بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، شەرقىدە چاڭبەيشەن تاغلىقى بار، ئاساسىي چوققىسى بولغان بەييۇن چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2691 مېتىر كېلىدۇ. بۇ شەرقىي شىمالدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. غەربىي تەرىپى سۇڭلياۋ تۈزلەڭلىكىدىن ئىبارەت. ئاساسلىق دەريالىرىدىن سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى، لياۋخې دەرياسى، يالۇجياڭ دەرياسى، تۇمېنجياڭ دەرياسى قاتارلىقلار بار. جىلىننىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى مۇسسۇن شاماللىق كىلىماتقا ياتىدۇ، تۆت پەسلى ئېنىق، كىلىماتى يېقىملىق. شەرقىي قىسمىنىڭ ھاۋاسى نەم بولۇپ، يامغۇر كۆپ ياغىدۇ. غەربىي قىسمى قۇرغاق بولۇپ، يامغۇر ئاز ياغىدۇ. قۇم ـ بوران كۆپ چىقىدۇ، كۆپىنچە رايونلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 4℃ ئەتراپىدا بولىدۇ.

جىلىن ئۆلكىسى «قارا تۇپراقلىق ماكان»، «تېرىلغۇ يەر مەيدانى كەڭرى، تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، جۇڭگونىڭ مۇھىم ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدۇر. زىرائەتلىرىدىن كۆممىقوناقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا شال، دادۇر، قىزىل قوناق قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن قىزىلچا، ئاپتاپپەرەس، كۆك تاماكا قاتارلىقلار بار بولۇپ، «ئالتۇن كۆممىقوناق بەلبېغى»، «دادۇر يۇرتى» دېگەن كاتتا ناملىرى بار.

جىلىن جۇڭگونىڭ مۇھىم ئورمانچىلىق بازىسى، جۇملىدىن چاڭبەيشەن تاغلىرى جۇڭگونىڭ مۇھىم ياۋايى تۈرلەر گېن ئامبىرى ۋە ياۋايى دورا ماتېرىياللىرى بازىسى. ئەتىۋارلىق مويلۇق تېرىلىك ھايۋانلاردىن سۆسۆن بۆلغۈن، شەرقىي شىمال يولۋىسى، تەڭگە گۈللۈك يىلپىز قاتارلىقلار بار. قىممەتلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن بۇغا يۈمران مۈڭگۈزى، ئورمان پاقىسى، ئادەمگىياھ قاتارلىقلار بار. ئادەمگىياھ، بۆلغۈن تېرىسى، بۇغا يۈمران مۈڭگۈزى «شەرقىي شىمالنىڭ ئۈچ گۆھىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەمگىياھنىڭ مەھسۇلات مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

داڭلىق مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن چاڭبەيشەن شارقىراتمىسى، بەيتۇشەن تېغىدىكى تيەنچى كۆلى، سۇڭخۇا كۆلى، جىلىن سۆڭگىسى، جىئەندىكى كورىيانلارنىڭ ۋەندۇشەن قەدىمىي شەھىرى، دۇڭگۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقى، ليۇدىڭشەن قەدىمىي قەبرىلەر تۇپى، «سەككىز چوڭ ئۇلۇس (بادابۇ)» جىڭيۈتەن مەنزىرىلىك رايونى قاتارلىقلار بار. يېقىنقى يىللارنىڭ مابەينىدە، قار ـ مۇز، ئورمان، نەم يەرنى ئاساس قىلغان ئېكولوگىيەلىك ساياھەت ۋە چېگرا بويىدىكى دۆلەتلەرگە قىلىدىغان ساياھەت ئەڭ جەلپكارلىققا ئىگە ساياھەت مەھسۇلاتى بولۇپ قالدى.

**خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى** خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى جۇڭگونىڭ ئەڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، شىمال ۋە شەرق قىسىملىرى خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ۋە ئۇسسۇرى دەرياسى ئارقىلىق رۇسىيە بىلەن چېگرالىنىدۇ. غەربىي قىسمى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي قىسمى جىلىن ئۆلكىسى بىلەن چېگرالىنىپ تۇرىدۇ. يەر كۆلىمى 460 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردە مانجۇ، چاۋشيەن، خۇيزۇ، موڭغۇل، داغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ياشايدۇ. نوپۇسى 37 مىليون 920 مىڭ (2008)غا يېتىدۇ.

پۈتۈن ئۆلكىدىكى تاغلىقلار بىلەن تۈزلەڭلىكلەر گىرەلىشىپ جايلاشقان. غەربىي شىمال ۋە شىمال قىسمىدا چوڭ ھىنگان تاغلىقى، كىچىك ھىنگان تاغلىقى بار، شەرقىي جەنۇب قىسمىدا جاڭگۇاڭسەي تېغى بىلەن لاۋيې تېغى قاتارلىق تاغلىقلار بار، شەرقىي شىمال قىسمىدا ئۈچ دەريا تۈزلەڭلىكى، غەربىي جەنۇب قىسمىدا سۇڭنېن تۈزلەڭلىكى بار. ئۆلكە ئىچىدە دەريالار چەمبەرچاس تارقالغان، كۆللەر كۆپ، خېيلۇڭجياڭ، ئۇسسۇرى، سۇڭخۇاجياڭ ۋە سۇيفېنخې قاتارلىق دەريالار بار. خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، تەبىئىي مەنزىرىلىرىدىن جىڭبو كۆلى، بەش چوڭ تۇتاش كۆل، شىڭكەي كۆلى قاتارلىقلار بار.

خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ كىلىماتى سوغۇق مۆتىدىل بەلباغ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى مۇسسۇن شاماللىق كىلىماتقا ياتىدۇ، قىش پەسلى ئۇزۇن ۋە سوغۇق، ياز پەسلى قىسقا، ئەمما ئاپتىپى يېتەرلىك، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 400 مىللىمېتىردىن 700 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. پۈتۈن يىللىق ھۆل ـ يېغىنىنىڭ 60%ى 6 ~ 8 ـ ئايغا مەركەزلەشكەن. ئەتىيازلىقى قۇرغاق، يازلىقى ھۆلچىلىك بولۇش، كۈزدە ئۇششۇك چۈشۈش بۇ جاينىڭ ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ مەشھۇر ئۈچ چوڭ قارا تۇپراقلىق بەلباغنىڭ بىرىگە جايلاشقان، تۇپرىقى مۇنبەت، يېرى مەركەزلىك تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ 80% يېرى سۇڭنېن تۈزلەڭلىكى ۋە ئۈچ دەريا تۈزلەڭلىكىگە مەركەزلىشىپ جايلاشقان. يەر تۈزلۈشى تەكشى بولۇپ، كەڭ كۆلەمدە تۈجۈپىلەپ تېرىشقا باب كېلىدۇ. مۇنبەت قارا تۇپراق جۇڭگونىڭ ئاشلىق ئامبىرىنى بەرپا قىلغان، ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى قارا ئاشلىق بولۇپ، كۆممىقوناق، تېرىق، قىزىل قوناق قاتارلىقلار كۆپ تېرىلىدۇ، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر قىزىلچا، زىغىر، ئاپتەپپەرەسنى ئاساس قىلىدۇ.

خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ قىزىلما بايلىقلىرى مول، ئاساسلىقى نېفىت بولۇپ، داچىڭ نېفىتلىكى ئەڭ داڭلىق؛ ئۇنىڭدىن قالسا كۆمۈر كۆپ چىقىدۇ، جىشى، خېگاڭ، شۇاڭيا تېغى كۆمۈر كېنى قاتارلىقلار ئەڭ داڭلىق. سانائىتى ئېغىر سانائەتنى ئاساس قىلىدۇ، ئېغىر سانائەتتە قېزىش سانائىتىنىڭ سالمىقى چوڭ. چوڭ ۋە كىچىك خىنگان تاغلىرىدا ئورمان بۈك-باراقسان ئۆسىدۇ، بۇ جۇڭگونىڭ ئەڭ مۇھىم ئورمانچىلىق بازىسى ھېسابلىنىدۇ. ياغاچ ماتېرىياللىرى زاپاس مىقدارى ۋە ياغاچ كېسىش مىقدارى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. قىزىل قارىغاي، داغال قارىغاي ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرى ھېسابلىنىدۇ، بۇ مەملىكەت بويىچە ئەڭ مۇھىم ياغاچ ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش بازىسىدۇر.

**شاڭخەي** شاڭخەينىڭ قىسقارتىلما نامى «خۇ (沪)»، يەنە «شېن (申)» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەخمىنەن 6000 يىل ئىلگىرى ھازىرقى شاڭخەينىڭ غەربىي قىسمى قۇرۇقلۇقتا ئايلانغان، شەرقىي قىسمىنىڭمۇ قۇرۇقلۇقتا ئايلانغىنىغا 2000 يىلدىن ئاشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرلىرىدە شاڭخەي چۇ بەگلىكى چۇنشېن ئايمىقلىق خۇاڭ شېينىڭ سۇيۇرغال يېرى بولغاچقا، يەنە «شېن» دەپمۇ ئاتالغان. مىلادىيە 4-، 5-ئەسىرلەردىكى جىن سۇلالىسى دەۋرىدە سۇڭجياڭ دەرياسى (ھازىرقى سۇجۇ دەرياسى) ۋە دېڭىز بويىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بېلىق تۇتۇشقا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئۇلار بامبۇكتىن توقۇلغان «خۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بېلىق تۇتۇش سايمىنىنى ئىجاد قىلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەينى چاغدا دەريانىڭ دېڭىزغا قويۇلىدىغان ئورنى «دۇ» دەپ ئاتىلىدىغانلىقتىن، سۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى جايلار «خۇدۇ» دەپ ئاتالغان.

شاڭخەي جۇڭگودىكى مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ سودا-سانائەت شەھىرى. يەر كۆلىمى 6340 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 13 مىليون 680 مىڭ (2008)غا يېتىدۇ. قارمىقىدا 18 رايون، بىر ناھىيە بار. ئورنى چاڭجياڭ دېلتىسىنىڭ ئالدىنقى گىرۋىكىگە جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى شەرقىي دېڭىزغا يانداش تۇرىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى خاڭجۇ قولتۇقىغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ، غەربىي تەرىپى جياڭسۇ، جېجياڭ ئۆلكىلىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. شىمالىي تەرىپى چاڭجياڭنىڭ دېڭىزغا قويۇلىدىغان ئېغىزىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ جۇڭگونىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىرغاق لىنىيەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولۇپ، قاتنىشى قولايلىق، مەركىزىي قىسمى كەڭ، جۇغراپىيەلىك ئورنى ئەۋزەل بولغانلىقتىن، ياخشى دەريا ۋە دېڭىز پورتى ھېسابلىنىدۇ. شاڭخەينىڭ ھەممىلا يېرى تىنىما تۈزلەڭلىك، يەر تۈزۈلۈشى پەس ھەم تەكشى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى ئاران تۆت مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، كىلىماتى سۇبتروپىك بەلباغ مۇسسۇن شاماللىق كىلىماتقا ياتىدۇ، تۆت پەسلى روشەن، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى مول بولۇپ، ئاساسلىقى ياز ۋە كۈز پەسلىگە مەركەزلەشكەن.



شاڭخەي شەھىرىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى.

شاڭخەينىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونى ئەسلىدە ئاساسلىقى خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمى ئىدى. 1990-يىلى 4-ئايدا گوۋۇيۈەن پۇدۇڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئېچىۋېتىشنى رەسمىي ئېلان قىلغاندىن كېيىن، پۇدۇڭ يېڭى رايونى تەدرىجىي ھالدا شاڭخەي شەھىرىنىڭ زامانىۋىلاشقان، سىرتقا يۈزلەنگەن سانائەت بازىسىغا ئايلاندى. پۇدۇڭ يېڭى رايونىنى ئېچىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، شاڭخەي شەھىرى خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىدا نەنپۇ، ياڭپۇ قاتارلىق تۆت چوڭ كۆۋرۈكنى سالدى.

شاڭخەي جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ ئىقتىساد مەركىزى ۋە دۆلەتلىك تارىخ-مەدەنىيەت مەشھۇر شەھەرگە ئايلاندى ھەمدە تەدرىجىي ھالدا خەلقئارالىق ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە، سودا مەركىزى شەھىرى ۋە خەلقئارالىق ھاۋا ۋە دېڭىز ترانسپورت مەركىزى شەھىرى بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا.

**جياڭسۇ ئۆلكىسى** جياڭسۇ دېگەن بۇ نام چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جياڭنىڭ مەھكىمىسى ۋە سۇجۇ مەھكىمىسىدىن ئىبارەت ئىككى مەھكىمە نامىنىڭ باش خەتلىرىنى ئېلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن، قىسقارتىلىپ «سۇ» (苏) دەپ ئاتىلىدۇ. يەر كۆلىمى تەخمىنەن 100 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 73 مىليون 180 مىڭ (2008)غا يېتىدۇ. ئۆلكە مەركىزى نەنجىڭ. ئۆلكە دائىرىسىدە تۈزلەڭلىكلەر كەڭرى بولۇپ، پەقەت چەت-ياقىلىرىدا پەس تاغلار ۋە ئىدىرلىقلار بار. ئۇ جۇڭگودىكى تۈزلەڭلىك كۆلىمىنىڭ نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى ئۆلكە ھېسابلىنىدۇ. دەريالىرىدىن چاڭجياڭ دەرياسى، خۇەيخې دەرياسى، بېيجىڭ-خاڭجۇ قانىلى قاتارلىقلار

بار. يەنە كۆللىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، سۇ يۈزى نىسبىتىنىڭ چوڭلۇقى جەھەتتە جۇڭگودا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ «سۇ يۇرتى» دېگەن نامى بار. كىلىماتى سۇبتروپىك ۋە ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ مۇسسۇن شاماللىق كىلىماتىنىڭ ئۆتكۈنچى بەلبېغىغا ياتىدۇ. قىش پەسلىدە سوغۇق بوشراق بولىدۇ، ياز پەسلىدە ئىسسىق بولىدۇ، ئىسسىقلىق بايلىقى مول، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 13℃ ~ 16℃قىچە بولىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 800 مىللىمېتىردىن 1200 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ.

جىياڭسۇ جۇڭگونىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ماشىنىسازلىق، توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك، خىمىيە، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى مەزكۇر ئۆلكىنىڭ ئەنئەنىۋى سانائىتىنىڭ بەش چوڭ تۈۋرۈكىدۇر. جىياڭسۇنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، خېلى ئۇزۇندىن بۇيان مەھسۇلات قىممىتى ئىزچىل تۇردە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلمەكتە. جىياڭسۇنىڭ يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان، چاڭجياڭ - خۇەيخې ئەتراپىدا گۈرۈچ، بۇغداي، پاختا، چاي، پىلە غوزىسى ۋە قىچا كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. خۇەيخېنىڭ شىمالىدا بۇغداي تۈرىدىكىلەر ۋە قارا ئاشلىق كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. يالپۇز، يېشىل يالپۇز جىياڭسۇنىڭ داڭلىق ئالاھىدە ئىقتىسادىي زىرائىتى ھېسابلىنىدۇ. دېڭىز بويلىرى بېلىقچىلىق ۋە تۇزچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىدۇ. تاتلىق سۇ بېلىقچىلىقى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. قول - ھۈنەر سەنئىتىدە سۇجۇنىڭ كەشتىسى، ياڭجۇنىڭ قاشتاش ئويمىسى، ۋۇشىنىڭ خۇيشەن لاي قورچىقى، يىشىڭنىڭ سۆسۈن قۇم چۆگۈنى قاتارلىقلار داڭلىق، يەنە كېلىپ بۇلار مۇھىم ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىدۇر. جىياڭسۇ مەملىكەت بويىچە قاتناش - تىرانسپورت تەرەققىي قىلغان ئۆلكە (رايون)لەرنىڭ بىرى. جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ سۇ تىرانسپورت غول لىنىيەسى بولغان چاڭجياڭ دەرياسى بۇ ئۆلكىنى غەربتىن شەرققە قاراپ توغرىسىغا كېسىپ ئۆتسە، مەشھۇر بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلى جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. دېڭىز بويلىرىدا دېڭىز تىرانسپورتىمۇ قولايلىق. ليەنيۈنگاڭ پورتى جۇڭگونىڭ داڭلىق دېڭىز پورتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. لۇڭخەي (ليەنيۈنگاڭ - لەنجۇ) تۆمۈريولى، بېيجىڭ - شاڭخەي تۆمۈريولى، نەنجىڭ - ۋۇخۇ تۆمۈريولى مەزكۇر ئۆلكىدىن ئۆتىدۇ.

مەشھۇر ئاسارىئەتىقىلەردىن ئاساسلىقى نەنجىڭدىكى سۇن جۇڭشەن مەقبەرىسى، يۇخۋاتەي سۇپىسى، مىڭشياۋلىڭ مەقبەرىسى، جېنجياڭدىكى جياۋشەن ئابىدىلىرى، ياڭجۇدىكى شۇشىخۇ (تار شىخۇ) كۆلى، ۋۇشىدىكى شىشەن تېغى، خۇيشەن تېغى، يۇەنتوۇجۇ يېرىم ئارىلى، سۇجۇدىكى جوجېڭيۇەن باغچىسى، خۇچيۇ تېغى، خەنشەن ئىبادەتخانىسى، يىشىڭدىكى شەنجۇەن غارى قاتارلىقلار بار.

**سۇجۇنىڭ باغچىلىرى** سۇجۇ شەھىرى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، خۇسۇسىي باغچىلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 - ئەسىردە ياسىلىشقا باشلىغان، مىڭ سۇلالىسىگە كەلگەندە، باغچە ياساش شامىلى ئەۋجىگە چىققان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا مەزكۇر شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا 170تىن كۆپ ئورۇندا باغچە بولۇپ، سۇجۇنى «باغچە يۇرتى» دېگەن نامغا ئېرىشتۈرگەن. ھازىرغىچە 10 نەچچە داڭلىق باغچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، داڭلىقلىرىدىن ساڭلاڭتىڭ، شىزىلىن، جوجېڭيۇەن، ليۇيۇەن، ۋاڭشىيۇەن، يىيۇەن قاتارلىقلار بار. سۇجۇدىكى باغچىلەرنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى كىچىك، باغچە ياساشتا خىلمۇخىل بەدىئىي ئۇسلۇبلار قوللىنىلىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ تاغ، سۇ، گۈل - گىياھ ۋە قۇشلارغا بولغان ھەۋىسى ئارقىلىق، تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىسى شېئىرلىرىدىكى ئوي - پىكىرلەر گەۋدىلەندۈرۈلگەن. چەكلىك بوشلۇق سۈنئىي تاغ ۋە دەل - دەرەخلەر بىلەن زىننەتلىنىپ، ئۇنىڭغا شىپاڭ، سۇپا، راۋاق، كۆلچەك ۋە كۆۋرۈكلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ ئارقىلىق سۇجۇ باغچىلىرىنىڭ مەنزىرىسى ئۆزگىچە گۈزەللەشتۈرۈلگەن. باغچىلەرنىڭ مەنزىرىسى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان بولۇپ، كىشىگە كىچىك دائىرىدە تۇرۇپ كەڭ دائىرىنى كۆرگەندەك بەدىئىي ئۈنۈم ئاتا قىلىدۇ. جوجېڭيۇەن باغچىسىنىڭ «چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى داڭلىق باغچىلار ئىچىدىكى ئەڭ گۈزىلى» دېگەن كاتتا نامى بار. سۇڭ، يۇەن، مىڭ، چىڭ دەۋرلىرىدە ياسالغان باغچىلار تەبىئىي، تارىخىي، مەدەنىيەت، بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە.

1997 - يىلى 12 - ئايدا جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇجۇ شەھىرىدىكى كىلاسسىك باغچىلار «دۇنيا مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى.

**چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى شەھەر - بازارلار** چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى شەھەر - بازارلار چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى تازا گۈللەنگەن دەۋرلەردە روناق تاپقان ھەمدە ئىقتىسادىي، ئولتۇراقلىشىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش فۇنكسىيەسىگە ئىگە شەھەر - بازارلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىگە ۋە ئۆزگىچە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە، مول يەرلىك مەدەنىيەتكە، تەرەققىي قىلغان ئىقتىسادىي فورماتسىيەگە،

www.uyghurkitap.com



چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمىي بازار — شىتاڭ.

شۇنىڭدەك ئادەم ۋە تەبىئەت ماسلاشقان ئۇلتۇراقلىشىش مۇھىتىغا ئىگە بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى تارىخىي شەھەر - بازارلىرىنىڭ ئىنتايىن گەۋدىلىك مىسالى، جۇڭگونىڭ شەھەرلىرى ۋە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ نادىر ئۈلگىسىدۇر.

چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئالتە سۇ يۇرتى جياڭسۇنىڭ جۇجۇاڭ، يۇڭجى، تۇڭلى، جېجياڭنىڭ شىتاڭ، ۋۇجېن، نەنشۇن قاتارلىق جايلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جياڭسۇ بىلەن جېجياڭنىڭ چېگراسىغا، تەيخۇ كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە مەركەزلىك جايلاشقان، ئۆزئارا ئارىلىقى ئادەتتە 20 ~ 30 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ.

چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى سۇ يۇرتلىرى باياشات، مەدەنىيەت تۇسى قويۇق بولغانلىقتىن، بەزى قەدىمىي شەھەر - بازارلاردىن 10 نەچچىدىن نەچچە ئونغىچە ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن ئەربابلار چىققان ھەمدە نۇرغۇنلىغان داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات، سەنئەت ئەسەرلىرى ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، ماۋدۇن ئەپەندى «لىن ئائىلىسىنىڭ دۇكىنى»، «باھار پىلىسى»، «كۈزلۈك يىغىم»ناملىق ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋۇجېن بازىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ئىجاد قىلغان. يې شېڭتاۋ ئەپەندى «تۆت - بەش كۈرەنى ئارتۇق ئېلىۋېلىش» ناملىق ئەسىرىدە سۇ يۇرتى يۇڭجىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن بىۋاسىتە ماتېرىيال ئالغان.

**جېجياڭ ئۆلكىسى** جېجياڭ ئۆلكىسى جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويىغا، چاڭجياڭ دېلتىسىنىڭ جەنۇبىي قانىتىغا جايلاشقان، شەرقىي شىمال تەرىپى جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ شەھەر شاڭخەي بىلەن چېگرالىنىدۇ. ئۆلكە مەركىزى خاڭجۇ. ئۆلكە نامى جېجياڭ دەرياسى (يەنە چيەنتاڭجياڭ دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يەر كۆلىمى 100 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، «يەتتە ئۈلۈش تاغلىق، بىر ئۈلۈش سۇلۇق، ئىككى ئۈلۈش ئېتىزلىق (تۈزلەڭلىك)» دېگەن نامى بار. نوپۇسى 46 مىليون 290 مىڭ (2008)غا يېتىدۇ. شىمالىي قىسمى خاڭجياخۇ كۆلى تۈزلەڭلىكى بولۇپ، سۇ تورى زىچ تارقالغان. غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمى تاغلىق ھەم ئېدىرلىق بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ يەنداڭشەن تاغ تىزمىسى ۋە كوساڭشەن تاغ تىزمىسى، شيەنشيالىڭ تاغ تىزمىسى، تيەنمۇشەن تاغ تىزمىسى قاتارلىقلار بار. تاغلىق يەر كۆلىمى پۈتۈن ئۆلكە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6486 كىلومېتىر كېلىدۇ، يەر كۆلىمى 500 كىۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان ئاراللاردىن 3061ى بار بولۇپ، چوڭراقلىرىدىن جۇشەن ئاقشەن ئاراللىرى، شېڭسى تىزما ئاراللىرى، خو-يەن ئارىلى، دۇڭتۇ ئارىلى قاتارلىقلار بار. ئۇ جۇڭگو بويىچە ئاراللىرى ئەڭ كۆپ ئۆلكە ھېسابلىنىدۇ. كۆللەردىن خاڭجۇدىكى شىخۇ كۆلى، شاۋشىڭدىكى دۇڭخۇ كۆلى، جياشىڭدىكى نەنخۇ كۆلى، نىڭبودىكى دۇڭچيەن كۆلى، خەييەن ناھىيەسىدىكى شىمال ۋە جەنۇب كۆلى قاتارلىق داڭلىق كۆللەر بار. جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ سۈنئىي كۆل — خاڭجۇ چيەنداۋ كۆلى بار. چيەنتاڭجياڭ، ئوۋجياڭ، نەنشجياڭ قاتارلىق داڭلىق دەريالار بار. بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلى جېجياڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، خاڭجۇدا چيەنتاڭجياڭ دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

جېجياڭنىڭ كىلىماتى سۇبتروپىك بەلباغ مۇسسۇن شاماللىق كىلىماتقا ياتىدۇ، تۆت پەسلى ئېنىق، يورۇقلۇقنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، ھۆل - يېغىنى مول. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 15℃ تىن 18℃ قىچە، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 980 مىللىمېتىردىن 2000 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. 6 - ئايدىن 7 - ئايغىچە «قارا ئۆرۈك يامغۇرى» كۆپ بولىدۇ. 8 - ۋە 9 - ئايلاردا تەيفېڭ بورىنىنىڭ ھۇجۇمىغا كۆپ ئۇچرايدۇ. دەر-



جېجياڭ خاڭجۇدىكى شىخۇ كۆلى مەنزىرىسى.

يالىرى كۆپ بولۇپ، سۇ ئېنېرگىيە-
سى بايلىقى مول، چيەنتاڭجياڭ دەر-
ياسى مەزكۇر ئۆلكىدىكى ئەڭ چوڭ
دەريا ھېسابلىنىدۇ.

جېجياڭ مەشھۇر «بېلىق ۋە گۇ-
رۇچ ماكانى» بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى-
دە ئاشلىق زىرائەتلىرى ئاساس قى-
لىنىدۇ، ئاساسلىق زىرائەتلىرىدىن
شال، بۇغداي بار. كېۋەز، سېرىق
كەندىر، پىلە بېقىش ئۈجمىسى، چاي
قاتارلىقلار مەزكۇر ئۆلكىنىڭ ئاساس-
لىق ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى ھېساب-
لىنىدۇ. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ چاي مەھ-
سۇلاتى ۋە ئۇنىڭ ئېكسپورت مىقدارى
مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا
تۇرىدۇ. خاڭجۇدىكى شىخۇ كۆلىنىڭ
لۇڭجىڭ چېيى ئەڭ داڭلىق. سۇبتى-
روپىك بەلباغ مېۋىلىرى ئىچىدە
خۇاڭيەن بىلەن تيەنتەي تېغىنىڭ ئا-
پېلسىنلىرى ئەڭ داڭلىق. جۇشەن
بېلىقچىلىق مەيدانى جۇڭگو بويىچە
ئەڭ چوڭ دېڭىز - ئوكيان بېلىقچى-
لىق مەيدانىدۇر. توقۇمىچىلىق سانا-
ئىتى جېجياڭنىڭ ئەنئەنىۋى سانائەت
تارمىقى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يىپەك
سانائىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇھىم
تارمىقىدۇر. داڭلىق ئاسارئەتىقىلىرى
كۆپ بولۇپ، شىخۇ كۆلى، لىڭيىن
ئىبادەتخانىسى، تيەنتۇڭ ئىبادەتخا-
نىسى، باۋگو ئىبادەتخانىسى، تيەنيى-
گې راۋىقى، نەنخۇ كۆلى، موگەن تې-
غى، يەنداڭ تېغى، پوتو تېغى ۋە «جا-
ھاندىكى ئاجايىپ مەنزىرە» دەپ نام
ئالغان چيەنتاڭجياڭ دولقۇنى قاتار-
لىقلار بار.

**ئەنخۇي ئۆلكىسى** ئەنخۇي ئۆلكى-
سىنىڭ نامى ئەنچىڭ ۋە خۇيجۇدىن
ئىبارەت ئىككى مەھكىمىنىڭ نامى-
نىڭ بىرىنچى خېتىنى ئېلىپ بى-
رىكتۈرۈشتىن كېلىپ چىققان. ئەن-
خۇي قىسقارتىلىپ «ۋەن» (皖) دەپ
ئاتىلىدۇ، ئۇ شاڭخەينى مەركەز قىل-
غان چاڭجياڭ دېلتىسى ئىقتىسادىي
رايونىغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان، دەريا-
غىمۇ، دېڭىزغىمۇ يېقىن ئىچكى قۇ-
رۇقلۇق ئۆلكىسىدۇر. نوپۇسى 65
مىليون 930 مىڭ (2008) بولۇپ،
يەر كۆلىمى تەخمىنەن 140 مىڭ
كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۆلكە
مەركىزى خېفېي.

ئەنخۇينىڭ يەر شەكلى تىپلىرى
كۆپ خىل بولۇپ، تاغلىق، ئىدىر-
لىق، دۆڭلۈك، تۈزلەڭلىك يەر شە-
كىللىرىنىڭ ھەممىسى بار، سۇ يۈزى
كەڭ، چاڭجياڭ ۋە خۇەيخې دەريالىرى
شەرقتىن غەربكە پۈتۈن ئۆلكىنى
توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. جۇڭگو-
دىكى بەش چوڭ تاتلىق سۇ كۆلىنىڭ
بىرى بولغان چاۋخۇ كۆلى ۋە ئۇنىڭ-
دىن باشقا نۇرغۇنلىغان كۆللەر ئەن-
خۇينىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا تارقالغان.
پۈتۈن ئۆلكە شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ
خۇەيبېي تۈزلەڭلىكى ۋە شىمالىي
ئەنخۇي تۈزلەڭلىكى، چاڭجياڭنىڭ تۆ-
ۋەنكى ئېقىنىدىكى ئىدىرلىق تۈزلەڭ-
لىكى، غەربىي ئەنخۇي دابيېشەن تاغ-
لىقى، جەنۇبىي ئەنخۇي پەس تاغ ۋە
ئىدىرلىق رايونىدىن ئىبارەت تۆت تە-
بىئىي جۇغراپىيەلىك رايونغا بۆلۈنىدۇ.

ئەنخۇينىڭ كىلىماتى ئىللىق
مۆتىدىل بەلباغ ياكى سۇبتروپىك
بەلباغ مۇسسۇن شاماللىق كىلىماتقا
ياتىدۇ. خۇەيخېنىڭ شىمالى ئىللىق
مۆتىدىل بەلباغ نەم مۇسسۇن شامال-
لىق كىلىماتقا، خۇەيخېنىڭ جەنۇبى
سۇبتروپىك بەلباغ نەم مۇسسۇنلۇق
كىلىماتقا تەۋە. كىلىماتى ئىللىق ۋە
نەم، تۆت پەسلى ئېنىق، يورۇقلۇق،
ئىسسىقلىق ۋە سۇ بايلىقى مول ھەم-
دە يامغۇرلۇق ۋە ئىسسىق مەزگىلى
ئوخشاش بىر پەسىلدە كۆرۈلىدۇ، يەنە
كېلىپ ۋاقىت ۋە ماكان جەھەتتىكى
تارقىلىش پەرقى روشەن. خۇەيخېنىڭ
شىمالىدا ھۆل - يېغىننىڭ يىللىق
ئۆزگىرىشچانلىقى چوڭ، ھۆل - يې-
غىن ياز پەسلىگە مەركەزلەشكەن بو-
لۇپ، ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق، يازدا
ھۆلچىلىك ئاپىتى ئوڭاي يۈز بېرىدۇ.
چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى قارا ئۆرۈك يام-
غۇرى رايونى بولۇپ، ياز پەسلىدە تو-
مۇز قۇرغاقچىلىقى يۈز بېرىدۇ. مۇ-
رەككەپ كىلىماتقا كۆپ خىل يەر
تىپلىرى ۋە مول ئورمانلىرى، ھايۋا-
نات، ئۆسۈملۈك ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى
بايلىقى قوشۇلۇپ، بۇ جاينى دېھقان-
چىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق
ۋە بېلىقچىلىقتىن ئىبارەت كۆپ
خىل تەرەققىياتقا ماس كېلىدىغان
ماكانغا ئايلاندۇرغان. خۇەيخېنىڭ
شىمالى بۇغداي ۋە قارا ئاشلىقنى ئا-
ساس قىلىپ، تاۋار ئاشلىقى ۋە چوش-
قا ئىشلەپچىقىرىدىغان بازىغا ئايلان-
غان. چاڭجياڭ بىلەن خۇەيخېنىڭ ئا-
رىلىقى بېلىق ۋە گۈرۈچ يۇرتى بو-
لۇپ، زىرائەتلەردىن شال، قىچا ئا-
ساس قىلىنىدۇ. خۇەيخې دەرياسى
ۋادىسىدا كۈنجۈت، كۆك تاماكا، دەريا
بويى ۋە خۇەيخېنىڭ شىمالىدا پاختا،
شۈنىڭدەك ھەرقايسى تاغلىق
رايونلاردا چاي، بامبۇك، ئورمان ئالا-
ھىدە مەھسۇلاتى، چاڭجياڭ دەرياسى
ۋە چاۋخۇ كۆلىدە بېلىق - راكلارمۇ
ناھايىتى كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى لياڭخۇەي
كۆمۈر كېنى شەرقىي جۇڭگو رايونى-
نىڭ مۇھىم ئېنېرگىيە بازىسى بو-
لۇپ، مائەنشەننىڭ پولات - تۆمۈرى،
تۇڭلىڭنىڭ رەڭلىك مېتاللىرى پۈتۈن
مەملىكەت بويىچە مۇھىم ئورۇندا تۇ-
رىدۇ. ئەنئەنىۋى قول سانائەت مەھ-
سۇلاتى بولغان شۈەنچى قەغىزى،
يىشيەننىڭ سياھدىنى، خۇيجۇنىڭ
قارا سىياھى ۋە جېجياڭ ۋۇشىنىڭ
خۇجۇ موي قەلىمى بىرلەشتۈرۈلۈپ
«يېزىقچىلىقنىڭ تۆت خىل قورالى»
دەپ ئاتىلىدۇ.

سۇ ۋە قۇرۇقلۇق قاتنىشى
قولايلىق بولۇپ، بېيجىڭ - شاڭخەي
تۆمۈريولى، بېيجىڭ - جيۇلۇڭ تۆ-
مۈريولى، ئەنخۇي - جياڭشى تۆمۈر-
يولى ۋە چاڭجياڭ، خۇەيخې دەريا ھاۋ-
زىلىرىدىكى ئىچكى دەريا يوللىرى
بار، دېڭىز بويىدا ئەنچىڭ، ۋۇخۇ قا-
تارلىق دەريا پورتلىرى بار.

داڭلىق مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن غەلىتە قارىغاي ۋە ئاجايىپ تاشلىرى بىلەن داڭلىق بولغان خۇاڭشەن تېغى، بۇددا دىنىدىكى داڭلىق تاغ جيۇخۇاشەن تېغى، شۇنىڭدەك تيەنجۇشەن تېغى، لاڭياشەن تېغى قاتارلىقلار بار. خېفېيدىكى ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ قەدىمكى ئۇرۇش مەيدانى بولغان شياۋياۋجىن، مائەنشەندىكى سەيشىجى پورتى، خاۋجۇدىكى خۇاتو بۇتخانىسى قاتارلىقلارمۇ ناھايىتى داڭلىق.

**فۇجيەن ئۆلكىسى** جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدە فۇجيەن مۇھىم ئارقا سەپ ئورنى بولۇپ، بۇ جايدا بىر مەھكىمە، بەش ئايماق، ئىككى ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان، شۇڭا فۇجيەن يەنە «بامىن (سەككىز ئايماق)» دەپمۇ ئاتالغان.

فۇجيەن تەيۋەن بوغۇزىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان، تەيۋەن بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېنلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ. فۇجيەن دېگەن بۇ نام فۇجۇ، جيەنجۇدىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ باش خېتىنى ئېلىش ئارقىلىق ياسالغان. فۇجيەن مەملىكەت بويىچە داڭلىق مۇھاجىرلار يۇرتى، جۇڭگودا سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ئەڭ بالدۇر يولغا قويغان ئۆلكىلەرنىڭ بىرى، جۇڭگونىڭ ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونىغا يۈزلىنىدىغان ئاساسلىق كۆزنەكلىرىنىڭ بىرى. فۇجيەننىڭ دېڭىز قىرغاق لىنىيەسى ئۇزۇن، چوڭقۇر سۇلۇق ئوبدان پورتلىرى كۆپ، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 120 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نوپۇسى 34 مىليون (2008)غا يېتىدۇ. ئۆلكە مەركىزى فۇجۇ.

پۈتۈن ئۆلكىنىڭ يەر شەكلىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تاغلىق ۋە ئېدىرلىق بولۇپ، بۇ پۈتۈن ئۆلكە يەر كۆلىمىنىڭ %90تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. تۈزلەڭلىك ۋە ئويمانلىقلار شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز ياقىسى ۋە دەريا ۋادىسىدىكى تار ئۇزۇن بەلباغقا تارقالغان. كىلىماتى سۇبتروپىك بەلباغ مۇسسۇن شاماللىق كىلىماتقا تەۋە، ھاۋاسى ئىللىق ۋە نەم، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 17℃تىن 21℃قىچە، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 1100 مىللىمېتىردىن 2000 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ، يىل بويى ئۈششۈك چۈشۈش، قار يېغىش ھادىسىلىرى كەم ئۇچرايدۇ. دەريالىرىدىن مىنجياڭ، جىنجياڭ، جيۇلۇڭجياڭ قاتارلىقلار بار بولۇپ، سۇ مىقدارى مول، ئېقىنى جىددىي، كۆپىنچە دەريالىرى مۇستەقىل ھالدا دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. دېڭىز قىرغىقى ئەگرى - توقاي، ئاراللىرى كۆپ.

ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك ئورۇن، ئالاھىدە سىياسەت فۇجيەننى شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويىدىكى ئىقتىسادى ئەڭ تەرەققىي تاپقان ئۆلكىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى. ئېلېكترون ئۇچۇرى، ماشىنىسازلىق ۋە نېفىت - خىمىيە سانائەتلىرى فۇجيەننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئۈچ چوڭ يېتەكچى كەسىپلىرىدۇر. پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشكەن دېڭىز، قۇرۇقلۇق، ھاۋانىڭ ئىستېرېئولۇق قاتناش تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەنگەن. فۇجيەندە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، باجدىن خالىي رايون، ئېكسپورت پىششىقلاپ ئىشلەش رايونى، باغچىلەشكەن يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلىق رايونى، تەيۋەنلىك سودىگەرلەرنىڭ مەبلەغ سېلىش رايونى قاتارلىق دۆلەت دەرىجىلىك تەرەققىيات رايونلىرى ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك تەرەققىيات رايونلىرى بار. بۇ تەرەققىيات رايونلىرىنىڭ فۇنكسىيەسى تولۇق، ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل، مۇلازىمىتى ئەتراپلىق، مۇھىتى گۈزەل بولۇپ، مۇھاجىر سودىگەرلەر ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ مەبلەغ سالىدىغان قايناق ماكانى.

فۇجيەننىڭ تاغ - دەريالىرى گۈزەل، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %60تىن يۇقىرى بولۇپ، 2003 - يىللىق مەملىكەت بويىچە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت باھالاشتا مەملىكەت بويىچە بىرىنچى بولغان.

فۇجيەننىڭ ساياھەت بايلىقى ئىنتايىن مول، ساياھەتچىلىك كەسپى خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم كەسپىگە ۋە گۈللىنىۋاتقان كەسىپكە ئايلانغان. داڭلىق مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ۋۇيى تېغى، تەيلاۋ تېغى، چىڭيۈەن تېغى، گۈەنجى تېغى، گۇلاڭ ئارىلى، مېيجۇ ئارىلى، جىنخۇ كۆلى، تاۋيۈەن غارى، يۇخۇا غارى قاتارلىقلار بار. يەنە كەييۈەن ئىبادەتخانىسى، يۇڭچۈەن ئىبادەتخانىسى، گۇاڭخۇا ئىبادەتخانىسى، نەنشەن ئىبادەتخانىسى، مازۇ بۇتخانىسى قاتارلىق ئىبادەتخانا ۋە بۇتخانىلار بار، شۇنىڭدەك ۋاڭ شىنجى، جۇشى، جېڭ چېڭگۇڭ، لىن زېشۈ، چېن جياگېڭ قاتارلىقلارنىڭ تۇرالغۇلىرىنىڭ ئىزلىرى بار.



فۇجيەن ۋۇيى تېغىنىڭ مەنزىرىسى.

**جياڭشى ئۆلكىسى** جياڭشى ئۆلكىسى قىسقارتىلىپ «گەن» (赣) دەپ ئاتىلىدۇ. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۆلكە مەركىزى نەنچاڭ، چاڭجياڭنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقانلىقتىن مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. مەزكۇر ئۆلكە تاڭ دەۋرىدە جياڭنەن غەربىي ئۆلكىسىگە قاراشلىق بولغان، كېيىنچە جياڭشى تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان، بۇنىڭ بىلەن جياڭشى دېگەن بۇ نام قوللىنىلىشقا باشلانغان. سۇڭ سۇلالىسىدە جياڭنەن غەربىي مەمۇرىي رايونى تەسىس قىلىنىپ، جياڭشى مەمۇرىي رايونى دەپ ئاتالغان. يۈەن سۇلالىسىدە جياڭشى ئۆلكىسى تەسىس قىلىنغان. مىڭ سۇلالىسىدىمۇ جياڭشى ئۆلكىسى تەسىس قىلىنىپ كېيىنچە جياڭشى پەرمانبەردار مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. چىڭ سۇلالىسىدە جياڭشى ئۆلكىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۆلكە نامى تاكى بۈگۈنگىچە ئۆزگەرتىلمەي كەلدى. مەزكۇر ئۆلكىنىڭ يەر مەيدانى 170 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 44 مىليون 570 مىڭ (2008) غا يېتىدۇ، خەنزۇ، خۇيزۇ، مياۋزۇ، شېزۇ، ياۋزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ يەر شەكلى پوياڭخۇ تۈزلەڭلىكى، ئوتتۇرا جياڭشى ئېدىرلىقى، جەنۇبىي جياڭشى ۋە شەرقىي - غەربىي چېگرادىكى تاغلىقتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، شىمالىي تەرىپى ئوچۇق ئويمانلىق يەر تۈزۈلۈشىگە ئىگە. گەنجياڭ، فۇخې، شىنجياڭ، راۋخې، شيۇشۇي قاتارلىق دەريالار پوياڭخۇ كۆلى ئارقىلىق چاڭجياڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ، پوياڭخۇ جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆلدۇر.

جياڭشىنىڭ كىلىماتى سۇبتروپىك بەلباغ نەم مۇسسۇن شامالىلىق كىلىماتقا ياتىدۇ، تۆت پەسلى ئېنىق، ياز ۋە كۈزدە قۇرغاق، قىشتا ھاۋا تۇتۇق، ئەتىيازدا سوغۇق بولىدۇ. ئەتىيازدا قارا ئۆرۈك يامغۇرى كۆپ بولىدۇ. يازدا قارا يامغۇر كۆپ بولىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 16℃تىن 20℃قىچە، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 1300 مىللىمېتىردىن 1900 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ.

جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ بايلىقى مول، مەھسۇلاتلىرى كۆپ. ئاشلىق زىرائىتى شالىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى جىئەن ئويمانلىقى ۋە پوياڭخۇ تۈزلەڭلىكىگە تارقالغان، بۇ جۇڭگونىڭ مۇھىم تاۋار ئاشلىقى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدۇر. جياڭشىنىڭ «بېلىق - گۈرۈچ يۇرتى»، پوياڭخۇنىڭ «بېلىق ئامبىرى» دېگەن نامى بار بولۇپ، يىلىغا نەچچە يۈز مىڭ كىلوگىرام بېلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. يالتىراق بېلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرا جياڭشى تاغلىقىدا ئورمانلار بۈك - باراقسان ئۆسىدۇ. ئۇ جەنۇبىي جۇڭگودىكى مۇھىم ياغاچ ماتېرىياللىرى، بامبۇك ماتېرىياللىرى، ئاپېلسىن ۋە چاي ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شيۇشۇينىڭ «نىڭخۇڭ» چېيى ۋە ۋۇيۈەننىڭ «ۋۇلۇ» چېيى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق. جياڭشى مەملىكەت بويىچە ۋولفرام، مىس قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايون بولۇپ، جەنۇبىي جياڭشىدىكى دايۈ ۋولفرام كېنىنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭقى چىققان. جياڭشىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان دېشىڭ جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ مىس ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى. جىڭدېجېن بازىرى فار - فۇر سانائىتىنى ئاساس قىلغان بازار بولۇپ، ئۇنىڭ «فار - فۇر پايتەختى» دېگەن نامى بار.

داڭلىق مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن لۇشەن تېغى، چىڭيۈنپۇ، شىجۇڭشەن تېغى، لۇڭگۇڭ غارى قاتارلىقلار بار. ئىنقىلابىي خاتىرە جايلىرىدىن جىڭگاڭشەن، رۇيجىن ۋە ئەنيۈەن قاتارلىقلار بار.

**شەندۇڭ ئۆلكىسى** شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ «كۆكتات سېۋىتى» دېگەن كاتتا نامى بار، چۈنكى ئۇ جۇڭگونىڭ مۇھىم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولۇپلا قالماستىن، يەنە بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنىڭ كۆكتات بازارلىرىنى كۆكتات بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورۇنلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

شەندۇڭ قىسقارتىلىپ «لۇ» (鲁) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆلكە مەركىزى جىنەن. مەزكۇر ئۆلكە تەيخاڭشەن تاغلىرىنىڭ شەرقىدە بولغانلىقتىن، مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. شەندۇڭ ئۆلكىسى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى بوخەي دېڭىزى بىلەن سېرىق دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. شەندۇڭ يېرىم ئارىلى بىلەن لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى ئۇدۇلمۇئۇدۇل قارىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بوخەي قولتۇقىنى قورشاپ تۇرىدۇ. يەر كۆلىمى 160 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر شەكلى تۈزلەڭلىك ۋە ئېدىرلىقلارنى ئاساس قىلىدۇ. ئوتتۇرا قىسمى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تاغلىق، شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسمى سەل - پەل ئېگىز - پەس كەلگەن ئېدىرلىق، شىمالىي ۋە غەربىي شىمال قىسمى شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت. نوپۇسى 92 مىليون 820 مىڭ (2008) غا يېتىدۇ.

شەندۇڭنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ يېرىم نەم مۇسسۇن شامالىلىق كىلىماتقا ياتىدۇ، كىلىماتى ئىللىق، تۆت پەسلى ئېنىق. شەندۇڭ يېرىم ئارىلىنىڭ 3000 كىلومېتىردىن ئارتۇق دېڭىز قىرغاق لىنىيەسى بار بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق دېڭىز قىرغاق لىنىيەسىنىڭ 1/6نى ئىگىلەيدۇ، مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، قىرغاققا يېقىن دېڭىز رايونى 170 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇ پۈتۈن ئۆلكىنىڭ قۇرۇقلۇق يەر مەيدانىدىن سەل چوڭراق كېلى-



شەندۇڭ يېرىم ئارىلىدىكى ئېدىرلىقتا بىر نەزەر.

دۇ. دېڭىز ياقىسىدىكى سۇ رايونىدا كۆپ خىل دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە پىراۋن، يەلپۈگۈچسىمان قۇلۇلە، سەدەپ، موردىنا ئوتى، دېڭىز كىرپىسى قاتارلىق قىممەتلىك دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ قېزىلما بايلىقلىرى مول بولۇپ، 140 خىلدىن ئارتۇق قېزىلما بايلىق بايقالدى. ئۇ جۇڭگونىڭ مۇھىم ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولۇپ، ئالتۇن مەھسۇلاتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 1/4 ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. خام نېفىت مەھسۇلاتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ نېفىت ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ تەخمىنەن 1/3 نى ئىگىلەيدۇ. غالىبىيەت نېفىتلىكى جۇڭگونىڭ مەشھۇر چوڭ نېفىتلىكىدۇر. يەنجۇ كۆمۈر كانى مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ كۆمۈر بازىسىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

شەندۇڭ ئۆلكىسى مەشھۇر مېۋە – چېۋە ماكانى، بولۇپمۇ يەنتەينىڭ ئالمىسى، لەيياڭنىڭ نەشپۈتى ئەڭ داڭلىق. شەندۇڭنىڭ چوڭ يەر ياڭىقى، لۇڭشەن تېرىقى، لەيۇۋ زەنجىۋىلى، ساڭشەن سامسىقى قاتارلىقلارمۇ شەندۇڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ قاتنىشى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بېيجىڭ – شاڭخەي تۆمۈر يولى، بېيجىڭ – جيۇلۇڭ تۆمۈريولى ئۆلكىنى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتىدۇ، چىڭداۋ – جىنەن تۆمۈريولى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدۇ، چىڭداۋ پورتى جۇڭگونىڭ دېڭىز بويىدىكى بەش چوڭ پورتىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يەنتەي پورتى، رىجاۋ پورتى، لۇڭكۇ پورتى يەرلىك پورتلاردۇر.

جىنەن شەھىرى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، مەشھۇر تارىخ – مەدەنىيەت شەھىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇلاقلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، بۇ شەھەر «بۇلاق شەھىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**خېنەن ئۆلكىسى** خېنەن ئۆلكىسى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا – تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بولغانلىقتىن مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇ 2000 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا جۇڭگودىكى توققۇز ئايماقنىڭ مەركىزى بولغان يۇجۇ ئايمىقى بولغانلىقتىن، قىسقارتىلىپ «يۇ» (豫) دەپ ئاتالغان ھەمدە يەنە «ئوتتۇرا ئايماق»، «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك» دېگەن ناملىرىمۇ بار. ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە خېنەن جۇڭگونىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىدا باشتىن – ئاخىر مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن. ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ 10 نەچچە سۇلالە پايتەختىنى خېنەندە قۇرغان ياكى يۆتكەپ كەلگەن، جۇڭگودىكى يەتتە چوڭ قەدىمىي پايتەختنىڭ ئۈچىسى (لوياڭ، كەيفېڭ، ئەنياڭ) خېنەنگە جايلاشقان.



خېنەن لوياڭدىكى لۇڭمېن غارىدىكى فېڭشيەن ئىبادەتخانىسى. (سۈرەتنى يىن خېشيەن تارتقان)

خېنەن ئۆلكىسىنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 170 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نوپۇسى 102 مىليون (2008) غا يېتىدۇ. ئۆلكە مەركىزى جېڭجۇ. ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدا تەيخاڭشەن تاغلىقى، غەربىي قىسمىدا غەربىي خېنەن تاغلىقى، جەنۇبىي قىسمىدا تۇڭبەيشەن تاغلىرى، دابيېشەن تاغلىقى، شەرقىي قىسمىدا خۇاڭخې، خۇەيخې دەريالىرى تىنما تۈزلەڭلىكى، غەربىي جەنۇبىدا نەنياڭ ئويمانلىقى بار. كلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ – سۇبتروپىك بەلباغ مۇسسۇن شاماللىق كلىماتقا ياتىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 12℃ تىن 16℃ قىچە، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل – يېغىن مىقدارى 500 مىللىمېتىردىن 1000 مىللىمېتىرغىچە كېلىدۇ.

قېزىلما بايلىقلىرى مول. مولىبدېن، ئاليۇمىن، ئالتۇن، تەبىئىي شۇلتا زاپىسى مول بولۇپ، سۆيىتى ياخشى. كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە ئورمان بايلىقى مەملىكەت بويىچە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاساسلىق سانائەتلىرىدىن كۆمۈر، يېمەكلىك، توقۇمىچىلىق سانائىتى قاتارلىقلار بار. خېنەننىڭ يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇغداي، قورۇ-

www.uyghurkitap.com

تۇلغان كۆك تاماكا ۋە كونجۇتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. قۇرۇتۇلغان كۆك تاماكىسىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى تاماكا سانائىتىنىڭ ئاساسلىق خام ئەشيا بازىسىدۇر.

خېنەننىڭ داڭلىق ئاسارىئەتىقىلىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن لوياڭنىڭ ئاق ئات ئىبادەتخانىسى، لۇڭمېن غارى (مىڭئۆي)، كەيفېڭ تۆمۈر مۇنارى، ئەنياڭدىكى يىن خارابىسى، گوڭيىدىكى سۇڭ مەقبەرىسى، دېڭفېڭدىكى سۇڭشەن تېغى، شياۋلىن ئىبادەتخانىسى، نەنياڭدىكى ۋۇلۇڭگاڭ دۆڭلۈكى قاتارلىقلار بار.

**خۇبېي ئۆلكىسى** خۇبېي چۇ مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، پارلاق چۇ مەدەنىيىتى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ نامىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا چىقارغان. خەنجۇ، چۇجۇ تىياتىرلىرى خۇبېينىڭ يەرلىك تىياتىرلىرىدۇر. خۇاڭمېي ناھىيەسىنىڭ چاي يىغىش ئەلنەغمىسى، خۇبېينىڭ چوڭ دۇمبىقى، ۋۇخەن سېرىكى قاتارلىقلارنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا نامى بار.

خۇبېي ئۆلكىسى جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى دۇڭتىڭخۇ كۆلىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، شۇڭا بۇ ئۆلكە خۇبېي دەپ ئاتالغان. ئۆلكە مەركىزى ۋۇخەن. قىسقارتىلما نامى «ئې» (鄂). يەر كۆلىمى 190 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 60 مىليون 380 مىڭ (2008) غا يېتىدۇ.

خۇبېينىڭ يەر شەكلى ئاساسىي جەھەتتىن شەرق، غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرىنى تاغلار قورشاپ تۇرغان، ئوتتۇرىسى پەس ھەم تەكشى كەلگەن، جەنۇبىي تەرەپكە قاراپ ئوچۇقراق ھالەتتە تۇرغان تولۇق بولمىغان ئويمانلىقتىن ئىبارەت. غەرب، شىمال، شەرق ئۈچ تەرىپىنى ۋۇلىڭشەن، ۋۇشەن، داباشەن، ۋۇداڭشەن، تۇڭبەيشەن، دابيېشەن، مۇفۇشەن قاتارلىق تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. چاڭجياڭ، خەنشۈي دەريالىرىنى غول ئېقىن قىلغان سۇ سىستېمىسى بار بولۇپ، دەريا ئېقىنلىرى چەمبەرچاس كېسىشىپ تۇرىدۇ. كۆللەر ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك سانجاق - سانجاق تارقالغان بولۇپ، «مىڭلىغان كۆللىرى بار ئۆلكە» دېگەن نامى بار. كىلىماتى سۇبتروپىك بەلباغ مۇسسۇن شاماللىق كىلىماتقا مەنسۇپ بولۇپ، قىشلىقى سوغۇق، يازلىقى ئىسسىق بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 13℃تىن 18℃قىچە، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 800 مىللىمېتىردىن 1600 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ.

خۇبېي ئىزچىل تۈردە جۇڭگونىڭ ئىچكىرى رايونىدىكى سانائەتنى نۇقتىلىق قۇرۇۋاتقان ئۆلكىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مېتاللورگىيە، ماشىنىسازلىق، ئېلېكتىر كۈچى، كۆمۈر، توقۇمىچىلىق، قەغەز ياساش قاتارلىق سانائەتلىرى بار. خۇبېي يەنە جۇڭگونىڭ مۇھىم تاۋار ئاشلىقى، پاختا، مايلىق دان، چوشقا، سۇ مەھسۇلاتلىرى، قۇش - تۇخۇم قاتارلىقلارنى ئۇنۋېرسال ئىشلەپچىقىرىدىغان بازىسى ۋە ئورمان ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بازىسىدۇر. ئاساسلىق زىرائەتلىرى جياڭخەن تۈزلەڭلىكىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، «بېلىق ۋە گۈرۈچ ماكانى» دېگەن نامى بار.

خۇبېينىڭ قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، بېيجىڭ - گۇاڭجۇ، جياۋزو - جىچېڭ، شياڭفەن - چۇڭچىڭ، ۋۇخەن - دەنجياڭكۇ، جىچېڭ - ليۇجۇ قاتارلىق تۆمۈريوللار بار. مەزكۇر ئۆلكىنىڭ تاشيول ۋە سۇ ترانسپورتىمۇ تەرەققىي قىلغان. كۆپلىگەن دۆلەت دەرىجىلىك تاشيول ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللار تاشيول تورىنى ھاسىل قىلغان. چاڭجياڭ، خەنجياڭ دەريالىرى بىلەن بېيجىڭ - گۇاڭجۇ تۆمۈريولى ۋۇخەن شەھىرىدە كېسىشىپ، ئۇنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق قاتناش تۈگۈنىگە ئايلاندۇرغان.

ساياھەت بايلىقى مول بولۇپ، چاڭجياڭ سەنشيا بوغۇزى، تەرىقەت دىنىنىڭ داڭلىق تېغى ۋۇداڭشەن تېغى، شېننۇڭجيا، شۇنىڭدەك چاڭجياڭ قەدىمىي ئادىمىنىڭ خارابىسى، چۇجيالىڭ مەدەنىيىتى خارابىسى، قەدىمكى ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ مەشھۇر جايلىرى ۋە چۇ بەگلىكى پايتەختىنىڭ خارابىسى بولغان «جىنەنچېڭ شەھىرى» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان گۈزەل تاغ - دەريالىرى بىلەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەم ئاسارىئەتىقىلەر تەڭ ھازىرلانغان ساياھەت مەنزىرىلىرى بار.

**ۋۇداڭشەن تېغى** ۋۇداڭشەن تېغى جۇڭگودىكى مەشھۇر تاغ، تەرىقەت دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى، داڭلىق مەنزىرىلىك رايون بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە تەيخېشەن تېغى دېگەن نامىمۇ بار. ئۇ چىنلىڭ، داباشەن تاغلىرىنىڭ شەرققە سوزۇلغان قىسمى بولۇپ، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا، خەنجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ئۇ شىيەن شەھىرى، فاڭشيەن ناھىيەسى، دەنجياڭكۇ شەھىرى ۋە گۇچېڭ ناھىيەلىرى ئارىلىقىدا ئېگىز - پەس ھالەتتە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى بولغان تيەنجۇ چوققىسى دەنجياڭكۇ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1621 مېتىر كېلىدۇ.

ۋۇداڭشەن تېغىدا يەنە زور كۆلەمدىكى تەرىقەت دىنى قۇرۇلۇشلىرى توپى ۋە نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسارىئەتىقىلەر ساقلانغان. قەدىمكى قۇرۇلۇشلار توپى ئاساسىي چوققىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆپرەكى قەدىمكى شەرقىي ئىلاھلار يولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە مەركەزلەشكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىللىرىدا بەش ئەجدىھا ئىبادەتخانىسى مۇشۇ جايغا سېلىنغان. سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىرىدە

www.uyghurkitap.com

قۇرۇلۇشلار كۆپەيگەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې يىللىرىدا كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش قىلىنىپ، 33 ھەشەمەتلىك تەرىقەت دىنى ساڭرامى قۇرۇلۇش توپى، 39 كۆۋرۈك، 12 شىپاڭ ۋە سۇپا سېلىنغان ھەمدە «ئىلاھلار يولى» تاشتىن قوپۇرۇلۇپ چىقىلغان، قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كىۋادرات مېتىرغا يەتكەن. 20 مىڭ ئېگىز تەرىقەت دىنى ساڭرامى قۇرۇلۇشى 70 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان. تيەنجۇ چوققىسىغا سېلىنغان مېتال قەسىر (يەنە ئالتۇن چوققا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تۆت تەرىپى تىك، ئۆگزىسى توققۇز قىرلىق قەسىر بولۇپ، مىستىن قويۇپ ئالتۇندىن ھەل بەرگەن قۇرۇلما دېتاللىرىنى پەرچىنلەپ، تۇرۇملۇق تۇتاشتۇرۇپ ۋە كەپشەرلەپ ياساپ چىقىلغان، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 90 توننا بولۇپ، جۇڭگودا ھازىر بار بولغان مىستىن ياسالغان ئەڭ چوڭ قۇرۇلۇشتۇر.

**خۇنەن ئۆلكىسى** خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ پەرەڭگۈل (نېلۇپەر) يۇرتى دېگەن نامى بار. شىمالىي تەرىپى چاڭجياڭ دەرياسىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى گۇاڭدۇڭ بىلەن چېگرالىنىدۇ، ئورنى دۇڭتىڭخۇ كۆلىنىڭ جەنۇبىدا بولغانلىقتىن، «خۇنەن» دەپ ئاتالغان. شياڭجياڭ دەرياسى بۇ ئۆلكىنى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتكەنلىكتىن، قىسقارتىلىپ «شياڭ» (湘) دەپ ئاتالغان. يەر كۆلىمى تەخمىنەن 210 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نوپۇسى 68 مىليون 10 مىڭ (2008) غا يېتىدۇ. ئۆلكە مەركىزى چاڭشا. خۇنەن ئۆلكىسى شەرق، جەنۇب، غەرب تەرەپلىرى تاغلىق ۋە ئېدىرلىق، ئوتتۇرا قىسمى سەل پەسرەك كەلگەن، دۇڭتىڭخۇ كۆلىنى مەركەز قىلغان تاقسىمان ئويمانلىقتۇر. غەربىي خۇنەندە ۋۇلىڭشەن، شۆفېڭشەن تاغلىرى بار، جەنۇبىدا نەنلىڭ تاغلىقى بار، بۇ تاغلارنىڭ ئارىلىقىغا نۇرغۇنلىغان تاغ ئۆتكەللىرى ۋە كارىدورلار گىرەلەشىپ جايلاشقان بولۇپ، بۇ جاي قەدىمدىن تارتىپلا مۇھىم قاتناش يولى، شۇنداقلا قىشلىق ۋە يازلىق مۇسسۇن شامىلى ئۆتىدىغان يول بولۇپ كەلگەن. نەنلىڭ تاغلىرىدا قېزىلما بايلىقلار مول بولۇپ، «رەڭلىك مېتاللار ماكانى» دېگەن نامى بار.

خۇنەننىڭ كىلىماتى سۇبتروپىك بەلباغ نەم مۇسسۇن شامالىلىق كىلىماتقا ياتىدۇ. ئەتىيازلىقى تېمپېراتۇرا كۆپ ئۆزگىرىدۇ، يازدا ئىسسىق ئۇزۇن بولىدۇ، كۈزدە ھاۋا ئوچۇق ۋە ئىللىق، قىشتا سوغۇق قىسقا بولىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 16℃تىن 18℃قىچە بولىدۇ.

خۇنەننىڭ تاغ ـ دەريالىرى گۈزەل، ئاسارئەتىقىلىرى كۆپ، ساياھەت بايلىقى مول. تارىخىي مەدەنىيەت مەشھۇر شەھىرى چاڭشا ۋە ماۋاڭدۇيىدىكى خەن دەۋرىگە ئائىت قەبرىدىن قېزىپ ئېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، يۆياڭدىكى دۇڭتىڭخۇ كۆلى ۋە يۆياڭ راۋىقى، جەنۇبىي چوڭ تاغ، چاڭدېدىكى تاۋخۇايۈەن، جۇجۇدىكى يەندى مەقبەرىسى، نىڭيۈەندىكى جيۇيىشەن تېغى ۋە شۇندى مەقبەرىسى، شىمېندىكى جياشەن ئىبادەتخانىسى ۋە چۇاڭ ۋاڭ مەقبەرىسى، لىنجۇدىكى سۇشيەنلىڭ، لۇدىدىكى مېيجياڭ دەرياسى، شاۋشەندىكى ماۋ زېدۇڭنىڭ كونا تۇرالغۇسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى داڭلىق. جاڭجياجيې دۆلەتلىك ئورمان باغچىسى «دۇنيا مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى. غەربىي خۇنەندە ياشاۋاتقان تۇجيازۇ، مياۋزۇ، دۇڭزۇ، ياۋزۇ، بەيزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشقا ماھىر بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئۆزگىچە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغان. غەربىي خۇنەندىكى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر ساياھەت بايلىقى غايەت زور ئېچىش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە.

خۇنەننىڭ مەھسۇلاتلىرى مول بولۇپ، ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىلىرىدىن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق خۇنەن كەشتىسى ۋە نەپىس ياسالغان لىيۇياڭ بارسىلىدىقى (پوجاڭزىسى) قاتارلىقلار بار. ئۆزگىچە تەملىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن جۈنشەن يىنجېن چېيى، خۇنەن نىلۇپەرى، دۇڭتىڭ كۆمۈش بېلىقى، جياڭيۇغا چىلاپ قىزىتىپ پىشۇرۇلغان ئۇزۇن ئۈمۈر كۆرۈش مەززىلىك پۇرچاق ئۈيۈتمىسى، سۇڭخۇا ھاك بىلەن پىشۇرۇلغان تۇخۇمى قاتارلىقلارنىڭ داڭقى بار.

**گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى** گۇاڭدۇڭ جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىغا جايلاشقان بولۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە يېقىن. گۇاڭدۇڭنىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك ئورنى قەدىمدىن تارتىپ ئۇنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان كۆزنەككە ئايلاندۇرغان.

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ قىسقارتىلما نامى «يۆ» (粤)، ئۆلكە مەركىزى گۇاڭجۇ. يەر كۆلىمى تەخمىنەن 180 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 80 مىليون 490 مىڭ (2008) غا يېتىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتە شىمالىي تەرىپى ئېگىز، جەنۇبىي تەرىپى پەس بولۇپ، تاغلىق ۋە ئېدىرلىقلارنى ئاساس قىلىدۇ. لوفۇشەن، جيۇلىيەنشەن، يۈنكەيداشەن قاتارلىق تاغلىرى بار. دېڭىز ياقىسى ئەتراپىدا تار ۋە كىچىك تۈزلەڭلىكى بار. جۇجياڭ دەرياسى دېلتىسى ناھايىتى مەشھۇر. دېڭىز قىرغىقى ئەگرى ـ بۈگرى بولۇپ، ئوبدان پورت ۋە دېڭىز قولتۇقلىرى كۆپ، ئاساسلىق دەريالىرىدىن جۇجياڭ دەرياسى بار. كىلىماتى سۇبتروپىك ۋە تىروپىك بەلباغ مۇسسۇن شامالىلىق كىلىماتقا تەۋە. تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، يامغۇرى كۆپ، ياز ۋە كۈز پەسلىدە تىروپىك سىكلونى ۋە تەيفېڭ بورىنى كۆپ بولىدۇ. كۆپىنچە رايونلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 19℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 1300 مىللىمېتىردىن 2000 مىل-



گۇاڭجۇ جۇجياڭ دەرياسىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى.

لىمپىتىرغىچە بولىدۇ.

گۇاڭدۇڭ جۇڭگونىڭ ئاساسلىق گۈرۈچ ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ بىرى. ئىقتىسادىي زىرائەتلىرىدىن شېكەر قومۇش، پىلە باقىدىغان ئۈجمە دەرىخى قاتارلىقلار بار، شېكەر قومۇشنىڭ مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. گۇاڭدۇڭ جۇڭگونىڭ تىروپىك ۋە سۇبتىروپىك بەلباغ مېۋىلىرى بازىسى بولۇپ، ئاپېلسىن، بانان، ئاناناس، لىجى قاتارلىقلار ۋۇلىڭ تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆت چوڭ ئېسىل مېۋە ھېسابلىنىدۇ. جۇجياڭ دەرياسى دېلتىسى جەنۇبىي جۇڭگودىكى يېنىك سانائەت بازىسىدۇر.

تۆمۈريوللاردىن بېيجىڭ - گۇاڭجۇ، گۇاڭجۇ - جيۇلۇڭ، گۇاڭجۇ - سەنشۈي، لىتاڭ - جيەنجياڭ تۆمۈر يولى قاتارلىقلار بار. ئىچكى دەريا تىرانسپورتى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. جۇجياڭ سۇ سىستېمىسى مەزكۇر ئۆلكىدىكى يېرىمدىن كۆپرەك رايونلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. دېڭىز - ئوكيان تىرانسپورتىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، چوڭ - كىچىك پورتلاردىن 10 نەچچىسى بار. ئاساسلىق پورتلاردىن خۇاڭپۇ، گۇاڭجۇ، شەنتۇ، جېنجياڭ، شېنجېن قاتارلىقلار بار. يىراق ئوكيان تىرانسپورتى بەش قىتئەدىكى 100 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايوننى قاپلايدۇ.

داڭلىق ئاسارئەتىقە مەشھۇر جايلىرىدىن ئاساسلىقى لوفۇ، شىچياۋ، دەنشيا، دىڭخۇدىن ئىبارەت تۆت مەشھۇر تاغ، گۇاڭشياۋ، نەنخۇا، كەييۈەن، چىڭيۈندىن ئىبارەت تۆت مەشھۇر ئىبادەتخانا بار، يەنە شىڭخۇ كۆلى، خۇمىن بازىرى، سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ تۇرالغۇسى، جۇڭشەن خاتىرە سارىيى، خۇاڭخۇاگاڭ 72 ئىنقىلابىي قەھرىمانلار قەبرىستانلىقى، گۇاڭجۇ قوزغىلىڭى قۇربانلار قەبرىستانلىقى، گۇاڭجۇ دېھقانلار ھەرىكىتى كۇرسىنىڭ كونا ئورنى قاتارلىقلار بار.

## گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى

گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتوم رايونى جۇڭگونىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە گۈيلىن ۋىلايىتىگە قاراشلىق يەر بولغانلىقتىن، قىسقارتىلىپ «گۈي» (桂) دەپ ئاتالغان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 240 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى بېيبۇ قولتۇقىغا (شىمالىي قولتۇققا) يانداش تۇرىدۇ، غەربىي جەنۇبى ۋېيتنام بىلەن چېگرالىنىدۇ. 637 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى دۆلەت چېگراسى ۋە 1695 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسى بار بولۇپ، ئۇ جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ماددىي ئەشيالارنى ئېكسپورت - ئىمپورت قىلىدىغان مۇھىم ئۆتكىلىدۇر.

گۇاڭشىنىڭ نوپۇسى 49 مىليون 740 مىڭ (2008) بولۇپ، جۇاڭزۇلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونوم رايونى، شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەڭ كۆپ ئۆلكە (رايون) لەرنىڭ بىرى، مەركىزى نەننىڭ.

گۇاڭشىنىڭ يەر شەكلى تاغلىق يەرلەرنى ئاساسىي قىلىدۇ. گۇاڭشىنىڭ ئومۇمىي گېئومورفولوگىيەلىك ھالىتى «سەككىز ئۈلۈش تاغ، بىر ئۈلۈش سۇ، بىر ئۈلۈش ئېتىزلىق» بولۇپ، پەس تاغلىق، ئېدىرلىق گۇاڭشىنىڭ يەر شەكلى ئالاھىدىلىكىدۇر. تۇزلەڭلىكلەر تارقاق جايلاشقان، كارست يەر شەكلى كەڭ تارقالغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ كارستلىق يەر شەكلى كەڭ تارقالغان تىپىك رايونلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا شەكىللەنگەن ئۆزگىچە مەنزىرىلەر ئاپتونوم رايوننىڭ قىممەتلىك ساياھەت بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە گۈيلىن، ياڭشۇ ئەتراپلىرى ئەڭ تىپىك بولۇپ، ياپيېشىل تاغلىرى، كۆركەم سۇلىرى، ئاجايىپ غارلىرى، گۈزەل تاشلىرى دۇنياغا داڭلىق.

گۇاڭشى سۇبتىروپىك بەلباغنىڭ نەم مۇسسۇن شامال كىلىماتلىق رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، كىلىماتى ئىللىق، قۇياش نۇرى يېتەرلىك، يامغۇر مىقدارى مول، ياز ئۇزۇن ھەم قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، قىشتا بەزىدە توساتتىن سوغۇق بولىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 17℃ تىن 23℃ قىچە بولىدۇ.

گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدا 900 دىن كۆپ دەريا بار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە دەريا ئېقىنلىرىنىڭ زىچلىقى يۇقىرىراق رايوندۇر. ئاساسلىق دەريالاردىن قىزىلسۇ دەرياسى، ليۇجياڭ، يۇجياڭ، گۈيجياڭ، شۇنجياڭ، زوجياڭ، يۇجياڭ قاتارلىقلار بار. لىجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بىلەن شياڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا چىن دەۋرىدە قېزىلغان لىڭچۇ ئۆستىڭى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ تارىختا چاڭجياڭ سۇ سىستېمىسى بىلەن جۇجياڭ

www.uyghurkitap.com

سۇ سىستېمىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم قانال ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، يەر ئاستى دەريالىرىنىڭ سانى كۆپ، كۆلىمى چوڭ، سۇ مىقدارى مول.

گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى يەنە ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە ئورمان زىرائەتلىرىنى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مول كۆمۈر، تۆمۈر بايلىقى زاپىسى سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. سانائىتى ئاساسلىقى پولات ـ تۆمۈر، ماشىنىسازلىق، سېمونت، توقۇمىچىلىق، قەغەز ياساش، ئۇن ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېپەكچىلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاساسلىق رايونلۇق ئىقتىسادىي زىرائىتى شېكەر قومۇش بولۇپ، يەنە مېۋە ـ چىۋە ۋە ئۆي قۇشلىرى كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، بۇلاردىن باشقا يەنە بېلىقچىلىقمۇ بار.

**گۈيلىننىڭ تاغ ـ دەريالىرى** گۈيلىن رايونى تىپىك كارستلىق يەر شەكلى رايونىدۇر. بۇ جاي كارستلىق غارلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تاغ چوققىلىرىنىڭ غەلىتىلىكى، يەر ئاستى دەريالىرىنىڭ يېتىلىشى، يەر ئۈستىدە دەريا سۇلىرىنىڭ سۈزۈكلۈكى، تاغ ۋە سۇلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلىشىشى بىلەن زاھىر بولغان ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك لاندشافتى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. گۈيلىندىكى كارستلىق غارلاردىن يەنە چىشىڭيەن غارى بىلەن لۇدىيەن غارى ئەڭ داڭلىق. گۈيلىندىن كېمىگە ئولتۇرۇپ لىجياڭ دەرياسىنىڭ ئېقىنىنى بويلاپ ماڭسىڭىز، ياڭشوغىچە بولغان يول ئۈستىدە زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ ۋە ياپېشىل، ئاجايىپ كۆركەم چوققىلاردىن ھاسىل بولغان گۈزەل لىجياڭ دەرياسى مەنزىرىسىنى كۆرەلەيسىز.

**خەينەن ئۆلكىسى** خەينەن ئۆلكىسى جۇڭگونىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى ئۆلكە بولۇپ، ئۆلكە نامى خەينەن ئارىلىنىڭ نامىدىن كەلگەن. بۇ جاي سېھىرلىك تۈس ئالغان بولۇپ، ئەزەلدىن «ئالەمنىڭ ئۇچېتى» دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن. خەينەن ئۆلكىسى خەينەن ئارىلى، شۇنىڭدەك شىشا تاقىم ئاراللىرى، جۇڭشا تاقىم ئاراللىرى، نەنشا تاقىم ئاراللىرى قاتارلىق ئارال ۋە يوشۇرۇن خادا تاشلار ھەم ئەتراپىدىكى جەنۇبىي دېڭىز رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەر كۆلىمى 34 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز رايونىنىڭ كۆلىمى 2 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، قىسقارتىلما نامى «چيۇڭ» (琼)، ئۆلكە مەركىزى خەيكۇ بولۇپ، نوپۇسى 8 مىليون 330 مىڭ (2008) غا يېتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەردىن لى، مياۋزۇ، خۇيزۇ قاتارلىقلار بار.



خەينەن ئارىلىدىكى كوكوسزارلىقنىڭ ئەتىگەنلىك مەنزىرىسى.

خەينەن ئارىلىنىڭ يەر شەكلى مەركىزىي قىسمى ئېگىز، ئەتراپى پەس، ھالقىسىمان قۇرۇلمىغا ئىگە. ۋۇجىشەن تېغىنىڭ ئاساسلىق چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1867 مېتىر بولۇپ، خەينەن ئارىلىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا، شۇنداقلا خەينەن ئارىلىنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. ۋۇجىشەننى مەركەز قىلغان ھالدا، ئەتراپىغا قاراپ تاغلىق، ئېدىرلىق، پەلەمپەيسىمان (تېرراسا)، دېڭىز ساھىلى تۈزلەڭلىكى تەرتىپى بويىچە تۆۋەنلەپ بارىدۇ. ئاساسلىق دەريالاردىن نەندۇ دەرياسى، چاڭخۇا دەرياسى ۋە ۋەنچۈەن دەرياسى بار. ئۆلكە بويىچە تېمپېراتۇرا يۇقىرى، يامغۇر كۆپ بولىدۇ، ياز پەسلى ئۇزۇن بولۇپ، قىش پەسلى بولمايدۇ، كىلىماتى تىروپىك بەلباغ كىلىماتىغا ياتىدۇ، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 1500 مىللىمېتىردىن 2600 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. ياز ۋە كۈزدە تىروپىك سىكلونى ۋە تەيفېڭ بورىنى كۆپ يۈز بېرىدۇ.

خەينەننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغلىق جايلار تىروپىك بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىرى ۋە مۇسسۇن شاماللىق يامغۇرلۇق ئورمانلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىپتىدائىي ئورمانلىق رايونىدۇر. پۈتكۈل ئارالدىكى بايلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى 2900 دىن ئاشىدۇ، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 2500 خىلدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، دورىلار قامۇسىغا كىرگۈزۈلگىنى 500 تۈردىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە راككا قارشى ئۆسۈملۈكلەردىن 317



لىجياڭ دەرياسى بويىدىكى جيۇماخۇاشەن مەنزىرىسى.

تۈرى بار. خېنەننىڭ «تەبىئىي دورا
ئامبىرى» دېگەن نامى بار. خېنەننىڭ
ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى
51% كە يېتىدۇ. دېڭىز بويىدىكى
تۈزلەڭلىك بىلەن ئوتتۇرا قىسمىدى-
كى تاغلىق ئارىلىقىدىكى پەلەمپەي-
سىمان يەرلەردە كۆپىنچە تىروپىك
بەلباغ ئىقتىسادىي زىرائەت رايونلىرى
ئېچىلغان. خېنەندىن كاۋچۇك، شې-
كەر قومۇش، كوكۇس، قەھۋە، قارى-
مۇچ، سىپارى قاتارلىق تىروپىك
بەلباغ زىرائەتلىرى كۆپ چىقىدۇ.
ئۇنىڭ «تەبىئىي پارنىك، تىروپىك
مېۋىلىرى باغچىسى» دېگەن كاتتا نا-
مى بار.

خېنەننىڭ قېزىلما بايلىقلىرى
مول، ئېنىقلانغان سانائەت قېزىلما
بايلىقلىرىنىڭ تۈرى 67 خىلغا يې-
تىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر، تىتان،
خىرۇستال، ياقۇت، زىركونىي،
كىۋارتىس قۇم قاتارلىقلارنىڭ زاپى-
سى مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا
تۇرىدۇ. شىلۇ تېغىدىكى تۆمۈر كانى
بىلەن يىڭگېخەي نېفىت - تەبىئىي
گازلىقىنىڭ ئېچىش قىممىتى ئەڭ
يۇقىرى. خېنەن ئارىلىنىڭ غەربىي
جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىنىڭ دېڭىز
ساھىلى تۈز، قۇياش نۇرى يېتەرلىك،
پارغا ئايلىنىش مىقدارى كۆپ بولۇپ،
تۇزچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان
ئوبدان جاي ھېسابلىنىدۇ. داڭلىق
مەنزىرىلىك جايلاردىن تيەنياخەيجياۋ،
لۇخۇيتۇ، ۋۇجىشەن تېغى، جەنۇبىي
قولتۇق مايمۇن ئارىلى، شىڭلۇڭ ئا-
رىلى، ۋۇگۇڭ ئىبادەتخانىسى، خەيرۇي
قەبرىسى، دۇڭشەن قەبرىسى، دېڭىز
تېگى ئورمانلىقى قاتارلىقلار بار.
1992 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ
ھەر يىلى خەلقئارالىق كوكۇس بايرى-
مى ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ.

**چۇڭچىڭ شەھىرى** 1997 - يىل
3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى 8 - نۆۋەتـ-
لىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - قې-
تىملىق يىغىنىدا چۇڭچىڭ شەھىرى-
نى جۇڭگودىكى بېيجىڭ، شاڭخەي،
تيەنجىندىن كېيىنكى تۆتىنچى بىۋا-
ستە قاراشلىق شەھەر قىلىش تەس-
تىقلاندى. ئۇ غەربىي رايوندىكى بىر-
دىنبىر بىۋاستە قاراشلىق شەھەر-
دۇر.

چۇڭچىڭ شەھىرى جۇڭگونىڭ
غەربىي جەنۇب قىسمىغا، چاڭجياڭ
دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا
جايلاشقان بولۇپ، ئۇزاق تارىخ ۋە مە-
دەنىيەتكە ئىگە مەشھۇر شەھەردۇر.
بۇنىڭدىن 20 نەچچە مىڭ يىل ئىل-
گىرىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىدىلا
بۇ زېمىندا ئىنسانلار ياشاپ كۆپەيگە-
ن. سۇڭ شياۋزۇڭنىڭ چۇنشى
16 - يىلى (1189 - يىلى) شاھزادە
جاۋدۇن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ
بىرىنچى ئايدا گۇڭجۇ ئايمىقىنىڭ
بېگلىكىگە تەيىنلەنگەن، ئىككىنچى
ئايدا خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان،
شاھزادە بۇنى «قوش خۇشاللىق» دەپ
قاراپ، گۇڭجۇ ئايمىقىنىڭ دەرىجە-
سىنى كۆتۈرۈپ، چۇڭچىڭ مەھكى-
مىسىگە ئۆزگەرتكەن. چۇڭچىڭ دېگەن
بۇ نامنىڭ قويۇلغىنىغا بۈگۈنگىچە
800 يىلدىن ئاشتى. بۇ شەھەرنىڭ
يەر كۆلىمى 82 مىڭ كىۋادرات كى-
لومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 31 مىليون
990 مىڭ (2008) غا يېتىدۇ. مياۋ-
زۇ، تۇجيازۇ قاتارلىق 50 نەچچە ئاز
سانلىق مىللەت ياشايدۇ.

جۇڭچىڭنىڭ شەھەر رايونى
چاڭجياڭ دەرياسى بىلەن جيالىڭجياڭ
دەرياسى تۇتاشقان جايغا جايلاشقان،
تۆت ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ،
دەريا سۈيى ئايلىنىپ ئاقىدۇ، شەھەر
تاغ ۋە دەريالارغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ،
يەرلىرى ئەتراپىغا قاراپ پەلەمپەيسى-
مان كۆتۈرۈلۈپ بارىدۇ. ئۇنىڭ سۇ-
لۇق شەھەر دېگەن نامى بار، يەنە تاغ-
لىق شەھەر دېگەن داڭقى بار. چۇڭ-
چىڭغا قاراشلىق رايونلار ئاساسلىقى
چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ بويلىرىغا تار-
قالغان بولۇپ، ئېدىرلىق ۋە پەس تاغ-
لىقلارنى ئاساس قىلىدۇ، دېڭىز يۈزى-
دىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 400 مې-
تىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى جەنۇب
ۋە شىمال تەرەپتىن چاڭجياڭ دەريا-
سى ۋادىسىغا قاراپ يانتۇلىشىپ با-
رىدۇ. ئېگىز - پەسلىك پەرقى
چوڭراق بولۇپ، كۆپىنچە جايلىرى
بىر تاغ، بىر چوقا، «بىر تاغ،
بىر ئوقۇر، ئىككى چوقا» ھالەت-
تىكى يەر شەكلىنى ھاسىل قىلغان.
گېئولوگىيەلىك جەھەتتە كۆپىنچە
جايلار كارستلىق يەر شەكلى تۈزۈل-
مىسىگە ئىگە بولۇپ، كارستلىق غار،
ئارشاڭ، جىلغا، ئۆتكەل قاتارلىقلار
كۆپ.

چۇڭچىڭ سۇبتروپىك بەلباغ
نەم كىلىماتلىق رايونغا جايلاشقان بو-
لۇپ، ئەتىياز بالدۇر كېلىدۇ، ھاۋا
تېمپېراتۇرىسى مۇقىم ئەمەس، ياز
پەسلى ئۇزۇن، قاتتىق ئىسسىق ۋە
تومۇز قۇرغاقچىلىقى كۆپ بولىدۇ،
كۈز پەسلى سالقىن، سىم - سىم
يامغۇرلۇق كۈنلىرى كۆپ بولىدۇ،
قىشلىقى ئىللىق بولۇپ، قار ئاز يا-
غىدۇ، كۆپ بۇلۇتلۇق ۋە تۇمانلىق
بولىدۇ. چۇڭچىڭنىڭ يىللىق ئوتتۇ-
رىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 18℃ بو-
لىدۇ. 7 -، 8 - ئايلارنىڭ ھاۋا تېم-
پېراتۇرىسى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، كۆ-
پىنچە 27℃ ~ 38℃ قىچە بولى-
دۇ. ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى
43.8℃ قا يېتىدۇ. ۋۇخەن، نەن-
جىڭ، نەنچاڭلار بىلەن بىرلىكتە
چاڭجياڭ دەريا ۋادىسىدىكى «تۆت
چوڭ ئوچاق» دەپ ئاتىلىدۇ. يامغۇر
پەسلى ياز ۋە كۈز پەسلىگە مەركەز-
لەشكەن، يىللىق ھۆل - يېغىن
مىقدارى 1000 ~ 1100 مىللىمې-
تىرغىچە بولىدۇ، بولۇپمۇ كېچىسى
يامغۇر ۋە تۇمان كۆپ بولىدۇ.

پۇتكۇل شەھەرنىڭ تەبىئىي باي-
لىقى ئىنتايىن مول. تېرىلغۇ يەر
مەيدانى 1 مىليون 612 مىڭ 800
گېكتار بولۇپ، چاڭجياڭ، جيالىڭج-
ياڭ، ۋۇجياڭ دەريالىرى بۇ شەھەرنى
توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. تەبىئىي
گاز مەھسۇلات مىقدارى پۈتۈن مەملى-
كەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.
ئۇ يەنە پىلە باقىدىغان ئۈجمە، ئاپېل-
سىن، سېرىق شاپتۇل، كۆك تاماكا،
چاي قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر-
نى ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇھىم بازا.

**سىچۈەن ئۆلكىسى** سىچۈەن دېگەن بۇ نام يىجۇ، لىجۇ، شىنجۇ، كۈيجۇدىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەتنىڭ نامىدىن كەلگەن. سىچۈەن ئۆلكىسى جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، قىسقارتىلىپ «چۈەن» (川) ياكى «شۇ» (蜀) دەپ ئاتىلىدۇ. غەربىي تەرىپى چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىگە، شەرقىي تەرىپى چاڭجياڭ دەرياسىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. شىمالىي تەرىپىدە چىنلىڭشەن تاغلىرى، جەنۇبىي تەرىپىدە يۈننەن ـ گۈيجۇ ئېگىزلىكى بار. ئۇ جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمال ۋە ئوتتۇرا جۇڭگودىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ رايوننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي تۈگۈن. زېمىنى كەڭ، مىللەتلىرى كۆپ بولۇپ، نوپۇسى 87 مىليون 230 مىڭ (2008) غا يېتىدۇ. نوپۇسىنىڭ 95.2% ى خەنزۇلار بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا 50 نەچچە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ نوپۇسى ئۆلكە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 4.8%نى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، يىزۇ، زاڭزۇ، چياڭزۇ، تۇجيازۇ، مياۋزۇ، جۇاڭزۇ قاتارلىقلار بار. يەر كۆلىمى تەخمىنەن 490 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۆلكە مەركىزى چېڭدۇ.

سىچۈەن ئۆلكىسى سۇبتروپىك بەلباغقا جايلاشقان بولۇپ، مۇرەككەپ يەر شەكلى ۋە يازلىق مۇسسۇن شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. غەربىي ۋە شەرقىي قىسمىنىڭ كىلىماتى روشەن پەرقلىنىدۇ. شەرقىي قىسمىدىكى ئويمانلىق ئوتتۇرا سۇبتروپىك بەلباغ نەم كىلىماتىغا تەۋە بولۇپ، تۆت پەسلى ئېنىق، يامغۇر مىقدارى يېتەرلىك. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 14℃ ~ 19℃ قىچە بولىدۇ. قىشتا قىرو ۋە قار ئاز چۈشىدۇ، ئەتىيازدا ئىللىق بولىدۇ، يامغۇر ئاز ياغىدۇ، سىچۈەننىڭ غەربىي جەنۇبى ئېگىز تاغ ۋە جىلغىلىق رايون بولۇپ، بۇ جاينىڭ نىسپىي ئېگىزلىك پەرقى چوڭ، كىلىماتىنىڭ ۋېرتىكال تارقىلىشى روشەن بولۇپ، سۇبتروپىك بەلباغدىن سوغۇق بەلباغقىچە بولغان ھەر خىل كىلىماتلار كۆرۈلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان تاغ چوققىلىرى يىل بويى قار ـ مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، مەنزىرىسى تاغ شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ، 10 چاقىرىم ئارىلىقتا ئوخشاش بولمىغان ھاۋارايى كۆرۈلىدۇ.



سىچۈەندىكى پەلەمپەي ئېتىزلار. (سۈرەتنى ياڭ شاۋچۈەن تارتقان)

سىچۈەن جۇڭگودىكى تاغ كۆپ ئۆلكىلەرنىڭ بىرى، ئېگىزلىك ۋە ئېدىرلىقلار پۈتۈن ئۆلكە يەر مەيدانىنىڭ تەخمىنەن 97.46% نى ئىگىلەيدۇ. سىچۈەن ئويمانلىقىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى تۈزلەڭلىك ۋە ئېدىرلىقلاردىن باشقا، كۆپ قىسىم رايونلارنىڭ ئېگىزلىك پەرقى بىردەك 500 مېتىردىن ئاشىدۇ.

سىچۈەننىڭ سانائەت تارماقلىرى بىرقەدەر تولۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پولات ـ تۆمۈر، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، تەبىئىي گاز، خىمىيە سانائىتى، ئورمانچىلىق، يىپەك توقۇمىچىلىق، قەغەز ياساش، يېمەكلىك قاتارلىق تارماقلار مەملىكەت مىقياسىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. يېزا ئىگىلىكى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى مول ۋە كۆپ خىل، ئاشلىق، ماي، يىپەك، ئاپېلسىن، چاي ۋە تۇڭگۇ دەرىخى مېيى، تىرىك چوشقا قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. قاتنىشى تۆمۈريول ۋە دەريا ترانسپورتىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۆلكىنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان سۇ ۋە قۇرۇقلۇق ترانسپورت تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ بولدى. سىچۈەن جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇب رايونىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى ئەڭ يۇقىرى رايونغا ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئارقا سەپ بازىسىغا ئايلاندى.

سىچۈەننىڭ ساياھەت بايلىقى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. دۇنيا تەبىئەت ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن جيۇجەيگو جىلغىسى، خۇاڭلۇڭ، ئېمېيشەن تېغى، لېشەن تېغى، دۇجياڭيەن توسمىسى ۋە چىڭچېڭشەن تېغى قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا، دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق داڭلىق مەنزىرىلىك رايونلاردىن يەنە گوڭگا تېغى، تۆت قىز تېغى ۋە جيەنمېن شۇداۋ يولى قاتارلىقلار بار. جۇڭگونىڭ تارىخ ـ مەدەنىيەت مەشھۇر شەھەرلىرىدىن چېڭدۇ، زىگۇڭ قاتارلىقلار بار. سىچۈەننىڭ مۈشۈكئېيىقىنىڭ سانى پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۈشۈكئېيىقنىڭ 85% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ مۈشۈكئېيىق يۇرتى دېگەن كاتتا نامى بار. مۈشۈكئېيىق ساياھەت بايلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سەددىچىن سېپىلى، چىن شىخۇاڭنىڭ لەشكەر ۋە ئات ھەيكەللىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەت بايلىقلىرى مول ۋە رەڭدار بولۇپ، سىچۈەن قورۇمىلىرى، سىچۈەن ھاراقلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق. سىچۈەن جۇڭگو ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرى كۆز تىكىدىغان گۈزەل ساياھەت ئورنىغا ئايلاندى.

**ۋولۇڭ تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايون** مەزكۇر قوغدىلىدىغان رايوندا مۈشۈكئېيىق كۆپ بولۇپلا قالماستىن، يەنە مول جانلىقلار تۈرى ۋە ئاپەتلەردە ساق قالغان نۇرغۇن

تۇرلەر ساقلانغان بولۇپ، ۋېرتىكال بەلباغلىق تارقىلىشى ئېنىق ۋە مۇكەممەل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى، ئۆزگىچە ئېگىز تاغ سىستېمىسى «مۇشۇكئېيىق يۇرتى» ۋە «تەبىئەتنىڭ ئىسپېكتىرلىق گېن ئامبىرى» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

مەزكۇر رايون سىچۇەندىكى چيۇڭلەي تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي يانباغرىغا، چېڭدۇ تۈزلەڭلىكىنىڭ چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىگە قاراپ ئۆتۈشىدىغان ئېگىز تاغلىق، چوڭقۇر جىلغىلىق جايلارغا، سىچۇەن ئۆلكىسىدىكى ئابازاڭزۇ ـ چياڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى 52 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە كەڭلىكى 62 كىلومېتىر كېلىدۇ، قوغدىلىدىغان رايوننىڭ كۆلىمى 200 مىڭ گېكتار كېلىدۇ.

مەزكۇر قوغدىلىدىغان رايون 1963 ـ يىلىدىن باشلاپ قۇرۇلغان بولۇپ، جۇڭگودىكى ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان قوغدىلىدىغان رايونلارنىڭ بىرىدۇر. ۋولۇڭ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون ئېگىز تاغ ئېكولوگىيەلىك سىستېمىسى ۋە مۇشۇكئېيىق، سېرىق يالىلىق مايمۇن، داۋىدىيە دەرىخى (كەپتەر دەرىخى) قاتارلىق ئەتىۋارلىق تۇرلەرنى قوغداشنى ئاساس قىلغان ئۇنىۋېرسال دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايوندۇر. 1980 ـ يىلى ب د ت مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ «ئادەم ۋە بىيوسفېرا»نى قوغداش رايونى تورىغا كىرگۈزۈلگەن، 1982 ـ يىلى جۇڭگونىڭ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونلىرى ئىچىدە ئەينى چاغدىكى ئەڭ چوڭ «هايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەر ئەۋرىشكىسى كۆرگەزمىخانىسى» قىلىپ قۇرۇلغان. ۋولۇڭ دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونغا ئايلىنىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونلار ئىچىدە مۇھىم ئورۇنغا ۋە بىرقەدەر يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولدى. ئۇ جۇڭگو مۇشۇكئېيىقىنىڭ ئاساسلىق تارقالغان رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ جايدا ياۋايى ھالەتتە ياشاۋاتقان مۇشۇكئېيىقلارنىڭ سانى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياۋايى مۇشۇكئېيىقلارنىڭ تەخمىنەن 10% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇ جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ مۇشۇكئېيىق قوغداش رايونىدۇر. بۇ جايدا سۈنئىي بېقىلىۋاتقان مۇشۇكئېيىقلارنىڭ سانى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇشۇكئېيىقنىڭ تەخمىنەن 40% نى ئىگىلەيدۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ سۈنئىي بېقىپ كۆپەيتىلگەن تۈر توپى بار.

**لېشەن گىگانت بۇتى** لېشەن شەھىرى ئېمېيشەن تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى چىۋەن چوققىسىنىڭ مىنجياڭ، دادۇخې ۋە چىڭيىجياڭ دەريالىرى قوشۇلغان جايىدا شەرققە قاراپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە يۈزلىنىپ تۇرغان، قامەتلىك، كۆرۈنۈشى تەبىئىي بولغان بىر بۇت بار. ئۇ دەل لېشەن گىگانت بۇتىدۇر. ئۇ يەنە لىڭيۈن گىگانت بۇتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مەزكۇر بۇت دەرياغا يانداش تۇرغان تاغنى ئويۇش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، دۇنيا بويىچە ھازىرغىچە ساقلانغان ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئېگىز تاغقا ئويۇلغان تاش بۇتتۇر. گىگانت بۇت مايتىرىنىڭ يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھالىتى بولۇپ، شەرقتىن غەربكە قاراپ تۈز ئولتۇرغان، تۈرقى ناھايىتى سالاپەتلىك، بۇتنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىكى 71 مېتىر، بېشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14.7 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، مۈرىسىنىڭ كەڭلىكى 24 مېتىر، قۇلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يەتتە مېتىر كېلىدۇ، قۇلىقىنىڭ ئىچىدە ئىككى ئادەم ئۆرە تۇرالايدۇ، پۇت دۈمبىسىنىڭ كەڭلىكى 8.5 مېتىر بولۇپ، يۈزدىن ئوشۇق ئادەم ئولتۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇ سەنشى داتۇڭدىكى يۈنگاڭ مىڭئۆيىدىكى چوڭ بۇتتىن ئۈچ ھەسسە ئېگىز، ئىلگىرى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز دەپ قارالغان ئافغانىستاندىكى باميان گىگانت ئۆرە بۇتنىڭ ئېگىزلىكى 53 مېتىر كېلىدۇ، ھالبۇكى لېشەن گىگانت بۇتى ئۇنىڭدىن 18 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ، كىشىلەر ئۇنى «بۇ بۇت بەئەينى بىر تاغ، تاغنىڭ ئۆزى بىر بۇت» دەپ تەرىپلىشىدۇ. مەزكۇر بۇت ناھايىتى نەپىس ئويۇلغان، سىزىقلىرى راۋان، بەدىنىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ نىسبىتى دەل جايىدا، قامەتلىك بولۇپ، گۈللەنگەن تاڭ دەۋرىنىڭ سەلتەنەتلىك مەدەنىيىتىنى نامايان قىلغان.

گىگانت بۇت تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كەيۈەن بىرىنچى يىلى (713 ـ يىلى) ئويۇشقا باشلانغان. بۇ بۇتنى ياساشنى لىڭيۈن ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبى خەيتۇڭ تەشەببۇس قىلغان. ئارىلىقتا قۇرۇلۇش بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالغان، تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 19 ـ يىلى (803 ـ يىلى)غا كەلگەندە، جيەننەنشىچۈەننىڭ ھېراۋۇلى ۋېي گاۋ پۈتكۈزگەن، بۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىي 90 يىل ۋاقىت كەتكەن.



لېشەن گىگانت بۇتى.

لېشەن گىگانت بۇتى 1996 ـ يىلى «دۇنيا مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى.

**گۇيجۇ ئۆلكىسى** گۇيجۇ ئۆلكىسى قىسقارتىلىپ «چيەن (黔) ، گۈي (贵)» دەپ ئاتىلىدۇ. شىمالىي تەرىپى جۇڭچىڭغا، جەنۇبىي

تەرىپى گۇاڭشىغا تۇتىشىدۇ، شەرقىي تەرىپى خۇنەن بىلەن، غەربىي تەرىپى سىچۇەن، يۈننەن ئۆلكىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۆلكە مەركىزى گۇيياڭ. ئۆلكە نامى گۇيشەن تېغىنىڭ نامىدىن كەلگەن. يەر كۆلىمى 180 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 39 مىليون 220 مىڭ (2008) غا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تەخمىنەن 31.48%نى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئاساسلىقى مياۋزۇ، بۇيىزۇ، دۇڭزۇ، يىزۇ، شۇيزۇ، خۇيزۇ، گېلاۋزۇ، جۇاڭزۇ، ياۋزۇ، مانجۇ، بەنزۇ، تۇجيازۇ قاتارلىقلار بار.

گۇيجۇ ئۆلكىسى يۈننەن – گۇيجۇ ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. يەر تۈزۈلۈشى غەربىدىن شەرقىي قىسمىغا قاراپ پەسەيگەن پەلەمپەيسىمان چوڭ يانتۇلۇق بولۇپ، يەنە ئوتتۇرا قىسمىدىن جەنۇب ۋە شىمالغا قاراپ تۆۋەنلەپ بارىدۇ. ئېگىزلىكنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى گەرچە 1100 مېتىر ئەتراپىدا بولسىمۇ، ئەمما بۇ جايغا ئېگىزلىكى 1500 مېتىردىن 2500 مېتىرغىچە بولغان تاغ تىزمىلىرى تارقالغان، مەسىلەن، شىمالىي قىسمىدىكى دالۇشەن تېغى، شەرقىي شىمال قىسمىدىكى ۋۇلىڭشەن تېغى، غەربىي قىسمىدىكى ۋۇ مېڭشەن تېغى ۋە شەرقىي جەنۇبىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن مياۋلىڭ تېغى قاتارلىقلار بار. بۇ يەر جۇڭگونىڭ كارستلىق يەر شەكلى ئاساسلىق تارقالغان رايونلارنىڭ بىرى. ئېگىزلىكنىڭ يۈزى ئېگىز – پەس بولۇپ، «نەچچە مېتىر كېلىدىغان تەكشى يېرىمۇ يوق» دەپ سۈپەتلىنىدۇ. ئېگىزلىك ۋە تاغلىق ئارىلىقىدا نۇرغۇن كىچىك ئويمانلىق ۋە كەڭ جىلغىلار بار بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «تۈزلەڭ» دەپ ئاتىشىدۇ. ۋۇلىڭشەن تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى بولغان فەنجىڭشەننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2494 مېتىر كېلىدۇ، مەنزىرىسى گۈزەل، جانلىقلار بايلىقى مول. 1986 – يىلى فەنجىڭشەن دۆلەتلىك تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون قىلىپ بېكىتىلدى ھەمدە خەلقئارالىق «ئادەم ۋە بىيوسفېرا»نى قوغداش رايونى تورىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ يەردە ئاساسلىقى ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى ۋە گۇيجۇ سېرىق ياللىق مايمۇنى، داۋىدىيە دەرىخى قاتارلىقلار قوغدىلىدۇ. دەريالىرىدىن ئاساسلىقى ۋۇجياڭ، بېيپەنجياڭ، چىڭشۇيجياڭ، دۇليۇجياڭ، ليەنجياڭ قاتارلىق سۇ سىستېمىلىرى بار بولۇپ، غەربىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىن شىمال، شەرق، جەنۇب تەرەپلەرگە قاراپ سۈپۈرگىسىمان ھالەتتە بۆلۈنۈپ ئاقىدۇ. مەشھۇر خۇاڭگوشۇ شارقىراتمىسى دەل بېيپەنجياڭ دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان داباڭخې دەرياسىغا جايلاشقان. گۇيجۇنىڭ كىلىماتى سۇبتروپىك بەلباغ مۇسسۇن شاماللىق كىلىماتقا ياتىدۇ، قىشتا قاتتىق سوغۇق بولمايدۇ، يازدا تومۇز ئىسسىق بولمايدۇ، كۆپىنچە رايونلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 14℃ ~ 16℃ قىچە، يىللىق ھۆل – يېغىن مىقدارى ئادەتتە 1100 ~ 1400 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. ئىسسىقلىقى خېلى يېتەرلىك ھەمدە يامغۇر بىلەن ئىسسىق بىر پەسىلدە بولىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق، ئەمما ھاۋا تۇتۇق ۋە يامغۇرلۇق كۈنلەر 160 كۈندىن ئېشىپ كېتىدۇ، شۇڭا «ھاۋا ئوچۇق كۈنلەر ئۈچ كۈندىن ئاشمايدۇ» دەپ سۈپەتلىنىدۇ.

گۇيجۇ چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى تاۋار كۆمۈرنى سىرتقا ئەڭ كۆپ چىقىرىدىغان ئۆلكە. ئېلېكتىر كۈچى سانائىتىدە سۇ ئېلېكتىر بىلەن ئوت ئېلېكتىرنى بىللە تەرەققىي قىلدۇرغان بولۇپ، ئۆز ئۆلكىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشتىن سىرت، گۇاڭدۇڭ ۋە قوشنا ئۆلكە – رايونلارغا توك يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. خام ئەشيا ماتېرىياللىرى سانائىتى رەڭلىك مېتال، مېتاللورگىيە، خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىدۇ. يېنىك سانائەتتە تاماكا يۆگەش، ھاراق چىقىرىش سانائىتى دۆلەت ئىچىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. چىشۇيخې دەرياسىنىڭ بويىدىكى رېنخۇەي شەھىرىدە ئىشلەپچىقارغان ماۋتەي ھارىقى ھاراقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل ھاراق بولۇپ، ئۇنىڭ «دۆلەت ھارىقى» دېگەن نامى بار.

**يۈننەن ئۆلكىسى** يۈننەن ئۆلكىسى قىسقارتىلىپ «ديەن» (滇) ياكى «يۈن» (云) دەپ ئاتىلىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇنىڭدىن 1 مىليون 700 مىڭ يىللار ئىلگىرى يۈننەندە «يۈەنمۇ ئادىمى» قاتارلىق ئىپتىدائىي ئىنسانلار ياشىغانىكەن. ئۇ ئىنسانلار بارلىققا كەلگەن مۇھىم رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. يۈننەن ئۆلكىسى يۈنلىڭ چوققىسىنىڭ جەنۇبىدا بولغاچقا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. خەن دەۋرىدە يۈننەن ناھىيەسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، يۈننەن دېگەن بۇ نام شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئىشلىتىلگەن. شىمالىي تىروپىك سىزىقى مەزكۇر ئۆلكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. يەر كۆلىمى تەخمىنەن 390 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۆلكە مەركىزى كۈنمىڭ. نوپۇسى 43 مىليون 160 مىڭ (2008) غا يېتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1/3دىن ئېشىپ كېتىدۇ، بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ بىرى.

يۈننەن ئۆلكىسى ۋيېتنام، لائوس، بىرمالار بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چېگرا سىزىقىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4060 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ ئۆلكە قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگونى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئۆتكەل بولۇپ كەلگەن. نەننىڭ – كۈنمىڭ تۆمۈر يولىنىڭ ياسىلىشى بىلەن يۈننەن دېڭىزغا چىقالايدىغان داغدام يولغا ئېرىشتى.

يۈننەن تۆۋەن كەڭلىك، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز رايونغا جايلاشقان بولۇپ، كىلىمات تىپلىرى كۆپ خىل.

ئۆزگىچە كىلىمات ۋە جۇغراپىيەلىك
مۇھىت ئۇنى جۇڭگودىكى ئۆسۈملۈك
تۈرلىرى ئەڭ كۆپ ئۆلكىگە ئايلان-
دۇرغان، ئۇنىڭ «ئۆسۈملۈكلەر پادى-
شاھلىقى» دېگەن كاتتا نامى بار. بۇ
جايغا تىروپىك، سۇبتىروپىك ۋە مۆ-
تىدىل بەلباغ، ھەتتا سوغۇق بەلباغدا
ئۆسىدىغان بارلىق ئۆسۈملۈك تۈرلى-
رىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەركەز-
لەشكەن. مول ئۆسۈملۈكلەر خىلمۇ-
خىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ياشىشى
ئۈچۈن ئوزۇقلۇق تەمىنلەپ بەرگەچ-
كە، بۇ جايدا سوغۇق بەلباغ، مۆتىدىل



يۈننەن ئۆلكىسى لۇشى شەھىرى ماڭشى-
دىكى مىللىي مەدەنىيەت مەيدانىدىكى دەيزۇ
ئۇسلۇبىدا ياسالغان قۇرۇلۇش. (سۈرەتنى خەن
جىڭپىڭ تارتقان)

بەلباغ ۋە تىروپىك بەلباغ ھايۋانلىرى
ئارىلىشىپ ياشايدىغان ئاجايىپ ھا-
دىسە شەكىللەنگەن.

يۈننەن گېئولوگىيەلىك ھادى-
سىلەر مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل، كان
ھاسىل بولۇش شارائىتى ئەۋزەل،
ئۆزگىچە بايلىققا ئىگە گۆھەر زېمىن
بولۇپ، ئىنتايىن كەڭ تەرەققىيات
ئىستىقبالىغا ئىگە. قېزىلما باي-
لىقلارنىڭ زاپىسى كۆپ، كان تۈرلى-
رى تولۇق بولۇپ، جۇڭگونىڭ «رەڭ-
لىك مېتال پادىشاھلىقى» دەپ تەرىپ-
لىنىدۇ. ئاليۇمىن، سىنىك، قەلەي
قاتارلىقلارنىڭ زاپىسى مەملىكەت بو-
يىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. يۈننەن
ئۆلكىسىدە ئىچكى دەريالار ۋە كۆللەر
گىرەلىشىپ كەتكەن، يەر شەكلى
ئوي - دۆڭ، سۇ ئېنېرگىيەسى باي-
لىقىنىڭ ئېچىش ئىستىقبالىمۇ ئىن-
تايىن كەڭ.

يۈننەننىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيە-
لىك كىلىمات مۇھىتى، نۇرغۇن مىل-
لەتلىرى، ئۇزاق تارىخى ۋە پارلاق مە-
دەنىيىتى ئۇنى ئەۋزەل ساياھەت باي-
لىقىغا ئىگە قىلغان. دائىرىسىدە
ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەل تاغ - دەريالىق
يەر شەكىللىرى بار، تاغ ئورمانلىرى،
چوققىلار، غارلار، دەريالار، كۆللەر،
شارقىراتمىلار ئاجايىپ كۆركەم. قە-
دىمكى ئىنسانلارنىڭ خارابىلىرى،
دىنازاۋۇر تاش قاتمىلىرى ۋە يېقىنقى
زامان تارىخىي خاتىرە بۇيۇملىرى،
شۇنىڭدەك 25 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ
خىلمۇخىل ئۆرپ - ئادەتلىرى بار.
لۇنەندىكى تاش ئورمان، دالى، شى-
شۇاڭبەننا، پاراللېل ئېقىۋاتقان ئۈچ
دەريا، كۇنمىڭدىكى ديەنچى كۆلى،
لىجياڭ قەدىمىي شەھىرى، يۇلۇڭ
قارلىق تېغى قاتارلىقلار دۆلەتلىك
نۇقتىلىق داڭلىق مەنزىرىلىك
رايونلاردۇر.

**كۇنمىڭ شەھىرى** كۇنمىڭ شەھىرى
2400 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە
بولۇپ، ئۇ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ
سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت،
پەن - تېخنىكا ۋە قاتناش مەركىزى
ھېسابلىنىدۇ. يەر كۆلىمى 21473
كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇ-
سى 5 مىليون 140 مىڭ (2008) غا
يېتىدۇ. پۈتكۈل
ئۆلكىدىكى 26 مىل-
لەتتىن بولغان كى-
شىلەر كۇنمىڭدا
ئولتۇراقلاشقان.

كۇنمىڭ يۈن-
نەن - گۈيجۇ ئې-
گىزلىكىنىڭ ئوت-
تۇرا قىسمىغا
جايلاشقان، شەھەر
مەركىزىنىڭ دېڭىز
يۈزىدىن ئېگىزلىكى
1891 مېتىر كېلى-
دۇ، جەنۇبىي تەرىپىدە ديەنچى كۆلى
بار، ئۈچ تەرىپىنى تاغلار قورشاپ تۇ-
رىدۇ. يەر شارائىتى ئېگىز بولغانلىق-
تىن، يازدا بىرقەدەر سالقىن بولىدۇ.
ھىندى ئوكيانىنىڭ غەربىي جەنۇب
نەم ۋە ئىللىق ھاۋا ئېقىمىنىڭ تە-
سىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، بىرقەدەر
ئىللىق بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇر-
چە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 15℃ بولى-
دۇ. كىلىماتى ئىللىق بولۇپ، يازدا
تومۇز ئىسسىق بولمايدۇ، قىشتا قاتـ-
تىق سوغۇق بولمايدۇ، تۆت پەسلى
باھاردەك بولۇپ، كىلىماتى كىشىگە
ياقىدۇ. «باھار شەھىرى» دېگەن كاتتا
نامى بار.

كۇنمىڭ يەنە تەبىئىي مەنزىرى-
لەر بىلەن ئىجتىمائىي مەنزىرىلەر
مۇجەسسەملەنگەن جاي. ئۇنىڭ ئۇزاق
تارىخى، ئۆزگىچە گېئولوگىيەلىك
قۇرۇلمىسى نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرى ۋە داڭلىق مەنزىرى-
لەرنى قالدۇرغان. كۇنمىڭ شەھىرى
تەرەققىي قىلىۋاتقان خەلقئارالىق سا-
ياھەت شەھىرى بولۇپ، 2004 - يى-
لى دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمە
باغچىسىنى مەركەز قىلغان، تەبىئىي
مەنزىرە بىلەن ئىجتىمائىي مەنزىرى-
لەر بىرگەۋدىلەشكەن، كۆپ فۇنكسى-
يەلىك، تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىگە
باب كېلىدىغان ساياھەت ئورنىغا
ئايلاندى.

**لىجياڭ قەدىمىي شەھىرى** 1997 -
يىلى 12 - ئايدا دۇنيا مىراسلىرى
كومىتېتى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى



لىجياڭ قەدىمىي شەھىرى.

www.uyghurkitap.com

تاللاش ئۆلچىمىگە ئاساسەن، مەزكۇر
شەھەرگە: قەدىمىي شەھەر لىجياڭ
ئىقتىساد ۋە ئىستراتېگىيەلىك مۇ-
ھىم ئورۇن بىلەن ئەگرى - بۈگرى
يەر شارائىتىنى ئۇستىلىق بىلەن
بىرلەشتۈرۈپ، ئەسلىي قىياپىتىنى
ھەقىقىي ۋە مۇكەممەل ساقلىغان ۋە
نامايان قىلغان شەھەر، دەپ باھا بەر-
دى. لىجياڭ قەدىمىي شەھىرى «دۇنيا
مىراسلىرى تىزىملىكى» گە كىرگۈ-
زۈلدى.

لىجياڭ قەدىمىي شەھىرىنىڭ
يەنە بىر نامى دايەنجېن بولۇپ، يۇلۇڭ
قارلىق تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى جىن-
شاجياڭ دەرياسى بويىغا جايلاشقان،
قەدىمىي شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي
تەرىپى نەچچە ئون چاقىرىم كېلىدى-
غان كەڭ مۇنبەت ئېتىزلىقلاردىن
ئىبارەت. ئۇنىڭ شەكلى خۇددى چوڭ
بىر زۇمرەت سىياھدانغا ئوخشىغاچقا
دايەنجېن دەپ ئاتالغان. بۇ شەھەر
سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، يۈەن
سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا
سېلىنىشقا باشلىغان. بۈگۈنگىچە
800 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. بۇ
جاينىڭ ھازىرقى ئىگىلىرى بولغان
ناشى مىللىتى قەدىمكى زاماندا جە-
نۇبقا كۆچۈپ كەلگەن چياڭلارنىڭ
كېيىنكى ئەۋلادلىرىدۇر. لىجياڭ قە-
دىمىي شەھىرى جۇڭگودىكى تارىخىي
مەدەنىيەت مەشھۇر شەھەرلىرى ئى-
چىدە بىردىنبىر سېپىلى يوق قەدى-
مىي شەھەردۇر. قەدىمىي شەھەرگە
ناشى، بەيزۇ، زاڭزۇ، خەنزۇ مىللەت-
لىرىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ
جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەنگەن. شە-
ھەر ئىچىدە كەڭ كوچىلاردا مىڭ ۋە
چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۆيلەر
ساقلانغان، بۇ ئۆيلەر بىردەك ياغاچ -
تاش قۇرۇلمىلىق كاھىش ئۆگزىلىك
بىنالار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى
ئۈچ ئېغىزلىق ۋە دەرۋازا ئىچىگە
دالدا تام سېلىنغان ئۆيلەردىن ئىبا-
رەت. ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئو-
رۇنلاشتۇرۇلۇشى جانلىق بولۇپ، بې-
زەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن،
نەقىشلىرى نەپىس ئىشلەنگەن، ھوي-
لىسىغا دەرەخ ۋە گۈللەر ئۆستۈرۈل-
گەن، تەشتەكلىك مەنزىرىلەر تىزىپ
قويۇلغان. شەھەر ئىچىدە ئېرىق -
ئۆستەڭلەر زىچ بولۇپ، ئۆستەڭ
ئاتلاپ تۇرغان ۋە ئۆستەڭ بويلىغان
قۇرۇلۇشلار ئىنتايىن ئومۇملاشقان.
لىجياڭدا يەنە قەدىمكى سۇ تەمىنلەش
سىستېمىلىرى بار. بۇ سىستېمىلار
چەمبەرچاس گىرەلىشىپ كەتكەن،
نەپىس ۋە ئۆزگىچە بولۇپ، تا بۈگۈن-
گە قەدەر يەنىلا رولىنى جارى قىلدۇ-
رۇپ كېلىۋاتىدۇ.

**شىشۇاڭبەننا** يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ
غەربىي جەنۇب ئۇچىغا جايلاشقان
شىشۇاڭبەننا قەدىمكى دەيزۇ تىلىدا
«مېڭبالاناشى» دەپ ئاتالغان. بۇ سۆز
«كۆڭۈلدىكىدەك ئاجايىپ شادلىق ما-
كانى» دېگەن مەنىدە. بۇ جاي سىرلىق
تىروپىك بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمان
تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بى-
لەن مەشھۇردۇر.

شىشۇاڭبەننا يۈننەن ئۆلكىسى-
نىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان بو-
لۇپ، تاغ - دەريالىرى لائوس، بىرما
بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، تايلاند، ۋې-
يېتنام قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن يې-
قىن قوشنا. يەر كۆلىمى 20 مىڭ
كىۋادرات كىلومېتىر، دۆلەت چېگرا
سىزىقى 966 كىلومېتىر كېلىدۇ.
لەنساڭجياڭ دەرياسى جەنۇبتىن شى-
مالغا ئۇزۇنىسىغا بۇ جاينى كېسىپ
ئۆتىدۇ، چېگرادىن ئېقىپ چىققاندىن
كېيىن مېكوڭ دەرياسى دەپ ئاتىلى-
دۇ. ئۇ بىرما، لائوس، تايلاند، كام-
بودژا، ۋېيېتنام قاتارلىق بەش دۆ-
لەتتىن ئېقىپ ئۆتۈپ تىنچ ئوكيانغا
قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ «شەرقتىكى دوناي
دەرياسى» دېگەن نامى بار. شۇڭا،
شىشۇاڭبەننا ھەم شەرقىي جەنۇبىي
ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىياغا يۈزلەن-
گەن مۇھىم ئۆتكەل ۋە بازا، ھەم يۈن-
نەننىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋې-
تىشتىكى كۆزنىكى. شىشۇاڭبەننا
دەيزۇلارنىڭ يۇرتى. ئۇ تايلاند، بىرما
قاتارلىق بۇددا دىنى دۆلەتلىرىگە يې-
قىن بولغانلىقتىن، بۇددا دىنىنىڭ
ھىنايانا مەزھىپى بۇ جايدىكى كىشى-
لەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن
ئالغان، ھەممىلا جايدا بۇتخانىلار،
بۇددا مۇنارلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

شىشۇاڭبەننا شىمالىي تىروپىك
سىزىقىنىڭ جەنۇبىدىكى تىروپىك
بەلباغنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاش-
قان بولۇپ، مۇسسۇن شاماللىق كې-
لىماتقا تەۋە. يىل بويى ئىللىق بولى-
دۇ، ئاپتىپى يېتەرلىك، نەمخۇش ۋە
كۆپ يامغۇرلۇق بولۇپ، يەر شارىنىڭ
شىمالىي تىروپىك سىزىقىدىكى چۆل-
لۈك بەلباغدىكى بىردىنبىر بوستان-
لىقتۇر. ئۇ جۇڭگودىكى تىروپىك
بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمان ئېكولوگى-
يە سىستېمىسى ئەڭ مۇكەممەل ساق-
لىنىپ قالغان، ئەڭ تىپىك، كۆلىمى
ئەڭ چوڭ رايون، شۇنداقلا بۈگۈنكى
يەر شارىدا ئاز ئۇچرايدىغان ھايۋا-
نات - ئۆسۈملۈكلەر گېن ئامبىرى
بولۇپ، ئۇ يەر شارىدىكى ئاجايىپ
چوڭ تەبىئىي كۆرۈنۈش دەپ تەرىپ-
لىنىدۇ، شۇڭا شىشۇاڭبەننانىڭ دۆلەت
ئىچى ۋە سىرتىدا «ئۆسۈملۈكلەر پا-
دىشاھلىقى»، «ھايۋانات پادىشاھلىقى»
دېگەن كاتتا ناملىرى بار. 1986 -
يىلى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىيلىكى
قوغدىلىدىغان رايون قىلىپ بېكى-
تىلدى. 1993 - يىلى ب د ت مائا-
رىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى
ئۇنى «ئادەم ۋە بىيوسفېرا»نى قوغداش
رايونى تورىغا كىرگۈزدى. 1995 -
يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن مەملىكەت
بويىچە تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك تەڭ-
پۇڭلۇقىدىكى تۇنجى ئېكولوگىيە
رايونى دەپ ئېلان قىلىندى.

**شىزاڭ ئاپتونوم رايونى** شىزاڭ
ئاپتونوم رايونى ۋەتىنىمىزنىڭ غەر-
بىي جەنۇب چېگراسىغا جايلاشقان بو-
لۇپ، ھىندىستان، نېپال، بۇتان،
بىرما قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن
چېگرالىنىدۇ. يەر كۆلىمى تەخمىنەن
1 مىليون 230 مىڭ كىۋادرات كى-
لومېتىر كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونىنىڭ
مەركىزى لىخاسا. نوپۇسى 2 مىليون
690 مىڭ (2008) غا يېتىدۇ. شىزاڭ
ئاپتونوم رايونى جۇڭگودىكى نوپۇسى
ئەڭ ئاز، نوپۇس زىچلىقى ئەڭ كىچىك

ئۆلكە (رايون). شىنجاڭ مەملىكەت بو-
يىچە زاڭزۇلار ئەڭ مەركەزلەشكەن
رايون بولۇپ، زاڭزۇلار ئومۇمىي نو-
پۇسىنىڭ 95% تىن كۆپرەكىنى ئىـ-
گىلەيدۇ. قالغانلىرى خەنزۇ، خۇيزۇ،
مېنبا، لوبا، ناشى، نۇزۇ قاتارلىق
مىللەتلەردىن ئىبارەت.

شىزاڭ دېگەن بۇ نام چىڭ سۇلا-
لىسى دەۋرىدە رەسمىي قويۇلغان.
تاڭ، سۇڭ دەۋرلىرىدە تۇبوت دەپ ئا-
تالغان. يۈەن دەۋرىدە پەرمانبەردار
مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولغان. مىڭ
دەۋرىدە ۋۇسىزاڭ دەپ ئاتىلىپ، باش
دىۋان قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس
قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەس-
لەپكى يىللىرىدا ۋېيزاڭ بىلەن ئاتى-
لىپ، كېيىن شىزاڭ دېگەن نام رەس-
مىي بېكىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن
شىزاڭ دېگەن بۇ نام رەسمىي ئىشلى-
تىلىشكە باشلىغان. چىڭ سۇلالىسى
شىزاڭ ئىشلىرىنى بېجىرىش باش
ۋەزىرىنى تەسىس قىلغان. مىنگونىڭ
دەسلەپكى يىللىرىدا شىزاڭ يەرلىك
ھۆكۈمىتى دەپ ئاتالغان، بۇ نام
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇل-
غاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىشلىتى-
لىپ، كېيىن شىزاڭ ئاپتونوم رايو-
نىغا ئۆزگەرتىلگەن، رايون نامى تا
بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

شىزاڭ چىڭخەي - شىزاڭ ئې-
گىزلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىس-
مىغا جايلاشقان. چىڭخەي - شىزاڭ
ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 4000
مېتىر ئېگىز بولۇپ، يەر شارىدىكى
كېيىنرەك كۆتۈرۈلگەن، دېڭىز يۈزى-
دىن ئەڭ ئېگىز چوڭ ئېگىزلىك، ئۇ-
نىڭ «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دېگەن نا-
مى بار. جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ
ھىمالايا تاغ تىزمىسى، گاندىس تاغ
تىزمىسى، كۇئىنلۇن تاغ تىزمىسى
قاتارلىقلار بار. شەرقىي قىسمىدا جە-
نۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان خېڭدۇەن
تاغ تىزمىسى بار. جۇڭگو - نېپال
چېگراسىدىكى جومولاڭما چوققىسى
دېڭىز يۈزىدىن 8844.43 مېتىر ئې-
گىز بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز
چوققىدۇر. جەنۇبىي شىزاڭدا يار-
لۇڭزاڭبۇ دەرياسى چوڭ جىلغىسى
بار، شىمالىي شىزاڭنىڭ ئىچكى ئې-
قىن رايونىدا جۇڭگو بويىچە ئىككىن-
چى چوڭ تۇزلۇق كۆل — نامۇسو
كۆلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1600
دىن كۆپ چوڭ - كىچىك (بىر
كىۋادرات كىلومېتىردىن چوڭ) كۆل
بار. بۇ جۇڭگو بويىچە كۆللەر ئەڭ كۆپ
رايون ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئېگىز ۋە سو-
غۇق كىلىماتلىق رايون بولۇپ، قىش
پەسلى ئۇزۇن بولىدۇ، ياز بولمايدۇ،
ھاۋاسى شالاڭ، ئوكسىگېن كەمچىل،
كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك.

شىزاڭنىڭ ھايۋانات ۋە ئۆسۈم-
لۈك بايلىقى مول بولۇپ، ياۋايى
ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى ياۋا قوتاز،
ياۋا ئېشەك، جەرەن، شىزاڭ بۆكىنى
قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۆ-
يا بويىچە ئەتىۋارلىق ھايۋانلار قاتا-
رىغا كىرگۈزۈلگەنلىرىدىن ئاق تۇم-
شۇق بۇغا، ياۋا قوتاز، تاغ يىلپىزى
(ئاق يىلپىز)، كىچىك مۈشۈكئېيىق،
شىزاڭ بۆكىنى، غورتوك ئۆلار، تىبەت
ئاق قىرغاۋۇلى، قارا بويۇن تۇرنا قا-
تارلىقلار بار. شەمشاد، ئاق شەمشاد
(ئاق قارىغاي) قاتارلىق بىر نەچچە
يۈز تۈرلۈك دەرەخ بار. بۇنىڭ ئىچى-
دىكى ھىمالايا ئاق شەمشادى بىلەن
گىگانت ئارچا شىزاڭغا خاس دەرەخ-
لەردۇر. شىزاڭدا 1000 خىلدىن كۆپ
دورىلىق ئۆسۈملۈك بار، بىرقەدەر
داڭلىقلىرىدىن قۇرتئوت، مېھرىگىيـ-
ياھ، قار لەيلىسى، زاراڭزا (زەپە) قا-
تارلىقلار بار.

سۇ ئېنېرگىيەسى، يەر ئىسسـ-
سىقلىقى ئېنېرگىيەسى، قۇياش ئې-
نېرگىيەسى، شامال ئېنېرگىيەسى
قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا ناھايىتى
مول بولۇپ، يەر ئىسسىقلىقى ئې-
نېرگىيەسىنىڭ زاپىسى جۇڭگو بو-
يىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ياڭبا-
جىڭ يەر ئىسسىقلىقى رايونى جۇڭگو
بويىچە ئەڭ چوڭ يۇقىرى تېمپېراتۇ-
رىلىق ھەر ئىسسىقلىقى رايونى،
شۇنداقلا دۇنيادىكى چوڭ تىپتىكى
يەر ئىسسىقلىقى رايونلىرىنىڭ بىرى
ھېسابلىنىدۇ.

دىن شىزاڭدا ئۇزاق ۋە چوڭقۇر
تەسىرگە ئىگە. بۇ جايدىكى ئاھالىلەر
(خەنزۇلاردىن باشقا)نىڭ كۆپ قىسمى
دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ، لاما دىنىنىڭ
تەسىرى ئەڭ چوڭ. زاڭزۇلارنىڭ يې-
ڭى يىل بايرىمى زاڭزۇ خەلقىنىڭ
بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ
داغدۇغىلىق بايرىمى بولۇپ، بۇ خەن-
زۇلارنىڭ چاغىنىغا باراۋەر كېلىدۇ.

شىزاڭنىڭ دۇنيانىڭ ئۆگزىسى
بولۇشتەك ئاجايىپ گېئولوگىيەلىك
يەر شەكلى ۋە ئۆزگىچە تەبىئىي مەن-
زىرىسى بار بولۇپلا قالماستىن، يەنە
ئۆزگىچە ئىجتىمائىي ۋە ئىنسانلار
مەدەنىيىتى مەنزىرىلىرى بار. بۇددا
دىنى تارىختىكى ئەڭ گۈللەنگەن
دەۋرلىرىدە بۇ جايدا 2700دىن ئارتۇق
بۇتخانا سېلىنغان، بۇنىڭدىن باشقا
يەنە نۇرغۇن ئوردا - قەسىرلەر،
باغچا - ئورمانلار، قەلئە - قور-
غانلار، ئۆتكەللەر، قەدىمكى قەبرىلەر
ۋە قەدىمكى ئابىدىلەر بار.

**لىخاسا** لىخاسانىڭ ھاۋاسى شالاڭ،
سۈزۈكلۈكى يۇقىرى بولغانلىقتىن،
يەر يۈزىنىڭ بىر يىلدا قوبۇل
قىلىدىغان قۇياش رادىياتسى-
يەسىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى
585 ~ 836KJ/cm² غىچە بولۇپ،
«ئاپتاپ شەھىرى» دېگەن نامى بار.

لىخاسا شەھىرى شىزاڭ ئاپتونوم
رايونىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇب قىسمىغا،
يارلۇڭزاڭبۇ دەرياسىنىڭ تارماق ئېقى-
نى بولغان لىخاسا دەرياسىنىڭ تۆۋەن-
كى ئېقىنىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا
جايلاشقان بولۇپ، ئۇ شىزاڭ ئاپتونوم
رايونىنىڭ مەركىزى، پۈتكۈل شەھەر-
نىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 30 مىڭ
كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نوپۇسى
450 مىڭ (2008) بولۇپ، زاڭزۇ،
خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق 30 نەچچە
مىللەت ياشايدۇ، زاڭزۇلارنىڭ نوپۇسى
87% نى ئىگىلەيدۇ.

لىخاسانىڭ مەھسۇلاتلىرى مول
بولۇپ، ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن ئا-
ساسلىقى ئارپا بىلەن بۇغداي بار.
ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن ئاساسلىقى
قىچا، كۆك پۇرچاق قاتارلىقلار بار.
قېزىلما بايلىقلىرى مول بولۇپ، ھا-
زىرغىچە ئېنىقلانغانلىرىدىن مىس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆمۈر، ئالتۇن، تورف، ۋولقان جىنسلىرى ۋە گەج، گىرانىت تاش، مەرمەر تاش قاتارلىقلار بار.

لىخاسا قەدىمىي دىن شەھىرى بولۇپ، زاڭزۇ تىلىدا «لىخا» نىڭ ئىلاھ دېگەن مەنىسى، «سا» نىڭ زېمىن مەنىسى بار. «لىخاسا» ئىلاھىي زېمىن ياكى مۇقەددەس جاي دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا توبوت پادىشاھى شىزاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پايتەختنى مۇشۇ جايغا كۆچۈرۈپ كەلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ شەھەر شىزاڭنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت، دىن ۋە ئىقتىسادىي مەركىزىگە، لاما دىنىنىڭ مۇقەددەس جايىغا ئايلانغان. ئۇ 1300 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. مەشھۇر ئاسارئەتىقىلىرى كۆپ بولۇپ، بۇدالا سارىيى، داجاۋ ئىبادەتخانىسى، جېباڭ ئىبادەتخانىسى، سېلا ئىبادەتخانىسى ۋە گادەن ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق.

**بۇدالا سارىيى** بۇدالا سارىيى لىخاسانىڭ غەربىي شىمالىدىكى مابۇرى تېغىغا جايلاشقان مەشھۇر ئوردا ـ قەسىر ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتلەر توپى بولۇپ، زاڭزۇ قەدىمكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ جەۋھىرىدۇر.

بۇدالا سارىيى مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە قۇرۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، تىبەت پادىشاھى سوڭزەن گەنبۇ شىزاڭغا ياتلىق قىلىنغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسى ۋېن چېڭ ئۈچۈن لىخاسانىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3700 مېتىردىن ئاشىدىغان قىزىل تېغى ئۈستىگە سالدۇرغان. بۇ ساراي تاغقا يانداپ سېلىنغان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 410 كىۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 130 مىڭ كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىقى ئاق ساراي ۋە قىزىل سارايدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ. ئاق ساراي تارىختا ئۆتكەن دالايلارنىڭ تۇرالغۇسى، قىزىل ساراي تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى دالايلارنىڭ تاۋۇتى قويۇلغان مۇنارلار ۋە ھەرخىل بۇددا مۇنارلىرىدىن ئىبارەت. يىراقتىن قارىسىڭىز، تاغ ئېتىكىدىن تاغ چوققىسىغىچە يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان، رەت ـ رەت سېلىنغان مىڭلىغان ئۆيلەردىن تۈزۈلگەن ساراي ناھايىتى ھەيۋەتلىك، كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك كۆرۈنىدۇ. بۇدالا سارىيى دۇنيا بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز قەدىمكى ئوردا ـ قەسىر ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتلەر توپى بولۇپ، ئۇنىڭ «ئېگىزلىكتىكى مۇقەددەس ئوردا» دېگەن نامى بار.

چوڭ ساراي ئىچىدىكى تام سۈرەتلىرىدە شىزاڭ بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىيات تارىخى خاتىرىلەنگەن، يەنى بەش ئەۋلاد دالاينىڭ ھايات تارىخى، مەلىكە ۋېن چېڭنىڭ شىزاڭغا كىرىش جەريانى، يەنە شىزاڭنىڭ قەدىمكى بىناكارلىق ئوبرازى ۋە نۇرغۇنلىغان بۇددا سۈرەتلىرى ھەم ۋاجرا قاتارلىقلار بار بولۇپ، خۇددى بىر قىممەتلىك يۈگمە رەسىمگە ئوخشايدۇ. 1994 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا بۇدالا سارىيى «دۇنيا مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى.



بۇدالا سارىيى.

**شەنشى ئۆلكىسى** شەنشى ئۆلكىسى چىن بەگلىكىنىڭ قەدىمكى ئورنى بولۇپ، شەنيۈەننىڭ غەربىدە بولغانلىقتىن، مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان، قىسقارتىلىپ «چىن (秦)»، «شەن (陕)» دېيىلىدۇ. مەزكۇر ئۆلكە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى ۋە خەنجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 210 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 37 مىليون 390 مىڭ (2008) غا يېتىدۇ. خەنزۇلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن خۇيزۇ، مانجۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر بار. ئۆلكە مەركىزى شىئەن بولۇپ، قەدىمدە چاڭئەن دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ جەنۇبى چىنلىڭ تاغلىرىغا، شىمالى ۋېيخې دەرياسىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ، ئەتراپى تاغ ـ دەريالار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ جۇڭگودىكى يەتتە چوڭ قەدىمىي پايتەختنىڭ بىرىدۇر.

شەنشىنىڭ زېمىنى تار ۋە ئۇزۇن بولۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرىپى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس. ئومۇمەن، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ شىمالىي شەنشى ئېگىزلىكى، گۇەنجوڭ تۈزلەڭلىكى، چىنبا تاغلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. جۇڭگو زېمىنىنىڭ گېئودېزىيەلىك ئاساسىي نۇقتىسى دەل شەنشى ئۆلكىسى جىياڭياڭ ناھىيەسىنىڭ يۇڭلې بازىرىدا.

شەنشى ئۆلكىسىدىكى دەريالار چىنلىڭ تاغلىرىنى پاسىل قىلغان ھالدا خۇاڭخې دەرياسى ۋە چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سۇ سىستېمىسىغا تەۋە. ۋېيخې دەرياسى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئەڭ چوڭ تارماق ئېقىنى، خەنجياڭ دەرياسى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئەڭ چوڭ تارماق ئېقىنىدۇر.

شەنشى ئۆلكىسى جۇڭگو ئىچكى قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا كەڭلىك رايونىغا جايلاشقان. مۇسسۇن شامال-

لىق كىلىمات ۋە قۇرۇقلۇق خاراك-
تېرىدىكى كىلىماتنىڭ تەسىرى بىر-
قەدەر روشەن بولۇپ، جەنۇبتىن شى-
مالغا قاراپ شىمالىي سۇبتروپىك
بەلباغ نەم كىلىماتى، ئىللىق مۆتى-
دىل بەلباغ يېرىم نەم كىلىماتى ۋە
ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ، مۆتىدىل
بەلباغ يېرىم قۇرغاق كىلىماتى ئالا-
ھىدىلىكىگە ئىگە. چىنلىڭ تاغ تىز-
مىسى ئۆلكىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇب
قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن-
لىكتىن، جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ
كىلىمات پەرقى روشەن.

شەنشىدىكى خۇاڭدى مەقبەرىسى
بىلەن شېننۇڭ ئىبادەتخانىسى يەن-
خۇاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ خۇاڭدى بىلەن
يەندىگە سەجدە قىلىدىغان مۇقەددەس
جايىدۇر. سىماچيەن بۇتخانىسى،
ياۋۋاڭ بۇتخانىسى ۋە خۇاموۇلەن قەب-
رىسى قاتارلىقلارغا كېيىنكى
ئەۋلادلارنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى
داڭلىق ئەربابلار ۋە مىللىي قەھرى-
مانلارغا بولغان سېغىنىشى مۇجەس-
سەملەنگەن. سەككىز ئەۋلىيا ئىبا-
دەتخانىسى ۋە لۇگۇەن سۇپىسى جۇڭ-
گونىڭ يەرلىك دىنىنىڭ مۇقەددەس
جايى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە خەن،
تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ ئوردا-قەسىر-
لىرىنىڭ خارابىلىرى ۋە خېلى ئوبدان
ساقلانغان قەبرىلەر توپى بار. كۆلىمى
ئىنتايىن چوڭ بولغان چىن شىخۇاڭ
مەقبەرىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ
مەقبەرە بولۇپ، قېزىۋېلىنغان چىن
دەۋرىدىكى لەشكەر ۋە ئات ھەيكەللى-
رى دۇنيانى ھەيران قالدۇرۇپ، دۇنيا-
دىكى 8 چوڭ مۆجىزىنىڭ بىرى دەپ
تەرىپلەندى. جۇ دەۋرىدىكى مىس
داڭقان، خەن دەۋرىدىكى تاش ئويما،
تام رەسىملىرى، تاڭ دەۋرىدىكى ئال-
تۇن، كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتلار،
ماگنىتلىق ئەسۋابلار، تاڭ دەۋرىدىكى
كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئۈچ رەڭلىك
ساپال قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قە-
دىمكى زامان سەنئىتىدىكى قىممەت-
لىك بۇيۇملاردۇر. شىئەندىكى ئابىدى-
لەر توپى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ «تاش
كىتاب ئامبىرى» ھېسابلىنىدۇ.

**گەنسۇ ئۆلكىسى** گەنسۇ جۇڭخۇا
مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا
ئۇزاق تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە
ئىگە. ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە ئاساس
سالغۇچى فۇشى دەل ۋېيخې دەرياسى-
نىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا دۇنياغا كەل-
گەن. 3000 يىللار بۇرۇن، جۇلۇقلار-
نىڭ ئەجدادلىرى شەرقىي گەنسۇ
ئەتراپىدىكى جايلارنى ماكان تۇتقان.
خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيان،
گەنسۇ جۇڭگو بىلەن غەرب مەدەنىيەت
ئالماشتۇرىدىغان، سودا ئالاقىسى قى-
لىدىغان يىپەك يولىنىڭ مۇقەررەر
ئۆتىدىغان تۈگۈنىگە، قەدىمكى يىپەك
يولىنىڭ ئاچقۇچىغا ئايلانغان بولۇپ،
مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى
ساقلاپ قالغان.

گەنسۇ قەدىمدە يۇڭجۇ ئايمىقىغا
تەۋە ئىدى. گەنسۇ دېگەن ئىسىم
گەنجۇ (بۈگۈنكى جاڭيې) بىلەن سۇ-
جۇ (بۈگۈنكى جيۇچۈەن) دېگەن ئىك-
كى جاينىڭ باش بوغۇمىدىن كەلگەن.
ئۆلكە مەركىزى لەنجۇ.

گەنسۇ چىڭخەي-شىزاڭ،
ئىچكى موڭغۇل ۋە سېرىق تۇپلىق-
تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئېگىزلىك
تۇتاشقان يەرگە جايلاشقان بولۇپ،
زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، تەبىئىي
شارائىتى مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل.
يەر كۆلىمى 430 مىڭ كىۋادرات كى-
لومېتىر كېلىدۇ. نوپۇسى 26 مىل-
يون 130 مىڭ (2008) بولۇپ، خەن-
زۇ، خۇيزۇ، زاڭزۇ، موڭغۇل، يۇغۇر،
دۇڭشياڭ، باۋئەن قاتارلىق مىللەت-
لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتكۈل
ئۆلكىنىڭ يەر شەكلى تار ھەم ئۇزۇن
بولۇپ، شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇ-
قى 1655 كىلومېتىر، جەنۇبتىن
شىمالغىچە كەڭلىكى 530 كىلومې-
تىر كېلىدۇ. كۆپ قىسىم جايلىرى-
نىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى
1000 مېتىردىن ئاشىدۇ، تۆت ئەترا-
پىنى ئېگىز تاغ ۋە تىك چوققىلار
قورشاپ تۇرىدۇ. شىمالىي تەرىپىدە
ليۇپەنشەن، خېلىشەن ۋە لۇڭشۇشەن
تاغلىرى، شەرقىي تەرىپىدە مىنشەن،
چىنلىڭ ۋە زىۋۇلىڭ تاغلىرى بار.
غەربىي تەرىپى ئالتۇنتاغ، چىليەنشەن
تاغلىرىغا، جەنۇبىي تەرىپى چىڭنى-
لىڭ تاغلىرىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. يەر-
لىرى ئېگىز-پەس، تاغلار بىر-
بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، دەر-
يالىرى تېز ئاقىدۇ. يەر شەكلى خې-
لىلا مۇرەككەپ.

خېشى كارىدورىدىكى بىياپان
مۇنبەت ئېتىز-دالىلار گەنسۇنىڭ
مەشھۇر ئاشلىق ئامبىرى ھېسابلى-
نىدۇ. چىليەنشەن يايلاقلىرىدا ئوت-
چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن بولۇپ، بۇ
مەملىكەت بويىچە بەش چوڭ چارۋى-
چىلىق رايونىنىڭ بىرىدۇر.

داڭلىق مەنزىرە ۋە تارىخىي مە-
دەنىيەت مەنزىرە ئورۇنلىرىدىن دۇن-
ياغا مەشھۇر موگاۋ مىڭئۆيى، ھەيۋەت-
لىك جىايۇگۈەن، يۈمېنگۈەن، گۇياڭ-
گۈەن ئۆتكەللىرى، چاقناپ تۇرىدىغان
لابۇلېڭ ئىبادەتخانىسى ۋە قەدىمىي
سەددىچىن سېپىلى قاتارلىقلار بار.

**چىڭخەي ئۆلكىسى** چىڭخەي ئۆل-
كىسى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدى-
كى چىڭخەي-شىزاڭ ئېگىزلىكىگە
جايلاشقان. ئۇ چاڭجياڭ، خۇاڭخې،
لەنساڭجياڭ دەريالىرىنىڭ باشلىنىش
نۇقتىسى بولۇپ، «دەريالارنىڭ باشلى-
نىش مەنبەسى»، «جۇڭخۇا سۇ مۇنا-
رى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇ يەردە مەم-
لىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق
تۇزلۇق سۇلۇق كۆل — چىڭخەي كۆ-
لى بار. چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ نامى
مۇشۇ كۆلنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن.
يەر كۆلىمى تەخمىنەن 720 مىڭ
كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇ-
سى 5 مىليون 100 مىڭ (2008) غا
يېتىدۇ. چىڭخەي ئۆلكىسى كۆپ
مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
رايون بولۇپ، ئاساسلىق ئاز سانلىق
مىللەتلەردىن زاڭزۇ، خۇيزۇ، موڭ-
غۇل، سالار، تۇزۇ قاتارلىقلار بار.
ئۆلكە مەركىزى شىنىڭ.

چىڭخەي ئۆلكىسىدە تاغ-دەر-
يالار كۆپ. جەنۇبىي قىسمىدىكى كو-
ئېنلۇن تاغ تىزمىسى چىڭخەي تاغ
تىزمىلىرىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى
ھېسابلىنىدۇ، تاڭگۇلا تاغلىرى چىڭ-



چىخەيدىكى تائېر ئىبادەتخانىسى.

خەينىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئالتۇنتاغ، چىلىيەنشەن تاغلىرى چىڭخەينىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بايانقارا ۋە ئانىماچىڭ قاتارلىق تاغ تىزمىلىرى بار. چىڭخەيدە دەريا ئېقىنلىرى كۆپ، كۆلىمى بىر كىۋادرات كىلومېتىردىن چوڭ كۆللەردىن 200 نەچچىسى بار بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 12 مىڭ 900 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ كىلىماتى تىپىك ئېگىزلىك قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا تەۋە بولۇپ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن. چىڭخەينىڭ بايلىقى ئىنتايىن مول، قېزىلما بايلىقلىرى كۆپ بولۇپ، كۆمۈر، نېفىت، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، كالىي تۇزى، ماگنىي تۇزى، كۆل تۇزى، تاشپاختا، لىتىي، نېكىل، خىمىيە سانائىتى ھاك تېشى، دولومىت قاتارلىقلار بار. چارخان تۇز كۆلى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قۇرۇق تۇز كۆلىدۇر. شىتيېشەن تېغىدىكى قوغۇشۇن ـ سىنىك كانى جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ قوغۇشۇن ـ سىنىك كانى ھېسابلىنىدۇ. داڭلىق چەيدام ئويمانلىقىنىڭ «گۆھەر ئامبىرى» دېگەن كاتتا نامى بار. سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى چىڭخەينىڭ ئېنېرگىيە بايلىقلىرى ئىچىدە ئەڭ زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە. چىڭخەينىڭ بىپايان تەبىئىي ئوتلاقلىرى جۇڭگونىڭ تۆت چوڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، ئەلا چارۋا سورتلىرىدىن شىزاڭ قويى، قوتاز، خېچۇ ئېتى قاتارلىقلار بار. تېرىقچىلىقى كۆپىنچە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىي قىسمى، خۇاڭشۇي دەرياسى ۋادىسى، شۇنىڭدەك چەيدام بوستانلىقىغا مەركەزلەشكەن. ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن ئاساسلىقى بۇغداي، ئارپا، باقىلە، كۆك پۇرچاق قاتارلىقلار بار. ئىقتىسادىي زىرائەتتى قىچىنى ئاساس قىلىدۇ، يەنە گۈل ـ گىياھ، ئانتى پەسىللىك كۆكتات قاتارلىقلار بار. ساياھەت بايلىقىمۇ خېلى مول بولۇپ، چىڭخەي كۆلىدىكى قۇشلار ئارىلى، لاما دىنىنىڭ مەشھۇر ئىبادەتخانىسى بولغان خۇاڭجۇڭدىكى تائېر ئىبادەتخانىسى، ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي شىمالدىكى تۆت چوڭ مەسچىتىنىڭ بىرى بولغان دۇڭگۇەن چوڭ مەسچىتى، ئانىماچىڭ چوڭ قارلىق تېغى قاتارلىقلار ساياھەت قىلىش، تاغقا چىقىشتىكى ئوبدان جاي ھېسابلىنىدۇ.

لەنجۇ ـ شىنجاڭ، چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈريوللىرى پۈتۈن ئۆلكىنى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدۇ. يولۇچىلار پويىزلىرى بېيجىڭ، شاڭخەي، شىئەن، چېڭداۋ، لەنجۇ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە قاتنايدۇ. تاشيول تىرانسپورتى شىنىڭنى مەركەز قىلغان، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە تۇتاشقان تىرانسپورت تورىنى ھاسىل قىلغان. ھاۋا قاتنىشى جەھەتتىن شىنىڭدىن بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، لەنجۇ، شىئەن، گۇاڭجۇ، چېڭدۇ، شاڭخەي، شېنياڭ، ۋۇخەن، لەخاسا ۋە گولمۇدلارغا قاتنايدىغان لىنىيەلەر ئېچىلدى.

## نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى

نىڭشيا گۈزەل ھەم سىرلىق ماكان. خۇاڭخې دەرياسى جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە يىنچۈەن تۈزلەڭلىكىنى كېسىپ ئۆتۈپ، نىڭشيانى مول سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا «خۇاڭخېنىڭ سايىسىدە نىڭشيا باي بولدى» دېگەن سۆز كېلىپ چىققان. نىڭشيا دېگەن نام تاڭغۇتچە «تىنچلاندۇرۇش» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. نىڭشيا غەربىي شىمالدىكى سېرىق توپىلىق ئېگىزلىككە، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان. يەر كۆلىمى 66 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قىسقارتىلىپ «نىڭ» (宁) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆلكە مەركىزى يىنچۈەن. پۈتكۈل رايوننىڭ نوپۇسى 6 مىليون 10 مىڭ (2008) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇلار %30 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇ مەملىكەت بويىچە خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئەڭ چوڭ رايوندۇر.

نىڭشيانىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمىغا سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك، ليۇپەنشەن تاغلىقى، شىمالىي قىسمىغا نىڭشيا تۈزلەڭلىكى ۋە شەرق ـ غەرب ئىككى تەرىپىگە ئوردوس ئېگىزلىكى، خېلەن تاغلىقى جايلاشقان. نىڭشيا تۈزلەڭلىكى پۈتكۈل رايوننىڭ 1/4 نى ئىگىلەيدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 ~ 1200 مېتىرغىچە كېلىدۇ.

نىڭشيانىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى نەم ـ قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە بولۇپ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يىللىق پەرقى بىرقەدەر چوڭ، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 4 ~ 6 ئايغىچە، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 180 ~ 680 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق بىرقەدەر ئېغىر ھەمدە قۇم ـ بوران كۆپ بولىدۇ.

يازدا قارا يامغۇر ياغىدۇ.

يىنچۈەن تۈزلەڭلىكى نىڭشيادىكى ئەڭ باياشات رايون بولۇپ، مەنزىرىسى گۈزەل، گۈرۈچى تەملىك، بېلىقلىرى چوڭ. بۇ جاي قەدىمدىن «چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىن قېلىشمايدۇ» دەپ تەرىپلىنىدۇ. نىڭشيا تۈزلەڭلىكىنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىپ كېلىۋاتقىنىغا 2000 يىلدىن ئاشتى. ئاساسلىق زىرائەتلىرىدىن يازغى بۇغداي، شال، كۆممىقوناق، قىچا، قىزىلچا، تاۋۇز قاتارلىقلار بار. نىڭشيا داڭلىق جۇۋىلىق قوي تېرىسى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايون بولۇپ، تۈزلەڭلىكنىڭ سۇغىرىش رايونىدىكى تەنياڭ قويى (موڭغۇل قويى)نىڭ كۆرپىسى، جوڭۋېي ئۆچكىسىنىڭ تېرىسى ئەلا سورتلۇق جۇۋىلىق تېرە ھېسابلىنىدۇ. خېلەنشەن تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكى سىيىر، گۆش كالىسى بازىسىدۇر. ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن قىزىل (ئالىقات)، سېرىق (چۈچۈكبۇيا)، كۆك (خېلەن تېشى)، ئاق (تەنياڭ قوي تېرىسى)، قارا (قارا يوسۇن) قاتارلىقلار جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق.

نىڭشيانىڭ مول كۆمۈر بايلىقى بىلەن خۇاڭخېنىڭ سۇ ئېنېرگىيە بايلىقىنى ئوبدان بىرىكتۈرۈش ئاساسىدا تۇرغۇزۇلغان ئېنېرگىيە ئەۋزەللىكى بار، كۆمۈر زاپىسى مول، سۈپىتى ياخشى. ھازىر چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن بەشى بار. جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ خەلقئارا دەرىجىلىك پۈتۈن قۇرۇلمىلىق نېفىت - گازلىقىدىن چاڭچىڭ نېفىت - گازلىقى بار. مول نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى نىڭشيانىڭ چەكسىز تەرەققىيات ئىستىقبالىنى نامايان قىلدى.

داڭلىق قەدىمىي ئورۇنلىرىدىن خەيباۋ مۇنارى، تاڭغۇت پادىشاھى مەقبەرىسى، شۇمىشەن تاش ئۆڭكۈرى، 108 مۇنار، لىڭۋۇ سەددىچىن سېپىلى قاتارلىقلاربار.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قىسقارتىلىپ «شىن» (新) دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگراسىغا جايلاشقان بولۇپ، موڭغۇلىيە، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرالىنىدۇ، غەربىي جەنۇبى كەشمىر رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. تاڭ - سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان. يۈەن - مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە چاغاتاي خانلىقى ۋە ئوگداي خانلىقىنىڭ يېرى بولغان. چىڭ سۇلالىسى بۇ يەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىمالىي قىسمىنى جۇڭغارلار رايونى، جەنۇبىي قىسمىنى مۇسۇلمانلار رايونى، بىرلەشتۈرۈپ مۇسۇلمانلار يۇرتى دەپ ئاتىغان، ئىلى سانغۇن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى (1884 - يىلى) دا شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ دېگەن بۇ نام ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. مىنگو دەۋرىدىمۇ يەنىلا مۇشۇ نام قوللىنىلغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، تا بۈگۈنگىچە مۇشۇ نام قوللىنىلىۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون 660 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭگونىڭ يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 1/6 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ جۇڭگو بويىچە يەر كۆلىمى ئەڭ چوڭ، قوشنا دۆلەتلىرى ئەڭ كۆپ ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايوندۇر. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان، مەركىزى ئۈرۈمچى. شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 19 مىليون 970 مىڭ (2008) غا يېتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يەر شەكلى ئالاھىدىلىكى «ئۈچ تاغ ئارىلىقىدىكى ئىككى ئويمانلىق»تىن ئىبارەت. شىمالىي قىسمىدا ئالتاي تېغى، جەنۇبىي قىسمىدا كۇئېنلۇن، قارا قۇرۇم ۋە ئالتۇن تاغلىرى بار. ئوتتۇرا قىسمىدىكى تەڭرىتاغلىرى شىنجاڭنىڭ سىمۋولى بولۇپ، جەنۇبىتىكى تارىم ئويمانلىقى بىلەن شىمالدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرىدۇ. ئادەت بويىچە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايون جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالدىكى رايون شىمالىي شىنجاڭ، قومۇل، تۇرپان ئويمانلىقى شەرقىي شىنجاڭ دەپ ئاتىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭغا تەكلىماكان قۇملۇقى، شىمالىي شىنجاڭغا قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى جايلاشقان.

شىنجاڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق ھەمدە ئېگىز تاغلار بىلەن قورشىلىپ تۇرىدۇ. كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا ياتىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، رادىياتسىيە كۈچلۈك، يىغىندا تېمپېراتۇرا يۇقىرى، تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇپ،



شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرى. (گاۋ گورۇڭ تارتقان سۈرەت)

يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق بايلىقى مول. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى شىمالىي شىنجاڭدا -4℃ تىن 9℃ قىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدا 7℃ تىن 14℃ قىچە بولىدۇ. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 145 مىللىمېتىر بولىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقى جۇڭگو بويىچە ياز پەسلى ئەڭ ئىسسىق جاي بولۇپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 49.6 ℃ قا يېتىدۇ، بۇ جاينىڭ «ئاتەش ماكان» دېگەن نامى بار.

شىنجاڭنىڭ يېتەرلىك ئاپتىپى، ئىسسىقلىق ۋە يەر بايلىقى بار، يەرلىك خەلق سۇ بايلىقى بىرقەدەر ياخشى جايلاردىن پايدىلىنىپ، مەشھۇر بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرغان. تۇرپان ۋە قومۇل قاتارلىق جايلار كارىز بىلەن يەر سۇغىرىپ داڭ چىقارغان. ئاساسلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، ئۇزۇن تالالىق كېۋەز، قىزىلچا، كىشمىش ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىقلار بار. شىنجاڭنىڭ قوغۇن - تاۋۇز ۋە مېۋىلىرى تاتلىق ھەم داڭلىق. چارۋىچىلىق تەرەققىي قىلغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئاساسلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىلىنىڭ ئېتى، ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى، چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى مەملىكەت بويىچە داڭلىق.

شىنجاڭنىڭ قۇملۇقلىرىدا مول نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقى زاپىسى ساقلانغان بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى بۇنى جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ «ئۈمىد دېڭىزى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ گاز مەنبەسى دەل جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۈگۈرنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ كۆمۈر بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۆمۈر زاپىسىنىڭ 40.6% نى ئىگىلەيدۇ، بۇ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئاساسلىق تۆمۈريول لىنىيەسى بولغان لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنىڭ چوڭ تومۇرى ھېسابلىنىدۇ. شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ شىخو - ئالاتاۋ ئېغىزى بۆلىكى ئاسىيا - ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىمۇ بار.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئىنتايىن جەلپكار ساياھەت ئورنى بولۇپ، ئۇنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ، تەبىئىي مەنزىرىسى ئۆزگىچە، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى مول ۋە خىلمۇخىل. بۇ جايدا لوپنور كۆلى، بوغدا كۆلى، دۇنيا بويىچە ئېگىزلىكى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوگىر چوققىسى (8611 مېتىر)، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئويمان جاي ئايدىڭكۆل، «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ نام ئالغان تەكلىماكان قۇملۇقى بار. شىنجاڭدا مەشھۇر باغراش كۆلى، ئېبنۇر كۆلى، ماناس كۆلى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل كۆللەر بار، بۇلارمۇ ساياھەت مەنزىرىلىك جايلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**تەيۋەن ئۆلكىسى** تەيۋەن قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ زېمىنى بولۇپ، تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، تەيۋەن «يۈگۇڭ (禹 贡)»دا «داۋيى (岛 夷)»، «خەننامە»دە «دۇڭتى (鳀 东)» دەپ ئاتالغان، سۈي سۇلالىسىدىن بۇرۇن «يىجۇ (夷 洲)» دەپ ئاتالغان. سۈي، تاڭ سۇلالىرىدىن كېيىن سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرىگىچە «لىيۇچيۇ» ياكى «ريۇكيۇ» دەپ ئاتالغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا كاتىبلىرىدا ئوكىناۋا ئارىلىدىكى ريۇكيۇ پادىشاھلىقىنى «چوڭ ريۇكيۇ» تەيۋەن ئارىلىنى «كىچىك ريۇكيۇ» دەپ ئاتىغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى يىللىرىدا رەسمىي تەيۋەن دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا تەيۋەن ئۆلكىسى تەسىس قىلىنغان، كېيىن ياپونىيە بېسىۋېلىپ، يەنىلا تەيۋەن دەپ ئاتىغان. مىنگو دەۋرىدە قايتۇرۇۋېلىنىپ، تەيۋەن ئۆلكىسى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، ئۆلكە نامى تا بۈگۈنگىچە قوللىنىلىۋاتىدۇ. تارىختا تەيۋەنگە گوللاندىيە، ئىسپانىيە ۋە ياپونىيەلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بېسىپ كىرگەن. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، تەيۋەن قايتىدىن جۇڭگونىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن. 1949 - يىلىدىن كېيىن، ھەممەيلەنگە ئايان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تەيۋەن ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

تەيۋەن جۇڭگونىڭ ئەڭ چوڭ ئارىلى بولۇپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قۇرۇقلۇق سۇپىسىغا جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى تىنچ ئوكيانغا يانداش تۇرىدۇ، غەربىي تەرىپى تەيۋەن بوغۇزى ئارقىلىق فۇجيەن بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ. بوغۇزنىڭ ئەڭ تار جايى 130 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. تەيۋەن غەربىي تىنچ ئوكياندىكى سۇ يولىنىڭ مەركىزىنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ، بۇ جۇڭگونىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن دېڭىز ئارقىلىق ئالاقىلىشىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنىدۇر.

تەيۋەن ئۆلكىسى تەيۋەن ئارىلى، پېڭخۇ تىزما ئاراللىرى، دياۋيۇ ئارىلى، چىۋى ئارالچىسى، پېڭجيا ئارالچىسى، لۇداۋ ئارىلى قاتارلىق ئارال ۋە ئارالچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرۇقلۇق ئومۇمىي يەر كۆلىمى 36 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تەيۋەن ئارىلىنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 35 مىڭ 800 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نوپۇسى 22 مىليون 877 مىڭ (2007) بولۇپ، تەيۋەن ئاھالىسى ئىچىدە خەنزۇلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 98% نى ئىگىلەيدۇ. تەيبېي شەھىرى مەمۇرىي مەركىزىدۇر.

تەيۋەن ئارىلىدا تاغلار كۆپ بولۇپ، ئېگىز تاغ ۋە ئېدىرلىقلارنىڭ كۆلىمى تەيۋەننىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 2/3 قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. شەرقىي قىسمىدا تاغ تىزمىلىرى كۆپ، ئوتتۇرا قىسمىدا ئېدىرلىقلار كۆپ، غەربىي قىسمىدا تۈزلەڭلەر كۆپ. تەيۋەن ئارىلى تىنچ



جۇڭگو تەيبېي شەھىرىدىكى 101 ـ بىنانىڭ ئېگىزلىكى 508 مېتىر بولۇپ، ئۇ تەيبېي شەھىرىنىڭ سىمۋوللۇق قۇرۇلۇشىدۇر.

ئوكيانني چۆرىدىگەن يەر تەۋرەش بەلبېغى ۋە يانار تاغ بەلبېغىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر پوستى مۇقىمسىز، كۆپ يەر تەۋرەيدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ. يىراق قەدىمكى زامانلاردا تەيۋەن ئۆلكىسى چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن تۇتاش ئىدى، كېيىن دېڭىز يۈزى كۆتۈرۈلۈپ، تۇتىشىپ تۇرغان قىسمى دېڭىز سۈيىنىڭ ئاستىدا قېلىپ، بۇ جايدا دېڭىز بوغۇزى ھاسىل بولۇپ، تەيۋەن ئارىلى بارلىققا كەلگەن.

تەيۋەننىڭ كىلىماتى قىش پەسىلىدە ئىللىق، ياز پەسلىدە قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. ھۆل ـ يېغىن مىقدارى يېتەرلىك، شىمالىي تروپىك سىزىقى تەيۋەن ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ شىمالىي قىسمى سۇبتروپىك بەلباغ كىلىماتىغا، جەنۇبىي قىسمى تروپىك بەلباغ كىلىماتىغا مەنسۇپ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى (ئېگىز تاغلاردىن باشقا) 22℃، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى كۆپىنچە جايلىرىدا 2000 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 50 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان دەريالاردىن 20سى بار بولۇپ، سۈيى جىددىي ئاقىدۇ، شارقىراتمىلىرى كۆپ بولۇپ، سۇ كۈچى بايلىقى ئىنتايىن مول، جوشۈيشى دەرياسى (186.4 كىلومېتىر) ئەڭ ئۇزۇن دەرياسى ھېسابلىنىدۇ، مەشھۇر كۆلىدىن رىيۆتەن كۆلى بار.

تەيۋەندىن گوۋرۇچ كۆپ چىقىدۇ، ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلىرىدىن شېكەر قومۇش بىلەن چاي بار. تەيۋەننىڭ «مېۋە ـ چېۋە پادىشاھلىقى» دېگەن كاتتا نامى بار. مېۋىلىرىنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ. گۈل ـ گىياھلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىمۇ خېلىلا يۇقىرى. يېقىن دېڭىز بېلىقچىلىقى بىلەن باقمىچىلىق بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان.

تەيۋەننىڭ ئورمان كۆلىمى پۈتۈن ئۆلكە يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 52% نى ئىگىلەيدۇ، بولۇپمۇ شەمشاد، ئارچا دەرىخى، كامفورا، ماخلوس دەرىخى قاتارلىق ياغاچ ماتېرىياللىرى دۇنياغا داڭلىق، كامفورادىن ئېلىنىدىغان ماددىلار دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. كامفورا جەۋھىرى ۋە كامفورا مېيىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى پۈتۈن دۇنيادىكى كامفورانىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 70% نى ئىگىلەيدۇ.

تەيۋەننىڭ مول سۇ كۈچى، ئورمان، بېلىقچىلىق بايلىقلىرىدىن باشقا تەبىئىي بايلىقلىرى چەكلىك.

## ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى

ئامېن سۆزىدىكى «ئاۋ» خېتى دېڭىز بويىدىكى كېمە توختاتقىلى بولىدىغان ئەگرى ـ توقاي جايلارنى كۆرسىتىدۇ. «مېن» خېتى ئاۋمېننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرغان ئىككى تاغنىڭ بىر ئىشىككە ئوخشايدىغانلىقىنى، جەنۇبىي تەرىپىدىكى دېڭىزدىكى تۆت كىچىك ئارالنىڭمۇ بىر ئىشككە ئوخشاش بىر ـ بىرىگە قارىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرىقىلار بىرلەشتۈرۈلۈپ «ئاۋمېن» دەپ ئاتالغان.

ئاۋمېن جۇڭگونىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويىدىكى جۇجياڭ دەرياسى دېلتىسىغا، جۇجياڭ دەرياسى ئېغىزىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپى گۇەنجانى پاسىل قىلغان ھالدا جۇخەي ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونىنىڭ گۇڭبېي رايونى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، شەرقىي تەرىپى لىڭدىڭياڭ ئارقىلىق شياڭگاڭ بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، شياڭگاڭغىچە بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 40 دېڭىز مىلى كېلىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى بىپايان جەنۇبىي دېڭىزغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

ئاۋمېن شىمالىي تروپىك سىزىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقانلىقتىن، دېڭىز ـ ئوكيان ۋە مۇسسۇن شامىلىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرايدۇ. كىلىماتى تروپىك بەلباغ دېڭىز ـ ئوكيان خاراكتېرىدىكى مۇسسۇن شامالىلىق كىلىماتقا ياتىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 22℃ ئەتراپىدا بولىدۇ، نەملىكى بىرقەدەر يۇقىرى.

ئاۋمېن رايونى ئاۋمېن يېرىم ئارىلى، داڭزى ۋە لۇخۇەندىن ئىبارەت ئىككى ئارالدىن تەشكىل تاپقان. 19 ـ ئەسىردە ئاۋمېن يېرىم ئارىلىنىڭ يەر مەيدانى ئۈچ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشمايتتى. بىر ئە-



ئاۋمېن مەنزىرىسىنىڭ سىمۋولى — داسەنبا خاتىرە راۋىقى.

www.uyghurkitap.com

سىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئۇزلۇكسىز تۇردە دېڭىزنى تىندۇرۇپ يەر كېڭەيتىش نەتىجىسىدە، ئاۋمېننىڭ قۇرۇقلۇق كۆلىمى تەدرىجىي چوڭىيىپ، كۆلىمى 27.5 كىۋادرات كىلومېتىرغا، نوپۇسى 488 مىڭغا يەتتى (2008). ئاۋمېننىڭ ئاھالىسى جۇڭگولۇقلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، كۆپىنچىسىنىڭ ئەسلىي يۇرتى گۇاڭدۇڭ. جۇڭگولۇقلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %95 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، پورتۇگالىيەلىكلەر ۋە باشقا چەت ئەللىكلەر تەخمىنەن %5 نى ئىگىلەيدۇ، ئاھالىلەر كۈندىلىك ئالاقىدە ئومۇمىيۈزلۈك گۇاڭجۇ تەلەپپۇزىدا سۆزلىشىدۇ.

پىرىستان قۇرۇلغان 400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئاۋمېن ئىزچىل تۇردە جۇڭگو دۇنياغا نەزەر سالىدىغان، دۇنيا جۇڭگوغا نەزەر سالىدىغان بىر كۆزنەك بولۇپ كەلدى. بۇ يەردە ھەم قەدىمكى زاماننىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى بۇتخانىلىرى بار، ھەم كۆركەم سۈرلۈك كاتولىك دىنى چېركاۋلىرى بار، يەنە دۇنياغا مەشھۇر كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى بار، ئۇ جۇڭگو ۋە غەربنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچە جەلپكارلىقى ۋە ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك ئورنى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەبلەغ سالغۇچى سودىگەرلەرنى ۋە تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرماقتا.

ئاۋمېن پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان. 1999 ـ يىلى ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىغا ئايلىنىپ، ئاۋمېننىڭ نېگىزلىك قانۇنى بويىچە يۇكسەك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلدى.

**شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى**

شياڭگاڭ دېگەن نام شياڭجياڭ دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ «شەرقتىكى مەرۋايىت» دېگەن نامى بار، يەر كۆلىمى 1104 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شياڭگاڭ شياڭگاڭ ئارىلى، شىنجيې، جيۇلۇڭ يېرىم ئاراللىرى ۋە 260 تىن كۆپ سىرتقى ئاراللاردىن تەشكىل تاپقان. ئۇ جۇجياڭ دەرياسى ئېغىزىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان، غەربىي تەرىپى ئاۋمېن بىلەن يىراقتىن قارىشىپ تۇرىدۇ، شىمالىي تەرىپى شېنجېن شەھىرىگە قوشنا، قۇرۇقلۇق قىسمى گۇاڭدۇڭ بىلەن چېگرىلىنىپ تۇرىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىغا سوزۇلۇپ كىرىدۇ.



شياڭگاڭدىكى ۋىكتورىيە پورتى.

شياڭگاڭنىڭ نوپۇسى 6 مىليون 994 مىڭ 500 (2008) بولۇپ، %98 ى جۇڭگولۇقلار بولۇپ، كۆپىنچىسى گۇاڭدۇڭدىن كەلگەن. گۇاڭدۇڭ تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى شياڭگاڭغا 90 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلدى. شياڭگاڭ 1997 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي يوسۇندا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قايتىپ كەلدى. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شياڭگاڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى بولۇپ، «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» فاڭجېنى بويىچە، يۇكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

شياڭگاڭ دۇنياغا داڭلىق خەلقئارالىق چوڭ شەھەر، دۇنيا پۇل مۇئامىلە ۋە سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئالتۇن تاشقى پېرېۋوت بازىرى، چوڭقۇر سۇلۇق ئەركىن پورتى، ئۆتەڭ سودىسى خەلقئارا سودىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى بولۇپ قالدى. شياڭگاڭنىڭ زامانىۋىلىشىش پۇرىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئىقتىساد، ئالاقە، پەن ـ تېخنىكا، قاتناش، تۇرمۇش، كۆڭۈل ئېچىش جەھەتلەردىكى تەرەققىيات سەۋىيەسى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ، بولۇپمۇ شياڭگاڭنىڭ كىنوچىلىقى تېخىمۇ مەشھۇر بولۇپ، دۇنيا كىنوچىلىقىغا كەڭ دائىرىدە تەسىر كۆرسەتتى.

شەرقتىكى بۇ ئەڭ ئاۋات دۇنياۋى چوڭ شەھەرگە ھەر كۈنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كىشىلەر ساياھەت قىلىش، مال سېتىۋېلىشقا كېلىدۇ، ئۇنىڭ «مال سېتىۋالغۇچىلارنىڭ جەننىتى» دېگەن كاتتا نامى بار.

**چاۋشيەن** چاۋشيەن ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى دۆلەت بولۇپ، چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي يېرىمىغا جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى ياپون دېڭىزىغا، غەربىي تەرىپى سېرىق دېڭىزغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ، شىمالىي تەرىپى يالۇجياڭ دەرياسى، تۇمېنجياڭ دەرياسى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ لياۋنىڭ ئۆلكىسى، جىلىن ئۆلكىسى بىلەن چېگرالىنىدۇ، شەرقىي شىمال تەرىپى روسىيەنىڭ يىراق شەرق رايونى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى كورېيە بىلەن چېگرالىنىدۇ. يەر كۆلىمى 120 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 22 مىليون 930 مىڭ (2005) غا يېتىدۇ. پايتەختى پيوڭياڭ. پۈتۈن مەملىكەتتە بىرلا چاۋشيەن مىللىتى بار بولۇپ، چاۋشيەن تىلى ئىشلىتىلىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 9.7℃ بولىدۇ. تاغلىق يەرلەر كەڭ تارقالغان، تۈزلەڭلىكلەر ئاز، تاغلىق يەرلەر ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %75 نى ئىگىلەيدۇ. شىمالىي قىسمىدىكى چېگرادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان گېنېرال چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2749 مېتىر ئېگىز بولۇپ، چاۋشيەن بويىچە بىرىنچى ئېگىز

چوققا هېسابلىنىدۇ.

چاۋشيەن قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەت بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو بىلەن بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى ئىنتايىن قويۇق بولۇپ كەتكەن. مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سىللا پادىشاھلىقى يېرىم ئارالنىڭ كۆپ قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. 10 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە كورىيە پادىشاھلىقى پۈتكۈل يېرىم ئارالنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا لى چېڭگۈي پادىشاھلىقى كورىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۆلەت نامىنى چاۋشيەنگە ئۆزگەرتكەن. 1910 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان. مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، چاۋشيەن خەلقى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، 1945 ـ



چاۋشيەن پىيوڭياڭدىكى زەپەر دەرۋازىسى.

يىلى 8 ـ ئايدا چاۋشيەننى ئازاد قىلدى. 1948 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىمالىي كەڭلىك 38° سىزىقىنىڭ شىمالىدا چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. 38° سىزىقنىڭ جەنۇبىدا كورىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا ئۇچراپ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن، 30 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىر قاتار خەلق ئىگىلىكى پىلانلىرىنى ئورۇنلاپ، ئېغىر سانائەت، يېنىك سانائەت ۋە ئاشلىق بازىلىرىنى قۇرۇپ، ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتتى. 1994 ـ يىلىدىن بۇيان، چاۋشيەن ئۇدا تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچراش سەۋەبىدىن، ئېغىر دەرىجىدە ئاشلىق كەمچىل بولدى. خەلقئارا جەمئىيەت قوش تەرەپ يوللىرى ياكى دۇنيا ئاشلىق پىلانى مەھكىمىسى قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ئارقىلىق چاۋشيەنگە زور تۈركۈمدە ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بەردى.

**كورىيە** كورىيەنىڭ تولۇق نامى كورىيە جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، قىسقارتىلىپ كورىيە دەپ ئاتىلىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتە بىرلا چاۋشيەن مىللىتى ياشايدۇ، كورىيە تىلى ئىشلىتىلىدۇ. بۇددا دىنى بىلەن خىرىستىيان دىنى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. پايتەختى سېئول.

كورىيە ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. شىمالىي قىسمى ھەربىي ئىشلار چېگرا سىزىقى ئارقىلىق چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، قالغان ئۈچ تەرىپىنى سېرىق دېڭىز، چاۋشيەن بوغۇزى ۋە ياپون دېڭىزى قورشاپ تۇرىدۇ. يەر كۆلىمى تەخمىنەن 100 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى تەخمىنەن 48 مىليون 540 مىڭ (2006) غا يېتىدۇ. كورىيە زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى ئېدىرلىق ۋە تۈزلەڭلىك بولۇپ، تەخمىنەن 70% ى تاغلىق رايون، ئېدىرلىقنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبىي ۋە غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. غەربىي قىرغاق بويىدىكى دەريالارنىڭ قىرغاق بويلىرىدا كەڭ تۈزلەڭلىكلەر بار. كورىيەنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ شەرقىي ئاسىيا مۇسسۇن شاماللىق كىلىماتىغا تەۋە. ئۈچ تەرىپىنى دېڭىز ئوراپ تۇرغانلىقتىن، دېڭىز ـ ئوكيان كىلىمات ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

كورىيەنىڭ دۆلەت بايرىقى ئەرشئەلا (تەيجى) بايرىقى بولۇپ، 1882 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ياپونىيەگە ئەۋەتىلگەن ئەلچى پياۋ يۇڭشياۋ بىلەن جىن يۈجۈن كېمىدە تۈنجى قېتىم ئۇنى سىزىپ چىققان. 1883 ـ يىلى لى چېڭگۈي پادىشاھلىقىنىڭ رەسمىي دۆلەت بايرىقى قىلىنغان. 1949 ـ يىلى كورىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى قىلىنغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى كورىيەنىڭ ئىقتىسادى گۇمران بولۇش گىرۋىكىدىن جانلىنىشقا يۈزلەنگەن. 70 ـ يىللاردا يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت دۆلەت (رايون)لىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. 80 ـ يىللاردا تەرەققىي قىلىپ خەلقئارا بازاردا رىقابەتلىشىش كۈچىگە ئىگە دۆلەتكە ئايلانغان. 90 ـ يىللاردىن باشلاپ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر قاتارىغا كىرىشنى تىرىشىش نىشانى قىلغان.

**ياپونىيە** ياپونىيە ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنىڭ سىرتىدىكى تىنچ ئوكيان ئارال دۆلىتى بولۇپ، غەرب ۋە شىمال تەرىپى شەرقىي دېڭىز، سېرىق دېڭىز، چاۋشيەن بوغۇزى، ياپون دېڭىزى ئارقىلىق جۇڭگو، چاۋشيەن، كورىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 380 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، خوككايدو، خونسيۇ، شىكوكو، كيۇسيۇدىن ئىبارەت 4 چوڭ ئارال ۋە ئۇنىڭدىن باشقا 3900دىن كۆپ كىچىك ئارالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاغلىق ۋە ئېدىرلىق ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 75% نى ئىگىلەيدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتە 200دىن كۆپ يانارتاغ بار، ئۇنىڭ 70 تىن كۆپرەكى ھەرىكەتتىكى يانار تاغلاردىن ئىبارەت. ياپونىيە دۇنيا بويىچە داڭلىق يەر تەۋرەش رايونىدۇر. فۇجى ياما تېغى مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا بولۇپ، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3776 مېتىر كېلىدۇ، ئارشاڭلار مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يې-



ياپونىيەنىڭ توكيودىكى ئەڭ ئاۋات سودا رايونى شىبۇيا.

ـرىگە تارقالغان.

ياپونىيەنى دېڭىز ـ ئوكيان قورشاپ تۇرغانلىقتىن، كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ دېڭىز ـ ئوكيان خاراكتېرىدىكى مۇسسۇن شامallلىق كىلىماتقا ياتىدۇ، ھاۋاسى يىل بويى ئىللىق ۋە نەم بولىدۇ. قىشتا قاتتىق سوغۇق بولمايدۇ، يازدا قاتتىق ئىسسىق بولمايدۇ، ياز ۋە كۈز پەسلىدە تەيفېڭ بورىنى كۆپ چىقىدۇ، 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە «قارا ئۆرۈك» يامغۇرى كۆپ ياغىدۇ. يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 700 ~ 3500 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 4000 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ. نوپۇسى 128 مىليون (2007) بولۇپ، ئاھالىسى زىچ دۆلەت ھېسابلىنىدۇ.

ياپونىيە ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك دۆلەت. قېزىلما بايلىقلىرى كەمچىل بولۇپ، كۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدە زاپىسى بولغاندىن سىرت، مۇتلەق كۆپىنچىسى ئىمپورت قىلىنىدۇ. ئورمان كۆلىمى 25 مىليون 260 مىڭ گېكتار بولۇپ، دۆلەت زېمىنى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 66.6% نى ئىگىلەيدۇ. ئەمما ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ 55.1% نى ئىمپورت قىلىشقا تايىنىدۇ، ئۇ دۇنيا بويىچە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئەڭ كۆپ ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەت. سۇ كۈچى بايلىقى مول بولۇپ، سۇ كۈچى بىلەن چىقىرىلغان توك مىقدارى ئومۇمىي چىقىرىلغان توك مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 12% نى ئىگىلەيدۇ. يېقىن دېڭىز بېلىقچىلىق بايلىقى مول، سانائىتى يۇكسەك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدۇ، سانائەت ئاساسلىقى تىنچ ئوكيان بويلىرىدىكى رايونلارغا مەركەزلەشكەن، كېيىن، خەنشىن، ناگويا ۋە كىتاكيۇشۇ تۆت چوڭ ئەنئەنىۋى سانائەت رايونلىرىدۇر. كېيىنچە يەنە شىمالىي كانتۇ، چىبا، سېتو ئىچكى دېڭىزى ۋە سىرۇگا قولتۇقى قاتارلىق يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت بەلباغلىرى بارلىققا كەلدى. ياپونىيە 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ سودا ئارقىلىق دۆلەت قۇرۇش تەرەققىيات فاڭجېنىنى بەلگىلىگەن. ئامېرىكا، ئاسىيا ئەللىرى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى ئەللىرى ياپونىيەنىڭ ئاساسلىق سودا ئوبيېكتلىرىدۇر.

ياپونىيەنىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك شارائىتى ۋە ئۇزاق تارىخى ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ياپونىيە مەدەنىيىتىنى يېتىلدۈرگەن. نورۇزگۈلى، كىمونو، خايكۇ، شېئىرىيەت قاتارلىقلار بىلەن سامۇراي، گۈرۈچ ھارىقى، شىنتو دىنى قاتارلىقلار ياپونىيەنىڭ گۈل ۋە قىلىچ (تىنچلىق ۋە ئۇرۇش) تىن ئىبارەت ئىككى تەرىپىنى ھاسىل قىلغان. ياپونىيەنىڭ يەنە مەشھۇر «ئۈچ سەنئىتى»، يەنى چايچىلىق سەنئىتى، گۈل تىزىش سەنئىتى ۋە خەتتاتلىق سەنئىتى بار.

**توكيو** 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر سامۇراي ياپونىيەنىڭ كانتۇ تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى كىچىك كەنت ئېدودا بىر قەلئە سالغان. بىر قانچە يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئېدو قەلئەسى تەرەققىي قىلىپ ياپونىيەنىڭ پايتەختى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان. مانا بۇ دۇنيا بويىچە ئالاھىدە چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان توكيو شەھىرىدۇر.

1868 ـ يىلى مېيجى تېننو (تەڭرىقۇت مېيجى) كيوتودىن شەرققە كۆچۈپ، ئېدونى توكيوغا ئۆزگەرتكەن. 100 نەچچە يىلدىن بۇيان، توكيو كۈرمىڭ ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. ئۇرۇش، ئوت ئاپىتى، يەر تەۋرەش قاتارلىقلارنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتتى. 1964 ـ يىلى 18 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى توكيودا ئۆتكۈزۈلۈپ، توكيونىڭ ھەرقايسى ساھە ۋە كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە قوزغاتتى، بۇ توكيونىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر نامايەندە بولدى.

توكيو نوپۇس جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ شەھەر ھېسابلىنىدۇ، نوپۇسى 12 مىليون 700 مىڭ (2007) بولۇپ، مېكسىكا شەھىرىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. توكيونىڭ گىنزا سودا مەركىزى، يائېسى يەر ئاستى دۇكانلىرى كوچىسى ياپونىيە، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ سودا قۇرۇلۇشى بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 140 مىڭ كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ، كۈندە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 44 مىڭ خېرىدارنى كۈتۈۋالىدۇ. توكيودا قەدىمىي ئاسارئەتىقىلەر ناھايىتى كۆپ. تەڭرىقۇت ئوردىسى توكيونىڭ مەركىزىدىكى چيودا ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئورنى تەخمىنەن بىر كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ ئېدو دەۋرىدىن قالغان ئەڭ چوڭ خارابىلىكتۇر. مېيجى جىنگۇ بولسا توكيونىڭ شىبۇيا رايونىغا جايلاشقان. ئۇ مەشھۇر ئىبادەتخانىلارنىڭ بىرى بولۇپ، تەڭرىقۇت مېيجى بىلەن ۋالىدىخان شيوكېنغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن تايشو بىرىنچى يىلى (1912 ـ يىلى) سېلىنغان.

ياپونىيەنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن، توكيو شەھىرىگە ئۇنىۋېرسىتېتلار زىچ جايلاشقان. بۇ يەردە 100 دىن ئارتۇق

ئۇنىۋېرسىتېت بار بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 40% نى ئىگىلەيدۇ. مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ۋاسېدا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلار بار. توكيودا يەنە 110 دىن ئارتۇق ھەر خىل شەكىلدىكى مۇزېي بار. بۇنىڭ ئىچىدە توكيو دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۇزېي ئەڭ چوڭ.

**شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا** شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم بولۇپ، شىمالىي تەرىپى جۇڭگو بىلەن قوشنا، شەرقىي تەرىپى تىنچ ئوكيانغا يانداش تۇرىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى ھىندى ئوكيانغا، غەربىي تەرىپى ھىندىستان ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇققا تۇتىشىدۇ. ئۇ ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى ۋە مالاي تاقىم ئاراللىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ۋېيتنام، لائوس، كامبودژا، تايلاند، بىرما، مالايشىيا، سىنگاپور، ھىندونېزىيە، برۇنېي، فىلىپپىن ۋە شەرقىي تىموردىن ئىبارەت 11 دۆلەت بار. كىلىماتى تروپىك بەلباغ كىلىماتىنى ئاساس قىلىدۇ، تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكى ئورماننى ئاساس قىلىدۇ. ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدىكى بىر قاتار تاغ تىزمىلىرى ۋە جىلغىلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىدۇ. مۇھىم دەريا ـ ئېقىنلىرىدىن جۇڭگو زېمىنىدىن باشلانغان مېكوڭ دەرياسى، قىزىل دەريا ۋە ئىرراۋاددى دەرياسى بار. مالاي تاقىم ئاراللىرى جەنۇبىي ئوكيان تاقىم ئاراللىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ 20 مىڭدىن ئارتۇق ئارالدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تاقىم ئاراللار ھېسابلىنىدۇ. ھىندونېزىيەنىڭ «مىڭلىغان ئاراللار دۆلىتى» دېگەن نامى بار.

مالاي يېرىم ئارىلى بىلەن ھىندونېزىيەنىڭ سۇماترا ئارىلى ئارىلىقىدىكى مالاككا بوغۇزىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. بۇ تار ھەم ئۇزۇن بوغۇزنىڭ ئەڭ تار جايى ئارانلا 37 كىلومېتىر بولۇپ، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئوكيانىيەدىن ئىبارەت تۆت چوڭ قىتئە ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەلدۇر. مالاككا بوغۇزى ياپونىيە ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ، ياپونىيە ئېھتىياجلىق بولغان ئوتتۇرا شەرق نېفىتىنىڭ ھەممىسى مالاككا بوغۇزى ئارقىلىق ياپونىيەگە توشۇلىدۇ.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى مەدەنىيلىك دەرىجىسى كۆپ خىللاشقان. ھەم سىنگاپوردەك يۈكسەك تەرەققىي قىلغان دۆلەت بار، ھەم يېڭى گىۋنىيە ئارىلىدىكىدەك ئىپتىدائىي قەبىلىلەر بار. دىنىمۇ كۆپ خىل بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى بار. بۇلاردىن سىرت، يەنە خىرىستىيان دىنى، ھىندى دىنى، شۇنداقلا كۆپلىگەن ئىپتىدائىي دىنلار بار. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھىندىستان مەدەنىيەت چەمبىرىكى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. ئىككى چوڭ مەدەنىيەت بۇ جايدا ئۇچرىشىپ ھەمدە يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن بىرىكىپ، ئۆزگىچە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىكى ئادەملەرنىڭ بويى پاكار، تېرىسى سەل قارامتۇل، يۈزى ۋە بۇرنى ياپىلاق كېلىدۇ، چېچى قارا ھەم تىك، چىشلىرى بىرقەدەر چوڭ بولىدۇ.

مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى يىللىرى بۇددا دىنى ھىندىستاندىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ، تا بۈگۈنگىچە بىرما، تايلاند، لائوس، كامبودژا، ۋېيتنام قاتارلىق دۆلەتلەردە خېلى چوڭ تەسىرى بار، بۇ جاينىڭ ھەممىلا يېرىدە توق سېرىق كاسايانى يېپىنچاقلىۋالغان راھىبلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. دۇنياغا داڭلىق ئانكور قەدىمىي ئىبادەتخانىسى كامبودژادىكى قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان بۇددا تاش ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ گۆھەر ئامبىرى — بورو بۇدۇر ئىبادەتخانىسىمۇ ھىندونېزىيەنىڭ يوگياكارتا ئەتراپىغا جايلاشقان. بۇددا دىنىنىڭ كىرىشى بىلەن، ھىندى دىنىمۇ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا كىرگەن. ھىندونېزىيەنىڭ بالى ئارىلىدا تا ھازىرغىچە قويۇق ھىندى دىنى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ساقلانغان. 7 ـ ئەسىردىن كېيىن، يەنە ئىسلام دىنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا تارقالغان. ھازىر مالايشىيا، فىلىپپىن، ھىندونېزىيەدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن ئاھالە بار.



بىرمىدىكى رانگون چوڭ ئالتۇن مۇنارى.

ئىسلام دىنى يەنە مالايشىيا بىلەن ھىندونېزىيەنىڭ دۆلەت دىنى ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭگونىڭ دېڭىز قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ مىڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، بەزى جۇڭگولۇقلار خېيىم ـ خەتەر ۋە قىيىنچىلىقلاردىن قورقماي، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا كېلىپ، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بىرلىكتە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانى ئاچقان ھەمدە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارنىڭ ئەجدادى بو-

www.uyghurkitap.com

لىپ قالغان.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا خەلقى ئىناق - ئىجىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ، دوستانە بېرىش - كېلىش قىلىۋاتقان پەيتتە، غەرب مۇستەملىكىچىلىرى بۇ «پاك زېمىن»غا بېسىپ كىردى. 16 - ئەسىردە يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، پورتۇگالىيە، ئىسپانىيە، گوللاندىيە، فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق غەرب مۇستەملىكىچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا يېتىپ كېلىپ، ئىسپانىيە فىلىپپىننى، گوللاندىيە ھىندونېزىيەنى، فىرانسىيە ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەتنى، ئەنگلىيە بىرما ۋە مالاي يېرىم ئارىلىنى ئىگىلىۋالدى، پەقەت تايلاندلا مۇستەملىكە قىلىنمىدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن كېيىن، ئامېرىكا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا قىستىلىپ كىردى. ئامېرىكا - ئىسپانىيە ئۇرۇشىدا ئامېرىكا ئىسپانىيەنى مەغلۇپ قىلىپ، فىلىپپىننى ئىگىلىۋالدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى پۈتكۈل شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا بېسىپ كىردى، ھەتتا تايلاندمۇ ئامان قالمىدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش دولقۇنىنى قوزغاپ، ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىللىققە ئېرىشتى. ۋيېتنام خەلقى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 30 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشى ۋە ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشى قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇرۇش ئوتى تەدرىجىي ئۆچۈپ، خەلق يۇرت - ماكانلىرىغا قايتتى. داۋالغۇش ۋە ئەنسىزچىلىككە تولغان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيامۇ تەدرىجىي تىنچلىق - خاتىرجەملىككە يۈزلەندى.

تىنچلىق شارائىتىدا ھەرقايسى ئەللەر ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى باشلىۋەتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەڭ ئالدى بىلەن يۈكسەلگىنى سىنگاپور، ئاندىن كېيىن قالسا مالايشىيا، ھىندونېزىيە ۋە تايلاند قاتارلىقلار. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. ھالبۇكى 1997 - يىلى 7 - ئايدا پۇل مۇئامىلە كىرىزىسى تايلاندتىن باشلىنىپ، ئارقىدىنلا پۈتكۈل شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىنى قاپلىدى ھەمدە كورېيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسەتتى، بۇ كىرىزىس 1999 - يىلىغا كەلگەندە ئاخىرلاشتى.

**ۋيېتنام** ۋيېتنام ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان دۆلەت. دۆلەت نامى ۋيېتنام سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، ئۇ ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان، شىمالىي تەرىپى جوڭ قۇرۇقلۇقىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ، شەرقىي تەرىپى جەنۇبىي دېڭىزغا يانداش تۇرىدۇ. قۇرۇقلۇقتا جۇڭگو، لائوس، كامبودژا قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرالىنىدۇ. زېمىنى تار ۋە ئۇزۇن بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1650 كىلومېتىر، غەربتىن شەرققە بولغان كەڭلىكىنىڭ ئەڭ تار جايى ئارانلا 50 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر كۆلىمى تەخمىنەن 330 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نوپۇسى 84 مىليون 110 مىڭ (2006) غا يېتىدۇ. پايتەختى خانوي. ۋيېتنامدا 54 مىللەت ياشايدۇ، جىڭزۇلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 90% نى ئىگىلەيدۇ.

مىلادىيە 968 - يىلى ۋيېتنام مۇستەقىل فېئودالىق دۆلەت بولغان. 1884 - يىلى فىرانسىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلانغان. 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ۋيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا فىرانسىيە يەنە بىر قېتىم ۋيېتنامغا تاجاۋۇز قىلدى، ۋيېتنام خەلقى فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جاپالىق ئۇرۇش قىلدى. 1954 - يىلى 7 - ئايدا ھىندىچىنىنىڭ تىنچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى جەنۋە كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، ۋيېتنامنىڭ شىمالىي قىسمى ئازادلىققا ئېرىشتى. جەنۇبىي قىسمىغا يەنىلا فىرانسىيە (كېيىنچە ئامېرىكا يۆلەپ تۇرغۇزغان جەنۇبىي ۋيېتنام ھۆكۈمىتى) ھۆكۈمرانلىق قىلدى. 1961 - يىلىدىن باشلاپ ۋيېتنام ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىنى باشلىدى. 1973 - يىلى 1 - ئايدا ۋيېتنام بىلەن ئامېرىكا پارىژدا ۋيېتنام ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى شەرتنامىنى ئىمزالاپ، ئامېرىكا ئارمىيەسى ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىدىن چېكىنىشكە باشلىدى. 1975 - يىلى 5 - ئايدا ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىي قىسمى تولۇق ئازاد قىلىندى. 1976 - يىلى 4 - ئايدا بىرلىككە كەلگەن پارلامېنت سايلاپ چىقىلىپ، 7 - ئايدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكى جاكارلاندى. دۆلەت نامى «ۋيېتنام سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى» دەپ بېكىتىلدى.

2003 - يىلىدىن بۇيان، ۋيېتنام «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئاچقۇچ قىلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىلىق ھالدا مىللەتلەر، دىن ۋە چېرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ كەلمەكتە. يۇقىرىدىكى تەدبىرلەر ئارقىلىق ۋيېتنام ئاساسىي جەھەتتىن سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

**سىنگاپور** سىنگاپورنىڭ ئەسلىي مەنىسى «شىر شەھىرى» بولۇپ، سانسكرت تىلىدىكى «شىر شەھىرى» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش كېلىدۇ، ئۇ يەنە كىچىككىلىكىدىن «ئارالچاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سىنگاپور مالاي يېرىم ئارىلى-



سىنگاپور مەنزىرىسى.

نىڭ ئەڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان تروپىك بەلباغ شەھەر ئارال دۆلىتى بولۇپ، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 699 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالىي تەرىپى جوخور بوغۇزى ئارقىلىق مالايشىيا بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى سىنگاپور بوغۇزى ئارقىلىق ھىندونېزىيە بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ. ئورنى تېنچ ئوكيان بىلەن ھىندى ئوكيان دېڭىز قاتنىشىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولغان مالاككا بوغۇزىنىڭ كىرىش ـ چىقىش ئېغىزىغا جايلاشقان. كىلىماتى تروپىك بەلباغ دېڭىز ئوكيان خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا ياتىدۇ، يىل بويى تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، ھۆل ـ يېغىنى كۆپ بولىدۇ. نوپۇسى 4 مىليون 480 مىڭ (2006) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار تەخمىنەن %77.2 نى، مالايلار %14.6 نى ئىگىلەيدۇ، مالاي تىلى دۆلەت تىلى ھېسابلىنىدۇ. ئىنگلىز تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە تامىل تىلى ھۆكۈمەت تىلى ھېسابلىنىدۇ. خەنزۇلار ۋە سىرى لانكىلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، مالايلار بىلەن پاكىستانلىقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ھىندىلار ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

سىنگاپورنىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادى سودىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۆتەڭ سودىسى، پىششىقلاپ ئىشلەپ ئېكسپورت قىلىش، دېڭىز ترانسپورتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ، كاپىتالى زىچ، يۇقىرى قىممەت يارىتىدىغان يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان سانائەتنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇردى. 90 ـ يىللاردا ئۇچۇر كەسپىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پوتكول ئارالدا «سىنگاپور ئۇنىۋېرسال تورى»نى مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىقتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە سودا، ياساش، قۇرۇلۇش، پۇل مۇئامىلە، قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش كەسپىدىن ئىبارەت بەش چوڭ ساھەنى ئاساس قىلغان. سانائەتتە ئاساسلىقى نېفىت ئايرىش، نېفىت خىمىيە سانائىتى، كېمە ياساش ۋە رېمونت قىلىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، سىنگاپور دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى چوڭ نېفىت ئايرىش مەركىزىگە ئايلانغان. ساياھەت كەسپى تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ھىندونېزىيە** ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتى ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تاقىم ئاراللار دۆلىتى بولۇپ، زېمىنى ئېكۋاتورنى ئاتلاپ تۇرىدۇ، ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى بىلەن ئاۋستىرالىيە چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. دۆلەت زېمىنى ئاسىيا بىلەن ئوكيانىيەدىكى 17508 ئارالغا يېيىلغان (بۇنىڭ ئىچىدە 6044 ئارالدا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان). جۇملىدىن ياۋا ئارىلى بىلەن مادۇرا ئارىلى تارىختا دۆلەتنىڭ مەركىزى تۇرۇشلۇق ئورۇن بولۇپ، «ئىچكى ئارال» ياكى «ئىچكى ئۆلكە» دەپ ئاتالغان، قالغان ئاراللار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تاشقى ئارال» ياكى «تاشقى ئۆلكە»لەر دەپ ئاتالغان. دۆلەت تېررىتورىيەسىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 1900 كىلومېتىر كېلىدۇ، غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 5100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. دۆلەت زېمىنىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون 900 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 215 مىليون (2004) غا يېتىدۇ. پايتەختى جاكارتا. كۆپىنچە جايلىرى تروپىك بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمان كىلىماتىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 25℃ ~ 27℃ قىچە بولىدۇ.

ھىندونېزىيە ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن تېنچ ئوكيان بۆلىكى تۇتاشقان بەلباغقا جايلاشقانلىقتىن، بۇ جايدا ئارال يايلىرى بىلەن دېڭىز جىلغىلىرى ھاسىل بولغان، يانار تاغ پارتلاش ۋە يەر تەۋرەش كۆپ بولىدۇ. جەمئىي 400 دىن ئارتۇق يانار تاغ بار، بۇنىڭ ئىچىدە ھەرىكەتتىكى يانار تاغدىن 77سى بار بولۇپ، بۇ دۇنيادىكى 454 ھەرىكەتتىكى يانار تاغنىڭ تەخمىنەن 1/6 نى ئىگىلەيدۇ. ھىندونېزىيەنىڭ نۇرغۇنلىغان قەدىمكى زامان مەدەنىيەت بۆشۈكلىرى دەل مۇشۇ يانار تاغ رايونىغا جايلاشقان. يانار تاغ رايونىدا يەنە مول يەر ئىسسىقلىقى ئېنېرگىيەسى بار.

**فىلىپپىن** فىلىپپىن ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاقىم ئاراللار دۆلىتى بولۇپ، شىمالىي تەرىپى باس بوغۇزى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ تەيۋەن ئۆلكىسى بىلەن يىراقتىن قارشىپ تۇرىدۇ، جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىي سۇلاۋېسى بوغۇزى ۋە بالاباك بوغۇزى ئارقىلىق ھىندونېزىيە ۋە مالايشىيا بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ، غەربىي تەرىپى جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزى بىلەن، شەرقىي تەرىپى تېنچ ئوكيان بىلەن يانداش تۇرىدۇ. فىلىپپىننىڭ جەمئىي 7107 چوڭ ـ كىچىك ئارىلى بار، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 300 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 88 مىليون 470 مىڭ (2006) غا يېتىدۇ. مالاي مىللىتى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ %85 تىن

كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. تاگالوگ تىلى ئاساسىدىكى فىلىپپىن تىلى دۆلەت تىلى بولۇپ، ئىنگلىز تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىنىدۇ. پايتەختى بۈيۈك مانىلا شەھىرى بولۇپ، نوپۇسى 10 مىليون 900 مىڭ (2004) غا يېتىدۇ.

فىلىپپىننىڭ كلىماتى مۇسسۇن شامالىق تىروپىك بەلباغ يامغۇرلۇق كلىماتىغا ياتىدۇ، تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولىدۇ، يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، نەملىكى يۇقىرى بولىدۇ، تەيفېڭ بورىنى كۆپ چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 27℃، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 2000 ~ 3000 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ.

فىلىپپىننىڭ ئورمان بايلىقى خېلىلا مول بولۇپ، ئورمانلىق كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت يەر مەيدانىنىڭ 40% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ماخوگانى ياغىچى، قارا ئەبنۇس ياغىچى، سەندال ياغىچى قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ. فىلىپپىن دۇنيادىكى ياغاچ ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە ئېكسپورت قىلىدىغان مۇھىم دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. پىلانسىز قالايمىقان كەسكەنلىكتىن، ئورمان كۆلىمى تەدرىجىي كىچىكلەپ بارماقتا.

فىلىپپىننىڭ ساياھەت بايلىقىمۇ ناھايىتى مول بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتە نۇرغۇنلىغان گۈزەل مەنزىرىلىك داڭلىق ساياھەت ئورۇنلىرى بار، ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن پاگسانجان، باگيو شەھىرى، مايون يانار تېغى قاتارلىقلار بار.

**مالايشىيا** مالايشىيا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا جايلاشقان بولۇپ، دۆلەت زېمىنى جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزى تەرىپىدىن شەرقىي مالايشىيا ۋە غەربىي مالايشىيادىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ تۇرىدۇ. غەربىي مالايشىيا مالاي رايونى بولۇپ، مالاي يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرقىي مالايشىيا ساراۋاك رايونى بىلەن ساباخ رايونىنىڭ بىرلەشتۈرۈپ ئاتىلىشى بولۇپ، كالىمانتان ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. مالايشىيانىڭ يەر كۆلىمى 330 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كلىماتى تىروپىك بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمان كلىماتىغا ياتىدۇ. نوپۇسى 26 مىليون 640 مىڭ (2006) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مالايلار 47% نى ئىگىلەيدۇ، جۇڭگولۇقلار 34% نى، ھىندىلار، پاكىستانلىقلار 9% نى ئىگىلەيدۇ. مالاي تىلى ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ، ئىنگلىز تىلى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ، خەنزۇ تىلىمۇ بىرقەدەر كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىنغان، باشقا دىنلاردىن بۇددا دىنى، ھىندى دىنى ۋە خرىستىيان دىنى قاتارلىقلار بار. پايتەختى كۇئالالۇمپۇر بولۇپ، نوپۇسى تەخمىنەن 1 مىليون 500 مىڭغا يېتىدۇ. يېڭى پايتەختى پۇترا جايا بولۇپ، كۇئالالۇمپۇرنىڭ جەنۇبىدىن 35 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئورۇنغا جايلاشقان.

مالايشىيانىڭ تەبىئىي بايلىقى مول بولۇپ، كاۋچۇك، پالما مېيى ۋە قارىمۇچنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە ئېكسپورت مىقدارى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. قەلەي كانى مول بولۇپ، دۇنيا بويىچە قەلەي ئىشلەپچىقىرىش چوڭ دۆلىتى ئىدى. يېزا ئىگىلىكىدە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىقى كاۋچۇك، مايلىق پالما، قارىمۇچ، كاكائو ۋە تىروپىك بەلباغ مېۋىلىرى قاتارلىقلار بار. 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن بۇيان كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ، ياساش كەسپى، بىناكارلىق ۋە مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى تېزدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاسىيا رايونىدىكى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان سانائەت دۆلەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ساياھەتچىلىك كەسپى دۆلەتنىڭ 3 - چوڭ ئىقتىسادىي تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ.

**تايلاند** تولۇق نامى تايلاند پادىشاھلىقى بولۇپ، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 510 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. كلىماتى تىروپىك مۇسسۇن شامالىق كلىمات بولۇپ، بىر يىل يامغۇر پەسلى ۋە قۇرغاق پەسلىدىن ئىبارەت ئىككى پەسىلگە ئايرىلىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 24℃ ~ 30℃ قىچە بولىدۇ. نوپۇسى 62 مىليون 830 مىڭ (2006) غا يېتىدۇ. تايلاند 30 نەچچە مىللەتتىن تەشكىل تاپقان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاي مىللىتىنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 40% نى ئىگىلەيدۇ، تاي تىلى دۆلەت تىلى قىلىنىدۇ. پايتەختى باڭكوك پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى، شۇنداقلا زامانىۋىلىق بىلەن ۋە ئەنئەنىۋىلىك ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن چوڭ شەھەر بولۇپ، بۇ يەردە شانلىق ئەنئەنىنى نامايان قىلىدىغان مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەر ساقلانماقتا.

تايلاند دۇنيا بويىچە مەشھۇر گۈرۈچ ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەت بولۇپ، گۈرۈچ ئېكسپورتى تايلاندنىڭ تاشقى



باڭكوكتىكى بۈيۈك خان ئوردىسى.

uyghurkitap.com

پېرېۋوت كىرىمىنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئېكسپورت مىقدارى دۇنيا بازىرىدىكى گۈرۈچ سودىسىنىڭ تەخمىنەن 1/3 نى ئىگىلەيدۇ. كاۋچۇك مەھسۇلات مىقدارى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ. تايلاندنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن كالىي تۇزى، قەلەي، قوڭۇر كۆمۈر، تەبىئىي گاز، نېفىت ۋە گۆھەر قاتارلىقلار بار.

تايلاندنىڭ ساياھەت بايلىقى مول، ئەزەلدىن «تەبەسسۇم چىرايلار دۆلىتى» دېگەن نام بىلەن دۇنياغا داڭلىق بولۇپ، نۇرغۇنلىغان چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ.

**ھىندىستان** ھىندىستاننىڭ تولۇق نامى ھىندىستان جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، دۆلەت نامى ھىندى دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەن. ھىندىستان دۇنيا بويىچە تۆت چوڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەتنىڭ بىرى بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شانلىق ھىندى دەرياۋادىسى مەدەنىيىتىنى ياراتقان.



بومباي شەھىرىنىڭ قىياپىتى. (سولدىكى ئىمارەت ھىندىستان دەرۋازىسى)

ھىندىستان جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھىندى يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 2 مىليون 980 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ھىندىستان زېمىنى دېككان ئېگىزلىكى، ئوتتۇرا قىسىم تۈزلەڭلىكى ۋە ھىمالايا تاغلىق رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ تەبىئىي جۇغراپىيەلىك رايوندىن تەشكىل تاپقان. كىلىماتى تىروپىك بەلباغ مۇسسۇن شاماللىق كىلىماتقا ياتىدۇ، چېرراپونجىدا يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 11500 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. بۇ دۇنيا بويىچە يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئەڭ كۆپ رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ھىندىستاننىڭ نوپۇسى 1 مىليارد 112 مىليون (2006) بولۇپ، جۇڭگودىن قالسىلا نوپۇس جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھىندىستان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، ئاساسلىق مىللەتلەردىن تېلۇگۇ، بېنگال، تامىل قاتارلىقلار بار. ھىندى تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىنغان، 83% ئاھالە ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، قالغانلىرى ئىسلام دىنى، خرىستىيان دىنى، شىك دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ھىندى دىنىدا «ھەممە شەيئىلەردە روھ بولىدۇ» دېگەن تەبىئەتكە چوقۇنۇش كەڭ ئومۇملاشقان. مۇقەددەس شەھەرگە بېرىپ سىۋا ئىلاھقا تاۋاپ قىلىش، مۇقەددەس گانگ دەرياسىغا بېرىپ يۇيۇنۇپ، مۇقەددەس سۇيىنى ئىچىش، ئۆلگەندە گانگ دەرياسىغا دەپنە قىلىنىش ئىخلاسمەن ھىندى دىنى مۇرتلىرىنىڭ ئۈچ چوڭ ئارزۇسىدۇر. ئۇلار كالىنى ئىلاھنىڭ سىمۋولى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ. پايتەختى يېڭى دېھلى بولۇپ، دېھلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، نوپۇسى 10 مىليون 290 مىڭدىن ئاشىدۇ.

ھىندىستاننىڭ قېزىلما بايلىقلىرى مول بولۇپ، ئاساسلىق مىنېراللاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، مانگان قاتارلىقلار بار. ئىقتىسادىي جەھەتتە يېزا ئىگىلىكنى ئاساس قىلىدۇ. يېزا نوپۇسى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 74% ىنى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق زىرائەتلىرىدىن شال، بۇغداي، كېۋەز، سېرىق كەندىر، شېكەر قومۇش ۋە چاي قاتارلىقلار بار. سانائىتى كانچىلىق ۋە توقۇمىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، يەنە پولات ـ تۆمۈر، ئېلېكتىر كۈچى، نېفىت ـ خىمىيە قاتارلىق سانائەتلىرى بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۇمشاق دېتال كەسپى تېز تەرەققىي قىلماقتا.

مەشھۇر شەھەرلەردىن كالكۇتتا، بومباي قاتارلىقلار بار. جەنۇبىدىكى بانگالور ھىندىستاننىڭ «سىلىتسىي جىلغىسى» ھېسابلىنىدۇ. ھىندىستاننىڭ قەدىمكى پايتەختى ئاگراغا جايلاشقان تاج ماھال مەقبەرىسى دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مۆجىزىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھىندىستانغا كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى كۆرمەي كەتمەيدۇ.

**كەشمىر** كەشمىرنىڭ تولۇق نامى جاممۇ ۋە كەشمىر بولۇپ، جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بىر رايوندىن ئىبارەت. غەربىي شىمالى ئافغانىستان بىلەن، شىمالىي ۋە شەرقىي قىسمى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇب تەرىپى ھىندىستانغا، غەرب تەرىپى پاكىستانغا تۇتىشىدۇ. يەر كۆلىمى تەخمىنەن 190 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نوپۇسى 14 مىليوندىن ئاشىدۇ (2001)، ئاھالىسىنىڭ 77% ى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، 20% ى ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. يەنە ئاز ساندىكىلەر شىك دىنى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. يېرىنىڭ كۆپ قىسمى تاغلىق بولۇپ، كۆپىنچە رايونلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ. 80% تىن ئوشۇق ئاھالە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. جېيلۇم دەرياسىنىڭ مۇنبەت ۋادىسىغا جايلاشقان سىرىناگار كەشمىرنىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى كەشمىر ئەنگلىيەگە قاراشلىق «ھىندىستان ئىمپېرىيە»سىنىڭ بىر يەرلىك ئىشتاتى ئىدى. 1947 ـ يىلى ھىندىستاننى ھىندىستان ۋە پاكىس-

تان دەپ ئىككىگە بۆلۈپ ئىدارە قىلىشنى يولغا قويغاندا، كەشمىرنىڭ قايسىسىغا قاراشلىق بولىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن. بۇ ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مەزگىللىك تالاش - تارتىشقا سەۋەب بولغان. 1949 - يىلى 7 - ئايدىكى ئۇرۇش توختىتىش سىزىقى بويىچە، ھىندىستان ئۇنىڭ 3/5 قىسىم زېمىنىنى ۋە 3/4 قىسىم ئاھالىسىنى ئىگىلىگەن، پاكىستان قالغان قىسمىنى ئىگىلىگەن. ھىندىستان ئۆزى كونترول قىلىۋاتقان رايوندا ئىشتاتلىق ھۆكۈمەت قۇرغان. پاكىستان كونترول قىلىپ تۇرغان رايوندا ئەركىن (ئازاد) كەشمىر ھۆكۈمىتىنى قۇرغان. 1965 - يىلى 9 - ئاي ۋە 1971 - يىلى 11 - ئايدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئىككى قېتىم دۈشمەنلىشىش ھەرىكىتى يۈز بەرگەن. ھىندىستان ئۇرۇش توختىتىش سىزىقىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى ئىگىلىۋالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قەرەلسىز توقۇنۇش يۈز بېرىپ كېلىۋاتىدۇ.

**پاكىستان** پاكىستاننىڭ تولۇق نامى پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، يەر كۆلىمى 796 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ (پاكىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەرەب دېڭىزى بىلەن ياندىش تۇرىدۇ. غەربىي شىمالى ئېگىز، شەرقىي جەنۇبىي پەس بولۇپ، دۆلەت زېمىنىنىڭ 3/5 قىسمى تاغلىق ۋە ئېگىزلىك، شەرقىي جەنۇب قىسمى ھىندى دەرياسى تۈزلەڭلىكىدىن ئىبارەت. ھىندى دەرياسى پاكىستان چېگراسىغا كىرگەندىن كېيىن، شىمال - جەنۇب يۆنىلىشىدە پۈتكۈل دۆلەت زېمىنىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىردا ئەرەب دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ. كۆپ قىسمى سۇبتروپىك بەلباغ كىلىماتىغا ياتىدۇ. نوپۇسى 155 مىليون (2005) غا يېتىدۇ. پاكىستان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، پەنجاپ مىللىتىنىڭ نوپۇسى 63% نى ئىگىلەيدۇ. 96% تىن كۆپرەك ئاھالە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ (ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى)، ئاز ساندىكىلەر خىرىستىيان دىنى ۋە ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئوردو تىلى دۆلەت تىلى، ئىنگلىز تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىنغان، پايتەختى ئىسلامئاباد.

پاكىستان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ. ھىندى دەرياسى تۈزلەڭلىكىنىڭ «ئاشلىق ئامبىرى» دېگەن نامى بار. ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدۇ، گۈرۈچ، پاختا قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلىدۇ. مېۋە بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، پاكىستاننىڭ شەرقىدىكى «مېۋە سېۋىتى» دېگەن نامى بار.

پاختا توقۇمىچىلىقى ئەڭ چوڭ سانائەت تارمىقى ھېسابلىنىدۇ. پاكىستاننىڭ قول - ھۈنەر بۇيۇملىرى ياسىلىش تېخنىكىسىنىڭ سەرخىللىقى، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن دۇنياغا داڭلىق. ئاساسلىقى تۆگە تېرىسى ۋە بۇغا تېرىسى بۇيۇملىرى، گىلەم، كەھرىۋا بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بار.


پاكىستاندىكى خەنلۇڭ جىلغىسى.

**ئوتتۇرا ئاسىيا** ئوتتۇرا ئاسىيا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستاندىن ئىبارەت بەش دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يەنە موڭغۇلىيە ۋە جۇڭگو شىنجاڭ قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۆت ئەتراپى دېڭىز - ئوكيانلاردىن ئىنتايىن يىراق بولۇپ، دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ ھىد - پۇرىقىمۇ يېتىپ كېلەلمەيدىغان تىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېگىز تاغ، قارلىق چوققىلار، بىپايان قۇملۇق، چۆل - جەزىرىلەر، ئاندا - ساندا ئوتلاق، بوستانلىقلار تارقالغان، ئەمما تېرىلغۇ قىلىشقا باب كېلىدىغان ۋە قاتناشقا قولايلىق بىپايان تۈزلەڭلىكلەر يوق. كىلىمات شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، كۆپىنچە رايونلىرىنىڭ سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى ۋە يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى ناھايىتى چوڭ. بۇ يەردىكى كۆپ قىسىم دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۈيى جىددىي ئاقىدۇ. سۇ قاتنىشى قىلغىلى بولمايدۇ، يەنە نۇرغۇنلىغان پەسىللىك دەريالار بار. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كىشىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا باب كېلىدىغان يەرلەردىن پەقەت قۇملۇق ۋە چۆل - جەزىرىلەر ئارىلىقىدا بۆلۈنۈپ تۇرغان نۇرغۇنلىغان بوستانلىقلار بىلەن تاغ - داۋانلار ئارىلىقىدىكى تار جىلغىلار بار. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇلىرى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، ئادەملەر ناھايىتى شالاڭ.

لېكىن، مانا مۇشۇ چۆل - جەزىرە، قۇملۇقلار ۋە ئېگىز تاغ جىلغىلىرىدىكى چىغىر يوللار، تاغ ئۆتكەللىرىدە قەدىمكى سودا كارۋانلىرى قاتناپ تۇرغان. مانا بۇگۈنمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى كېسىپ ئۆتكەن «يىپەك يولى»دا تۆگە قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى بىپايان ئوتلاقلاردا ئاۋۋالقىدەكلا ياڭراپ تۇرماقتا. تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيا ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەر قايسى رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى ئاساسلىق كۆۋرۈك ۋە تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر يىغىلغان جاي

بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي تەرىپىدە خۇاڭخې، چاڭجياڭدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دەريا ۋادىسى مەدەنىيىتى رايونى، جەنۇبىي تەرىپىدە ھىندى دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى رايونى، غەربىي تەرىپىدە ئىران ئېگىزلىكى، ئىككى دەريا ۋادىسى (مېسوپوتامىيە) مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز مەدەنىيىتى رايونى بار. بۇ مەدەنىيەتلەر پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىقلا ئۇچرىشالايدۇ ۋە ئۆزئارا ئۆتۈشەلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى جەنۇبىي رۇسىيە ئوتلاقلىرىدىن موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگىچە بولغان جايلار ئىزچىل تۈردە قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت رايونى بولۇپ كەلگەن. ھەربىر دەۋر ئۆتكەندە بۇ مىللەتلەر بىر قېتىم زور كۆلەمدە كۆچۈپ، كۆچۈش جەريانىدا ھەمىشە جەنۇبقا قاراپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بۆسۈپ كىرگەن. ئاندىن كېيىن باشقا مەدەنىيەت رايونلىرىغا بېسىپ كىرىپ، شۇ يەردىكى خەلققە ئۆلۈم ۋە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلگەن ھەم يېڭى كۈچلەرنى قوشقان.

جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئۇزاق تارىخىي باغلىنىشى بار. «يىپەك يولى» ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ، جۇڭگونى غەربىي ئاسىيا، ياۋروپا ۋە جەنۇبىي ئاسىيالار بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان. بۇددا دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق سىرتتىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان دىنلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگەن. دىنغا ئەگىشىپ يەنە مۇزىكا، گۈزەل - سەنئەت، بىناكارلىق قاتارلىقلارمۇ كىرگەن، ھەتتا كىشىلەر ئادەتتە يەيدىغان بەزى كۆكتاتلار، مەسىلەن، سەۋزە، يۇمغاقسۇت قاتارلىقلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگەن.

ھەرخىل مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا نۇرغۇن خارابىلىك ۋە يادىكارلىقلارنى قالدۇرغان. ئوتتۇرا ئاسىيا بىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خەزىنىسى بولۇپ، غەرب ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ۋە ئالىملار 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب مۇستەملىكىچى كۈچلىرىگە ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ، زور تۈركۈمدىكى تارىخىي خارابىلىكلەرنى تاپقان ھەمدە سانسىزلىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى بۇلاپ كەتكەن. ھازىر بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەنگلىيەنىڭ بىرىتانىيە مۇزېيى، فىرانسىيەنىڭ لوۋېر مۇزېيى، شۇنىڭدەك ئامېرىكا، گېرمانىيە ۋە رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چار رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانى يۇتۇۋالدى، 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت كەينى - كەينىدىن مۇستەقىل بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ قويۇق ئىسلام دىنى تۈسىگە ئىگە.

**ئافغانىستان** جۇڭگونىڭ غەربىي تەرىپىدە بىر قوشنا دۆلەت بار بولۇپ، ئافغانىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ. ئافغانىستان گەرچە كىچىك دۆلەت بولسىمۇ، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، يەنە كېلىپ ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئافغانىستاننىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 650 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، نوپۇسى 28 مىليون 500 مىڭ (2004) غا يېتىدۇ. پايتەختى كابۇل.

ئافغانىستان ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتىدۇر. ئورنى غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ھىندى ئوكيانىغا كىرىپ - چىقىدىغان مۇھىم ئۆتكەلگە جايلاشقان. ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم.

ئافغانىستاننىڭ كۆپىنچە جايلىرى قاتمۇقات تاغ تىزمىلىرى، ئېگىز تاغ، چوڭقۇر جىلغىلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1200 مېتىردىن ئاشىدۇ، كىلىماتى چوڭ قۇرغاقلىق يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا ياتىدۇ. قاتتىق سوغۇق، تومۇز ئىسسىق بولىدۇ، تېمپېراتۇرا پەرقى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ياز پەسلىدە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 53℃ قا يېتىدۇ، قىش پەسلىدە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 35℃ - قا چۈشىدۇ. ناچار تەبىئىي شارائىت ئافغانىستان خەلقىنى قەيسەر، قورقماس مىجەزلىك قىلىپ يېتىلدۈرگەن.

ئافغانىستان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، پۇشتۇلارنىڭ نوپۇسى ئەڭ كۆپ، يەنە تاجىك، خازارا، ئۆزبېك، تۈركمەن قاتارلىق مىللەتلەر بار. ئافغانىستانلىقلارنىڭ يېرىمى سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردىن ئىبارەت. قالغان يېرىمى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تېرىقچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. يېپىق جۇغراپىيەلىك مۇھىتتا ئافغانىستان خەلقى ئاۋۋالقىدەكلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، قەبىلە ھالىتىدە ياشىماقتا.

تارىختا ئافغانىستان «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم تۈگۈنى ئىدى. شىمالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلىرى مۇشۇ جاي ئارقىلىق مۇنبەت ھىندى دەرياسى ۋادىسىغا كىرەتتى. تۆگە قوڭغۇرىقىنىڭ جاراڭلىق ساداسى بىلەن شەرق كارۋانلىرى بۇ جايدىن ئۆتۈپ جۇڭگونىڭ يىپەك ۋە چايلىرىنى يىراق غەربكە توشۇيتتى. جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا بېرىش - كېلىش قىلىۋاتقان سامغا - راھىبلار مۇشۇ جايدا ئارام ئېلىپ، بۇددا نومىلىرىدىن ۋەز ئېيتاتتى.

ئاففانىستان قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەربىي ئالىملارنىڭ

ئىستراتېگىيەلىك تالىشىدىغان يېرى بولۇپ كەلدى. چەت ئەلنىڭ تەكرار تاجاۋۇز قىلىشى، تۈگىمەس ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ئافغانىستان خەلقىنى تىز پۈكتۈرەلمىدى. قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا باي ئافغانىستان خەلقى سانسىزلىغان تاشقى دۈشمەنلەرنى ھىندىقۇش تاغلىرى ئىچىدە قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، قايبار تاغ ئېغىزىغا دەپنە قىلدى. ھەتتا بۈيۈك بىرىتانىيە (ئەنگلىيە)نىڭ «قىزىل فورمىلىق ئەسكەرلىرى»، ئۇرۇشقا ماھىر سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىمۇ بۇخىل ئاقىۋەتتىن ئامان قالمىدى.

سوۋېت ئارمىيەسى چېكىنگەندىن كېيىن، تىنچلىق شۇ ھامان ئىشقا ئاشمىدى. ئوخشاش بولمىغان دىنىي مەزھەپلەر، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر، ئوخشاش بولمىغان سىياسىي تەرەپلەر، شۇنىڭدەك بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان خەلقئارالىق ئارقا كۆرۈنۈش قاتارلىقلار ئافغانىستاننى يەنە ئىچكى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىردى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پۇشتۇلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تالىبانلار ئارمىيەسى ئوتتۇرىغا چىقىپ كاراماتىنى كۆرسەتتى. 1997 - يىلى تالىبانلار كابۇلغا كىرىپ ئورۇنلاشتى ھەمدە ئافغانىستاننىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى كونترول قىلدى. تالىبانلارغا قارشى قوراللىق كۈچلەر شىمالغا چېكىندى. 1997 - يىلى 10 - ئايدا دۆلەت نامىنى ئافغانىستان ئىسلام خەلىپىلىكىگە ئۆزگەرتتى. ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن 11 - سېنتەبىر تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەسىدىن كېيىن، ئامېرىكا تېزلا ئافغانىستان زېمىنىدا ھەربىي ھەرىكەت قوزغاپ، تالىبانلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇردى. 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئافغانىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، كارزايى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. 2002 - يىلى 6 - ئايدا ئافغانىستان بۈيۈك مىللىي مەجلىسى كابۇلدا ئېچىلىپ، كارزايى زۇڭتۇڭلۇقىدىكى ئافغانىستان ئۆتكۈنچى ھۆكۈمىتى ئىچكى كابىنېتى سايلاپ چىقىلدى. 2004 - يىلى 1 - ئايدا ئافغانىستاننىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنى ئېلان قىلىنىپ، ئافغانىستاندا زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىغانلىقى بەلگىلەندى، دۆلەت نامى ئافغانىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئافغانىستاندا تۇنجى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، كارزايى زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى ھەمدە شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەسەم بېرىپ ۋەزىپىدە ئولتۇردى.

**ئىران** 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە دۇنيادا ئامېرىكا بىلەن ئاشكارا قارشىلىشىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئاز ساندىكى دۆلەتلەر قاتارىدا ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىمۇ بار ئىدى. ئىران قەدىمدە «پارس» دەپ ئاتىلاتتى. ئىراننىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون 640 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، تەخمىنەن 70 مىليون 50 مىڭ (2006) نوپۇسى بار، پايتەختى تېھران.

ئىران ياۋروپا - ئاسىيا قاتناش تۈگۈنىگە مۇستەھكەم مىخلاپ قويغان ئۈچ بۇلۇڭغا ئوخشايدۇ. زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى ئىران ئېگىزلىكىگە جايلاشقان. غەربىي جەنۇبىتىكى پارس قولتۇقى بىلەن يانداش تۇرغان رايونى بىر ئۇنۇمسىز يەردەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇھىم نېفىت ئىشلەپچىقىرىش رايونىدۇر. ئىراننىڭ ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى 13 مىليارد 700 مىليون توننا بولۇپ، نېفىت زاپىسى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ ئىسلاھ قىلىنغان نېفىتنىڭ سۈپىتى ياخشى.


تېھران سەنئەت مۇزېيى.

ئىران كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، پارسلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. قالغانلىرى ئەزەربەيجان، كۇرد، تۈركمەن، بەلۇجى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئىرانلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، يەنە زورو ئاستېر دىنى (ئاتەشپەرەسلىك دىنى) مۇرتلىرى، خرىستىيان دىنى مۇرتلىرى ۋە يەھۇدىي دىنى مۇرتلىرىمۇ بار.

2000 يىل بۇرۇن پېرسىيە (پارس) ئىمپېرىيەسى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدە دەۋر سۈرگەن. چۆل - جەزىرىدە جىمجىت ياتقان ئىمپېرىيە پايتەختى پېرسېپولىس خارابىسىدىن ئەينى زاماندىكى پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قىياپىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇزاق تارىخىي يىللاردا، پارسلار يەنە 3 - ۋە 16 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ساسانىيلار خاندانلىقى ۋە سافاۋىد خاندانلىقىنى قۇرغان. ئىسفاھان شەھىرى سافاۋىد خاندانلىقىنىڭ پايتەختى قىلىنغان، ئىسفاھان شەھىرىدىكى ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان پادىشاھ مەسچىتى ئىران ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ مۇقەددەس جايىدۇر.

19 - ئەسىر غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدىغان دەۋر بولدى. ياۋروپا - ئاسىيا قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان ئىرانمۇ بۇنىڭدىن ئامان قالمىدى، ئەڭ ئاخىردا ئەنگلىيە ۋە رۇسىيە تەرىپىدىن كونترول قىلىندى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، چەت ئەل كۈچلىرى ئىراندىن چېكىنىپ چىقتى.

مول نېفىت بايلىقى ئىران خەلقىگە گۈللىنىش ئېلىپ كېلىش بىلەن تەڭ ئاۋارىچىلىقلارنىمۇ ئېلىپ كەلدى. سابىق پادىشاھ پەھلىۋى نې-

فىت كىرىمىدىن پايدىلىنىپ «ئاق
رەڭلىك ئىنقىلاب» ئېلىپ بېرىپ،
ئىقتىسادىي ئىسلاھات يۈرگۈزدى. نە-
تىجىدە باي - كەمبەغەللىك پەرقى
زور دەرىجىدە چوڭىيىپ، ھەر خىل
ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كەسكىن-
لەشتى. 1979 - يىلى پەھلىۋى ئا-
مالسىز چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى.
چەت ئەلدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن
شىئە مەزھىپىنىڭ داھىيسى خۇمەينى
دۆلەتكە قايتىپ كېلىپ ھاكىمىيەت
يۈرگۈزدى. 1989 - يىلى خۇمەينى
ۋاپات بولغاندىن كېيىن، رافسانجانى
زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.
1997 - يىلى خاتەمى زۇڭتۇڭلۇققا
سايلاندى. 2005 - يىلى ئەھمەدى
نىجاد ئىراننىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا
سايلاندى.

**ئوتتۇرا شەرق** «ئوتتۇرا شەرق»
ئەسلىدە غەربلىكلەرنىڭ غەربىي ئا-
سىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا رايونىنى
ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتىشىدۇر. نەچچە
يۈز يىلنىڭ ئالدىدا غەربىي ياۋروپا
جۇغراپىيەشۇناسلىرى غەربىي ياروپا-
نى مەركەز قىلىپ شەرقنى ئۈچ
رايونغا بۆلگەن، يەنى غەربىي ياۋروپا-
غا يېقىنراق بولغان شەرقىي رايوننى
يېقىن شەرق، يىراقراق رايوننى ئوت-
تۇرا شەرق، تېخىمۇ يىراق رايوننى
يىراق شەرق دەپ ئاتىغان. ئوتتۇرا
شەرق بىلەن يېقىن شەرق دائىم ئا-
رىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېنىق
چېگراسى يوق.

قاتتىق تەلەپ بىلەن ئېيتقاندا،
ئوتتۇرا شەرق ياۋروپا، ئاسىيا ۋە
ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىتئە
تۇتاشقان رايوننى، يەنى ئوتتۇرا دې-
ڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ۋە شەر-
قىي قىرغىقىدىكى رايونلارنى كۆر-
سىتىدۇ. ئاساسىي جەھەتتىن ئافرى-
قىدىكى ماراكەشنىڭ شەرقىدىكى
رايونلار، ئاسىيادىكى ئەرەب يېرىم
ئارىلى، لىۋان، ئىراق، ئىسرائىلىيە،
پەلەستىن، تۈركىيە، سۈرىيە، بۇنىڭ-
دىن باشقا يەنە ئىران قاتارلىق جەم-
ئىي 20 نەچچە دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە
ئوتتۇرا شەرق ئىزچىل تۈردە شەرق
بىلەن غەربنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈ-
نى بولۇپ كەلدى. سۇۋەيش قانىلى
قېزىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا شەرق-
نىڭ شەرق - غەرب قاتنىشىدىكى
رولىنى كۈچەيتتى. نېفىتنىڭ قېزى-
لىشى ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ دۇنيا
ئىقتىسادىدىكى ئورنىنى تېخىمۇ كۈ-
چەيتتى.

ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ مىل-
لىي تەركىبىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ
بولۇپ، بۇ جايدا ئەرەب، يەھۇدىي،
پارس، تۈرك، كۇرد، دىرۇز، پۇشتۇ
قاتارلىق مىللەتلەر بار. پەلەستىن-
لىكلەر بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ زىددى-
يىتىدىن باشقا، كۇردلار مەسىلىسى-
مۇ داۋاملاشقىلى بىر ئەسىر بولدى،
يىراق تاكى بۈگۈنگىچە ھەل بولۇش-
تىن بىشارەت يوق.

ئوتتۇرا شەرقتە مىللەت ۋە دىن
ئەھۋالى ئىنتايىن مۇرەككەپ، مەسى-
لەن، لىۋان ئاھالىسىنىڭ 60% ى
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. سۈن-
نىي مەزھىپى، شىئە مەزھىپى ۋە
دىرۇز مەزھىپى قاتارلىقلار بار. خى-
رىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان
40% ئاھالىسى يەنە پىراۋوسلاۋىيە
دىنى، كاتولىك دىنى ۋە مارلون مەز-
ھىپى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن، ئوتتۇرا شەرق رايونىنى «دىن
مۇزېيى» دېيىشكە بولىدۇ. دۇنيادىكى
ئۈچ چوڭ دىننىڭ ئىككىسى، يەنى
خىرىستىيان دىنى بىلەن ئىسلام دىنى
ئوتتۇرا شەرقتە بارلىققا كەلگەن.
بۇلاردىن سىرت، يەنە ئۇزاق تارىخقا
ئىگە يەھۇدىي دىنى، ئاتەشپەرەسلىك
دىنى قاتارلىقلار بار. مۇقەددەس شەھەر
يېرۇسالېم خىرىستىيان دىنى، ئىسلام
دىنى ۋە يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇقەددەس
جايى ھېسابلىنىدۇ. مۇقەددەس شەھەر
مەككە ھەر يىلى ھەج - تاۋاپ قىلىش
ئۈچۈن كەلگەن نەچچە مىليونلىغان
مۇسۇلمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ.

ئوتتۇرا شەرق رايونىدا نېفىت
بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، نېفىت
زاپىسى، مەھسۇلات مىقدارى ۋە
ئېكسپورت مىقدارى دۇنيا بويىچە بى-
رىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تەرەققىي
قىلغان دۆلەتلەر ئوتتۇرا شەرقنىڭ
نېفىتىغا تايىنىدۇ. نېفىتنىڭ زور
مىقداردا قېزىپ ئېلىنىشى ئوتتۇرا
شەرقتىكى بەزى دۆلەتلەرنى بىر كې-
چىدىلا دۇنيادىكى ئەڭ باي دۆلەتكە
ئايلاندۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سەئۇدى
ئەرەبىستانى، كۇۋەيت، ئەرەب بىر-
لەشمە خەلىپىلىكى، يەنە پارس قول-
تۇقى ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ئىراق
ۋە ئىرانلار بار.

نېفىت ئوتتۇرا شەرققە بايلىق
ئېلىپ كېلىش بىلەن تەڭ ئۇرۇش
مالىمانچىلىقىنىمۇ ئېلىپ كەلدى.
20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ
دەسلىپىدە نېفىت مەسىلىسى پارس
قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ كۈچلۈك ئوتى-
نى تۇتاشتۇردى.

ئوتتۇرا شەرق خەلقى شانلىق
نىل دەرياسى مەدەنىيىتى، مېسوپوتا-
مىيە مەدەنىيىتى ۋە ئەرەب مەدەنىيى-
تىنى ياراتتى. تەسىرلىك ۋە ئادەمنى
ھاياجانغا سالىدىغان «مىڭبىر كېچە»
چۆچىكى تاكى بۈگۈنگىچە ھەرقايسى
ئەللەرنىڭ ئۆسمۈرلىرى قىزىقىپ
ئوقۇيدىغان ئوقۇشلۇقتۇر. پېرسىيە
ئىمپېرىيەسى، ئەرەب ئىمپېرىيەسى
ۋە ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىدىن
ئىبارەت دۇنيانىڭ قەدىمكى زامان
ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا ئۆتكەن ئۈچ
دۇنياۋى ئىمپېرىيە ئوتتۇرا شەرقنى
مەركەز قىلغان ھالدا تىكلەنگەن. تا-
رىختا ئوتتۇرا شەرق رايونىمۇ تاشقى
مىللەتلەرنىڭ نەچچە ئون قېتىملىق
زور كۆلەملىك تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان.
بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇ-
زۇنراق بولغىنى ئەھلى سەلىپنىڭ
شەرققە يۈرۈش قىلىشى، بۇزغۇنچى-
لىق چوڭراق بولغىنى موڭغۇللارنىڭ
غەربكە يۈرۈش قىلىشىدۇر. يېقىنقى
زامان غەرب مۇستەملىكىچىلىرىمۇ
بۇ جاينى تالاشتى، ئەڭ ئاخىردا ئەنگ-
لىيە بىلەن فىرانسىيە ئوتتۇرا
شەرقنى كونترول قىلدى. ئىككىنچى
دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن،

مۇستەملىكە كۈچلىرى ئوتتۇرا شەرقتىن چېكىنىپ چىقتى.

ئۇرۇشتىن كېيىن، ئوتتۇرا شەرق تارىخىدا ئۇرۇش تىنچلىقتىن كۆپ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەسىرى چوڭراق تۆت قېتىملىق ئوتتۇر شەرق ئۇرۇشى، 10 يىللىق لىۋان ئىچكى ئۇرۇشى، سەككىز يىللىق ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى، قىسقا ۋە كەسكىن پارس قولتۇقى ئۇرۇشى قاتارلىقلار بار. نەچچە يۈز مىڭ ئادەم ئۇرۇشتا ئۆلدى، نەچچە مىليون ئادەم ئۆي ـ ماكانىدىن ئايرىلدى.

**ئىسرائىلىيە** بىپايان ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئە تۇتاشقان جايدا بىر كىچىككىنە دۆلەت بار، ئۇ بولسىمۇ ئىسرائىلىيەدۇر. ئىسرائىلىيەنىڭ 7 مىليون 150 مىڭ (2007) نوپۇسى بار. دۆلەت قۇرغاندا پايتەختى تېل ئاۋىۋ ئىدى. 1950 ـ يىلى ئۇنى يېرۇسالېمغا كۆچۈردى. ئىسرائىلىيە بىلەن دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى بار مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر ئەلچىخانىسىنى يەنىلا تېل ئاۋىۋغا تەسىس قىلغان.

ئىسرائىلىيە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقى بىلەن ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. دۆلەت زېمىنىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ تاغلىق ۋە قۇملۇقلىرى كۆپ بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى بىرقەدەر ناچار، ئەمما ئىسرائىلىيە خەلقى ھارماي ـ تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قاقاس تاغلارنى مۇنبەت ئېتىزلارغا ئايلاندۇرۇپ، قۇملۇقنى سۈت ۋە شېكەر تامچىپ تۇرىدىغان جايغا ئايلاندۇردى.

ئىسرائىلىيە ھەرخىل ئىلاھلار توپلاشقان ماكان بولۇپ، خىرىستىيان، ئىسلام ۋە يەھۇدىي دىنى مۆرتلىرى تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جايغا ئايلانغان.

مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالېمنى ھەممىمىز بىلىمىز، خىرىستوس ئەيسا (ئەيسا پەيغەمبەر) تۇغۇلغان جاي بېتلېخېمغا كىشىلەر تېخىمۇ ئىنتىلىدۇ. ھەر يىلى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە نۇرغۇنلىغان خىرىستىيان مۆرتلىرى بېتلېخېمغا



تېل ئاۋىۋ شەھىرىنىڭ قىياپىتى.

بېرىپ ئەيسا تۇغۇلغان ئات ئېغىلىنى ھۆرمەت بىلەن زىيارەت قىلىدۇ. مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى مەزگىلدىن قېپقالغان «يىغلاش تېمى» دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان يەھۇدىيلار ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ مۇقەددەس جاي ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇنلىغان يەھۇدىيلار ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، «يىغلاش تېمى» تۈۋىگە كېلىپ، تاش تامغا قاراپ ئىچ ـ باغرىنى تۆكىدۇ. رىۋايەتتىكى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ساماغا چىققان جايىمۇ دەل يېرۇسالېم بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇ جايدا نۇرغۇنلىغان ھەشەمەتلىك مەسچىتلەرنى سالغان. ئاقسا مەسچىتى مانا مۇشۇ مەسچىتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. «ئادەم چۆكمەيدىغان» ئۆلۈك دېڭىزمۇ داڭلىق ساياھەت ئورنى بولۇپ، ھەر يىلى زور تۈركۈمدىكى ساياھەتچىلەرنى ئىسرائىلىيەگە كېلىپ ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلىدۇ. ئۇرۇش ئوتى يالقۇنجاپ تۇرغان يىللىرىمۇ ساياھەتچىلەر تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ بۇ جايغا ساياھەتكە كېلىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسرائىلىيەدىن ئىبارەت بۇ زېمىندا ياشاۋاتقانلار يەھۇدىيلار بولماستىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان پەلەستىنلىكلەر ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 1000 يىلدىن ئارتۇق سەرگەردانلىقتا ياشىغانىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، يەھۇدىيلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن پەلەستىنگە كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى. ناتسېستلار گېرمانىيەسىنىڭ يەھۇدىيلارغا قىلغان زىيانكەشلىكى يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈشىنى يەنىمۇ تېزلەتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ب د ت قۇرۇلتىيى پەلەستىندە ئەرەب دۆلىتى بىلەن ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1948 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىسرائىلىيە دۆلىتى رەسمىي قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، دۇنيادىكى 100 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن يەھۇدىي كۆچمەنلەر ئىسرائىلىيەگە كۆچۈپ كەلدى. سەرگەردانلىقنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان يەھۇدىيلار مىليونلىغان پەلەستىنلىكلەرنى يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىپ، مۇساپىر، سەرگەردان قىلدى.

ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۆت قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا پەلەستىن ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ كەڭ زېمىنىنى بېسىۋالدى. 1947 ـ يىلىدىكى ب د ت نىڭ پەلەستىننى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش قارارىدا، ئىسرائىلىيەنىڭ يەر كۆلىمى 14 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دەپ بەلگىلەنگەنىدى، ئەمما ئىسرائىلىيە ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى، گازا رايونى، شەرقىي يېرۇسالېم ۋە گېلان ئېگىزلىكىنى ئىگىلىۋالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەمەلىي كونترول قىلىۋاتقان يەر كۆلىمى تەخمىنەن 25 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئىسرائىلىيەنىڭ دۆلەت گېربىـ

دىكى زەيتۇن شېخى دۆلەت تەۋەلىكى
ۋە تىلى ئوخشاش بولمىغان يەھۇ-
دىيلارنىڭ تىنچلىقتا بولغان
تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلەيدۇ، يەھۇدىيلار
ۋە پەلەستىنلىكلەر ئوخشاشلا تىنچ-
لىقتا تەشنا. 1992 - يىلى پەلەستىن
بىلەن ئىسرائىلىيە ئىككى تەرەپ
نورۋېگىيەنىڭ پايتەختى ئوسلودا
سۆھبەت باشلاپ، سەككىز ئايدىن
كېيىن تارىخىي كېلىشىم
ئىمزالىدى.
ئىسرائىلىيە خەلقى كېچىكىپ
كەلگەن تىنچلىق ئۈچۈن ئېغىر چى-
قىم تارتتى. نەچچە يۈزلىگەن ئادەم
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تېررور-
چىلار پەيدا قىلغان پارتلىتىش ۋەقە-
لىرىدە قازا قىلدى. ئىسرائىلىيەنىڭ
زۇڭلىسى رابىنمۇ 1995 - يىلى
11 - ئايدا يەھۇدىي قىساسچىلىرى
تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈ-
رۈلدى. 1998 - يىلى 10 - ئايدا
ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىن ۋاقىت-
لىق تىنچلىق كېلىشىمى ھاسىل
قىلدى. 2001 - يىلى 2 - ئايدا لى-
كۇد گورۇھىنىڭ رەئىسى A. شارۇن
زۇڭلى سايلاش ئالاھىدە سايلىمىدا
باراكنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىسرائىلى-
يەنىڭ 29 - نۆۋەتلىك زۇڭلىلىقىغا
تەيىنلەندى. 2005 - يىل 8 - ئاي-
نىڭ 15 - كۈنى ئىسرائىلىيە گازا-
دىن چېكىنىش ھەرىكىتىنى باشلى-
دى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئەتىگەن
سائەت 7 دە ئىسرائىلىيە بىلەن گازا
رايونىنىڭ چېگرا دەرۋازىسى رەسمىي
تاقالدى. بۇ ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى-
نىڭ گازا رايونىدىن چېكىنىشنى ئو-
رۇنلاپ بولغانلىقىنى، ئىسرائىلىيە-
نىڭ گازا رايونىنى 38 يىل ئىگى-
لىۋالغانلىقىنىڭ شۇنىڭ بىلەن
ئاخىرلاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.
2006 - يىلى 3 - ئايدا ئولمېرت
ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان شا-
رۇننىڭ ئورنىغا زۇڭلى بولۇپ تە-
يىنلەندى.

**يېرۇسالېم** يەھۇدىي، خرىستىيان
ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ ھەممىسى يې-
رۇسالېمنى «مۇقەددەس جاي» دەپ
ھېسابلايدۇ، بۇ خىل ئەھۋال دۇنيانىڭ
باشقا جايلىرىدا ئۇچرىمايدۇ. يېرۇسا-
لېمنىڭ تارىخىنى مىلادىيەدىن بۇرۇن-
قى 2000 - يىلدىن سۈرۈشتە قى-
لىشقا بولىدۇ. يازما مەنبەلەرگە ئا-
ساسلانغاندا، بۇ جايغا ئەڭ بۇرۇن مى-
سىرلىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئۇ-
نىڭدىن كېيىن ئىلگىرى - كېيىن
بولۇپ يەھۇدىيلار، ئاسسىرىيەلىكلەر،
بابىلونلۇقلار، پارسلار، يۇنانلىقلار،
رىملىقلار ۋە ئەرەبلەر ئىگىدارلىق
قىلغان. ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە ھەر
قايسى دىندىكىلەر بۇ جايدا ئىزلىرى-
نى قالدۇرغان. مانا بۇ يېرۇسالېمنىڭ
ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ مۇقەددەس شەھىرى
بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر.
يېرۇسالېم پەلەستىنىنىڭ ئوت-
تۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شە-
ھەر تاغلىقنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان،
پۈتكۈل شەھەر كونا شەھەر ۋە يېڭى
شەھەر دەپ ئىككى قىسمىغا بۆلۈنى-
دۇ. يېڭى شەھەر غەر-
بىي تەرىپىدە بولۇپ،
19 - ئەسىردىن كېيىن
قۇرۇلغان، ئۇ كونا
شەھەردىن نەچچە
ھەسسە چوڭ بولۇپ،
مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇ-
رۇلغان، رەتلىك سې-
لىنغان زامانىۋى قۇرۇ-
لۇشلار ئالدى بىلەن
كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. كونا شەھەر
شەرقىي تەرەپتە بولۇپ، سەل چاسا
شەكىلدە كۆرۈنىدۇ، ئەتراپىنى تاش-
تىن قوپۇرۇلغان سېپىل قورشاپ
تۇرىدۇ. شەھەر ئىچىگە نۇرغۇنلىغان
دىنىي ئاسارىئەتىقىلەر مەركەزلەشكەن
بولۇپ، ئادەتتە كىشىلەرنىڭ نەزەرى-
دىكى مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالېم
كونا شەھەرنى كۆرسىتىدۇ. يېرۇسا-
لېمنىڭ تەخمىنەن 680 مىڭ
(2003) نوپۇسى بار.
1947 - يىلى ب د ت يېرۇسا-
لېمنى خەلقئارالىق شەھەر دەپ بې-
كىتتى. 1980 - يىلى ئىسرائىلىيە
ئۆز ئالدىغا ئۇنى پايتەخت دەپ ئېلان
قىلدى. 1988 - يىلى پەلەستىن يەنە
يېرۇسالېمنى ئۆز دۆلىتىنىڭ پاي-
تەختى دەپ ئېلان قىلدى. يېرۇسا-
لېمنىڭ تەۋەلىكى ۋە ئورنى تا ھازىر-
غىچە ھەل بولمىدى.

**ئىراق** 1980 - يىل 9 - ئاي-
نىڭ 23 - كۈنى ئىراقنىڭ ئىرانغا
ھۇجۇم قىلىشى بىلەن، ئىراق -
ئىران ئۇرۇشى پارتلىدى. 1990 -
يىلى ئىراق ئەسكەر چىقىرىپ كۇ-
ۋەيتنى بېسىۋالدى. 1991 - يىلى
پارس قولتۇقى ئۇرۇشى پارتلىدى.
2003 - يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكا،
ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى ئىراق
ئۇرۇشىنى قوزغاپ، سادام ھاكىمىيى-
تىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، ئىراق
باشتىن - ئاخىر دۇنيا دىققەت قىلى-
دىغان نۇقتا بولۇپ كەلدى.
ئىراق ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇ-
بىغا، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەر-



ئېفرات دەرياسىنىڭ مەنزىرىسى.

قىي شىمالىغا جايلاشقان. يەر كۆلىمى
تەخمىنەن 440 مىڭ كىۋادرات كى-
لومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ غەربىي جە-
نۇبى ئەرەب ئېگىزلىكىنىڭ بىر
قىسمى، شەرقىي شىمالى كۇرد تاغ-
لىقى، غەربىي قىسمى قۇملۇق بو-
لۇپ، ئېگىزلىك بىلەن تاغلىق ئارى-
لىقىدا دۆلەت زېمىنىنىڭ كۆپ قىس-
مىنى ئىگىلىگەن مېسوپوتامىيە تۈز-
لەڭلىكى بار. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ
قىسمىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلى-
كى 100 مېتىرغا يەتمەيدۇ. ئېفرات
دەرياسى بىلەن دەجلە دەرياسى غەربىي
شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ

پۈتكۈل ئىراق زېمىنىنى كېسىپ ئۆتۈپ، پارس قولتۇقىغا قۇيۇلىدۇ. شەرقىي شىمال تاغلىق رايونىنىڭ كىلىماتى ئوتتۇرا دېڭىز كىلىماتىغا، باشقا جايلىرى سۇبتروپىك بەلباغ قۇملۇق كىلىماتىغا تەۋە. پايتەختى باغداد بولۇپ، 5 مىليون 670 مىڭ (2005) نوپۇسى بار.

ئىراق ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئىككى دەريا ۋادىسى دۇنيا قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 - يىللىرىدىلا شەھەر دۆلەتلىرى بارلىققا كەلگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 19 - ئەسىر ئەتراپىدا «تۆت چوڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەت»نىڭ بىرى بولغان بابىلون پادىشاھلىقى قۇرۇلغان.

ئىراقنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 29 مىليون 400 مىڭ (2008) بولۇپ، ئەرەبلەر %79 نى، كۇردلار تەخمىنەن %20 نى ئىگىلەيدۇ، ئەرەب تىلى ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ، ئىنگلىز تىلى ئورتاق قوللىنىلىدۇ. ئاھالىسىنىڭ %96 نى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە شىئە مەزھىپىدىكىلەر تەخمىنەن %60 نى ئىگىلەيدۇ، ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن، ئاز ساندىكىلەر خىرىستىيان دىنى ياكى يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

**كۇۋەيت** كۇۋەيت ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا، پارس قولتۇقىنىڭ غەربىي شىمال قىرغىقىغا جايلاشقان. يەر كۆلىمى 17 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، پايتەختى كۇۋەيت شەھىرى. يەر تۈزۈلۈشى غەربتىن شەرققە قاراپ يانتۇلاشقان. زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق بولۇپ، دائىملىق دەريا ۋە كۆللەر يوق، تاتلىق سۇ كەمچىل. كىلىماتى تىروپىك بەلباغ قۇملۇق كىلىماتىغا ياتىدۇ. قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، يامغۇر ئاز ياغىدۇ. كۇۋەيت تەبىئىي جۇغراپىيەلىك جەھەتتە قۇملۇقلار كۆپ بولۇش، ئېغىر دەرىجىدە سۇ يېتىشمەسلىك، نېفت بايلىقى مول بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. نېفت كۇۋەيتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرى بولۇپ، دۆلەت مالىيە كىرىمىنىڭ %90تىن كۆپرەكى نېفت سودىسىدىن كېلىدۇ. كۇۋەيتنىڭ نېفت ئىقتىسادى زور مالىيە كىرىم مەنبەسى بولغانلىقتىن، بۇ جاينىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە باشقا ئىجتىمائىي پاراۋانلىقلىرىنىڭ سەۋىيەسى ناھايىتى يۇقىرى، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھەقسىز تەربىيەلىنىدۇ ھەمدە خەلق ھەقسىز داۋالىنىدۇ، تۇرالغۇ ياردەم پۇلىغا ئېرىشەلەيدۇ، شۇنداقلا باج تاپشۇرمايدۇ، ئىشسىزلىق، نامراتلىق ۋە جىنايەت سادىر قىلىش نىسبىتى خېلىلا تۆۋەن.

كۇۋەيتنىڭ نوپۇسى 3 مىليون 50 مىڭ (2006) بولۇپ، كۇۋەيت تەۋەلىكىدىكىلەر تەخمىنەن %40نى، چەت ئەل مۇھاجىرلىرى %60نى ئىگىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەبلەر. ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى پايتەختى كۇۋەيت شەھىرىگە ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرىغا تارقالغان. ئاھالىسىنىڭ %95 ى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، بۇنىڭ %70 ى سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە. ئەرەب تىلى ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ، ئىنگلىز تىلى بىر تۇتاش قوللىنىلىدۇ.



كۇۋەيتنىڭ سۇ مۇنارلىرى.

**سەئۇدى ئەرەبىستان** سەئۇدى ئەرەبىستان ئەرەب يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي تەرىپى پارس قولتۇقىغا، غەربىي تەرىپى قىزىل دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. ئىيوردانىيە، ئىراق، كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئومان، يەمەن قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرالىنىدۇ. دېڭىز قىرغاق لىنىيەسى 2437 كىلومېتىر كېلىدۇ، يەر شەكلى غەربى ئېگىز، شەرقى پەس. غەربىي قىسمى ئېگىزلىكىنىڭ كىلىماتى ئوتتۇرا دېڭىزچە كىلىماتقا تەۋە، باشقا رايونلىرىنىڭ كىلىماتى سۇبتروپىك بەلباغ قۇملۇق كىلىماتىغا ياتىدۇ. يازدا قاتتىق ئىسسىق ۋە قۇرغاق بولىدۇ، ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 50℃ تىن ئېشىپ كېتىدۇ. قىشتا ئىللىق بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 200 مىللىمېتىردىن ئاشمايدۇ. يەر كۆلىمى 2 مىليون 250 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 24 مىليون 600 مىڭ (2005) نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە سەئۇدى ئەرەبىستان ئاھالىسى تەخمىنەن %70 نى ئىگىلەيدۇ. ئەرەب تىلى ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ، ئىنگلىز تىلى ئورتاق قوللىنىلىدۇ. پايتەختى رىياد بولۇپ، تەخمىنەن 5 مىليون نوپۇسى بار. دۆلەت باشلىقى پادىشاھ قوشۇمچە باش ۋەزىر، خەلق قوغداش قىسىملىرىنىڭ قوماندانى بولىدۇ. ئابدۇللا بىن ئابدۇل ئەزىز 2005 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تەختكە ۋارىسلىق قىلغان.

سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولۇپ، سىياسىي پارتىيەلەر پائالىيىتى مەنئى قىلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇن يوق بولۇپ، «قۇرئان» ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرى دۆلەتنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش دەلىل - ئاساسى قىلىنىدۇ. پادىشاھ «ئىككى مۇقەددەس جاي (مەككە ۋە مەدىنە)»نىڭ چاكىرى دەپ ئاتىلىدۇ. پادىشاھ ئەڭ ئالىي مە-

www.uyghurkitap.com

مۇرىي هوقۇقى بىلەن ئەدلىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى پادىشاھ ئابدۇللا ئەزىز راخمان فەيسال سەئۇدىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋىرى پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئومۇمىي سىياسىي ۋەزىيىتى تىنچ، ئىجتىمائىي ئامانلىقى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم، نېفىت كىرىمى كۆپ بولۇپ، ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تېز بولماقتا.

**گوللاندىيە** گوللاندىيە ياۋروپانىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي شىمال ۋە شىمال تەرىپى شىمالىي دېڭىزغا تۇتىشىدۇ، ئورنى رېيىن دەرياسى، مائاس دەرياسى ۋە سىكېلد دەرياسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دەريانىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىغا جايلاشقان. يەر كۆلىمى 41 مىڭ 548 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تېررىتورىيەسىدە دەريالار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن رېيىن دەرياسى بىلەن مائاس دەرياسى بار. غەربىي شىمالدىكى دېڭىز ياقىسىدا ئىيسېلمېر كۆلى بار. پۈتكۈل زېمىنىنىڭ يەر شەكلى پەس ۋە تەكشى بولۇپ، دۇنيادىكى داڭلىق «يېرى پەس دۆلەت»تۇر. %60 تىن كۆپرەك رايونىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1 مېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ. 13 ـ ئەسىردىن باشلاپ غەرب شامىلىدىن پايدىلىنىپ چاقپەلەكنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۇنى چىقىرىۋېتىپ، دېڭىزنى قورشاپ يەر بەرپا قىلىپ، يەر مەيدانىنى تەخمىنەن 700 مىڭ گېكتار كېڭەيتكەن. گوللاندىيەنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېڭىزنى توساپ يەر بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۇرغان قاش ـ توسمىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1800 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. گوللاندىيەنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ دېڭىز ـ ئوكيان كىلىماتىغا ياتىدۇ. تەخمىنەن 16 مىليون 360 مىڭ (2006) نوپۇسى بار، %90 تىن كۆپرەكى گوللاند مىللىتى بولۇپ، گوللاند تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىنغان، ئاھالىسىنىڭ %36 ى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، پايتەختى ئامستېردام، ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى گائاگا.

گوللاندىيەنىڭ گۈلچىلىك كەسپى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، تارىختا كۆركۈمگۈل ئۆستۈرۈش بىلەن نام چىقارغان. خارلېم گوللاندىيەنىڭ كۆركۈمگۈل، ھەمەلگۈل، نەرگىز گۈلى سودا مەركىزىدۇر. چارۋىچىلىقىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئىرىمچىكى ناھايىتى داڭلىق.

**دانىيە** دانىيە پادىشاھلىقى سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي تەرىپى گېرمانىيە بىلەن چېگرالىنىدۇ. غەربىي تەرىپى شىمالىي دېڭىزغا تۇتىشىدۇ، شىمالىي تەرىپى نورۋېگىيە، شۋېتسىيە بىلەن دېڭىز ئارقىلىق قارىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ جۇتلاند يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە نۇرغۇن ئاراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېڭىز قىرغىقى ئەگرى ـ توقاي، دېڭىز قولتۇقلىرى كۆپ. پۈتكۈل زېمىنىنىڭ يەر شەكلى پەس ۋە تەكشى، كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ دېڭىز ـ ئوكيان كىلىماتىغا ياتىدۇ. يەر كۆلىمى 43 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ (گرېنلاندىيە ۋە فارېر تاقىم ئاراللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). 5 مىليون 450 مىڭ (2006) نوپۇسى بار بولۇپ، گېرمانلارغا تەۋە دانىشلار %96.5 نى ئىگىلەيدۇ، قالغانلىرى چەت ئەل كۆچمەنلىرىدىن ئىبارەت. نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى تۆۋەن، ئەمما شىمالىي ياۋروپا بويىچە نوپۇسى ئەڭ زىچ دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. دانىيە تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىنغان، ئاھالىسى ئاساسلىقى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. پايتەختى كوپېنھاگېن بولۇپ، ئۇنىڭ «سودىگەرلەر پورتى» ياكى «سودا پورتى» دېگەن مەنىسى بار. بۇ سۈيى چوڭقۇر، دائىرىسى كەڭ، ئۈسكۈنىلىرى سەرخىل، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ سودا پورتى، شۇنداقلا شىمالىي ياۋروپا بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەر ۋە دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا قاتنىشىنىڭ تۈگۈنىدۇر. ئۇنىڭ «سۇ پەرىسىنىڭ يۇرتى» دېگەن نامى بار، بۇ يەردە دۇنياغا داڭلىق شەھەر بەلگىسى «سۇ پەرىسى» ھەيكىلى بار.

**ئەنگلىيە** «تۆت مىللەتلىك پادىشاھلىق» دەپ نامى بار ئەنگلىيەنىڭ تولۇق نامى «بۈيۈك بىرىتانىيە ۋە شىمالىي ئىرلاندىيە بىرلەشمە پادىشاھلىقى» بولۇپ، ئاساسلىق ئاھالىلىرىدىن ئىنگلاندلار، شوتلاندلار، ۋېلشلار ۋە ئىرلاندلار بار. نوپۇسى 60 مىليون 210 مىڭ (2005) غا يېتىدۇ. ئۇ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بۈيۈك بىرىتانىيە ئاراللىرىغا جايلاشقان ئارال دۆلىتى بولۇپ، شەرقىي تەرىپى شىمالىي دېڭىزغا، غەربىي تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى پەقەت ئىنگلىز بوغۇزى ۋە دوۋېر بوغۇزى ئارقىلىق ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئەنگلىيەنىڭ يەر مەيدانى تەخمىنەن 240 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، دېڭىز قىرغاقلىنىيەسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11 مىڭ 500 كىلومېتىر كېلىدۇ. بىرد-



بايرامدا ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان دانىيەلىكلەر.



ئەنگلىيەنىڭ پارلامېنت بىناسى.

تانىيە تاقىم ئاراللىرى بىر قەدەر يۇقىرى جۇغراپىيەلىك كەڭلىككە جايلاشقان بولسىمۇ، ئەمما دېڭىز - ئوكيان ئىللىق ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە، ئومۇمەن قىشتا ئىللىق، يازدا سالقىن، يامغۇرلۇق ۋە تۇمانلىق كۈنلىرى كۆپ بولىدۇ، بولۇپمۇ كۈز ۋە قىش پەسلىدە تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ، يىل بويى ئىللىق ۋە نەم بولۇپ، كلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلباغ دېڭىز - ئوكيان كلىماتىغا ياتىدۇ، پايتەختى لوندون.

ئەنگلىيە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى ئېنېرگىيە بايلىقى ئەڭ مول دۆلەت، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئاساسلىق نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتتۇر. ئاساسلىق بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، يادرو ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ۋە سۇ كۈچى قاتارلىقلار بار. ئەنگلىيە ئەڭ بالدۇر سانائەتلىشىشكە قەدەم قويغان كاپىتالىستىك دۆلەت بولۇپ، 1 - قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابى ئەڭ ئاۋۋال ئەنگلىيەدە باشلانغان. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، مۇستەملىكە بازىرىنىڭ كىچىكلىشىگە ئەگىشىپ، ئەنگلىيەنىڭ ئىقتىسادى تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلىدى. 1973 - يىلى ئەنگلىيە ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىگە كىرىپ، ئەنگلىيە فېدېراتسىيەدىكى ھەرقايسى ئەللەر ۋە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە تايىنىدىغان ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتىپ، ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى.

ئەنگلىيە يۇقىرى دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈلمىگە ۋە ناھايىتى ئېھتىياتچان ۋە ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش شەكلىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئەنگلىيەنىڭ 19 - ئەسىردە دۆلەت كۈچىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، پۈتۈن يەر شارىغا تارقالغان ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تەقلىد قىلىدىغان ئاساسىي نۇسخىسىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە مول، پارلاق مەدەنىيىتىگىمۇ دۇنيا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

**لوندون** لوندون ئەنگلىيەنىڭ پايتەختى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى ۋە قاتناش تۈگۈنى، ئەڭ چوڭ دېڭىز پورتى ۋە ئەڭ مۇھىم سانائەت شەھىرى، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى، پۇل مۇئامىلە مەركەزلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئەنگلىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تېمس دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا يېيىلغان، دەريا ئاغزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 88 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئىچكى ۋە تاشقى لوندوندىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، يەنە «بۈيۈك لوندون» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قارمىقىدا 32 مۇستەقىل رايون ۋە بىر پۇل مۇئامىلە شەھەرچىسى (لوندون شەھەرچىسى) تەسىس قىلىنغان. تەخمىنەن 7 مىليون 520 مىڭ (2006) نوپۇسى بار. يەر كۆلىمى 1580 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. لوندون يەنە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ خەلقئارالىق پورت ۋە سۇ ترانسپورت بازىرى بولۇپ، دۇنيادىكى بارلىق ئاساسلىق سۇ ترانسپورتى، كېمىسازلىق ۋە كېمە ئىجارىگە بېرىش شىركەتلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ جايدا ۋاكالەت ئورگانلىرىنى تەسىس قىلغان. لوندوننىڭ غەربىي شەھەر ئەتراپىدا ياۋروپا بويىچە يولۇچى توشۇش مىقدارى ئەڭ چوڭ خەلقئارالىق ئايرودروم — ھېسرووۋ ئايرودرومى بار. لوندوننىڭ قۇرۇقلۇق قاتنىشىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئۇ ئەنگلىيەنىڭ تۆمۈريول مەركىزى بولۇپ، 10 نەچچە تۆمۈريول لىنىيەسى بۇ جايدىن بۈيۈك بىرىتانىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە تۇتىشىدۇ.

لوندوننىڭ مەشھۇر مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن لوندون شەھىرىنىڭ، شۇنداقلا ئەنگلىيەنىڭ سىمۋولى بولغان چوڭ بېن سائىتى، تېمس دەرياسى بويىغا سېلىنغان ئەنگلىيەنىڭ سىياسىي مەركىزى — پارلامېنت بىناسى، ئەنگلىيە خان جەمەتىنىڭ سىمۋولى بولغان بۇككىنخام ئوردىسى، ئەنگلىيە باش ۋەزىرىنىڭ سارىيى داۋنىڭ كوچىسى 10 - نومۇر قاتارلىقلار بار.

**فىرانسىيە** فىرانسىيەنىڭ تولۇق نامى فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، «فىرانسىيە» دېگەن نام فىرانك قەبىلىلىرىنىڭ نامىدىن تەدرىجىي ئۆزگىرىپ كەلگەن. «فىرانك» سۆزىنىڭ گېرمان تىلىدا «باتۇر، ئەركىن» دېگەن مەنىسى بار.

فىرانسىيە ياۋروپانىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيانىغا تۇتىشىدۇ، غەربىي شىمالى دېڭىز ئارقىلىق ئەنگلىيە بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ، شەرقىي شىمال ۋە شەرق تەرىپى بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ، گېرمانىيە، شۋېتسىيە، ئىتالىيە، موناكو قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شەرقىي جەنۇبى ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇبى ئىسپانىيە، ئاندورا بىلەن چېگرىلىنىدۇ. يەر كۆلىمى 551 مىڭ 602 كۋادرات كىلومېتىر (كورسكا ئارىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3000 كىلومېتىر كېلىدۇ. نوپۇسى 63 مىليون 400 مىڭ

(2007) بولۇپ، فىرانسۇزلارنى ئا ـ
ساس قىلىدۇ. ئاھالىسىنىڭ كۆپ
قىسمى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قى ـ
لىدۇ، فىرانسۇز تىلى ھۆكۈمەت تىلى
قىلىنغان. پايتەختى پارىژ.

فىرانسىيەدە 5 ـ ئەسىردە پادى ـ
شاھلىق قۇرۇلغان. 15 ـ ئەسىرنىڭ
ئاخىرى 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن دۆ ـ
لەت شەكىللەنگەن. 1789 ـ يىل
فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى پارتلى ـ
غان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىلگىرى ـ



پارىژدىكى زەپەر دەرۋازىسى.

كېيىن بولۇپ بەش قېتىم جۇمھۇرى ـ
يەت، ئىككى قېتىم ئىمپېرىيە قۇ ـ
رۇلغان. 1958 ـ يىلى بەشىنچى
جۇمھۇرىيەت دۇنياغا كەلگەن. 2 ـ
دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، فىرا ـ
نسىيە ئەنگلىيەدىن قالسىلا، 2 ـ چوڭ
مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيە بولۇپ،
مۇستەملىكە زېمىنىنىڭ يەر كۆلىمى
ئۆز دۆلىتىنىڭ 20 ھەسسىسىگە يەت ـ
كەن. ئۇرۇشتىن كېيىن فىرانسىيە ـ
گە قاراشلىق مۇستەملىكىلەر ئارقا ـ
ئارقىدىن مۇستەقىل بولدى.

فىرانسىيە زېمىنىنىڭ شەرقىي
جەنۇبىي قىسمى ئېگىز، غەربىي شى ـ
مالىي قىسمى پەس بولۇپ، ئوتتۇرا
جەنۇبىدا مەركىزىي ئېگىزلىك بار.
غەربىي شىمال قىسمى پارىژ ئويما ـ
لىقىنى مەركەز قىلغان غەربىي ياۋ ـ
روپا تۈزلەڭلىكىدۇر. كۆپ قىسىم
رايونلىرىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل
بەلباغ دېڭىز ـ ئوكيان كىلىماتىغا
ياتىدۇ. جەنۇبىي قىسمىدىكى دېڭىز
بويلىرى ۋە رونا دەرياسى ۋادىسىنىڭ
كىلىماتى سۇبتروپىك بەلباغ ئوتتۇرا
دېڭىزچە كىلىماتقا ياتىدۇ. يىللىق
ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى
غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا
قاراپ 600 مىللىمېتىردىن تەدرىجىي
كۆپىيىپ 1000 مىللىمېتىردىن ئې ـ
شىپ كېتىدۇ. بائوكسىت
(ئاليۇمىن تۇپىسى)، ئۇران
رودىسى قاتارلىقلارنىڭ
زاپىسى غەربىي ياۋروپا دۆ ـ
لەتلىرى ئىچىدە بىرىنچى
ئورۇندا تۇرىدۇ. ئورمان كۆ ـ
لىمى پۈتۈن مەملىكەت كۆ ـ
لىمىنىڭ 27% نى ئىگى ـ
لەيدۇ.

فىرانسىيە سانائەت ۋە
يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي
قىلغان دۆلەت بولۇپ، ئىش ـ
لەپچىقىرىش ۋە كاپىتال
يۇقىرى دەرىجىدە مەركەز ـ
لەشكەن، ئىچكى ئىشلەپچى ـ
قىرىش ئومۇمىي قىممىتى
دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇ ـ
رىدۇ. ئاساسلىق سانائەت
تارماقلىرىدىن ئاپتوموبىل ياساش،
كېمىسازلىق، ماشىنىسازلىق، توقۇ ـ
مىچىلىق، خىمىيە، ئېلېكتىر
ئەسۋابلىرى، يېمەكلىك ئىشلەپچىقى ـ
رىش قاتارلىقلار بار. يادرو ئېنېرگى ـ
يەسى، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى،
دېڭىز ـ ئوكيان ئېچىش، قورال ـ
ياراغ، ھاۋا قاتنىشى ۋە ئالەم قاتنىشى
قاتارلىق تارماقلارنىڭ تەرەققىياتى
ناھايىتى تېز بولۇپ، دۇنيانىڭ ئال ـ
دىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ. يېزا ئىگىلى ـ
كى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، دۇنيا ـ
دىكى داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھ ـ
سۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىدىغان
دۆلەتتۇر. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك
مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي تۈرىدىكى ـ
لەر، كۆممىقوناق، بەرەڭگە، قىزىلچا،
شال، تاماكا، ئۈزۈم قاتارلىقلار بار.
فىرانسىيە غەربىي ياۋروپا ئورتاق با ـ
زىرىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ، ياۋروپا
ئورتاق گەۋدىسىدىكى دۆلەتلەر ۋە ئا ـ
مېرىكا، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر
ئاساسلىق تاشقى سودا ئوبيېكتىدۇر.
ماشىنا، خىمىيەۋى بۇيۇملار، ئاپتو ـ
موبىل، پولات ـ تۆمۈر، قورال ـ
ياراغ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى
ۋە يېمەكلىك قاتارلىقلارنى ئېكسپورت
قىلىدۇ. 3 ـ كەسىپنىڭ فىرانسىيە
ئىقتىسادىدا ئىگىلەيدىغان سالمىقى
يىلدىن ـ يىلغا ئۆرلەۋاتىدۇ. بۇنىڭ
ئىچىدە تېلېگراف، ئۇچۇر، ساياھەت
مۇلازىمىتى ۋە قاتناش تىرانسپورت
تارماقلىرىنىڭ كەسىپ مىقدارىنىڭ
ئېشىش سالمىقى بىرقەدەر چوڭ بول ـ
ماقتا. مۇلازىمەت ساھەسىدە ئىش ـ
لەۋاتقان خادىملار ئومۇمىي ئەمگەك
كۈچىنىڭ تەخمىنەن 70% نى ئى ـ
گىلەيدۇ.

**پارىژ** فىرانسىيەنىڭ پايتەختى پا ـ
رىژ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى بويىچە
ئەڭ چوڭ شەھەر، شۇنداقلا دۇنيادىكى
ئەڭ ئاۋات مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ
بىرىدۇر. شەھەر رايونىنىڭ نوپۇسى
2 مىليون 200 مىڭ (2008) غا يې ـ
تىدۇ. پارىژ فىرانسىيەنىڭ شىمالىي
قىسمىغا جايلاشقان. سېنا دەرياسى
شەھەرنى ئەگرى ـ بۈگرى كېسىپ
ئۆتىدۇ.

پارىژ فىرانسىيەنىڭ ئىقتىسادىي
مەركىزى ۋە سودا ـ سانائەت شەھى ـ
رى، فىرانسىيەنىڭ مەدەنىيەت، مائا ـ
رىپ ئىشلىرىنىڭ مەركىزى،
شۇنداقلا دۇنيادىكى داڭلىق مەدەنى ـ
يەتلىك شەھەردۇر. مەشھۇر فىرانسى ـ
يە ئىنستىتۇتى، پارىژ ئۇنىۋېرسىتې ـ
تى، ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرى
ۋە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزى
قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پارىژغا تە ـ
سىس قىلىنغان.

پارىژ دۇنيادىكى مەشھۇر تارى ـ
خىي بولۇپ، داڭلىق ئاسارئەتىقىلەر
ناھايىتى كۆپ. ئېيفېل تۆمۈر مۇنا ـ
رى، زەپەر دەرۋازىسى، ئېلىسې قەسى ـ
رى، ۋېرسال سارىيى، لوۋېر مۇزېيى،

كونكورد مەيدانى، پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋى، گېئورگى. پومپىدو مەملىكەتلىك مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەركىزى قاتارلىقلار دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر مېھرىنى ئۆزلەمەيدىغان جايلاردۇر. گۈزەل سېنا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا باغچە ۋە يېشىل يەرلەر سانجاق ـ سانجاق تارقالغان، 32 چوڭ كۆۋرۈك دەريانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، دەريا مەنزىرىسىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەن. دەريا مەركىزىدىكى شەھەر ئارىلى پارىژنىڭ بۆشۈكى ۋە مەنبەسىدۇر.

**گېرمانىيە** تارىختا گېرمانىيەدە ناھايىتى كۆپ مەشھۇر ئەربابلار مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ماركس، ئېنگېلس، گيۆتى، خېينې، گېگېل، كانت، بېتخوۋېن، مېندېلسون قاتارلىق چولپانلار چاقناپ تۇرىدۇ.

گېرمانىيە فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتى ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي تەرىپى پولشا بىلەن، شەرقىي جەنۇبى چېخ بىلەن چېگرالىنىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى ئاۋسترىيە بىلەن شىۋېيتسارىيەگە تۇتىشىدۇ، غەربىي تەرىپى گوللاندىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ، فىرانسىيە بىلەن چېگرالىنىدۇ، شىمالىي تەرىپى دانىيەگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ ھەمدە شىمالىي دېڭىز ۋە بالتىق دېڭىزىغا ياندىشىپ تۇرىدۇ. يەر كۆلىمى 357 مىڭ 20 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر شەكلى شىمالى پەس، جەنۇبى ئېگىز بولۇپ، ئۇنى شىمالىي گېرمانىيە تۈزلەڭلىكى، ئوتتۇرا گېرمانىيە تاغلىقى، جەنۇبىي قىسمىدىكى باۋارىيە ئېگىزلىكى ۋە ئالپىس تاغلىق رايونى قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدىكى بايېرن ئالپىس تاغ تىزمىسىنىڭ ئاساسىي چوققىسى بولغان زۇگ چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2963 مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. دەريالاردىن رېيىن دەرياسى (گېرمانىيەدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بۆلىكى 865 كىلومېتىر)، ئېلبا دەرياسى، ۋېسېر دەرياسى، دوناي دەرياسى قاتارلىقلار بار. غەربىي شىمال قىسمىدا دېڭىز ئوكيان كىلىماتى بىرقەدەر روشەن بولۇپ، شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسمىغا بارغانسېرى چوڭ قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا ئۆزگىرىپ بارىدۇ. نوپۇسى 82 مىليون 350 مىڭ (2006) بولۇپ، گېرمانلارنى ئاساس قىلىدۇ، يەنە ئاز ساندا نىشلار، سىگانلار بار. گېرمان تىلى ئورتاق قوللىنىلىدۇ. ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى خىرىستىيان پىروتېستانت دىنى ۋە رىم كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. پايتەختى بېرلىن.

گېرمانىيە يۇكسەك تەرەققىي قىلغان سانائەتلەشكەن دۆلەت بولۇپ، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ياۋروپادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. خەلقئارادا ئامېرىكا ۋە ياپونىيەدىن قالسىلا 3 ـ چوڭ ئىقتىسادىي كۈچلۈك دۆلەت، شۇنداقلا ئامېرىكىدىن كېيىنلا تۇرىدىغان 2 ـ چوڭ سودا دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ. گېرمانىيەدىكى 1/3 گە يېقىن خىزمەتچى ئېكسپورت كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. گېرمانىيەنىڭ ئېكسپورت ساھەسى سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، مۇلازىمىتىنىڭ ئەتراپلىقلىقى، مال تاپشۇرۇشنىڭ دەل ۋاقتىدا بولۇشى جەھەتتە دۇنياغا داڭلىق. ئاساسلىق ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىدىن ئاپتوموبىل، ماشىنىسازلىق مەھسۇلاتلىرى، ئېلېكتىر ۋە ترانسپورت ئۈسكۈنىلىرى، خىمىيەۋى بۇيۇملار ۋە پولات ـ تۆمۈر قاتارلىقلار بار. ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى ئەللەر ۋە ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق سانائەت دۆلەتلىرى ئاساسلىق سودا ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ.

**بېرلىن** بېرلىن ياۋروپادىكى مەشھۇر قەدىمىي پايتەخت بولۇپ، 1237 ـ يىلى سېلىنىشقا باشلىغان. براندېنبۇرگ چېگرا رايونىنىڭ گىرافى ئالبېرت مەزكۇر شەھەرنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ، گىرافنىڭ لەقىمى «ئېيىق» بولغاچقا، كېيىنكىلەر ئىزچىل تۇردە بىر ئۆرە تۇرغان قارا ئېيىقنى بېرلىن شەھىرىنىڭ شەھەر بەلگىسى قىلىپ كەلگەن.

بېرلىن گېرمانىيەنىڭ پايتەختى بولۇپ، ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. شەھەرنىڭ كۆلىمى 880 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە باغچە، ئورمان، كۆل ۋە دەريالار شەھەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 1/4 نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ «ئورمان ۋە كۆللەر پايتەختى» دېگەن كاتتا نامى بار. تەخمىنەن 3 مىليون 400 مىڭ (2006) نوپۇسى بار. كىلىماتى غەربىي ياۋروپا مۆتىدىل بەلباغ دېڭىز ـ ئوكيان كىلىماتى بىلەن شەرقىي ياۋروپا مۆتىدىل بەلباغ چوڭ قۇرۇقلۇق كىلىماتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى تىپقا ياتىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 9.4℃ بولىدۇ، قىشلىقى سەل سوغۇق بولۇپ، 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 1℃ قا چۈشىدۇ، يازلىقى سالقىن بولۇپ، 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېرا-




براندېنبۇرگ دەرۋازىسى بېرلىننىڭ سىمۋولى، دەرۋازا ئالدىدىكى تام بېرلىن تېمىدۇر.

تۇرىسى 18℃ بولىدۇ، پەقەت يازدا
يامغۇر سەل كۆپ ياغىدۇ، قىشلىقى
دائىم قار ياغىدۇ.

1488 ـ يىلى بېرلىن بىراندېن-
بۇرگ بەگلىكىنىڭ مەركىزى بول-
غان. 1871 ـ بىسمارك گېرمانىيەنى
بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن،
بېرلىننى پايتەخت قىلىپ بېكىت-
كەن. 1939 ـ يىلى نوپۇسى 4 مىل-
يون 300 مىڭغا يېتىپ، گېرمانىيە-
نىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىي-
يەت، پەن ۋە قاتناش مەركىزىگە،
شۇنداقلا ئەينى چاغدىكى ياۋروپا
بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەرگە ئايلانغان.
2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە شەھەر
ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئاسا-
سىي جەھەتتىن خارابىلىككە ئايلانغان.
1945 ـ يىلى فاشىست گېرمانىيەسى
تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكا،
ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە سوۋېت ئىت-
تىپاقىدىن ئىبارەت 4 دۆلەت بېر-
لىننى رايونلارغا بۆلۈپ ئىگىلەشنى
يولغا قويغان. 1948 ـ يىلى 12 ـ
ئايدا بېرلىن شەرق ۋە غەربتىن ئى-
بارەت ئىككى رايونغا ئايرىلغان.
1990 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى
ئىككى گېرمانىيە بىرلىككە كېلىپ،
شەرقىي ۋە غەربىي بېرلىن قايتىدىن
بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر شەھەر بولغان،
ئىككىنچى يىلى 6 ـ ئايدا گېرمانىيە
فېدېراتسىيەسى پارلامېنتى بېرلىننى
بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيەنىڭ پاي-
تەختى ۋە ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇن
قىلىشنى قارار قىلغان.

**ئىتالىيە** كىشىلەر ئىتالىيەنى «بىر
ئۆتۈك، ئىككى پۇتبول»غا ئوخشايدۇ
دەپ سۈپەتلىشىدۇ. ئىتالىيە جەنۇبىي
ياۋروپادا بولۇپ، زېمىنىنىڭ كۆپ
قىسمى ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا دېڭىزغا
سوزۇلۇپ كىرگەن ئاپېننىن يېرىم
ئارىلىغا جايلاشقان. يەر شەكلى تار
ھەم ئۇزۇنچاق بولۇپ، غەربىي شى-
مال ـ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە
سوزۇلۇپ ياتىدۇ، غەربىي قىسمىدا
ساردىنىيە ئارىلى، غەربىي قىسمىدا
سىتسىلىيە ئارىلى بار، بۇ ئىككى



ئىتالىيە ۋېنىتسىيەدىكى سايىنت ماركو چوڭ چېركاۋى.

ئارال بىلەن ئىتالىيەنىڭ ئاساسىي
زېمىنىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىسىڭىز،
بىر پۇت توپ تېپىۋاتقانغا ئوخشايدۇ.

ئىتالىيەنىڭ يەر كۆلىمى 301
مىڭ 318 كىۋادرات كىلومېتىر كې-
لىدۇ، شىمالىي تەرىپىنى ئالپىس
تاغلىرى توساپ تۇرىدۇ، شەرق،
غەرب، جەنۇب تەرەپلىرى ئوتتۇرا دې-
ڭىزغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ، پۈتكۈل يەر
مەيدانىنىڭ 4/5 قىسمى تاغلىق ۋە
ئىدىرلىق جايلاردىن ئىبارەت. ئالپىس
تاغ تىزمىسى بىلەن ئاپېننىن تاغ
تىزمىسى بار. ئىتالىيە بىلەن فىران-
سىيەنىڭ چېگراسىدىكى بىلانىك
چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز-
لىكى 4810 مېتىر كېلىدۇ. داڭلىق
يانار تاغلاردىن ۋېزوۋى يانار تېغى بى-
لەن ئېتنا يانار تېغى بار. پو دەرياسى
ئەڭ چوڭ دەريا ھېسابلىنىدۇ. چوڭراق
كۆللەردىن گاردو كۆلى، ماگگىيور
كۆلى بار. كۆپىنچە رايونلىرىنىڭ كى-
لىماتى سۇبتروپىك بەلباغ ئوتتۇرا
دېڭىزچە كىلىماتقا ياتىدۇ. 58 مىليون
460 مىڭ (2005) نوپۇسى بار. ئاھا-
لىسى ئىتالىيانلارنى ئاساس قىلىدۇ.
ئاز سانلىق مىللەتلەردىن فىران-
سۇزلار، لاتىنلار، رىملىقلار بار. ئاسا-
سەن ئىتالىيانچە سۆزلىشىدۇ، كۆپ
ساندىكى ئاھالىلەر كاتولىك دىنىغا
ئېتىقاد قىلىدۇ، پايتەختى رىم.

ئىتالىيەنىڭ سۇ كۈچى، يەر
ئىسسىقلىقى ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى
بىرقەدەر مول، قېزىلما بايلىقلىرى
كەمچىل. سانائىتى بىرقەدەر تەرەق-
قىي قىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى پولات
ـ تۆمۈر، نېفىت ـ خىمىيە سانائى-
تى، كېمىسازلىق،
ئىستانوك، ئاپتو-
موبىل، ئېلېكتى-
رون، قورال ـ
ياراغ سانائىتى قا-
تارلىقلار بار. يې-
قىلغۇ ۋە خام
ئەشيالارنى چەت
ئەلدىن ئىمپورت
قىلىشقا تايىنى-
دۇ، سانائەت مەھ-
سۇلاتلىرىنىڭ 1/3 دىن كۆپرەكى
ئېكسپورت قىلىنىدۇ. تاشقى سودا
ئىتالىيە ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق
تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. ئىمپورتتا ئا-
ساسلىقى نېفىت، خام ئەشيا ۋە يېمەك-
لىك قاتارلىقلار ئاساس قىلىنىدۇ،
ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ئا-
ساسلىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئوب-
يېكتىدۇر.

ئىتالىيەنىڭ مەنزىرىسى گۈ-
زەل، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ناھا-
يىتى كۆپ، ساياھەت بايلىقى مول،
ساياھەتچىلىكى تەرەققىي قىلغان بو-
لۇپ، ئاساسلىق ساياھەت شەھەرلى-
رىدىن رىم، فىلورېنسا، ۋېنىتسىيە
قاتارلىقلار بار.

**رىم** رىم شەھىرى كونا شەھەر ۋە
يېڭى شەھەردىن ئىبارەت ئىككى قى-
سىمغا ئايرىلىدۇ. كونا شەھەر ئى-
پېرىيە چوڭ يولى (ئاساسلىق سودا
كوچىسى) نى مەركەز قىلغان ھالدا
2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۈز-
لۈكسىز سىرتقا كېڭەيتىلگەن. يېڭى
شەھەر كونا شەھەرنىڭ جەنۇبىدىن
6 ~ 7 كىلومېتىر يىراقلىققا
جايلاشقان بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ
20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ قۇرۇلۇشقا
باشلىغان، 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرى-
لىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇلۇپ
بولغان، ئۇ ئاسمان پەلەك بىنالار بى-
لەن تولغان زامانىۋى باغچىلەشكەن
شەھەردۇر. شەھەرنىڭ غەربىي شىمال
بۇرجىكىدىكى ۋاتىكان رىم پاپاسى
تۇرۇشلۇق جايدۇر.

رىم ئىتالىيەنىڭ پايتەختى ۋە



رىمنىڭ ئۈستىدىن كۆرۈنۈشى.

ئەڭ چوڭ شەھىرى، مەدەنىيەت ھەم
قاتناش مەركىزى بولۇپ، ئاپىنىنىن
يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي
قىسمىنىڭ غەربىي تەرىپىگە، تېۋېر
دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى
ئىدىرلىق تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان.
شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى 1507
كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تەخ-
مىنەن 2 مىليون 710 مىڭ (2007)
نوپۇسى بار. كىلىماتى قىش پەسلىدە
ئىللىق ۋە نەم بولىدۇ. ياز پەسلىدە
قاتتىق ئىسسىق ۋە قۇرغاق بولىدۇ.
1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېرا-
تۇرىسى 7.7℃، 7 - ئاينىڭ 24.5℃
بولىدۇ. يىللىق ھۆل - يېغىن
مىقدارى 817 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8 - ئە-
سىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 -
ئەسىرگىچە رىملىقلار تېۋېر دەرياسى-
نىڭ سول قىرغىقىدا قەلئە سېلىپ،
دەسلەپكى رىم شەھىرىنى بەرپا قىل-
غان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 510 - يى-
لى ئەتراپىدا بۇ شەھەر رىم جۇمھۇرى-
يىتىنىڭ پايتەختى بولغان. مىلادىيە-
دىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىردە جۇمھۇرى-
يەت تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، بۇ شە-
ھەر قەدىمكى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ
پايتەختى قىلىنغان. شەھەرنىڭ مەدە-
نىيەت ۋە بىناكار-
لىق سەنئىتى
مىسلىسىز تەرەق-
قىي قىلىپ، چېر-
كاۋ، تۈۋرۈكلۈك
كارىدور، ئەگمە
ئىشىك، زەپەر
دەرۋازىسى، خاتىرە
تۈۋرۈكى، تىيا-
تىرخانا، چوڭ ما-
ھارەت كۆرسىتىش
مەيدانى قاتارلىقلار
كەينى - كەينىدىن
بەرپا قىلىنغان.
مىلادىيە 4 - ئە-
سىردە بۇ شەھەر
غەربىي رىم ئىم-
پېرىيەسىنىڭ
مەركىزى بولغان.
ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن،
مەزكۇر شەھەر بىرقانچە قېتىم گۇل-
لەنگەن ۋە ۋەيران بولغان. 756 - يى-
لىدىن 1870 - يىلىغىچە پاپا دۆلىتى-
نىڭ پايتەختى قىلىنغان. 14 ~ 15 -
ئەسىرلەردە رىم شەھىرى ئەدەبىيات -
سەنئەت قايتا گۈللىنىشىنىڭ مەركى-
زىگە ئايلىنىپ، سەنئەت، بىناكارلىق
ۋە مەدەنىيىتى راۋاجلانغان. 1870 -
يىلى ئىتالىيە پادىشاھلىقى بىرلىككە
كەلگەندىن كېيىن پادىشاھلىقنىڭ پاي-
تەختى بولغان.

**ۋېنىتسىيە** ۋېنىتسىيە ماركوپولونىڭ
يۇرتى بولۇپ، ئادرىياتىك دېڭىزى ۋې-
نىتسىيە قولتۇقىنىڭ غەربىي شىما-
لىي قىرغىقىغا جايلاشقان. پۈتكۈل
شەھەر 118 ئارالغا تارقالغان، چوڭ -
كىچىك 170 سۇ يولى ئۆزئارا تۇتىشىپ
تۇرىدۇ. 400 دىن ئارتۇق ھەرخىل
ئۇسلۇبقا ئىگە كۆۋرۈكلەر خۇددى ئۇ-
زۇن زەنجىردەك سانجاق - سانجاق
چوڭ - كىچىك ئاراللارنى تۇتاشتۇرۇپ
تۇرىدۇ. شەھەرنىڭ ئاساسلىق قاتناش
قورالى كېمە بولۇپ، ھەرخىل كېمى-
لەر ھەر ياققا قاتناپ، ئۆزگىچە ئاۋات
مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان.

ۋېنىتسىيە ئىتالىيەنىڭ پورت
شەھىرى ۋە ساياھەت شەھىرى بو-
لۇپ، نوپۇسى 270 مىڭغا يېتىدۇ
(2007)، ئەمما ھەر يىلى كۈتۈۋال-
دىغان ساياھەتچىلەر نەچچە مىليون ئا-
دەم قېتىمغا يېتىدۇ. ئۇ ئاجايىپ گۈ-
زەل بىناكارلىق سەنئىتى ۋە «سۇ يۇر-
تى» بولۇشتەك ئۆزگىچە مەنزىرىسى
بىلەن دۇنياغا داڭلىق. بۇ يەردە ئوتتۇرا
ئەسىرگە تەۋە سەنئەت ئاسارئەتىقىلىرى
كۆپ. سايىنت ماركو مەيدانى شەھەر
مەركىزىگە جايلاشقان، ناپالېيون ئۇنى
دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل مەيدان دەپ ئا-
تىغان. مەيداندا ھەشەمەتلىك پادىشاھ
ئوردىلىرى، رىم - ۋىزانتىيە ئۇسلۇ-
بىدىكى سايىنت ماركو چوڭ چېركا-
ۋى، يېڭى - كونا ۋالىي مەھكىمىلىرى
ۋە ناپالېيون پادىشاھ ئوردىسى بار.
مەيداندا ئېگىزلىكى 98.6 مېتىر،
كەڭلىكى 12 مېتىر كېلىدىغان قوڭ-
غۇراق مۇنارى بار بولۇپ، ئۈستىدە تۇ-
رۇپ ۋېنىتسىيەنىڭ ئومۇمىي مەنزى-
رىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**رۇسىيە** رۇسىيەنىڭ تولۇق نامى
رۇسىيە فېدېراتسىيەسى بولۇپ، ياۋ-
روپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ
شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. زېمىنى
ياۋروپانىڭ شەرقىي قىسمى ۋە ئاسى-
يانىڭ شىمالىي قىسمىنى ئۆز ئىچى-
گە ئالغان بولۇپ، دۇنيا بويىچە زېمى-
نى ئەڭ كەڭ دۆلەتتۇر. ئۇنىڭ شىما-
لى شىمالىي مۇز ئوكيانغا، شەرقى
تىنچ ئوكيانغا تۇتىشىدۇ، دېڭىز ئار-
قىلىق ئامېرىكا ۋە ياپونىيە بىلەن
قارىشىپ تۇرىدۇ. غەربىي شىمالى
بالتىق دېڭىزىنىڭ فىنلاند قولتۇقى-
غا تۇتىشىدۇ. يەر كۆلىمى 17 مىليون
80 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كې-
لىدۇ. قۇرۇقلۇق چېگراسىنىڭ ئۇ-
زۇنلۇقى 17 مىڭ كىلومېتىر بولۇپ،
14 دۆلەت بىلەن چېگرالىنىدۇ. شى-
مالىي قىسىم زېمىنىنىڭ 36% ى
شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى ئىچىدە.
پايتەختى موسكۋا.

رۇسىيەنىڭ نوپۇسى 143
مىليون (2005) بولۇپ، دۇنيا بويى-
چە 5 - ئورۇندا تۇرىدۇ. رۇسىيەدە

130 دىن ئارتۇق مىللەت بار، بۇنىڭ ئىچىدە رۇسلارنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 82% نى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تاتار، ئۇكرائىن، چۇۋاش قاتارلىقلار بار. رۇس تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىنغان. رۇسىيەدە ئاساسلىق دىنلاردىن خرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى ۋە يەھۇدىي دىنى قاتارلىقلار بار. خرىستىيان دىنىنىڭ رۇس پراۋوسلاۋىيە مەزھىپى ئەڭ كەڭ تارقالغان، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، مۇرتلىرى تەخمىنەن 50 مىليونغا يېتىدۇ.

رۇسىيەنىڭ يەر شەكلى شەرقىي ئېگىز، غەربىي پەس بولۇپ، تۈزلەڭلىكنى ئاساس قىلىدۇ. تۈزلەڭلىك دۆلەت زېمىنى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 70% نى ئىگىلەيدۇ، يېنسەي دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمىغا شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكى ۋە غەربىي سىبىرىيە تۈزلەڭلىكى، شەرقىي قىسمىغا ئوتتۇرا سىبىرىيە ئېگىزلىكى ۋە تىنچ ئوكيان بويلىرى تاغ تىزمىلىرى جايلاشقان، كافكاز تاغ تىزمىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى بولغان ئېلبۇرۇس چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5642 مېتىر كېلىدۇ، ئۇ ياۋروپا ۋە ئاسىيا قىتئەسىنىڭ چېگرا سىزىقىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئاساسلىق دەريالىرىدىن ۋولگا دەرياسى، دنېپىر دەرياسى، دون دەرياسى، ئۇرال دەرياسى قاتارلىقلار بار. ۋولگا دەرياسى ياۋروپا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن دەريا ھېسابلىنىدۇ. سىبىرىيە رايونىدا ئاساسلىق دەريالاردىن ئوب دەرياسى، لېنا دەرياسى ۋە يېنسەي دەرياسى قاتارلىقلار بار. كۆللەردىن لادوژسكو كۆلى، بالقاش كۆلى، بايقال كۆلى قاتارلىقلار بىرقەدەر داڭلىق. رۇسىيەنىڭ يېرى كەڭ، كىلىماتى مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل. پۈتكۈل رۇسىيەنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ ۋە سۇب قۇتۇپ قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا ياتىدۇ، كۆپىنچە رايونلىرىدا قىش پەسلى ئۇزۇن ۋە قاتتىق سوغۇق بولىدۇ. ياز پەسلى قىسقا ۋە ئىللىق بولىدۇ، ئەتىياز ۋە كۈز پەسلى ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. رۇسىيەنىڭ كان بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، تۆمۈر رۇدىسى، نېفىت، تەبىئىي گاز، مىس، ئورمان ۋە سۇ كۈچى بايلىقى قاتارلىقلار دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ.

**موسكۋا** موسكۋا رۇسىيەنىڭ پايتەختى، شۇنداقلا سىياسىي، ئىقتىسادىي، پۇل مۇئامىلە، ئىلىم - پەن ۋە سەنئەت مەركىزىدۇر.

موسكۋا رۇسىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، موسكۋا دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان يائۇزا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى ئاتلاپ تۇرىدۇ. نوپۇسى 14 مىليون 150 مىڭ (2006) بولۇپ، دۇنيادىكى پەۋقۇلئاددە چوڭ مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. يەر كۆلىمى 878.8 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

موسكۋا 1147 - يىلى بىنا قىلىنغان بولۇپ، بۈگۈنگە قەدەر 800 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. موسكۋا پۈتۈن رۇسىيە بويىچە ئەڭ چوڭ ئۇنىۋېرسال سانائەت شەھىرى بولۇپ، سانائەت تارماقلىرى تولۇق، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائىتى بىلەن خىمىيە سانائىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ماشىنىسازلىق ۋە ئەسۋاب ياساش سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى پۈتكۈل شەھەرنىڭ سانائەت ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. مەزكۇر شەھەر يەنە ئەڭ چوڭ ھەربىي ئىشلار سانائەت مەركىزى بولۇپ، ھاۋا قاتنىشى، ئالەم قاتنىشى، ئېلېكترون قاتارلىق سانائەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جايغا مەركەزلەشكەن.


موسكۋا شەھىرىنىڭ قىياپىتى.

موسكۋا مەشھۇر تارىخىي شەھەر بولۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇكەممەل بولغان كرېمىل سارىيى ۋە قىزىل مەيدانىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئەتراپقا كېڭەيگەن. بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان دۇنياۋى داڭلىق ئاسارئەتىقىلەردىن كرېمىل سارىيى ۋە قىزىل مەيدان، بۇۋى مەريەم يېڭى مۇناستىرى، فىليوۋ چوڭ چېركاۋى، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى، زەپەر دەرۋازىسى، شۇنىڭدەك پوكلوننايا غالىبىيەت خاتىرە قۇرۇلۇشلىرى توپى قاتارلىقلار بار.

**قىزىل مەيدان** قىزىل مەيدان موسكۋا شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ داڭقى تيەنئەنمېن مەيدانىدىن قېلىشمايدۇ. قىزىل مەيداننىڭ ئۇزۇنلۇقى 695 مېتىر، كەڭلىكى 130 مېتىر، كۆلىمى 91 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، يەر يۈزىگە پۈتۈنلەي ئۇزۇن تاشلار ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمىي ۋە مۇقەددەسلىكى زاھىر بولىدۇ.

قىزىل مەيدان رۇسىيەنىڭ سىمۋولى بولۇپ، 15 - ئەسىردە بىنا قىلىنغان. قىزىل مەيداننىڭ ئەسلىي نامى «تورگ» بولۇپ، «بازار» دېگەن مەنىسى بار. 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ جاي ناھايىتى ئاۋات سودا مەركىزىگە ئايلىنىپ، «چوڭ بازار» دەپ ئاتالغان. 1662 - يىلدىن باشلاپ قىزىل مەيدان دەپ ئاتالغان. قەدىمكى رۇس تىلىدا «قىزىل» دېگەن سۆزنىڭ يەنە «گۈزەل»، «ئاساسلىق» دېگەن مەنىلىرى بار. «قىزىل

مەيدان» نىڭ قەدىمكى تىلدا «گۈزەل مەيدان» دېگەن مەنىسى بار.

قىزىل مەيداننىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە ۋاسلى چوڭ چېركاۋى، غەربىي تەرىپىگە لېنىن مەقبەرىسى، شەرقىي تەرىپىگە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۈرلۈك ماللار سودا سارىيى، شىمالىي تەرىپىگە تارىخىي مۇزېي جايلاشقان.

**كرېمىل سارىيى** موسكۋا كرېمىل سارىيى رۇسىيەنىڭ دۆلەت سىمۋولى بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىمارەتلەر توپلىرىنىڭ بىرى، تارىخنىڭ ئەتۋارلىق يادنامىسى، مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ خەزىنىسىدۇر.

كرېمىل سارىيى رۇسىيە پايتەختىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ ئاشۇ ئېگىز ۋە مەزمۇت قورشاۋ تاملىرى ۋە سائەت مۇنارى، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن گۈمبەزلىك چېركاۋلىرى، قەدىمىي راۋاق ۋە ئوردىلىرى موسكۋا دەرياسىنىڭ بويىدىكى بوروۋىتسكى دۆڭلۈكىدە قەد كۆتۈرۈپ، بىر گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك كۆركەم ئىمارەتلەر توپىنى ھاسىل قىلغان.

كرېمىل سارىيىنىڭ دەسلەپكى شەكلى 11 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 12 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىنا قىلىنغان. 15 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كرېمىل سارىيى دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە دىنىي ھوقۇق تۇرۇشلۇق ئورۇنغا ئايلانغان. 18 ~ 19 ــ ئەسىرلەردە پايتەخت سانكت پېتېربۇرگقا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، موسكۋا يەنىلا مەركىزىي شەھەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرغان. 1918 ــ يىلى موسكۋا قايتىدىن پايتەخت بولۇپ، كرېمىل سارىيى ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ خىزمەت ئورنىغا ئايلانغان، ھازىرمۇ رۇسىيە زۇڭتۇڭىنىڭ ئىشخانىسى كرېمىل سارىيىدا.

كرېمىل سارىيى ب د ت مائارىپ ــ پەن ــ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «دۇنيا مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى.



كرېمىل سارىيىنىڭ يىراقتىن كۆرۈنۈشى.

**سانكت پېتېربۇرگ** سانكت پېتېربۇرگ بالتىق دېڭىزى فىنلاندىيە قولتۇقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى نېۋا دەرياسى ئېغىزىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىنىڭ يەر كۆلىمى 606 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 86 چوڭ ــ كىچىك دەريا ۋە قانال شەھەر رايونىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەھەر رايونىنىڭ مەركىزىي قىسمىنى 42 ئارالغا بۆلۈپ تۇرىدۇ، ھەرقايسى ئاراللارنى 40 تىن كۆپ كۆۋرۈك تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. مەزكۇر شەھەر دەريا، ئارال ۋە كۆۋرۈكلىرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە رۇسىيە بويىچە 1 ــ ئورۇندا تۇرىدۇ.

سانكت پېتېربۇرگ رۇسىيەنىڭ موسكۋادىن قالسىلا 2 ــ چوڭ شەھىرى، شۇنداقلا رۇسىيەنىڭ مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق شەھىرى، ئەڭ چوڭ سانائەت، ئىلىم ــ پەن، مەدەنىيەت ۋە سۇ ھەم قۇرۇقلۇق قاتنىشى مەركەزلىرىنىڭ بىرى، رۇسىيەنىڭ ئەڭ چوڭ دېڭىز پورتى، چەت ئەللەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان مۇھىم ئىشىكى بولۇپ، 5 مىليون 400 مىڭ (2004) نوپۇسى بار. مەزكۇر شەھەرنىڭ نامى ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتىلگەن. 1703 ــ يىلى شەھەر سېلىنغاندا پېتېر I «سانكت پېتېربۇرگ» دەپ ئاتاشقا پەرمان چۈشۈرگەن. 1914 ــ يىلى «پېتېروگراد»قا ئۆزگەرتىلگەن؛ 1924 ــ يىلى يەنە «لېنىنگراد»قا ئۆزگەرتىلگەن. 1991 ــ يىلى كونا نامى «سانكت پېتېربۇرگ» ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

سانكت پېتېربۇرگنىڭ رۇسىيەنىڭ ئىلىم ــ پەن، مەدەنىيەت شەھىرى دېگەن نامى بار، بۇ يەردە نەچچە ئونلىغان ئالىي مەكتەپ، مۇزېي، داڭلىق ئاسارەتىقىلەردىن قىشلىق ساراي قاتارلىقلار بار.

**ئىسپانىيە** ئىسپانىيە ياۋروپانىڭ جەنۇب قىسمىدىكى ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان. غەربىي تەرىپى پورتۇگالىيە بىلەن، شەرقىي شىمالى فىرانسىيە، ئاندوررا بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالى بىسكاي قولتۇقىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى جەبىلتارىق بوغۇزى ئارقىلىق ماراكەش بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، شەرق ۋە شەرقىي جەنۇب تەرىپى ئوتتۇرا دېڭىزغا ياندىشىپ تۇرىدۇ. دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 7800 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئېگىزلىكنىڭ كىلىماتى چوڭ قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا، شىمالىي ۋە غەربىي شىمال قىسمىدىكى دېڭىز قىرغاقلىرىنىڭ كىلىماتى دېڭىز ــ ئوكيان كىلىماتىغا ياتىدۇ. پايتەختىنىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 1 ــ ئايدا 4.9℃، 8 ــ ئايدا 22.5℃ بولىدۇ. يەر كۆلىمى 505 مىڭ 925 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تەخمىنەن 44 مىليون 400 مىڭ (2006) نوپۇسى بار بولۇپ، ئاساسلىقى كاستىللالارنى (يەنى ئىسپانلار) نى ئاساس قىلىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلىرىدىن كاتالانلار، گالىتسىيانلار ۋە باسكلار بار. كاستىللا تىلى (ئىسپان تىلى) ھۆكۈمەت تىلى قىلىنىدۇ، مەملىكەت بويىچە ئىنگلىز تىلى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت تىللىرى ئۆز رايونىدا ھۆكۈمەت تىلى قىلىنىدۇ. 96% ئاھالە كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. پايتەختى مادرىد بولۇپ، 3 مىليون 100 مىڭ (2004) نوپۇسى بار.

دۆلەت باشلىقى جۇئان كارلوس I بولۇپ، 1975 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تەختكە ئولتۇرغان.

1492 ـ يىلى «قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتى» غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، بىرلىككە كەلگەن ئىسپانىيە فېئوداللىق پادىشاھلىقى قۇرۇلغان. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى C. كولۇمبۇ غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىغا يېتىپ بارغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئىسپانىيە تەدرىجىي ھالدا دېڭىزدىكى كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانغان. 1588 ـ يىلى «تەڭداشسىز فىلوتى» ئەنگلىيە تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. 1936 ~ 1939 ـ يىللىغىچە ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى پارتلىغان. 1947 ـ يىلى F. فىرانكو ئىسپانىيەنى پادىشاھلىق دۆلەت دەپ جاكارلاپ، ئۆزىنى ئۆمۈرلۈك دۆلەت باشلىقى دەپ ئېلان قىلغان. 1975 ـ يىلى 11 ـ ئايدا فىرانكو كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ جۇئان كارلوس I تەختكە ئولتۇرغان. 1976 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پادىشاھ جۇئان كارلوس I سابىق خەلق ھەرىكىتىنىڭ باش كاتىپى A. سۇئارېزنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىسپانىيە غەربنىڭ پارلامېنت دېموكراتىك سىياسىيسىغا ئۆتۈشكە باشلىغان.

**ۋاتىكان** ۋاتىكان گەرچە «كىچىككىنە دۆلەت» بولسىمۇ، ئەمما دۇنيا كۆز تىككىدىغان دۆلەت. ئۇ ھەم دۇنيا كاتولىك دىنىنىڭ مەركىزى، ھەم ساقلىغان بۇيۇملىرى مول مۇزېيدۇر.

ۋاتىكاننىڭ تولۇق نامى ۋاتىكان شەھەر دۆلىتى بولۇپ، ئىتالىيەنىڭ پايتەختى رىم شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىكى ۋاتىكان ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكى دۆلەت. يەر كۆلىمى 0.44 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، تەخمىنەن 1000 نوپۇسى بار، دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇسى تەخمىنەن 800 (2007) ئەتراپىدا. ئۇنىڭ %85 ى ئىتالىيەلىكلەر، %15 ى شىۋېيتسارىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن. ئاھالىسى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىتالىيان تىلى ۋە لاتىن تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىنىدۇ، پايتەختى ۋاتىكان شەھىرى.

ۋاتىكان ساينت پېتېر مەيدانى، ساينت پېتېر چوڭ چېركاۋى، ۋاتىكان ئوردىسى، مۇزېي ۋە باغچە، شۇنىڭدەك بىرقانچە كوچىلاردىن تەشكىل تاپقان. ۋاتىكان شەھىرىنىڭ سېپىل تېمى دۆلەت چېگراسىنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. دۆلەت چېگراسىنىڭ سىرتىدىكى رىم شەھىرىدە كاستېل كاندولفو يازلىق سارىيى بار. بۇ پاپانىڭ يازلىق چارىگاھىدۇر. ۋاتىكان ئوردىسى ۋە مۇزېيىدا ياۋروپا ئەدەبىيات سەنئىتىنى قايتا گۈللەندۈرۈش دەۋرىدىن بۇيانقى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە باشقا ئەتىۋارلىق سەنئەت بۇيۇملىرى ساقلانغان. ساينت پېتېر مەيدانى ۋاتىكان ئوردىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولۇپ، بۇ پاپانىڭ مۇرتلىرىغا ۋە زىيارەتكە كەلگۈچىلەرگە نۇتۇق سۆزلەيدىغان ۋە دىن تارقىتىدىغان جايدۇر. مەيدانىنىڭ غەربىدە ساينت پېتېر چېركاۋى بار. غەربىي جەنۇب قىسمىدا بىر پويىز ئىستانسىسى بار بولۇپ، تۆمۈريول لىنىيەسى ئىتالىيەنىڭ تۆمۈريولىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

**ئافىنا** گىرېتسىيە ياۋروپانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى، ئافىنا كىلاسسىك دەۋردىكى گىرېتسىيە (يۇنان) مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ۋە ۋەكىلى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8 ـ ئەسىردە ئىيونىيانلار مۇشۇ يەردە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى شەھەر دۆلىتىنى قۇرغان. ھەيكەلتىراش فىدىئاس، پەيلاسوپ سوقرات، ئەپلاتون، ماتېماتىك ئېۋكلىد، تارىخشۇناس ھېرودوت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئافىنادا تۇغۇلغان ياكى ئولتۇرغان ھەمدە مۇشۇ يەردە ئىجادىيەت ياكى لېكسىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئافىنا گىرېتسىيەنىڭ پايتەختى، ئەڭ چوڭ شەھىرى، ئىقتىسادىي، قاتناش، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، 3 مىليون 700 مىڭ (2004) نوپۇسى بار. بۇ جايدا بۈگۈنگىچە قەدىمكى يۇنان، قەدىمكى رىم ۋە ۋىزانتىيە دەۋرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلانغان، مەسىلەن ئافىنانىڭ ھەمراھ شەھىرىدىكى پارتېفون ئىبادەتخانىسى قەدىمكى يۇناننىڭ تۇۋرۈكلۈك كارىدور بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نادىر نامايەندىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەيكەل ۋە قاپارتما نەقىشلەر دۇنيا گۈزەل ـ سەنئەت تارىخىدا شانلىق ئورۇنغا ئىگە. شەھەر ئىچىدىكى گىرېتسىيە تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4000 يىلدىن بۇيانقى ساپال بۇيۇملار، ئويما قاتارلىق گىرېتسىيەنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گىرېتسىيەنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللىرىدىكى مەدەنىيىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە ۋىزانتىيە مۇزېيى، دۆلەتلىك ئارخېئولوگىيە مۇزېيى، شۇنىڭدەك 1837 ـ يىلى قۇرۇلغان ئافىنا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلار بار.

ئافىنا تارىخىدا قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ كۆلىمىمۇ ئىنتايىن چوڭ بولغان. ئولىمپىيە كەنتىدە ھازىر دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمكى تەنھەرىكەت مەيدانىنىڭ خارابىسى



ئافىنانىڭ شەھەر قىياپىتى.

ساقلانغان. قەدىمكى دەۋردىكى ئولىمپىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت يىغىنىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، 1896 ـ يىلى ئافىنادا بىرىنچى نۆۋەتلىك ھازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن.

**شۋېيتسارىيە** شۋېيتسارىيە ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا غەربىي قىسمىدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق تاغلىق دۆلەتتۇر. تولۇق نامى شۋېيتسارىيە فېدېراتسىيەسى بولۇپ، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، لىيېختېنشتېيىن ۋە ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. يەر كۆلىمى 41 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، تەخمىنەن 7 مىليون 510 مىڭ نوپۇسى بار، گېرمان، فىرانسۇز، ئىتالىيان ۋە لاتىن رومان تىللىرى ھۆكۈمەت تىلى ھېسابلىنىدۇ، پايتەختى بېرن. فېدېراتسىيە كومىتېتى شۋېيتسارىيە دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. فېدېراتسىيەنىڭ رەئىسلىكىنى فېدېراتسىيە كومىتېتىنىڭ يەتتە نەپەر ئەزاسى نۆۋەتلىشىپ ئۆتەيدۇ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بىر يىل بولىدۇ.

سانائەت، پۇل مۇئامىلە ۋە ساياھەتچىلىك شۋېيتسارىيە ئىقتىسادىنىڭ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ يەنە «سائەت پادىشاھلىقى» دېگەن نامى بار. 1587 ـ يىلى جەنۋەدە قول سائىتى ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىغان. ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق، ۋاقىتنى توغرا كۆرسىتىدىغان، خىلمۇخىل پاسوندىكى ۋە ئالىي دەرىجىلىك مېخانىكىلىق سائەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن داڭ چىقارغان. پۇل مۇئامىلە كەسپى خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، «پۇل مۇئامىلە ئىمپېرىيەسى» دېگەن نامى بار. پۇل مۇئامىلە كەسپىنىڭ تەرەققىيات تارىخى بالدۇر بولۇشتىن باشقا، ئۇنىڭ «مەڭگۈ بىتەرەپ دۆلەت»لىك ئورنى، پۇل تۈزۈمى ۋە سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى، شۇنىڭدەك مەبلەغنىڭ ئەركىن ئوبوروت بولۇشى، باج نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، بانكا ھېسابات مەخپىيەتلىكىنىڭ ساقلىنىشى قاتارلىق ئامىللار پۇل ئامانەت قويۇشنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىغاچقا، پۇل مۇئامىلە كەسپى ئىنتايىن گۈللەنگەن. ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى سەۋەب، گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى بولۇشتىن سىرت، قولايلىق قاتناش ترانسپورت شارائىتى، ئەلا ئەسلىھەلىرى ۋە ئىلمىي باشقۇرۇش سەۋىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

**جەنۋە** جەنۋە ھەممە بىلىدىغان خەلقئارالىق مەشھۇر شەھەر. ئۇ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە داڭلىق تارىخىي ئاسارەتىقىلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپلا قالماستىن، كۆپ قېتىم مۇھىم خەلقئارالىق يىغىنلارنىڭ ئېچىلىش ئورنى بولۇش بىلەن دۇنياغا تېخىمۇ داڭقى چىققان.



جەنۋەدىكى مەنزىرىسى كۆركەم لېمان كۆلى.

جەنۋە شۋېيتسارىيەنىڭ 2 ـ چوڭ شەھىرى بولۇپ، بۇ جاينىڭ كىلىماتى ئىللىق، تاغ ـ دەريالىرى گۈزەل. پۈتكۈل شەھەر سۇلىرى زۇمرەتتەك لېمان كۆلىگە ياندىشىپ تۇرىدۇ، ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. سۈيى سۈپسۈزۈك رونا دەرياسى پۈتكۈل شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ. دەريانىڭ سول قىرغىقى كونا شەھەر رايونى بولۇپ، ئەگرى ـ بۈگرى تار كوچىلىرى جىمجىتلىققا تولغان، ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئاسارەتىقىلەر ۋە گوت ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتلەر بۇ يەرگە جايلاشقان. ئوڭ قىرغىقى يېڭى شەھەر رايونى بولۇپ، بۇ جايغا خەلقئارالىق ئاپپاراتلار توپلاشقان. قاتار كەتكەن زامانىۋى قۇرۇلۇشلار جەنۋەنىڭ زامانىۋىلىقىنى ۋە خەلقئارالىق ئالاھىدىلىكىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. 175 مىڭ 800 (2001) نوپۇسى بار.

جەنۋەنىڭ «خەلقئارالىق يىغىن شەھىرى» دېگەن كاتتا نامى بار. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ھەر يىلى جەنۋەدە ئېچىلغان چوڭ ـ كىچىك خەلقئارالىق يىغىنلار 30 مىڭ قېتىمدىن ئاشىدىكەن، چوڭ بولغاندا ھەربىي تەييارلىقلارنى قىسقارتىش توغرىسىدىكى خەلقئارالىق سۆھبەتلەر، كىچىك بولغاندا ئافرىقىدىكى سېسىي چىۋىنى كېسىلىدىن مۇداپىئە كۆرۈشنى مۇزاكىرە قىلىش دېگەندەك خىلمۇخىل يىغىنلار ئېچىلىدىكەن.

جەنۋە ب د ت نىڭ ياۋروپا باش ئىشتابى تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ، خەلقئارالىق قىزىل كرېست جەمئىيىتى، خەلقئارالىق ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى، خەلقئارالىق سەھىيە تەشكىلاتى، ب د ت سودا ۋە تەرەققىيات يىغىنى، شۇنىڭدەك دۇنيا سودا تەشكىلاتى قاتارلىق ب د ت نىڭ نەچچە ئونلىغان ئاپپاراتلىرى ۋە باش ئىشتابلىرىمۇ مۇشۇ يەرگە توپلاشقان. جەنۋەنىڭ سائەتچىلىك سانائىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، 1587 ـ يىلىدىن باشلاپ سائەت ئىشلەپچىقارغان، مەھسۇلاتىنىڭ %75 ى ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

**مىسىر** مىسىرنىڭ تولۇق نامى ئەرەب مىسىر جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بىرى ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىگە يېيىلىپ تۇرىدۇ، چوڭراق قىسمى ئافرىقا قىتئە-

سىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، كىچىكرەك قىسمى (سۇۋەيش قانىلىنىڭ شەرقىدىكى سىناي يېرىم ئارىلى) ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان. مىسىرنىڭ شەرقىي تەرىپى قىزىل دېڭىزغا، شىمالىي قىسمى ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتىشىدۇ، دۇنيا بويىچە ئۇزۇنلۇقى 1 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان نىل دەرياسى جەنۇبتىن شىمالغا پۈتكۈل زېمىنىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. سۇۋەيش قانىلى بولسا ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم قاتناش يولىدۇر. ئاساسلىق كۆللەردىن چوڭ ئاچچىق كۆل ۋە تىمساھ كۆلى قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك ئاسۋان ئېگىز توسمىسى شەكىللەندۇرگەن ئافرىقا بويىچە ئەڭ چوڭ سۈنئىي كۆل — ناسىر سۇ ئامبىرى بار. نىل دەرياسى دېلتىسى ۋە شىمالىي قىسمىدىكى دېڭىز بويى رايونىنىڭ كىلىماتى ئوتتۇرا دېڭىزچە كىلىماتقا تەۋە، قالغان كۆپ قىسىم رايونلىرىنىڭ كىلىماتى تىروپىك قۇملۇق كىلىماتىغا تەۋە بولۇپ، قاتتىق ئىسسىق ۋە قۇرغاق بولىدۇ.

مىسىرنىڭ نوپۇسى 73 مىليون 670 مىڭ (2006) بولۇپ، %94 ئاھالىسى پەقەت دۆلەت زېمىنى كۆلىمىنىڭ %3.6 نى ئىگىلەيدىغان دەريا ۋادىلىرى ۋە دېلتىلارغا ئولتۇراقلاشقان. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەرەب تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىنىدۇ، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ئىنگلىز تىلىنى، ئۇنىڭدىن قالسا فىرانسۇز تىلىنى كەڭ قوللىنىدۇ. پايتەختى قاھىرە بولۇپ، داڭلىق ئاسارئەتىقىلەر ناھايىتى كۆپ. قەدىمىي پايتەخت مېمفىس خارابىسى، شىر تەنلىك، ئادەم يۈزلۈك ھەيكەل (سىفىنكس)، مىسىر مۇزېيى، قاھىرە مۇنارى ۋە دۇنيادىكى يەتتە چوڭ مۆجىزىنىڭ بىرى بولغان ئېھرام قاتارلىقلار كىشىلەر مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان، خاتىرە سۈرەتكە چۈشىدىغان ئورۇنلاردۇر.

مىسىرنىڭ ئاساسلىق بايلىقلىرىدىن نېفىت، تەبىئىي گاز، فوسفات، تۆمۈر قاتارلىقلار بار. مىسىر ئافرىقىدىكى سانائىتى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرىدۇر. توقۇمىچىلىق ۋە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى سانائىتىدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئالاھىدە تېز بولماقتا. يېزا ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، نىل دەرياسى ۋادىسى ۋە دېلتىسى مىسىرنىڭ ئەڭ باياشات رايونىدۇر. ئۇزۇن تالالىق كېۋىزى دۇنياغا داڭلىق، شال ۋە بۇغدايمۇ ناھايىتى كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

مىسىر ئۇزاق تارىخقا، شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە، داڭلىق ئاسارئەتىقىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئوبدان شارائىتى بار. مىسىرنىڭ مەشھۇر تارىخىي شەھىرى ئالېكساندىرىيە نىل دەرياسى دېلتىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ «ئوتتۇرا دېڭىزدىكى مەرۋايىت» دېگەن كاتتا نامى بار. مىسىر 1956 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئۇ بىرىنچى بولۇپ جۇڭگونى ئېتىراپ قىلغان ۋە جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان ئەرەب دۆلىتى ۋە ئافرىقا دۆلىتىدۇر.

**كانادا** كانادا دېگەن سۆز ئىندىيانلارنىڭ ھۇرون ـ ئىروكوس تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، «كەنت، لاپاس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 1435 ـ يىلى فىرانسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى كارتىئېر بۇ يەرگە كېلىپ، ئىندىيانلاردىن بۇ يەرنىڭ ئىسمىنى سورىغان، قەبىلە باشلىقى «كانادا» دەپ جاۋاب بەرگەن، بۇ سۆز يېقىندىكى كەنت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كارتىئېر بۇ سۆزنى پۈتكۈل رايونغا قارىتىلغان دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ دۆلەت كانادا دەپ ئاتىلىپ قالغان.

كانادانىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 9 مىليون 980 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيانغا، غەربىي تەرىپى تىنچ ئوكيانغا، شىمالىي تەرىپى شىمالىي مۇز ئوكيانغا تۇتىشىدۇ. شەرقىي قىسمى ئېدىرلىق، غەربىي قىسمى كوردىلېر تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى تۈزلەڭلىك رايونىدىن ئىبارەت. كانادا دۇنيادىكى كۆللەر ئەڭ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. غەرب شامالLIرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقتىن، كۆپىنچە رايونلىرىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا ياتىدۇ. شىمالىي قىسمىنىڭ كىلىماتى سوغۇق بەلباغ تۇندىرا كىلىماتىغا تەۋە بولۇپ، شىمالىي قۇتۇپ تاقىم ئاراللىرىدا يىل بويى قەھرىتان سوغۇق بولىدۇ.

كانادانىڭ نوپۇسى 31 مىليون 610 مىڭ (2006) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيەلىكلەر ۋە فىرانسىيەلىكلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدۇ، يەرلىك ئاھالىلەر (ئىندىيانلار، مېدىسلار ۋە ئىنىنۇئىتلار) تەخمىنەن %3 نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئاسىيالىقلار، لاتىن ئامېرىكىلىقلار ۋە ئافرىقىلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى بار، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نوپۇسى كانادا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %3.5 دىنى ئىگىلەپ، كانادادىكى ئەڭ كۆپ ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ قالدى. ئىنگلىز تىلى بىلەن فىرانسۇز تىلىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ھۆكۈمەت تىلى ھېسابلىنىدۇ. ئاھالىنىڭ كۆپىنچىسى كاتولىك دىنى، پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

كانادانىڭ زېمىنى كەڭ، ئورمان، كان، ئېنېرگىيە قاتارلىق بايلىقلىرى مول. كانادا غەربتىكى يەتتە چوڭ سانائەت دۆلىتىنىڭ بىرى بولۇپ، ياساش سانائىتى ۋە يۇقىرى يېڭى تېخنىكا كەسپى خېلىلا تەرەق ـ

قىي قىلغان. بايلىق سانائىتى، دەسلەپكى مەھسۇلات ياساش كەسپى ۋە يېزا ئىگىلىكىمۇ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. كانادا سودا ئارقىلىق راۋاج تاپقان دۆلەت، شۇڭا تاشقى مەبلەغ، تاشقى سودىغا بەك تايىنىدۇ.

**ئامېرىكا** ئامېرىكىنىڭ تولۇق نامى ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى بولۇپ، ئۇ شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. شىمالىي تەرىپى كانادا بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى مېكسىكا بىلەن چېگرالىنىدۇ، شەرقىي تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيانغا، غەربىي تەرىپى تىنچ ئوكيانغا تۇتىشىدۇ ھەمدە شىمالىي ئامېرىكىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان ئالياسكا ئىشتاتى بىلەن تىنچ ئوكياننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھاۋايىدىن ئىبارەت ئاساسىي زېمىندىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئىككى پارچە زېمىنى بار. ئامېرىكىنىڭ يەر كۆلىمى 9 مىليون 160 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ 303 مىليون (2007) نوپۇسى بار. ئىنگلىز تىلى دۆلەت تىلى قىلىنىدۇ، پايتەختى ۋاشىنگتون.



ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي داكوتا ئىشتاتىنىڭ روشمور تېغىدىكى گىرانىت تاشلىق قىياغا ئويۇلغان ۋاشىنگتون، جېففېرسون، پېشقەدەم روزۋېلت ۋە لىنكولىن (سولدىن ئوڭغا) قاتارلىق تۆت نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ گىگانت ھەيكىلى.

ئەڭ شەرقىي چېتىدە ئۇزۇن ۋە باياشاتلىققا تولغان ئاتلانتىك ئوكيان بويلىرى تۈزلەڭلىكى بار. تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي تەرىپىدە قىيپاش ھالدا جەنۇب شىمال يۆنىلىشىدە سوزۇلۇپ ياتقان، يۇمىلاق كۆتۈرۈلگەن ئاپپالاچىيە تاغ تىزمىسى بار بولۇپ، تاغ ئارىسىدا شارقىراتما ۋە جىددىي ئېقىنلار كۆپ. غەربكە قاراپ ئاپپالاچىيە تاغ تىزمىسىدىن ھالقىپ ئۆتسىڭىز، بىپايان مەركىزىي تۈزلەڭلىك كۆز ئالدىڭىزدا زاھىر بولىدۇ. بۇ يەر خۇددى رەندىلەپ قويغاندەك تۈپتۈز بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا بىپايان بەش چوڭ كۆل — سۇپېرىيور كۆلى، مىچىگان كۆلى، ھۇرون كۆلى، ئېرى كۆلى ۋە ئونتارىيو كۆلى بار. بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆللەر توپىدۇر. مىسسىسسىپى دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6262 كىلومېتىر بولۇپ، خۇددى بىر رەڭلىك لېنتىدەك ئامېرىكا زېمىنىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتۈپ، ئىككى قىرغاقتىكى مۇنبەت يەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئەڭ ئاخىردا ئاستا ئېقىپ مېكسىكا قولتۇقىغا قۇيۇلىدۇ. مەركىزىي تۈزلەڭلىكتە كۆممىقوناق، بۇغداي كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، بۇ ئامېرىكىنىڭ مۇھىم ئاشلىق ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرىدىغان روكى تاغ تىزمىسى بار، ئۇ جەنۇبتا مېكسىكىدىن باشلىنىپ، شىمالدا شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكىگىچە سوزۇلۇپ بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4500 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 ~ 3000 مېتىر كېلىدۇ. چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ غەربىي چېتى بىپايان تىنچ ئوكيانغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. دېڭىز قىرغاقلىرى ئەگرى - توقاي بولۇپ، مەنزىرىسى ئىنتايىن كۆركەم.

مول تەبىئىي بايلىق ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى مۇھىم شەرت - شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن. مىسسىسسىپى قاتارلىق چوڭ دەريالارنىڭ مول تاتلىق سۇ بايلىقى، مۆتىدىل كىلىماتى، مۇنبەت تۇپرىقى 47% دۆلەت زېمىنىنى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق كېلىدىغان يەرگە، قۇرۇقلۇقنىڭ 1/3 نى قويۇق ئورمانلىققا ئايلاندۇرغان. ئاپپالاچىيە تاغ تىزمىسىدىكى كۆمۈر، سۇپېرىيور كۆلىدىكى تۆمۈر كانى، شەرقىي قىسمى ۋە ئالياسكىنىڭ نېفىتى قاتارلىقلار ئامېرىكىنىڭ سانائىتىنى بايلىق مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە.

1776 - يىلى شىمالىي ئامېرىكىدىكى 13 مۇستەملىكە ئەنگلىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، بۈگۈنگىچە ئامېرىكا تارىخىغا پەقەت 200 نەچچە يىل بولدى. 1607 - يىلى بىرىنچى تۈركۈم ئەنگلىيە كۆچمەنلىرى ۋىرگىنىيەدە جامېس شەھىرىنى سالغاندىن باشلاپ ھېسابلىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ تارىخى 400 يىلدىن ئاشمايدۇ. ۋەھالەنكى، مۇشۇ قىسقىغىنە ئىككى - ئۈچ يۈز يىل ئىچىدە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر ئەۋلادمۇئەۋلاد جاپالىق ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن ئېچىپ، ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۇ ئىپتىدائىي قالاق، ئادىمىزات شالاڭ زېمىننى بۈگۈنكى دۇنيادىكى تەسىرى ئىنتايىن چوڭ دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

**ۋاشىنگتون** كىشىلەر ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوننى يېقىملىق ھالدا «دۆلەتنىڭ يۈرىكى» دېيىشىدۇ، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت، مائارىپ مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مارىلاند ئىشتاتى بىلەن ۋىرگىنىيە ئىشتاتى تۇتاشقان جايغا جايلاشقان. تولۇق نامى «ۋاشىنگتون - كولۇمبىيە ئالاھىدە رايونى» بولۇپ، دۆلەتنىڭ پېشقەدەم ئاساسچىسى C. ۋاشىنگتون بىلەن يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى تاپقان C.كولۇمبۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن مۇشۇنداق ئاتالغان. پۈتكۈل شەھەرنىڭ يەر كۆلىمى 174 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، 570 مىڭ (2006) نوپۇسى بار. ۋاشىنگتوننىڭ ھۆل - يې-

غىن مىقدارى يېتەرلىك، تۆت پەسلى ئېنىق. تارىختا بۇ جاي ئىندىيانلارنىڭ ماكانى ئىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە ياۋروپا كۆچمەنلىرى بۇ جايدا كۆك تاماكا ئېكىنزارلىقى بەرپا قىلغان. 1790 ـ يىلى پارلامېنت بۇ جايدا پايتەخت قۇرۇشنى قارار قىلغان.

ئاقساراي ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى بولۇپ، ۋاشىنگتون شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى پېنسىلۋانىيە چوڭ كوچىسىغا جايلاشقان. كۆلىمى 73 مىڭ مودىن كۆپرەك كېلىدۇ. سىرتقى تېمى ئاق رەڭلىك قومتاش بولغانلىقتىن مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. پارلامېنت بىناسى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئىش بېجىرىش بىناسى بولۇپ، پارلامېنت تېغىغا سېلىنغان. بۇلاردىن باشقا، يەنە زۇڭتۇڭ ۋاشىنگتوننى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغان ۋاشىنگتون خاتىرە ئابىدىسى، ئامېرىكىنىڭ ئۈچىنچى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى T. جېففېرسوننى خاتىرىلەش ئۈچۈن سېلىنغان جېففېرسون خاتىرە سارىيى، ئامېرىكىنىڭ 16 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى A. لىنكولنىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن سېلىنغان لىنكولن خاتىرە سارىيى، شۇنىڭدەك ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تۇرۇشلۇق بەش بۇرجەكلىك بىنا قاتارلىقلار بار. ۋاشىنگتون دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە كەم ئۇچرايدىغان پەقەت مەمۇرىي فۇنكسىيەنى ئاساس قىلغان زامانىۋى چوڭ شەھەردۇر.



ۋاشىنگتون شەھەر رايونىغا بىر نەزەر. رەسىمنىڭ مەركىزىدىكىسى پارلامېنت بىناسى، ئەڭ يىراقتىكىسى ۋاشىنگتون خاتىرە ئابىدىسى

**نيۇيورك** ئادەمنىڭ لەقىمى بولىدۇ، شەھەرنىڭمۇ لەقىمى بار. نيۇيوركنىڭ لەقىمى «چوڭ ئالما». ئېيتىلىشىچە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ~ 30 ـ يىللىرىدىكى بىر كۆپلىيەت جاز ئوركېستىرى ئۇسلۇبىدىكى ناخشىنىڭ تېكىستى مۇنداق ئىكەن:

There are many apples on the trees, but when you pick New York City, You pick the Big Apple.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «چوڭ ئالما» نيۇيوركنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ قالغان. نيۇيورك دۇنيا بويىچە پەۋقۇلئاددە چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئامېرىكىدىكى بىرىنچى چوڭ مەركىزىي شەھەر ۋە بىرىنچى چوڭ سودا پورتى، دۇنيا پۇل مۇئامىلە مەركەزلىرىنىڭ بىرى، ب د ت باش ئىشتابى تۇرۇشلۇق جاي. نيۇيورك نيۇيورك ئىشتاتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى خۇدسون دەريا ئېغىزىغا جايلاشقان، ئاتلانتىك ئوكيانغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ، شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى 945 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، 12 مىليون 200 مىڭ (2000) نوپۇسى بار. كېلىماتى ئىللىق ۋە نەم. نيۇيوركنىڭ تارىخى قىسقىراق بولۇپ، پەقەت 300 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىلەر نۇقتىسى ماۋخاتتان ئارىلىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، بۇ جاي ئەسلىدە ئىندىيانلارنىڭ ماكانى ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، نيۇيورك شەھىرى تەدرىجىي ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ پورت شەھىرىگە ۋە پۇل مۇئامىلە، سودا، ساياھەت بىلەن مەدەنىيەت سەنئەت مۇجەسسەملەنگەن خەلقئارالىق چوڭ مەركىزىي شەھەرگە ئايلانغان. 1789 ~ 1796 ـ يىللىرى ئامېرىكىنىڭ ۋاقىتلىق پايتەختى بولغان.

نيۇيورك يەنە ئاسمان پەلەك بىنالار ئەڭ كۆپ شەھەر بولۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىنالىرىدىن ئىمپېرىيە بىناسى، كىرىيسلېر بىناسى، روكفېللېر مەركىزى ۋە كېيىنچە سېلىنغان دۇنيا سودا مەركىزى (2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېررورچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن) قاتارلىقلار بار. نيۇيورك ئامېرىكىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەڭ مەركەزلەشكەن رايون ھېسابلىنىدۇ، مەشھۇر جۇڭگولۇقلار كوچىسىدا 150 مىڭ جۇڭگولۇق بار.



نيۇيوركتىن بىر كۆرۈنۈش.

**سان فرانسىسكو** سان فرانسىسكو شەھىرى ئالتۇننى كۆپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن داڭ چىقارغان، شۇڭا جۇڭگولۇقلار ئۇنى «ئالتۇن تاغ» دەپ ئاتىغان، كېيىن ئوكيانىيەدىن تېپىلغان مېلبورن ئالتۇن كانىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى كونا ئالتۇن تاغ دەپ ئاتىغان.

سان فرانسىسكو 1850 ـ يىلى شەھەر قىلىنغان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى لوس ـ ئانژېلىستىن قالسىلا، ئىككىنچى چوڭ پورت ۋە پۇل مۇئامىلە، سودا، مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. سانائەت كۆلىمى چوڭ ئەمەس، ئەمما تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. شەھەر ئىقتىسادى مۇلازىمەت كەسپى، سودا ۋە پۇل مۇئامىلە كەسپىنى ئاساس



سان فىرانسىسكو شەھەر رايونىدىكى تىرامۋاي.

قىلغان بولۇپ، ئۇ تىنچ ئوكيان قىرغىقىدىكى ئاكسىيە بازىرى ۋە ئامېرىكا بويىچە ئەڭ چوڭ بانكا — ئامېرىكا قىتئەسى بانكىسىنىڭ باش ئىشتابى تۇرۇشلۇق جايدۇر. بۇ شەھەرنىڭ ساياھەتچىلىكى ناھايىتى روناق تاپقان.

سان فىرانسىسكو ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان قىرغىقىدىكى ياخشى پورت بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان رايونى ۋە ئالياسكا ئىشتاتى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئەڭ چوڭ پورتىدۇر. 1914 ـ يىلى پاناما قانىلىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، بۇ پورت تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئايلانغان. پۈتكۈل شەھەرنىڭ تاشيول تورى زىچ بولۇپ، دېڭىز قولتۇقىنى توغرىسىغا ئاتلاپ تۇرىدىغان ئالتۇن ئىشىك چوڭ كۆۋرۈكى ۋە سان فىرانسىسكو ـ ئائۇكلاند دېڭىز قولتۇقى چوڭ كۆۋرۈكى سېلىنغان ھەمدە دېڭىز ئاستى تۇنېلى بار.

ھەريەر ـ ھەريەردىن كەلگەنلەر بىللە ياشاش سان فىرانسىسكونىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. ئەينى يىللاردا ئالتۇن قازغۇچىلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەنلىكتىن، سان فىرانسىسكو شەھەر قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردىلا كۆپ مىللەت ئارىلاش ئولتۇراقلىشىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. تەخمىنەن 780 مىڭ (2000) نوپۇسى بار. جۇڭگولۇقلار، مېكسىكىلىقلار، فىلىپپىنلىقلار ۋە نېگىرلارنى ئاساس قىلغان «ئاز سانلىق مىللەتلەر» نوپۇسىنىڭ 2/5 قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن، جۇڭگولۇقلار نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 12% نى ئىگىلەيدۇ، ئۇ ئامېرىكىدىكى چوڭ شەھەرلەر ئىچىدە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئەڭ كۆپ شەھەر ھېسابلىنىدۇ. كۆپ ساندىكى جۇڭگولۇقلار بۇس ۋە بېرودۋاي چوڭ كوچىسى ئارىلىقىدا ياشايدۇ، كىشىلەر بۇ رايوننى «جۇڭگولۇقلار شەھىرى»، يەنى خەنزۇلار كوچىسى دەپ ئاتىشىدۇ.

**لوس ـ ئانژېلېس** لوس ـ ئانژېلېس ئامېرىكىنىڭ 3 ـ چوڭ شەھىرى بولۇپ، ئۇ ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تىنچ ئوكيان قىرغىقىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىنىڭ يەر كۆلىمى 1204.4 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، تەخمىنەن 3 مىليون 780 مىڭ (2005) نوپۇسى بار. كىلىماتى ئىللىق بولۇپ كىشىگە ياقىدۇ، 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 13.7℃، 7 ـ ئاينىڭ 23.4℃ بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھاۋا ئوچۇق بولىدۇ. يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاران 357 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. لوس ـ ئانژېلېس ئامېرىكىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى ئەڭ چوڭ سانائەت شەھىرى ۋە دېڭىز پورتىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسلىق سانائىتى ئايروپىلان ياساش ۋە نېفىت سانائىتى بولۇپ، ئامېرىكىدىكى ئىككى چوڭ ئايروپىلان ياساش شىركىتىنىڭ بىرى بولغان لوكخىد شىركىتى شەھەر رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. ئۇ يەنە ئامېرىكىنىڭ قورال ـ ياراغ سانائىتى مەركىزى. لوس ـ ئانژېلېس دېڭىز پورتى ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان پورتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ پورتتۇر. غەربىي شىمال شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى ھولليۋود بولسا ئامېرىكىنىڭ كىنوچىلىق مەركىزى، شەرقىي شەھەر ئەتراپىدىكى دىسنىي كۆڭۈل ئېچىش مەركىزىمۇ شەھەر ئىچىدىكى داڭلىق مەنزىرىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ئاۋستىرالىيە** ئاۋستىرالىيە يەر شارىدىكى ئەڭ قەدىمىي چوڭ قۇرۇقلۇقلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا يەرشارىدىكى يالغۇز ئۆزى بىر چوڭ قۇرۇقلۇقنى ئىگىلەپ تۇرغان دۆلەت. يەر كۆلىمى تەخمىنەن 7 مىليون 690 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئاران 20 مىليون 810 مىڭ (2007) نوپۇسى بار. ئاۋستىرالىيەدە ئۈچ چوڭ يەر شەكلى رايونى بار، يەنى شەرقىي قىسمىدا چوڭ سۇ بۆلگۈچ تاغ تىزمىسى، ئوتتۇرا قىسمىدا تۈزلەڭلىك، غەربىي قىسمىدا پاكار ئېگىزلىك بار. جەنۇبىي تروپىك سىزىقى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. قۇملۇقلارنىڭ كۆلىمى چوڭ، ھۆل ـ يېغىن شىمال، شەرق ۋە جەنۇبتىن ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىغا قاراپ تەدرىجىي كېمىيىپ بارىدۇ، كىلىمات تىپلىرى يېرىم ھالقىسمان ھالەتتە تارقالغان. ئەڭ ئۇزۇن دەرياسى مۇرېي دەرياسىدۇر. ئېير كۆلى دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ئاۋستىرالىيەنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرى شەرقىي جەنۇبىدىكى دېڭىز بويىغا جايلاشقان. پايتەختى كانبېررا. ئاۋستىرالىيە زېمىنىنىڭ 1/3 ى جەنۇبىي تروپىك سىزىقىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، كىلىماتى تروپىك بەلباغ كىلىماتىغا ياتىدۇ، قالغان جايلىرىنىڭ كىلىماتى سۇبتروپىك ۋە مۆتىدىل بەلباغ كىلىماتىغا تەۋە. كۆپ قىسىم رايونلىرىنىڭ ھۆل ـ يېغىنى ئاز، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 470 مىللىمېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئەڭ ئاز چوڭ قۇرۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ. ئاھالىسىنىڭ 95% تىن كۆپرەكى ئاق تەنلىكلەر بولۇپ، ئەنگلىيە قاتارلىق ياۋروپادىن كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىر-


ئاۋسترالىيەنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئايېرس تېشى.

نى ئاساس قىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا، يەنە ئاز ساندىكى يەرلىك ئاھالىلەر ۋە جۇڭگو كۆچمەنلىرى بار. ئاھالىنىڭ كۆپىنچىسى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئىنگلىز تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىنىدۇ.

ئاۋسترالىيە جەنۇبىي يېرىم شاردىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەت. ئېنېرگىيە ۋە كان بايلىقى مول بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ كۆمۈر ئېكسپورت قىلىدىغان ۋە ئاساسلىق ئۇران، تۆمۈر رۇدىسى ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەت. شۇڭا ئۇ «كان ماشىنىسىغا ئولتۇرغان دۆلەت» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئاۋسترالىيە دۇنيادىكى مۇھىم دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق دۆلىتى، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئاساسلىق ئاشلىق ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتتۇر.

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئاۋسترالىيە چوڭ قۇرۇقلۇقى باشقا چوڭ قۇرۇقلۇقلاردىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكتىن، خالتىلىق ھايۋانلارنىڭ بۆشۈكىگە ئايلانغان. كېنگورۇ، كوئولا، ئۆردەكتۇمشۇق قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ جەننىتىگە ئايلانغان. ئاۋسترالىيەنىڭ ئاپتىپى، دېڭىز ساھىلى، ئادىمى شالاڭ بىپايان ئىچكى قۇرۇقلۇقى، يامغۇرلۇق ئورمانلىرى، چوڭ توسما خادا تاشلىرى، باشقا جايدا يوق ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلىرى، كۋېنسلاند ئالتۇن قىرغىقى، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان شەھەرلىرى ۋە دوستانە كۆپ مەنبەلىك جەمئىيىتى، شۇنىڭدەك قىزغىن ۋە راھەت مۇھىتى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ. ساياھەتچىلىك ئاۋسترالىيەنىڭ ئەڭ چوڭ، ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان كەسپلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**يېڭى زېلاندىيە** يېڭى زېلاندىيە ئوكيانىيەدىكى ئارال دۆلەت بولۇپ، تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا، ئانتاركتىكا بىلەن ئېكۋاتورنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. ئۇ جەنۇبىي ئارال، شىمالىي ئارال ۋە بەزى كىچىك ئاراللاردىن تەشكىل تاپقان. يەر كۆلىمى 270 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يېڭى زېلاندىيەدە تاغلار كۆپ، تۈزلەڭلىكلەر تار ھەم كىچىك، تاغ تىزمىلىرى ۋە ئېدىرلىقلار پۈتكۈل دۆلەت زېمىنى كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 2/4 نى ئىگىلەيدۇ. شىمالىي ئارالدا يانار تاغلار ۋە ئارشاڭلار كۆپ. جەنۇبىي ئارالدا مۇزلۇقلار ۋە كۆللەر كۆپ. شىمالىي ئارالدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا رۇئاپېخۇ يانار تېغىنىڭ ئېگىزلىكى 2797 مېتىر كېلىدۇ، يانار تاغ ئۈستىدە يېڭى زېلاندىيە بويىچە ئەڭ چوڭ كۆل — تاۋپو كۆلى بار. جەنۇبىي ئارالدىكى كۆك چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 3764 مېتىر بولۇپ، بۇ يېڭى زېلاندىيە بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ دېڭىز ئوكيان كىلىماتىغا ياتىدۇ، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە كىلىماتى ئىللىق، ئاپتىپى يېتەرلىك، يامغۇرى مول بولىدۇ. سۇ كۈچى بايلىقى مول بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېلېكتىر كۈچى سۇ كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىش بىلەن شامال ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق توك چىقىرىشنى ئاساس قىلىدۇ.

يېڭى زېلاندىيەنىڭ ھازىر تەخمىنەن 4 مىليون 170 مىڭ (2006) نوپۇسى بار بولۇپ، ياۋروپا كۆچمەنلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئاھالىسى ئاساسلىقى خرىستىيان پروتېستانت دىنىغا ۋە كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىنگلىز تىلى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ، مائورىلار مائورى تىلىدا سۆزلىشىدۇ. پايتەختى ۋېللىڭتون يەر شارى بويىچە ئەڭ جەنۇبتىكى پايتەخت ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى زېلاندىيە ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان دۆلەت بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى ئومۇمىي ئېكسپورت مىقدارىنىڭ 50% نى ئىگىلەيدۇ. قوي گۆشى ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، قوي يۇڭى ئېكسپورت مىقدارى دۇنيا بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

**برازىلىيە** ھەر يىلى 2 ـ ئايدا يەر شارى بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان شادلىق بايرىمى — برازىلىيە رىيودې ژانېيرو شادلىق بايرىمى رەسمىي باشلىنىدۇ. پارلاق قۇياش نۇرى، رەڭگارەڭ كىيىم ـ كېچەكلەر، شوخ سامبا ئۇسسۇلى ۋە پۈتكۈل ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشنىڭ تولۇپ تاشقان شاد ـ خۇراملىقى بىر قويۇق مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت كارتىنىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ چاغدا پۈتۈن دۇنيا كۆز نۇرىنى برازىلىيەگە تىكىدۇ.

برازىلىيە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى يەر كۆلىمى ئەڭ چوڭ، نوپۇسى ئەڭ كۆپ، ئىقتىسادى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەت بولۇپ، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 8 مىليون 510 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە 5 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، 187 مىليون (2006)

نوپۇسى بار، پورتۇگال تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىنىدۇ، ئىنگلىز تىلىمۇ قوللىنىلىدۇ. ئاق تەنلىكلەر 54.24% نى، شالغۇتلار (ئارىلاش ئىرقتىكىلەر) 38.85% نى ئىگىلەيدۇ، قالغانلىرى نېگىرلار بىلەن ئىندىيانلاردىن ئىبارەت. ئاھالىسى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، پايتەختى بىرازىلىيە.

بىرازىلىيەنىڭ يەر شەكلى بىرقەدەر تەكشى بولۇپ، شىمالىي قىسمىغا گىۋىيانا ئېگىزلىكى، ئوتتۇرا، شەرق ۋە جەنۇب قىسىملىرىغا بىرازىلىيە ئېگىزلىكى، ئىككى ئېگىزلىكنىڭ ئارىلىقىغا ئامازون تۈزلەڭلىكى جايلاشقان. بەزىلەر «خۇدا بىرازىلىيەلىك» دەيدۇ، بۇنىڭ خۇدا بىرازىلىيەگە بەك ئامراق، ئۇنىڭغا بەك ئەۋزەل بايلىقلارنى ئاتا قىلغان دېگەن مەنىسى بار. تۆمۈر رۇدىسى، ئۇران رۇدىسى، ئاليۇمىن تۇپىسى ۋە مانگان رۇدىسى قاتارلىقلارنىڭ زاپىسى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. بۇلاردىن باشقا، يەنە مولراق بولغان خىروم كانى، نىكېل كانى، ئالتۇن كانى ۋە تاشپاختا كانلىرى بار. كىلىماتى تىروپىك بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمان ۋە ئوتلاق كىلىماتىغا ياتىدۇ. سۇ ۋە ئىسسىقلىق يېتەرلىك. ئورمان كۆلىمى دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. سۇ ۋە سۇ كۈچى بايلىقى مول بولۇپ، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنىڭ توكى پۈتۈن مەملىكەت توك مىقدارىنىڭ 86.5% نى ئىگىلەيدۇ. تېرىغىلى بولىدىغان يەر كۆلىمى تەخمىنەن 400 مىليون گېكتار، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كۆلىمى 200 مىليون گېكتار كېلىدۇ.

بىرازىلىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى لاتىن ئامېرىكىسى بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ دۇنيادىكى 10 چوڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىنىڭ بىرى. مۇلازىمەت، سانائەت، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كەسىپلىرى خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈۋرۈكلۈك كەسىپلىرىدۇر. قەھۋە، شېكەر قومۇش، ئاپېلسىن، دادۇر (كانىماش)، كۆممىقوناق مەھسۇلاتى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

**ئارگېنتىنا** ئارگېنتىنا دېگەن سۆز لاتىن تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، «كۈمۈش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ يەنە «پۇل»، «بايلىق» دېگەن مەنىلىرىمۇ بار.



ئارگېنتىنا پارلامېنت بىناسى.

ئارگېنتىنا لاتىن ئامېرىكىسى دۆلىتى بولۇپ، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتىشىدۇ. شىمالىي قىسمىنىڭ كىلىماتى تىروپىك بەلباغ كىلىماتىغا، ئوتتۇرا قىسمىنىڭ سۇبتىروپىك بەلباغ كىلىماتىغا، جەنۇبىي قىسمىنىڭ مۆتىدىل بەلباغ كىلىماتىغا مەنسۇپ. يەر كۆلىمى تەخمىنەن 2 مىليون 780 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، لاتىن ئامېرىكىسى بويىچە بىرازىلىيەدىن قالسىلا، 2 - چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. پايتەختى بۇئېنوس - ئايرېس. 38 مىليون 600 مىڭ (2005) نوپۇسى بار. شەھەر نوپۇسى 85%نى ئىگىلەيدۇ. ياۋروپا كۆچمەنلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئىندىيانلار ئاساسلىق مىللەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ 97% نى ئاق تەنلىكلەر ئىگىلەيدۇ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىتالىيە ۋە ئىسپانىيە قان سىستېمىسىدىكىلەرگە تەۋە. شالغۇتلار، ئىندىيانلار ۋە باشقا ئىرقتىكىلەر 3% نى ئىگىلەيدۇ، ئىسپان تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىنىدۇ، ئاھالىسىنىڭ كۆپرەكى رىم كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، قالغانلىرى خىرىستىيان پروتېستانت دىنىغا ۋە باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئارگېنتىنانىڭ يېرى كەڭ، تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شارائىتى بىرقەدەر ياخشى، ئۇ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقى بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. دېھقانچىلىق ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئېكسپورت قىلىشتا دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئارگېنتىنا دۇنيادىكى ئاساسلىق دانلىق زىرائەت ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئارگېنتىنانىڭ چارۋىچىلىقى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى ئاساسلىق قوي يۇڭى ۋە كالا گۆشىنى ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى.

**مېكسىكا شەھىرى** مېكسىكا ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەت. دۇنياغا داڭلىق مايا مەدەنىيىتى بىلەن ئازتېك مەدەنىيىتىنى مېكسىكا ئىندىيانلىرى ياراتقان، ئۇنىڭ پايتەختى مېكسىكا شەھىرىنىڭ «ئىلاھلار پايتەختى» دېگەن كاتتا نامى بار.

مېكسىكا شەھىرى مېكسىكىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىدىكى ئېگىزلىكنىڭ جىلغىسىغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2259 مېتىر كېلىدۇ. دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەر دېگەن نامى بار بولۇپ، يەر كۆلىمى 1499 كۋادرات كىلومېتىر

كېلىدۇ، 22 مىليون (2005) نوپۇ-
سى بار.
مېكسىكا شەھىرىنىڭ قەدىمىي-
لىكىنى ئىندىيانلار دەۋرىدىن سۈ-
رۈشتە قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ تەكتى
1325 - يىلى قۇرۇلغان تېنوچتىتلان
شەھىرى بولۇپ، ئۇنى سالغان ئاز-
تېكلار بۇ يەردە پارلاق مەدەنىيەت
ياراتقان. 1521 - يىلى ئىسپانلار بې-
سىپ كىرگەندىن كېيىن، نۇرغۇن
ياۋروپاچە ئوردا - ساراي، چېركاۋ،
مۇناستىر قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى
سالغان. 1821 - يىلى مېكسىكا
مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، بۇ
شەھەر پايتەخت قىلىنغان. ئۇ ھەم
قويۇق مىللىي مەدەنىيەت تۈسىنى
ساقلاپ قالغان، ھەم ئاجايىپ ھەشە-
مەتلىك زامانىۋى شەھەردۇر.
مېكسىكا شەھىرى مېكسىكىنىڭ
ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي مەركىزى،
قاتناش تۈگۈنى، مەدەنىيەت مەركى-
زى، شۇنداقلا دۇنياۋى دەرىجىلىك
ساياھەت شەھىرىدۇر. مېكسىكا شە-
ھىرىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ، كىلى-
ماتى مۆتىدىل، تۆت پەسلى باھاردەك
ئىللىق، چوڭ - كىچىك كۆللەر پۈت-
كۈل شەھەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى
بېزەپ، شەھەر مەنزىرىسىنى ئىنتا-
يىن گۈزەللەشتۈرۈپ تۇرىدۇ. شەرقىي
شىمال شەھەر ئەتراپى رايونىدا دۇنيا-
غا مەشھۇر مايا مەدەنىيىتىنىڭ خارا-
بىسى، قۇياش ئېھرامى ۋە ئاي ئېھرا-
مى ئۇسلۇبىدىكى پەلەمپەيسىمان ئىب-
ادەتخانىلار بار، بۇلار ھەركۈنى مىڭ-
لىغان - ئونمىڭلىغان ساياھەتچىلەر-
نى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

中国中学生百科全书.天文、地理:.维吾尔文/《中国中学生百科全书》编委会编;阿布都肉苏力·尼亚孜译.——北京:民族出版社,2012.2

(托起明天的太阳.民族文版青少年素质教育译丛)

ISBN 978-7-105-12041-3

Ⅰ.①中… Ⅱ.①中…②阿… Ⅲ.①天文学—青年读物—维吾尔语(中国少数民族语言)②天文学—少年读物—维吾尔语(中国少数民族语言)③地理学—青年读物—维吾尔语(中国少数民族语言)④地理学—少年读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①Z228.2②P1-49③K9-49

本书根据中国大百科全书出版社 2009 年 5 月第一版 2010 年 3 月第二次印刷版本翻译出版。

مەزكۇر كىتاب جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى 2009-يىلى 5-ئاي 1-نەشرى، 2010-يىلى 3-ئاي 2-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 019296 号

**جۇڭگو ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قامۇسى**

**ئاسترونومىيە جۇغراپىيە**





**中国中学生百科全书**

**天文 地理**

| | | |
|---|---|---|
| تەرجىمان | : | ئابدۇرۇسۇل نىياز |
| مەسئۇل مۇھەررىر<br>مەسئۇل كوررېكتور | : | ئابلىمىت بارى |
| مۇقاۋىچى | : | ۋۇ ياۋ |
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ |
| پوچتا نومۇرى | : | 100013 |
| تېلېفون | : | 010-64290863 |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ مىللەتلەر باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| نەشرى: | : | 2012-يىل 4-ئاي 1-نەشرى<br>2012-يىل 4-ئاي 1-باسمىسى |
| ئۆلچىمى: | : | 889×1194 م م، 16 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 14.25 |
| سانى | : | 0001-3000 |
| باھاسى | : | 35.00 يۈەن |

| | | |
|---|---|---|
| 翻译 | : | 阿布都肉苏力·尼亚孜 |
| 责任编辑<br>责任校对 | : | 阿布力米提·巴日 |
| 封面设计 | : | 吾要 |
| 出版社 | : | 民族出版社 |
| 地址 | : | 北京市和平里北街 14 号 |
| 邮编 | : | 100013 |
| 电话 | : | 010-64290862 |
| 印刷 | : | 北京民族印务有限责任公司 |
| 版次 | : | 2012 年 4 月第一版<br>2012 年 4 月第一次印刷 |
| 开本 | : | 889mm×1194mm 1/16 |
| 印张 | : | 14.25 |
| 印数 | : | 0001-3000 |
| 定价 | : | 35.00 元 |

ISBN 978-7-105-12041-3/K.2099 (维 93)